# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

مۇئەللىپ

مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

3 ـ جىلد (2452 ـ ھەدىستىن 4608 ـ ھەدىسقىچە)

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

تەشكىللىگۈچى: دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرجىمە بۆلۈمى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان)
ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى (ئۇيغۇر)
مۆمىنجان سىدىق

مۇھەررىرى: سابىرجان

بەتچىك: ئا. روزى توختى

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

## بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە

**سەنەد** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى ھەدىسنىڭ تېكىستىگە تۇتاشقۇچە ئارىلىقتىكى راۋىيلار زەنجىرى «سەنەد» دېيىلىدۇ.

**سەھىھ** ـ بىرىنچىدىن، سەنەدى مۇتتەسىل (بىر ـ بىرىگە ئىزچىل تۇتاشقان) بولغان، يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ھەدىسشۇناسقىچە بولغان سەنەد زەنجىرىنىڭ ھەممىسىدىكى راۋىي مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى راۋىيدىن بىۋاستە ئالغان؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى ھەدىسنى پىششىق ياد ئېلىش ياكى يېزىپ قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان؛ تۆتىنچىدىن، ھەدىس شاز بولمىغان، يەنى ئىشەنچلىك بىر راۋىينىڭ ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولمىغان؛ بەشىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىللەت (قۇسۇر) بولمىغان (يەنى مەزكۇر بەش شەرت تېپىلغان) ھەدىس «سەھىھ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**ھەسەن** ـ سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىق شەرتلىرى تېپىلغان، پەقەت ئۈچىنچى شەرت ھېسابلانغان ”پىششىق ياد ئېلىش قابىلىيىتى“ بىر ئاز تۆۋەن بولغان راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «ھەسەن» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**سەھىھ ۋە ھەسەن** ـ ئەگەر ھەدىس ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر ھەدىس بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن سەھىھ، يەنە بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن ھەسەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ھەدىس بىرلا ۋاقىتتا «سەھىھ ۋە ھەسەن» دېيىلىدۇ. ناۋادا ھەدىسنىڭ سەنەدى بىر بولسا، مۇنداق ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر

تەرىپىدىن «سەھىھ»، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەسەن» دەپ قارالغان دېگەنلىك بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسقىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**زەئىپ** ـ ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلماي قېلىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەرقانداق ھەدىس «زەئىپ» دېيىلىدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىلىرى سەنەدتىكى بىرەر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ شەرتكە تولۇق لايىق بولماسلىقىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس ئىنتايىن زەئىپ بولمىسا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھەدىس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ).

**ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ياكى تېكىستىدە ئۇنىڭ زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**سەنەدى سەھىھ** ـ ئەسلىدە بىر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن بولسا، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ شەرتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى، لېكىن ئاخىرقى ئىككى شەرتنى ئىسپاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھەدىس تەتقىقات ئىلمىدە تونۇلغان بىرەر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن، ئەمما مۇنداق دېيىشنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسنىڭ تېكىستىمۇ سەھىھ بولغان بولىدۇ.

**سەنەدى ھەسەن** ـ سەنەدى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدىغان، پەقەت ھەسەن ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشىدىغان ھەدىس «سەنەدى ھەسەن» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**مۇئەللەق** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ياكى ساھابىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ۋەياكى تابىئىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد كۆتۈرۈۋېتىلىپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق» دېيىلىدۇ. (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا كەلگەن مۇئەللەق ھەدىسلەردە: ”دېدى... ئېيتتى...“ دېگەندەك كەسكىن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ”دېيىلدى... ئېيتىلدى...“ دېگەندەك ئېھتىماللىق لەۋزى بىلەن كەلسە، ئۇنداق ھەدىس تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن باھا بېرىلىدۇ).

**مۇرسەل** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە تابىئىندىن ئىلگىرىكى كىشى (يەنى ساھابە) چۈشۈپ قالغان، يەنى بىرەر تابىئىن مەزكۇر ھەدىسنى: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن... دېگىنىچە ئۆزى بىۋاستە باشلاپ كەتكەن بولسا، مۇنداق ھەدىس «مۇرسەل» دېيىلىدۇ (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما بەزى شەرتلەر ئاستىدا ئەمەل قىلىنىدىغان مۇرسەل ھەدىسلەرمۇ بار).

**مۇئزەل** ـ سەنەدتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈپ قالغان ھەدىس «مۇئزەل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇنقەتىئ** ـ سەنەد مەيلى بېشىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن ۋەياكى ئاخىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنى ئارىدىن بىرەر راۋىي چۈشۈپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنقەتىئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇدەللەس** ـ سەنەدتىكى بىرەر ئەيىبنىڭ يوشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ (سەنەدنىڭ) تاشقى ھالىتىنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى «مۇدەللەس» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مەترۇك** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يالغان ئېيتقانلىقى بايقالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مەترۇك» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇنكەر** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە كۆپ خاتالاشقان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان ۋەياكى پاسىقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنكەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسى زەئىپ بىرىنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايىتىگە زىت بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى «مۇنكەر» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇزتەرىب** - بىر - بىرىدىن پەرقلىق بىرقانچە شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما دەرىجە كۈچى جەھەتتە ھەممە شەكلى تەڭلىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىت بولغان، قايسىسىنىڭ قايسىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھەدىس «مۇزتەرىب» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، بىر رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ياكى ساغلام ئىكەنلىكى بىلىنسە ئەمەل قىلىنىدۇ، بولمىسا ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**شاز** - ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «شاز» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**قۇددۇسىي** - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى الله تائالادىن بىزگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، لەۋزى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەنىسى الله تائالاغا ئائىت بولغان ھەدىس «قۇددۇسىي» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسىمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەرفۇئ** - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ياكى ماقۇللۇق ۋەياكى بىرەر سۈپەت تەسۋىرلەنگەن ھەدىس «مەرفۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسىمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەۋقۇف** - بىرەر ساھابىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ۋەياكى ماقۇللۇق تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەۋقۇف» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرمۇ ھەدىسكە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەقتۇئ** ـ بىرەر تابىئىنگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەقتۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مۇتتەسىل** ـ سەنەدى مەرفۇئ ياكى مەۋقۇف ھالەتتە تۇتاشقان ھەدىس «مۇتتەسىل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەدىس ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىلىشىۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ۋە ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ۋە شۇنىڭغا قارىتا پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ﷲ تائالادىن بۇ كىتابنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

2009 ـ يىل

## مېيىتنىڭ ئارقىسىدىن يىغلاش، ئاھ ئۇرۇش ۋە قايغۇرۇش

2452 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ دَخَلْنَا مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى أَبِي سَيْفٍ الْقَيْنِ وَكَانَ ظِئْرًا لِإِبْرَاهِيمَ عَلَيْهِ السَّلَام فَأَخَذَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِبْرَاهِيمَ فَقَبَّلَهُ وَشَمَّهُ ثُمَّ دَخَلْنَا عَلَيْهِ بَعْدَ ذَلِكَ وَإِبْرَاهِيمُ يَجُودُ بِنَفْسِهِ فَجَعَلَتْ عَيْنَا رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَذْرِفَانِ فَقَالَ لَهُ عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ وَأَنْتَ يَا رَسُولَ اللَّهِ فَقَالَ يَا ابْنَ عَوْفٍ إِنَّهَا رَحْمَةٌ ثُمَّ أَتْبَعَهَا بِأُخْرَى فَقَالَ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ الْعَيْنَ تَدْمَعُ وَالْقَلْبَ يَحْزَنُ وَلَا نَقُولُ إِلَّا مَا يَرْضَى رَبُّنَا وَإِنَّا بِفِرَاقِكَ يَا إِبْرَاهِيمُ لَمَحْزُونُونَ.

2452 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تۆمۈرچى ئەبۇ سەيفنىڭ قېشىغا كىردۇق. ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ سۈت ئانىسى ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبراھىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيدى ۋە پۇرىدى. ئارىدىن مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىبراھىمنىڭ قېشىغا يەنە كىرسەك، ئۇ جان تالىشىۋېتىپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققىلى تۇردى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف:

ــــ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! سەن يىغلاۋاتامسەن (ھالبۇكى، سەن مېيىتنىڭ ئارقىسىدىن يىغلاشنى قاتتىق چەكلەيتتىڭغۇ)؟ ــ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئەۋفنىڭ ئوغلى! بۇ دېگەن مېھرىبانلىق، ـ دېدى. ئابدۇرراھمان سۆزىنى تەكرارلىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــــ كۆز يىغلايدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ بىز اﷲ رازى بولمايدىغان سۆزنى قىلمايمىز. ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن

ئايرىلغىنىمىزغا بەكمۇ قايغۇرىمىز، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1303)

2453 - قَالَ لَهُمْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تُدْرِجُوهُ فِي أَكْفَانِهِ حَتى أَنْظُرَ إِلَيْهِ فَأَتَاهُ فَانْكَب عَلَيْهِ وَبَكَى.

2453 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ـ ئۇنى (ئىبراھىمنى) كېپىنىگە يۆگىمەي تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا قارىۋالاي! ـ دېگىنىچە كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 1475)

2454 - عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ يَزِيدَ بنحوه وفيه: لَوْلَا أَنهُ وَعْدٌ صَادِقٌ وَمَوْعُودٌ جَامِعٌ وَأَن الْآخِرَ تَابِعٌ لِلْأَولِ لَوَجَدْنَا عَلَيْكَ يَا إِبْرَاهِيمُ أَفْضَلَ مِما وَجَدْنَا وَإِنا بِكَ لَمَحْزُونُونَ.

2454 ـ ئەسما بىنتى يەزىدتىنمۇ يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنۇلار بايان قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر ئۆلۈم ھەقىقەتەن بىر رېئاللىق، ھەممىنى توپلايدىغان ھەقىقەت ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ بېشىغا كېلىدىغان بىر ھادىسە بولمىغان بولسا ئىدى، بىز ساڭا بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قايغۇرغان بولاتتۇق. شۇنداقتىمۇ ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلغانلىقىمىز ئۈچۈن بەكمۇ قايغۇرىمىز» دېدى[2].

(ئىبنى ماجە: 1589)

2455 - وللترمذي عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ: فَقَالَ لَهُ عَبْدُ الرحْمَنِ أَتَبْكِي أَوَلَمْ تَكُنْ نَهَيْتَ عَنْ الْبُكَاءِ قَالَ لَا وَلَكِنْ نَهَيْتُ عَنْ صَوْتَيْنِ أَحْمَقَيْنِ فَاجِرَيْنِ صَوْتٍ عِنْدَ مُصِيبَةٍ

---

[1] ئەلبانى بۇ ھەدىسكە باھا بەرمىگەن، لېكىن بەزى كىتابلاردا زەئىپ ھەدىس ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان.

[2] ئەلبانى (1292): ھەسەن، ـ دېگەن.

خَمْ اّ ِ وُجُوهِ وَشَق جُيُوبِ وَرَنِةِ شَيْطَانٍ.

2455 ـ تىرمىزى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـــ سەنمۇ يىغلامسەن؟ سەن بىزنى ئۆلۈككە يىغلاشتىن توسىمىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، بەلكى مەن سىلەرنى شۇ ئىككى خىل ئەخمىقانە ۋە سەت ئاۋازدىن توسقان ئىدىم. بىرى، مۇسىبەت بولغاندا، يۈزنى تاتىلاپ، ياقىنى يىرتىپ يىغلاش. يەنە بىرى، شەيتاننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ۋارقىراپ يىغلاش، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1005)

2456 - عن أنس بن مالك قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم صوتان ملعونان في الدنيا والآخرة مزمار عند نعمة ورنة عند مصيبة.

2456 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى خىل ئاۋازغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەت ئېيتىلغان، بىرى، خۇشاللىقنى ئىپادىلەپ چېلىنغان (نەي، سۇناي قاتارلىق) چالغۇ ئاۋازى؛ يەنە بىرى، مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتىكى (ئۈنلۈك) يىغا ـ زارە ئاۋازىدۇر»[2].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2457 - عن أَبي هُرَيْرَةَ قَالَ مَاتَ مَيتٌ مِنْ آلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاجْتَمَعَ النسَاءُ يَبْكِينَ عَلَيْهِ فَقَامَ عُمَرُ يَنْهَاهُن وَيَطْرُدُهُن فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ

[1] ئەلبانى (804): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4017): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

وَسَلَّمَ دَعْهُنَّ يَا عُمَرُ فَإِنَّ الْعَيْنَ دَامِعَةٌ وَالْقَلْبَ مُصَابٌ وَالْعَهْدَ قَرِيبٌ.

2457 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىدىن بىرەيلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ئاياللار توپلىشىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوپۇپ ئۇلارنى يىغلاشتىن توستى ۋە ئۇ يەردىن نېرى كېتىشىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئى ئۆمەر! ئۇلارنى قويۇپ بەرگىن. كۆز يىغلايدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ. بۇ مۇسىبەت (ئۆلۈم) تېخى بۇگۈن يۈز بەردى» دېدى[1].

(نەسائى: 1859)

2458 - عن عَبْدُ اللهِ بْنُ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ قَالَ تُوُفِّيَتْ ابْنَةٌ لِعُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ بِمَكَّةَ وَجِئْنَا لِنَشْهَدَهَا وَحَضَرَهَا ابْنُ عُمَرَ وَابْنُ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمْ وَإِنِّي لَجَالِسٌ بَيْنَهُمَا أَوْ قَالَ جَلَسْتُ إِلَى أَحَدِهِمَا ثُمَّ جَاءَ الْآخَرُ فَجَلَسَ إِلَى جَنْبِي فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا لِعَمْرِو بْنِ عُثْمَانَ أَلَا تَنْهَى عَنْ الْبُكَاءِ فَإِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ الْمَيِّتَ لَيُعَذَّبُ بِبُكَاءِ أَهْلِهِ عَلَيْهِ فَقَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَدْ كَانَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ بَعْضَ ذَلِكَ ثُمَّ حَدَّثَ قَالَ صَدَرْتُ مَعَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ مِنْ مَكَّةَ حَتَّى إِذَا كُنَّا بِالْبَيْدَاءِ إِذَا هُوَ بِرَكْبٍ تَحْتَ ظِلِّ سَمُرَةٍ فَقَالَ اذْهَبْ فَانْظُرْ مَنْ هَؤُلَاءِ الرَّكْبُ قَالَ فَنَظَرْتُ فَإِذَا صُهَيْبٌ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ ادْعُهُ لِي فَرَجَعْتُ إِلَى صُهَيْبٍ فَقُلْتُ ارْتَحِلْ فَالْحَقْ أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَلَمَّا أُصِيبَ عُمَرُ دَخَلَ صُهَيْبٌ يَبْكِي يَقُولُ وَا أَخَاهُ وَا صَاحِبَاهُ فَقَالَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَا صُهَيْبُ أَتَبْكِي عَلَيَّ وَقَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ الْمَيِّتَ يُعَذَّبُ بِبَعْضِ بُكَاءِ أَهْلِهِ عَلَيْهِ قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَلَمَّا مَاتَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ ذَكَرْتُ ذَلِكَ لِعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَقَالَتْ رَحِمَ اللهُ عُمَرَ وَاللهِ مَا حَدَّثَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللهَ لَيُعَذِّبُ الْمُؤْمِنَ بِبُكَاءِ أَهْلِهِ عَلَيْهِ وَلَكِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ اللهَ لَيَزِيدُ الْكَافِرَ عَذَابًا بِبُكَاءِ أَهْلِهِ عَلَيْهِ وَقَالَتْ حَسْبُكُمْ الْقُرْآنُ وَلَا

[1] ئەلبانى (112): زەئىپ، ـ دېگەن.

تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى قَالَ ابْنُ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عِنْدَ ذَلِكَ وَاللهُ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَى قَالَ ابْنُ أَبِي مُلَيْكَةَ وَاللهِ مَا قَالَ ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا شَيْئًا.

2458 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكە مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قىزى مەككىدە ۋاپات بولغان ئىدى. بىز جىنازىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلدۇق، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباسمۇ كەلگەنىدى. مەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئەمر ئىبنى ئوسمانغا:

— بۇلارنى يىغلاشتىن توسمامسەن؟ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۆلۈك ــ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يىغلىشىدىن ئازابلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مۇشۇنداقراق بىر سۆزنى دەيتتى، مەن بىر قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەككىدىن قايتىپ، بەيدا دېگەن جايغا كەلگەندە، سەمۇرە دېگەن دەرەخنىڭ سايىسىدا بىر توپ ئۇلاغلىق كىشى كۆرۈندى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

— بېرىپ قاراپ باق، ئۇلار كىمكىن؟ ـ دېدى. بېرىپ قارىسام، سۇھەيب ئىكەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېيتسام:

ـ چاقىرىپ كەلگىن! ـ دېدى. مەن قايتىپ بېرىپ:

— بېرىپ، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە قېتىلغىن، ـ دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەستكە ئۇچرىغان ۋاقىتتا، سۇھەيب ئۈن سېلىپ يىغلىغان ھالدا كىرىپ:

ـ ۋاي بۇرادىرىم! ۋاي ھەمراھىم! ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى سۇھەيب! ماڭا يىغلاۋاتامسەن؟ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۆلۈك ــ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يىغلىغان بەزى يىغلىرىدىن ئازابلىنىدۇ» دېگەن تۇرسا؟ ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دېدىم. ئۇ:

— الله ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەھىم قىلسۇن، پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇئمىن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يىغلىشى تۇپەيلىدىن ئازاب كۆرىدۇ» دېمىگەن، بەلكى: «الله كاپىرغا ئائىلىسى ئۇنىڭغا يىغلىغانلىقى سەۋەبىدىن ئازابنى زىيادە قىلىدۇ» دېگەن، ـ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها يەنە:

ـ (بۇ توغرىدا) سىلەرگە قۇرئان يېتەرلىك. بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن يەنە بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)﴾[①] دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما شۇ هامان: ئىنساننى كۈلدۈرگەنمۇ ۋە يىغلاتقانمۇ اللهتۇر، ـ دېدى.

ئىبنى مۇلەيكە: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىبنى ئۆمەر بۇنىڭغا قارىتا ھېچنېمە دېمىدى، ـ دەيدۇ.

(بۇخارى: 1288)

2459 - وللستة إلا أبا داود: فَقَالَتْ عَائِشَةُ يَغْفِرُ اللهُ لِأَبِي عَبْدِ الرحْمَنِ أَمَا إِنهُ لَمْ يَكْذِبْ وَلَكِنهُ نَسِيَ أَوْ أَخْطَأَ إِنمَا مَر رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى يَهُودِيةٍ يُبْكَى عَلَيْهَا فَقَالَ إِنهُمْ لَيَبْكُونَ عَلَيْهَا وَإِنهَا لَتُعَذبُ فِي قَبْرِهَا.

2459 ـ ئەبۇ داۋۇدتىن باشقا بەش ھەدىس ئىمامى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دېدى:

ـ الله ئەبۇ ئابدۇرراھمانغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ (يۇقىرىقى سۆزنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن) دەپ يالغان سۆزلىگىنى يوق، لېكىن ئۇنتۇپ قالغان ياكى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يەھۇدىي ئايالنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇلار ئۇ ئايالغا يىغلاۋاتىدۇ، ئەمما ئۇ ئايال قەبرىسىدە ئازابلىنىۋاتىدۇ» دېگەنىدى.

(مۇسلىم: 932)

① سۈرە ئەنئام، 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

2460 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ الْمَيتُ يُعَذبُ بِنِيَاحَةِ أَهْلِهِ عَلَيْهِ فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ أَرَأَيْتَ رَجُلًا مَاتَ بِخُرَاسَانَ وَنَاحَ أَهْلُهُ عَلَيْهِ هَاهُنَا أَكَانَ يُعَذبُ بِنِيَاحَةِ أَهْلِهِ قَالَ صَدَقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَذَبْتَ أَنتَ.

2460 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مېيىت ئائىلىسى ئۆزىگە يىغلىغانلىقتىن ئازابلىنىدۇ، ـ دېدى. بىرەيلەن:

ـ ئۇنداقتا ئېيتىپ باققىنچۇ، بىر ئادەم خۇراساندا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئائىلىسى ئۇنىڭغا يىغلىسا، ئۇ ئادەم ئازابلىنامدۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم راست ئېيتقان، سەن بولساڭ، يالغانچىدۇرسەن، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1854)

2461 - قال أبو هريرة والله لئن انطلق رجل محاربا في سبيل الله ثم قتل في قطر من أقطار الارض شهيدا فعمدت امرأته سفها أو جهلا فبكت عليه ليعذبن هذا الشهيد ببكاء هذه السفيهة عليه فقال رجل صدق رسول الله صلى الله عليه وسلم وكذب أبو هريرة. فقال رجل صدق رسول الله صلى الله عليه وسلم وكذب أبو هريرة.

2461 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىر ئادەم الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقىپ، زېمىننىڭ مەلۇم بىر يېرىدە شېھىد بولسا، ئاندىن (ئايالى بىلىپ) ئەقىلسىزلىق قىلىپ ياكى (گۇناھ ئىكەنلىكىنى) بىلمەستىن يىغلىسا، بۇ شېھىد ئۇ ئايالنىڭ يىغلىغانلىق سەۋەبىدىن ئازابلىنىدۇ. يەنە بىر كىشى مۇنداق دېدى:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توغرا سۆزلىدى، ئەمما ئەبۇ ھۇرەيرە (ئۇ سۆزنى چۈشىنىشتە) خاتالاشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توغرا سۆزلىدى، ئەمما ئەبۇ ھۇرەيرە (ئۇ سۆزنى

[1] ئەلبانى (111): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

چۈشىنىشتە) خاتالاشتى[①].

(مۇسلىم: 1592)

2462 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَنتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَهْرًا حِينَ قُتِلَ الْقُرَّاءُ فَمَا رَأَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَزِنَ حُزْنًا قَط أَشَد مِنْهُ.

2462 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قارىلار ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا بىر ئاي قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلارغا قايغۇرغاندەك قاتتىق قايغۇرغانلىقىنى ھېچ كۆرمىگەن ئىدىم.

(بۇخارى: 1300)

2463 - عَنْ عُبَيْدِ بْنِ عُمَيْرٍ قَالَ قَالَتْ أُم سَلَمَةَ لَما مَاتَ أَبُو سَلَمَةَ قُلْتُ غَرِيبٌ وَفِي أَرْضِ غُرْبَةٍ لَأَبْكِيَنهُ بُكَاءً يُتَحَدثُ عَنْهُ فَكُنْتُ قَدْ تَهَيأْتُ لِلْبُكَاءِ عَلَيْهِ إِذْ أَقْبَلَتْ امْرَأَةٌ مِنْ الصعِيدِ تُرِيدُ أَنْ تُسْعِدَنِي فَاسْتَقْبَلَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ أَتُرِيدِينَ أَنْ تُدْخِلِي الشيْطَانَ بَيْتًا أَخْرَجَهُ اللهُ مِنْهُ مَرتَيْنِ فَكَفَفْتُ عَنْ الْبُكَاءِ فَلَمْ أَبْكِ.

2463ـ ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغان ۋاقىتتا ئۆز ـ ئۆزەمگە:

ـ بۇ بىچارە (ئەبۇ سەلەمە) يات ئەللەردە غېرىبلىقتا ئۆلدى. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ھازا تۇتۇپ يىغلايكى، تىللاردا داستان بولسۇن، ـ دېدىم ـ دە، ئەمدى يىغلاي دەپ تۇرۇشۇمغا، بىر ئايال مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن (ماڭا) يىغلىشىپ بەرمەكچى بولۇپ يېتىپ كەلگەنىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

ـ ﷲ تائالا ئۇ ئۆيدىن شەيتاننى چىقىرىۋەتكەن تۇرسا، سەن ئۇنى قايتىدىن ئۇ ئۆيگە ئەكىرمەكچىمۇ؟! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن،

[①] ھەيسەمى (4040): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نامەلۇم كىشى بار، ـ دېگەن.

يىغلاشتىن ۋاز كەچتىم ۋە يىغلىمىدىم.

(مۇسلىم: 922)

2464 - عن عَمْرَة قَالَتْ سَمِعْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ لَما جَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَتْلُ ابْنِ حَارِثَةَ وَجَعْفَرٍ وَابْنِ رَوَاحَةَ جَلَسَ يُعْرَفُ فِيهِ الْحُزْنُ وَأَنا أَنظُرُ مِنْ صَائِرِ الْبَابِ شَق الْبَابِ فَأَتَاهُ رَجُلٌ فَقَالَ إِن نِسَاءَ جَعْفَرٍ وَذَكَرَ بُكَاءَهُن فَأَمَرَهُ أَنْ يَنْهَاهُن فَذَهَبَ ثُم أَتَاهُ الثانِيَةَ لَمْ يُطِعْنَهُ فَقَالَ انْهَهُن فَأَتَاهُ الثالِثَةَ قَالَ وَاللهِ لَقَدْ غَلَبْنَنَا يَا رَسُولَ اللهِ فَزَعَمَتْ أَنهُ قَالَ فَاحْثُ فِي أَفْوَاهِهِن الترَابَ فَقُلْتُ أَرْغَمَ اللهُ أَنفَكَ لَمْ تَفْعَلْ مَا أَمَرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ تَتْرُكْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْعَنَاءِ.

2464 ـ ئەمرە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەيدى ئىبنى ھارىسە، جەئفەر ۋە ئىبنى رەۋاھەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايغۇرغان ھالەتتە ئولتۇردى. مەن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان ئىدىم. بىر ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جەئفەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يىغلاۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى توسۇشقا بۇيرىدى. ئۇ ئادەم قايتا كېلىپ، ئۇلارنىڭ بويسۇنمىغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلارنى توسقىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ:

ـــ ئى اﷲنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار بىزدىن ئۈستۈن كەلدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا توپا چاچقىن! ـ دېدى. ئاندىن كېيىن مەن ئۇ ئادەمگە:

ـ اﷲ بۇرنۇڭنى توپىغا مىلىۋەتسۇن. سەن يا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇيرىغان ئىشنى قىلالمىدىڭ ياكى ئۇنى راھەت ئولتۇرغىلى قويمىدىڭ، ـ دېدىم.

(بۇخارى: 1299)

2465 - عن جَابِرِ بْنِ عَتِيكٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَاءَ يَعُودُ عَبْدَ اللهِ بْنَ ثَابِتٍ فَوَجَدَهُ قَدْ غُلِبَ عَلَيْهِ فَصَاحَ بِهِ فَلَمْ يُجِبْهُ فَاسْتَرْجَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ غُلِبْنَا عَلَيْكَ يَا أَبَا الربيع فَصَاحَ النسْوَةُ وَبَكَيْنَ فَجَعَلَ جَابِرٌ يُسَكتُهُن فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعْهُن فَإِذَا وَجَبَ فَلَا تَبْكِيَن بَاكِيَةٌ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا الْوُجُوبُ قَالَ إِذَا مَاتَ.

2465 ـ جابىر ئىبنى ئەتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇنى چاقىردى، ئۇ جاۋاب بەرمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن، ئى ئەبۇرەبىئ! بىزدە نېمە ئامال؟! ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاياللار ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى، جابىر ئۇلارنى شۇك تۇرۇشقا ئۈندىگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلارنى (ئۆز ئىختىيارىغا) قوي، قاچانكى ۋاجىپ بولسا، ھېچ بىر ئايال يىغلىمىسۇن، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ۋاجىپ بولۇش دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ ئۆلۈمدۇر، ـ دېدى.

(مالىك: 552)

2466 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ اشْتَكَى سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ شَكْوَى لَهُ فَأَتَاهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعُودُهُ مَعَ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ وَسَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ وَعَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمْ فَلَما دَخَلَ عَلَيْهِ فَوَجَدَهُ فِي غَاشِيَةِ أَهْلِهِ فَقَالَ قَدْ قَضَى قَالُوا لَا يَا رَسُولَ اللهِ فَبَكَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَأَى الْقَوْمُ بُكَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَكَوْا فَقَالَ أَلَا تَسْمَعُونَ إِن اللهَ لَا يُعَذبُ بِدَمْعِ الْعَيْنِ وَلَا بِحُزْنِ الْقَلْبِ وَلَكِنْ يُعَذبُ بِهَذَا وَأَشَارَ إِلَى لِسَانِهِ أَوْ يَرْحَمُ.

2466 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاغرىپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىللە ئۇنى يوقلاپ باردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرگەندە، ئائىلىسىدىكىلەر سەئدنى ئورىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جان ئۈزۈپ بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىغلاشقا باشلىدى، بۇنى كۆرۈپ، باشقىلارمۇ يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ماڭا قۇلاق سېلىڭلاركى، الله كۆزنىڭ يېشى بىلەن ياكى قەلبنىڭ قايغۇرىشى بىلەن ئازابلىمايدۇ. بەلكى (تىلىغا ئىشارەت قىلىپ) بۇنىڭ بىلەن ئازابلايدۇ ياكى رەھمەت قىلىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1304)

2467 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، أَنَّ النبي صلى الله عليه وسلم، لَما بَعَثَهُ إِلَى الْيَمَنِ خَرَجَ النبي عَلَيْهِ السلامُ مَعَهُ يَوْمَئِذٍ وَمُعَاذٌ رَاكِبٌ، وَرَسُولُ اللهِ يَمْشِي إِلَى جَنْبِ رَاحِلَتِهِ فَقَالَ: يَا مُعَاذُ، إِنكَ عَسَى أَنْ لاَ تَلْقَانِي بَعْدَ عَامِي هَذَا فَتمُر بِقَبْرِي، وَمَسْـجِدِي، قَالَ: فَبَكَى مُعَاذٌ جَشَعًا لِفِرَاقِ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ: لاَ تَبْكِ يَا مُعَـاذُ، فَإِن الْبُكَاءَ مِنَ الشيْطَانِ.

2467 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يەمەنگە يولغا سالغان چاغدا، ئۇ ئۇلاغقا مىنىپ يولغا چىققانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يېنىدا پىيادە كېتىۋېتىپ:

— ئى مۇئاز! سەن بەلكىم مەن بىلەن بۇ يىلدىن كېيىن كۆرۈشەلمەسلىكىڭ مۇمكىن. ئاندىن كېيىن قەبرەمنىڭ ۋە مەسجىدىمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشىڭ مۇمكىن، ـ دېدى. مۇئاز پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى مۇئاز! يىغلىما. چۈنكى يىغلاش شەيتاندىندۇر، ـ دېدى[①].

(بەززار: «ئەلكەبىر»)

2468 - عن أبي بُرْدَةَ بْنُ أبِي مُوسَى قَالَ وَجِعَ أبو مُوسَى وَجَعًا فَغُشِيَ عَلَيْهِ وَرَأْسُهُ فِي حَجْرِ امْرَأَةٍ مِنْ أهْلِهِ فَصَاحَتْ امْرَأَةٌ مِنْ أهْلِهِ فَلَمْ يَسْتَطِعْ أنْ يَرُدَّ عَلَيْهَا شَيْئًا فَلَما أفَاقَ قَالَ أنا بَرِيءٌ مِما بَرِئَ مِنْهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَرِئَ مِنْ الصالِقَةِ وَالْحَالِقَةِ وَالشاقةِ.

2468 ـ ئەبۇ بۇردە ئىبنى ئەبۇ مۇسا مۇنداق دەيدۇ: دادام ئەبۇ مۇسا قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ ھوشىدىن كەتتى. بېشى ئائىلىسىدىن بىر ئايالنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. يەنە بىر ئايال ۋارقىراپ - جارقىرىغىلى تۇردى. ئەبۇ مۇسا ھوشىدىن كەتكەچكە، ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياقتۇرمايدىغان ئىشنى مەنمۇ ياقتۇرمايمەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىپ يىغلايدىغان ئاياللارنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 104)

2469 - عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ مِنا مَنْ لَطَمَ الْخُدُودَ وَشَق الْجُيُوبَ وَدَعَا بِدَعْوَى الْجَاهِلِيةِ.

2469 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(ئۆلۈككە يىغلاپ) يۈز ـ كۆزلىرىنى شاپىلاقلىغان، ياقىلىرىنى

[①] ھەيسەمى (4036): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

يىرتقان ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك (داد ـ پەرياد) قىلغان كىشىلەر بىزدىن (يەنى مۇسۇلمانلاردىن) ئەمەس».

(بۇخارى: 1294)

2470 - عن مُوسَى بْنَ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي أَخْبَرَهُ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ مَيتٍ يَمُوتُ فَيَقُومُ بَاكِيهِ فَيَقُولُ وَا جَبَلَاهْ وَا سَيدَاهْ أَوْ نَحْوَ ذَلِكَ إِلا وُكلَ بِهِ مَلَكَانِ يَلْهَزَانِهِ أَهَكَذَا كُنْتَ.

2470 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ھەرقانداق بىر ئادەم ۋاپات بولغاندا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى (ئۇنىڭ ئارقىسىدىن): ۋاي يۆلەنچۈكىمىز! ۋاي ئۇلۇغىمىز! (ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى) دەپ يىغلىسا، مۇھەققەقكى، الله تائالا ئۇ كىشىگە ئىككى پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، ئۇ ئىككى پەرىشتە ئۇ ئادەمنى ئۇرۇپ: سەن راستىنلا شۇنداقمىتىڭ؟ ـ دەيدۇ»[①].

(تىرمىزى: 1003)

2471 - عن أَسِيد بْن أَبِي أَسِيدٍ عَنْ امْرَأَةٍ مِنَ الْمُبَايِعَاتِ قَالَتْ كَانَ فِيمَا أَخَذَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمَعْرُوفِ الذِي أَخَذَ عَلَيْنَا أَنْ لَا نَعْصِيَهُ فِيهِ أَنْ لَا نَخْمُشَ وَجْهًا وَلَا نَدْعُوَ وَيْلًا وَلَا نَشُق جَيْبًا وَأَنْ لَا نَنْشُرَ شَعَرًا.

2471 ـ ئەسىد ئىبنى ئەبۇ ئەسىد پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان بىر ئايالدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىزدىن ئالغان ۋەدىلەرنىڭ ئىچىدە: (ئۆلۈككە) يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى تاتىلاپ، داد ـ پەرياد سېلىپ، ياقا يىرتىپ ۋە چاچلىرىمىزنى يۇلۇپ يىغلىماسلىق قاتارلىق ئىشلارمۇ بار ئىدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3131)

[①] ئەلبانى (801): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2685): سەھىھ ـ دېگەن.

2472 - عَنْ أُم عَطِيةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ أَخَذَ عَلَيْنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عِنْدَ الْبَيْعَةِ أَنْ لَا نَنُوحَ فَمَا وَفَتْ مِنا امْرَأَةٌ غَيْرَ خَمْسِ نِسْوَةٍ أُم سُلَيْمٍ وَأُم الْعَلَاءِ وَابْنَةِ أَبِي سَبْرَةَ امْرَأَةِ مُعَاذٍ وَامْرَأَتَيْنِ أَوْ ابْنَةِ أَبِي سَبْرَةَ وَامْرَأَةِ مُعَاذٍ وَامْرَأَةٍ أُخْرَى.

2472 ـ ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىزدىن مېيىتقا ئۈن سېلىپ يىغلىماسلىق توغرىسىدا ۋەدە ئالدى. ئەمما بەشىمىزدىن باشقا ئاياللار بۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلمىدى. ئۇلار: ئۇممۇ سۇلەيم، ئۇممۇ ئەلا، ئەبۇ سەبرەنىڭ قىزى (مۇئازنىڭ ئايالى) ۋە باشقا ئىككى ئايال ياكى ئەبۇ سەبرەنىڭ قىزى، مۇئازنىڭ ئايالى ۋە يەنە بىر ئايال ئىدى.

(بۇخارى: 1306)

2473ـ عَنْ أُم عَطِيةَ قَالَتْ لَما أَرَدْتُ أَنْ أُبَايِعَ رَسُولَ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِن امْرَأَةً أَسْعَدَتْنِى فِى الْجَاهِلِيةِ فَأَذْهَبُ فَأُسْعِدُهَا ثُم أَجِيئُكَ فَأُبَايِعُكَ. قَالَ «اذْهَبِى فَأَسْعِدِيهَا». قَالَتْ فَذَهَبْتُ فَسَاعَدْتُهَا ثُم جِئْتُ فَبَايَعْتُ رَسُولَ اللهِ -صلى الله عليه وسلم-.

2473 ـ ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلىدىغان ۋاقتىمدا:

— ئى رەسۇلۇللاھ! جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئايال ماڭا يىغلىشىپ بەرگەنىدى، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا يىغلىشىپ بېرىپ، ئاندىن كېلىپ ساڭا بەيئەت قىلسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بېرىپ يىغلىشىپ بەرگىن! ـ دېدى. مەن بېرىپ ئۇ ئايالغا يىغلىشىپ بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدىم[1].

(نەسائى: 4179)

[1] ئەلبانى (3895): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

2474 - عَنْ أَنَسٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَخَذَ عَلَى النِّسَاءِ حِينَ بَايَعَهُنَّ أَنْ لَا يَنُحْنَ فَقُلْنَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنَّ نِسَاءً أَسْعَدْنَنَا فِي الْجَاهِلِيَّةِ أَفَنُسْعِدُهُنَّ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا إِسْعَادَ فِي الْإِسْلَامِ.

2474 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاياللار بەيئەت قىلغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن مېيىتقا ھازا ئېچىپ يىغلىماسلىققا ۋەدە ئالدى. ئۇ ئاياللار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! جاھىلىيەت دەۋرىدە بەزى ئاياللار مېيىت ئۈچۈن يىغلىشىپ بېرىپ، بىزنى خۇرسەن قىلاتتى، بىزمۇ ئۇلارنى شۇنداق خۇرسەن قىلساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىسلامدا ئىنسانىنى ئۇ شەكىلدە خۇرسەن قىلىشقا بولمايدۇ، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 1852)

2475 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ النَّائِحَةَ وَالْمُسْتَمِعَةَ.

2475 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتقا ھازا ئېچىپ يىغلىغان ئايالغا ۋە ئۇنى ئاڭلىغۇچىلارغا لەنەت ئوقۇدى، ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3128)

2476 - عَنْ عَبْدِ اللهِ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِيَّاكُمْ وَالنَّعْيَ فَإِنَّ النَّعْيَ مِنْ عَمَلِ الْجَاهِلِيَّةِ قَالَ عَبْدُ اللهِ وَالنَّعْيُ أَذَانٌ بِالْمَيِّتِ.

2476 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[①] ئەلبانى (1748): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (685): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

«مېيىتقا ھازا ئېچىپ يىغلاشتىن ئاگاھ بولۇڭلار. چۈنكى ئۇنداق قىلىش جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشلىرىدىندۇر» دېدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھازا ئېچىپ يىغلاش مېيىتقا ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، - دېدى[1].

(تىرمىزى: 984)

2477 - عن أبي مَالِكٍ الْأَشْعَرِي حَدثَهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَرْبَعٌ فِي أُمتِي مِنْ أَمرِ الْجَاهِلِيةِ لَا يَتْرُكُونَهُن الْفَخْرُ فِي الْأَحْسَابِ وَالطعْنُ فِي الْأَنسَابِ وَالْاسْتِسْقَاءُ بِالنجُومِ وَالنيَاحَةُ وَقَالَ النائِحَةُ إِذَا لَمْ تَتُبْ قَبْلَ مَوْتِهَا تُقَامُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَعَلَيْهَا سِرْبَالٌ مِنْ قَطِرَانٍ وَدِرْعٌ مِنْ جَرَبٍ.

2477 - ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان:

«ئۈممىتىمدە جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان تۆت تۈرلۈك ئىش بار بولۇپ، ئۈممىتىم بۇ ئىشلارنى تاشلىيالمايدۇ. ئۇلار: ئۆز نەسەبىدىن پەخىرلىنىش، باشقىلارنىڭ نەسەبلىرىنى سۆكۈش، يۇلتۇزلاردىن يامغۇر تىلەش ۋە مېيىتقا ھازا ئېچىپ يىغلاش. ئەگەر ھازا ئېچىپ يىغلىغان ئايال ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ قارامايدىن كىيىم كىيگەن ۋە بەدەننى قىچىشقاق قىلىۋېتىدىغان يېپىنچا ئارتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرىدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 934)

2478 - لَما مَاتَ الْحَسَنُ بْنُ الْحَسَنِ بْنِ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُمْ ضَرَبَتْ امْرَأَتُهُ الْقُبةَ عَلَى قَبْرِهِ سَنَةً ثُم رُفِعَتْ فَسَمِعُوا صَائِحًا يَقُولُ أَلَا هَلْ وَجَدُوا مَا فَقَدُوا فَأَجَابَهُ الْآخَرُ بَلْ يَئِسُوا فَانْقَلَبُوا.

[1] ئەلبانى (165): زەئىپ، - دېگەن.

2478 ـ ھەسەن ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات تاپقاندا، ئايالى ئۇنىڭ قەبرىسىگە چېدىر تىكىپ، چېدىردا (ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتۇپ) بىر يىل ئولتۇردى، چېدىرنى بىر يىلدىن كېيىن يىغىۋەتتى. شۇ جەرياندا بىر ئاۋازنىڭ:

ـ ئۇلار (بۇنداق قىلىش ئارقىلىق) يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى تاپالىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانلىقىنى، يەنە بىر ئاۋازنىڭ:

ـ ياق، ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەتتى، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى ئاڭلاندى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2479 - عَنْ أَنسٍ، قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: ثَلاثٌ لا يَزَلْنَ فِي أُمتِي حَتى تَقُومَ الساعَةُ: النِّيَاحَةُ، وَالْمُفَاخَرَةُ فِي الأَنسَابِ، وَالأَنوَاءُ.

2479 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇممىتىم ئارىسىدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىش تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ: مېيىتقا ئۈن سېلىپ يىغلاش، نەسەبىدىن پەخىرلىنىش، يۇلتۇزلاردىن يامغۇر تىلەش»[1].

(ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار)

2480 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ان هذه النـوائح يجعلن يوم القيامة صفين في جهنم صف عن يمينهم وصف عن يسارهم فينبحن على أهل النار كما تنبح الكلاب.

2480 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېيىتنىڭ ئارقىسىدىن ئۈن سېلىپ يىغلىغان ئاياللار قىيامەت

[1] ھەيسەمى (4008): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

كۇنى جەھەننەمدە ئوتتىن سوۋۇت تونغۇزۇلىدۇ. ئۇلار دوزاخ ئەھلىگە قاراپ خۇددى ئىت قاۋىغاندەك قاۋايدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2481 - عن أبى هريرة أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَنحْ عَلَيْهِ.

2481 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچۇن ئۇن سېلىپ يىغلانمىغان ئىدى[2].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2482 - عَنْ مُحَمدِ بن إِسْحَاقَ، قَالَتْ أُم سَعْدٍ حِينَ احْتُمِلَ نَعْشُهُ وَهِيَ تَبْكِيهِ: وَيْلُ أُم سَعْدٍ سَعْدًا حَزَامَةً وَجِدًا وسَيدًا سُد بِهِ مَسَدا، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: كُل بَاكِيَةٍ تَكْذِبُ إِلا بَاكِيَةُ سَعْدِ بن مُعَاذٍ.

2482 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ جىنازىسى ئېلىپ مېڭىلغاندا، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەئد ھازا تۇتۇپ:

ـ (ھاياتى بويىچە) سەمىمىي، تىرىشچان (ياشىغان) ۋە ئۆز نەپسىگە قارشى داۋاملىق جىھاد ئېلىپ بارغان يىگىت سۈپەت ئوغلۇم سەئدنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلىدىن ئانىسىنىڭ ھالىغا ۋاي! ـ دەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەرقانداق مېيىتنىڭ ھازىدارى يالغان ئېيتىدۇ، لېكىن سەئدنىڭ ئانىسى ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ـ دېدى[3].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (4019): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۇلايمان ئىبنى داۋۇد يەمامى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4024): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭغا سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ ھەدىسى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4032): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

2483 - عَنْ زَيْدِ بن أَرْقَمَ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: إِن اللهَ عَز وَجَل يُحِب الصمْتَ عِنْدَ ثَلاثٍ: عِنْدَ تِلاوَةِ الْقُرْآنِ وَعِنْدَ الزحْفِ وَعِنْدَ الْجَنَازَةِ.

2483 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا مۇنداق ئۈچ ئورۇندا سۈكۈت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ: قۇرئان ئوقۇغاندا، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ۋە جىنازا چىقىرىلىۋاتقاندا»[1].

(«ئەلكەبىر»: 5130)

2484 - عَنْ حَمْنَةَ بِنْتِ جَحْشٍ أَنهُ قِيلَ لَهَا قُتِلَ أَخُوكِ فَقَالَتْ رَحِمَهُ اللهُ وَإِنا لِلهِ وَإِنا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ قَالُوا قُتِلَ زَوْجُكِ قَالَتْ وَا حُزْنَاهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن لِلزوْجِ مِنْ الْمَرْأَةِ لَشُعْبَةً مَا هِيَ لِشَيْءٍ.

2484 ـ ھەمنە بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بىر ئۇرۇشتا:

ـ قېرىندىشىڭ ئۆلۈپ كەتتى، ـ دېيىلدى. ئۇ:

ـ ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ـ دېدى. ئۇنىڭغا يەنە:

ـ يولدىشىڭ ئۆلۈپ كەتتى، ـ دېيىلگەنىدى. ئۇ ئايال:

ـ ۋاي ھەسرىتىم، ـ دېدى. بۇ ئىشنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئايالنىڭ قەلبىدە ئېرىنىڭ ئالاھىدە ئورنى (مېھرى ـ مۇھەببەت) بولىدۇ، ـ دېدى[2].

(ئىبنى ماجە: 1590)

[1] ھەيسەمى (4129): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (347): زەئىپ، ـ دېگەن.

## مېيىتنى يۇيۇش ۋە دەپنە قىلىش

2485 - عَنْ أُم عَطِيةَ الْأَنصَارِيةِ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ دَخَلَ عَلَيْنا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ تُوُفيَتْ ابْنَتُهُ فَقَالَ اغْسِلْنَهَا ثَلَاثًا أَوْ خَمْسًا أَوْ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ إِنْ رَأَيْتُن ذَلِكَ بِمَاءٍ وَسِدْرٍ وَاجْعَلْنَ فِي الْآخِرَةِ كَافُورًا أَوْ شَيْئًا مِنْ كَافُورٍ فَإِذَا فَرَغْتُن فَآذِنَنِي فَلَما فَرَغْنَا آذَنَاهُ فَأَعْطَانَا حِقْوَهُ فَقَالَ أَشْعِرْنَهَا إِياهُ تَعْنِي إِزَارَهُ.

2485 ـ ئۇممۇ ئەتىييە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى (ئۇممۇ گۇلسۇم) ۋاپات بولغاندا قېشىمىزغا كىرىپ:

«ئۇنى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم يۇيۇڭلار. ئەگەر خالىساڭلار، سۇ ۋە سىدر[1] بىلەن يۇيۇڭلار، ئاخىرقى قېتىمدا كافۇر[2] (ياكى كافۇرغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە) ئارىلاشتۇرۇڭلار. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا خەۋەر قىلىڭلار!» دېدى. بىز ئىشىمىزنى تۈگىتىپ، خەۋەر بەردۇق. بىزگە ئىزارىنى[3] بېرىپ: «بۇنى بەدىنىگە يۆگەڭلار! (يەنى ئىچ كېپەنلىك قىلىڭلار!)» دېدى.

(بۇخارى: 1253)

2486 - ومن رواياته: أَوْ سَبْعًا أَوْ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ.

2486 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «يەتتە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم يۇيۇڭلار!» دېيىلگەن.

---

[1] سىدر- ياۋا چىلان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سوپۇننىڭ ئورنىدا قوللىنىلغان.

[2] كافۇر- بىر خىل خۇشبۇي نەرسە بولۇپ، مېيىتنى يۇيىدىغان سۇغا ۋە كېپىنىگە قويۇلىدۇ.

[3] ئىزار- ئەينى چاغدىكى ئەرەبلەر بەلنىڭ ئاستىغا يۆگەپ ئىشتاننىڭ ئورنىدا قوللىنىدىغان، ئىھرامنىڭ ئاستى قىسمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر پارچە رەخت.

(بۇخارى: 1259)

2487 - عَنْ أُم عَطِيةَ قَالَتْ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَهُن فِي غَسْلِ ابْنَتِهِ ابْدَأْنَ بِمَيَامِنِهَا وَمَوَاضِعِ الْوُضُوءِ مِنْهَا.

2487 ـ ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزىنى يۇيىدىغان ئاياللارغا: «ئۇنى ئوڭ تەرىپىدىن ۋە تاھارەت ئالغاندا يۇيىدىغان ئەزالىرىدىن باشلاپ يۇيۇڭلار!» دېدى.

(بۇخارى: 167)

2488 - عَنْ أُم عَطِيةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ دَخَلَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ نَغْسِلُ ابْنَتَهُ فَقَالَ اغْسِلْنَهَا ثَلَاثًا أَوْ خَمْسًا أَوْ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ بِمَاءٍ وَسِدْرٍ وَاجْعَلْنَ فِي الْآخِرَةِ كَافُورًا.

2488 ـ ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزىنى يۇيۇۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا كىرىپ: «ئۇنى سىدىر سېلىنغان سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم (تاق قىلىپ) يۇيۇڭلار. ئاخىرىدا، سۇغا كافۇر سېلىڭلار!» دېدى.

(بۇخارى: 1245)

2489 - ومنها: أنىن نقضن رأسها وغسلنه وجعلنه ثلاث قرون وألقينها خلفها وأن سفيان قال: هي ناصيتها وقرنا وأن ابن سيرين زعم أن أشعرنا إياها ألففنها فيه وإنه كان يأمر بالمرأة أن تشعر ولاتؤزر.

2489 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئاياللار ئۇنىڭ چېچىنى چۇۋۇپ، يۇغاندىن كېيىن، ئۈچ ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈپ، ئارقىسىغا چۈشۈرۈپ قويدى، ـ دېيىلگەن.

2490 - ومنها: ظفرناها.

2490 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇنىڭ چېچىنى ئۆرۈپ قويدۇق، ـ

دېيىلگەن.

2491 - ومنها: بدله مشطناها.

2491 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇنىڭ چېچىنى ئۆرۈپ قويدۇق، ـ دېگەنىنىڭ ئورنىغا: ئۇنىڭ چېچىنى تاراپ قويدۇق، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 939)

2492 - عَنْ أُم قَيْسٍ قَالَتْ تُوفِيَ ابْنِي فَجَزِعْتُ عَلَيْهِ فَقُلْتُ لِلذِي يَغْسِلُهُ لَا تَغْسِلْ ابْنِي بِالْمَاءِ الْبَارِدِ فَتَقْتُلَهُ فَانْطَلَقَ عُكاشَةُ بْنُ مِحْصَنٍ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَهُ بِقَوْلِهَا فَتَبَسمَ ثُم قَالَ مَا قَالَتْ طَالَ عُمْرُهَا فَلَا نَعْلَمُ امْرَأَةً عَمِرَتْ مَا عَمِرَتْ.

2492 ـ ئۇممۇ قەيس بىنتى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئوغلۇم ۋاپات بولغاندا، بەكمۇ قايغۇرۇپ كەتكىنىمدىن، ئوغلۇمنى يۇيىدىغان كىشىگە:

ــ ئوغلۇمنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ ئۆلتۈرۈپ قويمىغىن، ـ دەپتىمەن. ئۇككاشە ئىبنى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ گېپىمنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزگەنىكەن، ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ: «شۇنداق دېگەن ئايالنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن!» دەپتۇ.

رىۋايەتچىلەر مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇ ئايالدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئايالنى كۆرۈپ باقمىدۇق[1].

(نەسائى: 1882)

2493 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ غَسلَ الْمَيتَ فَلْيَغْتَسِلْ.

2493 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېيىت يۇغانلار غۇسلى قىلسۇن!»[2].

[1] ئەلبانى (114): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2707): سەھىھ ـ دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇد :3161)

2494 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مِنْ غُسْلِهِ الْغُسْلُ وَمِنْ حَمْلِهِ الْوُضُوءُ يَعْنِي الْمَيتَ.

2494 ـ ئەبۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىـلىـنىـدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېيىتنى يۇغانلارنىڭ غۇسلى قىلىشى، جىنازا كۆتۈرگەنلەرنىڭ تاھارەت ئېلىشى لازىم»①.

(تىرمىزى: 993)

2495 - عَنْ عَلِي عَلَيْهِ السلَام قَالَ قُلْتُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن عَمكَ الشيْخَ الضال قَدْ مَاتَ قَالَ اذْهَبْ فَوَارِ أَبَاكَ ثُم لَا تُحْدِثَن شَيْئًا حَتى تَأْتِيَنِي فَذَهَبْتُ فَوَارَيْتُهُ وَجِئْتُهُ فَأَمَرَنِي فَاغْتَسَلْتُ وَدَعَا لِي.

2495 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تالىب ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! تاغاڭ ۋاپات بولدى، ـ دەپ خەۋەر يەتكۈزدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بېرىپ داداڭنى دەپنە قىلىۋەت. ئۇنىدىن كېيىن ھېچ ئىش قىلماي، ئۇدۇل مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن! ـ دېدى. دەپنە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇدى، مەن غۇسلى قىلدىم، ئۇ ماڭا دۇئا قىلدى②.

(ئەبۇ داۋۇد: 3214)

2496 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْرِ عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا حَدثَتْهُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ

① ئەلبانى (791): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2753): سەھىھ ـ دېگەن.

وَسَلمَ كَانَ يَغْتَسِلُ مِنْ أَرْبَعٍ مِنْ الْجَنَابَةِ وَيَوْمَ الْجُمُعَةِ وَمِنْ الْحِجَامَةِ وَغُسْلِ الْمَيتِ.

2496 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق تۆت تۈرلۈك سەۋەبتىن غۇسلى قىلاتتى: جۇنۇبلۇق، جۈمە نامىزى، قان ئالدۇرۇش ۋە مېيىت يۇيۇش[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3160)

2497 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ بَيْنَمَا رَجُلٌ وَاقِفٌ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَرَفَةَ إِذْ وَقَعَ مِنْ رَاحِلَتِهِ فَأَقْصَعَتْهُ أَوْ قَالَ فَأَقْعَصَتْهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اغْسِلُوهُ بِمَاءٍ وَسِدْرٍ وَكَفنُوهُ فِي ثَوْبَيْنِ وَلَا تُحَنطُوهُ وَلَا تُخَمرُوا رَأْسَهُ فَإِن اللهَ يَبْعَثُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مُلَبيًا.

2497 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەرەفاتتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان بىر ئادەم ئۇشتۇمتۇت ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بوينى سۇنۇپ ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇنى سۇ ۋە سىدر بىلەن يۇيۇڭلار، ئىككى پارچە لاتا بىلەن دەپنە قىلىڭلار، ئۇنىڭغا خۇش پۇراق ئىشلەتمەڭلار، بېشىنى يۆگەپ قويماڭلار. چۈنكى قىيامەت كۈنى الله ئۇنى (قەبرىسىدىن) لەببەيكەنى ئوقۇۋاتقان ھالەتتە تۇرغۇزىدۇ» دېدى.

(بۇخارى: 1266)

2498 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ فَوَقَصَتْهُ نَاقَتُهُ فَمَاتَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اغْسِلُوهُ وَلَا تُقَربُوهُ طِيبًا وَلَا تُغَطوا وَجْهَهُ فَإِنهُ يُبْعَثُ يُلَبي.

2498 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت

[①] ئەلبانى (75): زەئىپ، ـ دېگەن.

قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىللە سەپەرگە چىققان بىر كىشىنى تۆگىسى ئېتىۋېتىپ، بوينى سۇنۇپ ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇنى يۇيۇڭلار، ئەمما ئۇنىڭغا خۇشپۇراقلىق نەرسە ئىشلەتمەڭلار ۋە يۈزىنى يۆگەپ قويماڭلار. چۈنكى الله ئۇنى قەبرىسىدىن لەببەيكەنى ئوقۇۋاتقان ھالەتتە تۇرغۇزىدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 1206)

2499 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ بَيْنَا رَجُلٌ وَاقِفٌ مَعَ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَرَفَةَ إِذْ وَقَعَ عَنْ رَاحِلَتِهِ فَوَقَصَتْهُ أَوْ قَالَ فَأَقْعَصَتْهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اغْسِلُوهُ بِمَاءٍ وَسِدْرٍ وَكَفِّنُوهُ فِي ثَوْبَيْنِ أَوْ قَالَ ثَوْبَيْهِ وَلَا تُحَنطُوهُ وَلَا تُخَمِّرُوا رَأْسَهُ فَإِن اللَّهَ يَبْعَثُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يُلَبي.

2499 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە (ھەج قىلىپ) ئەرەفاتتا تۇرۇۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بوينى سۇنۇپ ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇنى سۇ ۋە سىدر بىلەن يۇيۇپ، ئىككى پارچە رەخت (ياكى ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئىككى پارچە ئېھراملىقى) بىلەن كېپەنلەڭلار. ئۇنىڭغا خۇشپۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەڭلار ۋە بېشىنى يۆگەپ قويماڭلار. شەكسىزكى، الله قىيامەت كۈنى ئۇنى قەبرىسىدىن لەببەيكەنى ئوقۇۋاتقان ھالەتتە تۇرغۇزىدۇ» دېدى.

(بۇخارى: 1849)

2500 - ومنها: فَإِنهُ يُبْعَثُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مُحْرِمًا.

2500 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ قىيامەت كۈنى ئېھرام بىلەن قوپۇرۇلىدۇ» دېيىلگەن.

2501 - عن لَيْلَى بِنْتَ قَانِفٍ الثقَفِيةَ قَالَتْ كُنْتُ فِيمَنْ غَسلَ أُم كُلْثُومٍ بِنْتَ رَسُولِ

اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ وَفَاتِهَا فَكَانَ أولُ مَا أَعْطَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْحِقَاءَ ثُم الدرْعَ ثُم الْخِمَارَ ثُم الْمِلْحَفَةَ ثُم أُدْرِجَتْ بَعْدُ فِي الثوْبِ الْآخَرِ قَالَتْ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسٌ عِنْدَ الْبَابِ مَعَهُ كَفَنُهَا يُنَاوِلُنَاهَا ثَوْبًا ثَوْبًا.

2501 ـ لەيلى بىنت قانىف سەقەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەرسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى ئۇممۇ گۇلسۇم ۋاپات تاپقىنىدا ئۇنى يۇغانلارنىڭ قاتارىدا بار ئىدىم. پەيغەمبەرسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزگە بىرىنچى بولۇپ بەرگىنى بەلنى يۆگەيدىغان لاتا، ئۇندىن كېيىن كۆينەك، ئۇندىن كېيىن يۈركەنچە ياغلىق، ئۇندىن كېيىن يۆتۈن بەدەننى يۆگەيدىغان رەخت، ئۇندىن كېيىن ئۇستىدىن يەنە باشقا بىر رەخت بىلەن يۆگەپ كېپەنلەندى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشىك ئالدىدا ئۇممۇ گۇلسۇمنىڭ كېپەنلىكىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى ۋە بىزگە بىر - بىرلەپ بېرەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3157)

2502 - عَنْ سَمُرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْكُمْ بِالْبَيَاضِ مِنْ الثيَابِ فَلْيَلْبَسْهَا أَحْيَاؤُكُمْ وَكَفِّنُوا فِيهَا مَوْتَاكُمْ فَإِنهَا مِنْ خَيْرِ ثِيَابِكُمْ.

2502 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى ئىشلىتىڭلار. ئۇنى تىرىكلىرىڭلار كىيسۇن، ئۆلۈكلىرىڭلار كېپەنلەنسۇن. شۈبھىسىزكى، ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىملىرىڭلارنىڭ ياخشىراقىدۇر»[2].

(نەسائى: 5323)

2503 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ دَخَلْتُ عَلَى أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْـهُ

---

[1] ئەلبانى (691): زەئىپ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4916): سەھىھ ـ دېگەن.

فَقَالَ فِي كَمْ كَفَنْتُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ فِي ثَلَاثَةِ أَثْوَابٍ بِيضٍ سَحُولِيةٍ لَيْسَ فِيهَا قَمِيصٌ وَلَا عِمَامَةٌ وَقَالَ لَهَا فِي أَي يَوْمٍ تُوُفيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ قَالَ فَأَي يَوْمٍ هَذَا قَالَتْ يَوْمُ الِاثْنَيْنِ قَالَ أَرْجُو فِيمَا بَيْنِي وَبَيْنَ اللَيْلِ فَنَظَرَ إِلَى ثَوْبٍ عَلَيْهِ كَانَ يُمَرضُ فِيهِ بِهِ رَدْعٌ مِنْ زَعْفَرَانٍ فَقَالَ اغْسِلُوا ثَوْبِي هَذَا وَزِيدُوا عَلَيْهِ ثَوْبَيْنِ فَكَفنُونِي فِيهَا قُلْتُ إِن هَذَا خَلَقٌ قَالَ إِن الْحَي أَحَق بِالْجَدِيدِ مِنْ الْمَيتِ إِنمَا هُوَ لِلْمُهْلَةِ فَلَمْ يُتَوَف حَتى أَمْسَى مِنْ لَيْلَةِ الثلَاثَاءِ وَدُفِنَ قَبْلَ أَنْ يُصْبِحَ.

2503 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ قالغاندا، مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قانچە كىيىم بىلەن كېپەنلىدىڭلار؟ ـ دەپ سورىدى:

ــ يەمەندە توقۇلغان ئاپئاق ئۈچ كىيىم بىلەن كېپەنلىدۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆڭلەكمۇ، سەللىمۇ يوق، ـ دېدىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايسى كۈنى ۋاپات بولدى؟ ـ دەپ سورىدى:

ــ دۈشەنبە كۈنى، ـ دېدىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۈگۈن قايسى كۈن؟ ـ دېدى:

ــ دۈشەنبە كۈنى، ـ دېدىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مۇشۇ كېچىدىلا ئۆلۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن، ـ دېدى ۋە كېسەل ھالىتىدە كىيىپ ياتقان ئۈچىسىدىكى كىيىمىگە قارىدى. ئۇ كىيىمدە زەپىران دېغى بار ئىدى. ئۇ:

ــ بۇ كىيىمىمنى يۇيۇڭلار، ئۇنىڭغا يەنە ئىككى قۇر كىيىم قوشۇپ، مېنى شۇنىڭدا كېپەنلەڭلار! ـ دېدى. مەن:

ــ بۇ كىيىم كونىراپ، چىرىپ كېتىپتۇ، ـ دېسەم، ئۇ:

ــ مېيىتتقا قارىغاندا تىرىكلەر يېڭى نەرسىلەرنى كىيىشكە بەكرەك ھەقلىق. شەكسىزكى، كېپەنلىك كىيىم قىسقىلا بىر مۇددەت

ئۇچۇندۇر، ـ دېدى. ئۇ سەيشەنبە كۈنى كەچتە ۋاپات بولدى، ئەتىسى تاڭ يورىغىچە دەپنە قىلىندى.

(بۇخارى: 1387)

2504 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَيْرُ الْكَفَنِ الْحُلةُ وَخَيْرُ الْأُضْحِيةِ الْكَبْشُ الْأَقْرَنُ.

2504 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېپەننىڭ ياخشىسى بىر يۈرۈش كىيىم، قۇربانلىقنىڭ ياخشىسى مۈڭگۈزلۈك قوچقاردۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3156)

2505 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أَنهُ لَما حَضَرَهُ الْمَوْتُ دَعَا بِثِيَابٍ جُدُدٍ فَلَبِسَهَا ثُم قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن الْمَيتَ يُبْعَثُ فِي ثِيَابِهِ الَتِي يَمُوتُ فِيهَا.

2505 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا يېڭى كىيىملىرىنى ئەكەلدۈرۈپ كىيگەندىن كېيىن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«مېيىت قىيامەت كۈنى، ۋاپات بولغان چاغدىكى كىيىمى بىلەن تۇرغۇزۇلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3114)

2506 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا وَلِيَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ فَلْيُحْسِنْ كَفَنَهُ.

2506 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (690): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2671): سەھىھ ـ دېگەن.

«قېرىنداشلىرىڭلارنى ياخشى كېپەن بىلەن كېپەنلەڭلار!»
(مۇسلىم: 943)

2507 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا تُـوُفيَ أَحَدُكُمْ فَوَجَدَ شَيْئًا فَلْيُكَفنْ فِي ثَوْبٍ حِبَرَةٍ.

2507 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ماددىي ئىمكانىيىتىڭلار يار بەرسە، مېيىتنى يوللۇق رەخت بىلەن (يەنى ئالىي رەخت بىلەن) كېپەنلەڭلار!»[1]
(ئەبۇ داۋۇد: 3150)

2508 - عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ لَا تُغَالِ لِي فِي كَفَنٍ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَغَالَوْا فِي الْكَفَنِ فَإِنهُ يُسْلَبُهُ سَلْبًا سَرِيعًا.

2508 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنى قىممەتلىك كىيىمدە كېپەنلىمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:
«مېيىتنى قىممەتلىك كىيىمدە كېپەنلىمەڭلار. چۈنكى ئۇ (يەنى كېپەن) ئۇنىڭدىن تېزلا تارتىۋېلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 3154)

2509 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَفنَ حَمْزَةَ بْنَ عَبْدِ الْمُطلِبِ فِي نَمِرَةٍ فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ.

2509 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى يۇڭدىن توقۇلغان بىر كىيىم بىلەن كېپەنلىگەن[3].

[1] ئەلبانى (2702): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (689): زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (795): ھەسەن، ـ دېگەن.

(تىرمىزى: 997)

2510 - عَنْ أَبِي أُسَيْدٍ الساعِدِي، قَالَ: أَنا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى قَبْرِ حَمْزَةَ بن عَبْدِ المُطلِبِ ، فَجَعَلُوا يَجُرونَ النمِرَةَ عَلَى وَجْهِهِ، فَيَنكَشِفُ قَدَمَاهُ، وَيَجُرونَهَا عَلَى قَدَمَيْهِ فَيَنكَشِفُ وَجْهُهُ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "اجْعَلُوهَا عَلَى وَجْهِهِ، وَاجْعَلُوا عَلَى قَدَمَيْهِ مِنْ هَذَا الشجَرِ".

2510 ـ ئەبۇ ئۇسەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قەبرىسىدە ئىدىم. ئۇنى يۇڭدىن توقۇلغان بىر كىيىم بىلەن يۈزىنى يۆگىسە، ئىككى پۇتى ئوچۇق قالاتتى. ئىككى پۇتىنى يۆگىسە، يۈزى ئوچۇق قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كىيىمنى يۈزىگە يېپىپ، ئىككى پۇتىغا دەرەخ شاخلىرىنى يېپىپ قويۇڭلار!» دېدى①.

(«ئەلكەبىر»: 2939)

2511 - عن جَابِرِ بن عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَتَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَبْدَ اللهِ بْنَ أُبَي بَعْدَ مَا أُدْخِلَ حُفْرَتَهُ فَأَمَرَ بِهِ فَأُخْرِجَ فَوَضَعَهُ عَلَى رُكْبَتَيْهِ وَنَفَثَ عَلَيْهِ مِنْ رِيقِهِ وَأَلْبَسَهُ قَمِيصَهُ فَاللهُ أَعْلَمُ وَكَانَ كَسَا عَباسًا قَمِيصًا قَالَ سُفْيَانُ وَقَالَ أَبُو هَارُونَ يَحْيَى وَكَانَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَمِيصَانِ فَقَالَ لَهُ ابْنُ عَبْدِ اللهِ يَا رَسُولَ اللهِ أَلْبِسْ أَبِي قَمِيصَكَ الذِي يَلِي جِلْدَكَ قَالَ سُفْيَانُ فَيُرَوْنَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلْبَسَ عَبْدَ اللهِ قَمِيصَهُ مُكَافَأَةً لِمَا صَنَعَ.

2511 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى قەبرىسىگە ئەكىرىپ بولغاندا يېتىپ كېلىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ چىقىرىشقا

① ھەيسەمى (10105): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

بۇيرۇدى. ئۇ چىقىرىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تىزىغا قويۇپ، تۈكۈرۈكى بىلەن سۈپلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيگۈزۈپ قويدى. بۇنداق قىلىشىنىڭ سىرىنى الله ئۆزى بىلگۈچىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباسقا بىر كۆينەك ھەدىيە قىلغان ئىدى (بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ). سۇفيان، ئەبۇ ھارۇن يەھيانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇستىدە ئىككى قۇر كۆڭلەك بار ئىدى، ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! دادامغا سىنىڭ بەدىنىڭگە تەگكەن كىيىمىڭنى (يەنى ئىچ كىيىمىڭنى) كىيگۈزۈپ قويغان بولساڭ، ـ دېدى. ئۆلىمالار: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆڭلىكىنى ئابدۇللاھقا ئۇنىڭ قىلىپ بەرگەن ئىشى ئۈچۈن مۇكاپات ئورنىدا كىيدۈرۈپ قويغان، ـ دەپ قارايدۇ.

(بۇخارى: 1350)

2512 - عن جَابِرِ بْن عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَما كَانَ يَوْمَ بَدْرٍ أُتِيَ بِأَسَارَى وَأُتِيَ بِالْعَباسِ وَلَمْ يَكُنْ عَلَيْهِ ثَوْبٌ فَنظَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَهُ قَمِيصًا فَوَجَدُوا قَمِيصَ عَبْدِ اللهِ بْنِ أُبَي يَقْدُرُ عَلَيْهِ فَكَسَاهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِياهُ فَلِذَلِكَ نَزَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَمِيصَهُ الذِي أَلْبَسَهُ قَالَ ابْنُ عُيَيْنَةَ كَانَتْ لَهُ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدٌ فَأَحَب أَنْ يُكَافِئَهُ.

2512 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدىر كۈنى ئەسىرلەر كەلتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابباسمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ كىيىمى يوق ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دەل كەلگۇدەك كىيىم ئىزدەپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ كۆڭلىكىنى مۇۋاپىق كۆردى ۋە ئابباسقا ئۇنى كەيدۈرۈپ قويدى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋاپات تاپقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ كۆينىكىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا

كەيدۈرۈپ قويغان. ئىبنى ئۇيەينە: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ياخشىلىق قىلغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن كۆينىكىنى سېلىپ ئۇنىڭغا كەيدۈرۈپ قويغانىدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3008)

2513 - عَنْ عَمْرٍو سَمِعَ جَابِرًا يَقُولُ وَكَانَ الْعَبَّاسُ بِالْمَدِينَةِ فَطَلَبَتْ الْأَنْصَارُ ثَوْبًا يَكْسُونَهُ فَلَمْ يَجِدُوا قَمِيصًا يَصْلُحُ عَلَيْهِ إِلَّا قَمِيصَ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ أُبَيٍّ فَكَسَوْهُ إِيَّاهُ.

2513 ـ ئەمر جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە كەلتۈرۈلگەندە، ئەنسارىلار ئۇنىڭغا كەيدۈرۈپ قويغىلى كىيىم ئىزدىدى، ئۇنىڭغا پەقەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ كۆينىكىلا توغرا كېلەتتى، شۇڭا ئۇلار ئابباسقا ئىبنى ئۇبەينىڭ كۆينىكىنى كىيگۈزۈپ قويدى[1].

(نەسائى: 1902)

2514 - عَنْ سَهْلٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ امْرَأَةً جَاءَتْ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِبُرْدَةٍ مَنْسُوجَةٍ فِيهَا حَاشِيَتُهَا أَتَدْرُونَ مَا الْبُرْدَةُ قَالُوا الشَّمْلَةُ قَالَ نَعَمْ قَالَتْ نَسَجْتُهَا بِيَدِي فَجِئْتُ لِأَكْسُوَكَهَا فَأَخَذَهَا النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُحْتَاجًا إِلَيْهَا فَخَرَجَ إِلَيْنَا وَإِنَّهَا إِزَارُهُ فَحَسَّنَهَا فُلَانٌ فَقَالَ اكْسُنِيهَا مَا أَحْسَنَهَا قَالَ الْقَوْمُ مَا أَحْسَنْتَ لَبِسَهَا النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُحْتَاجًا إِلَيْهَا ثُمَّ سَأَلْتَهُ وَعَلِمْتَ أَنَّهُ لَا يَرُدُّ قَالَ إِنِّي وَاللَّهِ مَا سَأَلْتُهُ لِأَلْبَسَهُ إِنَّمَا سَأَلْتُهُ لِتَكُونَ كَفَنِي قَالَ سَهْلٌ فَكَانَتْ كَفَنَهُ.

2514 ـ سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا يېڭى توقۇلغان، چۇچىلىرى تېخى كېسىلمىگەن بىر كىيىمنى كۆتۈرۈپ كەلدى (سەھل: بۇنىڭ قانداق كىيىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار: ئۇ دېگەن يېپىنچا، ـ دېگەندى: ھەئە، توغرا دېدىڭلار، ـ دېدى). ئۇ

[1] ئەلبانى (1794): سەھىھ ـ دېگەن.

ئايال:

ـ مەن بۇنى ئۆز قولۇم بىلەن توقۇغان ئىدىم، ساڭا كەيدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بولغانلىقتىن قىزغىنلىق بىلەن ئالدى ۋە ئۇنى ئىزار[1] قىلىپ كىيىپ ئالدىمىزغا چىقتى. ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقان ئىدى. ئاربىدىن بىرەيلەن:

ـ بۇ نېمە دېگەن ياخشى كىيىم؟! ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ماڭا بەرگەن بولساڭ، ـ دېدى. جامائەت ئۇنىڭغا:

ـ سەن ياخشى ئىش قىلمىدىڭ، چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ كىيگەن ئىدى. سەن ئۇنىڭ بىر نەرسە سورىغان ئادەمنى قۇرۇق قول قايتۇرمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سورىدىڭ، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى كىيىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كېپەنلىكىم بولۇشى ئۈچۈن سورىدىم، ـ دېدى. سەھل: ئۇنىڭ دېگىنىدەك، ھېلىقى كىيىم شۇ ئادەمنىڭ كېپەنلىكى بولدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1277)

2515 - عن جَابِر بن عبد الله، قال: قال رسول الله صَلى اللهُ عليه وسلم: «مـن حفر قبرا بنى الله له بيتا في الجنة، ومن غسل ميتا خرج من الخطايا كيوم ولدته أمه، ومن كفن ميتا كساه الله أثوابا من حلل الجنة، ومن عزى حزينا ألبسه الله التقوى وصلى على روحه في الأرواح، ومن عزى مصابا كساه الله حلتين من حلل الجنة لا يقوم لهما الدنيا، ومن اتبع جنازة حتى يقضى دفنها كتب له ثلاثة قراريط، القيراط منها أعظم من جبـل أحد، ومن كفل يتيما أو أرملة أظله الله في ظله وأدخله جنته».

[1] ئىزار- ئەينى چاغدىكى ئەرەبلەر بەلنىڭ ئاستىغا يۆگەپ ئىشتاننىڭ ئورنىدا قوللىنىدىغان، ئېھرامنىڭ ئاستى قىسمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر پارچە رەخت.

2515 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىم قەبرە كولىسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ. كىم مېيىت يۇسا، گۇناھلىرىدىن خۇددى ئانىسىدىن يېڭى تۇغۇلغاندەك پاك بولىدۇ. كىم مېيىتنى كېپەنلىسە، الله ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ بىباھا كىيىملىرىدىن بىرنى كىيگۈزىدۇ. كىم بىر مۇسىبەت ئىگىسىگە تەزىيە بىلدۈرسە، الله ئۇنىڭغا تەقۋالىق ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ روھىغا رەھمەت يوللايدۇ. كىم بالايىئاپەتكە يولۇققان كىشىگە تەسەللىي بەرسە، الله ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئېسىل كىيىملىرىدىن دۇنيادا تېپىلمايدىغان ئىككى كىيىم كىيگۈزىدۇ. كىم مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغىچە جىنازىغا ئەگەشسە، ئۇنىڭغا ئۈچ قىرات ئەجىر يېزىلىدۇ. بىر قىراتنىڭ ئۆزىلا ئۇھۇد تېغىدىنمۇ چوڭدۇر. كىم يېتىم بالىنى ياكى تۇل خوتۇننى كېپىللىككە ئالسا، الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ئۇنى ئۆزىنىڭ سايىسىدا سايىدىتىدۇ ۋە جەننىتىگە كىرگۈزىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2516 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أن النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ قَـالَ إن الْمَيـتَ يَعْرِفُ مَنْ يَحْمِلُهُ وَمَنْ يُغَسلُهُ وَمَنْ يُدَلِيهِ فِي قْبرِهِ.

2516 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەكسىزكى، مېيىت ئۆزىنى كۆتۈرگەن، يۇغان ۋە قەبرىسىدە قويغان كىشىنى بىلىپ تۇرىدۇ»[2].

(ئەھمەد: 10614؛ «ئەلئەۋسەت»)

2517 - عن سنان بن عرفة وكانت له صحبة عن النF صلى الله عليه وسـلم في

[1] ھەيسەمى (4066): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خەلىل ئىبنى مۇررە ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭغا سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4071): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تەرجىمىھالىنى تاپالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

الرجل يموت مع النساء والمرأة تموت مع الرجال وليس لهما محرم قال ييمما.

2517 ـ سىنان ئىبنى ئۇرفە (ساھابىلەردىن بىرى) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاياللار ئارىسىدا ئۆلۈپ قالغان يالغۇز ئەرنىڭ ياكى ئەرلەر ئارىسىدا ئۆلۈپ قالغان يالغۇز ئايالنىڭ مەھرىمى بولمىسا، ئۇنىڭ مېيىتى (يۇيۇلماي) تەيەممۇم قىلدۇرۇلىدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 6497)

2518 - عَنِ ٱبنِ عَباسٍ رَضِي اللهُ تَعَالٰى عَنْهُمَا، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: خَمرُوا وُجُوهَ مَوْتَاكُمْ، وَلا تَشَبهُوا بِالْيَهُودِ.

2518 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ يۈزىنى يۆگەپ قويۇڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشىشىپ قالماڭلار!»[2]

(«ئەلكەبىر»)

2519 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَجْمَرْتُمْ الْمَيتَ فَأَجْمِرُوهُ ثَلَاثًا.

2519 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر مېيىتقا خۇشبۇي نەرسە چاچساڭلار، ئۈچ قېتىم چېچىڭلار!»[3]

(ئەھمەد: 14131؛ بەززار)

[1] ھەيسەمى (4081): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلخالىق ئىبنى يەزىد ئىبنى ۋاقىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4097): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4106): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## جىنازا نامىزى

2520 - عن أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ شَهِدَ الْجَنَازَةَ حَتى يُصَليَ فَلَهُ قِيرَاطٌ وَمَنْ شَهِدَ حَتى تُدْفَنَ كَانَ لَهُ قِيرَاطَانِ قِيلَ وَمَا الْقِيرَاطَانِ قَالَ مِثْلُ الْجَبَلَيْنِ الْعَظِيمَيْنِ.

2520 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىمكى مېيىتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغىچە تۇرسا، ئۇنىڭغا بىر قىرات ئەجىر بولىدۇ. كىمكى دەپنە قىلىنىپ بولغىچە تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىككى قىرات ئەجىر بولىدۇ، ـ دېۋىدى:

ـ ئىككى قىرات دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ چوڭ ئىككى تاغقا ئوخشاش دېمەكتۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1325)

2521 - عن نَافِعٌ قَالَ قِيلَ لِابْنِ عُمَرَ إِن أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ تَبِعَ جَنَازَةً فَلَهُ قِيرَاطٌ مِنْ الْأَجْرِ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ أَكْثَرَ عَلَيْنَا أَبُو هُرَيْرَةَ فَبَعَثَ إِلَى عَائِشَةَ فَسَأَلَهَا فَصَدقَتْ أَبَا هُرَيْرَةَ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ لَقَدْ فَرطْنَا فِي قَرَارِيطَ كَثِيرَةٍ.

2521 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى جىنازىغا ئەگەشسە، ئۇ بىر قىرات (يەنى تاغدەك چوڭ) ئەجىرگە ئېرىشىدۇ» دېدى، ـ دېگەنلىكى يەتكۈزۈلگەندى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ ئەبۇ ھۇرەيرە بەكمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىپتۇ، ـ دېدى ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئادەم ئەۋەتىپ سورىغانىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ ئۇنداقتا بىز نۇرغۇن قىرات ئەجرىدىن قۇرۇق قاپتۇق، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 945)

2522 - عن أبى هريرة عن النبى صلى الله عليه وسلم قال من أتى جنازة في أهلها فله قيراط فان اتبعها فله قيراط فان صلى عليها فله قيراط فان انتظرها حتى تدفن فله قيراط.

2522 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جىنازا ئەھلىگە كەلسە، بىر قىرات؛ جىنازىغا ئەگەشسە، بىر قىرات؛ نامىزىغا قاتناشسا، بىر قىرات؛ دەپنە قىلىپ بولغىچىلىك ساقلاپ تۇرسا، بىر قىرات ئەجىر يېزىلىدۇ»[1].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

2523 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعَى النجَاشِي فِي الْيَوْمِ الذِي مَاتَ فِيهِ وَخَرَجَ بِهِمْ إِلى الْمُصَلى فَصَف بِهِمْ وَكَبرَ عَلَيْهِ أَرْبَعَ تَكْبِيرَاتٍ.

2523 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجاشىنىڭ ۋاپات بولغىنىدىن شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا خەۋەر تېپىپ، ساھابىلار بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان

---

[1] ھەيسەمى (4140): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەئدى ئىبنى سۇلايمان ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام تىرمىزى ئۇنىڭ ھەدىسىگە سەھىھ دەپ باھا بەرگەن. ئەبۇ ھاتەم ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئەبۇ زۇرئە ۋە نەسائى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

جايغا چىقتى ۋە سەپ بولۇپ، تۆت تەكبىر ئېيتىپ ئۇنىڭ غايىبانە جىنازا نامىزىنى چۈشۈردى.

(بۇخارى: 1333)

2524 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى قَالَ كَانَ زَيْدٌ يُكَبِرُ عَلَى جَنَائِزِنَا أَرْبَعًا وَإِنَهُ كَبَرَ عَلَى جَنَازَةٍ خَمْسًا فَسَأَلْتُهُ فَقَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُكَبِرُهَا.

2524 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا مۇنداق دەيدۇ: زەيد ئىبنى ئەرقەم جىنازا نامىزىغا تۆت تەكبىر ئېيتاتتى، بىر جىنازىغا بەش تەكبىر ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق سورىسام، ئۇ جاۋاب بېرىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلاتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 957)

2525 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن مَعْقِلٍ، أَن عَلِيا رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ صَلى عَلَى سَهْلِ بن حُنَيفٍ، فَكَبرَ عَلَيْهِ سِتا، ثُم الْتَفَتَ إِلَيْنا، فَقَالَ: "إِنَهُ بَدْرِي".

2525 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەئقەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەھل ئىبنى ھۇنەيفنىڭ جىنازا نامىزىنى ئالتە تەكبىر بىلەن ئوقۇدى، ئاندىن بىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

ـ ئۇ، بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن ئىدى، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 5546)

2526 - عن عبد الله بن مسعود قال لاوقت ولاعدد في الصلاة على الجنازة يعنى التكبير.

2526 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: جىنازا نامىزىنىڭ مۇقىم ۋاقتى ۋە مۇئەييەن (تەكبىر) سانى يوق، ـ دېدى[2].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ھەيسەمى (4174): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4175): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

2527 - عن عبد الله بن مسعود قال: «قد كبر رسول الله صلى الله عليه وسـلم على اƧنائز سبعا، وRسا، وأربعا، فكبروا ما كبر اqمام إذا قدمتموه».

2527 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازا نامازلىرىغا يەتتە قېتىم، بەش قېتىم، تۆت قېتىم تەكبىر ئوقۇغان. جىنازا نامىزىنى ئىمام قانداق ئوقۇسا، سىلەرمۇ شۇنداق ئوقۇڭلار[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2528 - وَقَالَ حُمَيْدٌ صَلى بِنَا أَنسٌ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَكَبرَ ثَلَاثًا ثُم سَلمَ فَقِيـلَ لَـهُ فَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ ثُم كَبرَ الرابِعَةَ ثُم سَلمَ.

2528 ـ ھۇمەيد مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىز بىلەن ئوقۇغان جىنازا نامىزىدا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سالام بەردى. ئەھۋال ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلگەندى، ئۇ قايتا قىبلىگە قاراپ، تۆتىنچى تەكبىرنى ئوقۇپ ئاندىن سالام بەردى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2529 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَبرَ عَلَى جَنَازَةٍ فَرَفَعَ يَدَيْهِ فِي أَولِ تَكْبِيرَةٍ وَوَضَعَ الْيُمْنَى عَلَى الْيُسْرَى.

2529 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازا نامىزىغا تەكبىر ئوقۇدى ۋە بىرىنچى تەكبىردە قولىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىدە قويدى[2].

(تىرمىزى: 1077)

[1] ھەيسەمى (4176): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتا ئىبنى سائىب ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەققىدە سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، ھەدىسى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (859): ھەسەن، ـ دېگەن.

2530 - عَنْ طَلْحَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَوْفٍ قَالَ صَلَّيْتُ خَلْفَ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَلى جَنَازَةٍ فَقَرَأَ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ قَالَ لِيَعْلَمُوا أَنهَا سُنةٌ.

2530 ـ تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋف مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ كەينىدە جىنازا نامىزى ئوقۇدۇم. ئۇ، سۈرە پاتىھەنى ئوقۇدى، ئاندىن:

ــ بىلىپ قېلىڭلاركى، بۇ سۈننەتتۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1335)

2531 - عَنْ طَلْحَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ صَلَّيْتُ خَلْفَ ابْنِ عَباسٍ عَلى جَنَازَةٍ فَسَمِعْتُهُ يَقْرَأُ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ فَلَما انْصَرَفَ أَخَذْتُ بِيَدِهِ فَسَأَلْتُهُ فَقُلْتُ تَقْرَأُ قَالَ نَعَمْ إِنهُ حَق وَسُنةٌ.

2531 ـ تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ كەينىدە جىنازا نامىزى ئوقۇدۇم ۋە ئۇنىڭ سۈرە پاتىھەنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىدىم. نامازدىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ سەن مۇشۇنداق ئوقۇمسەن؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ھەئە، مۇشۇنداق قىلىش توغرا ۋە سۈننەتتۇر، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1988)

2532 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ أَنهُ قَالَ السنةُ فِي الصلَاةِ عَلى الْجَنَازَةِ أَنْ يَقْرَأَ فِي التكْبِيرَةِ الْأُولى بِأُم الْقُرْآنِ مُخَافَتَةً ثُم يُكَبرَ ثَلَاثًا وَالتسْلِيمُ عِنْدَ الْآخِرَةِ.

2532 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جىنازا نامىزىدا بىرىنچى تەكبىردە سۈرە پاتىھەنى ئىچىدە ئوقۇش سۈننەت، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ تەكبىر ئوقۇلۇپ، ئاخىرقى تەكبىردە سالام بېرىلىدۇ[2].

(نەسائى: 1989)

[1] ئەلبانى (1879): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1880): سەھىھ ـ دېگەن.

2533 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ الْمَقْبُرِي عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ سَأَلَ أَبَا هُرَيْرَةَ كَيْفَ تُصَلي عَلَى الْجَنَازَةِ فَقَالَ أَبو هُرَيْرَةَ أَنَا لَعَمْرُ اللهِ أُخْبِرُكَ أَتبِعُهَا مِنْ أَهْلِهَا فَإِذَا وُضِعَتْ كَبرْتُ وَحَمِدْتُ اللهَ وَصَلَيْتُ عَلَى نَبِيهِ ثُم أَقُولُ اللهُم إِنَهُ عَبْدُكَ وَابْنُ عَبْدِكَ وَابْنُ أَمَتِكَ كَانَ يَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ وَأَن مُحَمدًا عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ وَأَنتَ أَعْلَمُ بِهِ اللهُم إِنْ كَانَ مُحْسِنًا فَزِدْ فِي إِحْسَانِهِ وَإِنْ كَانَ مُسِيئًا فَتَجَاوَزْ عَنْ سَيئَاتِهِ اللهُم لَا تَحْرِمْنَا أَجْرَهُ وَلَا تَفْتِنا بَعْدَهُ.

2533 ـ سەئىد ئىبنى ئەبۇ سەئىد مەقبۇرىي مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: دادام ئەبۇ ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن:

ــ سەن جىنازا نامىزىنى قانداق ئوقۇيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەيكى، مەن جىنازىغا ئۇنىڭ ئۆيىدىن تارتىپ ئەگىشىمەن، جىنازا يەرگە قويۇلغاندا، تەكبىر ئېيتىمەن، اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، اللهنىڭ رەسۇلىغا دۇرۇد ئوقۇيمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن: ئى الله! ئۇ، سېنىڭ قۇلۇڭ، سېنىڭ قۇلۇڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ سېنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سېنىڭ بەندەڭ ۋە رەسۇلىڭ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن. سەن بۇنى ئوبدان بىلىسەن. ئى الله! ئەگەر ئۇ ياخشى ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى زىيادە قىلغىن. ئەگەر يامان ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى كەچۈرىۋەتكىن. ئى الله! ئۇنىڭ ئەجرىدىن بىزنى مەھرۇم قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنى پىتنىگە قويمىغىن! ـ دەپ دۇئا قىلىمەن.

(مالىك: 533)

2534 - عن عَوْفَ بْنَ مَالِكٍ قال: صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عَلَى جَنَازَةٍ فَحَفِظْتُ مِنْ دُعَائِهِ وَهُوَ يَقُولُ اللهُم اغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ وَعَافِهِ وَاعْفُ عَنْهُ وَأَكْرِمْ نُزُلَهُ وَوَسعْ مُدْخَلَهُ وَاغْسِلْهُ بِالْمَاءِ وَالثلْجِ وَالْبَرَدِ وَنَقهِ مِنْ الْخَطَايَا كَمَا نَقيْتَ الثوْبَ الْأَبيَضَ مِنْ الدَنَسِ وَأَبدِلْهُ دَارًا خَيْرًا مِنْ دَارِهِ وَأَهْلًا خَيْرًا مِنْ أَهْلِهِ وَزَوْجًا خَيْرًا مِنْ زَوْجِهِ وَأَدْخِلْهُ

الْجَنةَ وَأَعِذْهُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ أَوْ مِنْ عَذَابِ النارِ قَالَ حَتى تَمَنيْتُ أَنْ أَكُونَ أَنَا ذَلِكَ الْمَيتَ.

2534 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازا نامىزى ئوقۇدى، مەن ئۇنىڭ نامازدا ئوقۇغان دۇئاسىدىن بەزىلىرىنى يادقا ئېلىۋالدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

«ئى اﷲ! ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن. ئۇنى سالامەت قىلغىن. ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن. تۇرىدىغان يېرىنى چىرايلىق، قەبرىسىنى كەڭرى قىلغىن. ئۇنى سۇ، قار ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇغىن. ئاق كىيىمنى كىردىن پاكلىغىنىڭدەك، ئۇنىمۇ گۇناھ ـ خاتالىقلىرىدىن پاكلىغىن. ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىكى قارارگاھىدىنمۇ ياخشى قارارگاھ بەرگىن، بۇ دۇنيادىكى ئەھلىدىنمۇ ياخشى ئەھل بەرگىن، بۇ دۇنيادىكى جۈپتىدىنمۇ ياخشى جۈپت بەرگىن. ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، ئۇنى قەبرە ئازابىدىن ۋە جەھەننەم ئازابىدىن ساقلىغىن». بۇنى ئاڭلاپ: ئەشۇ مېيىتنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالسۇمچۇ دەپ كەتتىم.

(مۇسلىم: 963)

2535 - عَنْ وَاثِلَةَ بْنِ الأَسْقَعِ قَالَ صَلى بِنَا رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- عَلَى رَجُلٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ فَسَمِعْتُهُ يَقُولُ اللهُم إِن فُلاَنَ بْنَ فُلاَنٍ فِي ذِمتِكَ فَقِهِ فِتْنَةَ الْقَبْرِ قَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ مِنْ ذِمتِكَ وَحَبْلِ جِوَارِكَ فَقِهِ مِنْ فِتْنَةِ الْقَبْرِ وَعَذَابِ النارِ وَأَنتَ أَهْلُ الْوَفَاءِ وَالْحَمْدِ اللهُم فَاغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ إِنكَ أَنتَ الْغَفُورُ الرحِيمُ.

2535 ـ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈۋېتىپ:

«ئى اﷲ! شەكسىزكى، پالانىنىڭ ئوغلى پالانى سېنىڭ زىممەڭدىدۇر، ئۇنى قەبرە ئازابىدىن ساقلىغىن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئابدۇراھمان مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ سېنىڭ زىممەڭ ۋە دىنىڭدىدۇر. ئۇنى قەبرىنىڭ ۋە دوزاخنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن. سەن ۋاپا ۋە ھەمد ئەھلىسەن. ئى الله! ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن ۋە رەھىم قىلغىن. شەكسىزكى، سەن مەغفىرەت ۋە رەھىم قىلغۇچىسەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3202)

2536 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِذَا صَلى عَلَى الْجَنَازَةِ قَالَ اللهُم اغْفِرْ لِحَيِنَا وَمَيِتِنَا وَشَاهِدِنَا وَغَائِبِنَا وَصَغِيرِنَا وَكَبِيرِنَا وَ ذَكَرِنَا وَأُنْثَانَا اللهُم مَنْ أَحْيَيْتَهُ مِنا فَأَحْيِهِ عَلَى الْإِسْلَامِ وَمَنْ تَوَفَيْتَهُ مِنا فَتَوَفهُ عَلَى الْإِيمَانِ.

2536 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازا نامىزى ئوقۇسا مۇنداق دەيتتى:

«ئى الله! بىزنىڭ تىرىكلىرىمىزنى، ئۆلۈكلىرىمىزنى، بۇ يەردە بارلىرىمىزنى، بۇ يەردە يوقلىرىمىزنى، چوڭلىرىمىزنى، كىچىكلىرىمىزنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئەرلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن. ئى الله! ئەگەر سەن بىزدىن بىرەرسىمىزنى ھايات قالدۇرساڭ، ئۇنى ئىسلام ئۈستىدە قىلغىن. ئەگەر سەن بىزنىڭ بىرەرسىمىزنى ۋاپات تاپقۇزساڭ، ئۇنى ئىمان ئۈستىدە ۋاپات تاپقۇزغىن!»[2]

(تىرمىزى: 1024)

2537 - عن عَلِيِّ بن شَماخٍ قَالَ شَهِدْتُ مَرْوَانَ سَأَلَ أَبَا هُرَيْرَةَ كَيْفَ سَمِعْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي عَلَى الْجَنَازَةِ قَالَ أَمَعَ الذِي قُلْتَ قَالَ نَعَمْ قَالَ كَلَامٌ كَانَ بَيْنَهُمَا قَبْلَ ذَلِكَ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ اللهُم أَنتَ رَبهَا وَأَنتَ خَلَقْتَهَا وَأَنتَ هَدَيْتَهَا لِلْإِسْلَامِ وَأَنتَ قَبَضْتَ رُوحَهَا وَأَنتَ أَعْلَمُ بِسِرِهَا وَعَلَانِيَتِهَا جِئْنَاكَ شُفَعَاءَ فَاغْفِرْ لَهُ.

2537 ـ ئەلى ئىبنى شەمماخ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەرۋان بىلەن

---

[1] ئەلبانى (2742): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (817): سەھىھ ـ دېگەن.

بىرگە ئىدىم، ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن:

ــ سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىنازا نامىزىدا قانداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە:

ــ سىنىڭ باياتىن ئوقۇغىنىڭ بىلەن بىرگە يەنە باشقا نىمە ئوقۇغان دىمەكچىمۇ؟ ـ دىدى. مەرۋان:

ـ ھەئە، ـ دىدى (بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەرۋان بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئارىسىدا بۇ ھەقتە پاراڭ بولۇپ ئۆتكەن ئىدى). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! سەن ئۇنىڭ رەببىسەن، ئۇنى سەن ياراتتىڭ، ئۇنى ئىسلامغا سەن ھىدايەت قىلدىڭ ھەم ئۇنى قەبزى روھ قىلدىڭ. سەن ئۇنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى بىلىسەن، بىز شاپائەتچى بولۇپ كەلدۇق، ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3200)

2538 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا صَلَّيْتُمْ عَلَى الْمَيتِ فَأَخْلِصُوا لَهُ الدعَاءَ.

2538 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

«مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندە، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىڭلار!»[2]

(ئىبنى ماجە: 1497)

2539 - قَالَ الْحَسَنُ يَقْرَأُ عَلَى الطفْلِ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ وَيَقُولُ اللهُم اجْعَلْهُ لَنَا فَرَطًا وَسَلَفًا وَأَجْرًا.

[1] ئەلبانى (703): سەنەدى زەئىپ، ـ دىگەن.

[2] ئەلبانى (1216): ھەسەن، ـ دىگەن.

2539 ـ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىچىك بالىغا سۈرە پاتىھە ئوقۇلىدۇ ۋە مۇنداق دۇئا قىلىنىدۇ: ئى الله! ئۇنى بىزگە ئالدىمىزدا ۋە بۇرۇن بېرىپ تۇرغۇچىلاردىن قىلغىن، شۇنداقلا ئۇنى بىزنىڭ ئەجرىمىز قاتارىدا قىلغىن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2540 - عَنْ عَطَاءٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ صَلى عَلَى ابْنِهِ إِبْرَاهِيمَ وَهُوَ ابْنُ سَبْعِينَ لَيْلَةً.

2540 ـ ئەتا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىسى ئىبراھىمنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى، ئۇ تېخى يەتمىش كۈنلۈك بوۋاق ئىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3188)

2541 - عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ الطفْلُ لَا يُصَلى عَلَيْهِ وَلَا يَرِثُ وَلَا يُورَثُ حَتى يَسْتَهِل.

2541 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆلۈك تۇغۇلغان بالىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. ئۇ مىراس ئالمايدۇ، مىراسمۇ قالدۇرمايدۇ»[②].

(تىرمىزى: 1032)

2542 - عن ابن عمر رفعه، يصلي على السقط ويدعى لوالديه بالمغفرة والرحمة. راواه رزين.

2542 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بويىدىن ئاجراپ كەتكەن بالىنىڭمۇ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا

[①] ئەلبانى (700): زەئىپ ۋە مۇنكەر ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (824): سەھىھ ـ دېگەن.

مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلىنىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2543 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَاتَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ ابْنُ ثَمَانِيَةَ عَشَرَ شَهْرًا فَلَمْ يُصَل عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2543 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرسەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوغلى ئىبراھىم 18 ئايلىق ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3187)

2544 - عَنْ أَبِي غَالِبٍ قَالَ صَلَيْتُ مَعَ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَلَى جَنَازَةِ رَجُلٍ فَقَامَ حِيَالَ رَأْسِهِ ثُم جَاءُوا بِجَنَازَةِ امْرَأَةٍ مِنْ قُرَيْشٍ فَقَالُوا يَا أَبَا حَمْزَةَ صَل عَلَيْهَا فَقَامَ حِيَالَ وَسَطِ السرِيرِ فَقَالَ لَهُ الْعَلَاءُ بْنُ زِيَادٍ هَكَذَا رَأَيْتَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَامَ عَلَى الْجَنَازَةِ مُقَامَكَ مِنْهَا وَمِنْ الرجُلِ مُقَامَكَ مِنْهُ قَالَ نَعَمْ فَلَما فَرَغَ قَالَ احْفَظُوا.

2544 ـ ئەبۇ غالىب مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر كىشىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇدۇم. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇرەيشلىك بىر ئايالنىڭ جىنازىسى كەلتۈرۈلدى. ئۇلار:

ـ ئى ئەبۇ ھەمزە! ئۇنىڭ نامىزىنىمۇ سەن چۈشۈرگىن! ـ دېدى. ئەبۇ ھەمزە (يەنى ئەنەس) بۇ جىنازىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇدۇل يەردە تۇردى. ئەلا ئىبنى زىياد ئۇنىڭغا:

ـــ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايال كىشىنىڭ جىنازىسىغا بۇنىڭدەك، ئەر كىشىنىڭ جىنازىسىغا بۇرۇنقىدەك تۇرۇپ ئوقۇغىنىنى كۆرگەنمىتىڭ؟ ـ دېدى، ئۇ:

[①] ئەلبانى (2729): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

ــ ھەئە، ـ دېدى. نامازدىن كېيىن، ئۇ:

ــ بۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1034)

2545 - قَالَ أُبو غَالِبٍ فَسَأَلْتُ عَنْ صَنِيعِ أنسٍ فِي قِيَامِهِ عَلَى الْمَرْأَةِ عِنْدَ عَجِيزَتِهَا فَحَدثُونِي أَنَّهُ إِنمَا كَانَ لِأَنَّهُ لَمْ تَكُنْ النعُوشُ فَكَانَ الْإِمَامُ يَقُومُ حِيَالَ عَجِيزَتِهَا يَسْتُرُهَا مِنْ الْقَوْمِ.

2545 ـ ئەبۇ غالىب مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايال مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندە، نېمە ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ بېلىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغانلىقىنى سورىغانىدىم، ماڭا:

ــ چۈنكى ئۇ ئايال تاۋۇتقا سېلىنمىغانىدى. ئىمام (ئەنەس) مېيىتنىڭ جامائەتنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شۇ يەردە تۇرغانىدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3194)

2546 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ وَعَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ وَأَبَا هُرَيْرَةَ كَانُوا يُصَلونَ عَلَى الْجَنَائِزِ بِالْمَدِينَةِ الرجَالِ وَالنسَاءِ فَيَجْعَلُونَ الرجَالَ مِما يَلِي الْإِمَامَ وَالنسَاءَ مِما يَلِي الْقِبْلَةَ.

2546 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار مەدىنىدە ئەر ۋە ئاياللارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەتتى. ئەرلەر ئىمامنىڭ ئالدىغا يېقىنراق، ئاياللار قىبلە تامغا يېقىنراق قويۇلاتتى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

2547 - عن عَمار مَوْلَى الْحَارِثِ بْنِ نَوْفَلٍ أَنهُ شَهِدَ جَنَازَةَ أُم كُلْثُومٍ وَابْنِهَا فَجُعِلَ

---

[1] ئەلبانى (826): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2735): سەھىھ ـ دېگەن.

الْغُلَامُ مِما يَلِي الْإِمَامَ فَأَنْكَرْتُ ذَلِكَ وَفِي الْقَوْمِ ابْنُ عَباسٍ وَأَبو سَعِيدٍ الْخُدْرِي وَأَبو قَتَـادَةَ وَأَبو هُرَيْرَةَ فَقَالُوا هَذِهِ السنةُ.

2547 ـ ھارىس ئىبنى نەۋفەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ئەممار مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇممۇ گۇلسۇم ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتىم. بالىنىڭ جىنازىسى ئىمام تەرەپكە قويۇلغانىدى، مەن نارازىلىق بىلدۈردۈم. جامائەت ئىچىدە ئىبنى ئاببا‌س ئەبۇ سەئىد خۇدرى، ئەبۇ قەتادە ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بار بولۇپ، ئۇلار:
ـ بۇ سۈننەتتۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3193)

2548 - زاد رزين: أن يقدم الذكر إلى الإمام في الصلاة ويقـدم إلى القبلـة في الدفن.

2548 ـ رەزىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: ئەر كىشىنىڭ مېيىتى نامازدا ئىمامنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. دەپنە قىلىنغاندا، ئەر كىشى قىبلە تەرەپكە قويۇلىدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2549 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ أَبِي حَرْمَلَةَ مَوْلَى عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ بْنِ حُوَيْطِبٍ أن زَيْنَبَ بِنْتَ أَبِي سَلَمَةَ تُوُفيَتْ وَطَارِقٌ أَمِيرُ الْمَدِينَةِ فَأُتِيَ بِجَنَازَتِهَا بَعْدَ صَـلَاةِ الصـبْحِ فَوُضِعَتْ بِالْبَقِيعِ قَالَ وَكَانَ طَارِقٌ يُغَلسُ بِالصبْحِ قَالَ ابْنُ أَبِي حَرْمَلَةَ فَسَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ يَقُولُ لِأَهْلِهَا إِما أَنْ تُصَلوا عَلَى جَنَازَتِكُمْ الْآنَ وَإِما أَنْ تَتْرُكُوهَا حَتى تَرْتَفِعَ الشمْسُ.

2549 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھۇۋەيتىبنىڭ ئازادگەردىسى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ ھەرمەلە مۇنداق دەيدۇ: زەينەب بىنتى ئەبۇ سەلەمە ۋاپات بولغان چاغدا، تارىق مەدىنىنىڭ ئەمىرى ئىدى. بامدات نامىزىدىن كېيىن ئۇنىڭ جىنازىسى كەلتۈرۈلۈپ، بەقىئ مازارلىقىغا قويۇلدى. تارىق بامدات نامىزىنى تاڭ خېلى قاراڭغۇ چاغدىلا

[1] ئەلبانى (2734): سەھىھ ـ دېگەن.

ئوقـۇيتتى. ئابـدۇللاھ ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مېيىتنىـڭ تۇغقانلىرىغا:

ــ ئۇنىـڭ نـامىزىنى يـا ھـازىر چۈشـۈرۈڭلار يـاكى كـۈن نەيـزە بـويى ئۆرلىگەندە ئاندىن چۈشۈرۈڭلار! ـ دېدى.

(مالىك: 536)

2550 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بنَ عُمَرَ قَالَ يُصَلى عَلَى الْجَنَازَةِ بَعْدَ الْعَصْرِ وَبَعْـدَ الصبْحِ إِذَا صُلِّيَتَا لِوَقْتِهِمَا وكَانَ يَقُولُ لَا يُصَلي الرجُلُ عَلَى الْجَنَازَةِ إلا وَهُوَ طَاهِرٌ.

2550 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىـدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا: جىنـازا نامـازلىرىنى بامـدات يـاكى ئەسـر نامازلىرىـدىن كېيىنمـۇ چۈشۈرۈشـكە بولـىدۇ. ئەممـا جىنـازا نامىزىنى تاھارەتسىز ئوقۇشقا بولمايدۇ، ـ دەيتتى.

(مالىك: 537)

2551 - عن عَائِشَةَ لَما تُوُفيَ سَعْدُ بْنُ أَبِي وَقا ٍ قَالَتْ ادْخُلُوا بِهِ الْمَسْجِدَ حَتى أُصَليَ عَلَيْهِ فَأُنْكِرَ ذَلِكَ عَلَيْهَا فَقَالَتْ وَاللهِ لَقَدْ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى ابْنَيْ بَيْضَاءَ فِي الْمَسْجِدِ سُهَيْلٍ وَأَخِيهِ.

2551 ـ ئائىشە رەزىيەللاھـۇ ئەنھادىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپـات بولغـان چاغـدا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ ئـۇنى مەسـجىدنىڭ ئىچىـگە ئېلىـپ كىـرىڭلار! مەنمـۇ ئۇنىـڭ نامىزىنى ئوقۇيمەن، ـ دېدى. ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈلگەنىدى، ئائىشە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا: الله تائالانىـڭ نـامى بىـلەن قەسـەم قىلىمەنكـى، پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم بەيزانىـڭ ئىككـى ئـوغلى سۇھەيل ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ نـامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇغانىـدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 973)

2552 - وفي رواية: مَا أَسْرَعَ مَا نَسِيَ الناسُ.

2552 - يەنە بىر رىۋايەتتە نەقىل قىلىنىشىچە، ئۇ: خەلق نېمىدېگەن تېز ئۇنتۇپ كەتكەن - ھە! - دېگەن.

2553 - عَنْ عَائِشَةَ قالت: مَا أَسْرَعَ الناسَ إِلَى أَنْ يَعِيبُوا مَا لَا عِلْمَ لَهُمْ بِهِ.

2553 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: خەلق ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشنى ئەيىبلەشكە نېمانداق ئالدىراپ كېتىدىغاندۇ - ھە؟! - دېگەن.

(مۇسلىم: 973)

2554 - عَنْ نَافِعٍ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ قَالَ صُلِّيَ عَلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ فِي الْمَسْجِدِ.

2554 - نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ جىنازا نامىزى مەسجىدتە ئوقۇلغان.

(مالىك: 539)

2555 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صَلى عَلَى جَنَازَةٍ فِي الْمَسْجِدِ فَلَا شَيْءَ عَلَيْهِ.

2555 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسجىد ئىچىدە جىنازا نامىزى ئوقۇلسا، ھېچنېمە بولمايدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3191)

2556 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن امْرَأَةً سَوْدَاءَ كَانَتْ تَقُم الْمَسْجِدَ أَوْ شَابا فَفَقَدَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَأَلَ عَنْهَا أَوْ عَنْهُ فَقَالُوا مَاتَ قَالَ أَفَلَا كُنْتُمْ آذَنْتُمُونِي قَالَ فَكَأَنهُمْ صَغرُوا أَمْرَهَا أَوْ أَمْرَهُ فَقَالَ دُلونِي عَلَى قَبْرِهِ فَدَلوهُ فَصَلى عَلَيْهَا ثُم قَالَ إِن هَذِهِ الْقُبورَ مَمْلُوءَةٌ ظُلْمَةً عَلَى أَهْلِهَا وَإِن اللهَ عَز وَجَل يُنَورُهَا لَهُمْ بِصَلَاتِي عَلَيْهِمْ.

---

[1] ئەلبانى (2732): ھەسەن. - دېگەن.

2556 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر قارا ئايال ياكى بىر ياش بالا مەسجىدنى تازىلايتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تاپالماي، باشقىلاردىن سورىغانىدى، ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئېيتىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ماڭا خەۋەر قىلىپ قويساڭلار بولماسمىدى؟ ـ دېدى. ئۇلار ئۇ (ئايال ياكى ئەر)نىڭ جىنازىسىغا سەل قارىغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مېنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بېرىڭلار! ـ دېدى، ئۇلار باشلاپ باردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن:

ــ شەكسىزكى، بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىگىلىرى قاپ ـ قاراڭغۇلۇقتا قاپتۇ، الله تائالا مېنىڭ نامىزىم بىلەن ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى نۇرلاندۇرۇپ بېرىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 956)

2557 - عَنْ خَارِجَةَ بْنِ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ عَنْ عَمِهِ يَزِيدَ بْنِ ثَابِتٍ أَنَهُمْ خَرَجُوا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ يَوْمٍ فَرَأَى قَبْرًا جَدِيدًا فَقَالَ مَا هَذَا قَالُوا هَذِهِ فُلَانَةُ مَوْلَاةُ بَنِي فُلَانٍ فَعَرَفَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَاتَتْ ظُهْرًا وَأَنتَ نَائِمٌ قَائِلٌ فَلَمْ نُحِب أَنْ نُوقِظَكَ بِهَـا فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَصَف الناسَ خَلْفَهُ وَكَبرَ عَلَيْهَا أَرْبَعًا ثُم قَالَ لَا يَمُـوتُ فِيكُمْ مَيتٌ مَا دُمْتُ بَيْنَ أَظْهُرِكُمْ إِلا آذَنْتُمُونِي بِهِ فَإِن صَلَاتِي لَهُ رَحْمَةٌ.

2557 ـ خارىجە ئىبنى زەيد ئىبنى سابىت تاغىسى يەزىد ئىبنى سابىتتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سىرتقا چىققانىدۇق. پەيغەمبەرسەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى قەبرىدىن بىرنى كۆرۈپ:

ـ بۇ كىمنىڭ قەبرىسى؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ بۇ پالانىنىڭ ئازادگەردىسى پالانى ئايالنىڭ، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئېسىگە ئالدى. ئارىدىن بىرەيلەن:

ــ ئۇ، چۈش ۋاقتىدا ۋاپات بولغانىدى، سەن ئۇخلاپ قالغاچقا، ئويغىتىشنى خالىمىدۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بىزنى ئارقىسىغا تىزىپ، تۆت تەكبىر ئېيتىپ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن:

— بىرەرسى ۋاپات بولغاندا مەن ئاراڭلاردىلا بولىدىكەنمەن، مېنى چوقۇم خەۋەرلەندۈرۈڭلار. چۈنكى مېنىڭ نامىزىم مېيىت ئۈچۈن رەھمەتتۇر، - دېدى[①].

(نەسائى: 2022)

2558 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَن أُم سَعْدٍ مَاتَتْ وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَائِبٌ فَلَما قَدِمَ صَلى عَلَيْهَا وَقَدْ مَضَى لِذَلِكَ شَهْرٌ.

2558 - سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇممۇ سەئىد ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوق ئىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (سەپەردىن) قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى[②].

(تىرمىزى: 1038)

2559 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ يَوْمًا فَصَلى عَلَى أَهْلِ أُحُدٍ صَلَاتَهُ عَلَى الْمَيتِ ثُم انْصَرَفَ إِلَى الْمِنْبَرِ فَقَالَ إِني فَرَطٌ لَكُمْ وَأَنَا شَهِيدٌ عَلَيْكُمْ وَإِني وَاللهِ لَأَنْظُرُ إِلَى حَوْضِي الْآنَ وَإِني أُعْطِيتُ مَفَاتِيحَ خَزَائِنِ الْأَرْضِ أَوْ مَفَاتِيحَ الْأَرْضِ وَإِني وَاللهِ مَا أَخَافُ عَلَيْكُمْ أَنْ تُشْرِكُوا بَعْدِي وَلَكِنْ أَخَافُ عَلَيْكُمْ أَنْ تَنَافَسُوا فِيهَا.

2559 - ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى سىرتقا چىقىپ، ئۇھۇد ئەھلىگە مېيىت نامىزى ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنبەرگە چىقىپ:

«مەن سىلەردىن بۇرۇن كېتىمەن ۋە سىلەرگە گۇۋاھچى بولىمەن. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن شۇ تاپتا كۆلۈمنى

---

[①] ئەلبانى (1911): سەھىھ - دېگەن.

[②] ئەلبانى (174): زەئىپ - دېگەن.

كۆردۈم. ماڭا دۇنيا خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن شېرىك كەلتۈرۈشىڭلاردىن قورقمايمەن، بەلكى دۇنيا ئۈچۈن بەسلىشىپ قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى.

(بۇخارى: 1344)

2560 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى قَتْلَى أُحُدٍ بَعْدَ ثَمَانِي سِنِينَ.

2560 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە سەككىز يىلدىن كېيىن مېيىت نامىزى ئوقۇغان.

(بۇخارى: 4042)

2561 - عَنْ أَبِي بَرْزَةَ الْأَسْلَمِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يُصَل عَلَى مَاعِزِ بْنِ مَالِكٍ وَلَمْ يَنْهَ عَنْ الصلَاةِ عَلَيْه.

2561 ـ ئەبۇ بۇرزە ئەسلەمي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مائىز ئىبنى مالىكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگەن، لېكىن باشقىلارنى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن توسمىغان[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3186)

2562 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُؤْتَى بِالرجُلِ الْمُتَوَفى عَلَيْهِ الديْنُ فَيَقُولُ هَلْ تَرَكَ لِدَيْنِهِ مِنْ قَضَاءٍ فَإِنْ حُدثَ أَنهُ تَرَكَ وَفَاءً صَلى عَلَيْهِ وَإِلا قَالَ لِلْمُسْلِمِينَ صَلوا عَلَى صَاحِبِكُمْ فَلَما فَتَحَ اللهُ عَلَيْهِ الْفُتُوحَ قَامَ فَقَالَ أَنَا أَوْلَى بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنْفُسِهِمْ فَمَنْ تُوُفيَ مِنْ الْمُسْلِمِينَ فَتَرَكَ دَيْنًا عَلَي قَضَاؤُهُ وَمَنْ تَرَكَ مَالًا فَهُوَ لِوَرَثَتِهِ.

2562 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

[①] ئەلبانى (2728): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قەرزدار پېتى ۋاپات بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ مېيىتى كەلتۈرۈلگەندە:

ـ ئۇ، قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن بىرەر نەرسە قويۇپ كەتتىمۇ؟ ـ دەپ سورايتتى. ئەگەر بىرەر نەرسە قويۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەتتى. ئەكسىچە بولغاندا، مۇسۇلمانلارغا:

ـ قېرىندىشىڭلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈڭلار! ـ دەيتتى. باشقا يەرلەر فەتىھ قىلىنىپ، مال ـ دۇنيا كۆپلەپ ئاتا قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ مەن مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ نەپسىلىرىدىنمۇ يېقىنمەن. مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسى قەرزدار پېتى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قەرزىنى مەن تۆلەيمەن. مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ كەتكەنلەرنىڭ مال ـ دۇنياسى مىراسخورلىرىغا تەۋەدۇر، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1070)

2563 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ أُتِيَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِرَجُلٍ قَتَلَ نَفْسَهُ بِمَشَاقِصَ فَلَمْ يُصَلِّ عَلَيْهِ.

2563 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئۆزىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرىۋالغان بىرىنىڭ مېيىتى كەلتۈرۈلگەندى، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىدى.

(مۇسلىم: 978)

2564 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، قَالَ: تُوُفِّيَ رَجُلٌ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فَلَمْ يُوجَدْ لَهُ كَفَنٌ، فَأَتَوُا النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فَقَالَ: "انْظُرُوا إِلَى دَاخِلَةِ إِزَارِهِ" فَأُصِيبَ دِينَارٌ أَوْ دِينَارَانِ، فَقَالَ: "كَيَّتَانِ صَلُّوا عَلَى صَاحِبِكُمْ".

2564 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر

[1] ئەلبانى (855): سەھىھ ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدا بىر كىشى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭغا كېپەن تېپىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنىڭ تامبىلىنىڭ يانچۇقىغا قاراپ بېقىڭلار! — دېدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر (ياكى ئىككى) دىنار تېپىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ پاھ! قېرىنداشىڭلارنىڭ نامىزىنى سىلەر چۈشۈرۈڭلار! ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 7506)

**2565 - عَنْ عَائِشَةَ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ مَيتٍ تُصَلي عَلَيْهِ أمةٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ يَبْلُغُونَ مِائَةً كُلُهُمْ يَشْفَعُونَ لَهُ إلا شُفعُوا فِيهِ.**

2565 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق مېيىتنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلاردىن يۈز كىشى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەممىسى شاپائەت تىلىسە، ئۇلارنىڭ تىلىكى قوبۇل قىلىنىدۇ».

(مۇسلىم: 947)

**2566 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ سَمِعْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَمُوتُ فَيَقُومُ عَلَى جَنَازَتِهِ أرْبَعُونَ رَجُلًا لَا يُشْرِكُونَ بِاللهِ شَيْئًا إلا شُفعُوا فِيهِ.**

2566 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

«قانداقلىكى مۇسۇلماننىڭ نامىزىنى اللهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان قىرىق كىشى چۈشۈرسە، ئۇلارنىڭ مېيىتقا قىلغان شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3170)

[1] ھەيسەمى (4217): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى(2714): سەھىھ ـ دېگەن.

2567 - عَنْ مَرْثَدِ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْيَزَنِي قَالَ كَانَ مَالِكُ بْنُ هُبَيْرَةَ إِذَا صَلى عَلَى جَنَازَةٍ فَتقَال الناسَ عَلَيْهَا جَزأَهُمْ ثَلَاثَةَ أَجْزَاءٍ ثُم قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صَلى عَلَيْهِ ثَلَاثَةُ صُفُوفٍ فَقَدْ أَوْجَبَ.

2567 ـ مەرسەد ئىبنى ئابدۇللاھ يەزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مالىك ئىبنى ھۇبەيرە جىنازا نامىزى ئوقۇغاندا، جامائەت ئاز بولسا، ئۈچ سەپكە بۆلەتتى ۋە:

ـ پەيغەمبەرسەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمنىڭ نامىزىنى ئۈچ سەپ جامائەت چۈشۈرسە، ئۇنىڭغا (جەننەت) ۋاجىپ بولىدۇ» دېگەن، ـ دەيتتى[1].

(تىرمىزى: 1028)

2568 - عن عَبْد اللهِ بْنُ أَبِي قَتَادَةَ عَنْ أَبِيهِ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا دُعِيَ لِجَنَازَةٍ سَأَلَ عَنْهَا فَإِنْ أُثْنِيَ عَلَيْهَا خَيْرٌ قَامَ فَصَلى عَلَيْهَا وَإِنْ أُثْنِيَ عَلَيْهَا غَيْرُ ذَلِكَ قَالَ لِأَهْلِهَا شَأْنُكُمْ بِهَا وَلَمْ يُصَل عَلَيْهَا.

2568 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازا نامىزىغا چاقىرىلسا، ئۇنى باشقىلاردىن سورايتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى گېپى بولۇنسا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە:

«سىلەر قانداق خالىساڭلار، شۇنداق بىر تەرەپ قىلىڭلار!» دەيتتى ۋە ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيتتى[2].

(ئەھمەد: 22049)

2569 - عن أبى بن كعب عن النبى صلى الله عليه وسلم ان الملائكة غسلت آدم

[1] ئەلبانى (173): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3959): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

وكبرت عليه أربعا وقالوا هذه سنتكم يا بنى آدم.

2569 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەرىشتىلەر ئادەمنى يۇيۇپ، تۆت تەكبىر بىلەن نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن: ئى ئادەم باللىرى! مانا بۇ، جىنازا نامىزى چۈشۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى، ـ دېدى»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2570 - وفي رواية لما توفي آدم غسلته الملائكة بالماء وترا وكدت له.

2570 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، پەرىشتىلەر ئۇنى سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇيۇپ، ئاندىن يەرلىكىدە قويغان» دېيىلگەن[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

2571 - عن أنس بن مالك رضى الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى أن يصلى على الجنائز بين القبور.

2571 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەبرىستانلىقتا جىنازا نامىزى ئوقۇشقا بولمايدۇ» دېگەن[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (4183): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئوسمان ئىبنى سەئد ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ نەئىم ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4231): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. لېكىن بەزى راۋىيلىرى ھەققىدە باشقىچە قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4187): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

## جىنازىغا ئەگىشىش، كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى دەپنە قىلىش

2572 - عن أَبِي الْمُهَزِمِ قَالَ صَحِبْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ عَشْرَ سِنِينَ سَمِعْتُهُ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ تَبِعَ جَنَازَةً وَحَمَلَهَا ثَلَاثَ مَراتٍ فَقَدْ قَضَى مَـا عَلَيْهِ مِنْ حَقهَا.

2572 ـ ئەبۇ مۇھەززىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئون يىل بىرگە بولدۇم. ئۇنىڭ بىر قېتىم مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى جىنازىغا ئەگىشىپ، ئۇنى ئۈچ قېتىم كۆتۈرسە، ئۇنىڭغا بولغان ھەققىنى ئادا قىلىدۇ» دېگەنىدى[1].

(تىرمىزى: 1041)

2573 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُتْبَعُ الْجَنَازَةُ بِصَوْتٍ وَلَا نَارٍ زَادَ هَارُونُ وَلَا يُمْشَى بَيْنَ يَدَيْهَا.

2573 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇن سېلىپ ياكى ئوت يېقىپ (ئەگىشىپ) مېڭىشقا بولمايدۇ».

ھارۇن: «مېيىتنىڭ ئالدىدا مېڭىشقىمۇ بولمايدۇ» دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3171)

[1] ئەلبانى (175): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (696): زەئىپ، ـ دېگەن.

2574 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ يَمْشُونَ أَمَامَ الْجَنَازَةِ.

2574 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭغانلىقىنى كۆردۈم[1].

(تىرمىزى: 1008)

2575: لرزين: قال : «أنتم مُشَفعونَ، فامشوا بين يديها وخلفها، وعـن يمينـها ويسارها، وقريبا منها».

2575 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «سىلەر شاپائەت قىلغۇچىلارسىلەر. شۇڭا ئۇنىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىدا، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە يېقىن مېڭىڭلار!» دېيىلگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2576 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ سَأَلْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَـنْ الْمَشْيِ خَلْفَ الْجَنَازَةِ قَالَ مَا دُونَ الْخَبَبِ فَإِنْ كَانَ خَيْرًا عَجلْتُمُوهُ وَإِنْ كَانَ شَرا فَلَا يُبعدُ إِلا أَهْلُ النارِ الْجَنَازَةُ مَتْبُوعَةٌ وَلَا تَتْبَعُ وَلَيْسَ مِنْهَا مَنْ تَقَدمَهَا.

2576 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش توغرۇلۇق سورىغانىدۇق، ئۇ:

«كىچىك ۋە ئىلدام قەدەملەر بىلەن مېڭىڭلار. ئەگەر ئۇ ياخشى بەندە بولسا، ماقامىغا تېخىمۇ بالدۇرراق يەتكۈزۈپ قويغان بولىسىلەر. ئەگەر يامان بەندە بولسا، دوزاخ ئەھلى باشتىن تارتىپلا ئۆز ـ ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بولىدۇ. جىنازىنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا بولمايدۇ. كىمكى جىنازىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ (جىنازىغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن بېرىلىدىغان) ئەجىردىن مەھرۇم

[1] ئەلبانى (805): سەھىھ ـ دېگەن.

قالىدۇ» دېدى[1].

(تىرمىزى: 1011)

2577 - قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ مَنْ اتبَعَ جِنَازَةً فَلْيَحْمِلْ بِجَوَانِبِ السرِيرِ كُلهَا فَإِنهُ مِنْ السنةِ ثُم إِنْ شَاءَ فَلْيَتَطَوعْ وَإِنْ شَاءَ فَلْيَدَعْ.

2577 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىمكى جىنازىغا ئەگەشسە، تاۋۇتنىڭ ئەتراپىدىن تۇتۇپ كۆتۈرسۇن. چۈنكى ئۇ سۈننەتتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن خالىسا كۆتۈرسۇن، خالىمىسا كۆتۈرمىسۇن[2].

(ئىبنى ماجە: 1478)

2578 - عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الراكِبُ خَلْفَ الْجَنَازَةِ وَالْمَاشِي حَيْثُ شَاءَ مِنْهَا وَالطفْلُ يُصَلى عَلَيْهِ.

2578 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇلاغ بىلەن ماڭغانلار جىنازىنىڭ كەينىدە، پىيادىلەر قەيەردە مېڭىشنى خالىسا، شۇ يەردە ماڭىدۇ. نارەسىدە بالىنىڭمۇ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ[3].

(تىرمىزى: 1031)

2579 - عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ رَفَعَهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الراكِبُ يَسِيرُ خَلْفَ الْجَنَازَةِ وَالْمَاشِي يَمْشِي خَلْفَهَا وَأَمَامَهَا وَعَنْ يَمِينِهَا وَعَنْ يَسَارِهَا قَرِيبًا مِنْهَا وَالسقْطُ يُصَلى عَلَيْهِ وَيُدْعَى لِوَالِدَيْهِ بِالْمَغْفِرَةِ وَالرحْمَةِ.

2579 ـ مۇغىرە ئىبنى شۆئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (169): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (321): زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (823): سەھىھ ـ دېگەن.

«ئۇلاغ بىلەن ماڭغانلار جىنازىنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. پىيادىلەر ئالدى، ئارقا، ئوڭ، سول تەرىپىدىن يېقىن ماڭىدۇ. چۈشۈپ كەتكەن بالىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مەغفىرەت ۋە رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلىنىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3180)

2580 - عَنْ ثَوْبَانَ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي جَنَازَةٍ فَرَأَى نَاسًا رُكْبَانًا فَقَالَ أَلَا تَسْتَحْيُونَ إِن مَلَائِكَةَ اللهِ عَلَى أَقْدَامِهِمْ وَأَنْتُمْ عَلَى ظُهُورِ الدوَاب.

2580 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە جىنازا نامىزىغا چىقتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغقا مىنىپ ماڭغانلارنى كۆرۈپ:

«سىلەر ھايا قىلماسىلەر، اللهنىڭ پەرىشتىلىرى پىيادە كېتىۋاتسا، سىلەر ئۇلاغلىرىڭلارغا مىنىۋاپسىلەر» دېدى[2].

(تىرمىزى: 1012)

2581 - عَنْ ثَوْبَانَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِدَابةٍ وَهُوَ مَعَ الْجَنَازَةِ فَأَبَى أَنْ يَرْكَبَهَا فَلَما انْصَرَفَ أُتِيَ بِدَابةٍ فَرَكِبَ فَقِيلَ لَهُ فَقَالَ إِن الْمَلَائِكَةَ كَانَتْ تَمْشِي فَلَمْ أَكُنْ لِأَرْكَبَ وَهُمْ يَمْشُونَ فَلَما ذَهَبُوا رَكِبْتُ.

2581 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئۇلاغ ھازىرلاندى، لېكىن ئۇنىڭغا مىنگىلى ئۇنىمىدى. قايتىشىدا يەنە ئۇلاغ كەلتۈرۈلگەنىدى، ئۇنىڭغا مىندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلغانلىقى سورالغانىدى، ئۇ:

---

[1] ئەلبانى (2723): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (170): زەئىپ ـ دېگەن.

«پەرىشتىلەر پىيادە مېڭىۋاتاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مىنمىدىم، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مىندىم» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3177)

2582 - و عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى ابْنِ الدحْدَاحِ ثُم أُتِيَ بِفَرَسٍ عُرْيٍ فَعَقَلَهُ رَجُلٌ فَرَكِبَهُ فَجَعَلَ يَتَوَقَّصُ بِهِ وَنَحْنُ نَتبِعُهُ نَسْعَى خَلْفَهُ قَالَ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَمْ مِنْ عِذْقٍ مُعَلقٍ أَوْ مُدَلى فِي الْجَنةِ لِابْنِ الدحْدَاحِ أَوْ قَالَ شُعْبَةُ لِأَبِي الدحْدَاحِ.

2582 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى دەھداھنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. نامازدىن كېيىن، ياۋىداق بىر ئات كەلتۈرۈلدى. بىر كىشى ئاتنى تۇتۇپ تۇردى، پەيغەمبەرسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئاتقا مىنگەن ئىدى، ئات قىيغىتىپ، تېز يۈرۈپ كەتتى، بىز ئارقىسىدىن يۈگۈردۇق. جامائەتتىن بىرەيلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جەننەتتە ئىبنى دەھدەھ ئۈچۈن تەييارلانغان سانجاق ـ سانجاق خورمىلار نېمىدېگەن كۆپ؟!» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ.

(مۇسلىم: 965)

2583 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ أُتِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِفَرَسٍ مُعْرَوْرًى فَرَكِبَهُ حِينَ انْصَرَفَ مِنْ جَنَازَةِ ابْنِ الدحْدَاحِ وَنَحْنُ نَمْشِي حَوْلَهُ.

2583 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى دەھداھنىڭ نامىزىدىن قايتىشتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياۋىداق بىر ئات كەلتۈرۈلگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مىندى. بىز ئۇنىڭ چۆرىسىدە ماڭدۇق.

(مۇسلىم: 965)

2584 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَسْرِعُوا بِالْجَنَازَةِ فَإِنْ

[1] ئەلبانى (2720): سەھىھ ـ دېگەن.

تَكُ صَالِحَةً فَخَيْرٌ لَعَلَّهُ قَالَ تُقَدِّمُونَهَا عَلَيْهِ وَإِنْ تَكُنْ غَيْرَ ذَلِكَ فَشَرٌ تَضَعُونَهُ عَنْ رِقَابِكُمْ.

2584 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جىنازىنى ئىتتىك ئېلىپ مېڭىڭلار. ئەگەر ئۇ سالىھ، ياخشى بەندە بولسا، ئۇنى ئۆز ماقامىغا تېزرەك ئاپارغان بولىسىلەر. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئۇنداق يامان بەندىنى كۆتۈرۈشتىن تېزراق قۇتۇلۇپ قالىسىلەر».

(مۇسلىم: 944)

2585 - عَنْ سَعِيدٍ الْمَقْبُرِي عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ سَمِعَ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا وُضِعَتْ الْجَنَازَةُ وَاحْتَمَلَهَا الرجَالُ عَلَى أَعْنَاقِهِمْ فَإِنْ كَانَتْ صَالِحَةً قَالَتْ قَدمُونِي وَإِنْ كَانَتْ غَيْرَ صَالِحَةٍ قَالَتْ يَا وَيْلَهَا أَينَ يَذْهَبُونَ بِهَا يَسْمَعُ صَوْتَهَا كُل شَيْءٍ إِلا الْإِنْسَانَ وَلَوْ سَمِعَهُ صَعِقَ.

2585 ـ سەئىد مۇقبۇرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ دادىسى ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«سالىھ بەندە يۇيۇپ كېپەنلەنگەندىن كېيىن، جامائەت ئۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ ماڭغان چاغدا: تېزراق بولۇڭلار! ـ دەيدۇ. ئەگەر ئۇ بەندە سالىھ بولمىسا: ۋاي ئىست! مېنى قەيەرگە ئاپىرىسىلەر؟ ـ دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنساندىن باشقا ھەممە جانلىق ئاڭلايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئاڭلاپ قالسا، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلاتتى».

(بۇخارى: 1314)

2587 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُومُ فِي الْجَنَازَةِ حَتى تُوضَعَ فِي اللحْدِ فَمَر بِهِ حَبْرٌ مِنْ الْيَهُودِ فَقَالَ هَكَذَا نَفْعَلُ فَجَلَسَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ اجْلِسُوا خَالِفُوهُمْ.

2587 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازا نامىزىغا بارسا،

مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغىچە ئۆرە تۇراتتى. يەھۇدىي ئالىملىرىدىن بىرى كۆرۈپ:

ـ بىزمۇ مۇشۇنداق قىلىمىز، ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال ئولتۇردى ۋە:

ـــ ئولتۇرۇڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشىمايدىغان ئىش قىلىڭلار! ـــ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3176)

2588 - عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي جَنَازَةٍ فَلَما انْتَهَيْنَا إِلَى الْقَبْرِ وَلَمْ يُلْحَدْ فَجَلَسَ وَجَلَسْنَا حَوْلَهُ كَأَن عَلَى رُءُوسِنَا الطيْرَ.

2588 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە جىنازا نامىزىغا چىققاندۇق، قەبرىستانغا بېرىپ، دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى ئولتۇردى، بىزمۇ خۇددى بېشىمىزغا قۇش قونۇۋالغاندەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا جىمجىت ئولتۇردۇق[2].

(نەسائى: 2001)

2589 - عَنْ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا رَأَيْتُمْ الْجَنَازَةَ فَقُومُوا حَتى تُخَلفَكُمْ.

2589 ـ ئامىر ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر جىنازا كۆرسەڭلەر، ئۇ جىنازا كېتىپ بولغىچە ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!»

(بۇخارى: 1307)

2590 - وزاد في رواية: أَوْ تُوضَعَ.

[1] ئەلبانى (2719): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1891): سەھىھ ـ دېگەن.

2590 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ياكى يەرگە قويۇلغىچە (ئۆرە تۇرۇڭلار)» دېيىلگەن.

(بۇخارى: 1307)

2591 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ مَرتْ بِنَا جَنَازَةٌ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقُمْنَا مَعَهُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنمَا هِيَ جَنَازَةُ يَهُودِيٍّ فَقَالَ إِن لِلْمَوْتِ فَزَعًا فَـإِذَا رَأَيْتُمْ الْجَنَازَةَ فَقُومُوا.

2591 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىزنىڭ يېنىمىزدىن بىر جىنازا ئۆتتۈۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇردى، بىزمۇ تەڭلا تۇردۇق. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ بىر يەھۇدىي ئايالنىڭ جىنازىسى، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئىشتۇر. جىنازا كۆرسەڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1922)

2592 - عَنْ أَنسٍ أَن جَنَازَةً مَرتْ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ فَقِيلَ إِنهَا جَنَازَةُ يَهُودِي فَقَالَ إِنمَا قُمْنَا لِلْمَلَائِكَةِ.

2592 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن جىنازا ئۆتكەندە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يەھۇدىينىڭ جىنازىسى ئىكەنلىكى يەتكۈزۈلگەندە:

«بىز پەرىشتىلەر ئۈچۈن (ئورنىمىزدىن) تۇردۇق» دېدى[2].

(نەسائى: 1929)

---

[1] ئەلبانى (1814): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1821): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

2593 - عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمدٍ عَنْ أَبِيهِ أن الْحَسَنَ بْنَ عَلِي كَانَ جَالِسًا فَمُر عَلَيْهِ بِجَنَازَةٍ فَقَامَ الناسُ حَتى جَاوَزَتْ الْجَنَازَةُ فَقَالَ الْحَسَنُ إنمَا مُر بِجَنَازَةِ يَهُودِي وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى طَرِيقِهَا جَالِسًا فَكَرِهَ أنْ تَعْلُوَ رَأْسَهُ جَنَازَةُ يَهُودِي فَقَامَ.

2593 ـ جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدىن جىنازا ئۆتتى. جامائەت تاكى جىنازا ئۆتۈپ كەتكىچە ئۆرە تۇردى. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان يولدىن بىر يەھۇدىينىڭ جىنازىسى ئۆتكەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىينىڭ جىنازىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىدىن يۇقىرى تۇرۇشىنى خالىمىغانلىقتىن ئورنىدىن تۇردى[1].

(نەسائى: 1927)

2594 - عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنهُ قَالَ قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَعَدَ.

2594 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ، كېيىن ئولتۇردى.

(مۇسلىم: 962)

2595 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عَامِرٍ قَالَ شُكِيَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجِرَاحَاتُ يَوْمَ أُحُدٍ فَقَالَ احْفِرُوا وَأَوْسِعُوا وَأَحْسِنُوا وَادْفِنُوا الِاثْنَيْنِ وَالثلَاثَةَ فِي قَبْرٍ وَاحِدٍ وَقَدمُوا أَكْثَرَهُمْ قُرْآنًا فَمَاتَ أَبِي فَقُدمَ بَيْنَ يَدَيْ رَجُلَيْنِ.

2595 ـ ھىشام ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇھۇد كۈنى يارىلانغانلار (شېھىد بولغانلارغا قەبرە كولاپ

[1] ئەلبانى (1819): سەھىھ ـ دېگەن.

بولالماي) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قەبرىلەرنى كەڭرى، ياخشى كولاڭلار. بىر قەبرىگە ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنى قويۇپ دەپنە قىلىڭلار. كىم قۇرئاننى كۆپ بىلسە، شۇنى بۇرۇن قويۇڭلار! ـ دېدى. مېنىڭ داداممۇ شېھىد بولغان بولۇپ، قەبرىگە ئۆزى بىلەن بىللە قويۇلغان ئىككى كىشىدىن بۇرۇن قويۇلغانىدى[1].

(تىرمىزى: 1713)

2596 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَجْمَعُ بَيْنَ رَجُلَيْنِ مِنْ قَتْلَى أُحُدٍ ثُم يَقُولُ أَيهُمْ أَكْثَرُ أَخْذًا لِلْقُرْآنِ فَإِذَا أُشِيرَ لَهُ إِلَى أَحَدِهِمَا قَدمَهُ فِي اللحْدِ فَقَالَ أَنَا شَهِيدٌ عَلَى هَؤُلَاءِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَأَمَرَ بِدَفْنِهِمْ بِدِمَائِهِمْ وَلَمْ يُغَسلْهُمْ.

2596 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغانلارنى ئىككى ـ ئىككىدىن قىلىپ ياتقۇزغاندىن كېيىن:

ــ بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپ بىلىدۇ؟ ـ دەپ سورايتتى ۋە قايسىسىغا ئىشارەت قىلىنسا، شۇنى قەبرىگە بۇرۇن ئەكىرىپ:

ــ قىيامەت كۈنى مەن بۇلارغا گۇۋاھچى بولىمەن، ـ دەيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى شېھىد بولغان پېتى (يەنى قانلىرىنى يۇمايلا) دەپنە قىلىشقا بۇيرىغانىدى.

(بۇخارى: 1353)

2597 - عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَما حَضَرَ أُحُدٌ دَعَانِي أَبِي مِنْ اللَّيْلِ فَقَالَ مَا أُرَانِي إِلا مَقْتُولًا فِي أَولِ مَنْ يُقْتَلُ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِني لَا أَتْرُكُ بَعْدِي أَعَز عَلَي مِنْكَ غَيْرَ نَفْسِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِن عَلَي دَيْنًا فَاقْضِ

[1] ئەلبانى (1400): سەھىھ ـ دېگەن.

وَاسْتَوْ اۤ ِ بِأَخَوَاتِكَ خَيْرًا فَأَصْبَحْنَا فَكَانَ أَولَ قَتِيلٍ وَدُفِنَ مَعَهُ آخَرُ فِي قَبْرٍ ثُم لَـمْ تَطِـبْ نَفْسِي أَنْ أَتْرُكَهُ مَعَ الْآخَرِ فَاسْتَخْرَجْتُهُ بَعْدَ سِتةِ أَشْهُرٍ فَإِذَا هُوَ كَيَوْمِ وَضَعْتُهُ هُنَيةً غَيْرَ أُذُنِهِ.

2597 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد ئۇرۇشىغا تەييارلىق پۈتكەندە، دادام مېنى ئاخشىمى چاقىرىپ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن تۇنجى بولۇپ شېھىد بولۇشۇم مۇمكىن. سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قالسا، مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىمسەن. مېنىڭ قەرزىم بار، قەرزىمنى تۆلىگىن ۋە سىڭىللىرىڭغا ياخشى قارا! ـ دېدى. دەرۋەقە، ئەتىسى ئەتىگەندە (ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك) ئۇ بىرىنچى بولۇپ شېھىد بولدى ۋە يەنە بىر ساھابە بىللە بىر قەبرىگە دەپنە قىلىندى. مەن دادامنىڭ باشقا بىرسى بىلەن بىر قەبرىدە يېتىشىغا كۆڭلۈم ئۇنىماي، ئالتە ئايدىن كېيىن دادامنى قەبرىسىدىن چىقاردىم. قۇلىقىنىڭ ئازراق يېرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ خۇددى ھازىر قويغاندەكلا تۇرۇپتۇ.

(بۇخارى: 1351)

2598 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ دُفِنَ مَعَ أَبِي رَجُلٌ فَكَانَ فِي نَفْسِي مِـنْ ذَلِـكَ حَاجَـةٌ فَأَخْرَجْتُهُ بَعْدَ سِتةِ أَشْهُرٍ فَمَا أَنْكَرْتُ مِنْهُ شَيْئًا إِلا شُعَيْرَاتٍ كُن فِي لِحْيَتِهِ مِما يَلِي الْأَرْضَ.

2598 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: دادام بىلەن بىر كىشى بىللە دەپنە قىلىندى، ئۇنىڭغا مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئالتە ئايدىن كېيىن، دادامنى قەبرىسىدىن چىقاردىم. ئۇنىڭ يەرگە ساڭگىلاپ قالغان بەزى ساقاللىرىدىن باشقا، ھەممە يېرى ساق ـ سالامەت ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3232)

2599- رزين قال: «جَرَفَ السيلُ على قبر أبي وآخر كان إلى جنبه، فأخرجناهما، فوجدناهما على هيئتهما يوم وضعناهما، وَيَدُ أبي قد وضعها على جَرحه، فَنحيناهـا عـن

[1] ئەلبانى (2769): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

موضعها، وأرسلناها، فعادت كما كانت إلى موضعها، وكان بين يوم أُحد ويوم جَـرْفِ السيل على قبره: أربعون سنة».

2599 ـ سەل كىلىپ، دادام بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىۋېتىپتۇ. بىز ئۇ ئىككىسىنى چىقاردۇق، ئۇلار بىز قويغان كۆنىدىكىدەك ئىكەن. دادامنىڭ قولى بەدىنىدىكى جاراھەت ئورنىغا قويۇلغان ئىكەن، ئۇ يەردىن قولىنى يۆتكىۋەتسەك، يەنە بۇرۇنقى ئورنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇھۇد جېڭىدىن ئۇ كۈنگىچە ساق 40 يىل ئۆتكەنىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2600 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ بِقَتْلَى أُحُـدٍ أَنْ يُرَدوا إِلَى مَصَارِعِهِمْ وَكَانُوا قَدْ نُقِلُوا إِلَى الْمَدِينَةِ.

2600 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغانلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ جەڭ مەيدانىغا دەپنە قىلىشقا بۇيرىدى. چۈنكى بەزىلەر يېقىنلىرىنى مەدىنىگە ئېلىپ كىرىپ كەتكەنىكەن[①].

(نەسائى: 2004)

2601 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ أَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِقَتْلَى أُحُـدٍ أَنْ يُنْزَعَ عَنْهُمْ الْحَدِيدُ وَالْجُلُودُ وَأَنْ يُدْفَنُوا بِدِمَائِهِمْ وَثِيَابِهِمْ.

2601 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەردىن تۆمۈر ۋە تېرە ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، كىيىم ـ كېچەك ۋە قانلىرى بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3134)

[①] ئەلبانى (1893): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (686): زەئىپ، ـ دېگەن.

2602 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ الْمَعْنَى أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر عَلَى حَمْزَةَ وَقَدْ مُثلَ بِهِ فَقَالَ لَوْلَا أَنْ تَجِدَ صَفِيةُ فِي نَفْسِهَا لَتَرَكْتُهُ حَتى تَأْكُلَهُ الْعَافِيَةُ حَتى يُحْشَرَ مِنْ بُطُونِهَا وَقَلتْ الثيَابُ وَكَثُرَتْ الْقَتْلَى فَكَانَ الرجُلُ وَالرجُلَانِ وَالثلَاثَةُ يُكَفنُونَ فِي الثوْبِ الْوَاحِدِ زَادَ قُتَيْبَةُ ثُم يُدْفَنُونَ فِي قَبْرٍ وَاحِدٍ فَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْأَلُ أَيهُمْ أَكْثَرُ قُرْآنًا فَيُقَدمُهُ إِلَى الْقِبْلَةِ.

2602 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمزەنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ قۇلاق بۇرۇنلىرى كېسىپ تاشلانغانىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئەگەر ھەمزەنىڭ ھەمشىرىسى سەفىيە باشقىچە ئويلاپ قالمايدىغان بولسا، ئۇنى مۇشۇنداقلا قويۇپ قوياتتىم، ئۇنى ئۇچارلىقلار يەيتتى ۋە قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قورسىقىدىن ھەشر قىلىناتتى (قايتا تىرىلدۈرۈلەتتى)» دېدى. كىيىم ـ كېچەك ئاز، شېھىد كۆپ بولغاچقا، بىر، ئىككى ياكى ئۈچ كىشى بىر كىيىمدە كېپەنلىنەتتى.

قۇتەيبە (راۋى) مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر قەبرىگە دەپنە قىلىناتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىمنىڭ قۇرئاننى كۆپ بىلىدىغانلىقىنى سوراپ، شۇنى قىبلە تەرەپكە قوياتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3136)

2603 - عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر بِحَمْزَةَ وَقَدْ مُثلَ بِهِ وَلَمْ يُصَل عَلَى أَحَدٍ مِنْ الشهَدَاءِ غَيْرِهِ.

2603 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمزەنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ قۇلاق ۋە بۇرۇنلىرى كېسىپ تاشلانغانىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن باشقا شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى

[1] ئەلبانى (2689): ھەسەن. ـ دېگەن.

چۈشۈرمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3137)

2604 - عَنْ الْحُصَيْنِ بْنِ وَحْوَحٍ أَن طَلْحَةَ بْنَ الْبَرَاءِ مَرِضَ فَأَتَاهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعُودُهُ فَقَالَ إِني لَا أُرَى طَلْحَةَ إِلا قَدْ حَدَثَ فِيهِ الْمَوْتُ فَآذِنُونِي بِهِ وَعَجلُوا فَإِنهُ لَا يَنْبَغِي لِجِيفَةِ مُسْلِمٍ أَنْ تُحْبَسَ بَيْنَ ظَهْرَانَيْ أَهْلِه.

2604 ـ ھۇسەيىن ئىبنى ۋەھۋەھ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: تەلھە ئىبنى بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يوقلاپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «مەنچە ئۇ كۆپ ياشىيالمىغۇدەك. ۋاپات بولغان چاغدا، ماڭا دەرھال خەۋەر يەتكۈزۈڭلار. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ جەسەدىنىڭ ئائىلىسىدە ئۇزۇن تۇرۇشى ياخشى ئەمەس»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3159)

2605 - عن أبي الزبَيْرِ أَنهُ سَمِعَ جَابِرًا يَقُولُ خَطَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ رَجُلًا مِنْ أَصْحَابِهِ مَاتَ فَقُبِرَ لَيْلًا وَكُفنَ فِي كَفَنٍ غَيْرِ طَائِلٍ فَزَجَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُقْبَرَ إِنْسَانٌ لَيْلًا إِلا أَنْ يُضْطَر إِلَى ذَلِكَ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا وَلِيَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ فَلْيُحَسنْ كَفَنَهُ.

2605 ـ ئەبۇ زۇبەير جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى خۇتبە سۆزلەۋېتىپ، خۇتبىسىدە ياخشى كېپەنلەنمىگەننىڭ ئۈستىگە، كېچىسى يەرلىككە قويۇلغان بىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مەجبۇر بولمىغىچە كېچىسى يەرلىككە قويماسلىقنى ۋە چوقۇم نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بۇيرۇپ:

[1] ئەلبانى (2690): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (692): زەئىپ، ـ دېگەن.

«قېرىنداشلىرىڭلارنى ئوبدان، پۇختا كېپەنلەڭلار!» دېدى[①].
(نەسائى: 1895)

2606 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ قَبْرًا لَيْلًا فَأُسْرِجَ لَهُ سِرَاجٌ فَأَخَذَهُ مِنْ قِبَلِ الْقِبْلَةِ وَقَالَ رَحِمَكَ اللهُ إنْ كُنْتَ لَأَواهًا تَلاءً لِلْقُرْآنِ وَكَبرَ عَلَيْهِ أَرْبَعًا.

2606 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە بىر قەبرىگە كىردى، ئۇنىڭغا چىراق يېقىپ بېرىلدى. مېيىتنى (يەرلىكىگە قويۇش ئۈچۈن) قىبلە تەرىپىدىن ئېلىپ تۇرۇپ: «سەن قۇرئاننى كۆپ ئوقۇپ يىغلاپ تۇرىدىغان بەندە ئىدىڭ، الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن!» دېدى ۋە ئارقىدىن ئۇنىڭغا تۆت تەكبىر ئوقۇپ (نامىزىنى چۈشۈردى)[②].
(تىرمىزى: 1057)

2607 - عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ أَخْبَرَنِي جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللهِ أَوْ سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قَالَ رَأَى نَاسٌ نَارًا فِي الْمَقْبَرَةِ فَأَتَوْهَا فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْقَبْرِ وَإِذَا هُوَ يَقُولُ نَاوِلُونِي صَاحِبَكُمْ فَإِذَا هُوَ الرجُلُ الذِي كَانَ يَرْفَعُ صَوْتَهُ بِالذكْرِ.

2607 ـ ئەمىر ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: كىشىلەر قەبرىستانلىقتا ئوت يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يەرگە بېرىپتۇ. قارىسا قەبرىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ــ قېرىندىشىڭلارنى ماڭا سۇنۇپ بېرىڭلار! ــ دەپ تۇرىۋاتقۇدەك. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىگە قويماقچى بولغان ئۇ مېيىت، ئۈنلۈك ئاۋازدا زىكرى ئېيتىدىغان ئادەمنىڭ مېيىتى ئىكەن[③].
(ئەبۇ داۋۇد: 3164)

[①] ئەلبانى (1903): سەھىھ ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (178): زەئىپ، ـ دېگەن.
[③] ئەلبانى (694): زەئىپ، ـ دېگەن.

2608 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ شَهِدْنَا بِنْتًا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسٌ عَلَى الْقَبْرِ قَالَ فَرَأَيْتُ عَيْنَيْهِ تَدْمَعَانِ قَالَ فَقَالَ هَلْ مِنْكُمْ رَجُلٌ لَمْ يُقَارِفْ اللَّيْلَةَ فَقَالَ أَبُو طَلْحَةَ أَنَا قَالَ فَانْزِلْ قَالَ فَنَزَلَ فِي قَبْرِهَا.

2608 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزىنى دەپنە قىلىشقا چىقتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزلىرىگە ياش تولغان ھالدا قەبرە بېشىدا ئولتۇراتتى. ئۇ:

ــ ئاراڭلاردا بۇ كېچە ئايالى بىلەن بىرگە بولمىغان كىشى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ تەلھە:

ــ مەن (بىرگە بولمىدىم)، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، سەن قەبرىگە چۈشكىن! ـ دېدى. ئۇ چۈشتى.

(بۇخارى: 1285)

2609 - عَنْ أَنسٍ أَن رُقَيةَ رَضِيَ اللهُ عَنهَا لَما مَاتَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَدْخُلْ الْقَبْرَ رَجُلٌ قَارَفَ أَهْلَهُ فَلَمْ يَدْخُلْ عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ الْقَبْرَ.

2609 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ كېچە ئايالى بىلەن بىرگە بولغان كىشى قەبرىگە كىرمىسۇن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىگە كىرمىدى[1].

(ئەھمەد: 12985)

[1] ھەيسەمى (4232): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

2610 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اللَّحْدُ لَنَا وَالشَّقُّ لِغَيْرِنَا.

2610 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«(قەبرە كولىغاندا) لەھەت قېزىش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدۇر، لەھەت قازماسلىق بىزدىن باشقىلارنىڭ ئىشىدۇر» دېدى[1].

(تىرمىزى: 1045)

2611 - عَنْ أَبِي الْهَيَّاجِ الْأَسَدِيِّ قَالَ قَالَ لِي عَلِيُّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ أَلَا أَبْعَثُكَ عَلَى مَا بَعَثَنِي عَلَيْهِ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ لَا تَدَعَ تِمْثَالًا إِلَّا طَمَسْتَهُ وَلَا قَبْرًا مُشْرِفًا إِلَّا سَوَّيْتَهُ.

2611 ـ ئەبۇ ھەييياج ئەسەدىي مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئەۋەتكەن ئىشقا سېنى ئەۋەتەيمۇ؟ ماڭ بېرىپ، (چوقۇنۇش ئۈچۈن قويۇلغان ھەرقانداق) سۈرەتنى يوقات، ئېگىز ياسالغان قەبرىلەرنى تۈزلىۋەت! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 969)

2612 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ نَهَى النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ تُجَصَّصَ الْقُبُورُ وَأَنْ يُكْتَبَ عَلَيْهَا وَأَنْ يُبْنَى عَلَيْهَا وَأَنْ تُوطَأَ.

2612 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىنى گەج بىلەن قاتۇرۇشتىن، قەبرە ئۈستىگە خەت يېزىشتىن، قەبرە ئۈستىگە ئۆي سېلىشتىن ۋە دەسسەشتىن توسقان[2].

[1] ئەلبانى (835): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (841): سەھىھ ـ دېگەن.

(تىرمىزى: 1052)

2613 - عَنْ الْمُطلِبِ قَالَ لَما مَاتَ عُثْمَانُ بْنُ مَظْعُونٍ أُخْرِجَ بِجَنَازَتِهِ فَدُفِنَ فَأَمَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا أَنْ يَأْتِيَهُ بِحَجَرٍ فَلَمْ يَسْتَطِعْ حَمْلَهُ فَقَامَ إِلَيْهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَحَسَرَ عَنْ ذِرَاعَيْهِ قَالَ كَثِيرٌ قَالَ الْمُطلِبُ قَالَ الذِي يُخْبِرُنِي ذَلِكَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَأَني أَنْظُرُ إِلَى بَيَاضِ ذِرَاعَيْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ حَسَرَ عَنْهُمَا ثُم حَمَلَهَا فَوَضَعَهَا عِنْدَ رَأْسِهِ وَقَالَ أَتَعَلمُ بِهَا قَبْرَ أَخِي وَأَدْفِنُ إِلَيْهِ مَنْ مَاتَ مِنْ أَهْلِي.

2613 ـ مۇتتەلىب مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ۋاپات بولۇپ، مېيىتى دەپنە قىلىنغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنى تاش ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى، ئۇ كىشى تاشنى كۆتۈرەلمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بىلىكىنى تۈرۈپ، تاشنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ باش تەرىپىگە قويدى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

«مەن مۇشۇ تاش ئارقىلىق قېرىندىشىمنىڭ قەبرىسىنى تاپىمەن ۋە ئائىلەمدىن كىم ۋاپات بولسا، ئۇنى بۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىمەن».

كەسىر (راۋىي) مۇتتەلىبنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ھەدىسنى ماڭا يەتكۈزگەن كىشى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ چاغدىكى ئاپئاق بىلىكى تېخىچە كۆز ئالدىمدا، ـ دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3206)

2614 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ قَالَ تُوُفيَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ بِحُبْشِي قَالَ فَحُمِلَ إِلَى مَكةَ فَدُفِنَ فِيهَا فَلَما قَدِمَتْ عَائِشَةُ أَتَتْ قَبْرَ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ فَقَالَتْ:

وَكُنا كَنَدْمَانَيْ جَذِيمَةَ حِقْبَةً مِنْ الدهْرِ حَتى قِيلَ لَنْ يَتَصَدعَا

[1] ئەلبانى (2745): ھەسەن، ـ دېگەن.

فَلَمَّا تَفَرَّقْنَا كَأَنِّي وَمَالِكًا ... لِطُولِ اجْتِمَاعٍ لَمْ نَبِتْ لَيْلَةً مَعَا

ثُمَّ قَالَتْ وَاللَّهِ لَوْ حَضَرْتُكَ مَا دُفِنْتَ إِلَّا حَيْثُ مُتَّ وَلَوْ شَهِدْتُكَ مَا زُرْتُكَ.

2614 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى ھۇبشىدا ۋاپات بولغانىدى، مەككىگە يۆتكەپ كېلىپ، دەپنە قىلىندى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ:

ــ بىر ـ بىرىمىزگە بەكمۇ ئامراق ئىدۇق. باشقىلار بىزگە قاراپ: بۇلار ھېچ ئايرىلمىغۇدەك دېيىشەتتى. ئەمما بىز ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر كۈننى بولسىمۇ بىللە ئۆتكۈزۈپ باقمىدۇق، ـ دەپ بېيىت ئوقۇغاندىن كېيىن:

ــ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن ۋاپات بولغان يەردە ھازىر بولسام ئىدىم، شۇ يەرگىلا دەپنە قىلىناتتىڭ. جىنازاڭغا ھازىر بولسام ئىدىم، بۇ يەرگە كېلىپ، زىيارەت قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1055)

2615 ـ عَنْ مَالِك عَنْ غَيْرِ وَاحِدٍ مِمَّنْ يَثِقُ بِهِ أَنَّ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقَّاصٍ وَسَعِيدَ بْنَ زَيْدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ نُفَيْلٍ تُوُفِّيَا بِالْعَقِيقِ وَحُمِلَا إِلَى الْمَدِينَةِ وَدُفِنَا بِهَا.

2615 ـ مالىكنىڭ بىر قانچە ئىشەنچلىك كىشىدىن رىۋايەت قىلىشىچە: سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ۋە سەئىد ئىبنى زەيد ئىبنى ئەمىر ئىبنى نۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئەقىقتە ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېيىتى مەدىنىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، دەپنە قىلىنغان.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

2616 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا أُدْخِلَ الْمَيِّتُ الْقَبْرَ وَقَالَ أَبُو خَالِدٍ مَرَّةً إِذَا وُضِعَ الْمَيِّتُ فِي لَحْدِهِ قَالَ مَرَّةً بِسْمِ اللَّهِ وَبِاللَّهِ وَعَلَى مِلَّةِ رَسُولِ

[1] ئەلبانى (177): زەئىپ، ـ دېگەن.

اللهِ.

2616 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى:

«سىنى اللهنىڭ ئىسمى بىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ شەرىئىتى ئۈستىدە ياشىغان ھالىتىڭدە قەبرىگە قويدۇق»[1].

(تىرمىزى: 1046)

2617 - عَنْ سَعِيدِ بنِ الْمُسَيبِ قَالَ حَضَرْتُ ابْنَ عُمَرَ فِي جِنَازَةٍ فَلَما وَضَعَهَا فِي اللحْدِ قَالَ بِسْمِ اللهِ وَفِي سَبِيلِ اللهِ وَعَلَى مِلةِ رَسُولِ اللهِ فَلَما أُخِذَ فِي تَسْوِيَةِ اللبِنِ عَلَى اللحْدِ قَالَ اللهُم أَجِرْهَا مِنْ الشيطَانِ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ اللهُم جَافِ الْأَرْضَ عَنْ جَنْبَيْهَا وَصَعدْ رُوحَهَا وَلَقهَا مِنْكَ رِضْوَانًا قُلْتُ يَا ابْنَ عُمَرَ أَشَيْءٌ سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ أَمْ قُلْتَهُ بِرَأْيِكَ قَالَ إِني إِذًا لَقَادِرٌ عَلَى الْقَوْلِ بَلْ شَيْءٌ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2617 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىرگە جىنازا نامىزىغا قاتناشقان ئىدىم. مېيىت لەھەتكە قويۇلغاندا:

ـ سىنى اللهنىڭ ئىسمى بىلەن، اللهنىڭ يولىدا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ شەرىئىتى ئۈستىدە (ماڭغان ھالىتىڭدە) قەبرىگە قويدۇق، ـ دېدى. قەبرىگە توپا تاشلانغاندا يەنە:

ــ ئى الله! ئۇنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە قەبرە ئازابىدىن ساقلىغىن. ئى الله! ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن زېمىننى يىراق قىلغىن، روھىنى ئاسمانغا كۆتۈرگىن، ئۇنى رازى بولغان ھالدا قوبۇل قىلغىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى. مەن:

ــ ئى ئىبنى ئۆمەر! سەن بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىدىڭمۇ ياكى ئۆزەڭ دېدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ قارىغاندا، مەن بىر نەرسە دېيىشكە قادىر بولالايدىغان

[1] ئەلبانى (836): سەھىھ ـ دېگەن.

ئوخشىمامدىم؟! ئەلۋەتتە، بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانىدىم، - دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 1553)

2618 - عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا فَرَغَ مِنْ دَفْنِ الْمَيتِ وَقَفَ عَلَيْهِ فَقَالَ اسْتَغْفِرُوا لِأَخِيكُمْ وَسَلُوا لَهُ بِالتثْبِيتِ فَإِنهُ الْآنَ يُسْأَلُ.

2618 - ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ:

«قېرىندىشىڭلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار! اللهتىن ئۇنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ ھازىر سوراققا تارتىلىۋاتىدۇ» دەيتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3221)

2619 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى عَلَى جِنَازَةٍ ثُم أَتَى قَبْرَ الْمَيتِ فَحَثَى عَلَيْهِ مِنْ قِبَلِ رَأْسِهِ ثَلَاثًا.

2619 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، جىنازا بىللەن بىللە قەبرە بېشىغا كەلدى ۋە (ئۇنى قەبرىسىگە قويۇپ) قەبرىسىگە باش تەرىپىدىن ئۈچ ئوچۇم توپا چاچتى[3].

(ئىبنى ماجە: 1565)

2620 - عَنْ سَعِيدِ بن عَبْدِ اللهِ الأَوْدِي، قَالَ: شَهِدْتُ أَبَا أُمَامَةَ وَهُوَ فِي النزْعِ، فَقَالَ: إِذَا أَنَا مُت، فَاصْنَعُوا بِي كَمَا أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نَصْنَعَ

[1] ئەلبانى (341): زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (2758): سەھىھ - دېگەن.

[3] ئەلبانى (1271): سەھىھ - دېگەن.

يِمَوْتَانَا، أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالَ: "إِذَا مَاتَ أَحَدٌ مِـنْ إِخْـوَانِكُمْ، فَسَوَّيْتُمِ التَرَابَ عَلَى قَبْرِهِ، فَلْيَقُمْ أَحَدُكُمْ عَلَى رَأْسِ قَبْرِهِ، ثُم لِيَقُلْ: يَا فُلانَ بن فُلاَنَةَ، فَإِنهُ يَسْمَعُهُ وَلا يُجِيبُ، ثُم يَقُولُ: يَا فُلانَ بن فُلاَنَةَ، فَإِنهُ يَسْتَوِي قَاعِدًا، ثُم يَقُولُ: يَا فُلانَ بن فُلاَنَةَ، فَإِنهُ يَقُولُ: أَرْشِدْنَا رَحِمَكَ اللهُ، وَلَكِنْ لا تَشْعُرُونَ، فَلْيَقُلْ: اذْكُرْ مَا خَرَجْتَ عَلَيْهِ مِنَ الدنْيَا شَهَادَةَ أَنْ لا إِلَهَ إِلا اللهُ، وَأَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، وَأَنكَ رَضِيتَ بِاللهِ رَبـا، وَبِالqسْلامِ دِينًا، وَبِمُحَمدٍ نَبِيا، وَبِالْقُرْآنِ إِمَامًا، فَإِن مُنْكَرًا وَنَكِيرًا يَأْخُذُ وَاحِدٌ مِنْهُمَا بِيَـدِ صَاحِبِهِ، وَيَقُولُ: انْطَلِقْ بنا مَا نَقْعُدُ عِنْدَ مَنْ قَدْ لُقنَ حُجتَهُ، فَيَكُونُ اللهُ حَجِيجَهُ دُونَهُمَا"، فَقَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللهِ، فَإِنْ لَمْ يَعْرِفْ أُمهُ٧ قَالَ: "فَيَنْسُبُهُ إِلَى حَوَاءَ، يَـا فُـلانَ بـن حَوَاءَ".

2620 ـ سەئىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەۋدىي مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ئۇمامە جان تالىشىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: ئەگەر مەن ئۆلۈپ قالسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مېيىتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى تەلىم بەرگەن بولسا، مېنىڭ مېيىتىمنىمۇ شۇنداق بىر تەرەپ قىلىڭلار. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قېرىنداشلىرىڭلاردىن بىرەرسى ۋاپات بولسا، ئۇنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىرىڭلار قەبرىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ: ئى پالانى ئايالنىڭ بالىسى پالانى! ـ دېسۇن. مېيىت ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ، لېكىن جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە: ئى پالانىنىڭ بالىسى پالانى! ـ دېسۇن. مېيىت ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن: ئى پالانى ئايالنىڭ بالىسى پالانى! ـ دېسۇن. مېيىت: بىزگە يول كۆرسەتكىن، الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ـ دەيدۇ. لېكىن سىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى تۇيمايسىلەر. ئۇ يەنە: سەن دۇنيادىن قايسى ھالەتتە كەتكەنلىكىڭنى ئەسلىگىن! يەنى ئۆزەڭنىڭ اللهتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللهنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىدۇر، ـ دەپ شاھادەت ئېيتقانلىقىڭنى، اللهنىڭ رەببىڭ، ئىسلامنىڭ دىنىڭ، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبىرىڭ ۋە قۇرئاننىڭ ئىمامىڭ بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان ھالەتتە بۇ دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىڭنى ئەسلە! ـ دېسۇن. شۇنداق قىلسا، مۇنكەر ۋە نەكىرلەردىن بىرى يەنە بىرىنىڭ قولىدىن تارتقان ھالدا:

كېتەيلى، بىز ھۆججىتى ئۆگىتىلگەن بەندىنىڭ يېنىدا تۇرالمايمىز. - دېگەن پېتى كېتىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، اللە مۇنكەر ۋە نەكىردىن ئۇنى ساقلايدۇ» دېگەنىدى. بىر ئادەم:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ ئانىسىنى بىلمىسە قانداق قىلىدۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئى ھەۋۋانىڭ بالىسى پالانى! - دەيدۇ، - دەپ جاۋاپ بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 7979)

2621 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ بْنِ رِبْعِي الْأَنصَارِي أَنَّهُ كَانَ يُحَدِّثُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ مُر عَلَيْهِ بِجَنَازَةٍ فَقَالَ مُسْتَرِيحٌ وَمُسْتَرَاحٌ مِنْهُ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ مَا الْمُسْتَرِيحُ وَالْمُسْتَرَاحُ مِنْهُ قَالَ الْعَبْدُ الْمُؤْمِنُ يَسْتَرِيحُ مِنْ نَصَبِ الدُّنْيَا وَأَذَاهَا إِلَى رَحْمَةِ اللهِ وَالْعَبْدُ الْفَاجِرُ يَسْتَرِيحُ مِنْهُ الْعِبَادُ وَالْبِلَادُ وَالشَجَرُ وَالدوَاب.

2621 - ئەبۇ قەتادە ئىبنى رىبئى ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن بىر جىنازا ئۆتكەنىدى:

- يا بۇنىڭ ئۆزى قۇتۇلۇپتۇ ياكى باشقىلار بۇنىڭدىن قۇتۇلۇپتۇ، - دېدى. ئەتراپىدىكىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەگەر ئۇ مۇئمىن بەندە بولسا، دۇنيانىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، اللە تائالانىڭ رەھمىتىگە قاراپ ماڭغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھكار، پاسىق بەندە بولسا، اللە تائالانىڭ باشقا بەندىلىرى، ئەل - يۇرت، دەل - دەرەخ ۋە مال - چارۋىلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بولىدۇ، - دېدى.

(بۇخارى: 6512)

2622 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ مَروا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ بِجَنَازَةٍ فَأَثْنَوْا

---

[1] ھەيسەمى (4248): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن كىملىكىنى بىلمەيدىغان بىر قانچە كىشى بار، - دېگەن.

عَلَيْهَا خَيْرًا فَقَالَ وَجَبَتْ ثُم مَروا يِأُخْرَى فَأَثْنَوْا عَلَيْهَا شَرا فَقَالَ وَجَبَتْ ثُم قَالَ إِن بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ شُهَدَاءُ.

2622 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر جىنازا يولۇققاندى، ساھابىلەر ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«(جەننەتكە) لايىق بولدى» دېدى. كۆپ ئۆتمەي، يەنە بىر جىنازا يولۇققاندى، ساھابىلەر ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

«(دوزاخقا) لايىق بولدى» دېگەندىن كېيىن: «سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا مۇشۇنداق گۇۋاھچى بولىسىلەر» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3233)

2623 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَمُـوتُ فَيَشْهَدُ لَهُ ثَلَاثَةُ أَهْلِ أَبْيَاتٍ مِنْ جِيرَانِهِ الْأَدْنَيْنَ بِخَيْرٍ إِلا قَالَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى قَدْ قَبِلْتُ شَهَادَةَ عِبَادِي عَلَى مَا عَلِمُوا وَغَفَرْتُ لَهُ مَا أَعْلَمُ.

2623 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ۋاپات بولغاندا، ئەڭ يېقىن قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن ئۈچى ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا گۇۋاھ بەرسە، الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا: مەن بەندىلىرىمنىڭ بۇ كىشى ھەققىدە بىلگەنلىرىگە ئاساسەن بەرگەن گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلدىم ۋە ئۇنىڭ ئۆزەم بىلىدىغان (بەندىلىرىم بىلمەيدىغان) گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلدىم، ـ دەيدۇ»[2].

(ئەھمەد: 9040)

---

[1] ئەلبانى (2770): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (3961): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

2624 - وله وللموصلي عَنْ أَنسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَمُوتُ فَيَشْهَدُ لَهُ أَرْبَعَةُ أَهْلُ أَبْيَاتٍ مِنْ جِيرَانِهِ الْأَدْنَيْنَ إلا قَالَ قَدْ قَبِلْتُ فِيهِ عِلْمَكُمْ فِيهِ وَغَفَرْتُ لَهُ مَا لَا تَعْلَمُونَ.

2624 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ۋاپات بولغاندا، ئەڭ يېقىن قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن تۆتى ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا گۇۋاھلىق بەرسە، الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا: مەن سىلەرنىڭ بىلگىنىڭلارغا ئاساسەن بەرگەن گۇۋاھلىقىڭلارنى قوبۇل قىلدىم، سىلەر بىلمەيدىغاننى مەغپىرەت قىلدىم، ـ دەيدۇ»[1].

(ئەھمەد: 13129)

2625 - عن أبى الدرداء قال مر بنا النبي صلى الله عليه وسلم ونحن نحفر قبرا فقال ما تصنعون فقلنا نحفر قبرا لهذا الاسود فقال جاءت به منيته إلى تربته. قال أبو أسامة تدرون يا أهل الكوفة لم حدثتكم بهذا الحديث لان أبا بكر وعمر خلقا من تربة رسول الله صلى الله عليه وسلم.

2625 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز قەبرە كولاۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ــ بۇ قارىۋاي (نېگىر)غا قەبرە كولاۋاتىمىز، ـ دېگەنىدۇق:

ــ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئەسلى جايىنى تېپىپتۇ، ـ دېدى.

ئەبۇ ئۇسامە (راۋىي): ئى ئەھلى كۇفە! بۇ ھەدىسنى نېمە ئۈچۈن سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى بىلدىڭلارمۇ؟ چۈنكى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

[1] ھەيسەمى (3960): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

يارىتىلغان تۇپراقتىن يارىتىلغان، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2626 - عن ابن عمر أن حبشيا دفن بالمدينة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم دفن بالطينة الَّتِي خلق منها.

2626 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ھەبەشلىك بىرى مەدىنىدە دەپنە قىلىندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇ ئۆزى يارىتىلغان تۇپراققا دەپنە قىلىندى» دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

2627 - عن اْبنَ عُمَرَ قال: سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ: إِذَا مَـاتَ أَحَدُكُمْ فَلا تَحْبِسُوهُ، وَأَسْرِعُوا بِهِ إِلَى قَبْرِهِ، وَلْيُقْرَأْ عِنْدَ رَأْسِهِ بِفَاتِحَةِ الْكِتَـابِ، وَعِنْـدَ رِجْلَيْهِ بِخَاتِمَةِ الْبَقَرَةِ فِي قَبْرِهِ.

2627 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«ئەگەر بىرىڭلار ۋاپات بولسا، ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرماي، قەبرىسىگە تېز ئېلىپ بېرىڭلار! قەبرىنىڭ باش تەرىپىدە سۈرە پاتىھە، ئاياغ تەرىپىدە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى ئوقۇلسۇن»[3]

(«ئەلكەبىر»: 13613)

---

[1] ھەيسەمى (4227): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەھۋەس ئىبنى ھەكىم ئىسىملىك بىرى بار. ئەجلى ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئېلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4228): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئىيسا خەرراز ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4242): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئابدۇللاھ بابلەتى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

2628 - عن أبي سعيد الخدري قال: سألت علي بن أبي طالب فقلت: يا أبا الحسن! أيهما أفضل المشي خلف الجنازة أو أمامها؟ فقال: يا أبا سعيد! ومثلك يسأل عن هذا؟ فقلت: ومن يسأل عن هذا إلا مثلي؟ إني رأيت أبا بكر، وعمر يمشيان أمامها، فقال: رحمهما الله وغفر لهما، أما والله لقد سمعا كما سمعنا ولكنهما كانا سهلين يحبان السهولة، يا أبا سعيد إذا مشيت خلف أخيك المسلم، فأنصت وفكر في نفسك كأنك قد صرت مثله، أخوك كان يشاحك على الدنيا خرج منها حريبا سليبا، ليس له إلا ما تزود من عمل صالح، فإذا بلغت القبر، فجلس الناس، فلا تجلس، ولكن قم على شفير قبره، فإذا دلي في حفرته فقل: «بسم الله وفي سبيل الله، وعلى ملة رسول الله صلى الله عليه وسلم، اللهم عبدك نزل بك، وأنت خير منزول به، خلف الدنيا خلف ظهره، فاجعل ما قدم عليه خيرا مما خلف، فإنك قلت: (ما عند الله خير للأبرار).

2628 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبتىن:

ـــ ئى ئەلى! جىنازىنىڭ ئالدىدا مېڭىش ئەۋزەلمۇ ياكى ئارقىسىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ئى ئەبۇ سەئىد! سەندەك كىشىلەرمۇ مۇشۇنداق سوئال سورامدۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ماڭا ئوخشاش كىشى سورىمىسا كىم سورايدۇ؟ مەن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ جىنازىنىڭ ئالدىدا ماڭغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئۇ ئىككىسىگە الله رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئاتا قىلسۇن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئىككىسى بىز ئاڭلىغانغا ئوخشاش ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاسانلاشتۇراتتى ۋە ئاسان ئىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئى ئەبۇ سەئىد! ئەگەر قېرىندىشىڭنىڭ ئارقىسىدا ماڭساڭ، سۈكۈت قىل ۋە ئۆزەڭنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كېتىدىغانلىقىڭنى ئويلا. قېرىندىشىڭ سەن بىلەن دۇنيادا بەسلىشەتتى، مانا ئەمدى دۇنيادىن قۇرۇق قولىلا كەتتى، قىلغان سالىھ ئەمەللىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئېلىپ كېتەلمىدى. قەبرە بېشىغا بارغاندا، باشقىلار ئولتۇرسا، سەن ئولتۇرما. مېيىت قەبرىگە قويۇلۇۋاتقاندا مۇنداق دېگىن: اللهنىڭ

ئىسمى بىلەن، اللەنىڭ يولىدا (ماڭغان)، رەسۇلۇللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە دىنى بىلەن (ياشىغان ھالەتتە) قەبرىگە قويدۇق. ئى الله! سىنىڭ بەندەڭ دەرگاھىڭغا كەتتى، سەن ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ئورۇن بەرگۈچىسەن. ئۇ دۇنيانى ئارقىسىغا تاشلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاخىرىتىنى دۇنيالىقىدىن ياخشى قىلغىن، چۈنكى سەن: ﴿اللەنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنا راھەتتىن) ئارتۇقتۇر﴾ [1] دېدىڭ، ـ دېدى[2].

(بەززار: 839)

2629 - عن محمد بن سيرين عن أنس رضى الله عنه أنه كانت عنـده عصـية لرسول الله صلى الله عليه وسلم، فمات فدفنت معه بين جنبه وقميصه.

2629 ـ مۇھەممەد ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ھاسىسى بار ئىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ھاسا ئۇنىڭ كېيىنىگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دەپنە قىلىندى[3].

(بەززار: 840)

2630 - عن عامر بن ربيعة أن النF صلى الله عليه وسلم قام على قبر عثمان بن مظعون وأمر فرê عليه الماء.

2630 ـ ئامىر ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ قەبرىسى يېنىدا تۇرۇپ، قەبرىگە سۇ سېپىشنى بۇيرىدى[4].

(بەززار: 843)

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 198- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ھەيسەمى (4241): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەييۇب ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4247): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[4] ھەيسەمى (4249): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. بىراق بەززارنىڭ ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلمەيمەن، ـ دېگەن.

2631 - عن عائشة أن النبي صلى الله عليه وسلم رش على قبر ابنه ابراهيم.

2631 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغلى ئىبراھىمنىڭ قەبرىسىگە سۇ سەپتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2632 - عن ابن عباس قال كنا جلوسا مع أبي بكر الصديق فمرت جنازة فقام فقمنا ثم صلينا فخلع نعليه فقلنا يا خليفة رسول الله صلى الله عليه وسلم خلعت نعليك حين يلبس الناس نعالهم فقال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول من مشى حافيا في طاعة الله لم يسأله الله عزوجل يوم القيامة عما افترض عليه.

2632 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەبۇ بەكرى بىلەن بىرگە ئولتۇراتتۇق، بىر جىنازا كەلگەن ئىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇردى. بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇردۇق ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جىنازىنىڭ نامىزىنى چۈشۈردۇق. نامازدىن كېيىن، ئۇ ئايىغىنى سالدى، بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! باشقىلار ئاياغلىرىنى كىيىۋاتسا، سەن سېلىۋاتىسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىساق، ئۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى ئۈچۈن يالاڭئاياغ ماڭسا، الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۇنىڭغا پەرز قىلغان ئىشلاردىن قىيامەت كۈنى سوئال سورىمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ھەيسەمى (4250): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستازىدىن باشقا راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (559): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئىبراھىم ئىسمىلىك بۇ ئىككى كىشى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدىم، ـ دېگەن.

## تەزىيە، قەبرىدىكى ئەھۋاللار ۋە قەبرە زىيارەت قىلىش

2633 - عَنْ مُنْيَةَ بِنْتِ عُبَيْدِ بْنِ أَبِي بَرْزَةَ عَنْ جَدِّهَا أَبِي بَرْزَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ عَزَّى ثَكْلَى كُسِيَ بُرْدًا فِي الْجَنَّةِ.

2633ـ مۇنيە بىنتى ئۇبەيد ئىبنى ئەبۇ بەرزە بوۋىسى ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«كىمكى مۇسىبەت ئىگىسىگە تەسەللىي بەرسە، ئۇنىڭغا جەننەتتە تون كىيگۈزۈلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ[①].

(تىرمىزى: 1076)

2634 - عَنْ عَبْدِ اللَّهِ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ عَزَّى مُصَابًا فَلَهُ مِثْلُ أَجْرِهِ.

2634ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مۇسىبەتكە يولۇققان كىشىگە تەسەللىي بەرسە، ئۇنىڭغا مۇسىبەتكە سەۋر قىلغۇچىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ»[②].

(تىرمىزى: 1073)

2635 - عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ جَعْفَرٍ قَالَ لَمَّا جَاءَ نَعْيُ جَعْفَرٍ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اصْنَعُوا لِأَهْلِ جَعْفَرٍ طَعَامًا فَإِنَّهُ قَدْ جَاءَهُمْ مَا يَشْغَلُهُمْ.

2635 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دادام جەئفەرنىڭ ئۆلۈم

---

[①] ئەلبانى (183): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (181): زەئىپ، ـ دېگەن.

خەۋىرىنى ئاڭلاپ:

«جەئفەرنىڭ ئائىلىسىگە تاماق تەييارلاپ بېرىڭلار، ئۇلار مۇسىبەت بىلەن مەشغۇل» دېدى[1].

(تىرمىزى: 998)

2636 - عَنْ مُعَاذِ بن جَبَلٍ، أَنَّهُ مَاتَ ابْنٌ لَهُ، فَكَتَبَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَزِيهِ بِابْنِهِ، فَكَتَبَ إِلَيْهِ: "بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ، مِنْ مُحَمدٍ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى مُعَاذِ بن جَبَلٍ، سَلامٌ عَلَيْكَ، فَإِني أَحْمَدُ إِلَيْكَ اللهَ الذِي لا إِلَهَ إِلا هُوَ، أَما بَعْدُ، فَأَعْظَمَ اللهُ لَكَ الأَجْرَ، وأَلْهَمَكَ الصبْرَ، وَرَزَقَنَا وَإِياكَ الشكْرَ، فَإِن أَنْفُسَنَا، وَأَمْوَالَنَا، وَأَهْلِينا، وَأَوْلادَنَا مِنْ مَوَاهِبِ اللهِ الْهَنِيئَةِ، وَعَوَارِيهِ الْمُسْتَوْدَعَةِ، يُمَتعُ بِهَا إِلَى أَجَلٍ، وَيَقْبِضُهَا إِلَى وَقْتٍ مَعْلُومٍ، وَإِنا نَسْأَلُهُ الشكْرَ عَلَى مَا أَعْطَى، وَالصبْرَ إِذَا ابْتَلَى، وَكَانَ ابْنُكَ مِنْ مَوَاهِبِ اللهِ الْهَنِيئَةِ، وَعَوَارِيهِ الْمُسْتَوْدَعَةِ، مَتعكَ اللهُ بِهِ فِي غِبْطَةٍ وَسُرُورٍ، وَقَبَضَهُ مِنْكَ بِأَجْرٍ كَبِيرٍ: الصلاةِ وَالرحْمَةِ وَالْهُدَى إِن احْتَسَبْتَهُ، فَاصْبِرْ، وَلا يُحْبِطْ جَزَعُكَ أَجْرَكَ فَتَندمَ، وَاعْلَمْ أَن الْجَزَعَ لا يَرُد مَيتًا، وَلا يَدْفَعُ حُزْنًا، وَمَا هُوَ نَازِلٌ فَكَأَنْ قَدْ وَالسلامُ".

2636 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ بىر بالىسى ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن مۇنداق خەت يازغان:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. اللهنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)تىن مۇئاز ئىبنى جەبەلگە: ئى مۇئاز! ساڭا سالام بولسۇن! مەن اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. مەقسەتكە كەلسەك: الله سېنىڭ ئەجرىڭنى كۆپ قىلسۇن، سەۋر ـ تاقەت ئاتا قىلسۇن. بىزگە ۋە ساڭا شۈكرى قىلىشنى نېسىپ قىلسۇن. شۇنىسى مۇھەققەقكى، نەپسىمىز، مال ـ دۇنيالىرىمىز، ئائىلىمىز، بالا ـ چاقىمىز اللهنىڭ بىزگە بەرگەن سوۋغىتى ۋە بىزدە قويۇپ قويغان

[1] ئەلبانى (796): ھەسەن. ـ دېگەن.

ئامانىتى بولۇپ، ئۇلاردىن مەلۇم مۇددەت بەھرىمەن بولىمىز. ۋاقتى توشقاندا ئۇلارنى بىزدىن ئېلىپ كېتىدۇ. بىزنى اللّٰه بەرگەن نېئمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىشقا مۇيەسسەر قىلىشنى، بىزنى (بىرەر مۇسىبەت بىلەن) سىناپ قالسا، سەۋر ئاتا قىلىشنى تىلەيمىز. سېنىڭ بالاڭمۇ اللّٰهنىڭ ساڭا بەرگەن سوۋغىسى ۋە سەندە قويۇپ قويغان ئامانىتى ئىدى. اللّٰه سېنى ئۇنىڭدىن خۇشاللىق ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن بەھرىمەن قىلدى. ئاندىن مەغپىرەت، رەھمەت ۋە ھىدايەتتىن ئىبارەت كۆپلىگەن ئەجىرنىڭ بەدىلىگە ئۇنى سەندىن ئېلىپ كەتتى. ئەگەر سەن شۇ ئەجىرنى كۆتسەڭ سەۋر قىلغىن، ھەسرىتىڭ ئەجرىڭنى بىكار قىلىۋەتمىسۇن، ئۇنداق بولۇپ قالسا، كېيىن نادامەتكە قالىسەن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ھەسرەت ئۆلۈكنى قايتۇرالمايدۇ، قايغۇنى كەتكۈزەلمەيدۇ. كەلگۈلۈك كەلدى، ۋەسسالام!»[1]

(«ئەلكەبىر»؛ «ئەلئەۋسەت»: 155/20)

2637 - عن أنس رضي الله عنه قال: لما قبض رسول الله صلى الله عليه وسلم قعد أصحابه حزان يبكون حوله فجاء رجل طويل صبيح فصيح في إزار ورداء أشعر المنكـبين والصدر فتخطى أصحاب رسول الله صلى الله عليه وسلم حG أخذ بعضادي الباب فبكى على رسول الله صلى الله عليه وسلم ساعة ثم قال: إن في الله عزاء من كل مصيبة وخلفاً من كل هالك وعوضاً من كل ما فات فإلى الله فأنيبوا وإليه فارغبوا فإيا المصاب مـن B ƶبره الثواب. فقال القوم: تعرفون الرجلÝ فنظروا ƹيناً و5الاً فلم يروا أحداً فقـال أبـو بكر: هذا ا‌ۨضر أخو النF صلى الله عليه وسلم.

2637 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، ساھابىلار قاتتىق قايغۇرغان ھالدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىغا ئولىشىپ يىغلاشقا باشلىدى. توساتتىنلا ئېگىز بويلۇق،

[1] ھەيسەمى (3956): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇجاشىئ ئىبنى ئەمر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

بەستلىك، ناھايىتى كېلىشكەن، يارىشىملىق كىيىنىۋالغان بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ ساھابىلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن:

ـ الله ھەرقانداق مۇسىبەتنىڭ تەسەللىسى، ھەربىر ئۆلگۈچىنىڭ ئورۇنباسارى، ھەرقانداق يوقىلىشنىڭ ئورنىنى تولدۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت اللهقىلا يۈزلىنىڭلار، اللهقىلا تايىنىڭلار. بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئەجىرگە ئېرىشەلمىگەن كىشى ئەڭ چوڭ زىيانكاردۇر، ـ دېدى. ساھابىلەر بىر ـ بىرىدىن:

ـ ئۇنى تونۇمسىلەر؟ ـ دەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇ كىشى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا:

ـ ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېرىندىشى خىزىر ئەلەيھىسسالامدۇر، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2638 - عَنْ أَنسِ ْبنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ حَدثَهُمْ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْعَبْدَ إِذَا وُضِعَ فِي قَبْرِهِ وَتَوَلى عَنْهُ أَصْحَابُهُ وَإِنهُ لَيَسْمَعُ قَرْعَ نِعَالِهِمْ أَتَاهُ مَلَكَانِ فَيُقْعِدَانِهِ فَيَقُولَانِ مَا كُنْتَ تَقُولُ فِي هَذَا الرجُلِ لِمُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَما الْمُؤْمِنُ فَيَقُولُ أَشْهَدُ أَنهُ عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ فَيُقَالُ لَهُ انْظُرْ إِلَى مَقْعَدِكَ مِنْ النارِ قَدْ أَبْدَلَكَ اللهُ بِهِ مَقْعَدًا مِنْ الْجَنةِ فَيَرَاهُمَا جَمِيعًا قَالَ قَتَادَةُ وَذُكِرَ لَنَا أَنهُ يُفْسَحُ لَهُ فِي قَبْرِهِ ثُم رَجَعَ إِلَى حَدِيثِ أَنسٍ قَالَ وَأَما الْمُنَافِقُ وَالْكَافِرُ فَيُقَالُ لَهُ مَا كُنْتَ تَقُولُ فِي هَذَا الرجُلِ فَيَقُولُ لَا أَدْرِي كُنْتُ أَقُولُ مَا يَقُولُ الناسُ فَيُقَالُ لَا دَرَيْتَ وَلَا تَلَيْتَ وَيُضْرَبُ بِمَطَارِقَ مِنْ حَدِيدٍ ضَرْبَةً فَيَصِيحُ صَيْحَةً يَسْمَعُهَا مَنْ يَلِيهِ غَيْرَ الثقَلَيْنِ.

2638 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

[1] ھەيسەمى (3957): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇبباد ئىبنى ئابدۇسسەمەد ئەبۇ مەئمەر ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام بۇخارى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېيىت قەبرىگە قويۇلۇپ، قېرىنداشلىرى قايتىپ ماڭغاندا، (مېيىت) ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلايدۇ. شۇ پەيتتە ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە:

— بۇ كىشى (يەنى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھەققىدە قانداق قارايتتىڭ؟ - دەپ سورايدۇ. ئەگەر ئۇ مۆئمىن بولسا:

- ئۇ اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنىدىم، - دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا:

- دوزاختىكى ئورنۇڭغا قاراپ باق، الله ئۇنى ساڭا جەننەتتىن بىر ئورۇنغا ئالماشتۇرۇپ بەردى، - دەيدۇ. ئۇ جەننەتنى ۋە دوزاخنى كۆرىدۇ. (قەتادەنىڭ رىۋايىتىدە: شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسى كېڭەيتىپ بېرىلىدۇ، - دېيىلگەن). ئەگەر ئۇ مۇناپىق ۋە ياكى كاپىر بولسا، پەرىشتىلەر:

- بۇ كىشى ھەققىدە قانداق قارايتتىڭ؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ:

- مەن بىلمەيمەن، باشقىلار نېمە دېگەن بولسا، شۇنى دەيتتىم، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭغا:

— سەن ئۇنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمىدىڭ، ئۇنىڭغىمۇ ئەگەشمىگەنىدىڭ، - دېيىلىدۇ ۋە تۆمۈر بولقا بىلەن ئۇرۇلىدۇ. ئاغرىققا چىدىمىغان ئۇ ئادەم شۇنداق ۋارقىرايدۇكى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنسان بىلەن جىندىن باشقا بارلىق مەۋجۇدات ئاڭلايدۇ».

(بۇخارى: 1374)

2639 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قُبِرَ الْمَيتُ أَوْ قَالَ أَحَدُكُمْ أَتاهُ مَلَكَانِ أَسْوَدَانِ أَزْرَقَانِ يُقَالُ لِأَحَدِهِمَا الْمُنْكَرُ وَالْآخَرُ النكِيرُ فَيَقُولَانِ مَا كُنْتَ تَقُولُ فِي هَذَا الرجُلِ فَيَقُولُ مَا كَانَ يَقُولُ هُوَ عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ فَيَقُولَانِ قَدْ كُنا نَعْلَمُ أَنكَ تَقُولُ هَذَا ثُم يُفْسَحُ لَهُ فِي قَبْرِهِ سَبْعُونَ ذِرَاعًا فِي سَبْعِينَ ثُم يُنَورُ لَهُ فِيهِ ثُم يُقَالُ لَهُ نَمْ فَيَقُولُ أَرْجِعُ إِلَى أَهْلِي فَأُخْبِرُهُمْ فَيَقُولَانِ نَمْ كَنَوْمَةِ الْعَرُوسِ الذِي لَا يُوقِظُهُ إِلا أَحَب أَهْلِهِ إِلَيْهِ حَتى يَبْعَثَهُ اللهُ مِنْ مَضْجَعِهِ

ذَلِكَ وَإِنْ كَانَ مُنَافِقًا قَالَ سَمِعْتُ النَاسَ يَقُولُونَ فَقُلْتُ مِثْلَهُ لَا أَدْرِي فَيَقُولَانِ قَدْ كُنَا نَعْلَمُ أَنَكَ تَقُولُ ذَلِكَ فَيُقَالُ لِلْأَرْضِ الْتَئِمِي عَلَيْهِ فَتَلْتَئِمُ عَلَيْهِ فَتَخْتَلِفُ فِيهَا أَضْلَاعُهُ فَلَا يَزَالُ فِيهَا مُعَذَبًا حَتى يَبْعَثَهُ اللهُ مِنْ مَضْجَعِهِ ذَلِكَ.

2639 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، مۇنكەر ۋە نەكىر ئىسىملىك، چېقىر كۆزلۈك، قاپقارا ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىدۇ. ئۇ ئىككىسى:

ـ سەن بۇ كىشى توغرۇلۇق نېمە دەيتتىڭ؟ ـ دەپ سورايدۇ، ئۇ:

ـ ئۇ، اﷲنىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى. بىر اﷲتىن باشقا ھېچبىر مەئبۇدنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ اﷲنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەتتىم، ـ دەيدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتە:

ـ بىز سېنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىڭنى بىلەتتۇق، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70، كەڭلىكى 70 گەز كېڭەيتىلىپ، نۇرلاندۇرۇپ بېرىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا:

ـ سەن ئارام ئالغىن! ـ دېيىلىدۇ. ئۇ:

ــ مەن ئائىلەمگە قايتىپ، ئۇلارغا (بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى) يەتكۈزىمەن، ـ دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا يەنە:

ـ سەن يېڭى توي قىلغان، ئەڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسىدىن باشقا ھېچكىم ئويغۇتالمايدىغان يىگىتكە ئوخشاش ئۇخلىغىن! ـ دەيدۇ. تاكى اﷲ ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگىچە، ئۇ شۇ ھالەتتە قالىدۇ.

ئەگەر ئۇ مۇناپىق بولسا:

ــ مەن باشقىلاردىن نېمىنى ئاڭلىغان بولسام، شۇنى دېدىم. باشقىسىنى ئۇقمايمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرىشتىلەر:

ــ بىز سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق، ـ دەيدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسىگە:

ـ ئى قەبرە! يىغىلغىن، تارلىغىن! ــ دېيىلىدۇ. قەبرە يىغىلىپ،

ئۈنىڭ ئۈستىخانلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. تاكى الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگىچە، ئۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ[1].
(تىرمىزى: 1071)

2640 - عن أبي هريرة رفعه: إن المؤمن تكون الصلاة عند رأسه، والزكاة عن يمينه والصوم عن شماله وفعل البر والمعروف عند رجليه فيؤتى من قبل رأسه فتقول الصلاة ليس قبلي مدخل كذا من كل جهة يقول الذي فيه ليس من قبلي مدخل.

2640 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، مۆئمىنىنىڭ نامىزى ئۇنىڭ باش تەرىپىدە، زاكىتى ئوڭ تەرىپىدە، روزىسى سول تەرىپىدە، قالغان ياخشىلىقلىرى ئاياغ تەرىپىدە بولىدۇ. ناماز ئۇنىڭغا باش تەرەپتىن يېقىنلاشماقچى بولغانلارغا:

ــ بۇ تەرەپتىن يېقىنلىشالمايسەن، ـ دەيدۇ. باشقا ئەمەللىرىمۇ ئۇنىڭغا ئۆزى تەرەپتىن يېقىنلاشماقچى بولغانلارغا شۇنداق دەيدۇ[2].
(«ئەلئەۋسەت»: 2651)

2641- عن عَبْد اللهِ بن بَحِيرٍ أَنَّهُ سَمِعَ هَانِئًا مَوْلَى عُثْمَانَ قَالَ كَانَ عُثْمَانُ إِذَا وَقَفَ عَلَى قَبْرٍ بَكَى حَتى يَبُلَّ لِحْيَتَهُ فَقِيلَ لَهُ تُذْكَرُ الْجَنةُ وَالنارُ فَلَا تَبْكِي وَتَبْكِي مِنْ هَذَا فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْقَبْرَ أَولُ مَنْزِلٍ مِنْ مَنَازِلِ الْآخِرَةِ فَإِنْ نَجَا مِنْهُ فَمَا بَعْدَهُ أَيْسَرُ مِنْهُ وَإِنْ لَمْ يَنْجُ مِنْهُ فَمَا بَعْدَهُ أَشَد مِنْهُ قَالَ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا رَأَيْتُ مَنْظَرًا قَط إِلا الْقَبْرُ أَفْظَعُ مِنْه.

2641 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بەھىير مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ھانىئىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرە بېشىغا بېرىپ قالسا،

[1] ئەلبانى (856): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4269): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

ساقىلى ھۆل بولۇپ كەتكىچە يىغلايتتى. ئۇنىڭدىن:

— سەن جەننەت بىلەن دوزاخ زىكرى قىلىنسا يىغلىمايسەن، بۇنىڭغا يىغلامسەن؟ - دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

— پەيغەمبەرسەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەبرە ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى تۇنجى ئورنى بولۇپ، ئەگەر شۇ يەردىن قۇتۇلسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئاسان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردىن قۇتۇلالمىسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى تېخىمۇ تەس. مەن قەبرىدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق يەر كۆرمىدىم» دېگەنىدى، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 2308)

2642 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ مَا زِلْنَا نَشُكُ فِي عَذَابِ الْقَبْرِ حَتى نَزَلَتْ أَلْهَاكُمْ التكَاثُرُ.

2642 - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تەكاسۇر سۈرىسى نازىل بولغىچە، بىز قەبرە ئازابىدىن شەك قىلاتتۇق[2].

(تىرمىزى: 3355)

2643 - عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُسَلطُ عَلَى الْكَافِرِ فِي قَبْرِهِ تِسْعَةٌ وَتِسْعُونَ تِنيِنًا تَنْهَشُهُ وَتَلْدَغُهُ حَتى تَقُومَ الساعَةُ وَلَوْ أن تِنيِنًا مِنْهَا نَفَخَ فِي الْأَرْضِ مَا نَبَتَتْ خَضْرَاءُ.

2643 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كاپىرنىڭ قەبرىسىنى ناھايىتى چوڭ 99 يىلان قورشىۋېلىپ، تاكى قىيامەت بولغىچە ئۇنى چىشلەيدۇ ۋە چاقىدۇ. ئەگەر شۇ يىلاندىن بىرەرسى زېمىنغا (زەھىرىنى) چاچىدىغان بولسا، زېمىندا ئۆسۈملۈكتىن ئەسەر قالمايدۇ».

(دارىمى: 2815)

[1] ئەلبانى (1878): ھەسەن، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (665): سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

2644 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا مَرَّ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى قَبْرَيْنِ فَقَالَ إِنَّهُمَا لَيُعَذَّبَانِ وَمَا يُعَذَّبَانِ مِنْ كَبِيرٍ ثُمَّ قَالَ بَلَى أَمَّا أَحَدُهُمَا فَكَانَ يَسْعَى بِالنَّمِيمَةِ وَأَمَّا أَحَدُهُمَا فَكَانَ لَا يَسْتَتِرُ مِنْ بَوْلِهِ قَالَ ثُمَّ أَخَذَ عُودًا رَطْبًا فَكَسَرَهُ بِاثْنَتَيْنِ ثُمَّ غَرَزَ كُلَّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا عَلَى قَبْرٍ ثُمَّ قَالَ لَعَلَّهُ يُخَفَّفُ عَنْهُمَا مَا لَمْ يَيْبَسَا.

2644 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

«بۇ ئىككىسى قەبرىدە ئازابلىنىۋاتىدۇ. ئەمما چوڭ گۇناھ تۈپەيلىدىن ئەمەس، بۇلارنىڭ بىرسى سۇخەنچىلىك قىلاتتى، يەنە بىرسى سۈيدۈكگە دىققەت قىلمايتتى» دېدى ۋە ھۆل شاختىن بىرنى ئېلىپ ئىككى پارچە قىلىپ، ھەر بىرىنى بىردىن قەبرىگە سانجىپ قويدى، ئاندىن:

«بۇ ئىككىسىنىڭ ئازابى مۇشۇ شاخ قۇرۇپ كەتكىچە بولسىمۇ يېنىكلىشى مۇمكىن» دېدى.

(بۇخارى: 1378)

2645 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ دَخَلَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُصَلَّاهُ فَرَأَى نَاسًا كَأَنَّهُمْ يَكْتَشِرُونَ قَالَ أَمَا إِنَّكُمْ لَوْ أَكْثَرْتُمْ ذِكْرَ هَاذِمِ اللَّذَّاتِ لَشَغَلَكُمْ عَمَّا أَرَى فَأَكْثِرُوا مِنْ ذِكْرِ هَاذِمِ اللَّذَّاتِ الْمَوْتِ فَإِنَّهُ لَمْ يَأْتِ عَلَى الْقَبْرِ يَوْمٌ إِلَّا تَكَلَّمَ فِيهِ فَيَقُولُ أَنَا بَيْتُ الْغُرْبَةِ وَأَنَا بَيْتُ الْوَحْدَةِ وَأَنَا بَيْتُ التُّرَابِ وَأَنَا بَيْتُ الدُّودِ فَإِذَا دُفِنَ الْعَبْدُ الْمُؤْمِنُ قَالَ لَهُ الْقَبْرُ مَرْحَبًا وَأَهْلًا أَمَا إِنْ كُنْتَ لَأَحَبَّ مَنْ يَمْشِي عَلَى ظَهْرِي إِلَيَّ فَإِذْ وُلِّيتُكَ الْيَوْمَ وَصِرْتَ إِلَيَّ فَسَتَرَى صَنِيعِيَ بِكَ قَالَ فَيَتَّسِعُ لَهُ مَدَّ بَصَرِهِ وَيُفْتَحُ لَهُ بَابٌ إِلَى الْجَنَّةِ وَإِذَا دُفِنَ الْعَبْدُ الْفَاجِرُ أَوْ الْكَافِرُ قَالَ لَهُ الْقَبْرُ لَا مَرْحَبًا وَلَا أَهْلًا أَمَا إِنْ كُنْتَ لَأَبْغَضَ مَنْ يَمْشِي عَلَى ظَهْرِي إِلَيَّ فَإِذْ وُلِّيتُكَ الْيَوْمَ وَصِرْتَ إِلَيَّ فَسَتَرَى صَنِيعِيَ بِكَ قَالَ فَيَلْتَئِمُ عَلَيْهِ حَتَّى يَلْتَقِيَ عَلَيْهِ وَتَخْتَلِفَ أَضْلَاعُهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِأَصَابِعِهِ فَأَدْخَلَ بَعْضَهَا فِي جَوْفِ بَعْضٍ قَالَ وَيُقَيِّضُ اللَّهُ لَهُ سَبْعِينَ تِنِّينًا لَوْ أَنَّ وَاحِدًا مِنْهَا نَفَخَ فِي الْأَرْضِ مَا

أُنْبَتتْ شَيْئًا مَا بَقِيَتْ الدنْيا فَيَنْهَشْنُهُ وَيَخْدِشْنُهُ حَتى يُفْضَى بِهِ إِلَى الْحِسَابِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا الْقَبْرُ رَوْضَةٌ مِنْ رِيَاضِ الْجَنةِ أَوْ حُفْرَةٌ مِنْ حُفَرِ النارِ.

2645 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە چىقتى ۋە جامائەتنىڭ توختىماي سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

«ئەگەر ئۆلۈمنى كۆپ ياد ئەتكەن بولساڭلار، بۇنچىۋالا كۆپ سۆزلەشمىگەن بولاتتىڭلار. ئۆلۈمنى كۆپ ياد ئېتىڭلار! قەبرە ھەر كۈنى: مەن يالغۇزلۇق، غېرىبلىق، چاڭ ـ توزانلىق ۋە قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئۆيىمەن، ـ دەيدۇ. ئەگەر مۇئمىن كىشى دەپنە قىلىنسا، قەبرە ئۇنىڭغا: سېنى قارشى ئالىمەن، خۇش كەپسەن، سەن مېنىڭ ئۈستۈمدە ماڭىدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدىڭ، بۈگۈن مېنىڭ قېشىمغا كەلدىڭ. مەن ساڭا مەسئۇل، مېنىڭ ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن، ـ دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن يەرگىچە كېڭىيىپ بېرىدۇ. ئۇ يەردىن جەننەتكە تۈتاش ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئەگەر گۇناھكار ۋە ياكى كاپىر دەپنە قىلىنسا، قەبرە ئۇنىڭغا: نېمىشقا كەلدىڭ؟ سەن بۇ يەردە قارشى ئېلىنمايسەن. سەن مېنىڭ ئۈستۈمدە ماڭىدىغانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئىدىڭ، بۈگۈن سەن مېنىڭ قېشىمغا كەلدىڭ. مەن ساڭا مەسئۇل، سەن مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قەبرىنىڭ بىر تەرىپى يەنە بىر تەرىپىگە تۇتۇشۇپ بىرلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىخانلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ: «مانا مۇشۇنداق» دېدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

«الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ 70 يىلاننى بەلگىلەپ ئەۋەتىدۇ. ئەگەر شۇ يىلانلارنىڭ بىرەرسى زېمىنغا زەھرىنى چاچىدىغان بولسا، زېمىندا جانلىق ۋە ئۆسۈملۈكتىن ئەسەر قالمايدۇ. يىلانلار ئۇنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھەر تەرەپتىن چىشلەپ، چېقىپ تۇرىدۇ». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېدى:

«شۈبھىسىزكى، قەبرە يا جەننەت باغچىلىرىدىن بىرى ياكى دوزاخ ئازگاللىرىدىن بىرى بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2460)

2646 - عَنْ أَبِي رَافِعٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ، قَالَ: بَيْنَمَا أَنَا مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم فِي بَقِيعِ الْغَرْقَدِ، وَأَنَا أَمْشِي خَلْفَهُ، إِذْ قَالَ: لاَ هُدِيتَ وَلاَ اهْتَدَيْتَ، لاَ هُدِيتَ وَلاَ اهْتَدَيْتَ، لاَ هُدِيتَ وَلاَ اهْتَدَيْتَ، قَالَ أَبُو رَافِعٍ: مَا لِي يَا رَسُولَ اللَّهِ؟ قَالَ: لَسْتُ إِيَّاكَ أُرِيدُ، وَلَكِنْ أُرِيدُ صَاحِبَ هَذَا الْقَبْرِ، وَسُئِلَ عَنِّي، فَزَعَمَ أَنَّهُ لاَ يَعْرِفُنِي، فَإِذَا قَبْرٌ مَرْشُوشٌ عَلَيْهِ مَاءٌ حِينَ دُفِنَ صَاحِبُهُ.

2646 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدىن بەقىئۇلغەرقەد دېگەن قەبرىستانلىقتا كېتىپ باراتتىم، ئۇ بىردىنلا:

ـ سەن ھىدايەت قىلىنمىدىڭ، ھىدايەتمۇ تاپمىدىڭ، سەن ھىدايەت قىلىنمىدىڭ، ھىدايەتمۇ تاپمىدىڭ، سەن ھىدايەت قىلىنمىدىڭ، ھىدايەتمۇ تاپمىدىڭ، ـ دېدى. مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن سېنى دېمىدىم، ماۋۇ قەبرىدە ياتقان بەندىگە دەۋاتىمەن. ئۇ مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىم توغرۇلۇق سورالسا: بىلمەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ـ دېدى. قارىسام، دەپنە قىلىنغان چاغدا، قەبرىسىگە سۇ سېپىلگەن بىر قەبرە تۇرىدۇ[2].

(بەززار: 869؛ «ئەلكەبىر»)

2647 - عن أبى سعيد الخدرى رضى الله عنه قال كنت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم في سفر وهو يسير على راحلته فنفرت قلت يارسول الله ما شأن راحلتك

[1] ئەلبانى (437): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4273): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

نفرت قال إنا سمعت صوت رجل يعذب في قبره فنفرت لذلك.

2647ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر سەپەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە كېتىۋاتاتتىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە ئىدى، ئۇلىغى بىردىنلا ھۈركۈپ كەتتى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلىغىڭىزغا نېمە بولدى؟ ھۈركۈپ كەتتىغۇ؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ئۇ، قەبرىدە ئازابلىنىۋاتقان بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھۈركۈپ كەتتى، ـ دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

2648 - عَنْ الْبَرَاءِ عَنْ أَبِي أَيوبَ قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ مَا غَرَبَتْ الشمْسُ فَسَمِعَ صَوْتًا فَقَالَ يَهُودُ تُعَذبُ فِي قُبورِهَا.

2648 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن پاتقاندا سىرتقا چىقتى، بىر ئاۋاز ئاڭلانغانىدى:

«بىر يەھۇدىي قەبرىسىدە ئازابلىنىۋاتىدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 2869)

2649 - عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَمِعَ صَوْتًا مِنْ قَبرٍ فَقَالَ مَتَى مَاتَ هَذَا قَالُوا مَاتَ فِي الْجَاهِلِيةِ فَسُر بِذَلِكَ وَقَالَ لَوْلَا أَنْ لَا تَدَافَنوا لَدَعَوْتُ اللهَ أَنْ يُسْمِعَكُمْ عَذَابَ الْقَبرِ.

2649 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قەبرىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ:

---

[①] ھەيسەمى (4290): بۇ ھەدىسنى تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جابىر جۇئفى ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭغا ھەرخىل باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

ـ بۇ قەبرىنىڭ ئىگىسى قاچان ۋاپات بولغان؟ ـ دەپ سورىدى:

ـــ جاھىلىيەتتە، ـ دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ جاۋابتىن سۆيۈندى ۋە:

«(قەبرىدىكى ئازابتىن قورقۇپ) بىر ـ بىرىڭلارنى دەپنە قىلماي تاشلاپ قويۇشۇڭلاردىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، الله تائالاغا دۇئا قىلىپ، بۇ قەبرىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى سىلەرگىمۇ ئاڭلىتىپ قويغان بولاتتىم» دېدى.

(مۇسلىم: 2868)

2650 - قَالَ سُلَيْمَانُ بْنُ صُرَدٍ لِخَالِدِ بْنِ عُرْفُطَةَ أَوْ خَالِدٌ لِسُلَيْمَانَ أَمَا سَمِعْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ قَتَلَهُ بَطْنُهُ لَمْ يُعَذبْ فِي قَبْرِهِ فَقَالَ أَحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ نَعَمْ.

2650 ـ سۇلايمان ئىبنى سۇرەد خالىد ئىبنى ئۇرفۇتەگە (ياكى خالىد ئىبنى ئۇرتۇفە سۇلايمان ئىبنى سۇرەدگە) سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«كىم قورساق ئاغرىقىدىن ئۆلسە، ئۇنىڭغا قەبرىسىدە ئازاب قىلىنمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇ:

ـ شۇنداق، ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 1064)

2651 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَمُوتُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ أَوْ لَيْلَةَ الْجُمُعَةِ إِلا وَقَاهُ اللهُ فِتْنَةَ الْقَبْرِ.

2651ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق خۇش خەۋەر بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان جۈمە كۈنى ياكى جۈمە كېچىسى ۋاپات

[①] ئەلبانى (849): سەھىھ ـ دېگەن.

بولسا، الله ئۇنى قەبرە ئازابىدىن ساقلايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1074)

2652 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَفْسُ الْمُـؤْمِنِ مُعَلقَةٌ بِدَيْنِهِ حَتى يُقْضَى عَنْهُ.

2652 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇئمىن بەندىنىڭ جېنى تاكى قەرزى تۆلەنگىچە (قەرزىگە) ئېسىقلىق تۇرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1078)

2653 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَائِرَاتِ الْقُبُـورِ وَالْمُتخِذِينَ عَلَيْهَا الْمَسَاجِدَ وَالسرُجَ.

2653 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىنى زىيارەت قىلغان ئاياللارغا، قەبرىنى مەسجىد قىلىۋالغانلارغا ۋە قەبرىدە شام ـ چىراغ ياققانلارغا لەنەت ئېيتتى[3].

(تىرمىزى: 320)

2654 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ بَيْنَمَا نَحْنُ نَسِيرُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ بَصُرَ بِامْرَأَةٍ لَا تَظُن أَنهُ عَرَفَهَا فَلَما تَوَسطَ الطرِيقَ وَقَفَ حَتى انْتَهَتْ إِلَيْـهِ فَـإِذَا فَاطِمَةُ بِنْتُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَهَا مَا أَخْرَجَكِ مِنْ بَيْتِكِ يَا فَاطِمَةُ قَالَتْ أَتَيْتُ أَهْلَ هَذَا الْمَيتِ فَتَرَحمْتُ إِلَيْهِمْ وَعَزيْتُهُمْ بِمَيتِهِمْ قَالَ لَعَلكِ بَلَغْتِ مَعَهُـمْ الْكُـدَى قَالَتْ مَعَاذَ اللهِ أَنْ أَكُونَ بَلَغْتُهَا وَقَدْ سَمِعْتُكَ تَذْكُرُ فِي ذَلِكَ مَا تَذْكُرُ فَقَالَ لَهَا لَوْ بَلَغْتِهَا مَعَهُمْ مَا رَأَيْتِ الْجَنةَ حَتى يَرَاهَا جَد أَبِيكِ للنسائي ولأبي داود بقصة وفيهـا: الكـدى

[1] ئەلبانى (858): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (860): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (51): زەئىپ، ـ دېگەن.

القبور.

2654 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە كېتىۋاتاتتۇق، يولدا بىز تەرەپكە كېلىۋاتقان بىر ئايال كۆرۈندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىراقتىن ئۇ ئايالنى تونىمىدى. بىز يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ تۇردۇق. ئۇ ئايال يېقىنلاشقاندا قارىساق، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە ئىكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى فاتىمە! نەگە باردىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ مەن بىر مېيىت ئائىلىسىگە تەسەللىي بېرىپ، الله تائالادىن رەھمەت تىلەپ كەلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلار بىلەن بىللە قەبرىستانلىققا بارغان ئوخشىمامسەن؟ ـ دەپ سورىدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ياق، ئۇنداق قىلىشتىن اللهقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. مەن سەندىن بۇ توغرۇلۇق كۆپ ئاڭلىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر ئۇلار بىلەن بىرگە بارغان بولساڭ، تاكى داداڭنىڭ بوۋىسى جەننەتنى كۆرمىگىچە، جەننەتنى كۆرەلمىگەن بولاتتىڭ، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 1880)

2655 - عَنْ عَلِي قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا نِسْوَةٌ جُلُوسٌ قَالَ مَا يُجْلِسُكُن قُلْنَ نَنْتَظِرُ الْجِنَازَةَ قَالَ هَلْ تَغْسِلْنَ قُلْنَ لَا قَالَ هَلْ تَحْمِلْنَ قُلْنَ لَا قَالَ هَلْ تُدْلِينَ فِيمَنْ يُدْلِي قُلْنَ لَا قَالَ فَارْجِعْنَ مَأْزُورَاتٍ غَيْرَ مَأْجُورَاتٍ.

2655 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ، بىر توپ ئاياللارنىڭ بىر

[①] ئەلبانى (113): زەئىپ، ـ دېگەن.

يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە:

ــ سىلەر نېمە ئۈچۈن ئولتۇردۇڭلار؟ ـ دەپ سورىدى. ئاياللار:

ـــ بىز جىنازىنى ساقلاۋاتىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەر ئۇنى يۇماقچىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى:

ــ ياق، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ــ جىنازىنى كۆتۈرمەكچىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى:

ــ ياق، ـ دېيىشتى.

ــ ئۇنداقتا، لەھەتكە قويماقچىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، يەنە:

ياق، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنداقتا، سىلەر ساۋابقا ئېرىشمىگەنىڭ ئۈستىگە، گۇناھكار بولۇپ قايتقۇدەكسىلەر، ـ دېدى[①].

(ئىبنى ماجە: 1578)

2656 - عَنْ ابْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَيْتُكُمْ عَنْ زِيَارَةِ الْقُبورِ فَزُورُوهَا فَإِن فِي زِيَارَتِهَا تَذْكِرَةً.

2656 ـ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مەن سىلەرنى قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ، چۈنكى قەبرە ئىنسانغا ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ».

(ئەھمەد: 1240)

2657 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَأْذَنْتُ رَبي أَنْ أَسْتَغْفِرَ لِأُمي فَلَمْ يَأْذَنْ لِي وَاسْتَأْذَنْتُهُ أَنْ أَزُورَ قَبْرَهَا فَأَذِنَ لِي وفي رواية: فزوروا القبور.

[①] ئەلبانى (344): زەئىپ، ـ دېگەن.

2657 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مەن اللهتىن ئانامغا ئىستىغفار ئېيتىشنى سورىدىم، ماڭا رۇخسەت بەرمىدى. قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت سورىسام، ماڭا رۇخسەت بەردى» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە:

«قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار!» دېدى.

(مۇسلىم: 976)

2658- ولرزين: «أن رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- أتى قبر أمه بـالأبواء في ألف مقنع، فبكى، وأبكى من حوله».

2658 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىڭ كىشى بىلەن ئانىسىنىڭ ئەبۋا دېگەن جايدىكى قەبرىسىگە كېلىپ يىغلىدى ھەم ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ يىغلاتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2659 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلَمَ: "مَـنْ زَارَ قَبْرَ أَبَوَيْهِ أَوْ أَحَدِهِمَا فِي كُل جُمُعَةٍ غُفِرَ لَهُ وَكُتِبَ بَرا".

2659ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھەر جۈمە كۈنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى ئۇ ئىككىسىدىن بىرسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدۇ ۋە ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ قاتارىدىن يېزىلىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 955)

2660 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ قَيْسِ بْنِ مَخْرَمَةَ بْنِ الْمُطلِبِ أَنهُ قَالَ يَوْمًا أَلَا أُحَدثُكُمْ عَني

[1] ھەيسەمى (4312): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلكەرىم ئەبۇ ئۇمەييە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ـ دېگەن.

وَعَنْ أُمي قَالَ فَظَنَنا أَنهُ يُرِيدُ أُمهُ التِي وَلَدَتْهُ قَالَ قَالَتْ عَائِشَةُ أَلَا أُحَدثُكُمْ عَني وَعَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْنَا بَلَى قَالَ قَالَتْ لَما كَانَتْ لَيْلَتِي التِي كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهَا عِنْدِي انْقَلَبَ فَوَضَعَ رِدَاءَهُ وَخَلَعَ نَعْلَيْهِ فَوَضَعَهُمَا عِنْدَ رِجْلَيْهِ وَبَسَطَ طَرَفَ إِزَارِهِ عَلَى فِرَاشِهِ فَاضْطَجَعَ فَلَمْ يَلْبَثْ إِلا رَيْثَمَا ظَن أَنْ قَدْ رَقَدْتُ فَأَخَذَ رِدَاءَهُ رُوَيْدًا وَانْتَعَلَ رُوَيْدًا وَفَتَحَ الْبَابَ فَخَرَجَ ثُم أَجَافَهُ رُوَيْدًا فَجَعَلْتُ دِرْعِي فِي رَأْسِي وَاخْتَمَرْتُ وَتَقَنعْتُ إِزَارِي ثُم انْطَلَقْتُ عَلَى إِثْرِهِ حَتى جَاءَ الْبَقِيعَ فَقَامَ فَأَطَالَ الْقِيَامَ ثُم رَفَعَ يَدَيْهِ ثَلَاثَ مَراتٍ ثُم انْحَرَفَ فَانْحَرَفْتُ فَأَسْرَعَ فَأَسْرَعْتُ فَهَرْوَلَ فَهَرْوَلْتُ فَأَحْضَرَ فَأَحْضَرْتُ فَسَبَقْتُهُ فَدَخَلْتُ فَلَيْسَ إِلا أَنْ اضْطَجَعْتُ فَدَخَلَ فَقَالَ مَا لَكِ يَا عَائِشُ حَشْيَا رَابِيَةً قَالَتْ قُلْتُ لَا شَيْءَ قَالَ لَتُخْبِرِينِي أَوْ لَيُخْبِرَني اللطِيفُ الْخَبِيرُ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أَنْتَ وَأُمي فَأَخْبَرْتُهُ قَالَ فَأَنْتِ السوَادُ الذِي رَأَيْتُ أَمَامِي قُلْتُ نَعَمْ فَلَهَدَنِي فِي صَدْرِي لَهْدَةً أَوْجَعَتْنِي ثُم قَالَ أَظَنَنْتِ أَنْ يَحِيفَ اللهُ عَلَيْكِ وَرَسُولُهُ قَالَتْ مَهْمَا يَكْتُمِ الناسُ يَعْلَمْهُ اللهُ نَعَمْ قَالَ فَإِن جِبْرِيلَ أَتَانِي حِينَ رَأَيْتِ فَنَادَانِي فَأَخْفَاهُ مِنْكِ فَأَجَبْتُهُ فَأَخْفَيْتُهُ مِنْكِ وَلَمْ يَكُنْ يَدْخُلُ عَلَيْكِ وَقَدْ وَضَعْتِ ثِيَابَكِ وَظَنَنْتُ أَنْ قَدْ رَقَدْتِ فَكَرِهْتُ أَنْ أُوقِظَكِ وَخَشِيتُ أَنْ تَسْتَوْحِشِي فَقَالَ إِن رَبكَ يَأْمُرُكَ أَنْ تَأْتِيَ أَهْلَ الْبَقِيعِ فَتَسْتَغْفِرَ لَهُمْ قَالَتْ قُلْتُ كَيْفَ أَقُولُ لَهُمْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ قُولِي السلَامُ عَلَى أَهْلِ الديَارِ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُسْلِمِينَ وَيَرْحَمُ اللهُ الْمُسْتَقْدِمِينَ مِنا وَالْمُسْتَأْخِرِينَ وَإِنا إِنْ شَاءَ اللهُ بِكُمْ لَلَاحِقُونَ.

2660 ـ مۇھەممەد ئىبنى قەيس ئىبنى مەخرەمەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر كۈنى كۆپچىلىككە: مەن سىلەرگە ئۆزەم ۋە ئانام ھەققىدە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، بىز (كۆپچىلىك) ئۇنى ئۆز ئانىسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇق. بىراق ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ بىر كۈنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ مەن ئۆزەم ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. بىز:

ـ سۆزلەپ بەرگىن! ـ دېدۇق. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ بىر كېچىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

نۆۋىتى مەندە ئىدى. ئۇ، ئايىقىنى سېلىپ، ئاياغ تەرىپىگە قويدى. ئاندىن يەكتىكىنى سېلىپ، بىر تەرىپىنى ئاستىغا سېلىپ ياتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپ يەكتىكىنى ئېلىپ، ئايىقىنى كىيدى ۋە ئۇن ـ تىنسىز ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويدى. مەن لىچىمكىمنى بېشىمغا ئارتىپ، كىيىمىمگە يۆگىنىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ، بەقىئ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ئۇزۇنغىچە ئۆرە تۇردى. ئاندىن قولىنى ئۈچ قېتىم كۆتەرگەندىن كېيىن ماڭدى، مەنمۇ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇ تېز ماڭسا، مەنمۇ تېز ماڭدىم. يۇگۈرسە، يۇگۈردۈم. ئۆيىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆيگە كىرىپ، بۇرۇنقىدەك يېتىۋالدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ:

— ئى ئائىشە! نېمە بولدى، دۈگگە ياماشقاندەك ھاسىراپ كېتىپسەنغۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ھېچنېمە بولمىدى، ـ دېدىم.

ـ دەپ بەرگىن، بولمىسا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى الله دەپ بېرىدۇ، ـ دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ـ دېگىنىمچە ھەممىنى سۆزلەپ بەردىم.

ـ بايام ئالدىمدا كۆرۈنگەن قارا كۆلەڭگە سەنمىدىڭ؟ ـ دېدى.

— ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيدەمدىن بىرنى ئىتتىرىۋەتتى، مەيدەم ئاغرىپ كەتتى. ئاندىن:

— سەن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى زۇلۇم قىلامدىكىن دەپ گۇمان قىلدىڭمۇ؟ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى تاشلاپ باشقا خوتۇنلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟) ـ دېدى.

— ئىنسان ھەر قانچە مەخپىي ئىش قىلسىمۇ، الله ئۇنى بىلىپ

تۇرغۇچىدۇر، ـ دېدىم.

ـ توغرا ئېيتتىڭ، بايام جىبرىئىل كېلىپ، ساڭا تۇيدۇرماستىن، مېنى چاقىردى. مەنمۇ ساڭا تۇيدۇرماستىن جاۋاب بەردىم. سەن يېتىپ بولغان ئىدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيگە كىرمىدى. مەن سېنى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئويغاتمىدىم. ئەمما يالغۇز قېلىپ، قورقۇپ قېلىشىڭدىنمۇ ئەنسىرىدىم. جىبرىئىل پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى بەقىئ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ئۇلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئېيتتى، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن نېمە دەيمەن؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ «ئەسسالام ئەي قەبرە ئەھلى بولغان مۇئمىنلەر ۋە مۇسۇلمانلار! بىزدىن ئىلگىرى كەتكەنلەرگە ۋە كېيىن قالغانلارغا الله رەھمەت قىلسۇن. الله خالىسا، بىزمۇ پات ئارىدا سىلەرگە قوشۇلىمىز» دېسەڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 974)

2661 - وفي رواية: السلَامُ عَلَيْكُمْ دَارَ قَوْمٍ مُؤْمِنِينَ وَأَتَاكُمْ مَا تُوعَدُونَ غَدًا مُؤَجلُونَ وَإِنا إِنْ شَاءَ اللهُ بِكُمْ لَاحِقُونَ اللهُم اغْفِرْ لِأَهْلِ بَقِيعِ الْغَرْقَدِ.

2661 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى قەبرىدىكى مۇئمىنلەر! سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ئۆلۈم كەلدى، ئەمما قىيامەت كۈنى تېخى كەلمىدى. الله خالىسا، بىزمۇ پات ئارىدا سىلەرگە قوشۇلىمىز. ئى الله! بەقىئۇلغەرقەد ئەھلىنى مەغفىرەت قىلغىن!» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 974)

2662 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَأَنْ يَجْلِسَ أَحَدُكُمْ عَلَى جَمْرَةٍ فَتُحْرِقَ ثِيَابَهُ فَتَخْلُصَ إِلَى جِلْدِهِ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَجْلِسَ عَلَى قَبْرٍ.

2662ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلارنىڭ قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدىن چوغ ئۈستىدە

ئۆلتۈرۈپ، كىيىم ـ كېچىكىنى تاكى تېرىسىگىچە كۆيدۈرىۋالغىنى ياخشى».

(مۇسلىم: 971)

2663 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لأَنْ أَمْشِيَ عَلَى جَمْرَةٍ أَوْ سَيْفٍ أَوْ أَخْصِفَ نَعْلِي بِرِجْلِي أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ أَمْشِيَ عَلَى قَبْرِ مُسْلِمٍ وَمَا أُبَالِي أَوَسْطَ الْقُبُورِ قَضَيْتُ حَاجَتِي أَوْ وَسْطَ السوقِ.

2663 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چوغ ئۈستىدە ياكى قىلىچ ئۈستىدە مېڭىش ياكى ئايىغىمنى پۇتۇمغا چاپلاپ تىكىۋېتىشنى بىر مۇسۇلماننىڭ قەبرىسى ئۈستىدە مېڭىشتىن ئەۋزەل كۆرىمەن. ماڭا نىسبەتەن قەبرىستانلىقتا تەرەت سۇندۇرۇش بىلەن بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەرەت سۇندۇرۇشنىڭ (ئەخلاقىي جەھەتتىن) ھېچقانداق پەرقى يوق[1].

(ئىبنى ماجە: 1567)

2664 - عَنْ بَشِيرِ ابْنِ الْخَصَاصِيَةِ قَالَ بَيْنَمَا أَنَا أَمْشِي مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا ابْنَ الْخَصَاصِيَةِ مَا تَنْقِمُ عَلَى اللهِ أَصْبَحْتَ تُمَاشِي رَسُولَ اللهِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَنْقِمُ عَلَى اللهِ شَيْئًا كُل خَيْرٍ قَدْ آتَانِيهِ اللهُ فَمَر عَلَى مَقَابِرِ الْمُسْلِمِينَ فَقَالَ أَدْرَكَ هَؤُلَاءِ خَيْرٌ كَثِيرٌ ثُم مَر عَلَى مَقَابِرِ الْمُشْرِكِينَ فَقَالَ سَبَقَ هَؤُلَاءِ خَيْرًا كَثِيرًا قَالَ فَالْتَفَتَ فَرَأَى رَجُلًا يَمْشِي بَيْنَ الْمَقَابِرِ فِي نَعْلَيْهِ فَقَالَ يَا صَاحِبَ السِّبْتِيَّتَيْنِ أَلْقِهِمَا.

2664 ـ بەشىر ئىبنى خەساسىيە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە كېتىۋاتاتتىم:

ـ ئى ئىبنى خەساسىيە! سەن اللەنىڭ قايسى ئىشىدىن مەمنۇن ئەمەس؟ ھازىر اللەنىڭ رەسۇلى بىلەن كېتىۋاتىسەن (قانداق گېپىڭ بولسا ئېيتىۋەرگىن)، ـ دېدى. مەن:

[1] ئەلبانى (1273): سەھىھ ـ دېگەن.

ــــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! الله تائـالا ھەمــمە نەرســىنى بەرگەن تۇرسـا، مەن اللهتــن قانــداقمۇ مەمنــۇن بولـمــاي؟! ــ دېــدىم. پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ـ بۇلار ناھايىتى كـۆپ ياخشـىلىقتا ئېرىشـتى، ـ دېدى. ئارقىـدىنلا كاپىرلارنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ مانـا بۇلار كـۆپ ياخشـىلىقتىـن مەھـرۇم قالـدى، ـ دېدى ۋە بىـر كىشىنىڭ ئايىقى بىلەن قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدا چۆرگىلەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ:

ــــ ئەي كـاالا تېرىســـده ئايـاغ كـيىۋالغـان كىشــى! ئــايىقىڭنى سېلىۋەت! ـ دەپ ۋارقىرىدى[①].

(ئىبنى ماجە: 1568)

2665 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عَلِي ْبَنَ أَبِي طَالِبٍ كَانَ يَتَوَسدُ الْقُبُورَ وَيَضْطَجِعُ عَلْيَهَا.

2665 ـ مالىكقا يېتىشچە: ئەلى ئىبنـى ئەبۇ تالىـب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ قەبرىلەرنى تەكى قىلىپ ياتاتتى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

2666 - قَالَ نَافِعٌ كَانَ اْبنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَجْلِسُ عَلَى الْقُبُورِ.

2666 ـ نـافىئ رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: ئىبنــى ئــۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2667 - قَالَ عُثْمَانُ ْبنُ حَكِيمٍ أَخَذَ بِيَدِي خَارِجَةُ فَأَجْلَسَنِي عَلَى قَبْرٍ وَأَخْبَرَنِي عَنْ عَمِهِ يَزِيدَ ْبنِ ثَابِتٍ قَالَ إِنَمَا كُرِهَ ذَلِكَ لِمَنْ أَحْدَثَ عَلْيِهِ.

2667 ـ ئوسـمان ئىبنــى ھەكىـم مۇنـداق دەيـدۇ: خـارىجە مېنىــڭ قولۇمدىن تۇتۇپ قەبرىدە ئولتۇرغۇزۇپ، تاغىسى زەيد ئىبنـى سابىتنىڭ

[①] ئەلبانى (1274): ھەسەن. ـ دېگەن.

مۇنــداق دېگەنلىكىنــى رىــۋايەت قىلىــپ بەردى: «قەبــرە ئۈســتىدە ئولتۇرۇشنىڭ يامان ئىشلار قاتارىدا سانىلىشى ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ تەرەت سۇندۇرماقچى بولغان كىشىلەرگىلا قارىتىلغان ھۆكۈمدۇر».
(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2668 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَتْ تَقُولُ كَسْرُ عَظْمِ الْمُسْلِمِ مَيْتًا كَكَسْرِهِ وَهُوَ حَي تَعْنِي فِي الْإِثْمِ.

2668 ـ مالىكقــا يېتىشــچە: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيتتى: ۋاپات بولغان بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇستىخىنىنى سۇندۇرۇش بىلەن ئۇنى ھايات چېغىدا سۇندۇرۇشنىڭ (گۇناھ جەھەتتىن) قىلچە پەرقى يوق.
(مالىك رىۋايەت قىلغان)

2669 - عَنْ عَائِشَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن لِلْقَبْرِ ضَغْطَةً وَلَوْ كَانَ أَحَدٌ نَاجِيًا مِنْهَا نَجَا مِنْهَا سَعْدُ بْنُ مُعَاذٍ.

2669 ـ ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــادىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەكســىزكى، قەبــرە (مېيىتنــى) قــاتتىق قىســتايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولسا ئىدى، سەئد ئىبنى مۇئاز قۇتۇلاتتى».

2670 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُما، أَنَّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ دُفِنَ سَعْد بن مُعَاذٍ وَهُوَ قَاعِدٌ عَلَى قَبْرِهِ، قَالَ: لَوْ نَجَا أَحَدٌ مِنْ فِتْنَةِ الْقَبْرِ لَنجَا سَعْدُ بْن مُعَاذٍ، وَلَقَدْ ضُم ضَمةً ثُم رُخيَ عَنْهُ.

2670 ـ ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دەيــدۇ: ســەئد ئىبنــى مۇئــاز دەپنــە قىلىنغــان كــۈنى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قەبرىسى بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«ئەگەر بىرەرسى قەبرىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغان بولسا ئىدى، سەئد

ئىبنى مۇئاز قۇتۇلالتتى. قەبرە ئۇنى بىر سىقىپ، ئاندىن قويۇپ بەردى»[1].
(«ئەلكەبىر»؛ «ئەلئەۋسەت»: 10827)

[1] ھەيسەمى (4257): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

# زاكات بۆلۈمى

## زاكاتنىڭ پەرزى ۋە ئۇنى بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى

2671 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما بَعَثَ مُعَاذًا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَلَى الْيَمَنِ قَالَ إِنكَ تَقْدَمُ عَلَى قَوْمٍ أَهْلِ كِتَابٍ فَلْيَكُنْ أولَ مَـا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ عِبَادَةُ اللهِ فَإِذَا عَرَفُوا اللهَ فَأَخْبِرْهُمْ أن اللهَ قَدْ فَرَضَ عَلَيْهِمْ خَمْسَ صَلَوَاتٍ فِي يَوْمِهِمْ وَلَيْلَتِهِمْ فَإِذَا فَعَلُوا فَأَخْبِرْهُمْ أن اللهَ فَرَضَ عَلَيْهِمْ زَكَاةً مِنْ أَمْوَالِهِمْ وَتُـرَد عَلَـى فُقَرَائِهِمْ فَإِذَا أَطَاعُوا بِهَا فَخُذْ مِنْهُمْ وَتَوَق كَرَائِمَ أَمْوَالِ الناسِ.

2671 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە يوللىغان چاغدا مۇنداق دېدى:

«سەن ئەھلى كىتاب قەۋمگە قاراپ كېتىپ بارىسەن. ئۇلارنى ئالدى بىلەن الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىن. ئەگەر ئۇلار اللهنى تونۇسا، ئاندىن اللهنىڭ ئۇلارغا بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. ئەگەر ئۇنى قىلسا، ئاندىن اللهنىڭ ئۇلارنىڭ ماللىرىغا زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى ۋە زاكاتنىڭ ئۇلارنىڭ پېقىرلىرىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن. ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلسا، ئۇلاردىن زاكات ئالغىن. (زاكاتقا) ئۇلارنىڭ ئېسىل ماللىرىنى ئېلىشتىن ساقلانغىن».

(بۇخارى: 1458)

2672 - عن عُبَيد اللهِ بن عَبدِ اللهِ بنِ عُتبَةَ أن أَبا هُرَيرَةَ قَالَ لَما تُوُفيَ النبِي صَلى

اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاسْتُخْلِفَ أَبو بَكْرٍ وَكَفَرَ مَنْ كَفَرَ مِنْ الْعَرَبِ قَالَ عُمَرُ يَا أَبَا بَكْرٍ كَيْـفَ تُقَاتِلُ الناسَ وَقَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ الناسَ حَتى يَقُولُوا لَا إِلَهَ إِلا اللهُ فَمَنْ قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ فَقَدْ عَصَمَ مِني مَالَهُ وَنَفْسَهُ إِلا بِحَقهِ وَحِسَابُهُ عَلَى اللـهِ قَالَ أَبو بَكْرٍ وَاللهِ لَأُقَاتِلَن مَنْ فَرقَ بَيْنَ الصلَاةِ وَالزكَاةِ فَإِن الزكَاةَ حَق الْمَالِ وَاللـهِ لَـوْ مَنَعُونِي عَنَاقًا كَانُوا يُؤَدونَهَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَاتَلْتُهُمْ عَلَى مَنْعِهَا قَالَ عُمَرُ فَوَاللهِ مَا هُوَ إِلا أَنْ رَأَيْتُ أَنْ قَدْ شَرَحَ اللهُ صَدْرَ أَبِي بَكْرٍ لِلْقِتَالِ فَعَرَفْتُ أَنهُ الْحَق.

2672 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇپ، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ ئورنىغا خەلىپە بولغاندا، ئەئرابىلارنىڭ ئارىسىدا مۇرتەدلىك باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچساڭ قانداق بولىدۇ؟ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن باشقىلار بىلەن تاكى ئۇلار: اللهتىن باشقا ھېچ بىر مەئبۇد يوق، ـ دېگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. كىمكى: اللهتىن باشقا ھېچ بىر مەئبۇد يوق، ـ دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ مەندىن مېلىنى ۋە جېنىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئەمما ئىسلامنىڭ ھەققىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ[1]. قالغان ھېسابىنى الله ئۆزى ئالىدۇ» دېگەن تۇرسا؟! ـ دېدى. لېكىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كىمكى ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قارىسا، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچىمەن. چۈنكى زاكات مالنىڭ ھەققى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدا بېرىپ كېلىۋاتقان ئوغلاق چاغلىق بىر نەرسىنى بېرىشتىن يېنىۋالىدىغان بولسا، چوقۇم ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

[1] يەنى بىرەر جىنايەت سادىر قىلسا، ئىسلامدا بەلگىلەنگەن جازاسىنى تارتىدۇ.

ــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھنىڭ ئەبۇ بەكرىنىڭ قەلبىنى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەت ئۇستىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، ـ دېدى.
(بۇخارى: 6924)

2673 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أَن أَبَا صَالِحٍ ذَكْوَانَ أَخْبَرَهُ أَنهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ صَاحِبِ ذَهَبٍ وَلَا فِضةٍ لَا يُؤَدي مِنْهَا حَقهَا إِلا إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ صُفحَتْ لَهُ صَفَائِحُ مِنْ نَارٍ فَأُحْمِيَ عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنمَ فَيُكْوَى بِهَا جَنْبُهُ وَجَبِينُهُ وَظَهْرُهُ كُلمَا بَرَدَتْ أُعِيدَتْ لَهُ فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ حَتى يُقْضَى بَيْنَ الْعِبَادِ فَيَرَى سَبِيلَهُ إِما إِلَى الْجَنةِ وَإِما إِلَى النارِ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ فَالْإِبِلُ قَالَ وَلَا صَاحِبُ إِبِلٍ لَا يُؤَدي مِنْهَا حَقهَا وَمِنْ حَقهَا حَلَبُهَا يَوْمَ وِرْدِهَا إِلا إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ بُطِحَ لَهَا بِقَاعٍ قَرْقَرٍ أَوْفَرَ مَا كَانَتْ لَا يَفْقِدُ مِنْهَا فَصِيلًا وَاحِدًا تَطَؤُهُ بِأَخْفَافِهَا وَتَعَضهُ بِأَفْوَاهِهَا كُلمَا مَر عَلَيْهِ أُولَاهَا رُد عَلَيْهِ أُخْرَاهَا فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ حَتى يُقْضَى بَيْنَ الْعِبَادِ فَيَرَى سَبِيلَهُ إِما إِلَى الْجَنةِ وَإِما إِلَى النارِ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ فَالْبَقَرُ وَالْغَنَمُ قَالَ وَلَا صَاحِبُ بَقَرٍ وَلَا غَنَمٍ لَا يُؤَدي مِنْهَا حَقهَا إِلا إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ بُطِحَ لَهَا بِقَاعٍ قَرْقَرٍ لَا يَفْقِدُ مِنْهَا شَيْئًا لَيْسَ فِيهَا عَقْصَاءُ وَلَا جَلْحَاءُ وَلَا عَضْبَاءُ تَنْطَحُهُ بِقُرُونِهَا وَتَطَؤُهُ بِأَظْلَافِهَا كُلمَا مَر عَلَيْهِ أُولَاهَا رُد عَلَيْهِ أُخْرَاهَا فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ حَتى يُقْضَى بَيْنَ الْعِبَادِ فَيَرَى سَبِيلَهُ إِما إِلَى الْجَنةِ وَإِما إِلَى النارِ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ فَالْخَيْلُ قَالَ الْخَيْلُ ثَلَاثَةٌ هِيَ لِرَجُلٍ وِزْرٌ وَهِيَ لِرَجُلٍ سِتْرٌ وَهِيَ لِرَجُلٍ أَجْرٌ فَأَما التِي هِيَ لَهُ وِزْرٌ فَرَجُلٌ رَبَطَهَا رِيَاءً وَفَخْرًا وَنِوَاءً عَلَى أَهْلِ الْإِسْلَامِ فَهِيَ لَهُ وِزْرٌ وَأَما التِي هِيَ لَهُ سِتْرٌ فَرَجُلٌ رَبَطَهَا فِي سَبِيلِ اللهِ ثُم لَمْ يَنْسَ حَق اللهِ فِي ظُهُورِهَا وَلَا رِقَابِهَا فَهِيَ لَهُ سِتْرٌ وَأَما التِي هِيَ لَهُ أَجْرٌ فَرَجُلٌ رَبَطَهَا فِي سَبِيلِ اللهِ لِأَهْلِ الْإِسْلَامِ فِي مَرْجٍ وَرَوْضَةٍ فَمَا أَكَلَتْ مِنْ ذَلِكَ الْمَرْجِ أَوْ الروْضَةِ مِنْ شَيْءٍ إِلا كُتِبَ لَهُ عَدَدَ مَا أَكَلَتْ حَسَنَاتٌ وَكُتِبَ لَهُ عَدَدَ أَرْوَاثِهَا وَأَبْوَالِهَا حَسَنَاتٌ وَلَا تَقْطَعُ طِوَلَهَا فَاسْتَنتْ شَرَفًا أَوْ شَرَفَيْنِ إِلا كَتَبَ اللهُ لَهُ عَدَدَ آثَارِهَا وَأَرْوَاثِهَا حَسَنَاتٍ وَلَا مَر بِهَا صَاحِبُهَا عَلَى نَهْرٍ فَشَرِبَتْ مِنْهُ وَلَا يُرِيدُ أَنْ يَسْقِيَهَا إِلا كَتَبَ اللهُ لَهُ

عَدَدَ مَا شَرِبَتْ حَسَنَاتٍ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ فَالْحُمُرُ قَالَ مَا أُنزِلَ عَلَيَ فِي الْحُمُرِ شَيْءٌ إِلـا هَذِهِ الْآيَةَ الْفَاذَةُ الْجَامِعَةُ فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَةٍ خَيْرًا يَرَهُ وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَةٍ شَرا يَرَهُ.

2673 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم ئەبۇ سالىھ زەكۋاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئالتۇن ياكى كۆمۈشى بار ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدىكەن، قىيامەت كۈنى الله بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇ كىشىنى جەننەت ياكى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىپ بولغىچە، بىر كۈنى ئەللىك مىڭ يىلغا توغرا كېلىدىغان شۇ كۈنلەردە، ئۇ ئالتۇن ـ كۆمۈشلەردىن لېگەنلەر ياسىلىپ، جەھەننەم ئوتلىرى بىلەن قىزىتىلىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ بېقىن، پېشانە ۋە دۈمبىسى داغلىنىدۇ. لېگەنلەر سوۋۇپ قالسا، قايتا قىزىتىلىپ تۇرىدۇ» ـ دېدى. ساھابە كىراملار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! تۆگىنىڭچۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ تۆگىنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىمۇ شۇنداق. قىيامەت كۈنى الله بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇ كىشىنى جەننەت ياكى دوزاخقا بۇيرۇپ بولغىچە، بىر كۈنى ئەللىك مىڭ يىلغا توغرا كېلىدىغان شۇ كۈنلەردە، ئۇ كىشى كەڭ كەتكەن بىر تۈزلەڭلىكتە تۆگىلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ. تۆگىلەر ئۇ كىشىنى دەسسەپ ۋە چىشلەپ ئۆتىدۇ. بېشىدا ئۆتۈپ بولغان تۆگىلەر چۆگىلەپ كېلىپ، ئارقىدىكى تۆگىلەرگە قوشۇلۇپ، توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ. تۆگىنى سۇغارغان كۈنى ئۇنىڭ سۈتىنى سېغىپ مۇھتاجلارغا بېرىشمۇ تۆگىسى بار كىشىنىڭ ئادا قىلىشىغا تېگىشلىك ھەقتۇر، ـ دېدى. ساھابىلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! كالا ۋە قويلارچۇ؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كالا ۋە قوينىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىمۇ شۇنداق. قىيامەت

كۈنى الله بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇ كىشىنى جەننەت ياكى دوزاخقا بۇيرۇپ بولغىچە، بىر كۈنى ئەللىك مىڭ يىلغا توغرا كېلىدىغان شۇ كۈنلەردە، ئۇ كىشى بارلىق كالا ـ قويلانىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىلىدۇ. ئۇ كالا ۋە قويلارنىڭ ئىچىدە مۈڭگۈزى ئەگرى ياكى مۈڭگۈزى يوق ۋە ياكى مۈڭگۈزى سۇنۇقلىرى تېپىلمايدۇ. كالا ۋە قويلار ئۇ كىشىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسۈپ، تۇياقلىرى بىلەن دەسسەپ ئۆتىدۇ. بېشىدا ئۆتۈپ بولغان كالا ـ قويلار چۆگىلەپ كېلىپ، ئارقىدىكى كالا ـ قويلارغا قوشۇلۇپ، توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ. تۈزلەڭلىكنىڭ بىر بېشىغا بارغاندا، ئارقىغا بۇرۇلۇپ يەنە بىر بېشىغا قاراپ ئۆتىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتچۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئات ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بىرسى ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ، يەنە بىرسى ئىگىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، يەنە بىرسى ئىگىسىگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ. گۇناھ ئېلىپ كېلىدىغان ئاتنى ئىگىسى پەخىرلىنىش، رىيا قىلىش ۋە ياكى ئىسلام ئەھلىگە زىيان سېلىش ئۈچۈن باقىدۇ. بۇنداق ئات ئۆز ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ. ھاجەتتىن چىقىدىغان ئاتنى ئىگىسى ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ۋە الله يولىدا ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن باقىدۇ ھەمدە ئۇ ئاتنىڭ الله تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھەقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇنداق ئات ئىگىسىنىڭ گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ. ئەجىر ئېلىپ كېلىدىغان ئاتنى ئىگىسى ئىسلام ئۈچۈن بېقىپ، اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتنىۋېتىدۇ. ئۇ ئات ئوتلاقلاردا قانچىلىك ئوت ـ چۆپ يېسە، ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئەجىر بولىدۇ. قانچىلىك تېزەكلىسە ياكى قانچىلىك سىيسە، ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئەجىر بولىدۇ. ھەتتا باغلاقلىق يېرىدىن ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۇ دۆڭدىن بۇ دۆڭگە قىيغىتىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى ھەر بىر ئىزىغا ۋە ھەر بىر تېزىكىگە الله كۆپ ئەجىر بېرىدۇ. ئات ئىگىسىنىڭ ئاتنى سۇغۇرۇش نىيىتى يوق

تۇرۇپمۇ، ئېتىنى سۇ بويىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ئات ئۆزى ئىچىۋالغان سۇيىگىمۇ الله ئەجىر بېرىدۇ، - دېدى. ساھابىلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئېشەكلەرچۇ؟ - دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئېشەكلەر توغرىسىدا ماڭا مەخسۇس ۋەھيى كەلگىنى يوق، لېكىن اللهنىڭ: ﴿كىمكى زەررە چاغلىق ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررە چاغلىق يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى ھەممە ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، - دېدى.

(مۇسلىم: 987)

2674 - وفي رواية: وَلَا يَأْتِي أَحَدُكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِشَاةٍ يَحْمِلُهَا عَلَى رَقَبَتِهِ لَهَا يُعَارٌ فَيَقُولُ يَا مُحَمَّدُ فَأَقُولُ لَا أَمْلِكُ لَكَ شَيْئًا قَدْ بَلَّغْتُ وَلَا يَأْتِي بِبَعِيرٍ يَحْمِلُهُ عَلَى رَقَبَتِهِ لَهُ رُغَاءٌ فَيَقُولُ يَا مُحَمَّدُ فَأَقُولُ لَا أَمْلِكُ لَكَ مِنْ اللهِ شَيْئًا قَدْ بَلَّغْتُ.

2674 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قىيامەت كۈنى، بىرىڭلار توختىماي مەرەۋاتقان بىر قوينى يەلكىسىگە ئارتقان پېتى كېلىپ:

ـ ئى مۇھەممەد! ـ دەيدۇ، مەن:

ـ ساڭا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، مەن ساڭا يەتكۈزگەن، ـ دەيمەن. ياكى توختىماي بوزلاۋاتقان تۆگىدىن بىرنى يەلكىسىگە ئارتقىنىچە كېلىپ:

ـ ئى مۇھەممەد! ـ دەپ توۋلايدۇ، مەن:

— ساڭا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، مەن ساڭا يەتكۈزۈپ قويغان، ـ دەيمەن».

(بۇخارى: 1402)

[1] زەلزەلە سۈرىسى، 7ـ ۋە 8ـ ئايەتلەر.

2675 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ آتَاهُ اللهُ مَالًا فَلَمْ يُؤَد زَكَاتَهُ مُثلَ لَهُ مَالُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ شُجَاعًا أَقْرَعَ لَهُ زَبِيبَتَانِ يُطَوقُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ثُم يَأْخُذُ بِلِهْزِمَتَيْهِ يَعْنِي بِشِدْقَيْهِ ثُم يَقُولُ أَنَا مَالُكَ أَنَا كَنْزُكَ ثُم تَلَا {لَا يَحْسِبَن الذِينَ يَبْخَلُونَ} الْآيَةَ.

2675 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كىمكى الله بەرگەن مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ مېلى قىيامەت كۈنى زەھىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بېشىنىڭ قاسرىقى چۈشۈپ كەتكەن، ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ تۇرىدىغان ئەركەك يىلانغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا يۆگىشىۋالىدۇ ۋە: مانا مەن سېنىڭ يىغىپ ـ توپلاپ، زاكىتىنى بەرمىگەن مېلىڭ بولىمەن، ـ دەيدۇ» دېگەندىن كېيىن: الله ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل ـ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى اللهنىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە اللهنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ). الله قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(بۇخارى: 1403)

2676 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَحْوَ هَذِهِ الْقِصةِ فَقَالَ لَهُ يَعْنِي لِأَبِي هُرَيْرَةَ فَمَا حَق الْإِبِلِ قَالَ تُعْطِي الْكَرِيمَةَ وَتَمْنَحُ الْغَزِيرَةَ وَتُفْقِرُ الظهْرَ وَتُطْرِقُ الْفَحْلَ وَتَسْقِي اللبَنَ.

2676 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن:

[1] سۈرە ئال ئىمران، 180 ـ ئايەت.

ــ تۆگىنىڭ ھەققى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى ۋە ئۇزى جاۋاب بېرىپ: زاكاتقا ياخشىلىرىنى بېرىسەن. سۈتلۈك تۆگەڭنى سۈتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئارىيەت بېرىسەن ياكى مىنىش ئۈچۈن ئۆتنە بېرىسەن. ئەركەك تۆگەڭنى چىشىلىرى بىلەن جۈپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئارىيەتكە بېرىسەن. پېقىرلارغا چىشى تۆگىنىڭ سۈتىدىن بېرىسەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1658)

2677 ـ ولمسلم عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ نحو ذلك، وفيه: وَلَا صَاحِبِ كَنْزٍ لَا يَفْعَلُ فِيهِ حَقَّهُ إِلا جَاءَ كَنْزُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ شُجَاعًا أَقْرَعَ يَتْبَعُهُ فَاتِحًا فَاهُ فَإِذَا أَتَاهُ فَرَ مِنْهُ فَيُنَادِيهِ خُذْ كَنْزَكَ الذِي خَبَأْتَهُ فَأَنَا عَنْهُ غَنِي فَإِذَا رَأَى أَنْ لَا بُد مِنْهُ سَلَكَ يَدَهُ فِي فِيهِ فَيَقْضَمُهَا قَضْمَ الْفَحْلِ.

2677 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىرەر غەزىنىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ غەزىنە زەھىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بېشىنىڭ قاسرىقى چۈشۈپ كەتكەن ئەركەك يىلانغا ئايلىنىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنى قوغلايدۇ، ئۇ قاچىدۇ، يىلان:

ــ كۆمۈپ قويغان غەزىنەڭنى ئېلىۋال، ماڭا كېرەك ئەمەس، ـ دەپ توۋلايدۇ. غەزىنىنىڭ ئىگىسى يىلاندىن قۇتۇلالماي، قولىنى يىلاننىڭ ئاغزىغا تىقىدۇ، يىلان ئۇنىڭ قولىنى خۇددى ھايۋان چۆپنى پاراسلىتىپ چاينىغاندەك چاينايدۇ».

(مۇسلىم: 988)

2678 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَدَيْتَ زَكَاةَ مَالِكَ فَقَدْ قَضَيْتَ مَا عَلَيْكَ.

2678 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

[1] ئەلبانى (1462): ھەسەن. ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېلىڭنىڭ زاكىتىنى بەرسەڭ، بۇرچۇڭنى ئادا قىلغان بولىسەن»[1].

(تىرمىزى: 618)

2679 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالصدَقَةِ فَقِيلَ مَنَعَ ابْنُ جَمِيلٍ وَخَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ وَعَباسُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلِبِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا يَنْقِمُ ابْنُ جَمِيلٍ إِلا أَنهُ كَانَ فَقِيرًا فَأَغْنَاهُ اللهُ وَرَسُولُهُ وَأَما خَالِدٌ فَإِنكُمْ تَظْلِمُونَ خَالِدًا قَدْ احْتَبَسَ أَدْرَاعَهُ وَأَعْتُدَهُ فِي سَبِيلِ اللهِ وَأَما الْعَباسُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلِبِ فَعَم رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَهِيَ عَلَيْهِ صَدَقَةٌ وَمِثْلُهَا مَعَهَا.

2679 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زاكات بېرىشكە بۇيرىدى، ساھابىلار:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئىبنى جەمىل، خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب قاتارلىقلار زاكات بەرگىلى ئۇنىمىدى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

— ئىبنى جەمىل نېمىشقا زاكات بەرمىگۈدەك؟ ئۇ بۇرۇن پېقىر ئىدى، كېيىن الله ۋە رەسۇلى ئۇنى موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇردى. خالىد ئىبنى ۋەلىدكە كەلسەك، ئۇنىڭدىن زاكات سورىشىڭلار ھەقسىزلىق بوپتۇ. چۈنكى ئۇ بارلىقىنى اللهنىڭ يولىغا ئاتىۋەتتى. ئابباسقا كەلسەك، گەرچە ئۇ رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ تاغىسى بولسىمۇ، زاكات ئۇنىڭغىمۇ ۋاجىپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مېلىنىڭ زاكىتىنى بىر ھەسسە ئارتۇقى بىلەن بېرىدۇ».

(بۇخارى: 1468)

2680 - وفي رواية: فَهِيَ عَلَي وَمِثْلُهَا مَعَهَا.

[1] ئەلبانى (92): زەئىپ، - دېگەن.

2680 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇنىڭ (يەنى ئاببىاسنىڭ) زاكىتىنى بىر ھەسسە ئارتۇقى بىلەن مەن بېرىمەن» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 983)

2681 - عن أبى رافع قال بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم عمر بن الخطاب ساعيا على الصدقة فأتى العباس بن عبدالمطلب فاغلظ له العباس فأتى عمر النبي صلى الله عليه وسلم فذكر له ذلك فقال له صلى الله عليه وسلم يا عمر أما علمت أن عم الرجـل صنو أبيه ان العباس كان أسلفنا صدقة العام عام أول.

2681 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتتى، ئۇ ئاببىاس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قېشىغا كەلگەندى، ئاببىاس ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى. ئۆمەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قايتىپ، ئەھۋالنى يەتكۈزدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى ئۆمەر! ئىنساننىڭ تاغىسى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ئاببىاس بۇ يىللىق زاكىتىنى بۇلتۇر ئالدىن بېرىپ بولغان، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2682- عن معاذ بن جبل - رضي الله عنه -: قال: قال رسول الله -صـلى الله عليه وسلم-: «مَن أعطى زكاة مَالِهِ مُؤتَجِرا فَلَهُ أجرها، وَمَن مَنعها فَإنا آخذُوها وشَطرَ مَالِهِ، عَزْمَةٌ من عَزَمَاتِ رَبنا، ليس لآل محمد منها شيء».

2682 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كىمكى مېلىنىڭ زاكىتىنى ئەجىر ئۈمىد قىلغان ھالدا بەرسە،

[1] ھەيسەمى (4423): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل مەككى بار. ئۇنىڭغا ھەرخىل باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

ئۇمىد قىلغان ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. كىمكى زاكىتىنى بەرمىسە، بىز ئۇنىڭدىن زاكىتىنى مېلىنىڭ يېرىمى بىلەن قوشۇپ ئالىمىز. مانا بۇ رەببىمىزنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن بىرىدۇر. مۇھەممەدنىڭ ئەھلىگە ئۇنىڭدىن (يەنى زاكات مېلىدىن) ھېچقانداق نېسىۋە يوقتۇر» دېگەنىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2683 - عن أنس رضى الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ويل لأغنياء من الفقراء يوم القيامة، يقولون: ربنا، ظلمونا حقوقنا التي فرضت لنا عليهم، فيقول الله عز وجل: وعزتي وجلالي، لأدنينكم ولأباعدنهم، ثم تلا رسول الله صلى الله عليه وسلم (وفي أموالهم حق للسائل والمحروم).

2683- ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«قىيامەت كۈنى، پېقىرلار تۆپەيلىدىن بايلارنىڭ ھالى بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. چۈنكى پېقىرلار:

— ئى رەببىمىز! بۇلار بىزگە زۇلۇم قىلىپ، سەن بىز ئۈچۈن بەلگىلىگەن زاكاتنى بەرمىدى، - دەيدۇ. الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا:

— ئىززەت - ھۆرمىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (بۈگۈن) سىلەرنى (ئۆزەمگە) يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى يىراقلاشتۇرىمەن، - دەيدۇ. - دېدى ۋە: «ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىدا نامرات- مىسكىنلەرنىڭ ھەققى بار»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 453)

2684 - قال عمر قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما تلف مال في بر ولا بحر إلا بحبس الزكاة.

---

[1] زارىيات سۈرىسى، 20- ئايەت.

[2] ھەيسەمى (4325): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھارىس ئىبنى نۇئمان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، - دېگەن.

2684 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ماللارنىڭ دېڭىزدا بولسۇن، قۇرۇقلۇقتا بولسۇن، ھالاكەتكە يولۇقۇشىنىڭ سەۋەبى زاكىتىنىڭ بېرىلمەسلىكىدۇر»①.

(«ئەلئەۋسەت»)

2685 - عن عائشة قالت قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما خالطت الصدقة أو قال الزكاة مالا الا أفسدته. رواه البزار.

2685 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەدىقە ياكى زاكات ئارىلىشىپ قالغان مال چوقۇم زىيانغا ئۇچرايدۇ»②.

(بەززار: 881)

2686 - عن بريدة رضى الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما منع قوم الزكاة إلا ابتلاهم الله بالسنين.

2686 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر قەۋم زاكاتنى بەرمەيدىكەن، الله ئۇلارنى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچار قىلىدۇ»③.

(«ئەلئەۋسەت»)

① ھەيسەمى (4335): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى ھارۇن ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (4341): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئوسمان ئىبنى ئابدۇراھمان جۇمەھى ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ كىتابقا يېزىلىدىغانلىقىنى، لېكىن دەلىل قىلىنمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (4350): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

2687 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ لَا تَجِبُ فِي مَالٍ زَكَاةٌ حَتى يَحُولَ عَلَيْهِ الْحَوْلُ.

2687ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ بىر يىل توشمىغان مالغا زاكات كەلمەيدۇ.ـ دەيتتى.

(مالىك: 580)

2688 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ اسْتَفَادَ مَالًا فَلَا زَكَاةَ عَلَيْهِ حَتى يَحُولَ عَلَيْهِ الْحَوْلُ عِنْدَ رَبِّهِ.

2688 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مال ـ دۇنياغا ئېرىشسە، اللهنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، بىر يىل توشمىغىچە ئۇ مالغا زاكات كەلمەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 631)

2689 - عَنْ عَلِي أن الْعَباسَ سَأَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي تَعْجِيلِ صَدَقَتِهِ قَبْلَ أَنْ تَحِل فَرَخصَ لَهُ فِي ذَلِكَ.

2689 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن زاكاتنى بىر يىل توشماي تۇرۇپ بېرىۋېتىشنى سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1624)

2690 - عن أبيض ابن حمال أنه كلم رسول الله صلى الله عليه وسلم في الصدقة حين وفد عَلَيْهِ فَقَالَ يَا أَخَا سَبَأٍ لَا بُد مِنْ صَدَقَةٍ فَقَالَ إِنمَا زَرَعْنَا الْقُطْنَ يَا رَسُولَ اللهِ وَقَدْ

[1] ئەلبانى (515): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1420): ھەسەن.ـ دېگەن.

تَبددَتْ سَبَأٌ وَلَمْ يَبْقَ مِنْهُمْ إلا قَلِيلٌ بِمَأْرِبَ فَصَالَحَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى سَبْعِينَ حُلةً بَز مِنْ قِيمَةِ وَفَاءِ بَز الْمَعَافِرِ كُل سَنَةٍ عَمنْ بَقِيَ مِنْ سَبَإٍ بِمَأْرِبَ فَلَمْ يَزَالُوا يُؤَدونَهَا حَتى قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِن الْعُمالَ انْتَقَضُوا عَلَيْهِمْ بَعْدَ قَبْضِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا صَالَحَ أَبْيَضُ بْنُ حَمالٍ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْحُلَلِ السبْعِينَ فَرَد ذَلِكَ أَبو بَكْرٍ عَلَى مَا وَضَعَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى مَاتَ أَبو بَكْرٍ فَلَما مَاتَ أَبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ انْتَقَضَ ذَلِكَ وَصَارَتْ عَلَى الصدَقَةِ.

2690- ئەبيەز ئىبنى ھەممال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قەۋمىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كېلىپ، سەبەئ قەۋمىدىن زاكات ئالماسلىق توغرۇلۇق ئىلتىماس قىلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ ئى سەبەئلىك قېرىنداش! زاكات بەرمىسەڭلار قەتئىي بولمايدۇ، ـ دېدى. ئۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز پەقەت پاختىلا تېرىدۇق، سەبەئ خەلقى تارقىلىپ كېتىپ، مەئرىب دېگەن جايدا ئازراقلا ئاھالە قالدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن مەئرىبتە قالغان سەبەئ خەلقىنىڭ زاكاتقا ھەر يىلى مەئافىر رەختىنىڭ قىممىتى باراۋىرىدە بىر يۈرۈش كىيىمدىن 70 قۇر بېرىشكە كېلىشتى. سەبەئ خەلقى زاكاتنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقىچە شۇ شەكىلدە بېرىپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقاندىن كېيىن، زاكات خادىملىرى بۇ كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن، بۇ كېلىشىمنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ كېلىشىم يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نورمال زاكات شەكلىگە ئۆزگەرتىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3028)

[1] ئەلبانى (654): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

2691 - عَنْ عُثْمَانَ بْنِ أَبِي الْعَا آ ِ أَن وَفْدَ ثَقِيفٍ لَما قَدِمُوا عَلَى رَسُولِ اللِه صَلى اللُه عَلْيِه وَسَلمَ أْنَزلَهُمْ الْمَسْجِدَ لِيكُونَ أَرَق لِقُلُوبِهِمْ فَاشْتَرَطُوا عَلْيِه أَنْ لَا يُحْشَرُوا وَلَـا يُعْشَرُوا وَلَا يُجَبْوا فَقَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللُه عَلْيِه وَسَلمَ لَكُمْ أَنْ لَا تُحْشَرُوا وَلَا تُعْشَـرُوا وَلَا خَيْرَ فِي دِينٍ لَيْسَ فِيِه رُكُوعٌ.

2691 ـ ئوسمان ئىبنى ئەبۇئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەقىف قەبىلىسىنىڭ ۋەكىللىرى يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆڭۈللىرىنىڭ تېخىمۇ يۇمشىشى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى مەسجىدكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئەسكەرلىككە چاقىرىلماسلىقىنى، زاكات يىغقاندا ئۆشرە تەلەپ قىلىنماسلىقىنى ۋە ناماز ئوقۇماسلىقنى شەرت قىلىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەر مەلۇم مۇددەتكىچە (جىھاد ئۈچۈن) ئەسكەرلىككە چاقىرىلمايسىلەر، سىلەردىن ئۆشرىمۇ ئېلىنمايدۇ. ئەمما رۇكۇسى (يەنى ناماز) يوق دىندا ھېچقانداق ياخشىلىق يوق، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1626)

2692 - عَنْ وَهْبٍ قَالَ سَأَلْتُ جَابِرًا عَنْ شَأْنِ ثَقِيفٍ إِذْ بَايَعَتْ قَالَ اشْتَرَطَتْ عَلَى النبِي صَلى اللُه عَلْيِه وَسَلمَ أَنْ لَا صَدَقَةَ عَلْيَها وَلَا جِهَادَ وَأَنُه سَمِعَ النبِي صَلى اللُه عَلْيـِه وَسَلمَ بَعْدَ ذَلِكَ يَقُولُ سَيَتَصَدقُونَ وُيَجاِهُدونَ إِذَا أَسْلَمُوا.

2692 ـ ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەقىف قەبىلىسىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان چاغدىكى شەرتلىرى ھەققىدە سورىغان ئىدىم، ئۇ:

ـ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەدىقە بەرمەسلىكى ۋە جىھاد قىلماسلىقىنى شەرت قىلغان، بىراق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېيىن: «ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندا، سەدىقىمۇ بېرىدۇ، جىھادقىمۇ چىقىدۇ»

[1] ئەلبانى (652): زەئىپ، ـ دېگەن.

دێگەن، ـ دەپ جاۋاب بەردی[1].

(ئەبۆ داۋۇد: 3025)

[1] ئەلبانی (2614): سەھىھ ـ دێگەن.

## نەق پۇل، مال ـ چارۋا، ئاشلىق ـ دان ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ زاكىتى

2693 - عَنْ عَاصِمِ بْنِ ضَمْرَةَ وَالْحَارِثِ الْأَعْوَرِ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِبَعْضِ أولِ هَذَا الْحَدِيثِ قَالَ فَإِذَا كَانَتْ لَكَ مِائَتَا دِرْهَمٍ وَحَالَ عَلَيْهَا الْحَوْلُ فَفِيهَا خَمْسَةُ دَرَاهِمَ وَلَيْسَ عَلَيْكَ شَيْءٌ يَعْنِي فِي الذهَبِ حَتى يَكُونَ لَكَ عِشْرُونَ دِينَارًا فَإِذَا كَانَ لَكَ عِشْرُونَ دِينَارًا وَحَالَ عَلَيْهَا الْحَوْلُ فَفِيهَا نِصْفُ دِينَارٍ فَمَا زَادَ فَبِحِسَابِ ذَلِكَ قَالَ فَلَا أَدْرِي أَعَلِي يَقُولُ فَبِحِسَابِ ذَلِكَ أَوْ رَفَعَهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَيْسَ فِي مَالٍ زَكَاةٌ حَتى يَحُولَ عَلَيْهِ الْحَوْلُ.

2693 ـ ئاسىم ئىبنى زەمرە ۋە ھارىس ئەلئەئۋەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئەگەر سىزنىڭ 200 دەرھەم پۇلۇڭ بولسا، بىر يىل توشقاندا، ئۇنىڭغا بەش دەرھەم (زاكات) كېلىدۇ. ئالتۇن يىگىرمە تىللاغا يەتمىگىچە زاكات كەلمەيدۇ. يىگىرمىگە يەتسە، بىر يىل توشقاندا، يېرىم تىللا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، سانىغا قارىتا ھېسابلىنىدۇ. بىر يىل توشمىغان ھەرقانداق مالغا زاكات كەلمەيدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1572)

2694 - عَنْ يَحْيَى بْنِ عُمَارَةَ بْنِ أَبِي الْحَسَنِ أَنهُ سَمِعَ أَبَا سَعِيدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ أَوَاقٍ صَدَقَةٌ وَلَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ ذَوْدٍ صَدَقَةٌ وَلَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ أَوْسُقٍ صَدَقَةٌ.

2694 ـ يەھيا ئىبنى ئۇمارە ئىبنى ئەبۇلھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سەئىدتىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق

[1] ئەلبانى (1391): سەھىھ ـ دېگەن.

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بەش ئۇقىيە (200 تەڭگە) دىن ئاز كۈمۈشكە، بەشتىن ئاز تۆگىگە ۋە بەش ۋەسەقتىن[1] ئاز خورما، ئۈزۈم ۋە ئاشلىق قاتارلىقلارغا زاكات كەلمەيدۇ».

(بۇخارى: 1405)

2695 - عَنْ سَالِمٍ عَنْ أَبِيهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَتَبَ كِتَابَ الصدَقَةِ فَلَمْ يُخْرِجْهُ إِلَى عُمالِهِ حَتى قُبِضَ فَقَرَنَهُ بِسَيْفِهِ فَلَما قُبِضَ عَمِلَ بِهِ أَبُو بَكْرٍ حَتى قُبِضَ وَعُمَرُ حَتى قُبِضَ وَكَانَ فِيهِ فِي خَمْسٍ مِنْ الْإِبِلِ شَاةٌ وَفِي عَشْرٍ شَاتَانِ وَفِي خَمْسَ عَشَرَةَ ثَلَاثُ شِيَاهٍ وَفِي عِشْرِينَ أَرْبَعُ شِيَاهٍ وَفِي خَمْسٍ وَعِشْرِينَ بِنْتُ مَخَاضٍ إِلَى خَمْسٍ وَثَلَاثِينَ فَإِذَا زَادَتْ فَفِيهَا ابْنَةُ لَبُونٍ إِلَى خَمْسٍ وَأَرْبَعِينَ فَإِذَا زَادَتْ فَفِيهَا حِقةٌ إِلَى سِتينَ فَإِذَا زَادَتْ فَجَذَعَةٌ إِلَى خَمْسٍ وَسَبْعِينَ فَإِذَا زَادَتْ فَفِيهَا ابْنَتَا لَبُونٍ إِلَى تِسْعِينَ فَإِذَا زَادَتْ فَفِيهَا حِقتَانِ إِلَى عِشْرِينَ وَمِائَةٍ فَإِذَا زَادَتْ عَلَى عِشْرِينَ وَمِائَةٍ فَفِي كُل خَمْسِينَ حِقةٌ وَفِي كُل أَرْبَعِينَ ابْنَةُ لَبُونٍ وَفِي الشاءِ فِي كُل أَرْبَعِينَ شَاةً شَاةٌ إِلَى عِشْرِينَ وَمِائَةٍ فَإِذَا زَادَتْ فَشَاتَانِ إِلَى مِائَتَيْنِ فَإِذَا زَادَتْ فَثَلَاثُ شِيَاهٍ إِلَى ثَلَاثِ مِائَةِ شَاةٍ فَإِذَا زَادَتْ عَلَى ثَلَاثِ مِائَةِ شَاةٍ فَفِي كُل مِائَةِ شَاةٍ شَاةٌ ثُم لَيْسَ فِيهَا شَيْءٌ حَتى تَبْلُغَ أَرْبَعَ مِائَةٍ وَلَا يُجْمَعُ بَيْنَ مُتَفَرقٍ وَلَا يُفَرقُ بَيْنَ مُجْتَمِعٍ مَخَافَةَ الصدَقَةِ وَمَا كَانَ مِنْ خَلِيطَيْنِ فَإِنهُمَا يَتَرَاجَعَانِ بِالسوِيةِ وَلَا يُؤْخَذُ فِي الصدَقَةِ هَرِمَةٌ وَلَا ذَاتُ عَيْبٍ.

2695 ـ سالىم دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ماللاردىن ئېلىنىدىغان) زاكات توغرۇلۇق مەكتۇپ يازدۇردى، لېكىن زاكات خادىملىرىغا ئەۋەتمەي تۇرۇپ ۋاپات بولدى. مەكتۇپنى قىلىچى بىلەن بىللە بىر يەرگە قويۇپ قويغانىدى. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇ مەكتۇپتا يېزىلغانلارغا ئەمەل قىلدى. مەكتۇپتا مۇنداق يېزىلغانىدى:

[1] ۋەسەق- ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر ۋەسەق 60 ساغا تەڭ كېلىدۇ. بىر سا: 3.3 لىتىرغا تەڭ.

«بەش تۆگىگە بىر قوي، ئون تۆگىگە ئىككى قوي، 15 تۆگىگە ئۈچ قوي، 20 تۆگىگە تۆت قوي زاكات كېلىدۇ. 25 تىن 35 كە يەتكىچە ئىككى ياشلىق بىر چىشى تۆگە؛ 35 تىن 45 كە يەتكىچە ئۈچ ياشلىق بىر چىشى تۆگە؛ 45 تىن 60 قا يەتكىچە تۆت ياشلىق بىر چىشى تۆگە؛ 60 تىن 75 كە يەتكىچە بەش ياشلىق بىر چىشى تۆگە؛ 75 تىن 90 غا يەتكىچە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن ئىككىسى؛ 90 دىن 120 گە يەتكىچە تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن ئىككىسى؛ ئەگەر 120 دىن داۋاملىق كۆپەيسە، ھەر 50 تۆگىگە تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى؛ ھەر 40 تۆگىگە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى كېلىدۇ.

قوي 40 تىن باشلاپ، 120 گە يەتكىچە، بىر قوي كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېشىپ، 200 گە يەتكىچە ئىككى قوي؛ ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ، ئۈچ يۈزگە يەتكىچە، ئۈچ قوي؛ ئۈچ يۈزدىنمۇ ئېشىپ، 400 گە يەتكىچە، ھەر يۈز قويغا بىر قوي (زاكات) كېلىدۇ. زاكاتتىن قېچىش ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم تۇردىكى ھايۋانلارنى بىرلەشتۈرۈشكە ياكى ئوخشاش تۇردىكى ھايۋانلارنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. شېرىكلىشىپ بېقىلغان مالنىڭ زاكىتىنى ھەر تەرەپ تەڭ تۆلەيدۇ. ئاقساق ـ چولاق، قېرى ياكى ئەيىبناك مال زاكاتقا قوبۇل قىلىنمايدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 621)

2696 - وفي رواية: قَالَ الزهْرِي إِذَا جَاءَ الْمُصَدقُ قُسمَتْ الشاءُ أَثْلَاثًا ثُلُثًا شِرَارًا وَثُلُثًا خِيَارًا وَثُلُثًا وَسَطًا فَأَخَذَ الْمُصَدقُ مِنْ الْوَسَطِ.

2696 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە زۇھرى مۇنداق دېدى: زاكات يىغقۇچىلار يېتىپ كەلگەندە، ماللار ئۈچ قىسىمغا، يەنى ياخشىلىرى بىر قىسىمغا، ئوتتۇرا ھاللىرى بىر قىسىمغا، ناچارلىرى بىر قىسىمغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، زاكات خادىمى ئوتتۇرا ھالدىكىلىرىدىن ئالىدۇ[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1568)

---

[①] ئەلبانى (507): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1386): سەھىھ ـ دېگەن.

2697 - عن أنسٍ أن أبا بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ كَتبَ لَهُ هَذَا الْكِتَابَ لَما وَجهَهُ إلَى الْبَحْرَيْنِ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ هَذِهِ فَرِيضَةُ الصدَقَةِ الَتِي فَرَضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْمُسْلِمِينَ وَالَتِي أَمَرَ اللهُ بِهَا رَسُولَهُ فَمَنْ سُئِلَهَا مِنْ الْمُسْلِمِينَ عَلَى وَجْهِهَا فَلْيُعْطِهَا وَمَنْ سُئِلَ فَوْقَهَا فَلَا يُعْطِ فِي أَرْبَعٍ وَعِشْرِينَ مِنْ الْإِبِلِ فَمَا دُونَهَا مِنْ الْغَنَمِ مِنْ كُل خَمْسٍ شَاةٌ إِذَا بَلَغَتْ خَمْسًا وَعِشْرِينَ إِلَى خَمْسٍ وَثَلَاثِينَ فَفِيهَا بِنْتُ مَخَاضٍ أُنْثَى فَإِذَا بَلَغَتْ سِتا وَثَلَاثِينَ إِلَى خَمْسٍ وَأَرْبَعِينَ فَفِيهَا بِنْتُ لَبُونٍ أُنْثَى فَإِذَا بَلَغَتْ سِتا وَأَرْبَعِينَ إِلَى سِتينَ فَفِيهَا حِقةٌ طَرُوقَةُ الْجَمَلِ فَإِذَا بَلَغَتْ وَاحِدَةً وَسِتينَ إِلَى خَمْسٍ وَسَبْعِينَ فَفِيهَا جَذَعَةٌ فَإِذَا بَلَغَتْ يَعْنِي سِتا وَسَبْعِينَ إِلَى تِسْعِينَ فَفِيهَا بِنْتَا لَبُونٍ فَإِذَا بَلَغَتْ إِحْدَى وَتِسْعِينَ إِلَى عِشْرِينَ وَمِائَةٍ فَفِيهَا حِقتَانِ طَرُوقَتَا الْجَمَلِ فَإِذَا زَادَتْ عَلَى عِشْرِينَ وَمِائَةٍ فَفِي كُل أَرْبَعِينَ بِنْتُ لَبُونٍ وَفِي كُل خَمْسِينَ حِقةٌ وَمَنْ لَمْ يَكُنْ مَعَهُ إِلا أَرْبَعٌ مِنْ الْإِبِلِ فَلَيْسَ فِيهَا صَدَقَةٌ إِلا أَنْ يَشَاءَ رَبهَا فَإِذَا بَلَغَتْ خَمْسًا مِنْ الْإِبِلِ فَفِيهَا شَاةٌ وَفِي صَدَقَةِ الْغَنَمِ فِي سَائِمَتِهَا إِذَا كَانَتْ أَرْبَعِينَ إِلَى عِشْرِينَ وَمِائَةٍ شَاةٌ فَإِذَا زَادَتْ عَلَى عِشْرِينَ وَمِائَةٍ إِلَى مِائَتَيْنِ شَاتَانِ فَإِذَا زَادَتْ عَلَى مِائَتَيْنِ إِلَى ثَلَاثِ مِائَةٍ فَفِيهَا ثَلَاثُ شِيَاهٍ فَإِذَا زَادَتْ عَلَى ثَلَاثِ مِائَةٍ فَفِي كُل مِائَةٍ شَاةٌ فَإِذَا كَانَتْ سَائِمَةُ الرجُلِ نَاقِصَةً مِنْ أَرْبَعِينَ شَاةً وَاحِدَةً فَلَيْسَ فِيهَا صَدَقَةٌ إِلا أَنْ يَشَاءَ رَبهَا وَفِي الرقَةِ رُبْعُ الْعُشْرِ فَإِنْ لَمْ تَكُنْ إِلا تِسْعِينَ وَمِائَةً فَلَيْسَ فِيهَا شَيْءٌ إِلا أَنْ يَشَاءَ رَبهَا

2697 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى زاكات يىغىش ئۈچۈن بەھرەينگە يوللىغاندا، بىر پارچە مەكتۇپ بەردى. مەكتۇبنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. بۇ، اللەنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان زاكاتتۇر. زاكات تۆۋەندىكى شەرتلىرىگە ئاساسەن سورالسا بېرىلسۇن، ئەكسىچە بولسا بېرىلمىسۇن:

تۆگىنىڭ سانى 24 ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز بولسا، ھەر بەش تۆگە ئۈچۈن بىر قوي؛ 25 تىن باشلاپ 35 كە يەتكىچە ئىككى ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى (ئەگەر ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە بولمىسا، ئەركەك

تۆگە بەرسىمۇ بولىدۇ)؛ 36 دىن 45 كە يەتكىچە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى؛ 46 دىن 60 قا يەتكىچە تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى؛ 61 دىن 75 كە يەتكىچە بەش ياشلىق تۆگىدىن بىرسى؛ 76 دىن 90 غا يەتكىچە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن ئىككىسى؛ 91 دىن 120 گە يەتكىچە تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن ئىككىسى؛ 120 دىن ئاشقاندا، ھەر 40 تۆگە ئۈچۈن ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى؛ ھەر 50 تۆگە ئۈچۈن تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى (زاكات ئۈچۈن) بېرىلىدۇ. تۆتتىن ئارتۇق تۆگىسى يوق كىشىدىن زاكات ئېلىنمايدۇ، پەقەت تۆگە ئىگىسى بېرىشنى خالىسا، ئېلىشقا بولىدۇ. تۆگە بەشكە يەتسە، بىر قوي (زاكات) كېلىدۇ.

يايلاق ياكى جاڭگالدا بېقىلغان قوينىڭ زاكىتى مۇنداق[1]: قوينىڭ سانى 40 تىن 120 گىچە بولسا، بىر قوي؛ 120 دىن 200 گە يەتكىچە ئىككى قوي؛ 200 دىن 300 يەتكىچە ئۈچ قوي، 300 دىن ئاشقاندا ھەر 100 قوي ئۈچۈن بىر قوي (زاكات) ئېلىنىدۇ. يايلاقتا بېقىلغان بولسىمۇ سانى 40 تىن ئاز بولسا، ئۇنداق قوينىڭ ئىگىسىدىن زاكات ئېلىنمايدۇ. پەقەت قوي ئىگىسى نەپلە ئۈچۈن زاكات بېرىشنى خالىسا ئېلىشقا بولىدۇ. كۈمۈشتە ئوندىن بىرنىڭ تۆتتىن بىرى (يەنى 40 تىن بىرى) زاكات ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئەگەر 190 كۈمۈش تەڭگىسى بولسا، زاكات كەلمەيدۇ، پەقەت پۇل ئىگىسى بېرىشنى خالىسا، بەرسە بولىدۇ».

(بۇخارى: 1454)

2698 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ قَالَ أَمَرَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ بَعَثَنِي إِلَى الْيَمَنِ أَنْ لَا آخُذَ مِنْ الْبَقَرِ شَيْئًا حَتى تَبْلُغَ ثَلَاثِينَ فَإِذَا بَلَغَتْ ثَلَاثِينَ فَفِيهَا عِجْلٌ تَابِعٌ جَذَعٌ أَوْ جَذَعَةٌ حَتى تَبْلُغَ أَرْبَعِينَ فَإِذَا بَلَغَتْ أَرْبَعِينَ فَفِيهَا بَقَرَةٌ مُسِنةٌ.

[1] بىر يىلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ۋاقىت يايلاقتا ياكى جاڭگالدا بېقىلغان قويلارغا زاكات كېلىدۇ، ئۆيدە بېقىلغان ياكى بوردالغان (يەنى ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەكنى سېتىۋېلىپ بېقىلغان) قويغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر مۇنداق قويلار تىجارەت مەقسىتىدە بېقىلغان بولسا، پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، نەق پۇلدىن زاكات ئايرىلىدۇ.

2698 ـ مۇئــاز ئىبنــى جەبەل رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق رىــۋايەت قىلىــدۇ: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مېنــى يەمەنــگە ئەۋەتكەنــدە، كالىنىــڭ ســانى 30 غــا يەتمىگىــچە ئۇنىــڭ زاكىتىنــى ئالماسلىقىمنى، 30 غــا يەتكەنــدە، بىــر ئەركەك يــاكى چىشــى تورپــاق ئېلىشقا، 40 قا يەتكەندە بولسا، ئۈچ ياشقا قەدەم قويغان كالىدىن بىرنى ئېلىشقا بۇيرىدى[1].

(نەسائى: 2453)

2699 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ عَفَوْتُ عَنْ الْخَيْلِ وَالرقِيقِ فَأَدوا زَكَاةَ أَمْوَالِكُمْ مِنْ كُل مِائَتَيْنِ خَمْسَةً.

2699 ـ ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ســەلەردىن ئاتنىــڭ زاكىتىنــى ۋە قۇلغــا كېلىــدىغان زاكــاتنى كۆتۈرۈۋەتتىم، ماللىرىڭلارنىــڭ زاكىتىنــى ئــادا قىلىڭلار؛ ھەر 200 گە بەش (يەنى 40 تىن بىر) نى بېرىڭلار»[2].

(نەسائى: 2477)

2700 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيْسَ فِي الْخَيْلِ وَالرقِيقِ زَكَاةٌ إِلا زَكَاةُ الْفِطْرِ فِي الرقِيقِ.

2700 ـ ئەبۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئــات بىلــەن قۇلغــا زاكــات كەلمەيدۇ، ئەممــا قۇلغــا پىتــرە (زاكــات) كېلىدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1594)

[1] ئەلبانى (2301): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2322): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1409): سەھىھ ـ دېگەن.

2701 - عن جابر بن عبد الله رضى الله عنهما عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال في الخيل السائمة في كل فرس دينار.

2701 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يايلاق ئاتلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىر تىللا كېلىدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

2702 - عن سُفْيَانَ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ بَعَثَهُ مُصَدقًا فَكَانَ يَعُد عَلَى الناسِ بِالسخْلِ فَقَالُوا أتعُد عَلَيْنا بِالسخْلِ وَلَا تَأْخُذُ مِنْهُ شَيْئًا فَلَما قَدِمَ عَلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ ذَكَرَ لَهُ ذَلِكَ فَقَالَ عُمَرُ نَعَمْ تَعُد عَلَيْهِمْ بِالسخْلَةِ يَحْمِلُهَا الراعِي وَلَا تَأْخُذُهَا وَلَا تَأْخُذُ الْأَكُولَةَ وَلَا الربى وَلَا الْمَاخِضَ وَلَا فَحْلَ الْغَنَمِ وَتَأْخُذُ الْجَذَعَةَ وَالثنِيةَ وَذَلِكَ عَدْلٌ بَيْنَ غِذَاءِ الْغَنَمِ وَخِيَارِهِ.

2702 ـ سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتتى. مەن خەلقنىڭ قوزىلىرىنىمۇ سانايتتىم. ئۇلار:

— سەن قوزىلارنىمۇ سانايدىكەنسەن ـ يۇ، بىراق زاكاتقا قوزا ئالمايدىكەنسەن، ـ دېدى. مەن قايتىپ كەلگەندە، ئۆمەرگە بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزسەم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ توغرا، پادىچىلارنىڭ قۇچاقلىرىدىكى ئوغلاق ۋە قوزىلارنىمۇ زاكات مىقدارىغا كىرگۈزسەن، ئەمما زاكاتقا ئۇلارنى ئالمىغىن. ئۇنىدىن باشقا، ئۇ ماللارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، ساغلىقنى، يېڭى قوزىلىغان قوينى ۋە ئۇرۇقلۇق قوچقارنى ئالماي، ياش ۋە ئوتتۇراھاللىرىنى ئالغىن. شۇنداق قىلغاندىلا ناچىرى بىلەن ياخشىسىنىڭ ئارىسى تەڭشىلىدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 600)

[①] ھەيسەمى (4370): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە لەيس ئىبنى ھەممەد ۋە غەۋرەك ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ئىككى كىشى بار، ـ دېگەن.

2703 - عَنْ أُبي ْبنِ كَعْبٍ قَالَ بَعَثَنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُصَدقًا فَمَرَرْتُ بِرَجُلٍ فَلَما جَمَعَ لِي مَالَهُ لَمْ أَجِدْ عَلَيْهِ فِيهِ إلا ابْنَةَ مَخَاضٍ فَقُلْتُ لَهُ أَد ابْنَةَ مَخَاضٍ فَإِنهَا صَدَقَتُكَ فَقَالَ ذَاكَ مَا لَا لَبنَ فِيهِ وَلَا ظَهْرَ وَلَكِنْ هَذِهِ نَاقَةٌ فَتِيةٌ عَظِيمَةٌ سَمِينَةٌ فَخُذْهَا فَقُلْتُ لَهُ مَا أَنَا بِآخِذٍ مَا لَمْ أُومَرْ بِهِ وَهَذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْكَ قَرِيبٌ فَإِنْ أَحْبَبتَ أَنْ تَأتِيَهُ فَتَعْرِضَ عَلَيْهِ مَا عَرَضْتَ عَلَي فَافْعَلْ فَإِنْ قَبِلَهُ مِنْكَ قَبِلْتُهُ وَإِنْ رَدهُ عَلَيْكَ رَدَدْتُهُ قَالَ فَإِني فَاعِلٌ فَخَرَجَ مَعِي وَخَرَجَ بِالناقَةِ التِي عَرَضَ عَلَي حَتى قَدِمْنَا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ يَا نَبِي اللهِ أَتَانِي رَسُولُكَ لِيَأْخُذَ مِني صَدَقَةَ مَالِي وَايْمُ اللهِ مَا قَامَ فِي مَالِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا رَسُولُهُ قَط قَبْلَهُ فَجَمَعْتُ لَهُ مَالِي فَزَعَمَ أَن مَا عَلَي فِيهِ ابْنَةُ مَخَاضٍ وَذَلِكَ مَا لَا لَبنَ فِيهِ وَلَا ظَهْرَ وَقَدْ عَرَضْتُ عَلَيْهِ نَاقَةً فَتِيةً عَظِيمَةً لِيَأْخُذَهَا فَأَبى عَلَي وَهَا هِيَ ذِهْ قَدْ جِئْتُكَ بِهَا يَا رَسُولَ اللهِ خُذْهَا فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاكَ الذِي عَلَيْكَ فَإِنْ تَطَوعْتَ بِخَيْرٍ آجَرَكَ اللهُ فِيهِ وَقَبِلْنَاهُ مِنْكَ قَالَ فَهَا هِيَ ذِهْ يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ جِئْتُكَ بِهَا فَخُذْهَا قَالَ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِقَبْضِهَا وَدَعَا لَهُ فِي مَالِهِ بِالْبَرَكَةِ.

2703 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتتى. مەن بىر كىشىنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ كىشى ماللىرىنى يىغىۋىدى، قارىسام، ئۇ كىشىگە ئىككى ياشلىق بىر تۆگە زاكات كېلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن مەن:

ـ زاكاتقا ئىككى ياشلىق بىر تۆگە بەرگىن! ـ دېدىم، ئۇ كىشى:

ــ ئۇنداق تۆگىدىن سۈت چىقمايدۇ ياكى ئۇنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن، كۈچلۈك، چوڭ ۋە سېمىز كەلگەن ماۋۇ تۆگىنى بېرەي، شۇنى ئالغىن! ـ دېدى. مەن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇيرىمىغان نەرسىنى ئالالمايمەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېقىنلا يەردە، ئەگەر خالىساڭ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ماڭا دېگەن سۆزلىرىڭنى

دېگىن. ئەگەر ئۇ قوبۇل قىلسا، مەنمۇ قوبۇل قىلىمەن. ئۇ قوبۇل قىلمىسا، قوبۇل قىلمايمەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ شۇنداق قىلاي، ـ دەپ، زاكاتقا ئاتىغان تۆگىسىنى ئېلىپ، مەن بىلەن بىللە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ ئەلچىڭ مەندىن مېلىمنىڭ زاكىتىنى ئالغىلى كەپتۇ. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇندىن بۇرۇن نە اللهنىڭ رەسۇلى، نە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلچىسى مېلىمنى كۆزدىن كەچۈرمىگەنىدى. شۇڭا مەن ماللىرىمنى ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەردىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ماڭا پەقەت ئىككى ياشلىق بىر چىشى بوتىلاق زاكات كەپتۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن يا سۈت چىقمايدۇ ياكى ئۇنى مىنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن چوڭ ۋە كۈچلۈك بىر تۆگىنى بەرسەم، ئۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ تۆگە مۇشۇ شۇ. مەن بۇنى سىنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كەلدىم، قوبۇل قىلغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ساڭا كەلگەن زاكات شۇ ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭدىن چوڭراقىنى خالىسانە ئىئانە قىلاي دېسەڭ، تېخىمۇ ياخشى. الله ساڭا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ، بىز قوبۇل قىلىمىز، ـ دېدى. ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ تۆگىنى ئالدىڭغا ئېلىپ كەلدىم، قوبۇل قىلغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تاپشۇرۇۋېلىشقا بۇيرىدى ۋە ئۇنىڭ مېلىغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1583)

2704 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ لَا جَلَبَ وَلَا جَنَبَ وَلَا شِغَارَ فِي الْإِسْلَامِ وَمَنْ انْتَهَبَ نُهْبَةً فَلَيْسَ مِنا.

2704 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

[1] ئەلبانى (1401): ھەسەن، ـ دېگەن.

قىلىدۇ:

«زاكات مېلى زاكات خادىمىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنمەيدۇ ياكى (زاكات بەرمەسلىك ئۈچۈن) مالنى باشقا يۇرتقا يۆتكىۋېتىشكە بولمايدۇ. قىزلارنىڭ مەھرى ھەققىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئىككى ئائىلە ئۆزئارا كېلىشىپ، قىزلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئىسلام يول قويمايدۇ. كىمكى بىرەر نەرسىنى بۇلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس (يەنى مۇسۇلمانلار قاتارىدىن بولالمايدۇ)»[1].

(نەسائى: 3335)

2705 - عن أنس بن ملك قال فرض محمد صلى الله عليـه وسـلم في أمـوال المسلمين في كل أربعين درZا درهم وخ أموال أهل الذمة في كل عشرين درZا درهـم وخ أموال من لا ذمة له في كل عشرة دراهم درهم.

2705 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىغا ھەر 40 تەڭگىدە بىر تەڭگە زاكات؛ مۇسۇلمانلارنىڭ كاپالىتىدە ياشاۋاتقان زىممىيلارنىڭ (غەيرى دىندىكىلەرنىڭ) مېلىغا ھەر 20 تەڭگىدە بىر تەڭگە غەللە ـ پاراق؛ غەيرى زىممىيلەرنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپالىتىدە بولمىغان غەيرى دىندىكىلەرنىڭ) مېلىغا ھەر ئون تەڭگىدە بىر تەڭگە غەللە ـ پاراق ئېلىشنى بەلگىلىدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

2706 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَهُ إِلَى الْـيَمَنِ فَقَالَ خُذْ الْحَب مِنْ الْحَب وَالشاةَ مِنْ الْغَنَمِ وَالْبَعِيرَ مِنْ الْإِبِلِ وَالْبَقَرَةَ مِنْ الْبَقَرِ.

2706 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يەمەنگە

[1] ئەلبانى (3127): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4383): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئەۋەتكەندە:

«ئاشلىق ـ داندىن ئاشلىق ـ دان، قويدىن قوي، تۆگىدىن تۆگە، كالىدىن كالا ئالغىن!» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1599)

2707 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فِيمَا سَقَتْ السمَاءُ وَالْعُيونُ أَوْ كَانَ عَثَرِيا الْعُشْرُ وَمَا سُقِيَ بِالنضْحِ نِصْفُ الْعُشْرِ.

2707 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«يامغۇر ياكى بۇلاق سۈيىدە سۇغۇرۇلىدىغان يەردىن ۋە ياكى نەم يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرى زاكاتقا بېرىلىدۇ؛ چېلەك ياكى باشقا ئۇسۇللاردا سۇغۇرۇلىدىغان يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يىگىرمىدىن بىرى بېرىلىدۇ».

(بۇخارى: 1483)

2708 - عَنْ عَتابِ بْنِ أَسِيدٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَبْعَثُ عَلَى الناسِ مَنْ يَخْرُصُ عَلَيْهِمْ كُرُومَهُمْ وَثِمَارَهُمْ وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فِي زَكَاةِ الْكُرُومِ إِنهَا تُخْرَصُ كَمَا يُخْرَصُ النخْلُ ثُم تُؤَدى زَكَاتُهُ زَبِيبًا كَمَا تُؤَدى زَكَاةُ النخْلِ تَمْرًا.

2708ـ ئەتتاب ئىبنى ئەسىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ تالدىكى ئۈزۈملىرىنى ۋە مېۋىلىرىنى تەخمىن قىلىپ باھالايدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:

«تالدىكى ئۈزۈمنى خۇددى خورمىغا ئوخشاش تەخمىن قىلىڭلار. خورمىنىڭ زاكىتىغا قۇرۇق خورما ئالغاندەك، ئۈزۈمنىڭ زاكىتىغىمۇ

[1] ئەلبانى (346): زەئىپ ـ دېگەن.

قۇرۇق ئۆزۈم ئېلىنغلار»[1].

(تىرمىزى: 644)

2709 - عن عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ مَسْعُودِ بْنِ نِيَارٍ قال جَاءَ سَهْلُ بْنُ أَبِي حَثْمَةَ إِلَى مَجْلِسِنَا فَحَدثَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ إِذَا خَرَصْتُمْ فَخُذُوا وَدَعُوا الثلُثَ فَإِنْ لَمْ تَدَعُوا الثلُثَ فَدَعُوا الربُعَ.

2709 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى مەسئۇد ئىبنى نىيار مۇنداق دەيدۇ: سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغىنىمىزغا كېلىپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«دەرەخ شېخىدىكى مېۋىلەرنى تەخمىن قىلىپ باھالىساڭلار، زاكىتىنى شۇ باھالىغان بويىچە ئېلىڭلار ۋە زاكاتقا ھېسابلاپ ئېلىنغاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىسىنىڭ تەسەررۇپ قىلىشىغا قويۇڭلار! ئۈچتىن بىرىنى قويمىساڭلارمۇ، ئەڭ بولمىغاندا، تۆتتىن بىرىنى قويۇڭلار!» دېگەنىدى[2].

(تىرمىزى: 643)

2710 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَبْعَثُ عَبْدَ اللهِ بْنَ رَوَاحَةَ فَيَخْرُصُ النخْلَ حِينَ يَطِيبُ قَبْلَ أَنْ يُؤْكَلَ مِنْهُ ثُم يُخَيرُ يَهُودَ يَأْخُذُونَهُ بِذَلِكَ الْخَرْصِ أَوْ يَدْفَعُونَهُ إِلَيْهِمْ بِذَلِكَ الْخَرْصِ لِكَيْ تُحْصَى الزكَاةُ قَبْلَ أَنْ تُؤْكَلَ الثمَارُ وَتُفَرقَ

2710ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى خورما پىشىپ، يېيىلىشتىن بۇرۇن تەخمىن قىلىش ئۈچۈن خەيبەرگە ئەۋەتەتتى. ئۇ، تەخمىن قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارغا خورمىلارنى بۇ تەخمىن بويىچە ئۆزلىرى يىغىش ياكى مۇشۇ تەخمىن بويىچە يىغىشنى

[1] ئەلبانى (98): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (97): زەئىپ، ـ دېگەن.

مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇش ئىختىيارلىقىنى بېرەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى خورمىنىڭ يېيىلىپ كېتىشى ياكى موھتاجلارغا تارقىتىۋېتىلىشىدىن بۇرۇن زاكاتنى ھېسابلاپ چىقىش ئۈچۈن ئىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3413)

2711 - عَنْ جَابِرٍ أَنَّهُ قَالَ خَرَصَهَا ابْنُ رَوَاحَةَ أَرْبَعِينَ أَلْفَ وَسْقٍ وَزَعَمَ أَنَّ الْيَهُودَ لَمَّا خَيَّرَهُمْ ابْنُ رَوَاحَةَ أَخَذُوا الثَّمَرَ وَعَلَيْهِمْ عِشْرُونَ أَلْفَ وَسْقٍ.

2711 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى راۋاھە (خەيبەرنىڭ خورمىسىنى) 40 مىڭ ۋەسەق تەخمىن قىلغانىدى، يەھۇدىيلارغا (يۇقىرىقى ھەدىستە بايان قىلىنغان) ئىختىيارلىق بېرىلگەندە، ئۇلار خورمىنى ئۆزلىرى يىغىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا (كېلىشىمدىكى بويىچە[②]، چىقىدىغان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمى ھېسابلانغان) 20 مىڭ ۋەسەق خورما بېرىدىغان بولدى[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 3414)

2712 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَبْعَثُ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ رَوَاحَةَ إِلَى خَيْبَرَ فَيَخْرُصُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ يَهُودِ خَيْبَرَ قَالَ فَجَمَعُوا لَهُ حَلْيًا مِنْ حَلْيِ نِسَائِهِمْ فَقَالُوا لَهُ هَذَا لَكَ وَخَفِّفْ عَنَّا وَتَجَاوَزْ فِي الْقَسْمِ فَقَالَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ رَوَاحَةَ يَا مَعْشَرَ الْيَهُودِ وَاللَّهِ إِنَّكُمْ لَمِنْ أَبْغَضِ خَلْقِ اللَّهِ إِلَيَّ وَمَا ذَاكَ بِحَامِلِي عَلَى أَنْ أَحِيفَ عَلَيْكُمْ فَأَمَّا مَا عَرَضْتُمْ مِنْ الرَّشْوَةِ فَإِنَّهَا سُحْتٌ وَإِنَّا لَا نَأْكُلُهَا فَقَالُوا بِهَذَا قَامَتْ السَّمَوَاتُ وَالْأَرْضُ.

2712 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى

---

① ئەلبانى (740): سەنەدى زەئىپ ـ دېگەن.

② خەيبەر پەتھى قىلىنغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، يەھۇدىيلار يەر ـ ماكانلىرىدا قالىدىغان، خورمىلاردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا تۆلەيدىغان بولغانىدى.

③ ئەلبانى (2914): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ خورمىلىرىنى تەخمىن قىلىپ باھالاشقا ئەۋەتكەنىدى. يەھۇدىيلار ئاياللىرىدىن بىر ئاز زىنىنەت بۇيۇمى يىغىپ، ئىبنى رەۋاھەگە:

ــ بۇلار سىېنىڭ بولسۇن، بىزگە كەڭچىلىك قىلىپ، مۆلچەردە بىرئاز ئېتىبار قىلساڭ! ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى يەھۇدىيلار! سىلەر الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان مەخلۇقاتسىلەر. شۇنداقتىمۇ (خاتىرجەم بولۇڭلاركى) بۇ مېنى سىلەرگە زۇلۇم قىلىپ (ئارتۇق تەخمىن قىلىشىمغا) ھەرگىز تۈرتكە بولالمايدۇ. سىلەرنىڭ ماڭا پارا ئورنىدا يىغىپ بەرگەن بۇ نەرسىلىرىڭلار ھارامدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىز پارا يېمەيمىز، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان يەھۇدىيلار:

ـ دېمەك، ئاسمان ـ زېمىن مانا مۇشۇنداق دۇرۇستلۇق بىلەن ئۆرە تۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە؟ ـ دېيىشتى.

(مالىك : 1413)

2713- عن عَبْد اللهِ بن أَبِي بَكْرِ بن مُحَمدِ بن عَمْرِو بن حَزْمٍ، قَالَ: "إنمَا خَرَصَ عَبْدُ اللهِ بن رَوَاحَةَ عَلَى أَهْلِ خَيْبَرَ عَامًا وَاحِدًا فَأُصِيبَ يَوْمَ مُؤْتَة، ثُم إِن جَابِرَ بن صَخْرِ بن خَنْسَاءَ، كَانَ يَبْعَثُهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ ابْنِ رَوَاحَةَ، فَيَخْرُصُ عَلَيْهِمْ".

2713 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەمىر ئىبنى ھەزم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە خەيبەر ئەھلىگە خورمىلارنى پەقەت بىر يىل تەخمىن قىلىپ بەردى. ئۇ، مۇئتە كۈنى شېھىد بولۇپ كەتكەچكە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئورنىغا جابىر ئىبنى سەخر ئىبنى خەنسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتەتتى، ئۇ ئۇلارنىڭ خورمىلىرىنى تەخمىن قىلىپ بېرەتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 2136)

[1] ھەيسەمى (1402): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەدىس مۇرسەل، سەنەدى سەھىھتۇر، ـ دېگەن.

2714 - عن عائشة رفعته أنه نهى عن جداد النخل بالليل.

2714 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنى كېچىدە يىغىشتىن توسقان[1].

(بەززار: 884)

2715 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ بْنِ سَهْلٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْجُعْرُورِ وَلَوْنِ الْحُبَيْقِ أَنْ يُؤْخَذَا فِي الصدَقَةِ.

2715 ـ ئەبۇ ئۇمامە ئىبنى سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنىڭ بەك ناچارلىرىنى زاكات ئۈچۈن ئېلىشتىن توسقان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1607)

2716 - عَنْ مُعَاذٍ أَنهُ كَتَبَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْأَلُهُ عَنْ الْخَضْرَاوَاتِ وَهِيَ الْبُقُولُ فَقَالَ لَيْسَ فِيهَا شَيْءٌ.

2716 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەت يېزىپ كۆكتاتنىڭ زاكىتىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كۆكتاتقا زاكات كەلمەيدۇ» دېگەن[3].

(تىرمىزى: 638)

2717- عن طلحة رضى الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لَيْسَ فِى الْخُضْرَوَاتِ صَدَقَةٌ.

2717 ـ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كۆكتاتقا زاكات كەلمەيدۇ»

[1] ھەيسەمى (4406): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەنبەسە ئىبنى سەئىد بەسرى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1418): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (519): سەھىھ ـ دېگەن.

دېگەن[1].

(بەززار: 885؛ «ئەلئەۋسەت»)

2718 - قَالَ طَاوُسٌ قَالَ مُعَاذٌ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لِأَهْلِ الْيَمَنِ ائْتُونِي بِعَرْضٍ ثِيَابٍ خَمِيصٍ أَوْ لَبِيسٍ فِي الصَدَقَةِ مَكَانَ الشَعِيرِ وَالذرَةِ أَهْوَنُ عَلَيْكُمْ وَخَيْرٌ لِأَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْمَدِينَةِ.

2718 ـ تاۋۇس مۇئازنىڭ يەمەن ئەھلىگە: سىلەر ئارپا ـ قوناقنىڭ ئورنىغا رەخت ۋە كىيىم ـ كېچەك بېرىڭلار. بۇ، ھەم سىلەر ئۈچۈن ئاسان ھەم مەدىنىدىكى ساھابىلەر ئۈچۈنمۇ ياخشى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2719 - عَنْ السائِبِ بْنِ يَزِيدَ أَن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ كَانَ يَقُولُ هَذَا شَهْرُ زَكَاتِكُمْ فَمَنْ كَانَ عَلَيْهِ دَيْنٌ فَلْيُؤَد دَيْنَهُ حَتى تَحْصُلَ أَمْوَالُكُمْ فَتُؤَدونَ مِنْهُ الزكَاةَ.

2719 ـ سائىب ئىبنى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: بۇ ئاي زاكات ئېيىدۇر. كىمنىڭ قەرزى بولسا، قەرزىنى تۆلىسۇنكى، شۇ ئارقىلىق قەرز ئىگىلىرىنىڭ مېلى تولۇقلىنىپ، زاكات بەرسۇن.

(مالىك: 591)

[1] ھەيسەمى (4369): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھارىس ئىبنى نەبھان ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك كىشى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

## ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەدەن، خەزىنە، ھەسەل، يېتىم مېلى ۋە تىجارەت بۇيۇمى قاتارلىقلارنىڭ زاكىتى

2720 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أن امْرَأَةً مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ أَتَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبِنْتٌ لَهَا فِي يَدِ ابْنَتِهَا مَسَكَتَانِ غَلِيظَتَانِ مِنْ ذَهَبٍ فَقَالَ أَتُؤَدِّينَ زَكَاةَ هَذَا قَالَتْ لَا قَالَ أَيَسُرُّكِ أَنْ يُسَوِّرَكِ اللهُ عَز وَجَل بِهِمَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ سِوَارَيْنِ مِنْ نَارٍ قَالَ فَخَلَعَتْهُمَا فَأَلْقَتْهُمَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ هُمَا لِلهِ وَلِرَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2720 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا يەمەنلىك بىر ئايال قىزى بىلەن كەلدى. قىزىنىڭ قولىدا چوڭ ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈك بار ئىكەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇنىڭ زاكىتىنى بېرەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئايال:

ــ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قىيامەت كۈنى، اللهنىڭ قولۇڭغا ئوتتىن ئىككى بىلەيزۈك سېلىپ قويۇشىنى خالامسەن؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال ئىككى بىلەيزۈكنى چىقىرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەردى ۋە:

ــ بۇ، الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭدۇر، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2479)

---

[1] ئەلبانى (2324): ھەسەن، ـ دېگەن.

2721- عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَدادِ بْنِ الْهَادِ أَنهُ قَالَ دَخَلْنا عَلَى عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَأَى فِي يَدَي فَتَخَاتٍ مِنْ وَرِقٍ فَقَالَ مَا هَذَا يَا عَائِشَةُ فَقُلْتُ صَنَعْتُهُن أَتَزَينُ لَكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ أَتُؤَدينَ زَكَاتَهُن قُلْتُ لَا أَوْ مَا شَاءَ اللهُ قَالَ هُوَ حَسْبُكِ مِنْ النارِ

2721 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد ئىبنى ھادى مۇنداق دېگەن: بىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭكىگە كىرگەن ئىدۇق، ئۇ مۇنداق سۆزلەپ بەردى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ، قولۇمدىكى چوڭ ـ چوڭ كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى كۆرۈپ:

ـ ئى ئائىشە! بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇلارنى ساڭا چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ياساتتىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلامسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ياق (ياكى الله خالىسا)، ـ دېسەم:

ـ بۇنىڭ ۋابالىدىن ئوتقا كىرىسەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1565)

2722 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ عَنْ أَبِيهِ أَن عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَتْ تَلِي بَنَاتَ أَخِيهَا يَتَامَى فِي حَجْرِهَا لَهُن الْحَلْيُ فَلَا تُخْرِجُ مِنْ حُلِيهِن الزكَاةَ.

2722ـ ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاكىسىنىڭ يېتىم قالغان قىزلىرىنى بېقىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىبۇزىننەتلىرى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمەيتتى.

(مالىك: 584)

2723 - عَنْ مَالِك عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يُحَلي بَنَاتَهُ وَجَوَارِيَهُ الذهَبَ

[1] ئەلبانى (1384): سەھىھ ـ دېگەن.

ثُم لَا يُخْرِجُ مِنْ حُلِيهِن الزكَاةَ.

2723 ـ مالىك نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قىزلىرى ۋە دېدەكلىرىگە ئالتۇن زىبۇزىننەت ئېلىپ بېرەتتى، لېكىن ئۇ (زىبۇزىننەتلەر)نىڭ زاكىتىنى بەرمەيتتى.

(مالىك: 585)

2724 - عن ابن عمر قال أتى النF صلى الله عليه وسلم بقطعة من ذهب كانت أول صدقة جاءته من معدن لنا فقال انا ستكون معادن وسيكون فيها شر الخلق.

2724 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر پارچە ئالتۇن كەلتۈرۈلدى. ئۇ، بىزگە مەدەندىن كەلتۈرۈلگەن تۇنجى زاكات ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «كەلگۈسىدە مەدەن كانلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلسەغىر»)

2725 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَـالَ الْعَجْمَاءُ جُبَارٌ وَالْبِئْرُ جُبَارٌ وَالْمَعْدِنُ جُبَارٌ وَفِي الركَازِ الْخُمُسُ.

2725ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرسەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ھايۋان كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانغا تۆلەم يوق، قۇدۇققا ياكى كانغا چۈشۈپ كېتىش، ياكى ئىشلىگىلى كىرىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ھەرقانداق زىيان ـ زەخمەتلەرگە تۆلەم يوق، (يەر ئاستىدىن تېپىۋېلىنغان) بايلىقنىڭ بەشتىن بىرى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ».

(بۇخارى: 1499)

[1] ھەيسەمى (4419): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

2726 - عَنْ ضُبَاعَةَ بِنْتِ الزُّبَيْرِ بْنِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ بْنِ هَاشِمٍ أَنَّهَا أَخْبَرَتْهَا قَالَتْ ذَهَبَ الْمِقْدَادُ لِحَاجَتِهِ بِبَقِيعِ الْخَبْخَبَةِ فَإِذَا جُرَذٌ يُخْرِجُ مِنْ جُحْرٍ دِينَارًا ثُمَّ لَمْ يَزَلْ يُخْرِجُ دِينَارًا دِينَارًا حَتَّى أَخْرَجَ سَبْعَةَ عَشَرَ دِينَارًا ثُمَّ أَخْرَجَ خِرْقَةً حَمْرَاءَ يَعْنِي فِيهَا دِينَارٌ فَكَانَتْ ثَمَانِيَةَ عَشَرَ دِينَارًا فَذَهَبَ بِهَا إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَخْبَرَهُ وَقَالَ لَهُ خُذْ صَدَقَتَهَا فَقَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ هَلْ هَوَيْتَ إِلَى الْجُحْرِ قَالَ لَا فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَارَكَ اللهُ لَكَ فِيهَا.

2726 ـ زۇبائە بىنتى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مىقداد تەرەت قىلىش ئۈچۈن بەقىئىلخەبخەبە دېگەن جايغا بارغانىكەن. تۇيۇقسىز ئۇۋىسىدىن بىر ئالتۇن تىللا ئېلىپ چىققان چوڭ بىر چاشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ. قاراپ تۇرسا، ئۇ چاشقان بىر - بىرلەپ 17 تىللانى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئىچىدە بىر تىللا بار قىزىل لاتىنى سۆرەپ چىقىپتۇ. ئۇ، جەمئىي 18 تىللانى ئېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى يەتكۈزگەندىن كېيىن:

ـ بۇنىڭ زاكىتىنى ئالغىن! ـ دەپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن چاشقان ئۇۋىسىغا قولۇڭنى تىقتىڭمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. مىقداد:

ــ ياق، ـ دېگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله ساڭا ئۇلارنى بەرىكەتلىك قىلسۇن! ـ دەپ دۇئا قىپتۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3087)

2727 - قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا لَيْسَ الْعَنْبَرُ بِرِكَازٍ هُوَ شَيْءٌ دَسَرَهُ الْبَحْرُ.

2727 ـ ئىبنى ئاببار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئەنبەر دېگەن يەر ئاستى بايلىقىغا كىرمەيدۇ، ئۇ دېگەن دېڭىز قىرغىقىغا چىقىپ قالىدىغان

[1] ئەلبانى (677): زەئىپ، ـ دېگەن.

نەرسىدۇر، ـ دېگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2728 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْعَسَلِ فِي كُل عَشَرَةِ أَزُق زِق.

2728 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئون كۆنەك ھەسەلگە بىر كۆنەك زاكات كېلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[①].

(تىرمىزى: 629)

2729 - عن ابن عمر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم في العسل العشـر في كل ثنG عشرة قربة قربة وليس فيما دون ذلك شئ.

2729 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەر 12 تۇلۇم ھەسەلگە بىر تۇلۇم (ھەسەل) زاكات كېلىدۇ. 12 تۇلۇمدىن ئاز بولسا، زاكات كەلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

2730- عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ جَاءَ هِلَالٌ أَحَدُ بَنِي مُتْعَانَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعُشُورِ نَحْلٍ لَهُ وَكَانَ سَأَلَهُ أَنْ يَحْمِيَ لَهُ وَادِيًا يُقَالُ لَـهُ سَلَبَةُ فَحَمَى لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَلِكَ الْوَادِي فَلَما وُلِيَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ كَتَبَ سُفْيَانُ بْنُ وَهْبٍ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ يَسْأَلُهُ عَنْ ذَلِكَ فَكَتَبَ عُمَـرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِنْ أَدى إِلَيْكَ مَا كَانَ يُؤَدي إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ مِـنْ عُشُورِ نَحْلِهِ فَاحْمِ لَهُ سَلَبَةَ وَإِلا فَإِنمَا هُوَ ذُبَابُ غَيْثٍ يَأْكُلُهُ مَنْ يَشَاءُ

2730 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق

---

[①] ئەلبانى (514): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (4109): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەدەقە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭغا ھەرخىل باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

رىۋايەت قىلىدۇ: مۇتئان قەبىلىسىدىن ھىلال ئىسىملىك بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ھەسەل ھەرىسىنىڭ (مەھسۇلاتىنىڭ) ئوندىن بىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن (ھەسەل ھەرىسىنى باقىدىغانغا) سەلەبە دېگەن بىر ۋادىنى قوغداپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا شۇ ۋادىنى قوغداپ بەردى. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگە كەلگەندە، سۇفيان ئىبنى ۋەھب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا شۇ ۋادى توغرۇلۇق خەت يازغان، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋاب يېزىپ:

— ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدىكىدەك ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسىلىدىن ئوندىن بىرىنى ئادا قىلسا، ئۇنىڭ ۋادىسىنى قوغداپ بەرگىن، ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ دېگەن يامغۇر نەگە چۈشسە، شۇ يەردىكى چېچەكلەردىن يەپ ھەسەل ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر ھەرە، شۇڭا بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەسىلىنى كىم خالىسا، شۇ يەيدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1600)

2731 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَطَبَ الناسَ فَقَالَ أَلَا مَنْ وَلِيَ يَتِيمًا لَهُ مَالٌ فَلْيَتجِرْ فِيهِ وَلَا يَترُكْهُ حَتى تَأْكُلَهُ الصدَقَةُ.

2731 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«ئاگاھ بولۇڭلاركى، مېلى بار يېتىمغا ئىگىدارچىلىق قىلغانلار ئۇ مال بىلەن تىجارەت قىلىپ قويسۇن. بولمىسا، ئۇ مال زاكات بېرىۋېرىپ تۈگەپ كېتىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 641)

---

[1] ئەلبانى (1415): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (96): زەئىپ، ـ دېگەن.

2732- عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ اتجِرُوا فِي أَمْوَالِ الْيَتَامَى لَا تَأْكُلُهَا الزكَاةُ.

2732 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ: زاكات بىرىۋېرىپ تۈگەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، يېتىمنىڭ مېلىنى تىجارەتكە سېلىپ قويۇڭلار، ـ دېگەنلىكى يەتتى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

2733 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ قَالَ أَما بَعْدُ فَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَأْمُرُنَا أَنْ نُخْرِجَ الصدَقَةَ مِنْ الذِي نُعِد لِلْبَيْعِ.

2733 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى سېتىشقا تەييارلىغان ماللارنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە بۇيرۇيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1562)

[1] ئەلبانى (338): زەئىپ، ـ دېگەن.

## پىتىر زاكىتى (سەدىقە ـ پىتىر)، زاكات خادىمى ۋە زاكاتنىڭ كىملەرگە بېرىلىدىغانلىقى

2734 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ فَرَضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَكَاةَ الْفِطْرِ صَاعًا مِنْ تَمْرٍ أَوْ صَاعًا مِنْ شَعِيرٍ عَلَى الْعَبْدِ وَالْحُرِ وَالذكَرِ وَالْأُنْثَى وَالصغِيرِ وَالْكَبِيرِ مِنْ الْمُسْلِمِينَ وَأَمَرَ بِهَا أَنْ تُؤَدى قَبْلَ خُرُوجِ الناسِ إِلَى الصلَاةِ.

2734 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇل ياكى ھۆر، ئەر ياكى ئايال، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ پىتىر زاكىتى ئۈچۈن بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىشنى پەرز قىلدى ۋە ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىشقا بۇيرىدى.

(بۇخارى: 1503)

2735 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِزَكَاةِ الْفِطْرِ أَنْ تُؤَدى قَبْلَ خُرُوجِ الناسِ إِلَى الصلَاةِ قَالَ فَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يُؤَدِيهَا قَبْلَ ذَلِكَ بِالْيَوْمِ وَالْيَوْمَيْنِ.

2735 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنى نامازغا چىقىشتىن بۇرۇن پىتىر زاكىتىنى بېرىشكە بۇيرۇيتتى، ـ دېدى. ئۆزىمۇ ھېيتتىن بىر ـ ئىككى كۈن بۇرۇن بېرەتتى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1610)

2736 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ كَانَ الناسُ يُخْرِجُونَ صَدَقَةَ الْفِطْرِ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَاعًا مِنْ شَعِيرٍ أَوْ تَمْرٍ أَوْ سُلْتٍ أَوْ زَبِيبٍ قَالَ قَالَ عَبْدُ

[①] ئەلبانى (1421): سەھىھ ـ دېگەن.

اللهِ فَلَما كَانَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَكَثُرَتْ الْحِنْطَةُ جَعَلَ عُمَرُ نِصْفَ صَاعٍ حِنْطَةً مَكَانَ صَاعٍ مِنْ تِلْكَ الْأَشْيَاءِ.

2736ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدا پىتىر زاكىتىغا بىر سا ئارپا ياكى خورما ياكى ئارپىنىڭ يەنە بىر تۈرى ۋە ياكى قۇرۇق ئۈزۈم بېرىلەتتى. ئەمما ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، بۇغداي كۆپەيگەچكە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا يېرىم سا بۇغداينى مۇۋاپىق كۆرگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1614)

2737- عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ كُنا نُخْرِجُ إِذْ كَانَ فِينَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَكَاةَ الْفِطْرِ عَنْ كُل صَغِيرٍ وَكَبِيرٍ حُر أَوْ مَمْلُوكٍ صَاعًا مِنْ طَعَامٍ أَوْ صَاعًا مِنْ أَقِطٍ أَوْ صَاعًا مِنْ شَعِيرٍ أَوْ صَاعًا مِنْ تَمْرٍ أَوْ صَاعًا مِنْ زَبِيبٍ فَلَمْ نَزَلْ نُخْرِجُهُ حَتى قَدِمَ عَلَيْنَا مُعَاوِيَةُ بْنُ أَبِي سُفْيَانَ حَاجا أَوْ مُعْتَمِرًا فَكَلمَ الناسَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَكَانَ فِيمَا كَلمَ بِهِ الناسَ أَنْ قَالَ إِني أَرَى أَن مُدينِ مِنْ سَمْرَاءِ الشامِ تَعْدِلُ صَاعًا مِنْ تَمْرٍ فَأَخَذَ الناسُ بِذَلِكَ قَالَ أَبُو سَعِيدٍ فَأَما أَنَا فَلَا أَزَالُ أُخْرِجُهُ كَمَا كُنتُ أُخْرِجُهُ أَبَدًا مَا عِشْتُ.

2737 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، چوڭ ياكى كىچىك، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، ھەممىمىز پىتىر زاكىتى ئۈچۈن بىر سا يېمەكلىك ياكى بىر سا قۇرۇت ياكى بىر سا ئارپا ياكى بىر سا خورما ۋە ياكى بىر سا قۇرۇق ئۈزۈم بېرەتتۇق. بۇ، تاكى مۇئاۋىيە شامدىن بىزنىڭ يېنىمىزغا يەنى مەككىگە كەلگەنگە قەدەر مۇشۇنداق داۋاملاشتى. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن ۋاقتىدا، مۇنبەرگە چىقىپ، جامائەتكە سۆز

[1] ئەلبانى (351): زەئىپ. ـ دېگەن.

قىلدى ۋە:

ـ شامنىڭ ئىككى مۇد بۇغدىيى بىر سا خورمىغا تەڭ دەپ قارايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، خەلق سەدىقە پىتىرنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بېرىشكە باشلىدى. ئەمما مەن بۇرۇنقى ئۆلچەمدە بېرىپ كېلىۋاتىمەن ھەم ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق داۋاملاشتۇرىمەن.

(مۇسلىم: 985)

2738 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ ثَعْلَبَةَ بْنِ صُعَيْرٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَطِيبًا فَأَمَرَ بِصَدَقَةِ الْفِطْرِ صَاعِ تَمْرٍ أَوْ صَاعِ شَعِيرٍ عَنْ كُل رَأْسٍ زَادَ عَلِي فِي حَدِيثِهِ أَوْ صَاعِ بُر أَوْ قَمْحٍ بَيْنَ اثْنَيْنِ ثُم اتفَقَا عَنْ الصغِيرِ وَالْكَبِيرِ وَالْحُر وَالْعَبْدِ.

2738ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەبە ئىبنى سۇئەير دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە سۆز قىلىپ، سەدىقە پىتىر ئۈچۈن، مەيلى ھۆر ياكى قۇل، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئادەم بېشىغا بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىشكە ۋە ھەر ئىككى ئادەم بېشىغا بىر سا بۇغداي بېرىشكە بۇيرىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1620)

2739 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ مُنَادِيًا فِي فِجَاجِ مَكةَ أَلَا إِن صَدَقَةَ الْفِطْرِ وَاجِبَةٌ عَلَى كُل مُسْلِمٍ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى حُر أَوْ عَبْدٍ صَغِيرٍ أَوْ كَبِيرٍ مُدانِ مِنْ قَمْحٍ أَوْ سِوَاهُ صَاعٌ مِنْ طَعَامٍ.

2739 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا ئەۋەتكەن جاكارچىسى مۇنداق دەيتتى:

ــ ئى خالايىق! پىتىر زاكىتى بارلىق مۇسۇلمان ئاممىسىغا

[1] ئەلبانى (1427): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋاجىپ! ئەر ياكى ئايال، ھۆر ياكى قۇل، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەركىم پىتىر زاكىتى ئۈچۈن ئىككى مۇد بۇغداي بېرىشى كېرەك! بۇغداي بولمىسا، باشقا يېمەكلىكتىن بىر سا بېرىشى كېرەك[1].

(تىرمىزى: 674)

2740 - عن ابْنُ عَباسٍ قال: فَرَضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذِهِ الصدَقَةَ صَاعًا مِنْ تَمْرٍ أَوْ شَعِيرٍ أَوْ نِصْفَ صَاعٍ مِنْ قَمْحٍ عَلَى كُل حُر أَوْ مَمْلُوكٍ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى صَغِيرٍ أَوْ كَبِيرٍ فَلَما قَدِمَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ رَأَى رُخْصَ السعْرِ قَالَ قَدْ أَوْسَعَ اللهُ عَلَيْكُمْ فَلَوْ جَعَلْتُمُوهُ صَاعًا مِنْ كُل شَيْءٍ

2740 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيلى ھۆر ياكى قۇل، ئەر ياكى ئايال، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، بارلىق مۇسۇلمانلىنىڭ پىتىر زاكىتى ئۈچۈن بىر سا خورما ياكى ئارپا ۋە ياكى يېرىم سا بۇغداي بېرىشنى پەرز قىلدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە كۇفەگە كېلىپ، مال باھاسىنىڭ ئەرزان ئىكەنلىكىنى كۆردى ـ دە:

ـ الله سىلەرگە مول رىزىق بېرىپتۇ. شۇڭا ئەمدى ھەممە نەرسىدىن بىر سا بەرسەڭلار بولغۇدەك، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1622)

2741 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ فَرَضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَكَاةَ الْفِطْرِ طُهْرَةً لِلصائِمِ مِنْ اللغْوِ وَالرفَثِ وَطُعْمَةً لِلْمَسَاكِينِ مَنْ أَداهَا قَبْلَ الصلَاةِ فَهِيَ زَكَاةٌ مَقْبُولَةٌ وَمَنْ أَداهَا بَعْدَ الصلَاةِ فَهِيَ صَدَقَةٌ مِنْ الصدَقَاتِ.

2741 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىتىر زاكىتىنى روزا تۇتقۇچىنىڭ بىھۇدە گەپ ـ سۆز تۇپەيلىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان

---

[1] ئەلبانى (107): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (356): زەئىپ، ـ دېگەن.

گۇناھلىرىدىن پاكلىنىشى ۋە يوقسۇللارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن پەرز قىلدى. كىمكى پىتىر زاكىتىنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بەرسە، ئۇ مەقبۇل زاكات ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ھېيت نامىزىدىن كېيىن بەرسە، سەدىقىلەردىن بىرى قاتارىدا بولىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1609)

2742 - عَنْ قَيْسِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ بِصَدَقَةِ الْفِطْرِ قَبْلَ أَنْ تَنزِلَ الزكَاةُ فَلَما نَزَلَتْ الزكَاةُ لَمْ يَأْمُرْنَا وَلَمْ يَنْهَنَا وَنَحْنُ نَفْعَلُهُ.

2742 ـ قەيس ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زاكات پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى بىزنى پىتىر زاكىتى بېرىشكە بۇيرىغانىدى. زاكات پەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنى پىتىر زاكىتى بېرىشكە بۇيرىمىدى ھەم بېرىشتىنمۇ توسمىدى. شۇڭا بىز پىترە زاكات بېرىشنى داۋاملاشتۇردۇق[2].

(نەسائى: 2507)

2743 - عَنْ أَبِي حُمَيْدٍ الساعِدِي أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ اسْتَعْمَلَ ابْنَ الْأُتبِيةِ عَلَى صَدَقَاتِ بَنِي سُلَيْمٍ فَلَما جَاءَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَحَاسَبَهُ قَالَ هَذَا الذِي لَكُمْ وَهَذِهِ هَدِيةٌ أُهْدِيَتْ لِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَهَلا جَلَسْتَ فِي بَيْتِ أَبِيكَ وَبَيْتِ أُمكَ حَتى تَأْتِيَكَ هَدِيتُكَ إِنْ كُنتَ صَادِقًا ثُم قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَخَطَبَ الناسَ وَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ ثُم قَالَ أَما بَعْدُ فَإِنِي أَسْتَعْمِلُ رِجَالًا مِنْكُمْ عَلَى أُمُورٍ مِما وَلانِي اللهُ فَيَأْتِي أَحَدُكُمْ فَيَقُولُ هَذَا لَكُمْ وَهَذِهِ هَدِيةٌ أُهْدِيَتْ لِي فَهَلا جَلَسَ فِي بَيْتِ أَبِيهِ وَبَيْتِ أُمهِ حَتى تَأْتِيَهُ هَدِيتُهُ إِنْ كَانَ صَادِقًا فَوَاللهِ لَا يَأْخُذُ أَحَدُكُمْ مِنْهَا شَيْئًا قَالَ هِشَامٌ بِغَيْرِ حَقِهِ إِلا جَاءَ اللهَ يَحْمِلُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَلَا فَلَأَعْرِفَن مَا جَاءَ اللهَ رَجُلٌ بِبَعِيرٍ لَهُ رُغَاءٌ أَوْ بِبَقَرَةٍ لَهَا خُوَارٌ أَوْ شَاةٍ تَيْعَرُ ثُم رَفَعَ يَدَيْهِ حَتى رَأَيْتُ بَيَاضَ إِبْطَيْهِ أَلَا هَلْ بَلغْتُ.

[1] ئەلبانى (1420): ھەسەن. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2350): سەھىھ ـ دېگەن.

2743 ـ ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى ئۇتەبىيەنى بەنى سۇلەيم قەبىلىسىگە زاكات يىغىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھېساب بېرىپ:

ـ بۇلار سىلەرگە تېگىشلىك بولغىنى. ماۋۇ ماڭا ھەدىيە قىلىندى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر سەن راستچىل بولساڭ، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باققىن، ساڭا ھەدىيە كېلەمدىكىن؟ ـ دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن، جامائەتكە:

ـ ئاراڭلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى الله ماڭا يەرز قىلغان ئىش (زاكات) ئۈچۈن ئەۋەتسەم، بەزىلىرى قايتىپ كېلىپ: بۇلار سىلەرگە تېگىشلىك بولغىنى. ماۋۇ ماڭا ھەدىيە قىلىندى، ـ دەيدۇ. ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باقسۇن، ئۇنىڭغا ھەدىيە كېلەمدىكىن؟ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كىمكى ھەققى بولمىغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، قىيامەت كۈنى، اللهنىڭ دەرگاھىدا توپلانغاندا، ئۇنى گەدىنىگە يۈدۈپ كېلىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۇنداق كىشى اللهنىڭ دەرگاھىغا كەلگەندە، مەن ئۇنى چوقۇم تونۇۋالىمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېلىۋالغان نەرسىسى تۆگە بولسا بوزلايدۇ، كالا بولسا مۆرەيدۇ، قوي بولسا مەرەيدۇ، ـ دەپ خىتاب قىلدى. ئاندىن قولىنى قولتۇقى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

ـ ئى الله! يەتكۈزدىممۇ؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 7197)

2744- عن عَدِي بن عُمَيْرَةَ الْكِنْدِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَا أَيهَا الناسُ مَنْ عُملَ مِنْكُمْ لَنا عَلَى عَمَلٍ فَكَتَمَنا مِنْهُ مِخْيَطًا فَما فَوْقَهُ فَهُوَ غُلٌّ يَأْتي بِهِ يَوْمَ الْقِيامَةِ فَقَامَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ أَسْوَدُ كَأَني أَنظُرُ إِلَيْهِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ اقْبَلْ عَني عَمَلَكَ قَالَ وَمَا ذَاكَ قَالَ سَمِعْتُكَ تَقُولُ كَذَا وَكَذَا قَالَ وَأَنا أَقُولُ ذَلِكَ مَنْ اسْتَعْمَلْناهُ عَلَى عَمَلٍ

فَلْيَأْتِ بِقَلِيلِهِ وَكَثِيرِهِ فَمَا أُوتِيَ مِنْهُ أَخَذَهُ وَمَا نُهِيَ عَنْهُ انْتَهَى

2744ـ ئەدىي ئىبنى ئۇمەيرە كىندىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى خالايىق! ئەگەر سىلەردىن بىرى زاكات يىغىشقا تەيىنلەنسە، ئۇ بىزدىن يىڭنە چاغلىق نەرسىنى بولسىمۇ يوشۇرىدىكەن، يوشۇرغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ئىشكەل بولىدۇ، ـ دېدى. ھېلىغىچە كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇكى، ئەنسارلاردىن قارا بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى قايتۇرۇپ ئالغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمىشقا؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ـ سېنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مېنىڭ ئۇنى دېيىشىم كېرەك، بىز كىمنى بىر ۋەزىپىگە تەيىنلىسەك، ئۇ مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ھەممە نەرسىنى بىزگە تاپشۇرسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزىگە بېرىلگەننى ئېلىپ، بېرىلمىگەندىن ۋاز كەچسۇن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3581)

2745- عن إِبْرَاهِيمَ بْنِ عَطَاءٍ مَوْلَى عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ زِيَادًا أَوْ بَعْضَ الْأُمَرَاءِ بَعَثَ عِمْرَانَ بْنَ حُصَيْنٍ عَلَى الصَّدَقَةِ فَلَمَّا رَجَعَ قَالَ لِعِمْرَانَ أَيْنَ الْمَالُ قَالَ وَلِلْمَالِ أَرْسَلْتَنِي أَخَذْنَاهَا مِنْ حَيْثُ كُنَّا نَأْخُذُهَا عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَوَضَعْنَاهَا حَيْثُ كُنَّا نَضَعُهَا عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ

2745ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ ئازادگەردىسى ئىبراھىم ئىبنى ئەتا دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زىياد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياكى بەزى ئەمىرلەر ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننى زاكات يىغىشقا ئەۋەتكەندى. ئۇ، بايلاردىن ئالغان زاكات مالىنى شۇ ئەتراپتىكى يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن:

---

[1] ئەلبانى (3056): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ مال قىنى؟ ـ دەپ سورىغانىدى. ئۇ:

ـــ سـەن مىنـى مـالنى يىغىپ ئىلىپ كىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنمىدىڭ؟ بىز ئۇ ماللارنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدا ئالغان يەرلەردىن ئىلىپ، يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدا تارقىتىپ بەرگەن يەرلەرگە تارقىتىپ بەردۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1625)

2746- عَنْ جَرِيرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَتَاكُمْ الْمُصَدِقُ فَلْيَصْدُرْ عَنْكُمْ وَهُوَ عَنْكُمْ رَاضٍ.

2746ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

«يىنىڭلارغا كەلگەن زاكات خادىملىرى سىلەردىن مەمنۇن بولغان هالدا قايتسۇن!»

(مۇسلىم: 989)

2747 - وفي رواية: قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَإِنْ ظَلَمُونَا قَالَ أَرْضُوا مُصَدِقِيكُمْ زَادَ عُثْمَانُ وَإِنْ ظُلِمْتُمْ

2747 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دىيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىزگە زۇلۇم قىلسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـــ هەتتا ئۇلار سىلەرگە زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى رازى قىلىڭلار! ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1589)

2748 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ جَابِرِ بْنِ عَتِيكٍ عَنْ أَبِيهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ

[①] ئەلبانى (1431): سەھىھ ـ دىگەن.

[②] ئەلبانى (1404): سەھىھ ـ دىگەن.

عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ سَيَأْتِيكُمْ رُكَيْبٌ مُبْغَضُونَ فَإِنْ جَاءُوكُمْ فَرَحِّبُوا بِهِمْ وَخَلُّوا بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ مَا يَبْتَغُونَ فَإِنْ عَدَلُوا فَلِأَنْفُسِهِمْ وَإِنْ ظَلَمُوا فَعَلَيْهَا وَأَرْضُوهُمْ فَإِن تَمَامَ زَكَاتِكُمْ رِضَاهُمْ وَلْيَدْعُوا لَكُمْ.

2748 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى جابىر ئىبنى ئەتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«پات يېقىندا سىلەرگە ئۆلاغلىق ۋە يېقىمسىز زاكات خادىملىرى كېلىدۇ. ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىڭلار. ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى بېرىڭلار. چۈنكى ئۇلار توغرا قىلسىمۇ ئۆزلىرىگە، خاتا قىلسىمۇ ئۆزلىرىگە قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ سىلەر ئۇلارنى رازى قىلىڭلار. چۈنكى زاكىتىڭلارنىڭ مۇكەممەل ئادا بولۇشى ئۇلارنىڭ رازىلىقىغا باغلىق. (شۇڭا ئۇلارنى رازى قىلىڭلاركى) ئۇلار سىلەرگە دۇئا قىلسۇن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1588)

2749 - عَنْ بَشِيرِ ابْنِ الْخَصَاصِيَةِ قَالَ قُلْنَا إِن أَهْلَ الصدَقَةِ يَعْتَدُونَ عَلَيْنَا أَفَنَكْتُمُ مِنْ أَمْوَالِنَا بِقَدْرِ مَا يَعْتَدُونَ عَلَيْنَا فَقَالَ لَا.

2749 ـ بەشىر ئىبنى خەساسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! زاكات خادىملىرى بىزگە ھەقسىزلىق قىلىۋاتىدۇ (يەنى بىزدىن ئارتۇقچە نەرسە ئېلىۋاتىدۇ). ئۇلار بىزدىن ھەقسىزلىق بىلەن ئېلىۋالىدىغان مىقداردا مېلىمىزنى يوشۇرۇپ قويساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىساق، ئۇ:

ـ ياق، بولمايدۇ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1586)

[1] ئەلبانى (345): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (343): زەئىپ، ـ دېگەن.

2750 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمُعْتَدِي الْمُتَعَدي فِي الصدَقَةِ كَمَانِعِهَا.

2750 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«زاكات ئېلىشتا ھەقسىزلىق قىلغان كىشى گۇناھ جەھەتتە زاكات بەرمىگەن كىشىگە ئوخشاش»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1585)

2751 - عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْعَامِلُ عَلَى الصدَقَةِ بِالْحَق كَالْغَازِي فِي سَبِيلِ اللهِ حَتى يَرْجِعَ إِلَى بَيْتِهِ.

2751 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«زاكاتنى ھەققانىيەت بىلەن يىغقۇچى خادىم تاكى ئۆيىگە قايتىپ كەلگىچە الله يولىدا غازاتقا چىققان كىشىگە ئوخشايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2936)

2752 - عَنْ مَالِكِ بْنِ عَتَاهِيَةَ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا لَقِيتُمْ عَاشِرًا فَاقْتُلُوهُ يَعْنِي بِذَلِكَ الصدَقَةَ يَأْخُذُهَا عَلَى غَيْرِ حَقهَا.

2752 ـ مالىك ئىبنى ئەتاھىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «زاكات ئېلىشتا ھەقسىزلىق قىلىدىغان خادىمنى كۆرسەڭلار ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان[3].

(ئەھمەد: 17595؛ «ئەلكەبىر»)

---

[1] ئەلبانى (1403): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2545): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4470): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

2753 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى قَالَ كَانَ أَبِي مِنْ أَصْحَابِ الشَّجَرَةِ وَكَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَتَاهُ قَوْمٌ بِصَدَقَتِهِمْ قَالَ اللهُم صَل عَلَى آلِ فُلَانٍ قَالَ فَأَتَاهُ أَبِي بِصَدَقَتِهِ فَقَالَ اللهُم صَل عَلَى آلِ أَبِي أَوْفَى.

2753 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا مۇنداق دەيدۇ: دادام (ھۆدەيبىيەدە) دەرەخ ئاستىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغانلارنىڭ قاتارىدىن ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زاكىتىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە: «ئى الله! پالانچىنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى. دادام زاكىتىنى ئېلىپ كەلگەندى: «ئى الله! ئەبۇ ئەۋفا ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1590)

2755 - عن عَبْد الْمُطلِبِ بْنَ رَبِيعَةَ بْنِ الْحَارِثِ حَدثَهُ قَالَ اجْتَمَعَ رَبِيعَةُ بْنُ الْحَارِثِ وَالْعَباسُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلِبِ فَقَالَا وَاللهِ لَوْ بَعَثْنَا هَذَيْنِ الْغُلَامَيْنِ قَالَا لِي وَلِلْفَضْلِ بْنِ عَباسٍ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَلمَاهُ فَأَمرَهُمَا عَلَى هَذِهِ الصدَقَاتِ فَأَديَا مَا يُؤَدي الناسُ وَأَصَابَا مِما يُصِيبُ الناسُ قَالَ فَبَيْنَمَا هُمَا فِي ذَلِكَ جَاءَ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ فَوَقَفَ عَلَيْهِمَا فَذَكَرَا لَهُ ذَلِكَ فَقَالَ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ لَا تَفْعَلَا فَوَاللهِ مَا هُوَ بِفَاعِلٍ فَانْتَحَاهُ رَبِيعَةُ بْنُ الْحَارِثِ فَقَالَ وَاللهِ مَا تَصْنَعُ هَذَا إِلا نَفَاسَةً مِنْكَ عَلَيْنَا فَوَاللهِ لَقَدْ نِلْتَ صِهْرَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَا نَفِسْنَاهُ عَلَيْكَ قَالَ عَلِي أَرْسِلُوهُمَا فَانْطَلَقَا وَاضْطَجَعَ عَلِي قَالَ فَلَما صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الظهْرَ سَبَقْنَاهُ إِلَى الْحُجْرَةِ فَقُمْنَا عِنْدَهَا حَتى جَاءَ فَأَخَذَ بِآذَانِنَا ثُم قَالَ أَخْرِجَا مَا تُصَررَانِ ثُم دَخَلَ وَدَخَلْنَا عَلَيْهِ وَهُوَ يَوْمَئِذٍ عِنْدَ زَيْنَبَ بِنْتِ جَحْشٍ قَالَ فَتَوَاكَلْنَا الْكَلَامَ ثُم تَكَلمَ أَحَدُنَا فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَنتَ أَبَر الناسِ وَأَوْصَلُ الناسِ وَقَدْ بَلَغْنَا النكَاحَ فَجِئْنَا لِتُؤَمرَنَا عَلَى بَعْضِ هَذِهِ الصدَقَاتِ فَنُؤَدي إِلَيْكَ كَمَا يُؤَدي الناسُ وَنُصِيبَ كَمَا يُصِيبُونَ قَالَ فَسَكَتَ طَوِيلًا حَتى أَرَدْنَا أَنْ نُكَلمَهُ قَالَ وَجَعَلَتْ زَيْنَبُ تُلْمِعُ عَلَيْنَا مِنْ وَرَاءِ الْحِجَابِ أَنْ لَا تُكَلمَاهُ قَالَ ثُم قَالَ إِن الصدَقَةَ لَا تَنْبَغِي

[1] ئەلبانى (1405): سەھىھ ـ دېگەن.

لِآلِ مُحَمَّدٍ إِنَّمَا هِيَ أَوْسَاخُ الناسِ ادْعُوَا لِي مَحْمِيَةَ وَكَانَ عَلَى الْخُمُسِ وَنَوْفَلَ بْنَ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطِلِبِ قَالَ فَجَاءَاهُ فَقَالَ لِمَحْمِيَةَ أُنْكِحْ هَذَا الْغُلَامَ ابْنَتَكَ لِلْفَضْلِ بْنِ عَباسٍ فَأَنْكَحَهُ وَقَالَ لِنَوْفَلِ بْنِ الْحَارِثِ أُنْكِحْ هَذَا الْغُلَامَ ابْنَتَكَ لِي فَأَنْكَحَنِي وَقَالَ لِمَحْمِيَةَ أَصْدِقْ عَنْهُمَا مِنَ الْخُمُسِ كَذَا وَكَذَا.

2755 ـ ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى رەبىيئە ئىبنى ھارىس مۇنداق دەيدۇ: رەبىيئە ئىبنى ھارىس بىلەن ئاباس ئىككىسى بىر يەردە كۆرۈشۈپ:

ــ ئوغلۇم (يەنى ئابدۇلمۇتتەلىب) بىلەن ئوغلۇڭ فەزل ئىبنى ئابباسنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەۋەتىپ باقساق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىمۇ زاكات يىغىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىسە، ئۇلارمۇ باشقا كىشىلەردەك تاپشۇرىدىغاننى تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى ئېلىشقا تېگىشلىكنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ـ دېيىشتى.

دەل شۇ پەيتتە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدى، ئەلى ئۇلارغا:

ــ ئۇنداق قىلماڭلار، چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. ـ دېدى. رەبىيئە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ سەن بىزدىن قىزغىنىپ شۇنداق دەۋاتىسەن. سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈيئوغلى بولغان ۋاقتىڭدا بىز سېنى قىزغانمىغانىدۇق، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، ئۇلارنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ كۆرۈڭلار! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا يۈرۈپ كەتتۇق، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ يەردە يامپاشلىغىنىچە يېتىپ قالدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ چىققاندا، بىز ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈتۈپ تۇردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ،

قۇلاقلىرىمىزدىن تۇتقىنىچە:

ـ قېنى، نېمە گېپىڭلار بولسا ئېيتىڭلار! ـ دېدى ۋە ھۇجرىسىغا كىردى، بىزمۇ ئارقىسىدىن كىردۇق. ئۇ كۈنى زەينەب بىنتى جەھشنىڭ نۆۋىتى ئىكەن. بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ گەپ باشلىشىنى كۈتۈپ خېلى بىر ۋاقىتقىچە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردۇق، ئاخىرى بىرىمىز ئېغىز ئاچتۇق:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى ۋە تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرگۈچىسەن. بىزمۇ چوڭ بولۇپ، ئۆيلىنىش يېشىغا كېلىپ قالدۇق. بىزنى زاكات يىغىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ قويساڭ، باشقىلارغا ئوخشاش تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكنى تاپشۇرۇپ، ئۆزىمىزگە تېگىشلىكنى ئېلىپ قالساق...

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خېلى بىر ۋاقىتقىچە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى. بىز قايتا ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋىدۇق، زەينەب بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، گەپ قىلماي ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېغىز ئېچىپ:

ـــ زاكات مېلى مۇھەممەد ئەھلىگە لايىق ئەمەس، چۈنكى زاكات ئىنسانلارنىڭ كىرىدۇر. مەھمىيىيە بىلەن نەۋفەل ئىبنى هارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى چاقىرىڭلار! ـــ دېدى. مەھمىيىيە غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن تۇپلانغان مالغا مەسئۇل كىشى ئىدى. ئۇ ئىككىسى يېتىپ كەلگەندە، مەھمىيىيەگە:

ـ سەن قىزىڭنى فەزل ئىبنى ئاببىاسقا بەرگىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قىزىنى فەزلگە بەردى. ئاندىن نەۋفەلگە:

ـ سەنمۇ قىزىڭنى بۇنىڭغا بەرگىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ قىزىنى ماڭا بەردى. ئاندىن مەھمىيىيەگە:

ـــ بۇلارنىڭ مەھرى ھەققىنى غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن تۇپلانغان مالدىن ئېلىپ بەرگىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1072)

2756 - وفي رواية: وَقَالَ علي أنا أَبو حَسَنٍ الْقَرْمُ وَاللهِ لَا أَرِيمُ مَكَانِي حَتى يَرْجِعَ إِلَيْكُمَا ابْنَاكُمَا بِحَوْرِ مَا بَعَثْتُمَا بِهِ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2756 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن (ھەزرىتى) ھەسەننىڭ دادىسىمەن، يەم ـ پاراسەتلىك كىشىمەن. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئوغۇللىرىڭلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن سىلەر تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن ئىشنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەلگىچە، بۇ يەردىن كەتمەيمەن، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 1072)

2757 - عَنْ مُحَمدٍ وَهُوَ ابْنُ زِيَادٍ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ أَخَذَ الْحَسَنُ بْنُ عَلِي تَمْرَةً مِنْ تَمْرِ الصدَقَةِ فَجَعَلَهَا فِي فِيهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كِخْ كِخْ ارْمِ بِهَا أَمَا عَلِمْتَ أَنا لَا نَأْكُلُ الصدَقَةَ

2757 ـ مۇھەممەد ئىبنى زىياد ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكات خورمىسىدىن بىر تال ئېلىپ ئاغزىغا سالغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ھاي، ھاي! ئۇنى تاشلىۋەت، بىزنىڭ سەدىقە (زاكات) يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمتىڭ؟! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1069)

2758 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ مَر النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِتَمْرَةٍ فِي الطرِيقِ قَالَ لَوْلَا أَني أَخَافُ أَنْ تَكُونَ مِنْ الصدَقَةِ لَأَكَلْتُهَا.

2758 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېتىۋېتىپ بىر خورما ئۇچراتتى ۋە:

«ئەگەر بۇ خورمىنىڭ سەدىقە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئەلۋەتتە يېگەن بولاتتىم» دېدى.

(بۇخارى: 2431)

2759 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا أُتِيَ بِطَعَامٍ سَأَلَ عَنْهُ فَإِنْ قِيلَ هَدِيَةٌ أَكَلَ مِنْهَا وَإِنْ قِيلَ صَدَقَةٌ لَمْ يَأْكُلْ مِنْهَا.

2759 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاماق كەلتۈرۈلسە، (تاماقنىڭ كېلىش مەنبەسىنى) سورايتتى. ئەگەر تاماق سوۋغا سۈپىتىدە كەلتۈرۈلگەن بولسا يەيتتى. ئەگەر زاكات بولسا يېمەيتتى.

(مۇسلىم: 1077)

2760 - عَنْ ابْنِ أَبِي رَافِعٍ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَعْمَلَ رَجُلًا مِنْ بَنِي مَخْزُومٍ عَلَى الصدَقَةِ فَأَرَادَ أَبُو رَافِعٍ أَنْ يَتْبَعَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الصدَقَةَ لَا تَحِل لَنَا وَإِن مَوْلَى الْقَوْمِ مِنْهُمْ.

2760 ـ ئىبنى ئەبۇ رافىئ دادىسى ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى مەخزۇمدىن بىر كىشىنى زاكات يىغىشقا تەيىنلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ زاكات يىغىشقا ياردەملىشەي دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«زاكات بىزگە دۇرۇس بولمايدۇ. بىر قەۋمنىڭ ئازادگەردىسى شۇ قەۋمگە تەۋە ھېسابلىنىدۇ» دېدى. يەنى سېنىڭ زاكات يىغىشقا قاتنىشىش ئارقىلىق زاكات مېلىدىن يېيىشىڭ دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى سەن بىزنىڭ ئازادگەردىمىزسەن[1].

(نەسائى: 2612)

2761 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَحِل الصدَقَةُ لِغَنِي وَلَا لِذِي مِرةٍ سَوِي.

2761 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2449): سەھىھ ـ دېگەن.

«باي ياكى كۈچلۈك، پۈت ـ قولى ساق كىشىلەرگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ»[1].

(نەسائى: 2597)

2762 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَحِل الصدَقَةُ لِغَنِي إِلا فِي سَبِيلِ اللهِ أَوْ ابْنِ السبِيلِ أَوْ جَارٍ فَقِيرٍ يُتَصَدقُ عَلَيْهِ فَيُهْدِي لَكَ أَوْ يَدْعُوكَ.

2762 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەدىقە بايغا دۇرۇس بولمايدۇ. ئەمما الله يولىدا ئۇرۇشقا چىققان ياكى مۇساپىر بولۇپ تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قالغان بايغا دۇرۇس بولىدۇ، شۇنىڭدەك (باينىڭ) پېقىر قوشنىسى سەدىقىنى ئېلىپ، باي قوشنىسىغا سوۋغا قىلسا ياكى ئۇنى زىياپەتكە چاقىرسا دۇرۇس بولىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1637)

2763 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أَنهُ قَالَ شَرِبَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ لَبَنًا فَأَعْجَبَهُ فَسَأَلَ الذِي سَقَاهُ مِنْ أَيْنَ هَذَا اللبَنُ فَأَخْبَرَهُ أَنهُ وَرَدَ عَلَى مَاءٍ قَدْ سَماهُ فَإِذَا نَعَمٌ مِنْ نَعَمْ الصدَقَةِ وَهُمْ يَسْقُونَ فَحَلَبُوا لِي مِنْ أَلْبَانِهَا فَجَعَلْتُهُ فِي سِقَائِي فَهُوَ هَذَا فَأَدْخَلَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ يَدَهُ فَاسْتَقَاءَهُ.

2763 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈت ئىچكەنىدى، سۈت تېتىپ كېتىپ سۈتنى بەرگەن كىشىدىن:

ـ بۇ سۈتنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـــ مەن پالانى سۇ بويىغا بارغانىدىم، قارىسام ئۇ يەردە سەدىقە ماللىرىنى سۇغۇرۇۋاتقان ئىكەن، مال باقىدىغانلار ماڭا شۇ ماللارنىڭ سۈتىدىن سېغىپ بەرگەنىدى. مەن ئۇ سۈتنى قاچامغا ئېلىۋالغان

[1] ئەلبانى (2434): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (359): زەئىپ ـ دېگەن.

ئىدىم، بۇ شۇ سۈت ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر قولىنى ئاغزىغا تىقىپ، ئىچكەن سۈتىنى ياندۇرۇۋەتتى.

(مالىك: 606)

2764 - عن زِيَادِ بْنِ الْحَارِثِ الصدَائِي قَالَ أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبَايَعْتُهُ فَذَكَرَ حَدِيثًا طَوِيلًا قَالَ فَأَتَاهُ رَجُلٌ فَقَالَ أَعْطِنِي مِنْ الصدَقَةِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ تَعَالَى لَمْ يَرْضَ بِحُكْمِ نَبِي وَلَا غَيْرِهِ فِي الصدَقَاتِ حَتى حَكَمَ فِيهَا هُوَ فَجَزأَهَا ثَمَانِيَةَ أَجْزَاءٍ فَإِنْ كُنْتَ مِنْ تِلْكَ الْأَجْزَاءِ أَعْطَيْتُكَ حَقكَ.

2764 ـ زىياد ئىبنى هارىس سۇدائىي: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، بەيئەت قىلدىم، ـ دەپ سۆز باشلاپ ئۇزۇن بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ:

ـــ ماڭا زاكات بەرگىن! ـــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـــ الله تائالا زاكات ھەققىدە مەيلى پەيغەمبەر ياكى باشقىسى بولسۇن، ھېچكىمنىڭ ھۆكمىگە رازى بولماي، ئۆزى شەخسەن زاكات ئەھلىنى سەككىز قىسىمغا بۆلدى. ئەگەر سەنمۇ شۇلاردىن بىرى بولساڭ، ساڭىمۇ (زاكاتتىن) ھەققىڭنى بېرىمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1630)

2765 - عَنْ أُم عَطِيةَ الْأَنْصَارِيةِ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ دَخَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَقَالَ هَلْ عِنْدَكُمْ شَيْءٌ فَقَالَتْ لَا إِلا شَيْءٌ بَعَثَتْ بِهِ إِلَيْنَا نُسَيْبَةُ مِنْ الشاةِ التِي بَعَثْتَ بِهَا مِنْ الصدَقَةِ فَقَالَ إِنهَا قَدْ بَلَغَتْ مَحِلهَا.

2765 ـ ئۇممۇ ئەتىييە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ

[1] ئەلبانى (357): زەئىپ، ـ دېگەن.

قېشىغا كىرىپ:

ــ يېگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ نۇسەيبە ئۆزىگە سەدىقە قىلىنغان قوينىڭ گۆشىدىن بىزگە ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ئۇ سەدىقە جايىغا يېتىپ بوپتۇ (يەنى شۇنى كەلتۈرگىن، چۈنكى سەدىقىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن باشقىلارغا سوۋغا قىلسا، ئۇ باشقىلارغا زاكات ھېسابلانمايدۇ)، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1494)

2766 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِلَحْمٍ تُصُدقَ بِهِ عَلَى بَرِيرَةَ فَقَالَ هُوَ عَلَيْهَا صَدَقَةٌ وَهُوَ لَنا هَدِيةٌ.

2766 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ چۆرىسى بەرىيرەگە سەدىقە قىلىنغان بىر پارچە گۆش پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن سەدىقە، بىزگە نىسبەتەن سوۋغىدۇر (يەنى يېيىشكە بولىدۇ)» دېدى.

(بۇخارى: 1495)

2767 - عَنْ بُشَيْرِ بْنِ يَسَارٍ أن رَجُلًا مِنْ الْأَنصَارِ يُقَالُ لَهُ سَهْلُ بْنُ أَبِي حَثْمَةَ أَخْبَرَهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدَاهُ بِمِائَةٍ مِنْ إِبِلِ الصدَقَةِ يَعْنِي دِيَةَ الْأَنصَارِي الذِي قُتِلَ بِخَيْبَرَ.

2767 ـ بۇشەير ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلاردىن سەھل ئىبنى ئەبۇ خەسمە ئىسىملىك بىر ساھابىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەردە ئۆلۈپ

كەتكەن ئەنسارىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا (يەنى سەھلگە) زاكات تۆگىلىرىدىن 100 تۆياق بەرگەن ئىكەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1638)

[1] ئەلبانى (1442): سەھىھ ـ دېگەن.

## زاكات بېرىشنىڭ، ئائىلىنى خىراجەت بىلەن تەمىنلەشنىڭ پەزىلىتى، بۇلارنى تەشۋىق قىلىش ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

2768 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ يَسَارٍ أَنَّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا تَصَدَّقَ أَحَدٌ بِصَدَقَةٍ مِنْ طَيِّبٍ وَلَا يَقْبَلُ اللَّهُ إِلَّا الطَّيِّبَ إِلَّا أَخَذَهَا الرَّحْمَنُ بِيَمِينِهِ وَإِنْ كَانَتْ تَمْرَةً فَتَرْبُو فِي كَفِّ الرَّحْمَنِ حَتَّى تَكُونَ أَعْظَمَ مِنْ الْجَبَلِ كَمَا يُرَبِّي أَحَدُكُمْ فَلُوَّهُ أَوْ فَصِيلَهُ.

2768 ـ سەئىد ئىبنى يەسار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى ھالال مېلىدىن زاكات بەرسە (الله پەقەت ھالال مالدىن بېرىلگەن زاكاتنىلا قوبۇل قىلىدۇ)، الله ئۇنى ئوڭ قولىغا ئالىدۇ. گەرچە ئۇ بىر خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، الله تائالانىڭ قولىدا خۇددى سىلەر تاي ياكى بوتىلىقىڭلارنى بورداپ چوڭ قىلغاندەك چوڭىيىپ، تاغدەك بولۇپ كېتىدۇ».

(مۇسلىم: 1014)

2769 - وفي رواية: حَتَّى إِنَّ اللُّقْمَةَ لَتَصِيرُ مِثْلَ أُحُدٍ وَتَصْدِيقُ ذَلِكَ فِي كِتَابِ اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ أَلَمْ يَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ وَيَأْخُذُ الصَّدَقَاتِ وَ يَمْحَقُ اللَّهُ الرِّبَا وَيُرْبِي الصَّدَقَاتِ.

2769 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ھەتتا ئۇنىڭ بەرگەن بىر لوقمىسىمۇ ئۇھۇد تېغىدەك بولۇپ كېتىدۇ». چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە: ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار)

اللهنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ [①] ۋە: الله جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرىۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ [②] دېگەن[③].

(تىرمىزى: 662)

2770 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بَيْنَا رَجُلٌ بِفَلَاةٍ مِنْ الْأَرْضِ فَسَمِعَ صَوْتًا فِي سَحَابَةٍ اسْقِ حَدِيقَةَ فُلَانٍ فَتَنحى ذَلِكَ السحَابُ فَأَفْرَغَ مَاءَهُ فِي حَرةٍ فَإِذَا شَرْجَةٌ مِنْ تِلْكَ الشرَاجِ قَدْ اسْتَوْعَبَتْ ذَلِكَ الْمَاءَ كُلهُ فَتَتَبعَ الْمَاءَ فَإِذَا رَجُلٌ قَائِمٌ فِي حَدِيقَتِهِ يُحَولُ الْمَاءَ بِمِسْحَاتِهِ فَقَالَ لَهُ يَا عَبْدَ اللهِ مَا اسْمُكَ قَالَ فُلَانٌ لِلِاسْمِ الذِي سَمِعَ فِي السحَابَةِ فَقَالَ لَهُ يَا عَبْدَ اللهِ لِمَ تَسْأَلُنِي عَنْ اسْمِي فَقَالَ إِني سَمِعْتُ صَوْتًا فِي السحَابِ الذِي هَذَا مَاؤُهُ يَقُولُ اسْقِ حَدِيقَةَ فُلَانٍ لِاسْمِكَ فَمَا تَصْنَعُ فِيهَا قَالَ أَما إِذْ قُلْتَ هَذَا فَإِني أَنظُرُ إِلَى مَا يَخْرُجُ مِنْهَا فَأَتَصَدقُ بِثُلُثِهِ وَآكُلُ أَنَا وَعِيَالِي ثُلُثًا وَأَرُد فِيهَا ثُلُثَهُ.

2770 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بىر كىشى مەلۇم بىر قاقاسلىقتا كېتىۋېتىپ، بۇلۇت ئارىسىدىن: بېرىپ، پالانىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن! ـ دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى بۇلۇت بىر سايلىققا قاراپ سۈرۈلۈپ، چېلەكتە قۇيغاندەك يامغۇر ياغدۇرۇپتۇ. نەتىجىدە ئېقىنلاردىن بىرى سۇغا لىق تولۇپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى كىشىمۇ سۇنى بويلاپ مېڭىپتۇ ۋە بىر كىشىنىڭ كەتمەن بىلەن ھېلىقى سۇنى باغقا باشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ ئى اللهنىڭ بەندىسى! ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سوراپتۇ. باغۋەن:

ـ ئىسمىم پالانچى، ـ دەپ، بۇلۇتتىن ئاڭلانغان ئىسىمنىڭ ئۆزىنى

[①] سۈرە تەۋبە، 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] سۈرە بەقەرە، 276 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[③] ئەلبانى (106): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە:

ــ ئى اللهنىڭ بەندىسى! ئەجەپ مېنىڭ ئىسمىمنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ ـ دەپتۇ. ئۇ كىشى:

ــ بۇ يامغۇرنى ياغدۇرغان بۇلۇت ئارىسىدىن: بېرىپ، پالانچىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن! ــ دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ پالانى سەن ئىكەنسەن. ئېيتقىنە، سەن بۇ باغدا نېمە ئىشلارنى قىلىسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ. باغۋەن:

ــ بۇنى سوراپ قالدىڭ، شۇڭا دەپ بېرەي؛ مەن بۇ باغدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلىۋېتىمەن، ئۈچتىن بىرىنى ئائىلەمگە خىراجەت قىلىمەن. قالغان ئۈچتىن بىرىنى يەنە مۇشۇ باغقا ئىشلىتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ».

(مۇسلىم: 2984)

2771 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَبَقَ دِرْهَمٌ مِائَةَ أَلْفِ دِرْهَمٍ قَالُوا وَكَيْفَ قَالَ كَانَ لِرَجُلٍ دِرْهَمَانِ تَصَدقَ بِأَحَدِهِمَا وَانْطَلَقَ رَجُلٌ إِلَى عُرْضِ مَالِهِ فَأَخَذَ مِنْهُ مِائَةَ أَلْفِ دِرْهَمٍ فَتَصَدقَ بِهَا.

2771 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بىر تەڭگە (ساۋاب جەھەتتە) يۈز مىڭ تەڭگىنى بېسىپ چۈشتى، ـ دېدى. ساھابىلار:

ـــ قانداقسىگە؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بىر كىشىنىڭ ئىككى تەڭگىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرىنى سەدىقە قىلدى. يەنە بىر كىشى ئۆزىنىڭ مېلىنىڭ بىر قىسمىدىن يۈز مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ سەدىقە قىلدى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2527)

[1] ئەلبانى (2368): ھەسەن، ـ دېگەن.

2772 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ جَاءَ ثَلَاثَةُ نَفَرٍ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَحَدُهُمْ يَا رَسُولَ اللهِ كَانَتْ لِي مِائَةُ دِينَارٍ فَتَصَدقْتُ مِنْهَا بِعَشَرَةِ دَنَانِيرَ وَقَالَ الْآخَرُ يَا رَسُولَ اللهِ كَانَ لِي عَشَرَةُ دَنَانِيرَ فَتَصَدقْتُ مِنْهَا بِدِينَارٍ وَقَالَ الْآخَرُ كَانَ لِي دِينَارٌ فَتَصَدقْتُ بِعُشْرِهِ قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُلكُمْ فِي الْأَجْرِ سَوَاءٌ كُلكُمْ تَصَدقَ بِعُشْرِ مَالِهِ.

2772 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئۈچ كىشى كەلدى، ئۇلاردىن بىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ يۈز تىللارىم بار ئىدى، ئۇنىڭدىن ئون تىللانى سەدىقە قىلىۋەتتىم، ـ دېدى. يەنە بىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ يۈز تىللارىم بار ئىدى، ئۇنىڭدىن ئون تىللانى سەدىقە قىلىۋەتتىم، ـ دېدى. يەنە بىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ بىر تىللارىم بار ئىدى، ئۇنىڭ ئوندىن بىرىنى سەدىقە قىلىۋەتتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ھەممىڭلار ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشتىڭلار. چۈنكى ھەممىڭلار مالىڭلارنىڭ ئوندىن بىرىنى سەدىقە قىلدىڭلار، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 745؛ بەززار)

2773 - عن حُصَيْن قَالَ جَاءَ سَائِلٌ فَسَأَلَ ابْنَ عَباسٍ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ لِلسائِلِ أَتشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ قَالَ نَعَمْ قَالَ أَتشْهَدُ أَن مُحَمدًا رَسُولُ اللهِ قَالَ نَعَمْ قَالَ وَتَصُومُ رَمَضَانَ قَالَ نَعَمْ قَالَ سَأَلْتَ وَلِلسائِلِ حَق إِنهُ لَحَق عَلَيْنَا أَنْ نَصِلَكَ فَأَعْطَاهُ ثَوْبًا ثُم قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مِنْ مُسْلِمٍ كَسَا مُسْلِمًا ثَوْبًا إِلا كَانَ فِي حِفْظٍ مِنْ اللهِ مَا دَامَ مِنْهُ عَلَيْهِ خِرْقَةٌ.

2773 ـ ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئاببас

① ھەيسەمى (4619): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھارىس ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا بىر تىلەمچى كېلىپ، ئۇنىڭدىن نەرسە تىلىگەنىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تىلەمچىدىن:

ـــ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى. يەنە:

ـ روزا تۇتامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى.

ـ سەن بىزدىن بىر نەرسە سورىدىڭ، سورىغۇچىنىڭ ھەقلىرى بار. شۇڭا، سېنىڭمۇ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە بىجا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك بولغان مەلۇم ھەقلىرىڭ بار، ـ دېگىنىچە بىر كىيىم بەردى. ئاندىن:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى كىيىندۈرسە، تاكى ئۇ كىيىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچىسى قالغۇچە، ئاللاھ كىيىندۈرگۈچىنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2484)

2774 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن أعْرَابِيا سَأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْهِجْرَةِ فَقَالَ وَيْحَكَ إن شَأْنَهَا شَدِيدٌ فَهَلْ لَكَ مِنْ إِبِلٍ تُؤَدي صَدَقَتَهَا قَالَ نَعَمْ قَالَ فَاعْمَلْ مِنْ وَرَاءِ الْبِحَارِ فَإن اللهَ لَنْ يَتِرَكَ مِنْ عَمَلِكَ شَيْئًا.

2774 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر بەدەۋى كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھىجرەت قىلىش توغرىسىدا سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ھىجرەت بەك جاپالىق ئىشتۇر. سېنىڭ زاكىتىنى بەرگۈدەك تۆگىلىرىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى.

---

[1] ئەلبانى (443): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــــ ئۇنـداقتا، سـەن ئـۆز جايـىڭـدا تۇرـۋەرگـىن، الله قـىلغـان ياخشـى ئەمـەللـىرىڭنى كېمـەيتـىۋەتمـەيدۇ، ئەجرىڭنى تولۇق ئالـسەن، ـ دېدى.
(بۇخارى: 1452)

2775 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "صَنَائِعُ الْمَعْرُوفِ تَقِي مَصَارِعَ السوءِ، وَصَدَقَةُ السر تُطْفِئُ غَضَبَ الرب، وَصِلَةُ الرحِمِ تَزِيدُ فِي الْعُمُرِ".

2775ـ ئەبۇ ئۇمـامـە رەزىيـەللاھـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ياخشى ئىش بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، مەخپىي بېرىلگەن سەدىقە اللهنىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ، سىلە ـ رەھىم ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ»[①].
(«ئەلكەبىر»: 8014)

2776 - عن أبي هريرة رفعه: الصدقة تطفئ غضب الرب، و تدفع ميتة السوء.

2776 ـ ئەبۇ ھـۇرەيرە رەزىيـەللاھـۇ ئەنهـۇ مۇنـداق رىـۋايەت قىلـىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەدىقە اللهنىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ ۋە يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ» دېدى.
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2777 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ يَوْمٍ يُصْبِحُ الْعِبَادُ فِيهِ إِلا مَلَكَانِ يَنْزِلَانِ فَيَقُولُ أَحَدُهُمَا اللهُم أَعْطِ مُنْفِقًا خَلَفًا وَيَقُولُ الْآخَرُ اللهُم أَعْطِ مُمْسِكًا تَلَفًا.

2777ـ ئەبۇ ھـۇرەيرە رەزىيـەللاھـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر كۈنى سەھەردە ئىككى پەرىشتە زېمىنغا چۈشۈپ، بىرى: ئى الله! سەدىقە بەرگۈچىگە ئۇنىڭ بەرگىنىدىن تېخىمۇ ياخشىسىنى ئاتا

[①] ھەيسەمى (4637): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

قىلغىن! ـ دېسە؛ يەنە بىرى: ئى الله! سەدىقە بەرمەي، مېلىنى چىڭ سىقىمدىۋالىدىغان (پېخسىق) لارنىڭ مېلىنى ھالاك قىل! ـ دەيدۇ».

(بۇخارى: 1442)

2778 - عَنْ صَعْصَعَةَ بْنِ مُعَاوِيَةَ قَالَ لَقِيتُ أَبَا ذَرٍ قَالَ قُلْتُ حَدِثْنِي قَالَ نَعَمْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ عَبْدٍ مُسْلِمٍ يُنْفِقُ مِنْ كُل مَالٍ لَهُ زَوْجَيْنِ فِي سَبِيلِ اللهِ إِلا اسْتَقْبَلَتْهُ حَجَبَةُ الْجَنةِ كُلهُمْ يَدْعُوهُ إِلَى مَا عِنْدَهُ قُلْتُ وَكَيْفَ ذَلِكَ قَالَ إِنْ كَانَتْ إِبِلًا فَبَعِيرَيْنِ وَإِنْ كَانَتْ بَقَرًا فَبَقَرَتَيْنِ.

2778 ـ سەئسەئە ئىبنى مۇئاۋىيە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا:

ـ ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن! ـ دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەرقانداق مۇسۇلمان بىر بەندە ئىلكىدىكى مالدىن بىر جۈپىنى الله يولىدا سەدىقە قىلسا، جەننەتنىڭ قاراۋۇللىرى ئۇنى قارشى ئالىدۇ ۋە ھەر بىرى ئۆزلىرى ساقلاۋاتقان دەرۋازىدىن كىرىشكە چاقىرىشقا باشلايدۇ» دېگەنىدى، مەن:

ـ بۇ (بىر جۈپ سەدىقە) قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ ئەگەر ئىلكىدىكىماللار تۆگە بولسا، ئۇنىڭدىن ئىككىنى، كالا بولسا، ئۇنىڭدىن ئىككىنى بېرىشنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3185)

2779 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دِينَارٌ أَنفَقْتَهُ فِي سَبِيلِ اللهِ وَدِينَارٌ أَنفَقْتَهُ فِي رَقَبَةٍ وَدِينَارٌ تَصَدقْتَ بِهِ عَلَى مِسْكِينٍ وَدِينَارٌ أَنفَقْتَهُ عَلَى أَهْلِكَ أَعْظَمُهَا أَجْرًا الذِي أَنفَقْتَهُ عَلَى أَهْلِكَ.

2779 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر تىللانى الله يولىدا خەجلىدىڭ، بىر تىللانى قۇل ئازاد قىلىش

[1] ئەلبانى (2984): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇچۇن سەرپ قىلدىڭ، بىر تىللانى يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىپ بەردىڭ، بىر تىللانى ئائىلەڭگە خىراجەت قىلدىڭ. بۇلارنىڭ ساۋابىغا كەلسەك، ئائىلەڭگە خەجلىگەن بىر تىللانىڭ ساۋابى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر».

(مۇسلىم: 995)

2780 - عَنْ ثَوْبَانَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَفْضَلُ دِينَارٍ يُنفِقُهُ الرجُلُ دِينَارٌ يُنفِقُهُ عَلَى عِيَالِهِ وَدِينَارٌ يُنفِقُهُ الرجُلُ عَلَى دَابتِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ وَدِينَارٌ يُنفِقُهُ عَلَى أَصْحَابِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ.

2780 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنساننىڭ ئۆز ئائىلىسىگە خەجلىگەن پۇلىنىڭ ساۋابى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۇندىن قالسا، الله يولىدا (مىنگەن ئېتىغا) خەجلىگىنى، ئۇندىن قالسا، الله يولىدىكى دوستلىرىغا خەجلىگىنىدۇر».

(مۇسلىم: 994)

2781 - عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الْأَنصَارِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَنفَقَ الْمُسْلِمُ نَفَقَةً عَلَى أَهْلِهِ وَهُوَ يَحْتَسِبُهَا كَانَتْ لَهُ صَدَقَةً.

2781 ـ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىر مۇسۇلمان اللەتىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا ئائىلە ۋە بالا ـ چاقىسىغا خىراجەت قىلىپ بەرگەن بولسا، (قىلغان خىراجىتى) ئۇ كىشىنىڭ سەدىقىسى بولىدۇ».

(بۇخارى: 5351)

2782 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم والذي بعثنى باΣق لا يعذب الله يوم القيامة من رحم اليتيم ولان له في الكلام ورحم يتمه وضعفه وB يتطاول على جاره بفضل ما آتاه الله وقال يا أمة محمد والذي بعثنى باΣق لا يقبل الله صدقة من رجل وله قرابة محتاجون إلى صلته ويصرفها إلى غيرهم والذى نفسي بيده لا

ينظر الله إليه يوم القيامة.

2782 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يېتىمگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغان، ئۇلارغا سىلىق ـ سىپايە سۆز قىلغان، ئۇنىڭ يېتىم ۋە ئاجىزلىقىغا ئىچ ئاغرىتقان، الله بەرگەن بايلىقىغا تايىنىپ قوشنىلىرىغا يوغانچىلىق قىلمىغان كىشىنى الله تائالا قىيامەت كۈنى ئازابلىمايدۇ. ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى! مېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۆزىنىڭ موھتاج ھالغا چۈشۈپ قالغان، سىلە ـ رەھىم قىلىنىشقا تېگىشلىك ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تۇرۇپ، باشقىلارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىغانلارنىڭ سەدىقىسىنى الله تائالا قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله قىيامەت كۈنى ئۇنداق كىشىگە قاراپمۇ قويمايدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

2783 - عَنِ الْمِقْدَامِ بْنِ مَعْدِي كَرِبَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَطْعَمْتَ نَفْسَكَ فَهُوَ لَكَ صَدَقَةٌ وَمَا أَطْعَمْتَ وَلَدَكَ فَهُوَ لَكَ صَدَقَةٌ وَمَا أَطْعَمْتَ زَوْجَكَ فَهُوَ لَكَ صَدَقَةٌ وَمَا أَطْعَمْتَ خَادِمَكَ فَهُوَ لَكَ صَدَقَةٌ.

2783 ـ مىقدام ئىبنى مەئدىكەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆزەڭگە، ئايالىڭغا ۋە بالىلىرىڭغا يېگۈزگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى، ھەتتا خىزمەتچىڭگە يېگۈزگەنلىرىڭمۇ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر»[②].

(ئەھمەد: 16727)

---

[①] ھەيسەمى (4652): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئەسلەمى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ مەترۇك ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (4660): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

2784 - عن ابن مسعود، رفعه: من وسع على عياله في النفقة يوم عاشوراء وسع الله عليه سائر سنته، قال سفيان: إنا قد جربناه فوجدناه كذلك.

2784 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كىمكى ئاشۇرا كۈنى بالا ـ چاقىلىرىغا كەڭ تاشا خىراجەت قىلىپ بەرسە، الله ئۇنىڭ شۇ يىلىنى مولچىلىق قىلىدۇ» دېدى.

سۇفيان: بىز بۇ ئىشنى سىناپ كۆرگەنىدۇق، ئەمەلىيەت بۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2785 - عَنْ مَعْبَدِ بْنِ خَالِدٍ قَالَ سَمِعْتُ حَارِثَةَ بْنَ وَهْبٍ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ تَصَدقُوا فَيُوشِكُ الرجُلُ يَمْشِي بِصَدَقَتِهِ فَيَقُولُ الذِي أُعْطِيَهَا لَوْ جِئْتَنَا بِهَا بِالْأَمْسِ قَبِلْتُهَا فَأَما الْآنَ فَلَا حَاجَةَ لِي بِهَا فَلَا يَجِدُ مَنْ يَقْبَلُهَا.

2785 ـ مەئبەد ئىبنى خالىد ھارىسە ئىبنى ۋەھب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سەدىقە بېرىڭلار! چۈنكى سەدىقە بەرگىلى چىقىپ، ئالىدىغان ئادەم تاپالمايدىغان كۈنلەر سىلەردىن ئانچە يىراق ئەمەس. ھەتتا بىرەيلەنگە سەدىقە بەرمەكچى بولساڭلار، ئۇ: تۈنۈگۈن كەلگەن بولساڭ، سەدىقەڭنى قوبۇل قىلاتتىم. ئەمما بۈگۈن بۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق، ـ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، سەدىقە ئالىدىغان ئادەم تېپىلمايدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 1011)

2786 - عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيَأْتِيَن عَلَى الناسِ زَمَانٌ يَطُوفُ الرجُلُ فِيهِ بِالصدَقَةِ مِنْ الذهَبِ ثُم لَا يَجِدُ أَحَدًا يَأْخُذُهَا مِنْهُ وَيُرَى الرجُلُ الْوَاحِدُ يَتْبَعُهُ أَرْبَعُونَ امْرَأَةً يَلُذْنَ بِهِ مِنْ قِلةِ الرجَالِ وَكَثْرَةِ النسَاءِ.

2786 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى قولىدىكى ئالتۇنلارنى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرىدۇ، لېكىن بۇ ئالتۇنلارنى ئالىدىغان ئادەم تاپالمايدۇ. ئەنە شۇ زامانلاردا ئەرلەرنىڭ ئازلىقى ۋە ئاياللارنىڭ كۆپلىكىدىن، 40 ئايال بىر ئەرنىڭ پاناھىغا سىغىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ».

(بۇخارى: 1414)

2787 - على بن ابى طالب قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم بـا كـروا بالصدقة فان البلاء لا يتخطاها.

2787 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەدىقە بېرىشكە ئالدىراڭلار، چۈنكى بالايىئاپەت سەدىقىنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ».

(«ئەلئەۋسەت»؛ رەزىن)

2788 - عَنْ أَنس ْبنِ مَالِكٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَما خَلَـقَ اللـهُ الْأَرْضَ جَعَلَتْ تَمِيدُ فَخَلَقَ الْجِبَالَ فَعَادَ بِهَا عَلَيْهَا فَاسْتَقَرتْ فَعَجِبَتْ الْمَلَائِكَةُ مِنْ شِـدةِ الْجِبَالِ قَالُوا يَا رَب هَلْ مِنْ خَلْقِكَ شَيْءٌ أَشَد مِنْ الْجِبَالِ قَالَ نَعَمْ الْحَدِيدُ قَالُوا يَـا رَب فَهَلْ مِنْ خَلْقِكَ شَيْءٌ أَشَد مِنْ الْحَدِيدِ قَالَ نَعَمْ النارُ فَقَالُوا يَا رَب فَهَلْ مِنْ خَلْقِكَ شَيْءٌ أَشَد مِنْ النارِ قَالَ نَعَمْ الْمَاءُ قَالُوا يَا رَب فَهَلْ مِنْ خَلْقِكَ شَيْءٌ أَشَد مِنْ الْمَاءِ قَـالَ نَعَـمْ الريحُ قَالُوا يَا رَب فَهَلْ مِنْ خَلْقِكَ شَيْءٌ أَشَد مِنْ الريحِ قَالَ نَعَمْ ابْنُ آدَمَ تَصَدقَ بِصَـدَقَةٍ بِيَمِينِهِ يُخْفِيهَا مِنْ شِمَالِهِ.

2788 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا يەر يۈزىنى ياراتقان چاغدا، زېمىن تەۋرەشكە باشلىدى، ئۇندىن كېيىن الله تائالا تاغلارنى يارىتىپ زېمىنغا قاقتى، شۇنىڭ بىلەن زېمىن تىنچلاندى. مالائىكىلەر تاغلارنىڭ ھەيۋىتىدىن

تەئەججۈپلىنىپ:

ــ ئى رەببىمىز! بۇ تاغلاردىنمۇ كۈچلۈك نەرسە ياراتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. الله:

ــ ھەئە، تۆمۈرنى ياراتتىم، ـ دېدى. مالائىكىلەر:

ــ ئى پەرۋەردىگارىمىز! تۆمۈردىنمۇ كۈچلۈك نەرسە ياراتتىڭمۇ؟ ـ دېدى.

ــ ھەئە، ئوتنى ياراتتىم، ـ دېدى. ئۇلار:

ــ ئوتتىنمۇ كۈچلۈك بىر نەرسە ياراتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سوراشتى.

ــ ھەئە، سۇنى ياراتتىم، ـ دېدى. ئۇلار:

ــ ياراتقانلىرىڭنىڭ ئارىسىدا سۇدىنمۇ كۈچلۈك نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سوراشتى.

ــ ھەئە، شامالنى ياراتتىم، ـ دېدى. ئۇلار:

ــ ئۇنداقتا، ياراتقانلىرىڭنىڭ ئارىسىدا شامالدىنمۇ كۈچلۈك نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سوراشتى.

ــ ھەئە، ئوڭ قولى بىلەن بەرگەن سەدىقىنى سول قولىدىن يوشۇرىدىغان ئادەم بالىسىنى ياراتتىم، ـ دېدى»[①].

(تىرمىزى: 3369)

2789 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ ضَرَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَثَلَ الْبَخِيـلِ وَالْمُتَصَدقِ كَمَثَلِ رَجُلَيْنِ عَلَيْهِمَا جُبَتَانِ مِنْ حَدِيدٍ قَدْ اضْطُرتْ أَيْـدِيهِمَا إِلَـى ثُـدِيهِمَا وَتَرَاقِيهِمَا فَجَعَلَ الْمُتَصَدقُ كُلمَا تَصَدقَ بِصَدَقَةٍ انْبَسَطَتْ عَنْهُ حَتى تُغَشى أَنَامِلَهُ وَتَعْفُـوَ أَثَرَهُ وَجَعَلَ الْبَخِيلُ كُلمَا هَم بِصَدَقَةٍ قَلَصَتْ وَأَخَذَتْ كُل حَلْقَةٍ بِمَكَانِهَا قَالَ أَبُو هُرَيْـرَةَ فَأَنَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ بِإِصْبَعِهِ هَكَذَا فِي جَيْبِهِ فَلَوْ رَأَيْتَهُ يُوَسعُهَا وَلَا تَتَوَسعُ

2789 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېخىل بىلەن (سەدىقە قىلىپ تۇرغۇچى)

[①] ئەلبانى (668): زەئىپ، ـ دېگەن.

سېخىي كىشىنى ئۇستى ـ بېشىغا ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، ساۋۇتنىڭ تارلىقىدىن بەدىنى سىقىلىپ، قوللىرى كۆكسى ۋە بوغۇزىغىچە كېلىپ قالغان ئىككى كىشىگە ئوخشىتىپ:

«سېخىي ئادەم سەدىقە بەرگەنسېرى ئۇستىدىكى ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كېڭىيىپ ۋە ئۇزىراپ، تاكى قوللىرىنىڭ ئۇچلىرىغا قەدەر يايىدۇ ۋە ئاياغ ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ ماڭىدۇ. بېخىل كىشى سەدىقە قىلماقچى بولغانسېرى، ئۇستىدىكى ساۋۇت ئۇنى تېخىمۇ سىقىپ، ھەر بىر ھالقىسى تېخىمۇ چىڭىپ كېتىدۇ» دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارماقلىرىنى ياقىسىغا تىقىپ تۇرۇپ:

«مانا مۇشۇنداق، بېخىل ئادەم ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، ساۋۇتنى كېڭەيتىشكە كۈچى يەتمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(بۇخارى: 5797)

2790 - عَنْ عَدِيِّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ فَإِنْ لَمْ تَجِدْ فَبِكَلِمَةٍ طَيِّبَةٍ.

2790 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يېرىم خورما (سەدىقە قىلىش) ئارقىلىق بولسىمۇ، ئۆزەڭلارنى جەھەننەم ئوتىدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئەگەر ئۇنىمۇ تاپالمىساڭلار، ياخشى سۆز قىلىش ئارقىلىق جەھەننەم ئوتىدىن قوغدىنىشقا تىرىشىڭلار!» دېگەن.

(بۇخارى: 6023)

2791 - عَنْ ابْنِ بُجَيْدٍ الْأَنْصَارِيِّ ثُمَّ الْحَارِثِيِّ عَنْ جَدَّتِهِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رُدُّوا الْمِسْكِينَ وَلَوْ بِظِلْفٍ مُحْرَقٍ.

2791 ـ ئىبنى بۇجەيد چوڭ ئانىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەمبەغەلنى (بىر نەرسە سوراپ كەلسە، قوي ياكى ئۆچكىنىڭ) كۆيۈپ كەتكەن تۇيىقىنى بىرىپ بولسىمۇ يولغا سېلىڭلار (يەنى قۇرۇق قول قايتۇرماڭلار)!»

(مالىك: 1714)

2792 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَي الصدَقَةِ أَفْضَلُ قَالَ جُهْدُ الْمُقِل وَابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ.

2792 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى خىل سەدىقە ئەڭ ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ پېقىرنىڭ سېخىيلىق بىلەن بەرگەن سەدىقىسى (ئەڭ ئەۋزەل). سەدىقە بېرىشنى ئالدى بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئېلىش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ بولغانلاردىن باشلىغىن!» دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1677)

2793 - عَنْ فَاطِمَةَ بِنْتِ قَيْسٍ قَالَتْ سَأَلْتُ أَوْ سُئِلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الزكَاةِ فَقَالَ إِن فِي الْمَالِ لَحَقًا سِوَى الزكَاةِ ثُم تَلَا هَذِهِ الْآيَةَ التِي فِي الْبَقَرَةِ لَيْسَ الْبِر أَنْ تُوَلوا وُجُوهَكُمْ الْآيَةَ.

2793 ـ فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن زاكات توغرىسىدا سوئال سورىدىم (ياكى سورالغاندى)، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مالدا زاكاتتىنمۇ باشقا ھەقلەر بار، ـ دېگەندىن كېيىن بەقەرە سۈرىسىدىن: سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان

---

[①] ئەلبانى (1471): سەھىھ ـ دېگەن.

كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اﷲنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل - مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اﷲنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(تىرمىزى: 659)

2794 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ مِنْ كُل جَـاد عَشْرَةِ أَوْسُقٍ مِنْ التمْرِ بِقِنْوٍ يُعَلقُ فِي الْمَسْجِدِ لِلْمَسَاكِينِ.

2794 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئون ۋەسەق خورما توپلانغاندا، يوقسۇل ـ كەمبەغەللەرنىڭ يېيىشى ئۈچۈن مەسجىدكە بىر ساپاق خورما ئېسىپ قويۇشقا بۇيرىدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1662)

2795 - عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبِيَـدِهِ عَصًا وَقَدْ عَلقَ رَجُلٌ قِنْوَ حَشَفٍ فَجَعَلَ يَطْعَنُ فِي ذَلِكَ الْقِنْوِ فَقَالَ لَـوْ شَـاءَ رَب هَـذِهِ الصدَقَةِ تَصَدقَ بِأَطْيَبَ مِنْ هَذَا إِن رَب هَذِهِ الصدَقَةِ يَأْكُلُ حَشَفًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

2795 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىدا ھاسا تۇتقان ھالدا چىقىپ كەلدى، بىر كىشى تەرىپىدىن مەسجىدكە ئېسىپ قويۇلغان،

[1] سۈرە بەقەرە، 177 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (102): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1464): سەھىھ ـ دېگەن.

قۇرۇپ، تەركىبىي قىسمىي بۇزۇلغان بىر ساپ خورمىنى كۆرۈپ: «بۇنى سەدىقە قىلغان كىشى خالىسا، بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقلىرىنى سەدىقە قىلالايتتى. بۇ ئادەممۇ قىيامەت كۈنى ئەشۇنداق خورما يەيدۇ» دەپ ئەيىپلىدى[1].

(نەسائى: 2493)

2796 - عن عائشة أنا أرادت أن تتصدق بلحم منf فقال النF صلى الله عليـه وسلم أتتصدقين بما لا تأكلين.

2796 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پۇراپ قالغان بىر پارچە گۆشنى سەدىقە قىلماقچى بولغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۆزەڭ يېمەيدىغان نەرسىنى سەدىقە قىلامسەن؟» دېدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

2797 - عن عائشة قالت: أهدي إلى النF صلى الله عليه وسلم ضب فلم يأكله. قالت عائشة: يا رسول الله ألا نطعمه المساكينÝ قال: «لا تطعموهم ما لا تأكلون».

2797 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر كېلەر ھەدىيە قىلىنغانىدى، ئۇنى يېمىدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى كەمبەغەللەرگە تاماق قىلىپ بېرەيلىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۆزەڭلار يېمىگەننى باشقىلارغا يېگۈزمەڭلار، ـ دېدى[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

[1] ئەلبانى (2337): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4627): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خالىد قىسرى ئىسىملىك سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4628): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

2798 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا نَقَصَتْ صَدَقَةٌ مِنْ مَالٍ وَمَا زَادَ اللهُ عَبْدًا بِعَفْوٍ إِلا عِزا وَمَا تَوَاضَعَ أَحَدٌ لِلهِ إِلا رَفَعَهُ اللهُ.

2798 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەدىقە قىلىش بىلەن مال كېمىيىپ كەتمەيدۇ. الله كەچۈرۈمچان بەندىنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە اللهنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ كەمتەرلىك قىلغان بەندىسىنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ كۆتۈرىدۇ».

(مۇسلىم: 2588)

2799 - عَنْ الْمُنْذِرِ بْنِ جَرِيرٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كُنا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي صَدْرِ النهَارِ قَالَ فَجَاءَهُ قَوْمٌ حُفَاةٌ عُرَاةٌ مُجْتَابِي النمَارِ أَوْ الْعَبَاءِ مُتَقَلِدِي السيُوفِ عَامتُهُمْ مِنْ مُضَرَ بَلْ كُلُهُمْ مِنْ مُضَرَ فَتَمَعرَ وَجْهُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِمَا رَأَى بِهِمْ مِنْ الْفَاقَةِ فَدَخَلَ ثُم خَرَجَ فَأَمَرَ بِلَالًا فَأَذنَ وَأَقَامَ فَصَلى ثُم خَطَبَ فَقَالَ يَا أَيهَا الناسُ اتقُوا رَبكُمْ الذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ إِن اللهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا وَالْآيَةَ التِي فِي الْحَشْرِ اتقُوا اللهَ وَلْتَنْظُرْ نَفْسٌ مَا قَدمَتْ لِغَدٍ وَاتقُوا اللهَ تَصَدقَ رَجُلٌ مِنْ دِينَارِهِ مِنْ دِرْهَمِهِ مِنْ ثَوْبِهِ مِنْ صَاعِ بُرهِ مِنْ صَاعِ تَمْرِهِ حَتى قَالَ وَلَوْ بِشِق تَمْرَةٍ قَالَ فَجَاءَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ بِصُرةٍ كَادَتْ كَفُهُ تَعْجِزُ عَنْهَا بَلْ قَدْ عَجَزَتْ قَالَ ثُم تَتَابَعَ الناسُ حَتى رَأَيْتُ كَوْمَيْنِ مِنْ طَعَامٍ وَثِيَابٍ حَتى رَأَيْتُ وَجْهَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَهَللُ كَأَنهُ مُذْهَبَةٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَن فِي الْإِسْلَامِ سُنةً حَسَنَةً فَلَهُ أَجْرُهَا وَأَجْرُ مَنْ عَمِلَ بِهَا بَعْدَهُ مِنْ غَيْرِ أَنْ يَنْقُصَ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْءٌ وَمَنْ سَن فِي الْإِسْلَامِ سُنةً سَيئَةً كَانَ عَلَيْهِ وِزْرُهَا وَوِزْرُ مَنْ عَمِلَ بِهَا مِنْ بَعْدِهِ مِنْ غَيْرِ أَنْ يَنْقُصَ مِنْ أَوْزَارِهِمْ شَيْءٌ.

2799 ـ مۇنزىر ئىبنى جەرىر دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بىر چۈش ۋاقتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. يالاڭئاياق، يېرىم يالىڭاچ، ئۈچىلىرىغا يوڭ كىيىملەرنى ئارتىۋالغان، بېلىگە قىلىچ ئاسقان بىر گۇرۇھ كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بەلكى ھەممىسى دېگۈدەك

مۇزەر قەبىلىسىدىن ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئاچ ۋە يوقسۇل ھالىنى كۆرۈپ چىرايى بىر قىسىم بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن، بىلالنى ئەزان ئوقۇشقا بۇيرىدى. تەكبىر چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ: ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىرلا ئىنساندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار [1] دېگەن ئايەتنى ئاخىرىغىچە، ئاندىن: ئى مۇئمىنلەر! اللهتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، اللهتىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

«ھەر كىشى تىللىرىدىن، تەڭگىلىرىدىن، كىيىم - كېچەكلىرىدىن، بۇغداي ۋە خورمىلىرىدىن بىرەر سادىن بولسىمۇ سەدىقە قىلسۇن، ھەتتا يېرىم خورما بولسىمۇ بەرسۇن» دېدى. ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم خېلىلا ئېغىر بىر خالتىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ سەدىقە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بىر - بىرلەپ سەدىقىلىرىنى ئەكىلىشكە باشلىدى. قارىسام، ئېلىپ كېلىنگەن يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلەر ئىككى دۆۋە بولۇپ كېتىپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنىڭ خۇشاللىقتىن ئالتۇندەك پارقىراپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. شۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

«كىمكى ئىسلامدا بىرەر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ ئەجرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنى قانچىلىك ئادەم قىلسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەجىر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىرەر يامان ئىشنى باشلاپ بەرسە، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ گۇناھى ۋە

[1] سۈرە نىسا، 1- ئايەت.

[2] سۈرە ھەشىر، 18- ئايەت.

ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنى قانچىلىك ئادەم قىلسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك گۇناھ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ».

(مۇسلىم: 1017)

2800 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ رَجُلٌ لَأَتصَدقَن بِصَدَقَةٍ فَخَرَجَ بِصَدَقَتِهِ فَوَضَعَهَا فِي يَدِ سَارِقٍ فَأَصْبَحُوا يَتَحَدثُونَ تُصُدقَ عَلَى سَارِقٍ فَقَالَ اللهُم لَكَ الْحَمْدُ لَأَتصَدقَن بِصَدَقَةٍ فَخَرَجَ بِصَدَقَتِهِ فَوَضَعَهَا فِي يَدَيْ زَانِيَةٍ فَأَصْبَحُوا يَتَحَدثُونَ تُصُدقَ اللَيْلَةَ عَلَى زَانِيَةٍ فَقَالَ اللهُم لَكَ الْحَمْدُ عَلَى زَانِيَةٍ لَأَتصَدقَن بِصَدَقَةٍ فَخَرَجَ بِصَدَقَتِهِ فَوَضَعَهَا فِي يَدَيْ غَنِي فَأَصْبَحُوا يَتَحَدثُونَ تُصُدقَ عَلَى غَنِي فَقَالَ اللهُم لَكَ الْحَمْدُ عَلَى سَارِقٍ وَعَلَى زَانِيَةٍ وَعَلَى غَنِي فَأُتِيَ فَقِيلَ لَهُ أما صَدَقَتُكَ عَلَى سَارِقٍ فَلَعَلهُ أَنْ يَسْتَعِف عَنْ سَرِقَتِهِ وَأَما الزانِيَةُ فَلَعَلهَا أَنْ تَسْتَعِف عَنْ زِنَاهَا وَأَما الْغَنِي فَلَعَلهُ يَعْتَبِرُ فَيُنْفِقُ مِما أَعْطَاهُ اللهُ.

2800 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى: (بۇ كېچە) مەن چوقۇم سەدىقە قىلىمەن، ـ دەپ چىقتى ۋە سەدىقىسىنى (بىلمەستىن) بىر ئوغرىغا بەردى. ئەتىسى، كىشىلەر: بۇ ئادەم سەدىقىسىنى ئوغرىغا بېرىپتۇ، ـ دېيىشتى. ئۇ كىشى: ئى الله! ئوغرىغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ـ دېدى. ئاندىن: (بۇ كېچە) چوقۇم سەدىقە قىلىمەن، ـ دەپ چىقتى ۋە زىنا قىلىدىغان بىر ئايالغا (بىلمەستىن) سەدىقە بەردى. ئەتىسى، كىشىلەر: بۇ ئادەم زىنا قىلىدىغان بىر ئايالغا سەدىقە بېرىپتۇ، ـ دېيىشتى. ئۇ كىشى: ئى الله! زىنا قىلىدىغان ئايالغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ـ دېدى. ئاندىن: (بۇ كېچە) چوقۇم سەدىقە قىلىمەن، ـ دەپ، سەدىقىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ (بىلمەستىن) بىر باي كىشىگە بەردى. ئەتىسى، كىشىلەر: بۇ ئادەم بىر بايغا سەدىقە بېرىپتۇ، ـ دېيىشتى. ئۇ كىشى: ئى الله! ئوغرىغا، زىنا قىلىدىغان ئايالغا ۋە باي

كىشىگە سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ـ دېدى. كېيىن ئۇ كىشىگە (چۈشىدە) مۇنداق دېيىلدى: بەلكىم ئوغرىغا بەرگەن سەدىقەڭ ئۇنى ئوغرىلىقتىن ۋاز كەچتۈرۈشى مۇمكىن. زىنا قىلىدىغان ئايالغا بەرگەن سەدىقەڭ ئۇنى بۇندىن كېيىن زىنادىن يىراقلاشتۇرۇشى مۇمكىن. بايمۇ سېنىڭ بەرگەن سەدىقەڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، اللەنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمەتلىرىدىن كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىپ قېلىشى مۇمكىن».

(بۇخارى: 1421)

2801- عَنْ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنْ الْيَدِ السفْلَى وَابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ وَخَيْرُ الصدَقَةِ عَنْ ظَهْرِ غِنًى وَمَنْ يَسْتَعْفِفْ يُعِفهُ اللهُ وَمَنْ يَسْتَغْنِ يُغْنِهِ اللهُ.

2801ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈستىدىكى (بەرگۈچى) قول ئاستىدىكى (ئالغۇچى) قولدىن ياخشىدۇر. سەدىقە بېرىشنى ئالدى بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئېلىش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ بولغانلاردىن باشلىغىن! سەدىقىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئېھتىياجىدىن ئاشقاندا بېرىلگىنىدۇر. كىمكى (تىلەمچىلىك ۋە يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىشنى ئارزۇ قىلسا، الله ئۇ كىشىنى ئۇنداق ئىشلاردىن ساقلايدۇ. كىمكى ئىنسانلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولماسلىقنى ئارزۇ قىلسا، الله ئۇ كىشىنى ھېچكىمگە موھتاج قىلمايدۇ».

(بۇخارى: 1428)

2802 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ وَذَكَرَ الصدَقَةَ وَالتعفف وَالْمَسْأَلَةَ الْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنْ الْيَدِ السفْلَى فَالْيَدُ الْعُلْيَا هِيَ الْمُنْفِقَةُ وَالسفْلَى هِيَ السائِلَةُ.

2802 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردە تۇرۇپ سەدىقە، (تىلەمچىلىك ۋە يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىش ۋە تىلەمچىلىك قىلىش ھەققىدە سۆز قىلدى ۋە:

«ئۈستىدىكى قول ئاستىدىكى قولدىن ياخشىدۇر. چۈنكى ئۈستىدىكى قول بەرگۈچى، ئاستىدىكى قول تىلىگۈچى قولدۇر» دېدى.

(بۇخارى: 1429)

2803 - وفي رواية: الْيَدُ الْعُلْيَا الْمُتَعَفِّفَةُ.

2803 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈستىدىكى قول ئىپپەتلىك (يەنى تىلىمەيدىغان) قولدۇر» دېگەن.

2804 - عَنْ طَارِقٍ الْمُحَارِبِي قَالَ قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَائِمٌ عَلَى الْمِنْبَرِ يَخْطُبُ النَاسَ وَهُوَ يَقُولُ يَدُ الْمُعْطِي الْعُلْيَا وَابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ أُمَّكَ وَأَبَاكَ وَأُخْتَكَ وَأَخَاكَ ثُم أَدْنَاكَ أَدْنَاكَ. مُخْتَصَرٌ.

2804 ـ تارىق مۇھارىبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مەدىنىگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردە جامائەتكە خۇتبە سۆزلەپ:

«(سەدىقە) بەرگۈچى قول ئۈستۈنكى قولدۇر. سەدىقە بېرىشنى ئالدى بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئېلىش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ بولغانلاردىن باشلىغىن! يەنى ئاتا ـ ئاناڭ، قىز ـ ئوغۇل قېرىنداشلىرىڭ، ئاندىن تۇغقانلىق دەرىجىسى بويىچە ئەڭ يېقىن بولغانلارغا بېرىشتىن باشلا»[1].

(نەسائى: 2532)

2805 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْأَنصَارِي قَالَ كُنا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ جَاءَهُ رَجُلٌ بِمِثْلِ بَيْضَةٍ مِنْ ذَهَبٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَصَبْتُ هَذِهِ مِنْ مَعْدِنٍ فَخُذْهَا فَهِيَ صَدَقَةٌ مَا أَمْلِكُ غَيْرَهَا فَأَعْرَضَ عَنْهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم أَتَاهُ

[1] ئەلبانى (2372): سەھىھ ـ دېگەن.

مِنْ قِبَلِ رُكْنِهِ الْأَيمَنِ فَقَالَ مِثْلَ ذَلِكَ فَأَعْرَضَ عَنْهُ ثُم أَتاهُ مِنْ قِبَلِ رُكْنِهِ الْأَيسَرِ فَأَعْرَضَ عَنْهُ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم أَتاهُ مِنْ خَلْفِهِ فَأَخَذَهَا رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَحَذَفَهُ بِهَا فَلَوْ أَصَابَتْهُ لَأَوْجَعَتْهُ أَوْ لَعَقَرَتْهُ فَقَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْتِي أَحَدُكُمْ بِمَا يَمْلِكُ فَيَقُولُ هَذِهِ صَدَقَةٌ ثُم يَقْعُدُ يَسْتَكِف الناسَ خَيْرُ الصدَقَةِ مَا كَانَ عَنْ ظَهْرِ غِنًى.

2805 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا تۇراتتۇق، بىر ئادەم قولىدا تۇخۇم چوڭلۇقىدا بىر ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ:

ـ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! مەن بۇ ئالتۇننى بىر كاندىن تېپىۋالدىم، يېنىمدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق، بۇنى سەدىقە قىلاي، (سەن بۇنى تارقىتىش ئۈچۈن) ئالغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرىۋالدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ سۆزىنى تەكرارلىغانىدى، يەنە يۈزىنى ئۆرىۋالدى. ئۇ يەنە سول تەرىپىگە ئۆتكەنىدى، يەنە يۈزىنى ئۆرىۋالدى. ئاندىن ئارقا تەرەپتىن كېلىپ، سۆزىنى تەكرارلىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئېلىپ، ئۇ كىشىگە قارىتىپ ئاتتى. ئەگەر ئالتۇن ئۇنىڭغا تېگىپ كەتكەن بولسا، چوقۇم ئۇنى زەخمىلەندۈرگەن بولاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئىنسانلار ھەممە نەرسىسىنى ئېلىپ كېلىپ: بۇ سەدىقەدۇر (سەدىقە قىلىۋېتىمەن)، ـ دەپ (قولىدىكى ھەممىنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىپ)، ئاندىن ئولتۇرۇپ باشقىلاردىن تىلەشكە باشلايدۇ. سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقاندا بېرىلگىنىدۇر» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1673)

[1] ئەلبانى (369): زەئىپ، ـ دېگەن.

2806- عَنْ إِسْحَاقَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ أَنَّهُ سَمِعَ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ كَانَ أَبُو طَلْحَةَ أَكْثَرَ الْأَنْصَارِ بِالْمَدِينَةِ مَالًا مِنْ نَخْلٍ وَكَانَ أَحَبُّ أَمْوَالِهِ إِلَيْهِ بَيْرُحَاءَ وَكَانَتْ مُسْتَقْبِلَةَ الْمَسْجِدِ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَدْخُلُهَا وَيَشْرَبُ مِنْ مَاءٍ فِيهَا طَيِّبٍ قَالَ أَنَسٌ فَلَمَّا أُنْزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ قَامَ أَبُو طَلْحَةَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنَّ اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَقُولُ لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ وَإِنَّ أَحَبَّ أَمْوَالِي إِلَيَّ بَيْرُحَاءَ وَإِنَّهَا صَدَقَةٌ لِلهِ أَرْجُو بِرَّهَا وَذُخْرَهَا عِنْدَ اللهِ فَضَعْهَا يَا رَسُولَ اللهِ حَيْثُ أَرَاكَ اللهُ قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَخٍ ذَلِكَ مَالٌ رَابِحٌ ذَلِكَ مَالٌ رَابِحٌ وَقَدْ سَمِعْتُ مَا قُلْتَ وَإِنِّي أَرَى أَنْ تَجْعَلَهَا فِي الْأَقْرَبِينَ فَقَالَ أَبُو طَلْحَةَ أَفْعَلُ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَسَمَهَا أَبُو طَلْحَةَ فِي أَقَارِبِهِ وَبَنِي عَمِّهِ.

2806 ـ ئىسهاق ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ تەلھە مەدىنىدە ئەڭ كۆپ خورمىلىق بېغى بار كىشى ئىدى. بەيرۇھا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان باغلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەسجىدنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ باغقا كىرىپ، تاتلىق سۇيىدىن قانغىچە ئىچىپ چىقاتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، ئەبۇ تەلھە ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! الله تائالا: ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر دەيدۇ، مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېلىم بەيرۇھا ئاتلىق بېغىمدۇر. مەن بۇنى اللەنىڭ رىزالىقىنى ئۈمىد قىلىپ سەدىقە قىلدىم، بۇنىڭ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 92 ـ ئايەت.

خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيمەن ۋە اللەنىڭ دەرگاھىدا ئاخىرەتلىكىم بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. سەن بۇنى الله بۇيرىغان يەرگە ئىشلەتكەيسەن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ:

- پاھ! بۇ، ھەقىقەتەن پايدىلىق مالدۇر. بۇ، ھەقىقەتەن پايدىلىق مالدۇر. سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى ئاڭلىدىم، بۇ باغنى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭ پايدىلىنىدىغان سەدىقە قىلىۋېتىشىڭنى توغرا دەپ قارايمەن، - دېدى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى اللەنىڭ رەسۇلى! مەن چوقۇم ئېيتقىنىڭدەك قىلىمەن، - دېدى ۋە بېغىنى يېقىن تۇغقانلىرى ۋە تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى.

(بۇخارى: 1461)

2807 - عَنْ أَنسٍ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَبِي طَلْحَةَ اجْعَلْهَا لِفُقَرَاءِ أَقَارِبِكَ فَجَعَلَهَا لِحَسانَ وَأُبَي بْنِ كَعْبٍ وَقَالَ الْأَنصَارِي حَدثَنِي أَبِي عَنْ ثُمَامَةَ عَنْ أَنسٍ مِثْلَ حَدِيثِ ثَابِتٍ قَالَ اجْعَلْهَا لِفُقَرَاءِ قَرَابَتِكَ قَالَ أَنسٌ فَجَعَلَهَا لِحَسانَ وَأُبَي بْنِ كَعْبٍ وَكَانَا أَقْرَبَ إِلَيْهِ مِني.

2807 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئەبۇ تەلھەگە:

- ئۇنى تۇغقانلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بەرگىن! - دېدى. ئۇ بۇ باغنى ئۆزىگە مەندىنمۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان ھەسسان ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئبكە بېرىۋەتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2808 – وفي رواية: فَتَصَدقَ بِهِ أَبُو طَلْحَةَ عَلَى ذَوِي رَحِمِهِ قَالَ وَكَانَ مِنْهُمْ أُبَي وَحَسانُ قَالَ وَبَاعَ حَسانُ حِصتَهُ مِنْهُ مِنْ مُعَاوِيَةَ فَقِيلَ لَهُ تَبِيعُ صَدَقَةَ أَبِي طَلْحَةَ فَقَالَ أَلَا أَبِيعُ صَاعًا مِنْ تَمْرٍ بِصَاعٍ مِنْ دَرَاهِمَ قَالَ وَكَانَتْ تِلْكَ الْحَدِيقَةُ فِي مَوْضِعِ قَصْرِ بَنِي حُدَيْلَةَ الذِي بَنَاهُ مُعَاوِيَةُ.

2808 - يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ بېغىنى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا سەدىقە قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەسسان بىلەن ئۇبەي ئىبنى كەئبمۇ بار ئىدى. ھەسسان ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى مۇئاۋىيەگە ساتتى. كىشىلەر:

— تەلھەنىڭ سەدىقىسىنى ساتامسەن؟ - دېيىشكەندى، ئۇ:

— بىر سا خورمىنى بىر سا تەڭگىگە ساتامتىم؟ (يەنى بۇنىڭدا دۇرۇس بولمىغۇدەك نېمە بار؟) - دېدى. ئۇ باغ مۇئاۋىيە سالدۇرغان بەنى ھۇدەيلە سارىيىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2809 - عَنْ زَيْنَبَ امْرَأَةِ عَبْدِ اللهِ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَصَدقْنَ يَا مَعْشَرَ النسَاءِ وَلَوْ مِنْ حُلِيكُن قَالَتْ فَرَجَعْتُ إِلَى عَبْدِ اللهِ فَقُلْتُ إِنكَ رَجُلٌ خَفِيفُ ذَاتِ الْيَدِ وَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَمَرَنَا بِالصدَقَةِ فَأْتِهِ فَاسْأَلْهُ فَإِنْ كَانَ ذَلِكَ يَجْزِي عَني وَإِلا صَرَفْتُهَا إِلَى غَيْرِكُمْ قَالَتْ فَقَالَ لِي عَبْدُ اللهِ بَلْ ائْتِيهِ أَنتِ قَالَتْ فَانْطَلَقْتُ فَإِذَا امْرَأَةٌ مِنْ الْأَنصَارِ بِبَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَاجَتِي حَاجَتُهَا قَالَتْ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أُلْقِيَتْ عَلَيْهِ الْمَهَابَةُ قَالَتْ فَخَرَجَ عَلَيْنَا بِلَالٌ فَقُلْنَا لَهُ ائْتِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبِرْهُ أَن امْرَأَتَيْنِ بِالْبَابِ تَسْأَلَانِكَ أَتُجْزِئُ الصدَقَةُ عَنْهُمَا عَلَى أَزْوَاجِهِمَا وَعَلَى أَيْتَامٍ فِي حُجُورِهِمَا وَلَا تُخْبِرْهُ مَنْ نَحْنُ قَالَتْ فَدَخَلَ بِلَالٌ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَأَلَهُ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ هُمَا فَقَالَ امْرَأَةٌ مِنْ الْأَنصَارِ وَزَيْنَبُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَي الزيَانِبِ قَالَ امْرَأَةُ عَبْدِ اللهِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَهُمَا أَجْرَانِ أَجْرُ الْقَرَابَةِ وَأَجْرُ الصدَقَةِ.

2809 - ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى ئاياللار جامائەسى! زىننەت بۇيۇملىرىڭلاردىن ئېلىپ چىقىپ بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار! — دېدى. مەن يولدىشىم ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سەن مال - مۈلكى ئاز ئادەمسەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بىرگە سەدىقە قىلىشنى بۇيرىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ باققىن، ساڭا خەجلىگەن ماللىرىم سەدىقە بولامدىكەن، بولمىسا باشقىلارغا بېرىۋېتىمەن، - دېدىم. ئىبنى مەسئۇد:

— سەن ئۆزەڭ بېرىپ سورىغىن! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، ئەنسارىلاردىن بىر ئايالمۇ ماڭا ئوخشاش سوئال سورىغىلى كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانىكەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر خىل ھەيۋەتلىك كىشى ئىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقتى، بىز ئۇنىڭغا:

- پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىپ: ئىشىك ئالدىدا ئىككى ئايال تۇرىدۇ. ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى يېتىملارغا خەجلىگەن مېلىنىڭ سەدىقە ھېسابلىنىدىغان ياكى ھېسابلانمايدىغانلىقىنى سوراپ باقماقچىكەن دېگىن، ئەمما بىزنىڭ كىملىكىمىزنى دېمىگىن! — دېدۇق. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى ئېيتقان ئىكەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇلار كىملەركەن؟ - دەپ سوراپتۇ. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- زەينەپ بىلەن ئەنسارىلاردىن بىر ئايال، - دېگەن ئىكەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- قايسى زەينەپ؟ - دەپ سوراپتۇ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئابدۇللاھنىڭ ئايالى، - دېگەن ئىكەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇلارغا ئىككى ئەجىر بولىدۇ، بىرى تۇغقانغا (سىلە - رەھىم قىلغاننىڭ)، يەنە بىرسى سەدىقە قىلغاننىڭ، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

(مۇسلىم: 1000)

2810 - عن مَعْنَ بْنَ يَزِيدَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ حَدثَهُ قَالَ بَايَعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنا وَأَبِي وَجَدي وَخَطَبَ عَلَي فَأَنكَحَنِي وَخَاصَمْتُ إِلَيْهِ وَكَانَ أَبِي يَزِيدُ أَخْرَجَ دَنَانِيرَ يَتَصَدقُ بِهَا فَوَضَعَهَا عِنْدَ رَجُلٍ فِي الْمَسْجِدِ فَجِئْتُ فَأَخَذْتُهَا فَأَتَيْتُهُ بِهَا فَقَالَ وَاللهِ مَا إِيَاكَ أَرَدْتُ فَخَاصَمْتُهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَكَ مَا نَوَيْتَ يَا يَزِيدُ وَلَكَ مَا أَخَذْتَ يَا مَعْنُ رواه البخاري . وقال رزين: فأنكحه وأمهر ء.

2810 ـ مەئىن ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن دادام ۋە بوۋام بىللە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئۆيلەپ قويغان. بىر قېتىم دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بىر مەسىلىنىمۇ ھەل قىلىپ قويغان. دادام بىر نەچچە ئالتۇننى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن مەسجىدتە بىر ئادەمنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغانىكەن. مەن بېرىپ (ئۇنى دادامنىڭ قويۇپ قويغانلىقىنى بىلمەستىنلا) ئۇ ئالتۇنلارنى ئېلىپ كەلدىم. دادام مېنىڭ ئۇ ئالتۇنلارنى ئېلىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ:

ـ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ ئالتۇنلارنى سېنى ئالسۇن دەپ قويۇپ قويمىغانىدىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىمىز تالىشىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى يەزىد! ساڭا نىيىتىڭگە يارىشا ئەجىر بېرىلىدۇ. ئى مەئىن! سەن ئالغان ئالتۇنلار ساڭا تەۋە بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1422)

2811- عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَنفَقَتْ الْمَرْأَةُ مِنْ طَعَامِ بَيْتِهَا غَيْرَ مُفْسِدَةٍ كَانَ لَهَا أَجْرُهَا بِمَا أَنفَقَتْ وَلِزَوْجِهَا أَجْرُهُ بِمَا كَسَبَ وَلِلْخَازِنِ مِثْلُ ذَلِكَ لَا يَنْقُصُ بَعْضُهُمْ أَجْرَ بَعْضٍ شَيْئًا.

2811 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ئايال كىشى ئۆيىدىكى تائامنى ئىسراپ قىلماستىن سەدىقە قىلغان بولسا، شۇ قىلغان سەدىقىسى ئۈچۈن ئۇ ئايالغا؛ شۇ تاماقنى تېپىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇ) ئايالنىڭ ئېرىگە ۋە ئۇ ئاشلىقنى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن ئامبارچىغا ساۋاب بولىدۇ. بىرى تۈپەيلىدىن يەنە بىرىنىڭ ئەجرى كېمىيىپ قالمايدۇ».

(بۇخارى: 1425)

2812 - عَنْ أَسْمَاءَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا لِيَ مَالٌ إِلَّا مَا أَدْخَلَ عَلَيَّ الزُّبَيْرُ فَأَتَصَدَّقُ قَالَ تَصَدَّقِي وَلَا تُوعِي فَيُوعَى عَلَيْكِ.

2812 ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا ئەكىرىپ بەرگەندىن باشقا مېلىم يوق، مەن شۇنىڭدىن سەدىقە قىلامدىمەن؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بېخىللىق قىلماستىن سەدىقە قىلغىن. شۇنداق قىلساڭ، اللهمۇ ساڭا بېخىللىق قىلمايدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2590)

2813 - عَنْ هَمامٍ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَنفَقَتْ الْمَرْأَةُ مِنْ كَسْبِ زَوْجِهَا عَنْ غَيْرِ أَمْرِهِ فَلَهُ نِصْفُ أَجْرِهِ.

2813 ـ ھەممام ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئەگەر ئايال كىشى ئېرىنىڭ مېلىدىن ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز سەدىقە قىلسا، ئېرىگە سەدىقە قىلىنغان مالنىڭ يېرىم ساۋابى بولىدۇ».

(بۇخارى: 2066)

2814 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي خُطْبَتِهِ عَامَ حَجةِ الْوَدَاعِ يَقُولُ لَا تُنفِقُ امْرَأَةٌ شَيْئًا مِنْ بَيْتِ زَوْجِهَا إلا بِإِذْنِ زَوْجِهَا قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ وَلَا الطعَامُ قَالَ ذَاكَ أَفْضَلُ أَمْوَالِنَا.

2814 ـ ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەججىدىكى خۇتبىسىدا:

ــ ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز بىر نەرسە سەدىقە قىلسا بولمايدۇ. ـ دېدى. ئۇنىڭدىن:

ــ تائاممۇ شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى:

ــ تائام ـ ماللىرىمىزنىڭ ئەۋزىلىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 670)

2815 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ لَما فَتَحَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَكةَ قَامَ خَطِيبًا فَقَالَ فِي خُطْبَتِهِ لَا يَجُوزُ لِامْرَأَةٍ عَطِيةٌ إلا بِإِذْنِ زَوْجِهَا.

2815 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى خۇتبىدا:

«ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ ئىجازىتىسىز سەدىقە بېرىشى جائىز بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[2].

(نەسائى: 3757)

2816- عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَجُوزُ لِامْرَأَةٍ أَمْرٌ فِي مَالِهَا إذَا مَلَكَ زَوْجُهَا عِصْمَتَهَا.

2816ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق

---

[1] ئەلبانى (538): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3518): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئەر كىشىنىڭ ئەمرىدىكى ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ مېلىنىمۇ (ئۆز مەيلىچە) تەسەررۇپ قىلىشى جائىز ئەمەس»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3546)

2817 - عن عُمَيْر مَوْلَى آبِي اللحْمِ قَالَ أَمَرَنِي مَوْلَايَ أَنْ أُقَدِّدَ لَحْمًا فَجَاءَنِي مِسْكِينٌ فَأَطْعَمْتُهُ مِنْهُ فَعَلِمَ بِذَلِكَ مَوْلَايَ فَضَرَبَنِي فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ فَدَعَاهُ فَقَالَ لِمَ ضَرَبْتَهُ فَقَالَ يُعْطِي طَعَامِي بِغَيْرِ أَنْ آمُرَهُ فَقَالَ الْأَجْرُ بَيْنَكُمَا.

2817 ـ ئابى لەھەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ئۇمەير مۇنداق دەيدۇ: خوجايىنىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر پارچە گۆشنى تىلىپ، تۇزلاپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇشقا تەييارلاۋاتسام بىر مىسكىن كەلدى. ئۇنىڭغا گۆشتىن ئازراق بەرگەنىدىم، خوجايىنىم بىلىپ قېلىپ مېنى ئۇردى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ئىشنى ئېيتتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوجايىنىمنى چاقىرىپ:

ـ نېمە سەۋەبتىن ئۇردۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى، خوجايىنىم:

ـ مېنىڭ مېلىمنى رۇخسىتىمسىز باشقىلارغا بېرىپتۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ ئىشتا ھەر ئىككىڭلارغا ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1025)

2818 - عن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال: حَمَلْتُ عَلَى فَرَسٍ فِي سَبِيلِ اللهِ فَأَبْتَاعَهُ أَوْ فَأَضَاعَهُ الذِي كَانَ عِنْدَهُ فَأَرَدْتُ أَنْ أَشْتَرِيَهُ وَظَنَنْتُ أَنهُ بَائِعُهُ بِرُخْصٍ فَسَأَلْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَا تَشْتَرِهِ وَإِنْ بِدِرْهَمٍ فَإِن الْعَائِدَ فِي هِبَتِهِ كَالْكَلْبِ يَعُودُ فِي قَيْئِهِ.

[1] ئەلبانى (3030): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

2818 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەمگە الله يولىدا جىھاد قىلىشى ئۈچۈن بىر ئات بەرگەن ئىدىم، ئۇ كىشى ئۇ ئاتنى سېتىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاتنى ئەرزان باھاغا سېتىۋەتكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن (ئۇ ئاتنى) سېتىۋېلىش توغرۇلۇق سورىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

«بىر تەڭگىگە بەرسىمۇ سېتىۋالما، ھەقىقەتەن بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرىۋالغۇچى، قۇسۇقىنى يالىغان ئىتقا ئوخشايدۇ» دېدى.

(بۇخارى: 3003)

2819 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ دَخَلَ عَلَي سَائِلٌ مَرةً وَعِنْدِي رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ فَأَمَرْتُ لَهُ بِشَيْءٍ ثُم دَعَوْتُ بِهِ فَنظَرْتُ إِلْيِه فَقَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَـلمَ أَمَا تُرِيدِينَ أَنْ لَا يَدْخُلَ بَيْتَكِ شَيْءٌ وَلَا يَخْرُجَ إلا بِعِلْمِكِ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ مَهْلًا يَا عَائِشَةُ لَـا تُحْصِي فُيحْصِيَ اللهُ عَز وَجَل عَلْيكِ.

2819 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم يېنىمدا ئىدى، بىر تىلەمچى كىردى. مەن تىلەمچىگە بىر نەرسە بېرىپ يولغا سېلىشنى ئېيتتىم. كېيىن ئۇنى (يەنى خىزمەتچىنى) چاقىرىپ كېلىپ، بېرىلگەن نەرسىگە قارىدىم. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

— ئۆيۈڭگە سېنىڭ خەۋىرىڭسىز بىر نەرسىنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىنى خالىمامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ ئۇنداق قىلما! ئى ئائىشە! باشقىلارغا بەرگەن نەرسىنى ھېسابلاپ ئولتۇرمىغىن، بولمىسا اللهمۇ ساڭا بەرگەننى ھېسابلاپ بېرىدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2549)

[1] ئەلبانى (2389): ھەسەن، ـ دېگەن.

2820 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن رَجُلًا قَالَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن أُمي افْتُلِتَتْ نَفْسُهَا وَأَظُنهَا لَوْ تَكَلمَتْ تَصَدقَتْ فَهَلْ لَهَا أَجْرٌ إنْ تَصَدقْتُ عَنْهَا قَالَ نَعَمْ.

2820 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئانام تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتتى، ئەگەر ئۇنىڭغا (ئۆلۈشتىن بۇرۇن) سۆزلىگۈدەك پۇرسەت بولغان بولسا، چوقۇم سەدىقە قىلغان بولاتتى. مەن ئۇنىڭ نامىدا سەدىقە قىلسام، ساۋابى ئۇنىڭغا يېتەمدۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەئە، يېتىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1388)

2821 - عَنْ عمرو بن عوف، رفعه: إن صَدَقَةَ الْمُسْلِمِ تَزِيدُ فِي الْعُمُرِ، وَتَمْنَعُ مِيتَةَ السوءِ، وَيُذْهِبُ اللهُ بِهَا الْكِبْرَ وَالْفَخْرَ.

2821 ـ ئەمىر ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلماننىڭ سەدىقىسى (ئۇنىڭ) ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ، يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ ۋە الله شۇ سەدىقە بىلەن (ئۇ كىشىدىن) پەخىرلىنىش ۋە تەكەببۇرلۇقنى كەتكۈزىۋېتىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 22/17)

2822 - عَنْ عُقْبَةَ بن عَامِرٍ رفعه: "إن الصدَقَةَ لَتُطْفِيءُ عَنْ أَهْلِهَا حَر الْقُبورِ، وَإِنمَا يَسْتَظِل الْمُؤْمِنُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فِي ظِل صَدَقَتِهِ".

2822 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقەتەن، سەدىقە قەبرە ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. مۇئمىن

[1] ھەيسەمى (4609): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

قىيامەت كۈنى قىلغان سەدىقىسىنىڭ سايىسىدا سايىدايدۇ»[1].
(«ئەلكەبىر»: 286/17)

2823 - وله ولأحمد والموصلي، عن عُقْبَةَ بْنَ عَامِرٍ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ كُل امْرِئٍ فِي ظِل صَدَقَتِهِ حَتى يُفْصَلَ بَيْنَ الناسِ.

2823 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«(قىيامەت كۈنى) كىشىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغانغا قەدەر، ھەر قانداق كىشى ئۆزى قىلغان سەدىقىنىڭ سايىسىدە تۇرىدۇ»[2].
(ئەھمەد: 16882)

2824 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ، عَنِ النبِي صلى الله عليه وسلم، قَالَ: مَا أَحْسَنَ مِنْ مُحْسِنٍ مُسْلِمٍ، وَلاَ كَافِرٍ إِلا أُثِيبَ، قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللهِ، هَذَا إِثَابَةُ الْمُؤْمِنِ قَدْ عَرَفْنَاهَا، فَمَا إِثَابَةُ الْكَافِرِ؟ قَالَ: إِذَا تَصَدقَ بِصَدَقَةٍ أَوْ وَصَلَ رَحِمًا، أَوْ عَمِلَ حَسَنَةً أَثَابَهُ اللهُ، وَإِثَابَتُهُ الْمَالُ وَالْوَلَدُ فِي الدنْيَا، وَعَذَابًا دُونَ الْعَذَابِ، يَعْنِي فِي الآخِرَةِ، وَقَرَأَ: أَدْخِلُوا آلَ فِرْعَوْنَ أَشَد الْعَذَابِ.

2824 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مۇسۇلمان كاپىر بولسۇن، ھەرقانداق كىشى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ، ـ دېدى، بىز:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مۇسۇلمانغا بولىدىغان ساۋابنىغۇ بىلدۇق، كاپىرغا قانداق ساۋاب بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] ھەيسەمى (4614): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھىيئە ئىسىملىك سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4612): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد (ھەممىسىنى)، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى (مەلۇم قىسمىنى) رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ ئەگەر كاپىر سەدىقە ياكى سىلە ـ رەھىم قىلسا ۋە ياكى ياخشى ئىشتىن بىرنى قىلسا، الله ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا مال ـ مۈلۈك ۋە بالا ـ چاقا بېرىدۇ، ئاخىرەتتىمۇ يېنىكرەك ئازابقا دۇچار قىلىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن: (ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار! (دېيىلىدۇ) [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(بەززار: 945)

2825 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما مـن صـدقة أفضل من صدقة تصدق على المملوك عند مليك سوء.

2825 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«زالىم پادىشاھنىڭ يېنىدىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە بېرىلگەن سەدىقىدىنمۇ ئەۋزەل سەدىقە يوقتۇر»[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

2826 - عَنْ عَائِشَةَ أَنَّهُمْ ذَبَحُوا شَاةً فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا بَقِيَ مِنْهَا قَالَتْ مَا بَقِيَ مِنْهَا إِلا كَتِفُهَا قَالَ بَقِيَ كُلُهَا غَيْرَ كَتِفِهَا.

2826 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر قوي سويغان ئىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن:

ــ ئۇ قوينىڭ گۆشىدىن نېمە قالدى؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ بىر قولىدىن باشقا يېرى قالمىدى (يەنى بىر قولىدىن باشقا ھەممە يېرىنى سەدىقە قىلىۋەتتۇق)، ـ دېسەم:

ــ دېمەككى، بىر قولىدىن باشقا ھەممە يېرى قېلىپ قاپتۇ، ـ

---

[1] سۈرە غافىر، 46 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (4621): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇتبە ئىبنى يەئزان ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن كىشى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4718): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەشىر ئىبنى مەيمۇن ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

دېدى[①].

(تىرمىزى: 2470)

2827 - عَنْ أَبِي ذَرٍ أَنَّ نَاسًا مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالُوا لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَا رَسُولَ اللهِ ذَهَبَ أَهْلُ الدُّثُورِ بِالْأُجُورِ يُصَلُّونَ كَمَا نُصَلِّي وَيَصُومُونَ كَمَا نَصُومُ وَيَتَصَدَّقُونَ بِفُضُولِ أَمْوَالِهِمْ قَالَ أَوَ لَيْسَ قَدْ جَعَلَ اللهُ لَكُمْ مَا تَصَدَّقُونَ إِنَّ بِكُلِّ تَسْبِيحَةٍ صَدَقَةً وَكُلِّ تَكْبِيرَةٍ صَدَقَةً وَكُلِّ تَحْمِيدَةٍ صَدَقَةً وَكُلِّ تَهْلِيلَةٍ صَدَقَةٌ وَأَمْرٌ بِالْمَعْرُوفِ صَدَقَةٌ وَنَهْيٌ عَنْ مُنْكَرٍ صَدَقَةٌ وَفِي بُضْعِ أَحَدِكُمْ صَدَقَةٌ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَيَأتِي أَحَدُنَا شَهْوَتَهُ وَيَكُونُ لَهُ فِيهَا أَجْرٌ قَالَ أَرَأَيْتُمْ لَوْ وَضَعَهَا فِي حَرَامٍ أَكَانَ عَلَيْهِ فِيهَا وِزْرٌ فَكَذَلِكَ إِذَا وَضَعَهَا فِي الْحَلَالِ كَانَ لَهُ أَجْرًا.

2827 - ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر قىسىم ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

- ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بايلار بىزگە ئوخشاش ناماز ئوقۇيدۇ، بىزگە ئوخشاش روزا تۇتىدۇ. ئەمما ئۇلار ماللىرىنىڭ ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىپ، كۆپ ساۋابقا ئېرىشىپ كەتتى، - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- الله سىلەرگە سەدىقە قىلىدىغان نەرسە بەرمىدىمۇ؟ اللهقا ئېيتقان ھەر قانداق تەسبىھ، تەكبىر، تەھمىد (اللهقا ھەمدى ئېيتىش) ۋە تەھلىيل (لائىلاھە ئىللەللاھ) ئېيتىشنىڭ ھەممىسى سەدىقە بولىدۇ. ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇشمۇ سەدىقە بولىدۇ. بىرىڭلارنىڭ ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشىمۇ سەدىقە بولىدۇ، - دېدى. ئۇلار:

— ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۆزىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرسىمۇ ئەجىر بولامدۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەگەر شەھۋىتىنى ھارامدىن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا گۇناھ

---

[①] ئەلبانى (2009): سەھىھ - دېگەن.

بولـــدىغانلىقىنى بىلمەمسـەلەر؟! شـۇنىڭغا ئوخشـاش، شـەھۋىتىنى ھالالدىن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1006)

2828 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَبْعَةٌ يُظِلهُمْ اللهُ تَعَالَى فِي ظِلهِ يَوْمَ لَا ظِل إِلا ظِلهُ إِمَامٌ عَدْلٌ وَشَاب نَشَأَ فِي عِبَادَةِ اللهِ وَرَجُلٌ قَلْبُهُ مُعَلقٌ فِي الْمَسَاجِدِ وَرَجُلَانِ تَحَابا فِي اللهِ اجْتَمَعَا عَلَيْهِ وَتَفَرقَا عَلَيْهِ وَرَجُلٌ دَعَتْهُ امْرَأَةٌ ذَاتُ مَنْصِبٍ وَجَمَالٍ فَقَالَ إِني أَخَافُ اللهَ وَرَجُلٌ تَصَدقَ بِصَدَقَةٍ فَأَخْفَاهَا حَتى لَا تَعْلَمَ شِمَالُهُ مَا تُنْفِقُ يَمِينُهُ وَرَجُلٌ ذَكَرَ اللهَ خَالِيًا فَفَاضَتْ عَيْنَاهُ.

2828 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە)، الله يەتتە تۈرلۈك كىشىنى ئۆزىنىڭ سايىسىدا سايىدىتىدۇ. ئۇلار: ئادىل ئىمام (يەنى ئادىل يېتەكچى)؛ اللهنىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن يىگىت؛ ئەس ـ يادى مەسجىدكە باغلانغان كىشى؛ الله ئۈچۈن دوست بولۇپ، الله رىزالىقى ئۈچۈن بىر ئارىغا كېلىدىغان، ئايرىلسىمۇ الله رىزالىقى ئۈچۈن ئايرىلىدىغان كىشىلەر؛ ئېسىلزادە ۋە چىرايلىق ئايال (ئۆزى بىلەن زىنا قىلىشقا) چاقىرسا، مەن اللهتىن قورقىمەن دەپ (ئۇنىڭ تەكلىپىنى) رەت قىلغان كىشى؛ ئوڭ قولى قىلغان سەدىقىنى سول قولى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە قىلغان كىشى ۋە خالىي جايدا اللهنى ئەسلەپ، ياش تۆككەن كىشىلەردىن ئىبارەت».

(بۇخارى: 1423)

## تىلەمچىلىك قىلىش، قانائەت قىلىش ۋە نەرسە بېرىش

2829 - عَنْ حَمْزَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَزَالُ الْمَسْأَلَةُ بِأَحَدِكُمْ حَتى يَلْقَى اللهَ وَلَيْسَ فِي وَجْهِهِ مُزْعَةُ لَحْمٍ.

2829 ـ ھەمزە ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشى تىلەمچىلىك قىلىۋېرىپ، ھەتتا قىيامەت كۈنى اللهنىڭ ئالدىغا يۈزىدە گۆش دىدارى قالمىغان ھالدا كېلىدۇ».

(مۇسلىم: 1040)

2830 - عَنْ سَمُرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمَسَائِلُ كُدُوحٌ يَكْدَحُ بِهَا الرجُلُ وَجْهَهُ فَمَنْ شَاءَ أَبْقَى عَلَى وَجْهِهِ وَمَنْ شَاءَ تَرَكَ إِلا أَنْ يَسْأَلَ الرجُلُ ذَا سُلْطَانٍ أَوْ فِي أَمْرٍ لَا يَجِدُ مِنْهُ بُدا.

2830 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تىلەمچىلىك قىلىش ئىنساننىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىش بولۇپ، ئىنسان خالىسا يۈزىنى ساقلاپ قالىدۇ، خالىسا (تىلەمچىلىك قىلىش ئارقىلىق) يۈزىنى تۆكۈۋالىدۇ. ئەمما مەسئۇلدىن سوراش ياكى سورىمىسا بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا سوراش بۇنىڭ سىرتىدا»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1639)

2831 - عَنْ أَبِي عُبَيْدٍ مَوْلَى عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ أَنهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ

[1] ئەلبانى (1483): سەھىھ ـ دېگەن.

عَنْهُ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَأَنْ يَحْتَطِبَ أَحَدُكُمْ حُزْمَةً عَلَى ظَهْرِهِ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَسْأَلَ أَحَدًا فَيُعْطِيَهُ أَوْ يَمْنَعَهُ.

2831 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ ئۇبەيد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بىرىڭلارنىڭ دۈمبىسىدە ئوتۇن توشۇپ (سېتىپ) جان بېقىشى، باشقا بىرىدىن (مەيلى بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن) بىر نەرسە تىلىشىدىن ياخشىدۇر».

(بۇخارى: 2074)

2832 - عَنْ ثَوْبَانَ مَوْلَى رَسُولِ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ يَكْفُلُ لِي أَنْ لَا يَسْأَلَ الناسَ شَيْئًا وَأَتكَفلُ لَهُ بِالْجَنةِ فَقَالَ ثَوْبَانُ أَنَا فَكَانَ لَا يَسْأَلُ أَحَدًا شَيْئًا.

2832 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىمكى كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماسلىققا ماڭا ۋەدە بەرسە، مەن ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ۋەدە بېرىمەن، ـ دېگەن ئىدى، مەن دەرھاللا:

ـ مەن ۋەدە بېرىمەن، ـ دېدىم. (راۋى): سەۋبان شۇندىن ئېتىبارەن ھەقىقەتەن كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمايتتى، ـ دەيدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1643)

2833 - عن حَكِيمَ بْنَ حِزَامٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَعْطَانِي ثُم سَأَلْتُهُ فَأَعْطَانِي ثُم سَأَلْتُهُ فَأَعْطَانِي ثُم قَالَ يَا حَكِيمُ إِن هَذَا الْمَالَ

[1] ئەلبانى (1446): سەھىھ ـ دېگەن.

خَضِرَةٌ حُلْوَةٌ فَمَنْ أَخَذَهُ بِسَخَاوَةِ نَفْسٍ بُورِكَ لَهُ فِيهِ وَمَنْ أَخَذَهُ بِإِشْرَافِ نَفْسٍ لَمْ يُبَارَكْ لَهُ فِيهِ كَالَّذِي يَأْكُلُ وَلَا يَشْبَعُ الْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنْ الْيَدِ السُّفْلَى قَالَ حَكِيمٌ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ وَالَّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقِّ لَا أَرْزَأُ أَحَدًا بَعْدَكَ شَيْئًا حَتَّى أُفَارِقَ الدُّنْيَا فَكَانَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَدْعُو حَكِيمًا إِلَى الْعَطَاءِ فَيَأْبَى أَنْ يَقْبَلَهُ مِنْهُ ثُمَّ إِنَّ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ دَعَاهُ لِيُعْطِيَهُ فَأَبَى أَنْ يَقْبَلَ مِنْهُ شَيْئًا فَقَالَ عُمَرُ إِنِّي أُشْهِدُكُمْ يَا مَعْشَرَ الْمُسْلِمِينَ عَلَى حَكِيمٍ أَنِّي أَعْرِضُ عَلَيْهِ حَقَّهُ مِنْ هَذَا الْفَيْءِ فَيَأْبَى أَنْ يَأْخُذَهُ فَلَمْ يَرْزَأْ حَكِيمٌ أَحَدًا مِنْ النَّاسِ بَعْدَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى تُوُفِّيَ.

2833 ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پۇل ـ مال سورىغان ئىدىم، سورىغىنىمنى بەردى. يەنە سورىغان ئىدىم، يەنە بەردى. كېيىن يەنە سورىغان ئىدىم، يەنە بەرگەندىن كېيىن:

ــ ئى ھەكىم! پۇل ـ مال يېشىل نەرسىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈشى چىرايلىق، تەمى شېرىن نەرسە. كىمكى ئۇنى قانائەتچانلىق بىلەن ئالسا، ئۇنىڭ بەرىكىتىنى كۆرىدۇ. ئەگەر ئاچكۆزلۈك بىلەن ئالسا، ئۇنىڭ بەرىكىتىنى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ خۇددى يەپ تويمايدىغانلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. بەرگەن قول تىلىگەن قولدىن ياخشىدۇر، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىن تاكى دۇنيادىن ئايرىلغىچە ھېچكىمدىن بىر نەرسە سورىمايمەن، ـ دېدىم.

(راۋىي): دەرۋەقە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى (بەيتۇل مالدىن بېرىلىدىغان) پۇل ـ مالنى تاپشۇرۇۋېلىشقا چاقىرغان ئىدى، ئۇنىمۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنى (بەيتۇل مالدىن بېرىلىدىغان) پۇل ـ مالنى تاپشۇرۇۋېلىشقا چاقىرغان ئىدى، ئۇنىمۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى،

بەيتۇل مالدىن ھەكىم ئىبنى ھىزامغا تېگىشلىك ھەققىنى بەرسەم، قوبۇل قىلمىدى، - دېدى. شۇنداق قىلىپ، ھەكىم ئىبنى ھىزام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن تاكى ئالەمدىن ئۆتكىچە ھېچكىمدىن بىر نەرسە سورىمىدى.

(بۇخارى: 1472)

2834 - عَنْ ابْنِ الْفِرَاسِي أَن الْفِرَاسِي قَالَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْأَلُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ لَا وَإِنْ كُنْتَ سَائِلًا لَا بُد فَاسْأَلْ الصالِحِينَ.

2834 - ئىبنى فىراسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! مەن (كىشىلەردىن) بىر نەرسە سورىسام بولامدۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ياق. ئەگەر سورىمىساڭ بولمايدىغان ئەھۋالدا بولساڭ، ياخشى كىشىلەردىن سورىغىن! - دېدى[1].

(نەسائى: 2587)

2835 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَأَلَ الناسَ وَلَهُ مَا يُغْنِيهِ جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَمَسْأَلَتُهُ فِي وَجْهِهِ خُمُوêٌ أَوْ خُدُوêٌ أَوْ كُدُوحٌ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا يُغْنِيهِ قَالَ خَمْسُونَ دِرْهَمًا أَوْ قِيمَتُهَا مِنْ الذهَبِ.

2835 - ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— كىمكى ھاجەتسىز تۇرۇپ كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى يۈزى جاراھەت باسقان، قىيما - چىيما قىلىنغان ھالەتتە كېلىدۇ، - دېدى. ئۇنىڭدىن:

- كىشىنى ھاجەتسىزلەر قاتارىغا كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟ - دەپ سورالغانىدى:

---

[1] ئەلبانى (162): زەئىپ، - دېگەن.

ـــ ئەللىك تەڭگە ياكى شۇنىڭ قىممىتىدىكى ئالتۇن (يەنى شۇنچىلىك نەرسىسى بولسا، باشقىلاردىن بىر نەرسە سورىمىسۇن)، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 650)

2836 - ولأبي داود عن سَهْل ابْن الْحَنْظَلِيةِ، وَمَا الْغِنَى الذِي لَا تَنبغي مَعَهُ الْمَسْأَلَةُ قَالَ قَدْرُ مَا يُغَديهِ وَيُعَشيهِ.

2836 ـ سەھل ئىبنى ھەنزەلىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ قانچىلىك (مىقداردا) مېلى بولسا، بىر نەرسە تىلەشكە بولمايدۇ، ـ دەپ سورالغانىدى:

ـــ چۈشلۈك ۋە كەچلىك تامىقىغا يەتكۈدەك نەرسىسى بولسا (تىلەشكە بولمايدۇ)، ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1629)

2837 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَأَلَ الناسَ أَمْوَالَهُمْ تَكَثرًا فَإِنمَا يَسْأَلُ جَمْرًا فَلْيَسْتَقِل أَوْ لِيَسْتَكْثِرْ.

2837 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مېلىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلسا، بىر پارچە چوغ تىلىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەمدى ئاز تىلەمدۇ، كۆپ تىلەمدۇ، تىلەرۋەسۇن».

(مۇسلىم: 1041)

2838 - عن أبى هريرة رضى الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لا

[①] ئەلبانى (526): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1435): سەھىھ ـ دېگەن.

يفتح أحدكم على نفسه باب مسألة الا فتح الله عليه باب فقر.

2838 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆز نەپسىڭلارغا تىلەمچىلىكنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋالماڭلار، چۈنكى الله تائالا شۇنداق قىلغان كىشىگە كەمبەغەللىك دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىدۇ»[1].

(مەۋسىلى:6691)

2839 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَأَلَ وَلَهُ أَرْبَعُونَ دِرْهَمًا فَهُوَ الْمُلْحِفُ.

2839 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى يېنىدا 40 تەڭگىسى تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلسا، ئۇ كىشى ئاچكۆز ھېسابلىنىدۇ»[2].

(نەسائى: 2594)

2840 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَجُلًا مِنْ الْأَنصَارِ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْأَلُهُ فَقَالَ أَمَا فِي بَيْتِكَ شَيْءٌ قَالَ بَلى حِلْسٌ نَلْبَسُ بَعْضَهُ وَنَبْسُطُ بَعْضَهُ وَقَعْبٌ نَشْرَبُ فِيهِ مِنْ الْمَاءِ قَالَ ائْتِنِي بِهِمَا قَالَ فَأَتَاهُ بِهِمَا فَأَخَذَهُمَا رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِهِ وَقَالَ مَنْ يَشْتَرِي هَذَيْنِ قَالَ رَجُلٌ أَنا آخُذُهُمَا بِدِرْهَمٍ قَالَ مَنْ يَزِيدُ عَلى دِرْهَمٍ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا قَالَ رَجُلٌ أَنا آخُذُهُمَا بِدِرْهَمَيْنِ فَأَعْطَاهُمَا إِياهُ وَأَخَذَ الدرْهَمَيْنِ وَأَعْطَاهُمَا الْأَنصَارِي وَقَالَ اشْتَرِ بِأَحَدِهِمَا طَعَامًا فَانْبِذْهُ إِلى أَهْلِكَ وَاشْتَرِ بِالْآخَرِ قَدُومًا فَأْتِنِي بِهِ فَأَتَاهُ بِهِ فَشَد فِيهِ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عُودًا بِيَدِهِ ثُم قَالَ لَهُ اذْهَبْ فَاحْتَطِبْ وَبِعْ وَلَا أَرَيَنكَ خَمْسَةَ عَشَرَ يَوْمًا فَذَهَبَ الرجُلُ يَحْتَطِبُ وَيَبِيعُ فَجَاءَ وَقَدْ أَصَابَ عَشْرَةَ دَرَاهِمَ فَاشْتَرَى

[1] ھەيسەمى (4518): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2431): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

**بِبَعْضِهَا ثَوْبًا وَبِبَعْضِهَا طَعَامًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا خَيْرٌ لَكَ مِنْ أَنْ تَجِيءَ الْمَسْأَلَةُ نُكْتَةً فِي وَجْهِكَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِن الْمَسْأَلَةَ لَا تَصْلُحُ إِلا لِثَلَاثَةٍ لِذِي فَقْرٍ مُدْقِعٍ أَوْ لِذِي غُرْمٍ مُفْظِعٍ أَوْ لِذِي دَمٍ مُوجِعٍ.**

2840 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر نەرسە تىلىگەنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ـ ئۆيۈڭدە بىر نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ بىر تەرىپىنى يۆگىنىپ، يەنە بىر تەرىپىنى ئاستىمىزغا سېلىپ ياتىدىغان بىر ئەدىيالىمىز ۋە سۇ ئىچىدىغان بىر قاچىمىز بار، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ ئۇ ئىككى نەرسىنى ئەكەلگىن! ـ دېدى. ئۇ نەرسىلەر كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى قولىغا ئېلىپ:

ـ بۇ ئىككىسىنى كىم سېتىۋالىدۇ؟ ـ دېدى، بىر ئادەم:

ـ مەن بىر تەڭگىگە سېتىۋالاي، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ـ ئۈچ قېتىم:

ـ كىم بۇنى بىر تەڭگىدىن ئارتۇق پۇلغا سېتىۋالىدۇ، ـ دەپ تەكرارلىدى. بىر ئادەم:

ـ مەن ئىككى تەڭگىگە سېتىۋالاي، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا سېتىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىككى تەڭگىنى ئېلىپ، ئەنسارىغا تۇتقۇزۇپ:

ـ بىر تەڭگىگە ئائىلەڭ ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەك سېتىۋالغىن. يەنە بىرىگە بىر دانە پالتا سېتىۋېلىپ كەلگىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم پالتا سېتىۋېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پالتىغا ئۆز قولى بىلەن ساپ ياسىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

ـ ئەمدى بېرىپ ئوتۇن ئەكىلىپ ساتقىن، 15 كۈنگىچە ماڭا كۆرۈنگۈچى بولما! ـ دېدى. ئۇ ئادەم ئوتۇن ئەكىلىپ ساتتى. شۇنداق

قىلىپ، ئۇ 10 تەڭگە تېپىپ، بەزىسىگە كىيىم ـ كېچەك، بەزىسىگە يېمەك ـ ئىچمەك سېتىۋالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

— تىلەمچىلىك قىلىپ قىيامەت كۈنى چىرايىڭغا بەلگە سېلىنغان ھالدا تىرىلگەندىن مۇشۇنداق ئۇتۇن ئەكىلىپ جان باقىقىنىڭ ئەۋزەلدۇر. تىلەمچىلىك قىلىش مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن باشقىسىغا دۇرۇس بولمايدۇ، ئۇلار: بەكمۇ كەمبەغەل كىشى، گەدەنگىچە قەرزگە پېتىپ كەتكەن كىشى ۋە زىممىسىگە خۇن دەۋاسى ئارتىلىپ قالغان كىشى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 1641)

2841 - وللترمذي نحوه عَنْ حُبْشِي ْبنِ جُنَادَةَ السلُولِي وفيه: قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ يَقُولُ وَمَنْ سَأَلَ الناسَ لُيُثْرِيَ بِهِ مَالُه كَانَ خُمُوشًا فِي وَجْهِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَرَضْفًا يَأْكُلُه مِنْ جَهَنمَ وَمَنْ شَاءَ فَلْيُقِل وَمَنْ شَاءَ فَلْيُكْثِرْ.

2841 ـ ھۇبشى ئىبنى جۇنادە سەلۇلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى مېلىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن كىشىلەردىن پۇل ـ مال تىلىسە، قىيامەت كۈنى، چىرايى قىيما ـ چىيما قىلىنغان ھالەتتە تىرىلىدۇ ۋە جەھەننەمدە قىزىتىلغان تاشلارنى يەيدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، خالىغان كىشى كۆپ تىلىسۇن، خالىغان كىشى ئاز تىلىسۇن»②.

(تىرمىزى: 653)

2842 - زاد رزين: وإb لأعطي الرجل العطية فيطلق بها O'ت إبطه وما هـي إلا نارÝ فقال له عمر: وB تعطى يا رسول الله ما هو نارÝ فقال: أبى الله Б البخل وأبــوا إلا

① ئەلبانى (360): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (100): زەئىپ، ـ دېگەن.

مسألG. (وله شاهد عى أبى سعيد لأحمد والموصلى والبزار).

2842 ـ رەزىن بۇ ھەدىسكە مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ مەن بىرىسىگە بىر نەرسە بەرسەم، ئۇنى قولتۇقىغا قىسىپ ماڭىدۇ. ئۇ، ئوتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ـ دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! نېمە ئۈچۈن (بىلىپ تۇرۇپ) ئوتنى بېرىسەن؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله مېنى بېخىللىقتىن توستى، ئىنسانلار بولسا مەندىن سوراپ تۇرۇۋالسا؟! ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2843 - عَنْ حُسَيْنِ بْنِ عَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلسائِلِ حَق وَإِنْ جَاءَ عَلَى فَرَسٍ.

2843ـ ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تىلەمچى ئاتقا مىنىپ كەلسىمۇ، ئۇنىڭ ھەققى بار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1665)

2844 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ نَزَلَتْ بِهِ فَاقَةٌ فَأَنْزَلَهَا بِالناسِ لَمْ تُسَد فَاقَتُهُ وَمَنْ نَزَلَتْ بِهِ فَاقَةٌ فَأَنْزَلَهَا بِاللهِ فَيُوشِكُ اللهُ لَهُ بِرِزْقٍ عَاجِلٍ أَوْ آجِلٍ.

2844 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى نامراتلىققا دۇچار بولۇپ، ئۇنى كىشىلەردىن تىلەش ئارقىلىق تۈگەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ نامراتلىقى تۈگىمەيدۇ. كىمكى بۇ

[1] ئەلبانى (364): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىشىنى ﷲقا تاپشۇرسا، ﷲ مەيلى ئىلگىرى بولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن، ئۇنىڭغا رىزىق ئاتا قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2326)

2845 - ولأبي داود: أَوْشَكَ اللهُ لَهُ بِالْغِنَى إما بِمَوْتٍ عَاجِلٍ أَوْ غِنًى عَاجِلٍ.

2845 ـ يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ﷲ ئۇنى يا (باي تۇغقانلىرىدىن بىرەرىنى) دەرھال ۋاپات تاپتۇرۇش ياكى ئېھتىياجىنى دەرھال قامداش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتقۇزىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1645)

2846 - عن ابن عباس: شر الناس الذى يسأل بوجه الله ولا يعطى بـه، وقـال: لاتسألوا بوجه الله إلا منه.

2846 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﷲ رازىلىقىنى (ئاغزىغا ئېلىپ تۇرۇپ) كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەپ، تىلىگىنىگە ئېرىشەلمىگەن كىشى، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسىدۇر. ﷲ رازىلىقى ئۈچۈن دەپ باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلىمەستىن، ھاجىتىڭلارنى ﷲنىڭ ئۆزىدىن تىلەڭلار».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2847 - عن أبي موسى الاشعري أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقـول ملعون من سأل بوجه الله وملعون من سئل بوجه الله فمنع سائله ما لم يسأل هجرا.

2847 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ﷲ رازىلىقى ئۈچۈن دەپ، (ﷲنى ئاغزىغا ئېلىپ تۇرۇپ) بىر نەرسە سورىغان كىشى لەنەتكەردىدۇر ۋە بۇ شەكىلدە سورىغان كىشىنىڭ

[1] ئەلبانى (1895): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1448): سەھىھ ـ دېگەن.

(ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ئوخشاش يامان ئىشنى سورىمىغانلا بولسا) تىلىگىنىنى بەجا كەلتۈرمىگەن كىشىمۇ لەنەتگەردىدۇر»[1].

(«ئەلكەبىر»)

2848 - عن على: رأى يوم عرفة رجلا يسأل الناس قال: أفي مثل هذا اليـوم وفي مثل هذا المكان تسأل من غير الله تعالى؟ فخفقه بالدرة.

2848 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرەفات كۈنى بىر ئادەمنىڭ كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

ـ مۇشۇ كۈندە، مۇشۇ ماكاندا اﷲتىن باشقا بىرىدىن تىلەۋاتامسەن؟ ـ دېدى، ئاندىن ئۇنى دەررە بىلەن ئۇردى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2849 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَدْ أَفْلَحَ مَنْ أَسْلَمَ وَرُزِقَ كَفَافًا وَقَنَّعَهُ اللهُ بِمَا آتَاهُ.

2849 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمان ئېيتقان، تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك رىزقى بېرىلگەن ۋە اﷲنىڭ بەرگەنلىرىگە قانائەت قىلغان كىشى ھەقىقەتەن نىجات تاپىدۇ».

(مۇسلىم: 1054)

2850 - عَنْ سَلَمَةَ بْنِ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ مِحْصَنٍ الْخَطْمِي عَنْ أَبِيهِ وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَصْبَحَ مِنْكُمْ آمِنًا فِي سِرْبِهِ مُعَافًى فِي جَسَدِهِ عِنْدَهُ قُوتُ يَوْمِهِ فَكَأَنَّمَا حِيزَتْ لَهُ الدُّنْيَا.

2850 ـ سەلەمە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مىھسەن خەتمى

---

[1] ھەيسەمى (4569): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، گەرچە سەنەدىنىكى بەزى كىشىلەرگە ھەرخىل باھالار بېرىلگەن بولسىمۇ، سەنەدى يەنىلا ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

(ساھابىلەردىن بىرى بولغان) دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن كىمكى تىنىچ ئامان، تېنى ساغلام، بىر كۈنلۈك يېمەك ـ ئىچمىكى يېنىدا ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزسا، شۇ كۈنى ئۇنىڭغا خۇددى دۇنيا بېرىلگەندەك بولىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 2346)

2851 - عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ لَيْسَ لِابْنِ آدَمَ حَق فِي سِوَى هَذِهِ الْخِصَالِ بَيْتٌ يَسْكُنُهُ وَثَوْبٌ يُوَارِي عَوْرَتَهُ وَجِلْفُ الْخُبْزِ وَالْمَاءِ.

2851 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۇرىدىغان جايى، ئەۋرىتىنى يۆگىگۈدەك كىيىمى، يەپ ـ ئىچكۈدەك نان ۋە سۇيى بولغان ئىنساننىڭ (باشقىلاردىن) بىر نەرسە تىلەش ھەققى يوق»[②].

(تىرمىزى:2341)

2852 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ إن أَغْبَطَ أَوْلِيَائِي عِنْدِي لَمُؤْمِنٌ خَفِيفُ الْحَاذِ ذُو حَظٍّ مِنْ الصلَاةِ أَحْسَنَ عِبَادَةَ رَبِهِ وَأَطَاعَهُ فِي السر وَكَانَ غَامِضًا فِي الناسِ لَا يُشَارُ إِلَيْهِ بِالْأَصَابِعِ وَكَانَ رِزْقُهُ كَفَافًا فَصَبَرَ عَلَى ذَلِكَ ثُم نَقَرَ بِيَدِهِ فَقَالَ عُجلَتْ مَنِيتُهُ قَلتْ بَوَاكِيهِ قَل تُرَاثُهُ.

2852 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«شۈبھىسىزكى، دوستلىرىمنىڭ ئەڭ ياخشىسى دۇنيالىق يۈكى يەڭگىل، نامازدىن نېسىۋىسى كۆپ، پەرۋەردىگارىغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان، ئۆزى يالغۇز يەردىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان،

① ئەلبانى (1913): ھەسەن ـ دېگەن.

② ئەلبانى (406): زەئىپ ـ دېگەن.

خەلق ئارىسىدا ئانچە تونۇلمىغان، باشقىلارنىڭ كۆزىگە بەك چېلىقىپ كەتمەيدىغان، تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك رىزقى بار بولۇپ، شۇنىڭغا سەۋر قىلىدىغان مۇئمىندۇر» دېگەندىن كېيىن قولى بىلەن يەرنى چوقۇپ تۇرۇپ: «ئۇ، بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدىغان، ئارقىسىدىن يىغلايدىغانلار ۋە مىراس قالىدىغان مال ـ مۈلكى ئاز بولغان كىشىدۇر» دېدى[1].

(تىرمىزى: 2347)

2853- وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ عَرَضَ عَلَي رَبي لِيَجْعَلَ لِي بَطْحَاءَ مَكةَ ذَهَبًا قُلْتُ لَا يَا رَب وَلَكِنْ أَشْبَعُ يَوْمًا وَأَجُوعُ يَوْمًا وَقَالَ ثَلَاثًا أَوْ نَحْوَ هَذَا فَإِذَا جُعْتُ تَضَرعْتُ إِلَيْكَ وَذَكَرْتُكَ وَإِذَا شَبِعْتُ شَكَرْتُكَ وَحَمِدْتُكَ.

2853 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رەببىم ماڭا مەككىنىڭ بەتھا دېگەن سايلىقىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، مەن ئۇچ قېتىم:

ـ ئى رەببىم! ئۇنداق قىلىپ بەرمىگىن. مەن بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق ئۆتەي، قورسىقىم ئاچقاندا ساڭا يېلىنىپ، سېنى زىكرى قىلاي. تويغاندا بولسا، ساڭا تەشەككۇر ۋە ھەمدى ئېيتاي، ـ دېدىم»[2].

(تىرمىزى: 3980)

2854- عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيْسَ الْغِنَى عَنْ كَثْرَةِ الْعَرَضِ وَلَكِن الْغِنَى غِنَى النفْسِ.

2854 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بولغىنى بايلىق ئەمەس، بەلكى نەپسىنىڭ قانائەتچان بولغىنى بايلىقتۇر».

(بۇخارى: 6446)

[1] ئەلبانى (407): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (408): زەئىپ، ـ دېگەن.

2855 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَـالَ لَيسَ الْمِسْكِينُ الذِي يَطُوفُ عَلَى الناسِ تَرُدُهُ اللقْمَةُ وَاللقْمَتَانِ وَالتمْرَةُ وَالتمْرَتَانِ وَلَكِـنْ الْمِسْكِينُ الذِي لَا يَجِدُ غِنًى يُغْنِيهِ وَلَا يُفْطَنُ بِهِ فَيُتَصَدقُ عَلَيْهِ وَلَا يَقُومُ فَيَسْأَلُ الناسَ.

2855 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر ـ ئىككى لوقما تائام ياكى بىر ـ ئىككى خورما بەرسە قايتىپ كېتىدىغان ئادەم مىسكىن ئەمەس. مىسكىن دېگەن، ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىغان بولسىمۇ، باشقىلاردىن بىر نەرسە سورىمايدىغان، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى سەزمەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا سەدىقىمۇ بېرىلمەيدىغان كىشىدۇر».

(بۇخارى: 1479)

2856 - وفي رواية: إنمَا الْمِسْكِينُ الذِي يَتَعَففُ وَاقْرَءُوا إِنْ شِئْتُمْ يَعْنِي قَوْلَهُ (لَـا يَسْأَلُونَ الناسَ إِلْحَافًا).

2856 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقىي مىسكىن دېگەن تىلەمچىلىكتىن ئۆزىنى تارتقان ئادەمدۇر. ئەگەر خالىساڭلار، اللهنىڭ: ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ [1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار!»

(بۇخارى: 4539)

2857 - عَنْ أَنسٍ قَالَ أُتِيَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَائِلٌ فَأَمَرَ لَهُ بِتَمْـرَةٍ فَوَحَشَ بِهَا ثُم جَاءَ سَائِلٌ آخَرُ فَأَمَرَ لَهُ بِتَمْرَةٍ فَقَالَ سُبْحَانَ اللهِ تَمْرَةٌ مِنْ رَسُولِ اللهِ قَـالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلْجَارِيَةِ اذْهَبِي إِلَى أُم سَلَمَةَ فَأَعْطِيهِ الْأَرْبَعِينَ دِرْهَمًا التِي عِنْدَهَا.

2857 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

[1] سۈرە بەقەرە، 273 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر تىلەمچى كەلدى. ئۇنىڭغا بىر خورما بېرىشكە بۇيرىغان ئىدى، تىلەمچى خورمىنى يەرگە ئېتىۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي، باشقا بىر تىلەمچى كەلدى. ئۇنىڭغىمۇ بىر خورما بېرىشكە بۇيرىغانىدى، ئۇ تىلەمچى:

ـ سۇبھانەللاھ (الله بارچە نۇقسانىدىن پاكتۇر)! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاران بىر خورما چىقامدۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىدىكى دېدەككە:

ـ سەن ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى 40 تەڭگىنى بۇنىڭغا بېرىشىنى ئېيتقىن! ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 13320؛ بەززار)

2858 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: " لَوْلا أن الْمَسَاكِينَ يَكْذِبُونَ مَا أَفْلَحَ مَنْ رَدهُمْ ".

2858 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئەگەر مىسكىنلەر ئىچىدىن يالغان سۆزلەيدىغانلار بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى (قۇرۇق قول) قايتۇرغۇچى نىجات تاپالمىغان بولاتتى»[②].

(«ئەلكەبىر»: 7967)

2859 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا نَظَرَ أَحَدُكُمْ إِلَى مَنْ فُضلَ عَلَيْهِ فِي الْمَالِ وَالْخَلْقِ فَلْيَنظُرْ إِلَى مَنْ هُوَ أَسْفَلَ مِنْهُ.

2859 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مال ــ مۈلۈك ۋە يارىتىلىشتا سىلەردىن ئۈستۈن كىشىلەرنى

---

① ھەيسەمى (4565): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەممارە ئىبنى زازان ئىسىملىك سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن كىشى بار. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (4566): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جەئفەر ئىبنى زۇبەير ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

كۆرگەن ۋاقىتلاردا، ئۆزەڭلاردىن تۆۋەن كىشىلەرگە نەزەر سېلىڭلار!»
(بۇخارى: 6490)

2860 - لرزين: انظروا إلى من أسفل منكم في الدنيا وفوقكم في الدين فـذلكم أجدر أن لا تزدروا نعمة الله عليكم. قال عوف بن عبد الله بن عتبة: كنـت أصـحب الأغنياء فما كان أحد أكثرZ منى كنت أرى دابة خيرا من دابG وثوبا خيرا من ثوبى فلما Sعت هذا اΣديث صحبت الفقراء فاسترحت.

2860 ـ رەزىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مال ـ دۇنيادا سىلەردىن تۆۋەن، ئېتىقاد ـ ئەمەلدە سىلەردىن ئۈستۈنلەرگە (يەنى تەقۋادارلارغا) نەزەر سېلىڭلار. شۇنداق قىلىش اللهنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلماسلىقىڭلارنىڭ ئەڭ توغرا يولىدۇر.

ئەۋف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە مۇنداق دەيدۇ: مەن بايلار بىلەن كۆپ ئارىلىشاتتىم. قارىسام، مەندەك غېمى كۆپ ئادەم يوق ئىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغ ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى مېنىڭكىدىن ئېسىل ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يوقسۇل كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتتۇشكە باشلىدىم ۋە شۇندىن ئېتىبارەن، كۆڭلۈمنىڭ ئارامىغا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2861 - عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْسَلَ إِلَى عُمَـرَ بْنِ الْخَطابِ بِعَطَاءٍ فَرَدهُ عُمَرُ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِمَ رَدَدْتَهُ فَقَالَ يَـا رَسُولَ اللهِ أَلَيْسَ أَخْبَرْتَنَا أَن خَيْرًا لِأَحَدِنَا أَنْ لَا يَأْخُذَ مِنْ أَحَدٍ شَيْئًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا ذَلِكَ عَنْ الْمَسْأَلَةِ فَأَما مَا كَانَ مِنْ غَيْرِ مَسْأَلَةٍ فَإِنمَا هُوَ رِزْقٌ يَرْزُقُكَهُ اللهُ فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ أَما وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا أَسْأَلُ أَحَدًا شَيْئًا وَلَا يَأْتِينِي شَيْءٌ مِنْ غَيْرِ مَسْأَلَةٍ إِلا أَخَذْتُهُ.

2861 ـ ئەتا ئىبنى يەساردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا

(دۆلەت تەرىپىدىن تارقىتىلىدىغان) پۇلدىن ئەۋەتكەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئالماي قايتۇرۇۋەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ـ بۇنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇۋەتتىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! باشقىلاردىن بىر نەرسە ئالماسلىقنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئېيتمىغانمىدىڭ؟! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ دېگەن تىلەپ ئېلىشقا قارىتا ئېيتىلغان. ئەمما تىلىمەستىن ئۆزلۈكىدىن كەلگەن بىر نەرسە بولسا، ئۇ دېگەن الله ساڭا ئېھسان قىلغان رىزىقتۇر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھېچكىمدىن بىر نەرسە تىلىمەيمەن. ئەگەر مەن تىلىمىسەممۇ بىر نەرسە كېلىپ قالسا، ئۇنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئالىمەن، ـ دېدى.

(مالىك: 1882)

2862 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ يَقُولُ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعْطِينِي الْعَطَاءَ فَأَقُولُ أَعْطِهِ أَفْقَرَ إِلَيْهِ مِني حَتى أَعْطَانِي مَرةً مَالًا فَقُلْتُ أَعْطِهِ مَنْ هُوَ أَفْقَرُ إِلَيْهِ مِني فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُذْهُ فَتَمَولْهُ وَتَصَدقْ بِهِ فَمَا جَاءَكَ مِنْ هَذَا الْمَالِ وَأَنتَ غَيْرُ مُشْرِفٍ وَلَا سَائِلٍ فَخُذْهُ وَمَالَا فَلَا تُتْبِعْهُ نَفْسَكَ.

2862 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (دۆلەت تەرىپىدىن تارقىتىلىدىغان) پۇلدىن بېرەتتى. ئەمما مەن:

ـ بۇنى مەندىن بەكرەك موھتاج كىشىلەرگە بەرگىن! ـ دەيتتىم. بىر قېتىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا بىر ئاز (پۇل) بەرگەنىدى، مەن يەنە:

ـ بۇنى مەندىن بەكرەك موھتاجلارغا بەرگىن! ـ دېسەم:

ــ بۇنى ئال! ئۆزەڭنىڭ مۈلكىڭگە ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن سەدىقە قىلىۋەتسەڭمۇ بولىدۇ. سەن تەمە قىلماستىن ۋە تىلىمەستىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پۇل ـ مال كېلىپ قالسا، ئۇنى قوبۇل قىلغىن. ئەمما (ماڭا بىر نەرسە كېلىپ قالسىكەن دەپ) تەمەدە بولمىغىن! ــ دېدى.

(بۇخارى: 7164)

2863- عن سُلَيْم بْنُ مُطَيْرٍ شَيْخ مِنْ أَهْلِ وَادِي الْقُرَى قَالَ حَدثَنِي أَبِى مُطَيْرٌ أنـهُ خَرَجَ حَاجا حَتى إِذَا كَانَ بِالسوَيْدَاءِ إِذَا بِرَجُلٍ قَدْ جَاءَ كَأَنهُ يَطْلُبُ دَوَاءً وَحُضُضًا فَقَـالَ أَخْبَرَنِي مَنْ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ وَهُوَ يَعِـظُ النـاسَ وَيَأْمُرُهُمْ وَيَنْهَاهُمْ فَقَالَ يَا أَيهَا الناسُ خُذُوا الْعَطَاءَ مَا كَانَ عَطَاءً فَإِذَا تَجَاحَفَتْ قُرَيْشٌ عَلَى الْمُلْكِ وَكَانَ عَنْ دِينِ أَحَدِكُمْ فَدَعُوهُ.

2863ـ ۋادى قۇرا دېگەن جاينىڭ ئاقساقىلى سۇلەيم ئىبنى مۇتەير مۇنداق دەيدۇ: دادامنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان بولۇپ، سۇۋەيدا دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇ يەرگە دورا ئىزدەپ كەلگەن بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم دادامغا ئۆزىنىڭ بىر كىشىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە ئىنسانلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقىنى، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقانلىقىنى ۋە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

«ئى خالايىق! (دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان) پۇل ـ مالنى باشقا شەخسىي غەرەز ئارىلاشمىغانلا بولسا ئېلىڭلار. ناۋادا قۇرەيش سەلتەنەت تالىشىپ، سىلەرنى ھەقسىز داۋالىرىدا (ئۆزلىرىگە يانتاياق قىلىش ئۈچۈن) پۇل ـ مال بەرسە، ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2958)

[1] ئەلبانى (633): زەئىپ، ـ دېگەن.

2864 - عَنْ أَبِي الدَّرْدَاءِ قَالَ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ إِعْطَـاءِ السلْطَانِ قَالَ مَا آتَاكَ اللهُ مِنْهُ مِنْ غَيْرِ مَسْأَلَةٍ وَلَا إِشْرَافٍ فَخُذْهُ وَتَمَولْهُ.

2864 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پادىشاھنىڭ بەرگەن ھەدىيەسىنى ئېلىش ياكى ئالماسلىق توغرۇلۇق سورالغانىدى:

«سەن تىلىمەستىن ۋە تەمە قىلماستىن اللەنىڭ ساڭا بەرگەن نەرسىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانساڭ بولىدۇ» دېدى[1].

(ئەھمەد: 21192)

2865 - عن أنس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما الذى يعطى مـن سعة باعظم أجرا من الذى يقبل إذا كان محتاجا.

2865 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باي چاغدا سەدىقە بەرگەن كىشىنىڭ ئەجرى، بېرىلگەن نەرسىنى قوبۇل قىلغان موھتاج كىشىنىڭ ئەجرىدىن ئارتۇق بولمايدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

2866 - عن أنس بن ملك قال إن كان الرجل ليأتى رسول الله صـلى الله عليـه وسلم يسلم للشئ من الدنيا لا يسلم إلا له فما يمسى حتى يكون حتى يكـون الاسـلام أحب إليه من الدنيا وما فيها.

2866 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىرەرسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا دۇنيالىق بىر نەرسىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە مۇسۇلمان بولۇپ كەلسە، شۇ كۈنى كەچ كىرمەي تۇرۇپلا، ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق

[1] ھەيسەمى (4558): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4562): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئائىز ئىبنى سەرىج ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

نەرسىلەردىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كېتەتتى[1].

(مەۋسىلى: 3750)

[1] ھەيسەمى (4571): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

# روزا بۆلۈمى

## رامىزان ئېيى ۋە روزىنىڭ پەزىلىتى

2867 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُل عَمَلِ ابْنِ آدَمَ يُضَاعَفُ الْحَسَنَةُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا إِلَى سَبْعِمِائَةِ ضِعْفٍ قَالَ اللهُ عَز وَجَل إِلا الصوْمَ فَإِنهُ لِي وَأَنَا أَجْزِي بِهِ يَدَعُ شَهْوَتَهُ وَطَعَامَهُ مِنْ أَجْلِي لِلصائِمِ فَرْحَتَانِ فَرْحَةٌ عِنْدَ فِطْرِهِ وَفَرْحَةٌ عِنْدَ لِقَاءِ رَبهِ وَلَخُلُوفُ فِيهِ أَطْيَبُ عِنْدَ اللهِ مِنْ رِيحِ الْمِسْكِ.

2867 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئادەم بالىسىنىڭ ھەر بىر ياخشى ئەمەلىنىڭ ئەجرى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. اﷲ تائالا: ”لېكىن روزا ئۇنىڭ سىرتىدا، روزا پەقەت مەن ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەجرىنى مەن بېرىمەن. ئۇ كىشى مېنىڭ رازىلىقىمنى دەپ تامىقىنى، شەھۋىتىنى تەرك ئېتىدۇ“ دېگەن. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئىپتار قىلغان چاغدىكى خۇشاللىق، يەنە بىرى رەببىگە ئۇچراشقاندىكى خۇشاللىق. روزا تۇتقۇچىنىڭ ئاغزىنىڭ پۇرىقى اﷲنىڭ نەزىرىدە ئىپار بۇيىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر».

(مۇسلىم: 1151)

2868- عَنْ عِيَاضِ بْنِ غُطَيْفٍ قَالَ أَبو عُبَيْدَةَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الصوْمُ جُنةٌ مَا لَمْ يَخْرِقْهَا.

2868 ـ ئىياز ئىبنى غۇتەيف ئەبۇ ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۇزۇۋېتىلمىگەن روزا (روزىدارنى) دوزاختىن ساقلىغۇچى قالقاندۇر»①.

(نەسائى: 2233)

2869 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم الصيام جنة ما B Ꜫرقها قيل وŶ Ꜫرقه قال بكذب أو غيبة.

2869 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇزۇۋېتىلمىگەن روزا (روزىدارنى) ئوتتىن ساقلىغۇچى قالقاندۇر، ـ دېدى، ئۇنىڭدىن:

ـ روزىنى نېمە بۇزۇۋېتىدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى:

ـ يالغانچىلىق ۋە غەيۋەت، ـ دەپ جاۋاب بەردى②.

(«ئەلئەۋسەت»)

2870 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ مُرْنِـي بِأَمْرٍ آخُذُهُ عَنْكَ قَالَ عَلَيْكَ بِالصوْمِ فَإِنهُ لَا مِثْلَ لَهُ.

2870 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مېنى بىر ئىشقا بۇيرۇغىن، مەن ئۇنى سەندىنلا ئۆگىنەي، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ روزا تۇتقىن، ئەجرىدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق، ـ دېدى③.

(نەسائى: 2220)

① ئەلبانى (131): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (5012): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە رەبىئ ئىبنى بەدىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (2097): سەھىھ ـ دېگەن.

2871 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ صَامَ يَوْمًا فِي سَبِيلِ اللهِ عَز وَجَل بَاعَدَ اللهُ مِنْهُ جَهَنمَ مَسِيرَةَ مِائَةِ عَامٍ.

2871 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى الله ئەززە ۋە جەللە يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، الله ئۇ كىشىدىن دوزاخ يولىنى يۈز يىل يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ»[1].

(نەسائى: 2254)

2872 - عَنْ عُتْبَةَ بن عَبْدٍ السلمِي، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ صَامَ يَوْمًا فِي سَبِيلِ اللهِ فَرِيضَةً بَاعَدَ اللهُ مِنْهُ جَهَنمَ كَمَا بَيْنَ السمَاوَاتِ وَالأَرَضِينَ السبْعِ، وَمَنْ صَامَ يَوْمًا تَطَوعًا بَاعَدَ اللهُ مِنْهُ جَهَنمَ مَسِيرَةَ كَمَا بَيْنَ السمَاءِ والأرض".

2872 ـ ئۇتبە ئىبنى ئەبدۇسسۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى الله يولىدا پەرز قىلىنغان روزىدىن بىر كۈن تۇتسا، الله ئۇ كىشىدىن جەھەننەمنى يەتتە قات ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك يىراق قىلىدۇ. كىمكى بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، الله ئۇ كىشىدىن جەھەننەمنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك يىراق قىلىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»)

2873 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن فِي الْجَنةِ بَابًا يُقَالُ لَهُ الريانُ يُدْعَى يَوْمَ الْقِيَامَةِ يُقَالُ أَيْنَ الصائِمُونَ فَمَنْ كَانَ مِنْ الصائِمِينَ دَخَلَهُ وَمَنْ دَخَلَهُ لَمْ يَظْمَأْ أَبَدًا.

2873 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، جەننەتتە رەييان دېيىلىدىغان بىر دەرۋازا بار بولۇپ،

[1] ئەلبانى (2128): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5177): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ۋاقىدى ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

قىيامەت كۈنى روزا تۇتقانلار شۇ دەرۋازىدىن چاقىرىلىدۇ. كىمكى روزا تۇتقۇچىلاردىن بولسا، شۇ دەرۋازىدىن كىرىدۇ، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىشى ئەبەدى ئۇسسىمايدۇ»[①].

(ئىبنى ماجە: 1640)

2874 - عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ فَطرَ صَائِمًا كَانَ لَهُ مِثْلُ أَجْرِهِ غَيْرَ أَنهُ لَا يَنْقُصُ مِنْ أَجْرِ الصائِمِ شَيْئًا.

2874 ـ زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرسا، ئۇ كىشىگە شۇ روزىدارغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىدارنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نېمە كېمىيىپ كەتمەيدۇ»[②].

(تىرمىزى: 807)

2875 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم اغـزوا تغنمـوا وصوموا تصحوا وسافروا تستغنوا.

2875 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«غازات قىلىڭلار، غەنىمەت ئالىسىلەر. روزا تۇتۇڭلار، سالامەت بولىسىلەر. سەپەر قىلىڭلار، بىھاجەت بولىسىلەر (يەنى سەپەر قىلىش ئارقىلىق اللهنىڭ رىزقىغا ئېرىشىسىلەر)»[③].

(«ئەلئەۋسەت»)

2876 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صَامَ رَمَضَانَ

[①] ئەلبانى (1329): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (647): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (9657): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستازى مۇسا ئىبنى زەكەرىيا ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

إِيْمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ.

2876 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتسا، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

(بۇخارى: 38)

2877 - زاد أحمد: وَمَا تَأَخَّرَ.

2877 ـ ئىمام ئەھمەد: «كېيىنكى گۇناھلىرىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[①].

(ئەھمەد: 8775)

2878 - عن أبي هُرَيْرَةَ قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِذَا دَخَلَ رَمَضَانُ فُتحَتْ أَبْوَابُ الْجَنةِ وَغُلقَتْ أَبْوَابُ جَهَنمَ وَسُلْسِلَتْ الشيَاطِين.

2878 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رامىزان ئېيى كىرگەندە، جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ ۋە شەيتانلار باغلىنىدۇ»[②].

(نەسائى: 2099)

2879 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كَانَ أَولُ لَيْلَةٍ مِنْ شَهْرِ رَمَضَانَ صُفدَتْ الشيَاطِينُ وَمَرَدَةُ الْجِن وَغُلقَتْ أَبْوَابُ النارِ فَلَمْ يُفْتَحْ مِنْهَا بَابٌ وَفُتحَتْ أَبْوَابُ الْجَنةِ فَلَمْ يُغْلَقْ مِنْهَا بَابٌ وَيُنَادِي مُنَادٍ يَا بَاغِيَ الْخَيْرِ أَقْبِلْ وَيَا بَاغِيَ الشر أَقْصِرْ وَلِلهِ عُتَقَاءُ مِنْ النارِ وَذَلكَ كُل لَيْلَةٍ.

---

① ھەيسەمى (4798): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (1984): سەھىھ ـ دېگەن.

2879 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رامىزان ئېيىنىڭ بىرىنچى كېچىسى يېتىپ كەلگەندە، شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى باغلىنىدۇ، دوزاخنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى تاقىلىپ، جەننەتنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ. بىر جاكارچى: ئى ياخشىلىق ئىزدىگۈچى، كەل! ــ دەپ، روزا تۇتقۇچىلارنى جەننەتكە چاقىرسا؛ ئى يامانلىق ئىزدىگۈچى، يىراق كەت! ــ دەپ، روزا تۇتمىغانلارنى قوغلايدۇ. الله رامىزان ئېيىنىڭ ھەر كېچىسى جەھەننەمدىن بىرمۇنچە كىشىنى ئازاد قىلىۋېتىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 682)

2880 - عَنْ أَنسٍ قَالَ سُئِلَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ أَي الصوْمِ أَفْضَـلُ بَعْـدَ رَمَضَانَ فَقَالَ شَعْبَانُ لِتَعْظِيمِ رَمَضَانَ قِيلَ فَأَي الصدَقِةِ أَفْضَلُ قَالَ صَدَقَةٌ فِي رَمَضَانَ.

2880 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ رامىزان ئېيىدىن كېيىن، قايسى كۈنى روزا تۇتۇش ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورالغاندى:

ـ رامىزان ئېيىنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن شەئبان ئېيىدا تۇتۇلغان روزا، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ قايسى سەدىقە ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورالغاندى:

ـ رامىزان ئېيىدا بېرىلگەن سەدىقە، ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(تىرمىزى: 663)

2881 - عن ابى سعيد الخدري قال قال رسول الله صلى الله عليه وسـلم سَـيدُ

[①] ئەلبانى (549): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (104): زەئىپ، ـ دېگەن.

الشهُورِ شهر رَمَضَان وأعظمها حرمة ذو الحجة.

2881 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رامىزان ئېيى ــ ئايلارنىڭ خوجىسى، زۇلھەججە ئېيى ــ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئايدۇر»[1].

(بەززار: 960)

2882 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن لِلهِ عَز وَجَل عِنْدَ كُل فِطْرٍ عُتَقَاءَ.

2882 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر ئىپتار ۋاقتىدا اللهنىڭ ئوتتىن ئازاد قىلىنىدىغان بەندىلىرى بار»[2].

(ئەھمەد: 21698؛ «ئەلكەبىر»)

2883 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِن الْجَنةَ لَتُزَينُ مِنَ السنَةِ إِلَى السنَةِ لِشَهْرِ رَمَضَانَ، وَإِن الْحُورَ لَتَتَزَينُ مِنَ السنَةِ إِلَى السنَةِ لِشَهْرِ رَمَضَانَ، فَإِذَا دَخَلَ شَهْرُ رَمَضَانَ، قَالَتِ الْجَنةُ: اللهُم اجْعَلْ لَنَا فِي هَذَا الشهْرِ مِنْ عِبَادِكَ سُكانًا، وَيَقُلْنَ الْحُورُ الْعِينُ، اللهُم اجْعَلْ لَنَا فِي الشهْرِ مِنْ عِبَادِكَ أَزْوَاجًا" قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "فَمَنْ صَانَ نَفْسَهُ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ، فَلَمْ يَشْرَبْ فِيهِ مُسْكِرًا، ولَمْ يَرْمِ فِيهِ مُؤْمِنًا بِالْبُهْتَانِ، ولَمْ يَعْمَلْ فِيهِ خَطِيئَةً، زَوجَهُ اللهُ كُل لَيْلَةٍ مِائَةَ حَوْرَاءَ، وَبَنى لَهُ قَصْرًا فِي الْجَنةِ مِنْ ذَهَبٍ وفِضةٍ ويَاقُوتٍ وزَبَرْجَدٍ، لَوْ أَن الدنْيَا جُمِعَتْ فَجُعِلَتْ فِي ذَلِكَ الْقَصْرِ لَمْ يَكُنْ فِيهِ إِلا كَمَرْبَطِ عَنْزٍ فِي الدنْيَا، وَمَنْ شَرِبَ فِيهِ مُسْكِرًا وَرَمَى فِيهِ مُؤْمِنًا بِبُهْتَانٍ، وَعَمِلَ

[1] ھەيسەمى (4775): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك نەۋفەلى ئىسىملىك بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4794): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ِفيِه خَطِيئَةً أَحْبطَ اللهُ عَمَلَهُ سَنةً، فَاتقُوا شَهْرَ رَمَضَانَ فَإنهُ شَهْرُ اللهِ، إنْ تُفَرطُوا ِفيِه فَقَـدْ جَعَلَ لَكُمْ أَحَدَ عَشَرَ شَهْرًا تَنْعَمُونَ ِفيهَا وَتَتَلَذذُونَ، وَجَعَلَ ِلنفْسِهِ شَهْرَ رَمَضَانَ، فَاحْذَرُوا شَهْرَ رَمَضَانَ".

2883 ـ ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۇبھىسىزكى، جەننەت ھەر يىلى رامىزان ئېيى ئۈچۈن زىننەتلىنىدۇ ۋە رامىزان ئېيى كىرگەندە، (جەننەت): ئى الله! بىزنى مۇشۇ ئايدا روزا تۇتقان بەندىلىرىڭ ئۈچۈن تۇرالغۇ قىلغىن! ـ دەيدۇ. شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر: ئى الله! بىزنى مۇشۇ ئايدا روزا تۇتقان بەندىلىرىڭنىڭ جۈپتى قىلغىن، ـ دەيدۇ».

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن:

«كىمكى رامىزان ئېيىدا ھاراق ئىچىشتىن، مۇئمىن كىشىگە بۆھتان چاپلاشتىن، خاتا ئىش قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلىسا، الله ئۇ كىشىگە ھەر بىر كېچىدە يۈز ھۆرنى ئېلىپ بېرىدۇ ۋە ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت ۋە سېرىق گۆھەردىن بىر قەسىر بىنا قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر پۈتۈن دۇنيا ئاشۇ قەسىرگە قويۇلۇش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسا، پەقەت بىر ئۆچكە باغلىغۇدەكلا يەرنى ئىگەللىيەلەيدۇ. كىمكى رامىزان ئېيىدا ھاراق ئىچىشتىن، مۇئمىن كىشىگە بۆھتان چاپلاشتىن، خاتا ئىش قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلىمىسا، الله ئۇ كىشىنىڭ بىر يىل قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. رامىزان ئېيىدا (يامان ئىشلارنى قىلىپ قېلىشتىن) قورقۇڭلار. شۈبھىسىزكى، ئۇ، اللهنىڭ ئېيىدۇر. شۇڭا ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەتمەڭلار. الله ئون بىر ئاينى سىلەرنىڭ يەپ ـ ئىچىپ لەززەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن، رامىزان ئېيىنى بولسا ئۆزى ئۈچۈن قىلدى. ئۇ ئايدا ئىبادەتسىز قېلىشتىن، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە بېرىلىپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار!»[1]

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ھەيسەمى (4796): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەھمەد ئىبنى ئەبىيەز ئىسمىلىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

2884 - عن ابن عمر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم صوم رمضان بمكة أفضل من ألف رمضان بغير مكة.

2884 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەككىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر رامىزان، مەككە سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن مىڭ رامىزاندىنمۇ ئەۋزەلدۇر»[①].

(بەززار: 966)

2885 - عَنْ بِلالِ بْنِ الْحَارِثِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "رَمَضَانُ بِالْمَدِينَةِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ رَمَضَانَ فِيمَا سِوَاهَا مِنَ الْبُلْدَانِ، وَجُمُعَةٌ بِالْمَدِينَةِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ جُمُعَةٍ فِيمَا سِوَاهَا مِنَ الْبُلْدَانِ".

2885 ـ بىلال ئىبنى هارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەدىنىدە ئۆتكۈزگەن بىر رامىزان ئېيى، باشقا يەردە ئۆتكۈزۈلگەن مىڭ رامىزان ئېيىدىن؛ مەدىنىدە ئوقۇلغان بىر جۈمە نامىزى، باشقا شەھەرلەردە ئوقۇلغان مىڭ جۈمە نامىزىدىن ئەۋزەلدۇر»[②].

(«ئەلكەبىر»: 1144)

2886 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِكُل شَيْءٍ زَكَاةٌ وَزَكَاةُ الْجَسَدِ الصوْمُ زَادَ مُحْرِزٌ فِي حَدِيثِهِ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصيَامُ نِصْفُ الصبْرِ.

2886 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ھەيسەمى (4799): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىسىملىك بىرى بار. ئەھمەد ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (4800): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

«ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ زاكىتى بار بولۇپ، بەدەننىڭ زاكىتى روزىدۇر».

مۇھرىز دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «روزا سەۋرنىڭ يېرىمى» دېگەنلىكىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[1].

(ئىبنى ماجە: 1745)

**2887 - عَنْ لَيْلَى عَنْ مَوْلَاتِهَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الصائِمُ إِذَا أَكَلَ عِنْدَهُ الْمَفَاطِيرُ صَلتْ عَلَيْهِ الْمَلَائِكَةُ.**

2887 ـ لەيلا خوجايىنىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«روزا تۇتمىغانلار روزىدارنىڭ يېنىدا بىر نەرسە يېسە، مالائىكىلەر (روزىدارنىڭ سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇ كىشىگە اللهتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 784)

**2889 - عَنْ سِنَانِ بنِ سَنةَ الْأَسْلَمِي صَاحِبِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الطاعِمُ الشاكِرُ لَهُ مِثْلُ أَجْرِ الصائِمِ الصابِرِ.**

2889 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى سىنان ئىبنى سەننە ئەلئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تاماق يەپ شۈكرى قىلغۇچىنىڭ ئەجرى، روزا تۇتۇپ سەۋر قىلغۇچىنىڭ ئەجرى بىلەن ئوخشاشتۇر»[3].

(ئىبنى ماجە: 1765)

---

[1] ئەلبانى (382): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (127): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1428): سەھىھ ـ دېگەن.

## يېڭى ئاينىڭ ۋە رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەن - كىرمىگەنلىكىنى ئېنىقلاش، روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىش ۋە ئىمساك[1]

2890 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَكَرَ رَمَضَانَ فَقَالَ لَا تَصُومُوا حَتى تَرَوْا الْهِلَالَ وَلَا تُفْطِرُوا حَتى تَرَوْهُ فَإِنْ غُمَّ عَلَيْكُمْ فَاقْدُرُوا لَهُ.

2890 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ھەققىدە سۆزلەپ:

«ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتماڭلار (يەنى روزا تۇتۇشنى باشلىماڭلار) ۋە ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتۇشتىن توختىماڭلار (يەنى رامىزاننى ئاخىرلاشتۇرماڭلار). ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا، كۈن ساناڭلار!» دېدى.

(بۇخارى: 1906)

2891 - وفي رواية: فَاقْدِرُوا لَهُ ثَلاثِينَ.

2891 - يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاينى ئوتتۇز قىلىڭلار (يەنى ئوتتۇز كۈننى توشقۇزۇڭلار)» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 1080)

2892 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا رَأَيْتُمْ الْهِلَالَ فَصُومُوا وَإِذَا رَأَيْتُمُوهُ فَأَفْطِرُوا فَإِنْ غُمَّ عَلَيْكُمْ فَصُومُوا ثَلَاثِينَ يَوْمًا.

[1] سوھۇرلۇق يېيىشتىن توختاش ۋاقتى.

2892 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئايىنى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئايىنى كۆرۈپ روزا تۇتۇشتىن توختاڭلار. ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا، (ساناپ تۇرۇپ) ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇڭلار!»

(مۇسلىم: 1081)

2893 - عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تُقَدمُوا الشـهْرَ حَتى تَرَوْا الْهِلَالَ أَوْ تُكْمِلُوا الْعِدةَ ثُم صُومُوا حَتى تَرَوْا الْهِلَالَ أَوْ تُكْمِلُوا الْعِدةَ.

2893 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاينى كۆرمىگىچە ياكى شەئبان ئېيىنى تولۇق توشقۇزمىغىچە ئالدىراپ روزا تۇتماڭلار. ئاندىن يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە ياكى رامىزان ئېيىنى تولۇق توشقۇزمىغىچە ئالدىراپ روزا تۇتۇشنى توختاتماڭلار»[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 2326)

2894 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ جَاءَ أَعْرَابِي إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِني رَأَيْتُ الْهِلَالَ قَالَ أَتَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ أَتَشْهَدُ أَن مُحَمدًا رَسُولُ اللهِ قَالَ نَعَمْ قَالَ يَـا بِلَالُ أَذنْ فِي الناسِ أَنْ يَصُومُوا غَدًا.

2894 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ مەن ئاينى كۆردۇم، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ــ سەن بىر ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[1] ئەلبانى (2040): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋەسەللەم ﷲنىڭ ئەلچىسىدۇر، ـ دەپ گۇۋاھلىق بېرەلەمسەن (مۇسۇلمان) ئادەممۇسەن؟ ـ دېدى، ئۇ ئادەم:

ــ ھەئە، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ ئى بىلال! كىشىلەرگە جاكارلا، ئەتە روزا تۇتسۇن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 691)

2895 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ تَرَاءَى النَّاسُ الْهِلَالَ فَأَخْبَرْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنِّي رَأَيْتُهُ فَصَامَهُ وَأَمَرَ النَّاسَ بِصِيَامِهِ.

2895 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر ئاسماندىن ئاينى ئىزدەشتى. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاينى كۆرگەنلىكىمنى خەۋەر قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتتى ۋە باشقىلارنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2342)

2896 - عن حُسَيْنِ بْنِ الْحَارِثِ الْجَدَلِيِّ مِنْ جَدِيلَةَ قَيْسٍ أَنَّ أَمِيرَ مَكَّةَ خَطَبَ ثُمَّ قَالَ عَهِدَ إِلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ نَنْسُكَ لِلرُّؤْيَةِ فَإِنْ لَمْ نَرَهُ وَشَهِدَ شَاهِدَا عَدْلٍ نَسَكْنَا بِشَهَادَتِهِمَا فَسَأَلْتُ الْحُسَيْنَ بْنَ الْحَارِثِ مَنْ أَمِيرُ مَكَّةَ قَالَ لَا أَدْرِي ثُمَّ لَقِيَنِي بَعْدُ فَقَالَ هُوَ الْحَارِثُ بْنُ حَاطِبٍ أَخُو مُحَمَّدِ بْنِ حَاطِبٍ ثُمَّ قَالَ الْأَمِيرُ إِنَّ فِيكُمْ مَنْ هُوَ أَعْلَمُ بِاللهِ وَرَسُولِهِ مِنِّي وَشَهِدَ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَوْمَأَ بِيَدِهِ إِلَى رَجُلٍ قَالَ الْحُسَيْنُ فَقُلْتُ لِشَيْخٍ إِلَى جَنْبِي مَنْ هَذَا الَّذِي أَوْمَأَ إِلَيْهِ الْأَمِيرُ قَالَ هَذَا عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ وَصَدَقَ كَانَ أَعْلَمَ بِاللهِ مِنْهُ فَقَالَ بِذَلِكَ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

2896 ــ ھۇسەيىن ئىبنى ھارىس جەدەلى مۇنداق دەيدۇ: مەككىنىڭ

---

[1] ئەلبانى (108): زەئىپ. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2052): سەھىھ. ـ دېگەن.

ئەمرى خۇتبە سۆزلەۋېتىپ:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج پائالىيەتلىرىنى ئاينى كۆرۈپ باشلاشقا، ئەگەر ئاينى ئۆزىمىز كۆرمىسەك، ئادىل ئىككى كىشى كۆرگەن بولسا، شۇلارنىڭ كۆرگىنىگە ئاساسلىنىپ باشلاشقا بۇيرىغان. ئاراڭلاردا الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى مەندىنمۇ ياخشى بىلىدىغانلار بار. مانا بۇ كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىگە گۇۋاھ - دېدى ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى كۆرسەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ شۇنداق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغانىدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2338)

2897 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ زَيْدِ بْنِ الْخَطابِ أنهُ خَطَبَ الناسَ فِي الْيَوْمِ الذِي يُشَكُّ فِيهِ فَقَالَ أَلَا إني جَالَسْتُ أَصْحَابَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَاءَلْتُهُمْ وَإِنهُمْ حَدثُونِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صُومُوا لِرُؤْيَتِهِ وَأَفْطِرُوا لِرُؤْيَتِهِ وَانْسُكُوا لَهَا فَإِنْ غُم عَلَيْكُمْ فَأَكْمِلُوا ثَلَاثِينَ فَإِنْ شَهِدَ شَاهِدَانِ فَصُومُوا وَأَفْطِرُوا.

2897 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى خەتتاب جامائەتكە شەك كۈنى[2] ھەققىدە خۇتبە سۆزلەۋېتىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزىنى ئاينى كۆرۈپ تۇتۇڭلار، روزا تۇتۇشنى ئاينى كۆرۈپ توختىتىڭلار ۋە ھەج پائالىيەتلىرىنىمۇ ئاينى كۆرۈپ باشلاڭلار. ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولسا، ئوتتۇز كۈننى تاماملاڭلار. ئەگەر ئادىل ئىككى كىشى ئاينى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، (شۇنىڭغا ئاساسەن) روزا تۇتۇڭلار ۋە

[1] ئەلبانى (2050): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] شەك كۈنى ــ رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەن ـ كىرمىگەنلىكى ئېنىق بولمىغان كۈن.

روزا تۇتۇشنى توختىتىڭلار» دېگەن ئىكەن، ـ دېدى①.

(نەسائى: 2116)

2898 - عن Ƨرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يكمل شهران ستين ليلة. (للبزار وقال معناه شهرا عيد لا ينقصان رمضان وذواƩجة يقول لا يكونان ⴲانيـة وƦسين يوما).

2898 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(ھەر يىل) ئىككى ئاي تولۇق 60 كۈن بولمايدۇ».

(بەززار مۇنداق دېدى: بۇ ئىككى ئايدىن ھېيت ئايلىرى بولغان رامىزان ۋە زۇلھەججە ئايلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ ئىككىسى ھەر يىل كەملەپ كەتمەيدۇ، يەنى 58 كۈن بولۇپ قالمايدۇ)②

2899 - الطبراƆ في الكبير بضعف: لايتم شهران ستين يوما.

2899 ـ تەبەرانى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «ئىككى ئاي 60 كۈننى تولۇق تولدۇرمايدۇ»③.

(«ئەلكەبىر»)

2900 - عن أبى بكرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم كل شهر حرام لا ينقȌ ثلاثين يوما وثلاثين ليلة.

2900 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارنىڭ سانى ئوتتۇز كېچە ـ كۈندۈزدىن كەم بولمايدۇ»④.

(«ئەلكەبىر»)

---

① ئەلبانى (1997): سەھىھ ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (4817): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (4817): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

④ ھەيسەمى (4821): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

2901 - عَنْ سُفْيَانَ بن عَطِيةَ بن رَبِيعَةَ الثقَفِي، قَالَ: "قَدِمَ وَفْدُنَا مِنْ ثَقِيفٍ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَأَسْلَمُوا فِي النصْفِ مِنْ رَمَضَانَ، فَأَمَرَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَصَامُوا مَعَهُ مَا اسْتَقْبَلَهُمْ، وَلَمْ يَأْمُرْهُمْ بِقَضَاءِ مَا فَاتَهُمْ".

2901 ـ سۇفيان ئىبنى ئەتىيە ئىبنى رەبىيئە سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەقىفلىك ھەيئەتلىرىمىز يېتىپ كەلدى ۋە رامىزاننىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇسۇلمان بولۇپ، قالغان يېرىمىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە روزا تۇتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئۆتۈپ كەتكەن روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرىمىدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 6401)

2902 - عَنْ كُرَيْبٍ أَن أُم الْفَضْلِ بِنْتَ الْحَارِثِ بَعَثَتْهُ إِلَى مُعَاوِيَةَ بِالشامِ قَالَ فَقَدِمْتُ الشامَ فَقَضَيْتُ حَاجَتَهَا وَاسْتُهِل عَلَي رَمَضَانُ وَأَنَا بِالشامِ فَرَأَيْتُ الْهِلَالَ لَيْلَةَ الْجُمُعَةِ ثُم قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فِي آخِرِ الشهْرِ فَسَأَلَنِي عَبْدُ اللهِ بْنُ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا ثُم ذَكَرَ الْهِلَالَ فَقَالَ مَتَى رَأَيْتُمْ الْهِلَالَ فَقُلْتُ رَأَيْنَاهُ لَيْلَةَ الْجُمُعَةِ فَقَالَ أَنتَ رَأَيْتَهُ فَقُلْتُ نَعَمْ وَرَآهُ الناسُ وَصَامُوا وَصَامَ مُعَاوِيَةُ فَقَالَ لَكِنا رَأَيْنَاهُ لَيْلَةَ السبْتِ فَلَا نَزَالُ نَصُومُ حَتى نُكْمِلَ ثَلَاثِينَ أَوْ نَرَاهُ فَقُلْتُ أَوَ لَا تَكْتَفِي بِرُؤْيَةِ مُعَاوِيَةَ وَصِيَامِهِ فَقَالَ لَا هَكَذَا أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2902 ـ كۇرەيب مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ فەزل بىنتى ھارىس مېنى شامدىكى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. مەن شامغا كېلىپ، ئۇنىڭ بۇيرىغان ئىشىنى تۈگەتتىم. بۇ ئارىدا رامىزان ئېيى كىرىپ قالدى. مەن ئاينى ئەتىسى جۈمە بولىدىغان ئاخشىمى كۆرۈپ روزا تۇتتۇم ۋە شۇ ئاينىڭ ئاخىرى مەدىنىگە قايتتىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەندىن ئەھۋال سوراپ، ئاينى تىلغا ئېلىپ:

[①] ھەيسەمى (4830): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى ئىسھاق ئىسىملىك بىرى بار. ئۇ ئىشەنچلىك، لېكىن ھەدىسى مۇدەللەستۇر، ـ دېگەن.

ــ سىلەر ئاينى قاچان كۆردۈڭلار؟ - دەپ سورىدى، مەن:

ــ جۈمە ئاخشىمى كۆردۇق، - دېدىم. ئۇ:

ــ سەنمۇ كۆردۈڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

ــ شۇنداق، باشقىلارمۇ كۆردى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇ كېچىسىدىن باشلاپ روزا تۇتتى، - دېدىم. ئۇ:

ــ بىز شەنبە كېچىسى كۆردۇق. بىز ئوتتۇز كۈن تولۇق روزا تۇتىمىز ياكى ئاينى كۆرۈپ ھېيت قىلىمىز، - دېدى.

ــ مۇئاۋىيەنىڭ ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇشى كۇپايە ئەمەسمۇ؟ - دېسەم، ئۇ:

ــ ياق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق (ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇشقا ۋە ئاينى كۆرۈپ ھېيت قىلىشقا بۇيرىغان، - دېدى.

(مۇسلىم: 1087)

2903 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الصوْمُ يَوْمَ تَصُومُونَ وَالْفِطرُ يَوْمَ تُفْطِرُونَ وَالْأَضْحَى يَوْمَ تُضَحونَ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ غَرِيبٌ وَفَسرَ بَعْضُ أَهْلِ الْعِلْمِ هَذَا الْحَدِيثَ فَقَالَ إِنمَا مَعْنَى هَذَا أَن الصوْمَ وَالْفِطرَ مَعَ الْجَمَاعَةِ وَعُظْمِ الناسِ.

2903 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«روزىنى جامائەت بىلەن تەڭ تۇتۇش، روزا ھېيتىنىمۇ، قۇربان ھېيتىنىمۇ ئامما بىلەن تەڭ قىلىش كېرەك».

تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنى: روزا تۇتىدىغان ۋە ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان كۈنلەر جامائەت بىلەن ئوخشاش بىر كۈندە بولۇش كېرەك دەپ ئىزاھلىغان[1].

(تىرمىزى: 697)

[1] ئەلبانى (561): سەھىھ - دېگەن.

2904 - عن ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يُحَدِّثُ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إنا أُمةٌ أُميةٌ لَا نَكْتُبُ وَلَا نَحْسُبُ الشهْرُ هَكَذَا وَهَكَذَا وَهَكَذَا وَعَقَدَ الْإِبْهَامَ فِي الثالِثَةِ وَالشهْرُ هَكَذَا وَهَكَذَا وَهَكَذَا يَعْنِي تَمَامَ ثَلَاثِينَ.

2904 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بىز ساۋاتسىز ئۇممەتمىز، يېزىشنى ۋە ھېسابلاشنى بىلمەيمىز. ئاي مۇنداق، مۇنداق، مۇنداق بولىدۇ» دەپ، بارماقلىرى بىلەن بىر قېتىم 29، يەنە بىر قېتىم 30 نى كۆرسەتتى.

(مۇسلىم: 1080)

2905 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ لَمَا صُمْنَا مَعَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تِسْعًا وَعِشْرِينَ أَكْثَرَ مِما صُمْنَا مَعَهُ ثَلَاثِينَ.

2905 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىزنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە 29 كۈن تۇتقان روزىمىز 30 كۈن روزىمىزدىن كۆپتۇر[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2322)

2906 - عَنْ حَفْصَةَ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ لَمْ يُجْمِعْ الصيَامَ قَبْلَ الْفَجْرِ فَلَا صِيَامَ لَهُ.

2906 ـ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«روزا تۇتۇشنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن كۆڭلىگە پۈكمىگەن كىشىنىڭ روزىسى روزا بولمايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 730)

---

[1] ئەلبانى (2036): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (583): سەھىھ ـ دېگەن.

2907 - عَنْ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ، قَالَتْ: دَخَلَ عَلَي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ يَوْمٍ، فَقَالَ: "هَلْ عِنْدَكُمْ شَيْءٌ"، فَقُلْنَا: لَا، قَالَ: "فَإِني إِذَنْ صَائِمٌ"، ثُم أَتَانَا يَوْمًا آخَرَ، فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللهِ، أُهْدِيَ لَنَا حَيْسٌ، فَقَالَ: "أَرِينِيهِ فَلَقَدْ أَصْبَحْتُ صَائِمًا، فَأَكَلَ".

2907 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ يېنىمغا كىردى ۋە:

ــ يېگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ــ يوق، ـ دېگەن ئىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق بولسا، مەن (بۈگۈن) روزا تۇتىمەن، ـ دېدى. باشقا بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمغا كىرگەندە:

ــ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! خورما، ياغ ۋە قۇرۇتتىن ھازىرلانغان تاماق بار، ـ دېگەنىدىم:

ــ كەلتۈرگىن، مەن ئەتىگەن (نەپلە) روزا تۇتىۋالغانىدىم، ـ دېدى ۋە تاماقتىن يېدى.

(مۇسلىم: 1154)

2908 - وفي رواية: فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ دَخَلْتَ عَلَي وَأَنتَ صَائِمٌ ثُم أَكَلْتَ حَيْسًا قَالَ نَعَمْ يَا عَائِشَةُ إِنمَا مَنْزِلَةُ مَنْ صَامَ فِي غَيْرِ رَمَضَانَ أَوْ غَيْرِ قَضَاءِ رَمَضَانَ أَوْ فِي التطَوعِ بِمَنْزِلَةِ رَجُلٍ أَخْرَجَ صَدَقَةَ مَالِهِ فَجَادَ مِنْهَا بِمَا شَاءَ فَأَمْضَاهُ وَبَخِلَ مِنْهَا بِمَا بَقِيَ فَأَمْسَكَهُ.

2908 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! روزىدار ھالەتتە مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ، خورما، ياغ ۋە قۇرۇتتىن ھازىرلانغان تاماقتىن يېدىڭ، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەئە، ئى ئائىشە! رامىزان ئېيىدىن باشقا چاغدا ياكى رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلغان ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا نەپلە روزا تۇتقان

كىشى مېلىنىڭ بىر تۈركۈمىنى سەدىقىگە ئايرىپ قويۇپ، كېيىن خالىغىنىنى بېرىپ، خالىمىغىنىنى بەرمىگەن كىشىگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2323)

2909 - عَنْ أُم هَانِئٍ قَالَتْ كُنتُ قَاعِدَةً عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأُتِيَ بِشَرَابٍ فَشَرِبَ مِنْهُ ثُم نَاوَلَنِي فَشَرِبْتُ مِنْهُ فَقُلْتُ إني أَذْنَبتُ فَاسْتَغْفِرْ لِي فَقَالَ وَمَا ذَاكِ قَالَتْ كُنتُ صَائِمَةً فَأَفْطَرْتُ فَقَالَ أَمِنْ قَضَاءٍ كُنتِ تَقْضِينَهُ قَالَتْ لَا قَالَ فَلَا يَضُركِ.

2909 ـ ئۇممۇ هانى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، بىر قاچىدا ئىچىملىك كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن ئىچكەندىن كېيىن ماڭا سۇنۇپ بەردى، مەنمۇ ئىچتىم. ئاندىن:

ـــ مەن گۇناھ قىلىپ سالدىم، ماڭا مەغپىرەت تەلەپ قىلغان بولساڭ، ـ دېگەنىدىم:

ـ نېمە گۇناھ قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ روزىدار تۇرۇپ بۇنى ئىچىپ سالدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قازا روزىمىدى؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ياق، ـ دېسەم:

ـ ئۇنداقتا، ھېچنېمە بولمايدۇ، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 731)

2910 - وفي رواية: الصائِمُ الْمُتطَوعُ أَمِينُ نَفْسِهِ إنْ شَاءَ صَامَ وَإنْ شَاءَ أَفْطَرَ.

2910 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: نەپلە روزا تۇتقۇچى، ئۆزىگە ئۆزى خوجىدۇر. خالىسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، خالىسا

[1] ئەلبانى (2189): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (584): سەھىھ ـ دېگەن.

روزىسىنى بۇزىۋېتەلەيدۇ[1].

(تىرمىزى: 732)

2911 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ ذَرَعَهُ الْقَيْءُ فَلَيْسَ عَلَيْهِ قَضَاءٌ وَمَنْ اسْتَقَاءَ عَمْدًا فَلْيَقْضِ.

2911 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆزلۈكىدىن قۇسۇۋەتكەن كىشىگە روزىنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ. قەستەن قۇسقان كىشى قازاسىنى تۇتىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 720)

2912 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثٌ لَا يُفْطِرْنَ الصائِمَ الْحِجَامَةُ وَالْقَيْءُ وَالِاحْتِلَامُ.

2912 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىش روزىدارنىڭ روزىسىنى بۇزمايدۇ: قان ئالدۇرۇش، ئۆزلۈكىدىن قۇسۇش ۋە ئېھتىلام بولۇپ قېلىش»[3].

(تىرمىزى: 719)

2913 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَاءَ فَأَفْطَرَ فَتَوَضأَ فَلَقِيتُ ثَوْبَانَ فِي مَسْجِدِ دِمَشْقَ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ صَدَقَ أَنَا صَبَبْتُ لَهُ وَضُوءَهُ.

2913 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇستى ۋە (نەپلە) روزىسىنى بۇزىۋېتىپ، تاھارەت ئالدى، ـ دېدى. مەن (راۋىي) دەمەشق مەسجىدىدە سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىغانىدىم، ئۇ:

[1] ئەلبانى (585): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (577): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (114): زەئىپ ـ دېگەن.

ـ ئەبۇ دەردا راست ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەتتىگە سۇ قۇيۇپ بەرگەن ئىدىم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 87)

2914 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْتَجَمَ وَهُوَ مُحْرِمٌ وَاحْتَجَمَ وَهُوَ صَائِمٌ.

2914 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھرام ئىچىدە ۋە روزىدار تۇرۇپمۇ قان ئالدۇرغان.

(بۇخارى: 1938)

2915 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى حَدثَنِي رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ الْحِجَامَةِ وَالْمُوَاصَلَةِ وَلَمْ يُحَرمْهُمَا إِبْقَاءً عَلَى أَصْحَابِهِ فَقِيلَ لَهُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنكَ تُوَاصِلُ إِلَى السحَرِ فَقَالَ إِنِي أُوَاصِلُ إِلَى السحَرِ وَرَبِي يُطْعِمُنِي وَيَسْقِينِي.

2915 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەردىن بىرى ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە كۆيۈنۈپ (روزىدار تۇرۇپ) قان ئالدۇرۇشتىن، روزىنى (ئىپتار قىلماستىن) ئۇلاپ تۇتۇشتىن توستى. لېكىن بۇ ئىككى ئىشنى ھارام قىلمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! سەن سوھۇر ۋاقتىغىچە (ئىپتار قىلماستىن) ئۇلاپ تۇتىدىكەنسەنغۇ؟! ـ دېيىلگەندى:

ـ مەن سوھۇر ۋاقتىغا قەدەر ئۇلاپ تۇتىمەن، چۈنكى رەببىم مېنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ ۋە ئۇسسۇزلىقىمنى قاندۇرىدۇ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2374)

---

[1] ئەلبانى (76): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2080): سەھىھ ـ دېگەن.

2916 - عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَفْطَرَ الْحَـاجِمُ وَالْمَحْجُومُ.

2916 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قان ئالدۇرغۇچى ۋە ئالغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 774)

2917 - ولأبي داود عن ثوبان وشداد بن أوس مثله رفعاه.

2917 ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى سەۋبان ۋە شەدداد ئىبنى ئەۋستىن رىۋايەت قىلغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2367 ۋە 2369)

2918 - عن أنس أن الF صلى الله عليه وسلم احتجم بعد ما قال أفطر اΣـاجم وا‡جوم.

2918 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قان ئالدۇرغۇچى ۋە قان ئالغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ» دېگەن. لېكىن (كېيىن) ئۆزى قان ئالدۇرغان[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

2919 - عن عَبْد الرحْمَن بْن النعْمَانِ بْن مَعْبَدِ بْن هَوْذَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَـدِهِ عَـنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ أَمَرَ بِالْإِثْمِدِ الْمُرَوحِ عِنْدَ النوْمِ وَقَالَ لِيَتقِهِ الصائِمُ.

2919 ـ ئابدۇراھمان بوۋىسى مەئبەد ئىبنى ھەۋزە رەزىيەللاھۇ

---

[1] ئەلبانى (621): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى سەۋباننىڭ ھەدىسى ھەققىدە (2074): سەھىھ؛ شەددادنىڭ ھەدىسى ھەققىدە (2076): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (5003): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرىف ئەبۇ سۇفيان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ئىبنى ئەدىي ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىبنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىغاندا كۆزگە خۇشبۇي سۈرمە سۈرۈشكە بۇيرىدى ۋە: «روزىدارلار ئۇنداق قىلمىسۇن!» دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2377)

2920 - عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ اشْتَكَتْ عَيْنِي أَفَأَكْتَحِلُ وَأَنا صَائِمٌ قَالَ نَعَمْ.

2920 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ كۆزۈم ئاغرىيدۇ، روزىدار تۇرۇپ سۈرمە سۈرسەم بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بولىدۇ، ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 726)

2921 - عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ، قَالَ: أَوْصَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: أَنْ أُصْبِحَ يَوْمَ صَوْمِي دَهِينًا مُتَرَجلا، وَلا تُصْبِحْ يَوْمَ صَوْمِكَ عَبُوسًا.

2921 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا روزا تۇتقان كۈنى چېچىمنى مايلاپ، تاراپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمنى ۋە ئورنۇمدىن چىرايىمنى تۈرگەن ھالدا تۇرماسلىقىمنى ۋەسىيەت قىلدى[③].

(تەبەرانى: 10028)

2922 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُقَبِّلُ

---

[①] ئەلبانى (514): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبىناى (117): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (4973): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يامان ئىبنى سەئىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

وَهُوَ صَائِمٌ وَيُبَاشِرُ وَهُوَ صَائِمٌ وَلَكِنَهُ أَمْلَكُكُمْ لِإِرْبِهِ.

2922 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزىدار تۇرۇپ مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قوياتتى. لېكىن ئۇ سىلەرگە قارىغاندا ئۆزىنى بەكرەك تۇتىۋالالايتتى. (مۇسلىم: 1106)

2923 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُقَبِلُنِي وَهُوَ صَائِمٌ وَأَنَا صَائِمَةٌ.

2923 ـ ئائىشە رەزىيەللا ئەنھا مۇنداق دېگەن: ئىككىلىمىز روزىدار بولساقمۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى سۆيۈپ قوياتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2384)

2924 - وزاد في رواية: وَيَمُصُ لِسَانَهَا.

2924 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ) تىلىنى شورايتتى، ـ دېيىلگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2386)

2925 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ هَشَشْتُ فَقَبلْتُ وَأَنَا صَائِمٌ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ صَنَعْتُ الْيَوْمَ أَمْرًا عَظِيمًا قَبلْتُ وَأَنَا صَائِمٌ قَالَ أَرَأَيْتَ لَوْ مَضْمَضْتَ مِنْ الْمَاءِ وَأَنْتَ صَائِمٌ قَالَ عِيسَى بْنُ حَمادٍ فِي حَدِيثِهِ قُلْتُ لَا بَأْسَ بِهِ ثُم اتفَقَا قَالَ فَمَهْ.

2925 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن روزىدار تۇرۇپ، ھەۋىسىم قوزغۇلۇپ، ئايالىمنى سۆيۈپ قويدۇم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

---

[1] ئەلبانى (2088): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (515): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! مەن بوُگۇن چوڭ ئىشتىن بىرنى قىلىپ سالدىم، روزىدار تۇرۇپ ئايالىمنى سۆيدۇم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئېيتىپ باققىنە، سەن روزىدار تۇرۇپ ئاغزىڭغا سۇ ئېلىپ چايقىساڭ، بىر نېمە بولامدۇ؟ شۇنىڭدەك (ئايالىڭنى سۆيۈپ قويساڭمۇ) ھېچ ئىش بولمايدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2385)

2926 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَجُلًا سَأَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْمُبَاشَرَةِ لِلصائِمِ فَرَخصَ لَهُ وَأَتَاهُ آخَرُ فَسَأَلَهُ فَنَهَاهُ فَإِذَا الذِي رَخصَ لَهُ شَيْخٌ وَالذِي نَهَاهُ شَاب.

2926 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن روزىدار ئادەمنىڭ (ئايالىنى) قۇچاقلىشى توغرۇلۇق سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ ئوخشاش ئىشنى سورىغان ئىدى، ئۇنى توستى. رۇخسەت قىلغىنى ياشانغان كىشى، توسقىنى ياش يىگىت ئىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2387)

2927 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَنْهَى عَنْ الْقُبْلَةِ وَالْمُبَاشَرَةِ لِلصائِمِ.

2927 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما روزىدار كىشىنى ئايالىنى قۇچاقلاپ سۆيۈشتىن توساتتى.

(مالىك: 652)

2928 - عَنْ أَبِي بَكْرٍ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُصُّ يَقُولُ فِي قَصَصِهِ مَنْ أَدْرَكَهُ الْفَجْرُ جُنُبًا فَلَا يَصُمْ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِعَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْحَارِثِ لِأَبِيهِ فَأَنْكَرَ ذَلِكَ

[1] ئەلبانى (2089): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2090): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

فَانْطَلَقَ عَبْدُ الرحْمَنِ وَانْطَلَقْتُ مَعَهُ حَتى دَخَلْنا عَلَى عَائِشَةَ وَأُم سَلَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَسَأَلَهُمَا عَبْدُ الرحْمَنِ عَنْ ذَلِكَ قَالَ فَكِلْتَاهُمَا قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصْبِحُ جُنُبًا مِنْ غَيْرِ حُلُمٍ ثُم يَصُومُ قَالَ فَانْطَلَقْنا حَتى دَخَلْنا عَلَى مَرْوَانَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ عَبْدُ الرحْمَنِ فَقَالَ مَرْوَانُ عَزَمْتُ عَلَيْكَ إِلا مَا ذَهَبْتَ إِلَى أَبِي هُرَيْرَةَ فَرَدَدْتَ عَلَيْهِ مَا يَقُولُ قَالَ فَجِئْنا أَبَا هُرَيْرَةَ وَأَبُو بَكْرٍ حَاضِرُ ذَلِكَ كُلِهِ قَالَ فَذَكَرَ لَهُ عَبْدُ الرحْمَنِ فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ أَهُمَا قَالَتَاهُ لَكَ قَالَ نَعَمْ قَالَ هُمَا أَعْلَمُ ثُم رَد أَبُو هُرَيْرَةَ مَا كَانَ يَقُولُ فِي ذَلِكَ إِلَى الْفَضْلِ بْنِ الْعَباسِ فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ سَمِعْتُ ذَلِكَ مِنْ الْفَضْلِ وَلَمْ أَسْمَعْهُ مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَرَجَعَ أَبُو هُرَيْرَةَ عَما كَانَ يَقُولُ فِي ذَلِكَ.

2928 ـ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەز ئېيتىۋېتىپ:

ــ كىمكى جۇنۇب ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزسا، روزا تۇتمىسۇن، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ۋە ئۇ سۆزنى دادام ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىسقا ئېيتسام، ئۇ، بۇ سۆزنى رەت قىلىپ، بىر يەرگە قاراپ ماڭدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ماڭدىم. بىز ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇلاردىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى سورىدۇق. ھەر ئىككىلىسى:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھتىلامسىز (يەنى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ) جۇنۇب بولۇپ تاڭ ئاتقۇزاتتى ۋە روزا تۇتاتتى، ـ دېدى. ئۇ يەردىن چىقىپ، مەرۋاننىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئابدۇراھمان بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدى، مەرۋان:

ـ مەن سېنىڭ دەرھال ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ كېلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدۇق. دادام ئابدۇراھمان بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدى، ئۇ:

ــ بۇ سۆزلەرنى ئۇ ئىككىسى (ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە) ئېيتتىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. دادام:

ــ ھەئە، ـ دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە:

ـــ ئۇلار بۇ ئىشنى مەندىن ياخشى بىلىدۇ. مەن بۇ سۆزلەرنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەمەس، بەلكى فەزل ئىبنى ئابباستىن ئاڭلىغانىدىم، ـ دېيىشكە باشلىدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ بۇ ھەقتىكى قارىشىدىن ۋاز كەچتى.

(مۇسلىم: 1109)

2929 - عَنْ عَائِشَةَ وَأُم سَلَمَةَ زَوْجَيْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُمَا قَالَتَا إِنْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيُصْبِحُ جُنُبًا مِنْ جِمَاعٍ غَيْرِ احْتِلَامٍ فِي رَمَضَانَ ثُم يَصُومُ.

2929 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىدىن ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاندا ئېھتىلامدىن ئەمەس، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ، جۇنۇب بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزاتتى ۋە (غۇسلى قىلماي تۇرۇپ) روزا تۇتاتتى.

(مۇسلىم: 1109)

2930 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ نَسِيَ وَهُوَ صَائِمٌ فَأَكَلَ أَوْ شَرِبَ فَلْيُتِم صَوْمَهُ فَإِنمَا أَطْعَمَهُ اللهُ وَسَقَاهُ.

2930 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«روزىدار ئادەم ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالسا، روزىسىنى بۇزۇۋەتمەي تۇتۇۋەرسۇن. ئۇنى يېگۈزگەن ۋە ئىچكۈزگەن اللەتۇر».

(مۇسلىم: 1155)

2931 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ، قَالَ: سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ صَائِمٍ أَكَلَ وَشَرِبَ نَاسِيًا، فَلَمْ يَأْمُرْهُ بِالْقَضَاءِ، وَقَالَ: "إِنمَا ذَلِكَ طَعَامٌ أَطْعَمَهُ اللهُ".

2931 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن روزىدار كىشىنىڭ ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سېلىشى توغرۇلۇق سورالغانىدى، ئۇ، قازاسىنى قىلىشقا بۇيرىمىدى ۋە: «ئۇ، اللهنىڭ ئۇزۇقلاندۇرغان تامىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

2932 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "مَنْ أَكَلَ أَوْ شَرِبَ نَاسِيًا فِي رَمَضَانَ فَلا قَضَاءَ عَلَيْهِ، وَلا كَفارَةَ".

2932 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى رامىزاندا ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا قازامۇ، كەففارەتمۇ كەلمەيدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

2933 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَدْرَكَ رَمَضَانَ وَعَلَيْهِ مِنْ رَمَضَانَ شَيْءٌ لَمْ يَقْضِهِ لَمْ يُتَقَبلْ مِنْهُ.

2933 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئالدىنقى يىلنىڭ رامىزىنىدىن قېلىپ قالغان قازا روزىسىنى تۇتماي تۇرۇپ، كېيىنكى يىلنىڭ (رامىزان ئېيىنىڭ) روزىسىنى تۇتقان بولسا، ئۇنىڭ (كېيىنكى يىلى) تۇتقان روزىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ»[3].

(ئەھمەد: 8407؛ «ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ھەيسەمى (4899): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئەرزەمى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (4900): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىسىملىك ھەدىسى ھەسەن كىشى بار. ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4833): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھىئە ئىسىملىك بىرى بار. ئەسلىدە ئۇنىڭغا ھەرخىل باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ ھەدىسى ھەسەندۇر. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىك. ـ دېگەن.

2934 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ، قَالَ: مَطَرَتِ السمَاءُ بَرَدًا، فَقَالَ لَنا أَبو طَلْحَةَ وَنَحْنُ غِلْمَانٌ: نَاوِلْنِي يَا أَنسُ مِنْ ذَاكَ الْبَرَدِ، فَجَعَلَ يَأْكُلُ وَهُوَ صَائِمٌ، فَقُلْتُ: أَلَسْتَ صَـائِمًا؟ قَالَ: بَلَى، إن هَذَا لَيْسَ بِطَعَامٍ وَلا شَرَابٍ، وَإِنمَا هُوَ بَرَكَةٌ مِنَ السمَاءِ نُطَهِّرُ بِهِ بُطُونَنَـا، قَالَ أَنسٌ: فَأَتَيْتُ بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرْتُهُ، فَقَالَ: "خُذْ عَنْ عَمكَ".

2934 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بالىلىق چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى مۆلدۈر يېغىپ كەتتى. ئەبۇ تەلھە:

ــ ئى ئەنەس! مۆلدۈردىن سۇنۇپ بەرگىن! ــ دېدى. مەن سۇنۇپ بەرگەن ئىدىم، ئۇ روزىدار تۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى، مەن ئۇنىڭدىن:

ــ سەن روزىدار ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ شۇنداق، بۇ مۆلدۈر يېمەك ـ ئىچمەك ئەمەس، بەلكى ئاسماندىن چۈشكەن بەرىكەت. ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىمىزنى پاكىزلايمىز، ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ئىشلارنى ئېيتقانىدىم، ئۇ:

ــ تاغاڭدىن ئۆگەنگىن (يەنى تاغاڭنىڭ دېگىنى توغرا)! ـ دېدى[①].

(ئەبۇ يەئلا: 1424؛ بەززار)

2935 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ مَنْ لَمْ يَدَعْ قَوْلَ الزورِ وَالْعَمَلَ بِهِ فَلَيْسَ لِلهِ حَاجَةٌ فِي أَنْ يَدَعَ طَعَامَهُ وَشَرَابَهُ.

2935 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەش ۋە ساختا ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكنى تەرك ئېتىشىگە موھتاج ئەمەس (يەنى ئۇنداق روزا تۇتقاننىڭ نېمە پايدىسى!)».

(بۇخارى: 1903)

① ھەيسەمى (5014): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلى ئىبنى زەيد ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار. بەززارنىڭ قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

2936 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "رُب صَـائِمٍ حَظهُ مِنْ صِيَامِهِ الْجُوعُ وَالْعَطَشُ، وَرُب قَائِمٍ حَظهُ مِنْ قِيَامِهِ السهَرُ".

2936 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۇنداق بىر روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار ئاچ ۋە ئۇسسۇز قېلىشتىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ھەم كېچىچە ئۇخلىماي، ئىبادەت قىلىدىغان شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ئۇيقۇسىنى تەرك ئېتىشتىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ»①.

(«ئەلكەبىر»: 13413)

2937 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَصُومُ الْمَـرْأَةُ وَبَعْلُهَـا شَاهِدٌ إِلا بِإِذْنِهِ.

2937 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئېرى يېنىدا بولغان ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتسا بولمايدۇ».

(بۇخارى: 5192)

2938 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا دُعِيَ أَحَدُكُمْ فَلْيُجِبْ فَإِنْ كَانَ مُفْطِرًا فَلْيَطْعَمْ وَإِنْ كَانَ صَائِمًا فَلْيُصَل قَالَ هِشَامٌ وَالصلَاةُ الدعَاءُ.

2938 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېھمانغا چاقىرىلساڭلار بېرىڭلار. ئەگەر روزا تۇتمىغان بولساڭلار، تائام يەڭلار. روزا تۇتقان بولساڭلار، دۇرۇد ئوقۇڭلار».

ھىشام (راۋى): بۇ يەردىكى دۇرۇدتىن دۇئا كۆزدە تۇتۇلغان، - دېگەن.

① ھەيسەمى (5232): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

يەنى روزا تۇتقان بولساڭلار، ئۆيىنىڭ ئىگىسىگە دۇئا قىلىڭلار[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2460)

2939- عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ نَزَلَ عَلَى قَوْمٍ فَلَا يَصُومَن تَطَوعًا إلا بِإِذْنِهِمْ.

2939 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرەر قەۋمنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چۈشسە، ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتمىسۇن»[2].

(تىرمىزى: 789)

2940 - عَنْ سَلْمَانَ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ: "مَنْ فَطرَ صَائِمًا عَلَى طَعَامٍ، وَشَرَابٍ مِنْ حَلالٍ، صَلتْ عَلَيْهِ الْمَلائِكَةُ فِي سَاعَاتِ شَهْرِ رَمَضَانَ، وَصَلى جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلامُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ".

2940 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھالال تائام ۋە ئىچىملىك بىلەن روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرغان بولسا، مالائىكىلەر ئۇ كىشى ئۈچۈن رامىزان ئېيىنىڭ ھەممىسىدە مەغپىرەت تىلەيدۇ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامۇ قەدىر كېچىسىدە ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەيدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»: 6162؛ بەززار)

2941 - زاد البزار في آخره: رُزِقَ دُمُوعًا وَرِقةً، قَالَ سَلْمَانُ: إِنْ كَانَ لا يَقْـدِرُ

---

[1] ئەلبانى (2148): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (130): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (4894): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەسەن ئىبنى ئەبۇ جەئفەر ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

عَلَى قُوتِهِ، قَالَ: عَلَى كِسْرَةِ خُبْزٍ، أَوْ مَذْقَةِ لَبَنٍ، أَوْ شَرْبَةِ مَاءٍ، كَانَ لَهُ هَذَا“.

2941 ـ بەززار بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اللّٰه ئۇ (يەنى ئىپتار قىلدۇرغان) كىشىگە (اللّٰهتىن قورقۇپ) ياش تۆكۈش ۋە باغرى يۇمشاقلىقنى ئاتا قىلىدۇ، ـ دېدى. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئەگەر بەرگۈدەك تائامى بولمىسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـ بىر توغرام نان، بىر يۇتۇم سۈت ياكى بىر ئۇتلام سۇمۇ تاپالماسمۇ؟ (ئەگەر شۇنچىلىك بولسىمۇ قىلالىسا) مالائىكىلەر ئۇ كىشىگە مەغپىرەت تىلەيدۇ، ـ دېدى[1].

[1] ھەيسەمى (4894): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەسەن ئىبنى ئەبۇ جەئفەر ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

## سوھۇرلۇق، ئىپتار ۋە روزىنى ئۇلاپ تۇتۇشنىڭ بايانى

2942 - عن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَسَحرُوا فَإِن فِي السحُورِ بَرَكَةً.

2942 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سوھۇرلۇق يەڭلار، شۇبھىسىزكى، سوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار».

(بۇخارى: 1923)

2943 - عَنْ الْمِقْدَامِ بْنِ مَعْدِ يكَرِبَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ عَلَيْكُمْ بِغَدَاءِ السحُورِ فَإِنهُ هُوَ الْغَدَاءُ الْمُبَارَكُ.

2943 ـ مىقدام ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سوھۇرلۇق تامىقى يەڭلار. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن مۇبارەك تاماقتۇر»[1].

(نەسائى: 2164)

2944 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ نِعْمَ سَحُورُ الْمُؤْمِنِ التمْرُ.

2944 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىنىنىڭ سوھۇرلۇقى خورما بولسا بەك ياخشى!»[2]

(ئەبۇ داۋۇد: 2345)

---

[1] ئەلبانى (2044): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2055): سەھىھ ـ دېگەن.

2945 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ تَسَحَّرْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَامَ إِلَى الصلَاةِ قُلْتُ كَمْ كَانَ بَيْنَ الْأَذَانِ وَالسحُورِ قَالَ قَدْرُ خَمْسِينَ آيَةً.

2945 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سوھۇرلۇق يېدۇق. ئۇ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، نامازغا تۇردى، ـ دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن:

ــ سوھۇر بىلەن ئەزاننىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، زەيد:

ــ 50 ئايەت ئوقۇغىدەك ۋاقىت ئۆتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1921)

2946 - عَنْ زِرٍ قَالَ قُلْنَا لِحُذَيْفَةَ أَي سَاعَةٍ تَسَحرْتَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ هُوَ النهَارُ إِلا أَن الشمْسَ لَمْ تَطْلُعْ.

2946 ـ زىر مۇنداق دەيدۇ: بىز ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سوھۇرلۇقنى قايسى ۋاقىتتا يېگەنىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ:

ــ تاڭ خېلىلا سوزۇلۇپ قالغان، لېكىن تاڭ تېخى ئاتمىغانىدى، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 2152)

2947 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَمْنَعَن أَحَدًا مِنْكُمْ أَذَانُ بِلَالٍ أَوْ قَالَ نِدَاءُ بِلَالٍ مِنْ سُحُورِهِ فَإِنهُ يُؤَذنُ أَوْ قَالَ يُنَادِي بِلَيْلٍ لِيَرْجِعَ قَائِمَكُمْ وَيُوقِظَ نَائِمَكُمْ وَقَالَ لَيْسَ أَنْ يَقُولَ هَكَذَا وَهَكَذَا وَصَوبَ يَدَهُ وَرَفَعَهَا حَتى يَقُولَ هَكَذَا وَفَرجَ بَيْنَ إِصْبَعَيْهِ وفي رواية: هُوَ الْمُعْتَرِضُ وَلَيْسَ بِالْمُسْتَطِيلِ.

2947 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[①] ئەلبانى (2032): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

«بىلال تۇۋلىغان ئەزان سىلەرنى سوھۇرلۇق يېيىشتىن توختىتىپ قويمىسۇن. چۈنكى بىلال تەھەججۇد نامىزى ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىشى ۋە ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن، ئەزاننى بالدۇرلا تۇۋلايدۇ. تاڭنىڭ مۇنداق يورۇشى شەپەق ئەمەس» دېدى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا سوزۇپ، بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ: «مانا مۇشۇنداق يورۇغانغا قەدەر يەڭلار» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە نەقىل قىلىنىشىچە: «تاڭ توغرىسىغا ئەمەس، بەلكى ئۇزۇنىغا كۆرۈنگەن يورۇقلۇقتۇر» دېگەن.

(مۇسلىم: 1093)

2948 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن بِلَالًا يُؤَذنُ بِلَيْلٍ فَكُلُوا وَاشْرَبُوا حَتى يُنَادِيَ ابْنُ أُم مَكْتُومٍ ثُم قَالَ وَكَانَ رَجُلًا أَعْمَى لَا يُنَادِي حَتى يُقَالَ لَهُ أَصْبَحْتَ أَصْبَحْتَ.

2948 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بىلال ئەزاننى بالدۇر تۇۋلايدۇ. شۇڭا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەزان تۇۋلىغۇچە يەپ ـ ئىچىڭلار». راۋى: ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەما بولغاچقا، ئۇنىڭغا: تاڭ يورىدى، تاڭ يورىدى، ـ دېيىلمىگۈچە، ئەزان تۇۋلىمايتتى.

(بۇخارى: 617)

2949 - عَنْ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَقْبَلَ اللَّيْلُ وَأَدْبَرَ النهَارُ وَغَابَتْ الشمْسُ فَقَدْ أَفْطَرَ الصائِمُ.

2949 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەچ كىرسە، قۇياش پاتسا، روزىدار ئادەم ئىپتار قىلسا بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1100)

2950 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ أَبِي أَوْفَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ فَلَما غَابَتْ الشمْسُ قَالَ يَا فُلَانُ انْزِلْ فَاجْدَحْ لَنا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن عَلَيْكَ نَهَارًا قَالَ انْزِلْ فَاجْدَحْ لَنا قَالَ فَنَزَلَ فَجَدَحَ فَأَتَاهُ بِهِ فَشَرِبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ بِيَدِهِ إِذَا غَابَتْ الشمْسُ مِنْ هَا هُنَا وَجَاءَ الليْلُ مِنْ هَا هُنَا فَقَدْ أَفْطَرَ الصائِمُ.

2950 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپەرگە چىقتۇق. كۈن ئولتۇرغان ھامان، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەي پالانى! چۈشكىن، بىزگە تالقان چىلىپ بەرگىن! ـ دېدى، ئۇ كىشى:

ـــ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! تېخى كەچ بولمىدى، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر قېتىم:

ـ چۈشكىن، بىزگە تالقان چىلىپ بەرگىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چۈشۈپ تالقان چىلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىچتى، ئاندىن كېيىن قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

ـ قۇياش بۇ تەرەپتىن پېتىپ، قاراڭغۇلۇق بۇ تەرەپتىن كەلگەن ھامان، روزىدار ئىپتار قىلسا بولىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1101)

2951 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن الْهِلَالَ رُئِيَ فِي زَمَانِ عُثْمَانَ بنِ عَفانَ بِعَشِي فَلَمْ يُفْطِرْ عُثْمَانُ حَتى أَمْسَى وَغَابَتْ الشمْسُ.

2951 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەن بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا ئاخشىمى ئاي كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇياش غايىب بولۇپ، كەچ كىرمىگىچە ئىپتار قىلمىغان.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

2952 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَزَالُ الناسُ بِخَيْرٍ مَا عَجلُوا الْفِطْرَ.

2952 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشىلەر ئىپتارنى كېچىكتۈرمەي قىلسىلا، ھەمىشە ياخشىلىق ئۈستىدە بولىدۇ».

(بۇخارى: 1957)

2953 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَزَالُ الدينُ ظَاهِرًا مَا عَجلَ الناسُ الْفِطْرَ لِأَن الْيَهُودَ وَالنصَارَى يُؤَخرُونَ.

2953ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلار ئىپتارنى كېچىكتۈرمەي قىلسىلا، دىن ھەمىشە غالىب ۋە ھاكىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى يەھۇدىي ۋە ناسارالار ئىپتارنى كېچىكتۈرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2353)

2954 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُ عَز وَجَل أَحَب عِبَادِي إِلَي أَعْجَلُهُمْ فِطْرًا.

2954ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله (ئەززە ۋە جەللە): بەندىلىرىمدىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىپتارغا ئالدىرايدىغانلىرىدۇر، ـ دېدى»[2].

(تىرمىزى: 700)

[1] ئەلبانى (2063): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (111): زەئىپ، ـ دېگەن.

2955 - عَنْ أَبِي عَطِيةَ قَالَ قُلْتُ لِعَائِشَةَ فِينَا رَجُلَانِ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَدُهُمَا يُعَجلُ الْإِفْطَارَ وَيُؤَخرُ السحُورَ وَالْآخَرُ يُؤَخرُ الْإِفْطَارَ وَيُعَجلُ السحُورَ قَالَتْ أَيهُمَا الذِي يُعَجلُ الْإِفْطَارَ وَيُؤَخرُ السحُورَ قُلْتُ عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ قَالَتْ هَكَذَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصْنَعُ.

2955 ـ ئەبۇ ئەتىييە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ــ ئارىمىزدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى كىشى بار. ئۇلارنىڭ بىرى ئىپتارغا ئالدىراپ، سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرىدۇ. يەنە بىرى ئىپتارنى كېچىكتۈرۈپ، سوھۇرلۇققا ئالدىرايدۇ، ـ دېدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ قايسىسى ئىپتارغا ئالدىراپ، سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (شۇنداق قىلىدۇ)، ـ دېسەم،

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ شۇنداق قىلاتتى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2158)

2956 - وفي رواية: أَحَدُهُمَا يُعَجلُ الْإِفْطَارَ وَيُعَجلُ الصلَاةَ وَالْآخَرُ يُؤَخرُ الْإِفْطَارَ وَيُؤَخرُ الصلَاةَ.

2956 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئىپتارغىمۇ، نامازغىمۇ ئالدىرايدۇ، يەنە بىرى ئىپتارنىمۇ، نامازنىمۇ كېچىكتۈرىدۇ، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 1099)

2957 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ وَجَدَ تَمْرًا فَلْيُفْطِرْ عَلَيْهِ وَمَنْ لَا فَلْيُفْطِرْ عَلَى مَاءٍ فَإِن الْمَاءَ طَهُورٌ.

[1] ئەلبانى (2038): سەھىھ ـ دېگەن.

2957 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «خورما تاپقان كىشى ئىپتارنى خورما بىلەن، خورما تاپالمىغان كىشى سۇ بىلەن قىلسۇن، چۈنكى سۇ (ئىچ ئەزالارنى) تازىلايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 694)

2958 - عن ثَابِت الْبُنَانِي أَنَّهُ سَمِعَ أَنسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُفْطِرُ عَلَى رُطَبَاتٍ قَبْلَ أَنْ يُصَليَ فَإِنْ لَمْ تَكُنْ رُطَبَاتٌ فَعَلَى تَمَرَاتٍ فَإِنْ لَـمْ تَكُنْ حَسَا حَسَوَاتٍ مِنْ مَاءٍ.

2958 ـ سابىت بۇنانى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى بىر قانچە ھۆل خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى. ئەگەر ھۆل خورما بولمىسا، قۇرۇق خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى. ئەگەر ئۇمۇ بولمىسا، بىر قانچە يۇتۇم سۇ بىلەن ئىپتار قىلاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2356)

2959 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ زُهْرَةَ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا أَفْطَـرَ قَالَ اللهُم لَكَ صُمْتُ وَعَلَى رِزْقِكَ أَفْطَرْتُ.

2959 ـ مۇئاز ئىبنى زۇھرە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىپتار قىلغاندا: «ئى الله! روزىنى سەن ئۈچۈن تۇتتۇم، سەن ئاتا قىلغان رىزىق بىلەن ئىپتار قىلدىم» دەيتتى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2358)

2960 - ابن عمر كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَفْطَرَ قَالَ ذَهَبَ الظمَأُ

[1] ئەلبانى (109): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2065): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (510): زەئىپ، ـ دېگەن.

وَابْتَلتْ الْعُرُوقُ وَثَبتَ الْأَجْرُ إِنْ شَاءَ اللهُ.

2960 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىپتار قىلغاندا: «ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار ھۆل بولدى. الله خالىسا، ئەجىر مۇقىملاشتى» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2357)

2961 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْتَاكُ وَهُوَ صَائِمٌ زَادَ مُسَدَّدٌ مَا لَا أَعُد وَلَا أُحْصِي.

2961 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئىبنى رەبىيئە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روزىدار تۇرۇپ مىسۋاك ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرگەن.

مۇسەددەد: نۇرغۇن قېتىم كۆرگەنىدىم، ـ دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2364)

2962 - قَالَ ابْنُ عُمَرَ يَسْتَاكُ أَولَ النهَارِ وَآخِرَهُ وَلَا يَبْلَعُ رِيقَهُ.

2962 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ: روزىدارلار ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مىسۋاك ئىشلەتسە بولىدۇ، لېكىن كۆپۈكىنى يۇتسا بولمايدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

2963 - عَنْ خَبابٍ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "إِذَا صُمْتُمْ فَاسْتَاكُوا بِالْغَدَاةِ وَلا تَسْتَاكُوا بِالْعَشِي، فَإِنهُ لَيسَ مِنْ صَائِمٍ تَيْبَسُ شَفَتَاهُ بِالْعَشِي إِلا كَانَ نُورًا بَيْنَ عَيْنَيْهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ".

2963 ـ خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2066): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (511): زەئىپ، ـ دېگەن.

«روزا تۇتقىنىڭلاردا ئەتىگىنى مىسۋاك ئىشلىتىڭلار، كەچتە ئىشلەتمىسەڭلەرمۇ بولىدۇ. چۈنكى روزا تۇتۇپ، كەچتە لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەن ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئىككى كۆزى ئوتتۇرىسىدا قىيامەت كۈنى بىر نۇر پەيدا بولىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»: 3696)

2964 - عَنْ كَثِيرِ بْنِ زِيَادٍ قَالَ قَالَ ابْنُ عَبَسَةَ رَأَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَضْمَضَ وَاسْتَنْشَقَ فِي رَمَضَانَ.

2964 ـ كەسىر ئىبنى زىياد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزاندا ئېغىز ـ بۇرنىنى چايقىغانلىقىنى كۆردۈم.

(ئەھمەد: 16569)

2965 - عَنْ ابنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ الْوِصَالِ قَالُوا إِنكَ تُوَاصِلُ قَالَ إِني لَسْتُ كَهَيْئَتِكُمْ إِني أُطْعَمُ وَأُسْقَى.

2965 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزىنى (ئىپتار قىلماستىن) ئۇلاپ تۇتۇشتىن توستى. ساھابىلەر:

ــ سەن شۇنداق قىلىدىكەنسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ــــ شۇبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن. چۈنكى مەن رىزىقلاندۇرۇلۇپ ۋە سۇغۇرۇلۇپ تۇرىمەن (يەنى رەببىم مېنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرىدۇ)، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1102)

2966 - وله وللشيخين عن أبي هُرَيْرَةَ مثله وزاد: فَلَما أَبَوْا أَنْ يَنْتَهُوا عَنْ الْوِصَالِ وَاصَلَ بِهِمْ يَوْمًا ثُم يَوْمًا ثُم رَأَوْا الْهِلَالَ فَقَالَ لَوْ تَأَخرَ لَزِدْتُكُمْ كَالتنْكِيلِ لَهُمْ حِينَ أَبَوْا أَنْ

---

① ھەيسەمى (4954): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كەيسان ئەبۇ ئۆمەر ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

يَنْتَهُوا.

2966 ـ بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇلارنى قوشۇپ بايان قىلغان:

ساھابىلەرنىڭ روزىنى (ئىپتار قىلماستىن) ئۇلاپ تۇتۇشتىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن ئىككى كۈن ئارقىمۇ ئارقا ئۇلاپ تۇتتى، ئۈچىنچى كۈنى ئاي كۆرۈندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر ئاي كۆرۈنمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن روزىنى ئۇلاپ تۇتىۋەرگەن بولاتتىم» دېدى.

(بۇخارى: 1965)

2967 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُوَاصِلُوا فَأَيكُمْ أَرَادَ أَنْ يُوَاصِلَ فَلْيُوَاصِلْ حَتى السحَرِ قَالُوا فَإِنكَ تُوَاصِلُ بنحوه.

2967 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ روزىنى ئۇلاپ تۇتماڭلار، كىمكى ئۇلاپ تۇتماقچى بولسا، سوھۇرلۇققا قەدەر ئۇلاپ تۇتسۇن، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـــ سەن ئۇلايدىكەنسەنغۇ؟ ـ دەپ سوراشتى... داۋامى يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ئوخشاش.

(بۇخارى: 1967)

## روزا تۇتۇشنىڭ مۇستەھەب، مەكرۇھ ۋە ھارام بولىدىغان كۈنلىرى

2968 - عَنْ أَبِي أَيوبَ صَاحِبِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ صَامَ رَمَضَانَ ثُم أَتْبَعَهُ بِسِت مِنْ شَوالٍ فَكَأَنمَا صَامَ الدهْرَ.

2968 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ بولۇپ، ئارقىسىدىن شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتسا، ئۇ، يىلبويى روزا تۇتقاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2433)

2969 - عَنْ ثَوْبَانَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صِيَامُ شَهْرٍ بِعَشَـرَةِ أَشْهُرٍ وَسِتةِ أَيامٍ بَعْدَهُن بِشَهْرَيْنِ فَذَلِكَ تَمَامُ سَنَةٍ.

2969 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(رامىزاندىكى) بىر ئايلىق روزا ئون ئايغا، (رامىزاندىن كېيىن) شەۋۋالدىكى ئالتە كۈنلۈك روزا ئىككى ئايغا تەڭ كېلىدۇ. ھەممىسى قوشۇلغاندا، تولۇق بىر يىللىق روزا ھېسابلىنىدۇ».

(دارىمى: 1755)

2970 - والأوسط عن أبي هريرة نحوه ذلك، وقيد الست بكونا متتابعة.

2970 ـ تەبەرانى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئالتە كۈن

---

[1] ئەلبانى (2125): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇش» تەكىتلەنگەن[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

2971 - عَنْ هُنَيْدَةَ بْنِ خَالِدٍ عَنْ امْرَأَتِهِ عَنْ بَعْضِ أَزْوَاجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَصُومُ تِسْعًا مِنْ ذِي الْحِجةِ وَيَوْمَ عَاشُورَاءَ وَثَلَاثَةَ أَيامٍ مِنْ كُل شَهْرٍ أَولَ اثْنَيْنِ مِنْ الشهْرِ وَخَمِيسَيْنِ.

2971 ـ ھۇنەيدە ئىبنى خالىد ئايالىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى ئاياللىرى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھەججە ئېيىدا توققۇز كۈن، ئاشۇرا كۈنى ۋە ھەر ئايدا ئۈچ كۈن، يەنى ھەر ئاينىڭ بىرىنچى دۈشەنبىسى ۋە ئىككى پەيشەنبىسى روزا تۇتاتتى[②].

(نەسائى: 2417)

2972 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَائِمًا الْعَشْرَ قَط.

2972 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زۇلھەججە ئېيىدا ئون كۈن روزا تۇتقىنىنى پەقەتلا كۆرمىدىم[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 2439)

2973 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ أَيامٍ أَحَب إِلَى اللهِ أَنْ يُتَعَبدَ لَهُ فِيهَا مِنْ عَشْرِ ذِي الْحِجةِ يَعْدِلُ صِيَامُ كُل يَوْمٍ مِنْهَا بِصِيَامِ سَنَةٍ وَقِيَامُ كُل لَيْلَةٍ مِنْهَا بِقِيَامِ لَيْلَةِ الْقَدْرِ.

2973 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

[①] ھەيسەمى (5100): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان بىرى بار. ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2274): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (2131): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ تائالا زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى باشقا كۈندە قىلغان ئەمەللەرگە قارىغاندا بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ كۈنلەردىكى ھەر بىر كۈننىڭ روزىسى بىر يىللىق روزىغا، ھەر بىر كېچىنىڭ قىيامى قەدىر كېچىسىنىڭ قىيامىغا تەڭ»[1].

(تىرمىزى: 758)

2974 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ مَا الْعَمَلُ فِي أَيَّامٍ أَفْضَلَ مِنْهَا فِي هَذِهِ قَالُوا وَلَا الْجِهَادُ قَالَ وَلَا الْجِهَادُ إِلَّا رَجُلٌ خَرَجَ يُخَاطِرُ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فَلَمْ يَرْجِعْ بِشَيْءٍ.

2974 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ مۇشۇ كۈنلەردە (يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە) قىلىنغان ئەمەلدىن ئەۋزەل ئەمەل يوق، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ جىھادمۇ شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ جىھادمۇ شۇنداق. پەقەت جېنىنى، مېلىنى جىھادقا ئاتىغان ۋە ھېچنېمىسى قايتمىغان (يەنى شېھىد بولغان) كىشىلا ئۇنىڭ سىرتىدا، ـ دېدى.

(بۇخارى: 969)

2975 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ صِيَامُ يَوْمِ عَرَفَةَ إِنِّي أَحْتَسِبُ عَلَى اللَّهِ أَنْ يُكَفِّرَ السَّنَةَ الَّتِي قَبْلَهُ وَالسَّنَةَ الَّتِي بَعْدَهُ.

2975 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالادىن ئەرەفات كۈنى روزا تۇتقۇچىنىڭ ئۇنىدىن بۇرۇنقى بىر

[1] ئەلبانى (123): زەئىپ، ـ دېگەن.

يىلىق ۋە كېيىنكى بىر يىلىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»[1].

(تىرمىزى: 749)

2976 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَرْفَعُهُ قَالَ سُئِلَ أَي الصلَاةِ أَفْضَلُ بَعْدَ الْمَكْتُوبَةِ وَأَي الصيَامِ أَفْضَلُ بَعْدَ شَهْرِ رَمَضَانَ فَقَالَ أَفْضَلُ الصلَاةِ بَعْدَ الصلَاةِ الْمَكْتُوبَةِ الصلَاةُ فِي جَوْفِ اللَّيْلِ وَأَفْضَلُ الصيَامِ بَعْدَ شَهْرِ رَمَضَانَ صِيَامُ شَهْرِ اللهِ الْمُحَرمِ.

2976 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پەرز نامازدىن كېيىنكى قايسى نامازنىڭ ۋە رامىزان ئېيىدىن كېيىنكى قايسى روزىنىڭ ئەۋزەللىكى سورالغاندى:

«پەرز نامازدىن كېيىنكى ئەۋزەل ناماز كېچىدە ئوقۇلغان (تەھەججۇد) ناماز؛ رامىزان ئېيىدىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك روزا اللهنىڭ ئېيى بولغان مۇھەررەم ئېيىدا تۇتۇلغان روزىدۇر» دېدى.

(مۇسلىم: 1163)

2977 - عَنْ عَلِي قَالَ سَأَلَهُ رَجُلٌ فَقَالَ أَي شَهْرٍ تَأْمُرُنِي أَنْ أَصُومَ بَعْدَ شَهْرِ رَمَضَانَ قَالَ لَهُ مَا سَمِعْتُ أَحَدًا يَسْأَلُ عَنْ هَذَا إِلا رَجُلًا سَمِعْتُهُ يَسْأَلُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا قَاعِدٌ عِنْدَهُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَي شَهْرٍ تَأْمُرُنِي أَنْ أَصُومَ بَعْدَ شَهْرِ رَمَضَانَ قَالَ إِنْ كُنتَ صَائِمًا بَعْدَ شَهْرِ رَمَضَانَ فَصُمْ الْمُحَرمَ فَإِنهُ شَهْرُ اللهِ فِيهِ يَوْمٌ تَابَ فِيهِ عَلَى قَوْمٍ وَيَتُوبُ فِيهِ عَلَى قَوْمٍ آخَرِينَ.

2977 ـ بىر كىشى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

— رامىزاندىن كېيىن قايسى ئايدا روزا تۇتۇشقا بۇيرۇيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، بىر ئادەم ئۇنىڭدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئال سوراپ: ئى اللهنىڭ رەسۇلى!

[1] ئەلبانى (597): سەھىھ ـ دېگەن.

رامىزاندىن كېيىن قايسى ئايدا روزا تۇتۇشقا بۇيرۇيسەن؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر رامىزاندىن كېيىن روزا تۇتماقچى بولساڭ، مۇھەررەم ئېيىدا تۇتقىن. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئېيىدۇر. ئۇنىڭدا بىر كۈن بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇ كۈندە بىر قەۋمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغان ۋە يەنە بىر قەۋمنىڭ تەۋبىسىنىمۇ شۇ كۈندە قوبۇل قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، - دېدى[1].

(تىرمىزى: 741)

2978 – عن أَنسَ ْبنَ مَالِكٍ، قال: قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلَمَ: "مَـنْ صَامَ ثَلاثَةَ أيامٍ مِنْ شَهْرٍ حَرَامٍ: الْخَمِيسَ وَالْجُمُعَةَ وَالسْبَتَ، كُتِبَ لُهَ عِبَادَةُ ستينِ سنةَ".

2978 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مۇھەررەم ئېيىدا ئۈچ كۈن، يەنى پەيشەنبە، جۈمە ۋە شەنبە كۈنلىرى روزا تۇتسا، ئۇ كىشىگە 60 يىل ئىبادەت قىلغاننىڭ (ئەجرى) يېزىلىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 1810)

2979 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا كَانَ عَاشُورَاءُ يُصَامُ قَبْلَ رَمَضَانَ فَلَما نَـزَلَ رَمَضَانُ قَالَ مَنْ شَاءَ صَامَ وَمَنْ شَاءَ أَفْطَرَ.

2979 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئاشۇرا[3] كۈنىدە روزا تۇتۇلاتتى، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «خالىغان كىشى تۇتسۇن، خالىمىغان كىشى تۇتمىسۇن» دېدى.

(بۇخارى: 4502)

[1] ئەلبانى (120): زەئىپ، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5151): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشىلەر بار، - دېگەن.

[3] مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10- كۈنى.

2980 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ يَوْمُ عَاشُورَاءَ يَوْمًا تَصُومُهُ قُرَيْشٌ فِي الْجَاهِلِيةِ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُومُهُ فِي الْجَاهِلِيةِ.

2980 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە قۇرەيش خەلقى ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ (جاھىلىيەت دەۋرىدە) شۇنداق قىلاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2442)

2981 - عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ يَوْمُ عَاشُورَاءَ يَوْمًا تُعَظمُهُ الْيَهُودُ وَتَتخِذُهُ عِيدًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صُومُوهُ أَنْتُمْ.

2981 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاشۇرا كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۇلۇغلايدىغان ۋە ھېيت قىلىدىغان كۈنى ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇڭلار!» دېدى.

(مۇسلىم: 1131)

2982 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ فَرَأَى الْيَهُودَ تَصُومُ يَوْمَ عَاشُورَاءَ فَقَالَ مَا هَذَا قَالُوا هَذَا يَوْمٌ صَالِحٌ هَذَا يَوْمٌ نَجى اللهُ بَنِي إِسْرَائِيلَ مِنْ عَدُوهِمْ فَصَامَهُ مُوسَى قَالَ فَأَنَا أَحَق بِمُوسَى مِنْكُمْ فَصَامَهُ وَأَمَرَ بِصِيَامِهِ.

2982 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، يەھۇدىيلارنىڭ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقانلىقىنى كۆردى ۋە:

ـ بۇ قانداق روزا؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـــ بۇ بىر پەزىلەتلىك كۈندۇر. چۈنكى الله بۇ كۈندە ئىسرائىل ئەۋلادىنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇشۇ كۈندە روزا تۇتقان، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان

[1] ئەلبانى (2123): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قىلغاننى قىلىشقا سىلەردىنمۇ بەكرەك ھەقلىقمەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۆزى روزا تۇتتى ۋە بىزنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى.

(بۇخارى: 2004)

**2983 - عَنْ سَلَمَةَ بْنِ الْأَكْوَعِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَمَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا مِنْ أَسْلَمَ أَنْ أَذنْ فِي الناسِ أَن مَنْ كَانَ أَكَلَ فَلْيَصُمْ بَقِيةَ يَوْمِهِ وَمَنْ لَمْ يَكُنْ أَكَلَ فَلْيَصُمْ فَإِن الْيَوْمَ يَوْمُ عَاشُورَاءَ.**

2983 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى: «تاماق يېگەن ياكى يېمىگەن ھەممەيلەن روزا تۇتسۇن. چۈنكى بۈگۈن ئاشۇرا كۈنىدۇر» دەپ جاكارلاشقا بۇيرىدى.

(بۇخارى: 2007)

**2984 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ مَسْلَمَةَ عَنْ عَمهِ أَن أَسْلَمَ أَتَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ صُمْتُمْ يَوْمَكُمْ هَذَا قَالُوا لَا قَالَ فَأَتِموا بَقِيةَ يَوْمِكُمْ وَاقْضُوهُ.**

2984 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەسلەم قەبىلىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن:

ـ بۈگۈن روزا تۇتتۇڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ ياق، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كۈننىڭ قالغىنىنى روزا بىلەن ئۆتكۈزۈڭلار ۋە قايتا قازاسىنى قىلىڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2447)

[1] ئەلبانى (529): زەئىپ، ـ دېگەن.

2985 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صِيَامُ يَوْمِ عَاشُورَاءَ إني أَحْتَسِبُ عَلَى اللهِ أَنْ يُكَفرَ السَنَةَ التِي قَبْلَهُ.

2985 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

« الله تائالادىن ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىلگىرىكى بىر يىللىق گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى[1].

(تىرمىزى: 752)

2986 - عن غَطَفَانَ بْنَ طَرِيفٍ الْمُري يَقُولُ سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَقُولُ حِينَ صَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ عَاشُورَاءَ وَأَمَرَ بِصِيَامِهِ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِنهُ يَوْمٌ تُعَظمُهُ الْيَهُودُ وَالنصَارَى فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا كَانَ الْعَامُ الْمُقْبِلُ إِنْ شَاءَ اللهُ صُمْنَا الْيَوْمَ التاسِعَ قَالَ فَلَمْ يَأْتِ الْعَامُ الْمُقْبِلُ حَتى تُوُفيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2986 ـ غەتەفان ئىبنى تەرىف مۇررىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇپ، باشقىلارنىمۇ شۇ كۈنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان ئىدى. ساھابىلەر:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! بۇ، يەھۇدىي ۋە ناسارالار ئۇلۇغلايدىغان كۈن تۇرسا؟! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله خالىسا، كېلەر يىلى توققۇزىنچى كۈنى روزا تۇتىمىز، ـ دېدى. لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كۈن كەلمەي تۇرۇپ ۋاپات بولۇپ كەتتى.

(مۇسلىم: 1134)

2987 - ولرزين: "صُومُوا التاسِعَ وَالْعَاشِرَ، وَخَالِفُوا الْيَهُودَ".

2987 ـ يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر

[1] ئەلبانى (600): سەھىھ ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يەھۇدىيلارغا خىلاپلىق قىلىش ئۈچۈن، توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى كۈنلىرى روزا تۇتۇڭلار!» دېگەن.
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

2988 - عن ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صُومُوا يَوْمَ عَاشُورَاءَ وَخَالِفُوا فِيهِ الْيَهُودَ صُومُوا قَبْلَهُ يَوْمًا أَوْ بَعْدَهُ يَوْمًا.

2988 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇڭلار. يەھۇدىيلارغا خىلاپلىق قىلىش ئۈچۈن، ئالدىنقى كۈننى ياكى كېيىنكى كۈننى قوشۇپ تۇتۇڭلار (يەنى توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى كۈنى ياكى ئونىنچى ۋە ئون بىرىنچى كۈنى روزا تۇتۇڭلار)»[1].
(ئەھمەد: 2155؛ بەززار)

2989 - عَنْ الرُّبَيِّعِ بِنْتِ مُعَوِّذِ بْنِ عَفْرَاءَ قَالَتْ أَرْسَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَدَاةَ عَاشُورَاءَ إِلَى قُرَى الْأَنْصَارِ الَّتِي حَوْلَ الْمَدِينَةِ مَنْ كَانَ أَصْبَحَ صَائِمًا فَلْيُتِمَّ صَوْمَهُ وَمَنْ كَانَ أَصْبَحَ مُفْطِرًا فَلْيُتِمَّ بَقِيَّةَ يَوْمِهِ فَكُنَّا بَعْدَ ذَلِكَ نَصُومُهُ وَنُصَوِّمُ صِبْيَانَنَا الصِّغَارَ مِنْهُمْ إِنْ شَاءَ اللهُ وَنَذْهَبُ إِلَى الْمَسْجِدِ فَنَجْعَلُ لَهُمْ اللُّعْبَةَ مِنْ الْعِهْنِ فَإِذَا بَكَى أَحَدُهُمْ عَلَى الطَّعَامِ أَعْطَيْنَاهَا إِيَّاهُ عِنْدَ الْإِفْطَارِ. وحَدَّثَنَاه يَحْيَى بْنُ يَحْيَى حَدَّثَنَا أَبُو مَعْشَرٍ الْعَطَّارُ عَنْ خَالِدِ بْنِ ذَكْوَانَ قَالَ سَأَلْتُ الرُّبَيِّعَ بِنْتَ مُعَوِّذٍ عَنْ صَوْمِ عَاشُورَاءَ قَالَتْ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رُسُلَهُ فِي قُرَى الْأَنْصَارِ فَذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ بِشْرٍ غَيْرَ أَنَّهُ قَالَ وَنَصْنَعُ لَهُمْ اللُّعْبَةَ مِنْ الْعِهْنِ فَنَذْهَبُ بِهِ مَعَنَا فَإِذَا سَأَلُونَا الطَّعَامَ أَعْطَيْنَاهُمْ اللُّعْبَةَ تُلْهِيهِمْ حَتَّى يُتِمُّوا صَوْمَهُمْ.

2989 ـ رۇبەييئ بىنتى مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

[1] ھەيسەمى (5134): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ لەيلا ئىسىملىك سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنىنىڭ ئەتىگىنى مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەنسارىلارنىڭ مەھەللىلىرىگە: «كىمكى روزا تۇتقان بولسا، روزىسىنى تاماملىسۇن. كىمكى روزا تۇتمىغان بولسا، كۈنىنىڭ قالغىنىنى روزا بىلەن ئۆتكۈزسۇن!» دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتاتتۇق، كىچىك بالىلىرىمىزغىمۇ روزا تۇتقۇزۇپ، مەسجىدكە ئېلىپ باراتتۇق ۋە ئۇلارغا (يەنى كىچىكلەرگە) يۇڭدىن ئويۇنچۇق ياساپ بېرەتتۇق. ئەگەر بىرەرسى ئېپتارغا يېقىن تاماق يەيتتىم دەپ يىغلىسا، ئۇنىڭغا ئويۇنچۇقنى بېرەتتۇق.

بىشىرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلارغا (يەنى كىچىكلەرگە) يۇڭدىن ئويۇنچۇق ياساپ بېرەتتۇق ۋە ئۇلارنى ئۆزىمىز بىلەن بىرگە (مەسجىدكە) ئېلىپ باراتتۇق. ئەگەر ئۇلار بىزدىن تاماق سورىسا، ئۇلارغا ئويۇنچۇقلارنى بېرەتتۇق ۋە ئويۇنغا مەشغۇل قىلىپ، روزىسىنى داۋاملاشتۇرغۇزاتتۇق.

(مۇسلىم: 1136)

2990 - عن عَلِيلَة بنت الْكُمَيْتِ الْعَتَكِية، عَنْ أُمها أُمَيْنَةَ، قَالَتْ: قُلْتُ لأَمَةِ اللـهِ بنتِ رُزَيْنَةَ سَمِعْتِ أُمكِ، تَذْكُرُ فِي صَوْمِ عَاشُورَاءَ شَيْئًا؟ قَالَتْ: نَعَمْ، سَمِعْتُ أُمي رُزَيْنَةَ، تَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: يُعَظمُهُ حَتى إِنْ كَانَ لَيَدْعُو بِصِبْيانِهِ، وَصِبْيَانِ فَاطِمَةَ الْمَرَاضِيعِ فِي ذَلِكَ الْيَوْمِ فَيَتْفُلُ فِي أَفْوَاهِهِمْ وَيَقُولُ: لأُمهَاتِهِمْ: لاتُرْضِعُوهُمْ إِلَى اللَّيْلِ فَكَانَ رِيقُهُ يُجْزِئُهُمْ.

2990 ـ ئەلىلە بىنتى كۇمەيت ئەتكىيىيە ئانىسى ئۇمەيىنەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن رۇزەيىنەنىڭ قىزى ئەمەتۇللاھتىن:

— ھەي ئەمەتۇللاھ! ئاشۇرا كۈنى توغرۇلۇق ئاناڭنىڭ بىر نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ:

— ھەئە، ئانام رۇزەيىنە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنىنى بەكمۇ ئۇلۇغلايتتى. ئۇ كۈنى ئۆزىنىڭ كىچىك

بالىلىرىنى ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىمىۋاتقان بالىلىرىنىمۇ كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىڭىزلىرىغا سۈفلەپ قويىاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئانىلىرىغا:

«ئۇلارنى كەچكىچە ئىمىتمەڭلار!» دەيتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈفلىشى ئۇلارنىڭ قورسىقىنى توق تۇتاتتى[1].

(«ئەلكەبىر»؛ «ئەلئەسەت»؛ مەۋسىلى: 7162)

2991 - وللكبير بإسناد متروك مرسل عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ عُثْمَانُ: وَكَانَتْ لأَبِيهِ صُحْبَةٌ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: رَجَبٌ شَهْرٌ عَظِيمٌ، يُضَاعِفُ اللهُ فِيهِ الْحَسَنَاتِ، فَمَنْ صَامَ يَوْمًا مِنْ رَجَبٍ فَكَأَنَما صَامَ سَنَةً، وَمَنْ صَامَ مِنْهُ سَبْعَةَ أَيامٍ غُلقَتْ عَنْهُ سَبْعَةُ أَبْوَابِ جَهَنمَ، وَمَنْ صَامَ مِنْهُ ثَمَانِيَةَ أَيامٍ فُتِحَتْ لَهُ ثَمَانِيَةُ أَبْوَابِ الْجَنةِ، وَمَنْ صَامَ مِنْهُ عَشَرَةَ أَيامٍ لَمْ يَسْأَلِ اللهَ شَيْئًا إِلا أَعْطَاهُ إِياهُ، وَمَنْ صَامَ مِنْهُ خَمْسَةَ عَشَرَ يَوْمًا نَادَى مُنَادٍ فِي السمَاءِ قَدْ غُفِرَ لَكَ مَا مَضَى فَاسْتَئْنِفِ الْعَمَلَ، وَمَنْ زَادَ زَادَهُ اللهُ عَز وَجَل، وَفِي رَجَبٍ حَمَلَ اللهُ نُوحًا فِي السفِينَةِ فَصَامَ رَجَبًا، وَأَمَرَ مَنْ مَعَهُ أَنْ يَصُومُوا، فَجَرَتْ بِهِمُ السفِينَةُ سِتةَ أَشْهُرٍ، آخِرُ ذَلِكَ يَوْمُ عَاشُورَاءَ أُهْبِطَ عَلَى الْجُودِي فَصَامَ نُوحٌ وَمَنْ مَعَهُ وَالْوَحْشُ شُكْرًا لِلهِ عَز وَجَل، وَفِي يَوْمِ عَاشُورَاءَ أَفْلَقَ اللهُ الْبَحْرَ لِبَنِي إِسْرَائِيلَ، وَفِي يَوْمِ عَاشُورَاءَ تَابَ اللهُ عَز وَجَل عَلَى آدَمَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَى مَدِينَةِ يُونُسَ، وَفِيهِ وُلِدَ إِبْرَاهِيمُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2991 ـ ئابدۇلئەزىز دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى:

«رەجەپ ئېيى ناھايىتى كاتتا ئاي بولۇپ، الله تائالا ئۇ ئايدا قىلىنغان ياخشىلىقلارغا ھەسسىلەپ ساۋاپ ئاتا قىلىدۇ. كىمكى ئۇ ئايدا بىر كۈن روزا تۇتسا، بىر يىل روزا تۇتقاندەك بولىدۇ. كىمكى يەتتە كۈن روزا تۇتسا، ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ يەتتە دەرۋازىسى تاقىلىدۇ. كىمكى سەككىز كۈن روزا

[1] ھەيسەمى (5118): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مەن سەنەدىدىكى ئەلىيلە ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم، ـ دېگەن.

تۇتسا، ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ. كىمكى ئون كۈن روزا تۇتسا، اﷲتىن قانداقلا بىر نەرسە تىلىسە، اﷲ ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىدۇ. كىمكى ئۇ ئايدا ئون بەش كۈن روزا تۇتسا، ئاسماندىن بىر جاكارچى: ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىندى، ئەمدى ئەمەلنى يېڭىدىن باشلا (يەنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغىن)! ـ دەيدۇ. كىمكى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق روزا تۇتسا، اﷲمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇكاپات بېرىدۇ. اﷲ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى رەجەپ ئېيىدا كېمىگە چىقاردى. نۇھ ئەلەيھىسسالام (كېمىدە) روزا تۇتتى ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە بولغانلارنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى. ئۇلار كېمىدە ئالتە ئاينى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى (ئاشۇرا كۈنى) جۇدى تېغىغا كېلىپ توختىدى. شۇ كۈندە نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ئىنسانلار، ھەتتا ياۋايى ھايۋانلارمۇ اﷲقا شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن روزا تۇتتى. اﷲ ئاشۇرا كۈنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن دېڭىزنى يېرىپ، ئۇلارغا يول ئېچىپ بەردى. يەنە شۇ كۈنى اﷲ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋبىسىنى ۋە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ شۇ كۈنى تۇغۇلدى»①.

(«ئەلكەبىر»: 5538)

2992 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلَمَ "لَمْ يُتِم صَوْمَ شَهْرٍ بَعْدَ رَمَضَانَ، إلا رَجَبَ وَشَعْبَانَ".

2992 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىدىن كېيىن، ھېچقايسى ئايدا رەجەپ ۋە شەئبان ئايلىرىدىكىدەك تولۇق روزا تۇتمىغانىدى②.

(«ئەلئەۋسەت»)

① ھەيسەمى (5132): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلغەفۇر ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك كىشى بار، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (5154): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۇسۇف ئىبنى ئەتىييە سەففار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

2993 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ صِيَامِ رَجَبٍ.

2993 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەجەپ ئېيىدا روزا تۇتۇشتىن توسقان[1].

(ئىبنى ماجە: 1743)

2994 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ مَا صَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَهْرًا كَامِلًا قَط غَيْرَ رَمَضَانَ وَكَانَ يَصُومُ إِذَا صَامَ حَتى يَقُولَ الْقَائِلُ لَا وَاللهِ لَا يُفْطِرُ وَيُفْطِرُ إِذَا أَفْطَرَ حَتى يَقُولَ الْقَائِلُ لَا وَاللهِ لَا يَصُومُ.

2994 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاندىن باشقا ئايدا ھەرگىزمۇ تولۇق بىر ئاي روزا تۇتمايتتى. ئۇ بەزىدە ھەر كۈنى روزا تۇتاتتىكى، بىز: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمدى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتىدىكەن دەپ قالاتتۇق؛ بەزىدە شۇنداق ئۇزۇن ۋاقىتقىچە روزا تۇتمايتتىكى، ئۇنداق چاغلاردا بىز: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭدىن كېيىن (نەپلە) روزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق.

(مۇسلىم: 1157)

2995 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَقِيقٍ قَالَ قُلْتُ لِعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُومُ شَهْرًا كُلهُ قَالَتْ مَا عَلِمْتُهُ صَامَ شَهْرًا كُلهُ إِلا رَمَضَانَ وَلَا أَفْطَرَهُ كُلهُ حَتى يَصُومَ مِنْهُ حَتى مَضَى لِسَبِيلِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

2995 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاي تولۇق (نەپلە) روزا تۇتامتى؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

---

[1] ئەلبانى (380): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر، رامىزان ئېيىدىن باشقا ئايدا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتقانلىقىنى ۋە بىرەر ئاينى ھېچ روزا تۇتماي ئۆتكۈزگىنىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1156)

2996 - عَنْ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُومُ حَتى نَقُولَ لَا يُفْطِرُ وَيُفْطِرُ حَتى نَقُولَ لَا يَصُومُ وَمَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَكْمَلَ صِيَامَ شَهْرٍ قَط إِلا رَمَضَانَ وَمَا رَأَيْتُهُ فِي شَهْرٍ أَكْثَرَ مِنْهُ صِيَامًا فِي شَعْبَانَ.

2996 ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتاتتى. ھەتتا بىز: ئەمدى ھېچ توختىماي روزا تۇتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ كېتەتتۇق. بەزىدە خېلى ئۇزۇنغىچە روزا تۇتمايتتى. ئۇنداق چاغلاردا بىز: ئەمدى ھېچ روزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتۇق. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزان ئېيىدىن باشقا ئايدا تولۇق روزا تۇتقىنىنى ۋە ھېچبىر ئايدا شەئبان ئېيىدىكىدەك كۆپ (نەپلە) روزا تۇتقىنىنى كۆرمىدىم.

(مۇسلىم: 1156)

2997 - كَانَ يَصُومُ شَعْبَانَ كُلهُ كَانَ يَصُومُ شَعْبَانَ إِلا قَلِيلًا.

2997 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەئبان ئېيىنىڭ ھەممە كۈنى دېگۈدەك روزا تۇتاتتى. پەقەت بەزى كۈنلىرىلا تۇتمايتتى، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 1156)

2998 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَيْسٍ سَمِعَ عَائِشَةَ تَقُولُ كَانَ أَحَب الشهُورِ إِلَى

رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَصُومَهُ شَعْبَانُ ثُم يَصِلُهُ بِرَمَضَانَ.

2998 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەيس ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە روزا ئۇچۇن شەئبان ئېيىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى ۋە شەئبان ئېيىدا تۇتقان روزىسىنى رامىزان ئېيىغا ئۇلايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2431)

2999 - وفي أخرى: كَانَ يَصُومُ شَعْبَانَ كُلهُ.

2999 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: شەئبانىنىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتاتتى، ـ دېيىلگەن[2].

(نەسائى: 2179)

3000 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ مَا رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُومُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ إلا شَعْبَانَ وَرَمَضَانَ.

3000 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزان ۋە شەئبان ئايلىرىدىن باشقا ئايلاردا ئارقىمۇ ئارقا ئىككى ئاي روزا تۇتقىنىنى كۆرمىدىم[3].

(تىرمىزى: 736)

3001 - عن أُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ لَمْ أَرَكَ تَصُومُ شَهْرًا مِنْ الشهُورِ مَا تَصُومُ مِنْ شَعْبَانَ قَالَ ذَلِكَ شَهْرٌ يَغْفُلُ الناسُ عَنْهُ بَيْنَ رَجَبٍ وَرَمَضَانَ وَهُوَ شَهْرٌ تُرْفَعُ فِيهِ الْأَعْمَالُ إِلَى رَب الْعَالَمِينَ فَأُحِب أَنْ يُرْفَعَ عَمَلِي وَأَنَا صَائِمٌ.

3001 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

[1] ئەلبانى (2124): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2059): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (588): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ھېچبىر ئايدا شەئبان ئېيىدىكىدەك روزا تۇتقىنىڭنى كۆرمىدىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ ئاي رەجەپ ئېيى بىلەن رامىزان ئېيىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئاي بولۇپ، كىشىلەر ئۇ ئايدىن غاپىل قالىدۇ. ئۇنىڭدا ئەمەللەر ئالەملەرنىڭ رەببىگە كۆتۈرۈلىدۇ. مەن ئەمەللىرىمنىڭ روزا تۇتقان ھالىتىمدە كۆتۈرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 2357)

3002 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ أَن أُسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ كَانَ يَصُومُ أَشْهُرَ الْحُرُمِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صُمْ شَوالًا فَتَرَكَ أَشْهُرَ الْحُرُمِ ثُم لَمْ يَزَلْ يَصُومُ شَوالًا حَتى مَاتَ.

3002 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ: ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا روزا تۇتاتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

«شەۋۋال ئېيىدا روزا تۇتقىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا روزا تۇتۇشنى تەرك ئېتىپ، شەۋۋال ئېيىدا روزا تۇتۇشنى تاكى ئالەمدىن ئۆتكىچە داۋاملاشتۇردى[②].

(ئىبنى ماجە: 1744)

3003 - عن عَائِشَةَ قَالَتْ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَتَحَرى صِيَامَ الِاثْنَيْنِ وَالْخَمِيسِ.

3003 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيشەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بەكمۇ تىرىشاتتى[③].

(نەسائى: 2360)

[①] ئەلبانى (2221): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (381): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (2224): سەھىھ ـ دېگەن.

3004 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تُعْرَضُ الْأَعْمَالُ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَالْخَمِيسِ فَأُحِب أَنْ يُعْرَضَ عَمَلِي وَأَنا صَائِمٌ.

3004 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەمەللەر پەيشەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنلىرى الله تائالاغا كۆتۈرۈلىدۇ. مەن ئەمەللىرىمنىڭ روزىدار ھالىتىمدە كۆتۈرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىمەن»[1].

(تىرمىزى:747)

3005 - عَنْ حَفْصَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُومُ ثَلَاثَةَ أَيامٍ مِنْ الشهْرِ الِاثْنَيْنِ وَالْخَمِيسَ وَالِاثْنَيْنِ مِنْ الْجُمْعَةِ الْأُخْرَى.

3005 ـ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئايدا ئۈچ كۈن، يەنى دۈشەنبە، پەيشەنبە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2451)

3006 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُومُ مِنْ الشهْرِ السبْتَ وَالْأَحَدَ وَالِاثْنَيْنِ وَمِنْ الشهْرِ الْآخَرِ الثلَاثَاءَ وَالْأَرْبِعَاءَ وَالْخَمِيسَ.

3006 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاينىڭ شەنبە، يەكشەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنلىرى، يەنە بىر ئاينىڭ سەيشەنبە، چارشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتاتتى[3].

(تىرمىزى: 746)

3007 - عن ابن عمرو بن العا Î : أن النF صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أمره أن يصـوم

[1] ئەلبانى (596): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2141): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (121): زەئىپ، ـ دېگەن.

كل أربعاء و Rيس.

3007 ـ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ھەر چارشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بۇيرىغانىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3008 - عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ مُسْلِمٍ الْقُرَشِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَأَلْتُ أَوْ سُئِلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ صِيَامِ الدهْرِ فَقَالَ إِن لِأَهْلِكَ عَلَيْكَ حَقًا صُمْ رَمَضَانَ وَالذِي يَلِيهِ وَكُل أَرْبِعَاءَ وَخَمِيسٍ فَإِذَا أَنتَ قَدْ صُمْتَ الدهْرَ.

3008 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مۇسلىم قۇرەشى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يىلبويى روزا تۇتۇش توغرۇلۇق سورىغانىدىم (ياكى باشقىلار سورىغانىدى)، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئەھلىڭنىڭ ھەققى بار، رامىزاندا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايدا (يەنى شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن) روزا تۇتقىن. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا، ھەر چارشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتساڭ، يىلبويى روزا تۇتقانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشسەن» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2432)

3009 - عَنْ ابْنِ مِلْحَانَ الْقَيْسِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْمُرُنَا أَنْ نَصُومَ الْبِيضَ ثَلَاثَ عَشْرَةَ وَأَرْبَعَ عَشْرَةَ وَخَمْسَ عَشْرَةَ قَالَ وَقَالَ هُن كَهَيْئَةِ الدهْرِ.

3009 ـ ئىبنى مىلھان قەيسى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى تولۇن ئايلىق كۈنلەردە، يەنى ھەر ئاينىڭ 13، 14 ۋە 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇپ: «شۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇش يىلبويى روزا تۇتقانغا

[1] ئەلبانى (527): زەئىپ، ـ دېگەن.

باراۋەردۇر» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2449)

3010 - عَنْ مُعَاذَةَ قَالَتْ قُلْتُ لِعَائِشَةَ أَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُومُ مِنْ كُل شَهْرٍ ثَلَاثَةَ أَيامٍ قَالَتْ نَعَمْ قُلْتُ مِنْ أَي شَهْرٍ كَانَ يَصُومُ قَالَتْ مَا كَانَ يُبَالِي مِنْ أَي أَيامِ الشهْرِ كَانَ يَصُومُ.

3010 ـ مۇئازە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتامتى؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

ــ ھەئە، تۇتاتتى، ـ دېدى. ئاندىن:

ــ قايسى ئايدىن تارتىپ تۇتاتتى؟ ـ دېسەم:

ــ قايسى ئاي بولۇشىغا قارىماي تۇتاتتى، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2453)

3011 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ رَجُلٌ أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ كَيْفَ تَصُومُ فَغَضِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَأَى عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ غَضَبَهُ قَالَ رَضِينَا بِاللهِ رَبا وَبِالْإِسْلَامِ دِينًا وَبِمُحَمدٍ نَبِيا نَعُوذُ بِاللهِ مِنْ غَضَبِ اللهِ وَغَضَبِ رَسُولِهِ فَجَعَلَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يُرَددُ هَذَا الْكَلَامَ حَتى سَكَنَ غَضَبُهُ فَقَالَ عُمَرُ يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ بِمَنْ يَصُومُ الدهْرَ كُلهُ قَالَ لَا صَامَ وَلَا أَفْطَرَ أَوْ قَالَ لَمْ يَصُمْ وَلَمْ يُفْطِرْ قَالَ كَيْفَ مَنْ يَصُومُ يَوْمَيْنِ وَيُفْطِرُ يَوْمًا قَالَ وَيُطِيقُ ذَلِكَ أَحَدٌ قَالَ كَيْفَ مَنْ يَصُومُ يَوْمًا وَيُفْطِرُ يَوْمًا قَالَ ذَاكَ صَوْمُ دَاوُدَ عَلَيْهِ السلَام قَالَ كَيْفَ مَنْ يَصُومُ يَوْمًا وَيُفْطِرُ يَوْمَيْنِ قَالَ وَدِدْتُ أَني طُوقْتُ ذَلِكَ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثٌ مِنْ كُل شَهْرٍ وَرَمَضَانُ إِلَى رَمَضَانَ فَهَذَا صِيَامُ الدهْرِ كُلهِ صِيَامُ يَوْمِ عَرَفَةَ أَحْتَسِبُ عَلَى اللهِ أَنْ يُكَفرَ السنَةَ التِي قَبْلَهُ وَالسنَةَ التِي بَعْدَهُ وَصِيَامُ يَوْمِ عَاشُورَاءَ أَحْتَسِبُ عَلَى اللهِ أَنْ يُكَفرَ السنَةَ التِي قَبْلَهُ.

---

[1] ئەلبانى (2139): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2142): سەھىھ ـ دېگەن.

3011 ـ ئەبۇ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ روزىنى قانداق تۇتىسەن؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاچچىغى كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ ئىگىمىزنىڭ الله، دىنىمىزنىڭ ئىسلام ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولغانلىقىدىن ھەقىقەتەن مەمنۇنمىز. اللهقا سېغىنىپ الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ غەزىۋىدىن پاناھ تىلەيمىز، ـ دېدى ۋە بۇ سۆزنى تاكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاچچىغى يانغانغا قەدەر توختىماي تەكرارلىدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! يىلبويى روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ روزا تۇتقانمۇ، تۇتمىغانمۇ ھېسابلانمايدۇ (دېمەك، ئۇ سۈننەتكە مۇۋاپىق روزا ئەمەس)، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە:

ـ ئىككى كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمىغان ئادەمنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىشى (مۇشۇنداق قىلىشقا) قادىر بولالامدۇ؟! ـ دېدى.

ـــ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمىغان ئادەمچۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى:

ـ ئەنە شۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر، ـ دېدى. يەنە:

ـــ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، ئىككى كۈن تۇتمىغان ئادەمچۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى:

ـ تاقىتىمنىڭ شۇنىڭغا يېتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ـ دېدى. ئاندىن (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم):

ـ رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتقاندىن سىرت، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىلبويى روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر. مەن الله تائالادىن ئەرەفات كۈنى

روزا تۇتقانلارنىڭ ئىلگىرىكى بىر يىللىق ۋە كېيىنكى بىر يىللىق گۇناھىنى، ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقۇچىلارنىڭ ئىلگىرىكى بىر يىللىق گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1162)

3012 - وفي رواية: وَسُئِلَ عَنْ صَوْمِ يَوْمِ الِاثْنَيْنِ قَالَ ذَاكَ يَوْمٌ وُلِدْتُ فِيهِ وَيَوْمٌ بُعِثْتُ أَوْ أُنْزِلَ عَلَيَّ فِيهِ.

3012 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتۇش توغرۇلۇق سورالغاندى:

«ئۇ، مەن تۇغۇلغان، پەيغەمبەرلىككە تەيىنلەنگەن ياكى ماڭا قۇرئان چۈشۈرۈلگەن كۈندۇر» دېدى.

(مۇسلىم: 1162)

3013 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُومُ يَعْنِي مِنْ غُرةِ كُل شَهْرٍ ثَلَاثَةَ أَيامٍ.

3013 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2450)

3014 - عَنْ عَامِرِ بْنِ مَسْعُودٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْغَنِيمَةُ الْبَارِدَةُ الصوْمُ فِي الشتَاءِ.

3014 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىش كۈندىكى روزا ـ مۇشەققەتسىز ئېرىشىلگەن ئەجىردۇر»[2].

(تىرمىزى: 797)

---

[1] ئەلبانى (2140): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (639): سەھىھ ـ دېگەن.

3015 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى عَنْ صِيَامِ يَوْمَيْنِ يَوْمِ الْفِطْرِ وَيَوْمِ النَّحْرِ.

3015 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشتىن توسقان.

(مۇسلىم: 827)

3016 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ سَمِعَ أَهْلَ الْعِلْمِ يَقُولُونَ لَا بَأْسَ بِصِيَامِ الدَّهْرِ إِذَا أَفْطَرَ الْأَيَّامَ الَّتِي نَهَى رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ صِيَامِهَا وَهِيَ أَيَّامُ مِنًى وَيَوْمُ الْأَضْحَى وَيَوْمُ الْفِطْرِ فِيمَا بَلَغَنَا قَالَ وَذَلِكَ أَحَبُّ مَا سَمِعْتُ إِلَيَّ فِي ذَلِكَ.

3016 ـ مالىك ئالىملاردىن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتۇشتىن توسقان كۈنلەر، يەنى مىنا كۈنلىرى ۋە ئىككى ھېيت كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا يىلبويى روزا تۇتسا بولىۋېرىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋە: بۇ سۆز مېنىڭ بۇ ھەقتە ئاڭلىغانلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ يېقىملىقىدۇر، ـ دېگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3017 - عَنْ أَبِي عُبَيْدٍ مَوْلَى عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ قَالَ شَهِدْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ فِي يَوْمِ النَّحْرِ بَدَأَ بِالصَّلَاةِ قَبْلَ الْخُطْبَةِ ثُمَّ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَنْهَى عَنْ صَوْمِ هَذَيْنِ الْيَوْمَيْنِ أَمَّا يَوْمُ الْفِطْرِ فَفِطْرُكُمْ مِنْ صَوْمِكُمْ وَعِيدٌ لِلْمُسْلِمِينَ وَأَمَّا يَوْمُ الْأَضْحَى فَكُلُوا مِنْ لُحُومِ نُسُكِكُمْ.

3017 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ: قۇربان ھېيت كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇتبىدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ئۇ نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇپ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى

كۈنى روزىدىن ئىبارەت ئاچقان كۈنىڭلاردۇر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت كۈنىدۇر. قۇربان ھېيت كۈنى بولسا، قۇربانلىق قىلغان ماللىرىڭلارنىڭ گۆشىدىن يەيدىغان كۈنىڭلاردۇر، ـ دېگەنىدى[1].

(تىرمىزى: 771)

3018 – سليمان بن يسار: نَهَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ صِيَامِهِن وَأَمَرَنَا بِفِطْرِهِن قَالَ مَالِك هِيَ أَيامُ التشْرِيقِ.

3018 ـ سۇلەيمان ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشتىن توسۇپ، ئۇ كۈنلەردە ئىغىزىمىز ئوچۇق تۇرۇشقا بۇيرىدى.

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ كۈنلەر تەشرىق كۈنلىرىدۇر[2]، ـ دېدى.

(مالىك: 846)

3019 - عَنْ نُبَيْشَةَ الْهُذَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيامُ التشْرِيقِ أَيامُ أَكْلٍ وَشُرْبٍ وَذِكْرٍ لِلهِ.

3019 ـ نۇبەيشە ھۇزەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تەشرىق كۈنلىرى يەپ ـ ئىچىش ۋە اللهقا زىكرى ئېيتىش كۈنلىرىدۇر».

(مۇسلىم: 1141)

3020 - عَنْ صِلَةَ بْنِ زُفَرَ قَالَ كُنا عِنْدَ عَمارِ بْنِ يَاسِرٍ فَأُتِيَ بِشَاةٍ مَصْلِيةٍ فَقَالَ كُلُوا فَتَنحى بَعْضُ الْقَوْمِ فَقَالَ إِني صَائِمٌ فَقَالَ عَمارٌ مَنْ صَامَ الْيَوْمَ الذِي يَشُك فِيهِ الناسُ فَقَدْ عَصَى أَبَا الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3020 ـ سىلە ئىبنى زۇفەر مۇنداق دەيدۇ: بىز (شەئبان ۋە رامىزان

[1] ئەلبانى (619): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] تەشرىق كۈنلىرى ـ قۇربان ھېيتىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ كۈنىدۇر.

ئېيىدىن قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكى نامەلۇم بىر كۈندە) ئەممار ئىبنى ياسىر بىلەن ئولتۇراتتۇق، ئالدىمىزغا ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان بىر قوي ئېلىپ كېلىندى. ئەممار ئىبنى ياسىر:

ـ قېنى يەڭلار! ـ دېدى. ئارىمىزدىن بىرەيلەن:

ـــ مەن روزىدار، ـ دەپ يېگىلى ئۇنىمىغاندى. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ كىمكى كىشىلەر (رامىزان كىرگەنمىدۇ ـ كىرمىگەنمىدۇ دەپ) شەك قىلىۋاتقان بىر كۈندە روزا تۇتسا، شۈبھىسىزكى، ئەبۇلقاسىم (يەنى پەيغەمبىرىمىز) سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 686)

3021 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ سَمِعَ أَهْلَ الْعِلْمِ يَنْهَوْنَ أَنْ يُصَامَ الْيَوْمُ الَّذِي يُشَكُّ فِيهِ مِنْ شَعْبَانَ إِذَا نَوَى بِهِ صِيَامَ رَمَضَانَ وَيَرَوْنَ أَنَّ عَلَى مَنْ صَامَهُ عَلَى غَيْرِ رُؤْيَةٍ ثُمَّ جَاءَ الثَّبْتُ أَنَّهُ مِنْ رَمَضَانَ أَنَّ عَلَيْهِ قَضَاءَهُ وَلَا يَرَوْنَ بِصِيَامِهِ تَطَوُّعًا بَأْسًا.

3021 ـ مالىك مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىلىم ئەھلىنىڭ شەئبان ياكى رامىزان ئېيىدىن قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان شەك كۈندە رامىزاننىڭ روزىسىغا نىيەت قىلىپ روزا تۇتۇشتىن چەكلىگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ: ”كىمكى رامىزان ئېيىنى كۆرمەي تۇرۇپ روزا تۇتسا، ئاندىن شۇ كۈننىڭ رامىزان ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا، ئۇ، شۇ كۈننىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، تۇتقان روزىسى نەپلە روزىغا ھېساب بولىدۇ“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3022 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا انْتَصَفَ شَعْبَانُ فَلَا تَصُومُوا.

[1] ئەلبانى (553): سەھىھ ـ دېگەن.

3022 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«شەئبان ئېيى يېرىملاشقاندا (نەپلە) روزا تۇتماڭلار»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 2337)

3023 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ لَا تَقَدَّمُوا رَمَضَانَ بِصَوْمِ يَوْمٍ وَلَا يَوْمَيْنِ إِلا رَجُلٌ كَانَ يَصُومُ صَوْمًا فَلْيَصُمْهُ.

3023ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«رامىزان ئېيىدىن بىر ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى روزا تۇتۇۋالماڭلار. ئەگەر روزا تۇتۇۋاتقانلار بولسا، تۇتىۋەرسە بولىدۇ (يەنى رامىزاندىن ئىلگىرى نەپلە روزا تۇتۇپ كەلگەن كىشى بولسا، روزىسىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ)».
(مۇسلىم: 1082)

3024 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أن النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ لَهُ أَوْ قَالَ لِرَجُلٍ وَهُوَ يَسْمَعُ يَا فُلَانُ أَصُمْتَ مِنْ سُرِةِ هَذَا الشهْرِ قَالَ لَا قَالَ فَإِذَا أَفْطَرْتَ فَصُمْ يَوْمَيْنِ.

3024 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن:
ـ ئى پالانچى! شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا (يەنى تولۇن ئايلىق كۈنلەردە) روزا تۇتتۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:
ـ ياق، ـ دېگەنىدىم:
ـ ئۇنداقتا، رامىزان ئېيىنى (ساق ـ سالامەت) ئاخىرلاشتۇرساڭ، ئىككى كۈن روزا تۇتقىن! ـ دېدى.
(مۇسلىم: 1161)

[1] ئەلبانى (2049): سەھىھ ـ دېگەن.

3025 - عن عِكْرِمَةُ قَالَ كُنا عِنْدَ أَبِي هُرَيْرَةَ فِي بَيْتِهِ فَحَدثَنَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ صَوْمِ يَوْمِ عَرَفَةَ بِعَرَفَةَ.

3025 ـ ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە بولغان ئىدۇق، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەرەفات كۈنى ئەرەفاتتا تۇرۇپ روزا تۇتۇشتىن توسقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2440)

3026 - عَنْ مَيْمُونَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن الناسَ شَكوا فِي صِيَامِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ عَرَفَةَ فَأَرْسَلَتْ إِلَيْهِ بِحِلَابٍ وَهُوَ وَاقِفٌ فِي الْمَوْقِفِ فَشَرِبَ مِنْهُ وَالناسُ يَنْظُرُونَ.

3026 ـ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر ئەرەفات كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقى توغرىسىدا شەك قىلىشتى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە بىر قاچا سۈت ئەۋەتتىم، ئۇ كىشىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۈتنى ئىچتى.

(بۇخارى: 1989)

3027 - عَنْ ابْنِ أَبِي نَجِيحٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ سُئِلَ ابْنُ عُمَرَ عَنْ صَوْمِ يَوْمِ عَرَفَةَ بِعَرَفَةَ فَقَالَ حَجَجْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَصُمْهُ وَمَعَ أَبِي بَكْرٍ فَلَمْ يَصُمْهُ وَمَعَ عُمَرَ فَلَمْ يَصُمْهُ وَمَعَ عُثْمَانَ فَلَمْ يَصُمْهُ وَأَنَا لَا أَصُومُهُ وَلَا آمُرُ بِهِ وَلَا أَنْهَى عَنْهُ.

3027 ـ ئىبنى ئەبۇ نەجىھ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئەرەفات كۈنى ئەرەفاتتا تۇرۇپ روزا تۇتۇش توغرۇلۇق سورالغانىدى، ئۇ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ھەج قىلغان ئىدىم، ئۇ روزا تۇتمىغان. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەنمۇ بىرگە ھەج قىلدىم، ئۇلارمۇ روزا تۇتمىغان.

[1] ئەلبانى (528): زەئىپ ـ دېگەن.

مەن ئۆزەم روزا تۇتمايمەن، باشقىلارنى تۇتۇشقا بۇيرىمايمەن، تۇتقانلارنىمۇ توسمايمەن، - دېدى[1].

(تىرمىزى: 751)

3028 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَخْتَصوا لَيْلَةَ الْجُمُعَةِ بِقِيَامٍ مِنْ بَيْنِ اللَيَالِي وَلَا تَخُصوا يَوْمَ الْجُمُعَةِ بِصِيَامٍ مِنْ بَيْنِ الْأَيامِ إِلا أَنْ يَكُونَ فِي صَوْمٍ يَصُومُهُ أَحَدُكُمْ.

3028 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچىلەردىن پەقەت جۈمە كېچىسىنىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك كۈنلەردىن جۈمە كۈنىنىلا روزا تۇتۇش ئۈچۈن خاس قىلىۋالماڭلار. ئەمما بىرىڭلارنىڭ تۇتۇپ ئادەتلەنگەن نەپلە روزىسى مۇشۇنىڭغا توغرا كېلىپ قالسا (مەسىلەن ھەر ئاينىڭ ئوتتۇرىدىكى ئۈچ كۈنلۈك روزىغا ئوخشاش)، ئۇ چاغدا تۇتساڭلار بولىۋېرىدۇ».

(مۇسلىم: 1144)

3029 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُسْرٍ عَنْ أُخْتِهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَصُومُوا يَوْمَ السبْتِ إِلا فِيمَا افْتَرَضَ اللهُ عَلَيْكُمْ فَإِنْ لَمْ يَجِدْ أَحَدُكُمْ إِلا لِحَاءَ عِنَبَةٍ أَوْ عُودَ شَجَرَةٍ فَلْيَمْضُغْهُ.

3029 - ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمشىرىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شەنبە كۈنلىرى الله پەرز قىلغان روزىدىن باشقا نەپلە روزا تۇتماڭلار. ئەگەر بىرەرسىڭلار يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالمىسا، ئۈزۈمنىڭ پوستى ياكى دەرەخنىڭ نوتىسىنى بولسىمۇ چاينىۋەتسۇن (يەنى شۇ ئارقىلىق شەنبە كۈنى نەپلە روزا تۇتمىسۇن)»[2].

(تىرمىزى: 744)

---

[1] ئەلبانى (599): سەنەدى سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (594): سەھىھ - دېگەن.

3030 - عَنْ كُرَيْبٍ، قَالَ: أَرْسَلَنِي نَاسٌ إِلَى أُمِّ سَلَمَةَ، أَسْأَلُهَا: أَيُّ الأَيَّامِ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَكْثَرَهَا صَوْمًا؟ فَقَالَتْ: السَّبْتُ وَالأَحَدُ، وَيَقُولُ: هُمَا يَوْمَا عِيدٍ لِلْمُشْرِكِينَ فَأُحِبُّ أَنْ أُخَالِفَهُمْ.

3030 ـ كۇرەيب مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر مېنى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ يېنىغا بېرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قايسى كۈنلەردە كۆپ روزا تۇتىدىغانلىقىنى سوراپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنها:

ــ شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى كۆپ تۇتاتتى ۋە: «بۇ ئىككى كۈن (شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى) مۇشرىكلارنىڭ ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى بولۇپ، مەن ئۇلارغا خىلاپ ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن» دەيتتى، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 183/23)

3031 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، يَقُولُ: "مَنْ صَامَ يَوْمَ الأَرْبِعَاءِ، وَالْخَمِيسِ، وَالْجُمُعَةِ بَنَى اللهُ لَهُ بَيْتًا فِي الْجَنَّةِ، يُرَى ظَاهِرُهُ مِنْ بَاطِنِهِ وَبَاطِنُهُ مِنْ ظَاهِرِهِ".

3031 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«الله تائالا چارشەنبە، پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى روزا تۇتقان كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆينىڭ تېشى ئىچىدىن، ئىچى تېشىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[2].
(«ئەلئەۋسەت»: 255؛ «ئەلكەبىر»)

3032 - عَنْ مُحَمَّدِ بْنِ عَبَّادِ بْنِ جَعْفَرٍ قَالَ سَأَلْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ وَأَنَا أَطُوفُ

[1] ھەيسەمى (5199): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ئىبنى ھىببان بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5204): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالىھ ئىبنى جەبەلە ئىسىملىك بىرى بار. ئەزدىي ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

بِالْبيتِ أَنَهى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ صِيَامِ يَوْمِ الْجُمُعَةِ قَالَ نَعَمْ وَرَب هَذَا الْبَيْتِ.

3032 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئەبباد ئىبنى جەئفەر مۇنداق دەيدۇ: مەن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنلىرى روزا تۇتۇشتىن توسقانمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ مۇشۇ بەيتۇللاھنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ھەئە، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 1724)

3033 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَلمَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُفْطِرُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ.

3033 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۈمە كۈنى روزا تۇتمىغىنىنى بەكمۇ ئاز كۆرگەنىدىم، ـ دېدى[2].

(ئىبنى ماجە: 1725)

[1] ئەلبانى (1401): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1402): ھەسەن، ـ دېگەن.

## يولۇچى قاتارلىق روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلىنغان كىشىلەر، ئۇنىڭ قازاسى ۋە كەففارەتلىرى

3034 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ عَامَ الْفَتْحِ إِلَى مَكةَ فِي رَمَضَانَ فَصَامَ حَتى بَلَغَ كُرَاعَ الْغَمِيمِ فَصَامَ الناسُ ثُم دَعَا بِقَدَحٍ مِنْ مَاءٍ فَرَفَعَهُ حَتى نَظَرَ الناسُ إِلَيْهِ ثُم شَرِبَ فَقِيلَ لَهُ بَعْدَ ذَلِكَ إِن بَعْضَ الناسِ قَدْ صَامَ فَقَالَ أُولَئِكَ الْعُصَاةُ أُولَئِكَ الْعُصَاةُ.

3034 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەككە فەتھى بولغان يىلى رامىزاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە كۇرائۇلغەمىم[1] دېگەن يەرگە كەلگۈچە يولدا روزا تۇتتى، باشقىلارمۇ روزا تۇتقانىدى. كۇرائەلغەمىم دېگەن يەرگە كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قاچا سۇ كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. سۇ كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىچتى. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى كىشىلەرنىڭ روزا تۇتقانلىقى يەتكۈزۈلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇلار ئاسىيلاردۇر، ئۇلار ئاسىيلاردۇر» دېدى.

(مۇسلىم: 1114)

3035 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنهُ أَخْبَرَهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ عَامَ الْفَتْحِ فِي رَمَضَانَ فَصَامَ حَتى بَلَغَ الْكَدِيدَ ثُم أَفْطَرَ. قَالَ الزهْرِي فَصَبحَ

[1] كۇرائۇلغەمىم ـ مەدىنە بىلەن مەككە ئارىسىدىكى بىر جاي بولۇپ، مەدىنىگە تەخمىنەن يەتتە ئۆتەڭ، مەككىگە ئىككى ئۆتەڭ يىراقلىقتا جايلاشقان. تۆۋەندىكى ھەدىسلەردىمۇ كەدىد ۋە قۇدەيد دېگەن ئىككى جاينىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئاساسەن بىر ـ بىرىگە يېقىن جايلاردۇر.

رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَكةَ لِثَلَاثَ عَشْرَةَ لَيْلَةً خَلَتْ مِنْ رَمَضَانَ ، فَكَانُوا يَتبِعُونَ الْأَحْدَثَ فَالْأَحْدَثَ مِنْ أَمرِهِ وَيَرَوْنَهُ الناسِخَ الْمُحْكَمَ.

3035 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەككە فەتھى بولغان يىلى رامىزاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە كەدىد دېگەن جايغىچە روزا تۇتۇپ، ئۇندىن كېيىن تۇتمىدى.

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ 13 ـ كۈنى سەھەردە مەككىگە يېتىپ باردى. ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئەڭ ئاخىرقىسىنى تۇتقا قىلىپ ماڭاتتى ۋە بۇلارنى ناسىخ مۇھكەم (بۇرۇنقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇستەھكەم بېكىتكەن ھۆكۈم) دەپ قارايتتى.

(مۇسلىم: 1113)

3036 - وفي رواية: صَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْمَدِينَةِ حَتى أَتَى قُدَيْدًا ثُم أَفْطَرَ حَتى أَتَى مَكةَ.

3036 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىن قۇدەيد دېگەن جايغىچە روزا تۇتتى، ئۇندىن كېيىن تاكى مەككىگە كەلگىچە روزا تۇتمىدى، ـ دېيىلگەن[1].

(نەسائى: 2288)

3037 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ لَما بَلَغَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْفَتْحِ مَر الظهْرَانِ فَآذَنَنَا بِلِقَاءِ الْعَدُو فَأَمَرَنَا بِالْفِطْرِ فَأَفْطَرْنَا أَجْمَعُونَ.

3037 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەككە فەتھى بولغان يىلى، مەررۇ زەھران دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ دۈشمەنگە ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىنلىكىنى

[1] ئەلبانى (2155): سەھىھ ـ دېگەن.

ئېيتتى ۋە روزا تۇتماسلىققا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھېچقايسىمىز روزا تۇتمىدۇق[1].

(تىرمىزى: 1684)

3038 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كُنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي السفَرِ فَمِنا الصائِمُ وَمِنا الْمُفْطِرُ قَالَ فَنَزَلْنا مَنْزِلًا فِي يَوْمٍ حَار أَكْثَرُنَا ظِلًا صَاحِبُ الْكِسَاءِ وَمِنا مَنْ يَتقِي الشمْسَ بِيَدِهِ قَالَ فَسَقَطَ الصوامُ وَقَامَ الْمُفْطِرُونَ فَضَرَبُوا الْأَبْنِيَةَ وَسَقَوْا الركَابَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَهَبَ الْمُفْطِرُونَ الْيَوْمَ بِالْأَجْرِ.

3038 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سەپەردە ئىدۇق، ئارىمىزدا روزا تۇتقانلارمۇ، تۇتمىغانلارمۇ بار ئىدى. ھاۋا قاتتىق ئىسسىق بىر كۈنى بىر مەنزىلگە چۈشتۇق، كىيىم ـ كېچەكلىرى كۆپ بولغانلار ئۇبدان سايىدىدى، بەزىلەر قولىنى دالدا قىلاتتى، روزا تۇتقانلار بەرداشلىق بېرەلمەي يەردە ياتاتتى، روزا تۇتمىغانلار چېدىر تىكلەپ، ئۇلاغلارنى سۇغاردى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۈگۈن روزا تۇتمىغانلار ساۋابقا ئېرىشتى» دېدى.

(مۇسلىم: 1119)

3039 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ فَرَأَى رَجُلًا قَدْ اجْتَمَعَ الناسُ عَلَيْهِ وَقَدْ ظُللَ عَلَيْهِ فَقَالَ مَا لَهُ قَالُوا رَجُلٌ صَائِمٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ مِنْ الْبِر أَنْ تَصُومُوا فِي السفَرِ.

3039 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر سەپەردە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممەيلەننىڭ سايە ئاستىغا ئېلىنغان بىر كىشىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

[1] ئەلبانى (1376): سەھىھ ـ دېگەن.

— بـۇ روزا تۇتقـانـىكەن، - دېيىشـتى. شـۇنـىڭ بىـلەن، پەيغەمـبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
- سەپەردە روزا تۇتمىغان ياخشى، - دېدى.
(مۇسلىم: 1115)

3040 – أبو موسى، قال لرسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: «أَمِنَ امْبِرِّ امْصَوم في امْسَفَر؟ فقال رسولُ الله -صلى الله عليه وسلم-: ليس من امْبِرِّ امْصَوم في امْسَفَر».

3040 - ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:
— سەپەردە روزا تۇتـۇش ياخشـىمۇ؟ - دەپ سـورىغانـدى، پەيغەمـبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
- ياخشى ئەمەس، - دېدى.
(ئەھمەد: 23167؛ رەزىن؛ «ئەلكەبىر»)

3041 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ قَالَ الصائِمُ فِي السفَرِ كَالْمُفْطِرِ فِي الْحَضَرِ.

3041 - ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: سەپەردە روزا تۇتقان كىشى، ئۆز يۇرتىدا تۇرۇپ روزا تۇتمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ[1].
(نەسائى: 2285)

3042 - وفي رواية: إن اللهَ عَز وَجَل وَضَعَ عَنْ الْمُسَافِرِ شَطْرَ الصلَاةِ وَالصيَامَ وَعَنْ الْحَامِلِ وَالْمُرْضِعِ.

3042 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«الله تائالا مۇساپىردىن نامازنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت بەردى. ھامىلدار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭمۇ روزا

[1] ئەلبانى (134): زەئىپ، - دېگەن.

تۇتماسلىقىغا رۇخسەت بەردى[1].

(نەسائى: 2275)

3043 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كُنا نَغْزُو مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي رَمَضَانَ فَمِنا الصائِمُ وَمِنا الْمُفْطِرُ فَلَا يَجِدُ الصائِمُ عَلَى الْمُفْطِرِ وَلَا الْمُفْطِرُ عَلَى الصائِمِ يَرَوْنَ أَن مَنْ وَجَدَ قُوةً فَصَامَ فَإِن ذَلِكَ حَسَنٌ وَيَرَوْنَ أَن مَنْ وَجَدَ ضَعْفًا فَأَفْطَرَ فَإِن ذَلِكَ حَسَنٌ.

3043 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە غازاتقا چىقتۇق، ئارىمىزدا روزا تۇتقانلارمۇ، تۇتمىغانلارمۇ بار ئىدى. روزا تۇتقانلار بىلەن تۇتمىغانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن كارى بولمايتتى (يەنى بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىمەيتتى)، چۈنكى ئۇلار: كىمنىڭ روزا تۇتقۇدەك تاقىتى بولسا، ئۇنىڭ روزا تۇتقىنى ياخشى؛ كىمنىڭ روزا تۇتقۇدەك ماغدۇرى بولمىسا، ئۇنىڭ تۇتمىغىنى ياخشى، ـ دەپ قارايتتى.

(مۇسلىم: 1116)

3044 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنهَا زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن حَمْزَةَ بْنَ عَمْرٍو الْأَسْلَمِي قَالَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَأَصُومُ فِي السفَرِ وَكَانَ كَثِيرَ الصيَامِ فَقَالَ إِنْ شِئْتَ فَصُمْ وَإِنْ شِئْتَ فَأَفْطِرْ.

3044 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ھەمزە ئىبنى ئەمر ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەك كۆپ روزا تۇتىدىغان كىشى ئىدى، ئۇ شۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ سەپەردە روزا تۇتسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ خالىساڭ تۇت، خالىساڭ تۇتما، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1943)

[1] ئەلبانى (2146): ھەسەن، ـ دېگەن.

3045 - عن حَمْزَةَ بْنَ مُحَمدِ بْنِ حَمْزَةَ الْأَسْلَمِي يَذْكُرُ أن أَبَاهُ أَخْبَرَهُ عَنْ جَدِهِ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إني صَاحِبُ ظَهْرٍ أُعَالِجُهُ أُسَافِرُ عَلَيْهِ وَأُكْرِيهِ وَإِنهُ رُبمَا صَادَفَنِي هَذَا الشهْرُ يَعْنِي رَمَضَانَ وَأَنا أَجِدُ الْقُوةَ وَأَنا شَاب وَأَجِدُ بِأَنْ أَصُومَ يَا رَسُولَ اللهِ أَهْوَنَ عَلَي مِنْ أَنْ أُؤَخرَهُ فَيَكُونُ دَيْنًا أَفَأَصُومُ يَا رَسُولَ اللهِ أَعْظَمُ لِأَجْرِي أَوْ أُفْطِرُ قَالَ أَي ذَلِكَ شِئْتَ يَا حَمْزَةُ.

3045 ـ ھەمزە ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەمزە ئەسلەمى بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ بىر تۆگەم بار، ئۇنىڭ بىلەن ھاجەتلىرىمنى راۋا قىلىمەن. گاھىدا ئۇنىڭغا مىنىپ سەپەر قىلسام، گاھىدا ئۇنى كىراغا سالىمەن. سەپەردىكى ۋاقتىمدا رامىزان ئېيى كىرىپ قېلىشى مۇمكىن، مەن ياش، كۈچۈم بار بىرى بولغاچقا، روزا تۇتۇش ماڭا تەس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن روزىنى كېچىكتۈرۈپ، قازاسىنى قىلغاندىن كۆرە، ئۆز ۋاقتىدا تۇتقىنىمنىڭ ئەجرى كاتتىمۇ ياكى قازاسىنى قىلسام، ئۇنىڭ ئەجرى كاتتىمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى خالىساڭ، شۇنى قىلغىن! ـ دېدى[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 2403)

3046 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ كَعْبٍ أَنهُ قَالَ أَتَيْتُ أَنسَ بْنِ مَالِكٍ فِي رَمَضَانَ وَهُوَ يُرِيدُ سَفَرًا وَقَدْ رُحِلَتْ لَهُ رَاحِلَتُهُ وَلَبِسَ ثِيَابَ السفَرِ فَدَعَا بِطَعَامٍ فَأَكَلَ فَقُلْتُ لَهُ سُنةٌ قَالَ سُنةٌ ثُم رَكِبَ.

3046 ـ مۇھەممەد ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: مەن رامىزاندا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. تۆگىسىنى جابدۇتۇپ، سەپەر كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن، تاماق ئەكەلدۈرۈپ يېدى. مەن:

[1] ئەلبانى (519): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ (سەپەردە روزا تۇتماسلىق) سۈننەتمۇ؟ ـ دەپ سورىسام:
ــ سۈننەت، ـ دېدى، ئاندىن ئۇلىغىغا مىندى[1].
(تىرمىزى: 799)

3047 - عَنْ مَالِكٍ أنهُ بَلَغَهُ أن عُمَرَ بنَ الْخَطابِ كَانَ إِذَا كَانَ فِي سَفَرٍ فِي رَمَضَانَ فَعَلِمَ أنهُ دَاخِلٌ الْمَدِينَةَ مِنْ أولِ يَوْمِهِ دَخَلَ وَهُوَ صَائِمٌ.

3047 ـ ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رامىزاندا سەپەرگە چىققان بولسا، سەپەردىن قايتقاندا: بۈگۈن كەچ كىرىپ بولغىچە مەدىنىگە يېتىپ بارىمەن، ـ دەپ ئويلىغان كۈنى سەھەردە روزا تۇتاتتى ۋە مەدىنىگە روزا تۇتقان ھالدا كىرەتتى.
(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3048 - عَنْ مَنْصُورٍ الْكَلْبِي أن دِحْيَةَ بنَ خَلِيفَةَ خَرَجَ مِنْ قَرْيَةٍ مِنْ دِمَشْقَ مَرةً إِلَى قَدْرِ قَرْيَةِ عُقْبَةَ مِنْ الْفُسْطَاطِ وَذَلِكَ ثَلَاثَةُ أَمْيَالٍ فِي رَمَضَانَ ثُم إِنهُ أَفْطَرَ وَأَفْطَرَ مَعَهُ نَاسٌ وَكَرِهَ آخَرُونَ أَنْ يُفْطِرُوا فَلَما رَجَعَ إِلَى قَرْيَتِهِ قَالَ وَاللهِ لَقَدْ رَأَيْتُ الْيَوْمَ أَمْرًا مَا كُنْتُ أَظُن أني أَرَاهُ إِن قَوْمًا رَغِبُوا عَنْ هَدْيِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابِهِ يَقُولُ ذَلِكَ لِلذِينَ صَامُوا ثُم قَالَ عِنْدَ ذَلِكَ اللهُم اقْبِضْنِي إِلَيْكَ.

3048 ـ مەنسۇر كەلبىي مۇنداق دەيدۇ: دەھيە ئىبنى خەلىفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رامىزان كۈنلىرىدىن بىرىدە دەمەشىق ئەتراپىدىكى بىر يېزىدىن ئۈچ مىل ئۇزاقلىقتىكى يەنە بىر كەنتكە قاراپ سەپەرگە چىقتى (بۇ ئىككى كەنتنىڭ ئارىلىقى پۇستاتتىن[2] ئۇقبە يېزىسىنىڭ ئارىلىقچىلىك كېلەتتى). ئۇ بۇ چاغدا روزا تۇتمىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا چىققانلارنىڭ بەزىلىرى روزا تۇتمىدى، بەزىلىرى روزا تۇتماسلىقنى يامان كۆردى. دەھيە ئىبنى خەلىفە

[1] ئەلبانى (641): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] پۇستات ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىسىرنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن بىنا قىلغان قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، قاھىرەدىن ئىككى مىل ئۇزاقلىقتا، نىل دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېزىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

ـــ الله تائالانىــڭ نــامى بىــلەن قەســەم قىلىمەنكــى، مەن بۈگــۈن، ھاياتىمدا كۆرەرمەن دەپ ئويلاپ باقمىغان ئىشتىن بىرنى كۆردۈم. مەن قەۋمىمنىــڭ پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ۋە ئۇنىــڭ ساھابىلىرىنىڭ يولىدىن يۈز ئۆرۈشىنى كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. ئى الله مېنى قەبرى روھ قىلغىن! ـ دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتقۇچىلارغا قارىتىلغانىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2413)

3049 - عَنْ عُبَيْدٍ قَالَ جَعْفَرٌ ابْنُ جَبْرٍ قَالَ كُنتُ مَعَ أَبِي بَصْرَةَ الْغِفَارِي صَاحِبِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفِينَةٍ مِنْ الْفُسْطَاطِ فِي رَمَضَانَ فَرُفِعَ ثُم قُربَ غَدَاهُ قَالَ جَعْفَرٌ فِي حَدِيثِهِ فَلَمْ يُجَاوِزْ الْبُيوتَ حَتى دَعَا بِالسفْرَةِ قَالَ اقْتَرِبْ قُلْتُ أَلَسْتَ تَرَى الْبُيوتَ قَالَ أَبو بَصْرَةَ أَتَرْغَبُ عَنْ سُنةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ جَعْفَرٌ فِي حَدِيثِهِ فَأَكَلَ.

3049 ـ ئۇبەيد، جەئفەر ئىبنى جەبرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ بەسرە غىفارى ئىككىمىز رامىزان ئېيىدا، پۇستاتتىن كېمە بىلەن يولغا چىقتۇق. كېمە يولغا چىقىپ، ئەتراپتىكى ئۆيلەر تېخى كۆزدىن غايىب بولماي تۇرۇپلا، ئەبۇ بەسرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داستىخان سالدى ۋە:

ـ قېنى يېگىن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئەتراپتىكى ئۆيلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ ســۈننىتىگە خىلاپلىق قىلامسەن؟ ـ دېدى ۋە تاماقنى يېيىشكە باشلىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2412)

[1] ئەلبانى (522): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2109): سەھىھ ـ دېگەن.

3050 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَفْطَرَ يَوْمًا مِنْ رَمَضَانَ مِنْ غَيْرِ رُخْصَةٍ وَلَا مَرَضٍ لَمْ يَقْضِ عَنْهُ صَوْمُ الدهْرِ كُلِهِ وَإِنْ صَامَهُ.

3050 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى رامىزان ئېيىدا ئۆزرىسىز ياكى كېسەل بولماي تۇرۇپ بىر كۈن روزا تۇتمىسا، (باشقا ۋاقىتتا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىمەن دەپ) ئۆمۈر بويى روزا تۇتسىمۇ، ئۇ بىر كۈنىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلالمايدۇ»[①].

(تىرمىزى: 723)

3051 - عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ الصديقِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَتْ أَفْطَرْنَا عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ غَيْمٍ ثُم طَلَعَتْ الشمْسُ قِيلَ لِهشَامٍ فَأُمِرُوا بِالْقَضَاءِ قَالَ لَا بُد مِنْ قَضَاءٍ.

3051 ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، بۇلۇتلۇق بىر كۈنى (كۈن پاتتى دەپ ئويلاپ) ئىپتار قىلدۇق. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي كۈن قايتا چىقتى.

ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: (ئۇلار) قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلدىمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ:

ــ قازاسىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىنمۇ؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 1959)

3052 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ يَصُومُ قَضَاءَ رَمَضَانَ مُتَتَابِعًا مَنْ أَفْطَرَهُ مِنْ مَرَضٍ أَوْ فِي سَفَرٍ.

3052 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كىمكى كېسەل ياكى سەپەر سەۋەبىدىن رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتالمىغان بولسا، (تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ)

[①] ئەلبانى (115): زەئىپ، ـ دېگەن.

قازاسىنى ئارقىمۇ ئارقا تۇتىدۇ، ـ دەيتتى.

(مالىك: 677)

3053 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَنَّ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَبَّاسٍ وَأَبَا هُرَيْرَةَ اخْتَلَفَا فِي قَضَاءِ رَمَضَانَ فَقَالَ أَحَدُهُمَا يُفَرِّقُ بَيْنَهُ وَقَالَ الْآخَرُ لَا يُفَرِّقُ بَيْنَهُ لَا أَدْرِي أَيُّهُمَا قَالَ يُفَرِّقُ بَيْنَهُ.

3053 ـ ئىبنى شىهاب مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رامىزاننىڭ قازاسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلىشىپ قالدى. بىرسى:

ـ (كۈنلەرنى) ئايرىپ تۇتىدۇ، ـ دېسە، يەنە بىرى:

ـ ئايرىماي، ئۇلاپ تۇتىدۇ، ـ دەيتتى.

ئىبنى شىھاب: مەن كىمنىڭ قايسى سۆزنى دېگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى.

(مالىك: 678)

3054 - عَنْ أَبِي سَلَمَةَ قَالَ سَمِعْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا تَقُولُ كَانَ يَكُونُ عَلَيَّ الصَّوْمُ مِنْ رَمَضَانَ فَمَا أَسْتَطِيعُ أَنْ أَقْضِيَهُ إِلَّا فِي شَعْبَانَ الشُّغْلُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَوْ بِرَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

3054 ـ ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رامىزاننىڭ بەزى كۈنلىرى روزا تۇتالمايتتىم ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، شەئبان ئېيىدىن باشقا ۋاقىتتا ئۇ كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلالمايتتىم.

(مۇسلىم: 1146)

3055 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ مَاتَ وَعَلَيْهِ صِيَامٌ صَامَ عَنْهُ وَلِيُّهُ.

3055 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قازا روزىنى ئادا قىلماستىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قازاسىنى يېقىنلىرى قىلىدۇ».

(بۇخارى: 1952)

3056 - عَنْ ابنِ عَباسٍ قَالَ إِذَا مَرِضَ الرجُلُ فِي رَمَضَانَ ثُم مَاتَ وَلَمْ يَصُمْ أُطْعِمَ عَنْهُ وَلَمْ يَكُنْ عَلَيْهِ قَضَاءٌ وَإِنْ كَانَ عَلَيْهِ نَذْرٌ قَضَى عَنْهُ وَلِيُّهُ.

3056 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر ئادەم رامىزاندا كېسەل بولۇپ قېلىپ، قازا روزىسىنى تۇتالمايلا ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قازا روزا تۇتۇلماستىن، (مىسكىنلەرگە) تاماق (پىدىيە) بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ گەدىنىدە بىرەر نەزىر (يەنى سەدىقە ۋە ئۇنىدىن باشقا ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتىغان ئىبادەتلەر) قالغان بولسا، ئۇنىڭ قازاسىنى يېقىنلىرى قىلىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2401)

3057 - عَنْ ابنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ جَاءَتْ امْرَأَةٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن أُمي مَاتَتْ وَعَلَيْهَا صَوْمُ نَذْرٍ أَفَأَصُومُ عَنْهَا قَالَ أَرَأَيْتِ لَوْ كَانَ عَلَى أُمكِ دَيْنٌ فَقَضَيْتِيهِ أَكَانَ يُؤَدي ذَلِكِ عَنْهَا قَالَتْ نَعَمْ قَالَ فَصُومِي عَنْ أُمكِ.

3057 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ ئانام ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ گەدىنىدە نەزىر قىلغان روزا قالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن روزا تۇتسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئېيتقىنە! ئەگەر ئاناڭنىڭ قەرزى بولسا، ئۇنى سەن تۆلىسەڭ، ئۇ قەرز ئادا بولامدۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (2101): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئورنىدا روزا تۇتساڭ بولىدۇ، ـ دېدى.
(مۇسلىم: 1148)

3058 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يُسْأَلُ هَلْ يَصُومُ أَحَدٌ عَنْ أَحَدٍ أَوْ يُصَلي أَحَدٌ عَنْ أَحَدٍ فَيَقُولُ لَا.

3058 ـ مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ــ بىراۋ باشقا بىرىنىڭ نامىدا روزا تۇتسا ياكى ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغان ئىدى، ئۇ:

ــ ياق، ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3059 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَن عَائِشَةَ وَحَفْصَةَ زَوْجَيْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَصْبَحَتَا صَائِمَتَيْنِ مُتَطَوعَتَيْنِ فَأُهْدِيَ لَهُمَا طَعَامٌ فَأَفْطَرَتَا عَلَيْهِ فَدَخَلَ عَلَيْهِمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ عَائِشَةُ فَقَالَتْ حَفْصَةُ وَبَدَرَتْنِي بِالْكَلَامِ وَكَانَتْ بِنْتَ أَبِيهَا يَا رَسُولَ اللهِ إِني أَصْبَحْتُ أَنَا وَعَائِشَةُ صَائِمَتَيْنِ مُتَطَوعَتَيْنِ فَأُهْدِيَ إِلَيْنَا طَعَامٌ فَأَفْطَرْنَا عَلَيْهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اقْضِيَا مَكَانَهُ يَوْمًا آخَرَ.

3059 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نەپلە روزا تۇتتى. ئۇلارغا تاماق سۇنۇلغانىدى، روزىسىنى بۇزۇپ ئۇنىڭدىن يېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆز باشلاي دەپ تۇرۇشىغا، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئۇ، دادىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك جۈرئەتلىك ئىدى) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا گەپ بەرمەي:

ــ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! ئائىشە ئىككىمىز نەپلە روزا تۇتقان ئىدۇق. بىزگە تاماق سۇنۇلدى، بىز روزىمىزنى بۇزۇپ، تاماق يېدۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەر ئىككىڭلار باشقا كۈنى ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىڭلار! ـ دېدى.
(مالىك: 682)

3060 - عَنْ عَبَادِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزُبَيْرِ أَخْبَرَهُ أَنهُ سَمِعَ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا تَقُولُ إِن رَجُلًا أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِنهُ احْتَرَقَ قَالَ مَا لَكَ قَالَ أَصَبْتُ أَهْلِي فِي رَمَضَانَ فَأُتِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِكْتَلٍ يُدْعَى الْعَرَقَ فَقَالَ أَيْنَ الْمُحْتَرِقُ قَالَ أَنَا قَالَ تَصَدقْ بِهَذَا.

3060 ـ ئەبباد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن تۆگەشتىم، مەن تۆگەشتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

ـ مەن رامىزاندا ئايالىمغا يېقىنچىلىق قىلىپ سالدىم، ـ دېدى. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چوڭ بىر سېۋەت خورما كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھېلىقى ھالاك بولغۇچى قېنى؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇ:

ـــ مانا مەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇنى سەدىقە قىلغىن! ـ دەپ بۇيرىدى.

(بۇخارى: 1935)

3061 - عن حُمَيْد بْن عَبْدِ الرحْمَنِ أَن أَبَا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ بَيْنَمَا نَحْنُ جُلُوسٌ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ جَاءَهُ رَجُلٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ هَلَكْتُ قَالَ مَا لَكَ قَالَ وَقَعْتُ عَلَى امْرَأَتِي وَأَنَا صَائِمٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ تَجِدُ رَقَبَةً تُعْتِقُهَا قَالَ لَا قَالَ فَهَلْ تَسْتَطِيعُ أَنْ تَصُومَ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ قَالَ لَا فَقَالَ فَهَلْ تَجِدُ إِطْعَامَ سِتينَ مِسْكِينًا قَالَ لَا قَالَ فَمَكَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبَيْنَا نَحْنُ عَلَى ذَلِكَ أُتِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَرَقٍ فِيهَا تَمْرٌ وَالْعَرَقُ الْمِكْتَلُ قَالَ أَيْنَ السائِلُ فَقَالَ أَنَا قَالَ خُذْهَا فَتَصَدقْ بِهِ فَقَالَ الرجُلُ أَعَلَى أَفْقَرَ مِني يَا رَسُولَ اللهِ فَوَاللهِ مَا بَيْنَ لَابَتَيْهَا يُرِيدُ الْحَرتَيْنِ أَهْلُ بَيْتٍ أَفْقَرُ مِنْ أَهْلِ بَيْتِي فَضَحِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى بَدَتْ أَنْيَابُهُ

ثُم قَالَ أَطْعِمْهُ أَهْلَكَ.

3061 ـ ھۆمەيد ئىبنى ئابدۇراھمان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، بىر ئادەم كېلىپ:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مەن تۈگەشتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

ــ روزىدار تۇرۇپ ئايالىمغا يېقىنچىلىق قىلىپ سالدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قۇل ئازات قىلالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ــ ياق، ـ دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ــ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، ئاتمىش مىسكىننى تويغۇزالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم يەنە:

ــ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىم بولۇپ قالدى، بىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتۇق. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چوڭ بىر سېۋەتتە خورما كەلتۈرۈلدى:

ــ بايىقى ئادەم قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ مانا مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇنى ئېلىپ سەدىقە قىلغىن! ـ دەپ بۇيرىدى. ئۇ ئادەم:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مەندىنمۇ كەمبەغەل بىرسى بارمىدۇ؟ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىككى سايلىقنىڭ ئارىسىدا (يەنى مەدىنىدە) مېنىڭ ئائىلەمدىنمۇ كەمبەغەل ئائىلە يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئادەمنىڭ گېپىگە چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن:

ــ ئۇنداقتا، بۇنى ئۆز ئەھلىڭگە بەرگىن! ـ دەپ بۇيرىدى.

(بۇخارى: 1936)

[مكرر وفي رواية: صم يوما واستغفر الله].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىر كۈن روزا تۇتقىن ۋە اﷲتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن!» دېگەن جۈملە قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان.

3062 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ كَبِرَ حَتى كَانَ لَا يَقْدِرُ عَلَى الصيَامِ فَكَانَ يَفْتَدِي.

3062 ـ مالىكقا يېتىشچە، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياشىنىپ قالغانلىقتىن روزا تۇتۇشقا قادىر بولالماي، فىدىيە (يەنى مىسكىنلەرگە تاماق) بېرەتتى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3063 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ سُئِلَ عَنْ الْمَرْأَةِ الْحَامِلِ إِذَا خَافَتْ عَلَى وَلَدِهَا وَاشْتَد عَلَيْهَا الصيَامُ قَالَ تُفْطِرُ وَتُطْعِمُ مَكَانَ كُل يَوْمٍ مِسْكِينًا مُدا مِنْ حِنْطَةٍ بِمُد النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3063 ـ مالىكقا يەتكەن بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ روزا تۇتسا قىينىلىپ قالىدىغان ھامىلدار ئايال قورساقتىكى بالىسىغا تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىسە قانداق قىلىدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

ـ روزا تۇتمايدۇ، ئەمما تۇتمىغان ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىنگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىكى مۇد ئۆلچىمى بويىچە بىر مۇد بۇغداي بېرىدۇ، ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3064 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ مَاتَ وَعَلَيْهِ صِيَامُ شَهْرٍ فَلْيُطْعَمْ عَنْهُ مَكَانَ كُل يَوْمٍ مِسْكِينًا.

3064 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رامىزان ئېيىنىڭ قازا روزىسىنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ قالغان

كىشىنىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇزۇلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 718)

3065 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ كَانَ يَقُولُ مَنْ كَانَ عَلَيْهِ قَضَاءُ رَمَضَانَ فَلَمْ يَقْضِهِ وَهُوَ قَوِي عَلَى صِيَامِهِ حَتى جَاءَ رَمَضَانُ آخَرُ فَإِنهُ يُطْعِمُ مَكَانَ كُل يَوْمٍ مِسْكِينًا مُدا مِنْ حِنْطَةٍ وَعَلَيْهِ مَعَ ذَلِكَ الْقَضَاءُ.

3065 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ دادىسى مۇنداق دېگەن: بىرىنچىلارنىڭ زىممىسىدە ئۆتتۈپ كەتكەن يىلدىن قالغان رامىزاننىڭ قازا روزىسى بولسا ۋە ئۇنى ئادا قىلىشقا قادىر بولسىمۇ، ئادا قىلماستىن يەنە بىر رامىزان كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ، قازا قىلغان روزىسىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىنگە بىر مۇد بۇغداي بېرىدۇ.

(مالىك: 685)

3066 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَدْرَكَ رَمَضَانَ وَعَلَيْهِ مِنْ رَمَضَانَ شَيْءٌ لَمْ يَقْضِهِ لَمْ يُتَقَبلْ مِنْهُ وَمَنْ صَامَ تَطَوعًا وَعَلَيْهِ مِنْ رَمَضَانَ شَيْءٌ لَمْ يَقْضِهِ فَإِنهُ لَا يُتَقَبلُ مِنْهُ حَتى يَصُومَهُ.

3066 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشىنىڭ بويىنىدا رامىزاننىڭ قازاسى بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلماستىنلا يەنە بىر رامىزان يېتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ تۇتقان روزىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. كىمكى رامىزاننىڭ قازاسىنى ئادا قىلماي نەپلە روزا تۇتقان بولسا، قالغان قازانى ئادا قىلمىغۇچە نەپلە روزىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ»[2].

(ئەھمەد: 8407؛ «ئەلئەۋسەت»)

[1] ئەلبانى (113): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5066): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەسەن ھەدىستۇر، ـ دېگەن.

3067 - عَنْ عُمَرَ، رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، قَالَ: "كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ، إِذَا فَاتَهُ شَيْءٌ مِنْ رَمَضَانَ قَضَاهُ فِي عَشْرِ ذِي الْحِجةِ".

3067 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زىممىسىدە رامىزاننىڭ قازاسى بولسا، ئۇنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئونىدا ئادا قىلاتتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 787)

[1] ھەيسەمى (5067): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبراھىم ئىبنى ئىسھاق ئىسمىلىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

## ئېتىكاپ، قەدىر كېچىسى ۋە باشقىلار

3068 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ فِي الْمُعْتَكِفِ هُوَ يَعْكِفُ الذُّنُوبَ وَيُجْرَى لَهُ مِنْ الْحَسَنَاتِ كَعَامِلِ الْحَسَنَاتِ كُلِّهَا.

3068 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچى ئۆزىنى گۇناھلاردىن ساقلايدۇ، ئۇنىڭغا خۇددى بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلغاندەك ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 1781)

3069- عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَعْتَكِفُ الْعَشْرَ الْأَوَاخِرَ مِنْ رَمَضَانَ حَتَّى تَوَفَّاهُ اللَّهُ ثُمَّ اعْتَكَفَ أَزْوَاجُهُ مِنْ بَعْدِهِ.

3069 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى، ئۇ ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ئاياللىرىمۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرىدىغان بولدى.

(بۇخارى: 2026)

3070 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَعْتَكِفُ فِي كُلِّ رَمَضَانٍ وَإِذَا صَلَّى الْغَدَاةَ دَخَلَ مَكَانَهُ الَّذِي اعْتَكَفَ فِيهِ قَالَ فَاسْتَأْذَنَتْهُ عَائِشَةُ أَنْ تَعْتَكِفَ فَأَذِنَ لَهَا فَضَرَبَتْ فِيهِ قُبَّةً فَسَمِعَتْ بِهَا حَفْصَةُ فَضَرَبَتْ قُبَّةً وَسَمِعَتْ زَيْنَبُ بِهَا فَضَرَبَتْ قُبَّةً أُخْرَى فَلَمَّا انْصَرَفَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ الْغَدَاةِ

---

[1] ئەلبانى (394): زەئىپ، ـ دېگەن.

أَبْصَرَ أَرْبَعَ قِبَابٍ فَقَالَ مَا هَذَا فَأُخْبِرَ خَبَرَهُن فَقَالَ مَا حَمَلَهُن عَلَى هَذَا آلْبِر انْزِعُوهَا فَلَا أَرَاهَا فَنُزِعَتْ فَلَمْ يَعْتَكِفْ فِي رَمَضَانَ حَتى اعْتَكَفَ فِي آخِرِ الْعَشْرِ مِنْ شَوالٍ.

3070 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر رامىزاندا ئېتىكاپقا كىرەتتى. بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئۇدۇل ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورنىغا كىرىپ كېتەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇخسەت سورىغان ئىدى، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مەسجىدكە بىر چېدىر قۇرۇپ (ئېتىكاپتا) ئولتۇردى. بۇنى ئاڭلىغان ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ چېدىر تىكىپ، ئېتىكاپقا كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدىن قايتىپ، تۆت دانە چېدىرنى كۆردى، ـ دە:

— بۇ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋال يەتكۈزۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا نېمە سەۋەپ بوپتۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئىش قىلدۇق دەپ ئويلامدىكەن؟ چېدىرلارنى سۆكۈڭلار، قايتا كۆرۈپ قالماي، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، چېدىرلار سۆكۈۋېتىلدى. شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاندا ئېتىكاپ قىلماي، شەۋۋالنىڭ ئاخىرقى ئونىدا قىلدى.

(بۇخارى:2041)

3071 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَرَادَ أَنْ يَعْتَكِفَ صَلى الْفَجْرَ ثُم دَخَلَ مُعْتَكَفَهُ بنحوه وفيه فَلَما صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْفَجْرَ نَظَرَ فَإِذَا الْأَخْبِيَةُ فَقَالَ آلْبِر تُرِدْنَ فَأَمَرَ بِخِبَائِهِ فَقُوضَ وَتَرَكَ الِاعْتِكَافَ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ حَتى اعْتَكَفَ فِي الْعَشْرِ الْأَولِ مِنْ شَوالٍ.

3071 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلماقچى بولسا، بامدات

نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزۈل ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورنىغا كىرىپ كېتەتتى... بۇ ھەدىسنىڭ داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش بولۇپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدىن قايتقاندا، ئاياللىرىنىڭ چېدىرلىرىنى كۆرۈپ:

- ئۇلار ياخشىلىق قىلدۇق دەپ ئويلامدۇ؟ - دېدى ۋە چېدىرلارنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرىدى. چېدىرلار ئېلىۋېتىلدى. شۇ سەۋەبتىن، رامىزاندا ئېتىكاپقا كىرمەي، شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا كىردى.

(مۇسلىم: 1173)

3072 - وفي أخرى: اعْتَكَفَ عِشْرِينَ مِنْ شَوالٍ.

3072 - يەنە بىر رىۋايەتتە: شەۋۋالنىڭ يىگىرمىسىدىن تارتىپ ئېتىكاپقا كىردى، - دېيىلگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2464)

3073- عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْتَكِفُ كُل رَمَضَانَ عَشَرَةَ أَيامٍ فَلَما كَانَ الْعَامُ الذِي قُبِضَ فِيهِ اعْتَكَفَ عِشْرِينَ يَوْمًا.

3073 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر رامىزاندا ئون كۈن ئېتىكاپ قىلاتتى، لېكىن ۋاپات تاپقان يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاپ قىلغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2466)

3074 - عَنْ أُم سَلَمَةَ، أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اعْتَكَفَ أَولَ سَنَةٍ الْعَشْرَ الأُوَلَ، ثُم اعْتَكَفَ الْعَشْرَ الأَوْسَطَ، ثُم اعْتَكَفَ الْعَشْرَ الأَوَاخِرَ، وَقَالَ: إِني رَأَيْتُ لَيْلَةَ الْقَدْرِ فِيهَا فَأُنسِيتُهَا، فَلَمْ يَزَلْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْتَكِفُ فِيهِن حَتى تُوُفيَ

[1] ئەلبانى (2153): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (2155): ھەسەن ۋە سەھىھ - دېگەن.

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3074 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاۋۋالقى يىلى رامىزاننىڭ بېشىدىكى ئون كۈندە، ئۇندىن كېيىن ئوتتۇردىكى ئون كۈندە، ئۇندىن كېيىن ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپ قىلدى، ئاندىن:

«مەن بۇ ئون كۈن ئىچىدە قەدىر كېچىسىنى كۆردۈم، ئەمما كېيىن ئۇنۇتتۇرۇلدۇم (يەنى بۇ ئون كۈنلەرنىڭ قايسىسىدا كۆرگەنلىكىمنى ئۇنۇتتۇم)، ـ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقانغا قەدەر ھەمىشە شۇ كۈنلەردە ئېتىكاپ قىلغان ئىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 412/23)

3075 - عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْتَكِفُ فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ مِنْ رَمَضَانَ فَلَمْ يَعْتَكِفْ عَامًا فَلَما كَانَ فِي الْعَامِ الْمُقْبِلِ اعْتَكَفَ عِشْرِينَ.

3075 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلاتتى، ئارىدىن بىر يىلى ئېتىكاپ قىلمىدى، كېيىنكى يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاپ قىلدى»[2].

(تىرمىزى: 803)

3076 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَكُونُ مُعْتَكِفًا فِي الْمَسْجِدِ فَيُنَاوِلُنِي رَأْسَهُ مِنْ خَلَلِ الْحُجْرَةِ فَأَغْسِلُ رَأْسَهُ وَقَالَ مُسَددٌ فَأُرَجلُهُ وَأَنا حَائِضٌ.

3076 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلىۋېتىپ، ھۇجرىنىڭ پەنجىرىسىدىن ماڭا بېشىنى سۇناتتى. مەن ھەيزدار تۇرۇپ،

---

[1] ھەيسەمى (5024): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (644): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇپ، تاراپ قوياتتىم[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2469)

3077 - وفي رواية: وَكَانَ لَا يَدْخُلُ الْبَيتَ إِلا لِحَاجَةِ الْإِنسَانِ.

3077 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە ئىنسانىي ھاجىتى ئۈچۈنلا كىرەتتى.

(مۇسلىم: 297)

3078 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمُر بِـالْمَرِيضِ وَهُـوَ مُعْتَكِفٌ فَيَمُر كَمَا هُوَ وَلَا يُعَرجُ يَسْأَلُ عَنْهُ.

3078 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپقا كىرگەن تۇرۇپمۇ كېسەل يوقلاپ باراتتى، يولدا ئۆياق ـ بۇياققا قارىماستىن ئۆدۈل بېرىپ، ئۆدۈل قايتاتتى، كېسەلنىڭ ئەھۋالىدىن سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدىمۇ ئولتۇرمايتتى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2472)

3079 - عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا قَالَتْ السنةُ عَلَى الْمُعْتَكِفِ أَنْ لَا يَعُودَ مَرِيضًا وَلَا يَشْهَدَ جَنَازَةً وَلَا يَمَس امْرَأَةً وَلَا يُبَاشِرَهَا وَلَا يَخْرُجَ لِحَاجَةٍ إِلا لِمَا لَا بُد مِنْهُ وَلَا اعْتِكَـافَ إِلـا بِصَوْمٍ وَلَا اعْتِكَافَ إِلا فِي مَسْجِدٍ جَامِعٍ.

3079 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ كېسەل يوقلىماسلىقى، جىنازا نامىزىغا قاتناشماسلىقى، ئاياللارنى تۇتماسلىقى ۋە قۇچاقلىماسلىقى، زۆرۈر ھاجەتلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا سىرتقا چىقماسلىقى سۈننەتتۇر. روزا تۇتماي تۇرۇپ ئېتىكاپقا كىرىشكە بولمايدۇ. جامائەت ناماز ئوقۇپ تۇرىدىغان چوڭ مەسجىدلەردە

---

[①] ئەلبانى (2157): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (532): زەئىپ ـ دېگەن.

ئېتىكاپ قىلىش كېرەك[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2473)

3080- عَنْ صَفِيةَ بِنْتِ حُيي قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُعْتَكِفًا فَأَتَيْتُهُ أَزُورُهُ لَيْلًا فَحَدثْتُهُ ثُم قُمْتُ لِأَنْقَلِبَ فَقَامَ مَعِيَ لِيَقْلِبَنِي وَكَانَ مَسْكَنُهَا فِي دَارِ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ فَمَر رَجُلَانِ مِنْ الْأَنْصَارِ فَلَما رَأَيَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْرَعَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى رِسْلِكُمَا إِنهَا صَفِيةُ بِنْتُ حُيي فَقَالَا سُبْحَانَ اللهِ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ إِن الشيْطَانَ يَجْرِي مِنْ الْإِنْسَانِ مَجْرَى الدمِ وَإِني خَشِيتُ أَنْ يَقْذِفَ فِي قُلُوبِكُمَا شَرا أَوْ قَالَ شَيْئًا.

3080 ـ سەفىييە بىنتى ھۇيەي رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلىۋاتاتتى، بىر كېچىسى ئۇنى زىيارەت قىلغىلى بېرىپ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قايتماقچى بولىۋىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن مەن بىلەن بىرگە ماڭدى (سەفىييەنىڭ تۇرالغۇسى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ ھويلىسىدا ئىدى). يولدا ئەنسارىلاردىن ئىككى كىشى ئۇچراپ قالدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپ تېز ـ تېز ماڭدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ـ توختاڭلار، بۇ ھۇيەينىڭ قىزى سەفىييە، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ سۇبھانەللاھ يا رەسۇلۇللاھ! ـ دېگەندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شەيتان ئىنسانلارنىڭ قان تومۇرلىرىدا سوكۇلداپ يۈرىدۇ. مەن شەيتاننىڭ دىلىڭلارغا بىرەر گۇمان سېلىپ قويۇشىدىن قورقتۇم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2175)

[1] ئەلبانى (2160): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

3081 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنهُ كَانَ إِذَا اعْتَكَفَ طُرِحَ لَهُ فِرَاشُهُ أَوْ يُوضَعُ لَهُ سَرِيرُهُ وَرَاءَ أُسْطُوَانَةِ التوْبَةِ.

3081 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپقا كىرمەكچى بولسا، «تەۋبە تۈۋرۈكى» دەپ ئاتىلىدىغان تۈۋرۈكنىڭ كەينىگە تۆشىكى ھازىرلىناتتى ياكى كارىۋىتى قويۇلاتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 1774)

3082 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن عُمَرَ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني نَذَرْتُ فِي الْجَاهِلِيةِ أَنْ أَعْتَكِفَ لَيْلَةً فِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ قَالَ فَأَوْفِ بِنَذْرِكَ.

3082 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مەن جاھىلىيەت زامانىدا ھەرەم مەسجىدىدە بىر كېچە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا ئۆزەمنى ئاتىغانىدىم. ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، شۇ ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1656)

3083 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى عَنْ أَبِيهِ قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اعْتَكَفَ فِي قُبةٍ مِنْ خُوصٍ.

3083 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خورما دەرىخىنىڭ ياپراقلىرىدىن ياسالغان بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە ئېتىكاپ قىلغانلىقىنى كۆردۇم[2].

(ئەھمەد: 18583؛ «ئەلكەبىر»)

---

[1] ئەلبانى (392): زەئىپ. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5022): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلى ئىبنى ئابىس ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ـ دېگەن.

3084 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ سَمِعَ مَنْ يَثِقُ بِهِ مِنْ أَهْلِ الْعِلْمِ يَقُولُ إِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُرِيَ أَعْمَارَ الناسِ قَبْلَهُ أَوْ مَا شَاءَ اللهُ مِنْ ذَلِكَ فَكَأَنَّهُ تَقَاصَرَ أَعْمَارَ أُمتِهِ أَنْ لَا يَبْلُغُوا مِنْ الْعَمَلِ مِثْلَ الذِي بَلَغَ غَيْرُهُمْ فِي طُولِ الْعُمْرِ فَأَعْطَاهُ اللهُ لَيْلَةَ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ.

3084 ـ ئىمام مالىكنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلىم ئەھلىدىن ئۆزى ئىشىنىدىغان بىر كىشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ (دۇنيادا ياشىغان) ئۆمۈرلىرى كۆرسىتىلدى (ياكى الله خالىغانلىرى كۆرسىتىلدى). شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئۈممىتىنىڭ ئۆمرىنى قىسقا كۆردى ۋە: «بۇرۇنقىلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇلار (كۆپ ئەمەل قىلىپ) ئېرىشكەن ئەجىرگە مېنىڭ ئۈممىتىم ئېرىشەلمىگۈدەك» دەپ قالدى. كۆپ ئۆتمەي، الله تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مىڭ ئايدىنمۇ ئەۋزەل بولغان قەدىر كېچىسىنى بەردى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3085 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ دَخَلَ رَمَضَانُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنَّ هَذَا الشهْرَ قَدْ حَضَرَكُمْ وَفِيهِ لَيْلَةٌ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ مَنْ حُرِمَهَا فَقَدْ حُرِمَ الْخَيْرَ كُلَّهُ وَلَا يُحْرَمُ خَيْرَهَا إِلا مَحْرُومٌ.

3085 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رامىزان ئېيى كىرگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سىلەرگە يېتىپ كەلگەن مۇشۇ ئايدا ھەقىقەتەن بىر كېچە بار بولۇپ، ئۇ كېچە مىڭ ئايدىنمۇ ياخشىدۇر. كىمكى شۇ كېچىدىن مەھرۇم قالسا، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ياخشىلىقتىن نېسىۋىسى يوق كىشىلا ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدۇ» دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 1644)

[1] ئەلبانى (1333): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

3086 - عَنْ يُوسُفَ بْنِ سَعْدٍ قَالَ قَامَ رَجُلٌ إِلَى الْحَسَنِ بْنِ عَلِي بَعْدَ مَا بَايَعَ مُعَاوِيَةَ فَقَالَ سَوْدتَ وُجُوهَ الْمُؤْمِنِينَ أَوْ يَا مُسَودَ وُجُوهِ الْمُؤْمِنِينَ فَقَالَ لَا تُؤَنِّبْنِي رَحِمَكَ اللَّهُ فَإِن النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُرِيَ بَنِي أُمية عَلَى مِنْبرِهِ فَسَاءَهُ ذَلِكَ فَنَزَلَتْ إِنا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ يَا مُحَمدُ يَعْنِي نَهْرًا فِي الْجَنةِ وَنَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةَ إِنا أَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ يَمْلِكُهَا بَعْدَكَ بَنُو أُمية يَا مُحَمدُ قَالَ الْقَاسِمُ فَعَدَدْنَاهَا فَإِذَا هِيَ أَلْفُ شَهْرٍ لَا يَزِيدُ يَوْمٌ وَلَا يَنْقُصُ.

3086 ـ يۈسۈپ ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــــ سەن مۇئمىنلەرنىڭ يۈزىنى قارا قىلدىڭ (ياكى: ئى مۇئمىنلەرنىڭ يۈزىنى قارا قىلغۇچى)! ـ دېگەنىدى، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ـ مېنى ئەيىبلىمىگىن. الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشىدە بەنى ئۇمەييەنىڭ ئۆز مۇنبىرىگە چىققانلىقىنى (يەنى بەنى ئۇمەييەنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى) كۆرگەنىدى، بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله: بىز ساڭا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. ئى مۇھەممەد! جەننەتتە ساڭا بىر دەريانى ئاتا قىلدۇق [1] ۋە: بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق، قەدىر كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر [2] يەنى قەدىر كېچىسى بەنى ئۇمەييە سەندىن كېيىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر، ـ دېگەن سۈرىلەر نازىل قىلىندى.

قاسىم ئىبنى فەزل مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇددەتنى ھېسابلىغانىدۇق، بىر كۈنى ئارتۇق ياكى كەم

[1] سۈرە كەۋسەر.
[2] سۈرە قەدرى.

ئەمەس، ساقمۇ ساق مەڭ ئاي چىقتى[1].

(تىرمىزى: 3350)

3087 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أن رِجَالًا مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُرُوا لَيْلَةَ الْقَدْرِ فِي الْمَنَامِ فِي السبْعِ الْأَوَاخِرِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرَى رُؤْيَاكُمْ قَدْ تَوَاطَأَتْ فِي السبْعِ الْأَوَاخِرِ فَمَنْ كَانَ مُتَحَرِّيهَا فَلْيَتَحَرَّهَا فِي السبْعِ الْأَوَاخِرِ.

3087 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم ساھابىلەر چۈشىدە قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتە كۈنىدە ئىكەنلىكىنى كۆردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سىلەرنىڭ چۈشۈڭلارغا ئاساسەن، قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارايمەن، كىمكى قەدىر كېچىسىگە يېتىشنى خالىسا، ئۇنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىدە ئىزدىسۇن» دېدى.

(بۇخارى: 2015)

3088 - وفي رواية: فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ.

3088 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاخىرقى ئونىدا...» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

(بۇخارى: 1158)

3089 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ اعْتَكَفْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعَشْرَ الْأَوْسَطَ فَلَما كَانَ صَبِيحَةَ عِشْرِينَ نَقَلْنَا مَتَاعَنَا فَأَتَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ كَانَ اعْتَكَفَ فَلْيَرْجِعْ إِلَى مُعْتَكَفِهِ فَإِني رَأَيْتُ هَذِهِ اللَّيْلَةَ وَرَأَيْتُنِي أَسْجُدُ فِي مَاءٍ وَطِينٍ فَلَما رَجَعَ إِلَى مُعْتَكَفِهِ وَهَاجَتْ السمَاءُ فَمُطِرْنَا فَوَالذِي بَعَثَهُ بِالْحَق لَقَدْ هَاجَتْ السمَاءُ مِنْ آخِرِ ذَلِكَ الْيَوْمِ وَكَانَ الْمَسْجِدُ عَرِيشًا فَلَقَدْ رَأَيْتُ عَلَى أَنْفِهِ وَأَرْنَبَتِهِ أَثَرَ الْمَاءِ وَالطينِ.

---

[1] ئەلبانى (663): سەنەدى زەئىپ ۋە مۇزتەرىب، تېكىستى مۇنكەر، ـ دېگەن.

3089 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەلۇم بىر رامىزاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئونىدا (يەنى ئونىنچى كۈنىدىن يىگىرمىنچى كۈنىگىچە) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئېتىكاپ قىلغانىدۇق، يىگىرمىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىز يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئېلىپ كەتتۇق. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا كېلىپ:

ــ دەرھال بۇرۇنقى ئېتىكاپ ئورنۇڭلارغا قايتىڭلار، چۈنكى مەن چۈشۈمدە بۇ كېچىنى (يەنى قەدىر كېچىسىنى) كۆردۈم ۋە (ئۇ كېچىدە) ئۆزەمنىڭ لاي سۇغا سەجدە قىلغانلىقىمنى كۆردۈم (يەنى قەدىر كېچىسى تېخى ئۆتمەپتۇ)، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلىۋاتقان يېرىگە قايتىپ كېتىشىگىلا، ھاۋا تۇتۇلۇپ، يامغۇر يېغىپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەقىقىي پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شۇ كۈنى كەچقۇرۇندىن تارتىپ ئاسمان بۇلۇتلۇق بولدى. ئۇ چاغلاردا مەسجىدنىڭ ئۆگزىسى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان ئىدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇرنىدا لاي سۇنىڭ يۇقىنى كۆردۈم.

(بۇخارى: 2040)

3090 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اعْتَكَفَ الْعَشْرَ الْأول مِنْ رَمَضَانَ ثُم اعْتَكَفَ الْعَشْرَ الْأَوْسَطَ فِي قُبةٍ تُرْكِيةٍ عَلَى سُدتِهَا حَصِيرٌ قَالَ فَأَخَذَ الْحَصِيرَ بِيَدِهِ فَنحاهَا فِي نَاحِيَةِ الْقُبةِ ثُم أَطْلَعَ رَأْسَهُ فَكَلمَ الناسَ فَدَنَوْا مِنْهُ فَقَالَ إني اعْتَكَفْتُ الْعَشْرَ الْأول أَلْتَمِسُ هَذِهِ الليْلَةَ ثُم اعْتَكَفْتُ الْعَشْرَ الْأَوْسَطَ ثُم أُتِيتُ فَقِيلَ لِي إنهَا فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ فَمَنْ أَحَب مِنْكُمْ أَنْ يَعْتَكِفَ فَلْيَعْتَكِفْ فَاعْتَكَفَ الناسُ مَعَهُ قَالَ وَإني أُرِيتُهَا لَيْلَةَ وِتْرٍ وَإني أَسْجُدُ صَبِيحَتَهَا فِي طِينٍ وَمَاءٍ.

3090 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلدى، ئاندىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى ئونىدا تۈرك چېدىرىدا

ئولتۇرۇپ ئېتىكاپ قىلدى. ئۇ چېدىرنىڭ ئىشىكىگە بىر پارچە بورا تارتىپ قويۇلغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بورىنى قولى بىلەن بىر تەرەپكە قايرىپ تۇرۇپ، بېشىنى چېدىردىن چىقاردى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە: «مەن رامىزاننىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلىپ، بۇ كېچىنى (يەنى قەدىر كېچىسىنى) ئىزدىدىم. ئاندىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى ئونىدا ئېتىكاپ قىلىپ ئىزدىدىم. كېيىن ماڭا ئۇ كېچىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. خالىغانلار ئېتىكاپنى داۋاملاشتۇرسۇن» دېدى. كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئېتىكاپ قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «چۈشۈمدە ماڭا ئۇ كېچىنىڭ تاق كۈنلەردە بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. (چۈشۈمدە) ئۇ كېچىنىڭ ئەتىگىنى پاتقاققا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆردۈم» دېدى.

(مۇسلىم: 1167)

3091 - وفي أخرى: فَقَالَ يَا أَيهَا الناسُ إِنهَا كَانَتْ أُبِينَتْ لِي لَيْلَةُ الْقَدْرِ وَإِني خَرَجْتُ لِأُخْبِرَكُمْ بِهَا فَجَاءَ رَجُلَانِ يَحْتَقانِ مَعَهُمَا الشيْطَانُ فَنُسيتُهَا فَالْتَمِسُوهَا فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ مِنْ رَمَضَانَ الْتَمِسُوهَا فِي التاسِعَةِ وَالسابِعَةِ وَالْخَامِسَةِ قَالَ قُلْتُ يَا أَبَا سَعِيدٍ إِنكُمْ أَعْلَمُ بِالْعَدَدِ مِنا قَالَ أَجَلْ نَحْنُ أَحَق بِذَلِكَ مِنْكُمْ قَالَ قُلْتُ مَا التاسِعَةُ وَالسابِعَةُ وَالْخَامِسَةُ قَالَ إِذَا مَضَتْ وَاحِدَةٌ وَعِشْرُونَ فَالتِي تَلِيهَا اثْنَتَيْنِ وَعِشْرِينَ وَهِيَ التاسِعَةُ فَإِذَا مَضَتْ ثَلَاثٌ وَعِشْرُونَ فَالتِي تَلِيهَا السابِعَةُ فَإِذَا مَضَى خَمْسٌ وَعِشْرُونَ فَالتِي تَلِيهَا الْخَامِسَةُ.

3091 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئى خالايىق! ماڭا قەدىر كېچىسى بىلدۈرۈلدى، مەن ئۇنى سىلەرگە خەۋەر قىلغىلى چىقسام، شەيتان جېدەلگە سېلىپ قويغان ئىككى كىشى كەلدى، شۇنىڭ بىلەن، (قايسى كېچىدە ئىكەنلىكىنى) ئۇنتۇپ قالدىم. ئۇنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنىڭ توققۇزىنچى، يەتتىنچى ۋە بەشىنچى كېچىلىرى ئىزدەڭلار!» دېدى. مەن (راۋى):

ــ ئى ئەبۇ سەئىد! سىلەر ئۇ سانىنى بىزدىن ياخشى بىلىسىلەر، ـ دېسەم، ئۇ: شۇنداق، بىز ئۇ سانىنى سىلەردىن ياخشى بىلىمىز، ــ دېدى. ئۇنىڭدىن:

ــ توققۇزىنچى، يەتتىنچى ۋە بەشىنچى كېچە دېگەن نېمە (يەنى قايسى كۈنلەرگە توغرا كېلىدۇ)؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ يىگىرمە بىردىن ئۆتسە، يىگىرمە ئىككى كېلىدۇ. ئۇ، توققۇزىنچى كېچە؛ يىگىرمە ئۈچى ئۆتسە، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى، يەتتىنچى كېچە؛ يىگىرمە بەشى ئۆتسە، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى، بەشىنچى كېچە بولىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1167)

3092 - عَنْ أنسِ بْنِ مَالِكٍ، أن الْجُهَنِي، قَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، نَحْنُ بِحَيْثُ قَـدْ عَلِمْتَ وَلا نَسْتَطِيعُ أنْ نَحْضُرَ الشهْرَ فَأخْبِرْنا بِلَيْلَةِ الْقَدْرِ، قَالَ: "احْضُرِ السبْعَ الأوَاخِرَ مِنَ الشهْرِ"، قَالَ: لا أسْتَطِيعُ ذَلِكَ، قَالَ: "الْتَمِسْهَا لَيْلَةَ سَابِعَةٍ تَبْقَى، وَهِيَ هَذِهِ اللَّيْلَةُ"، قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، هَذِهِ لَيْلَةُ ثَلاثٍ وَعِشْرِينَ، وَهِيَ لِثَمَانٍ بَقِينَ، فَقَالَ: "كَذَا هَذَا الشهْرُ يَنْقُOْ، وَهِيَ سَبْعٌ بَقِينَ".

3092 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! بىزنىڭ بۇ ئايدا (يەنى رامىزاندا) بۇ يەردە بولالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىسەن. شۇڭا بىزگە قەدىر كېچىسىنى بىلدۈرگەن بولساڭ، ـ دېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاخىرقى يەتتە كۈنگە قاتناشقىن! ـ دېدى.

ــ ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمايمەن، ـ دېدى.

ــ ئۇنداق بولسا، يەتتە كېچە قالغان كېچىسى ئىزدىگىن، قەدىر كېچىسى شۇ كېچىدە، ـ دېدى، ئۇ ئادەم:

ــ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! ئۇ يىگىرمە ئۈچىنچى كېچىغۇ؟ شۇنداق بولغاندا سەككىز كېچە قالغان بولمامدۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ ئاي قىسقىرايدۇ، ئۇ يەتتە كېچە قالىدىغان كېچىدۇر، ـ دېدى[1].
(مۇسلىم: 3712)

3093 - عن عبد الله بن أنيس أنه قال يا رسول الله أخبرني أي ليلة تبتغى فيها ليلة القدر فقال لولا أن تترك الناس الصلاة الا تلك الليلة لاخبرتك.

3093 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! قەدىر كېچىسىنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ، ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر كىشىلەرنىڭ شۇ كېچىدىن باشقا ۋاقىتلاردا نامازنى تەرك ئېتىشىدىن قورقمىغان بولسام، ئەلۋەتتە ساڭا ئېيتىپ بەرگەن بولاتتىم، ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

3094 - وفي رواية عن عَبْدِ اللهِ بْنِ أُنَيْسٍ قَالَ قُلْتُ أَجَلْ أَرْسَلَنِي إِلَيْكَ رَهْطٌ مِنْ بَنِي سَلَمَةَ يَسْأَلُونَكَ عَنْ لَيْلَةِ الْقَدْرِ فَقَالَ كَمْ اللَّيْلَةُ فَقُلْتُ اثْنَتَانِ وَعِشْرُونَ قَالَ هِيَ اللَّيْلَةُ ثُمَّ رَجَعَ فَقَالَ أَوْ الْقَابِلَةُ يُرِيدُ لَيْلَةَ ثَلَاثٍ وَعِشْرِينَ.

3094 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! بەنى سەلەمە قەبىلىسىدىكىلەر مېنى سەندىن قەدىر كېچىسى توغرۇلۇق سوراپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ هازىر قانچىنچى كېچە؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

[1] ھەيسەمى (5048): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5062): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

ــ يىگىرمە ئىككىنچى كېچە، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قەدىر كېچىسى مۇشۇ كېچىدە، ـ دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ ماڭغانىدى، (يىگىرمە ئۈچىنچى كېچىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا):

ـ ياكى كېلىدىغان كېچىدە، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1379)

3095 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أُنَيْسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أُرِيتُ لَيْلَةَ الْقَدْرِ ثُم أُنسِيتُهَا وَأَرَانِي صُبْحَهَا أَسْجُدُ فِي مَاءٍ وَطِينٍ قَالَ فَمُطِرْنَا لَيْلَةَ ثَلَاثٍ وَعِشْرِينَ فَصَلى بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَانْصَرَفَ وَإِن أَثَرَ الْمَاءِ وَالطينِ عَلَى جَبْهَتِهِ وَأَنْفِهِ قَالَ وَكَانَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُنَيْسٍ يَقُولُ ثَلَاثٍ وَعِشْرِينَ.

3095 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«چۈشۈمدە ماڭا قەدىر كېچىسى كۆرسىتىلدى، ئەمما (قايسى كۈن بولىدىغانلىقىنى) ئۇنتۇپ قالدىم. (چۈشۈمدە) شۇ كېچىنىڭ ئەتىگىنى لاي سۇغا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆردۇم» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ) مۇنداق دېدى: يىگىرمە ئۈچىنچى كېچە يامغۇر ياغدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە نامىاز ئوقۇپ بېرىپ قايتتى. شۇبھىسىزكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پېشانىسىدە ۋە بۇرنىدا لاي يۇقى بار ئىدى. شۇڭا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس: يىگىرمە ئۈچىنچى كېچە قەدىر كېچىسى، ـ دەيتتى.

(مۇسلىم: 1168)

3096 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ الْتَمِسُوا فِي أَرْبَعٍ وَعِشْرِينَ.

3096 ـ ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «قەدىر

[1] ئەلبانى (1230): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

كېچىسىنى يىگىرمە تۆتىنچى كېچىدىن ئىزدەڭلار».

(بۇخارى: 2022)

3097 - عَنْ بِلَالٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيْلَةُ الْقَدْرِ لَيْلَةُ أَرْبَعٍ وَعِشْرِينَ.

3097 — بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەدىر كېچىسى يىگىرمە تۆتىنچى كېچىدە بولىدۇ» دېگەن[1].

(ئەھمەد: 23373)

3098 - عَنْ زِرٍ قَالَ سَمِعْتُ أُبَي بْنَ كَعْبٍ يَقُولُ وَقِيلَ لَهُ إِن عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ يَقُولُ مَنْ قَامَ السنَةَ أَصَابَ لَيْلَةَ الْقَدْرِ فَقَالَ أُبَي وَاللهِ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ إِنهَا لَفِي رَمَضَانَ يَحْلِفُ مَا يَسْتَثْنِي وَوَاللهِ إِني لَأَعْلَمُ أَي لَيْلَةٍ هِيَ هِيَ اللَيْلَةُ التِي أَمَرَنَا بِهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِقِيَامِهَا هِيَ لَيْلَةُ صَبِيحَةِ سَبْعٍ وَعِشْرِينَ وَأَمَارَتُهَا أَنْ تَطْلُعَ الشمْسُ فِي صَبِيحَةِ يَوْمِهَا بَيْضَاءَ لَا شُعَاعَ لَهَا.

3098 ـ زىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: كېچىنى يىلبويى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئاندىن قەدىر كېچىسىنى تاپالايدۇ، ـ دېگەنلىكى يەتكۈزۈلگەن ئىدى، ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۆزىدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ بولمىغان الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قەدىر كېچىسى شەكسىز رامىزان ئېيىدادۇر، مەن ئۇنىڭ قايسى كېچىدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. ئۇ كېچە بولسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى تۇنەشكە بۇيرىغان كېچىنىڭ دەل ئۆزى شۇ. دېمەك، قەدىر كېچىسى، ئەتىگىنى يىگىرمە يەتتىنچى كۈنگە تەۋە بولىدىغان كېچىدە بولىدۇ. شۇ كۈنى ئەتىگەندە قۇياشنىڭ ئاق ۋە

[1] ھەيسەمى (5044): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

نۇرسىز ھالەتتە چىقىشى قەدىر كېچىسى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 762)

3099 - وفي رواية: أَخْبَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا لَيْلَةٌ صَبِيحَتُهَا تَطْلُعُ الشمْسُ لَيْسَ لَهَا شُعَاعٌ فَعَدَدْنَا وَحَفِظْنَا وَاللهِ لَقَدْ عَلِمَ ابْنُ مَسْعُودٍ أَنهَا فِي رَمَضَانَ وَأَنهَا لَيْلَةُ سَبْعٍ وَعِشْرِينَ وَلَكِنْ كَرِهَ أَنْ يُخْبِرَكُمْ فَتَتكِلُوا.

3099 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: «قەدىر كېچىسى ئەتىگىنى قۇياش نۇرسىز ھالەتتە چىقىدۇ» دەپ ئۇقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇ كېچىنى ھېسابلاپ، ئېسىمىزدە ساقلىدۇق. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن رامىزاننىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ كېچىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. لېكىن ئۇ سىلەرنىڭ شۇنىڭغىلا يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەل ـ ئىبادەتتە سۇسلىشىپ كېتىشىڭلاردىن قورقۇپ، سىلەرگە دەپ بېرىشنى خالىماپتۇ[①].

(تىرمىزى: 793)

3100 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اطْلُبُوهَا لَيْلَةَ سَبْعَ عَشْرَةَ مِنْ رَمَضَانَ وَلَيْلَةَ إِحْدَى وَعِشْرِينَ وَلَيْلَةَ ثَلَاثٍ وَعِشْرِينَ ثُم سَكَتَ.

3100 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە:

«قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئون يەتتە، يىگىرمە بىر ۋە يىگىرمە ئۈچىنچى كېچىلىرى ئىزدەڭلار!» دەپ بولۇپلا جىمىپ

① ئەلبانى (635): سەھىھ ـ دېگەن.

قالدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1384)

3101 - عن عُيَيْنَةُ بْن عَبْدِ الرحْمَنِ قَالَ حَدثَنِي أَبِي قَالَ ذُكِرَتْ لَيْلَةُ الْقَدْرِ عِنْدَ أَبِي بَكْرَةَ فَقَالَ مَا أَنا مُلْتَمِسُهَا لِشَيْءٍ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إلا فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ فَإِني سَمِعْتُهُ يَقُولُ الْتَمِسُوهَا فِي تِسْعٍ يَبْقَيْنَ أَوْ فِي سَبْعٍ يَبْقَيْنَ أَوْ فِي خَمْسٍ يَبْقَيْنَ أَوْ فِي ثَلَاثِ أَوَاخِرِ لَيْلَةٍ.

3101 ـ ئۇيەينە ئىبنى ئابدۇراھمان دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرەنىڭ يېنىدا قەدىر كېچىسى تىلغا ئېلىنغاندى، ئۇ:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قەدىر كېچىسىنى ئاخىرقى توققۇزى ياكى ئاخىرقى يەتتىسى ياكى ئاخىرقى بەشى قالغاندا ۋەياكى ئاخىرقى ئۈچى قالغاندا ئىزدەڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(تىرمىزى: 794)

3102 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيبِ كَانَ يَقُولُ مَنْ شَهِدَ الْعِشَاءَ مِنْ لَيْلَةِ الْقَدْرِ فَقَدْ أَخَذَ بِحَظِهِ مِنْهَا.

3102 ـ مالىك مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيتتى: قەدىر كېچىسىدە خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان كىشى، شۇ كېچىدىكى نېسىۋىسىنى ئالغان بولىدۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3103 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ أَخْبَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ لَيْلَةِ الْقَدْرِ فَقَالَ هِيَ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ فَالْتَمِسُوهَا فِي الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ فَإِنهَا وِتْرٌ لَيْلَةِ إِحْدَى وَعِشْرِينَ أَوْ ثَلَاثٍ وَعِشْرِينَ أَوْ خَمْسٍ وَعِشْرِينَ أَوْ سَبْعٍ وَعِشْرِينَ أَوْ آخِرِ لَيْلَةٍ مِنْ رَمَضَانَ

[1] ئەلبانى( 295): زەئىپ، ـ دېگەن.

مَنْ قَامَهَا احْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ.

3103 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەدىر كېچىسى ھەققىدە سۆزلەپ: «ئۇ كېچە رامىزاندا بولىدۇ، ئۇنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىن ئىزدەڭلەر. ئۇ، تاق كېچىلەردە بولۇپ، يىگىرمە بىر، يىگىرمە ئۈچ، يىگىرمە بەش، يىگىرمە يەتتىسىدە ياكى رامىزاننىڭ ئاخىرقى كېچىلىرىدە بولىدۇ. كىمكى اللهنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا شۇ كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى[1].

(ئەھمەد: 22257)

3104 - وله: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَمَارَةَ لَيْلَةِ الْقَدْرِ أَنهَا صَافِيَةٌ بَلْجَةٌ كَأَن فِيهَا قَمَرًا سَاطِعًا سَاكِنَةٌ سَاجِيَةٌ لَا بَرْدَ فِيهَا وَلَا حَر وَلَا يَحِل لِكَوْكَبٍ أَنْ يُرْمَى بِهِ فِيهَا حَتى تُصْبِحَ وَإِن أَمَارَتَهَا أَن الشمْسَ صَبِيحَتَهَا تَخْرُجُ مُسْتَوِيَةً لَيْسَ لَهَا شُعَاعٌ مِثْلَ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ.

3104 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قەدىر كېچىسىنىڭ ئالامىتى شۇكى، كېچە خۇددى ئايدىڭ كېچىدەك يورۇق بولۇپ، ھاۋا سوغۇقمۇ، ئىسسىقمۇ بولمايدۇ. ئۇ كېچە ئالەم جىمجىت بولىدۇ. تاكى تاڭ ئاتقۇچە شەيتانلارنى كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارمۇ ئېتىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ يەنە بىرى شۇكى، ئەتىسى ئەتىگەندە قۇياش خۇددى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئاق ۋە نۇرسىز چىقىدۇ»[2].

(ئەھمەد: 22259)

[1] ھەيسەمى (5040): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5041): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3105 - عَنْ وَاثِلَةَ بن الأَسْقَعِ، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: وَلا سَحَابَ فِيهَا، وَلا مَطَرَ، وَلا رِيحَ.

3105 ـ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇ كېچىدە بۇلۇتمۇ، يامغۇرمۇ، شامالمۇ بولمايدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 22/59)

3106 - ولأحمد والبزار عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ إِنهَا لَيْلَةُ سَابِعَةٍ أَوْ تَاسِعَةٍ وَعِشْرِينَ إِن الْمَلَائِكَةَ تِلْكَ اللَّيْلَةَ فِي الْأَرْضِ أَكْثَرُ مِنْ عَدَدِ الْحَصَى.

3106 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قەدىر كېچىسى يىگىرمە يەتتىنچى ياكى يىگىرمە توققۇزىنچى كېچىدە بولىدۇ. ئۇ كېچىدە مالائىكىلەر زېمىندا سان ـ ساناقسىز ئاۋۇپ كېتىدۇ»[2].

(ئەھمەد: 10356؛ بەززار)

3107 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، أَنَّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "الْتَمِسُوا لَيْلَةَ الْقَدْرِ فِي سَبْعَ عَشْرَةَ، أَوْ تِسْعَ عَشْرَةَ، أَوْ إِحْدَى وَعِشْرِينَ، أَوْ ثَلاثٍ وَعِشْرِينَ، أَوْ خَمْسٍ وَعِشْرِينَ، أَوْ سَبْعٍ وَعِشْرِينَ أَوْ تِسْعٍ وَعِشْرِينَ".

3107 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قەدىر كېچىسىنى ئون يەتتىنچى، ئون توققۇزىنچى، يىگىرمە بىرىنچى، يىگىرمە ئۈچىنچى، يىگىرمە بەشىنچى، يىگىرمە يەتتىنچى

---

[1] ھەيسەمى (5065): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بىشىر ئىبنى ئەۋن ۋە بەكار ئىبنى تەمىم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ئىككى كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5042): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى (ئۈچىلى كىتابىدا) رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

ياكى يىگىرمە توققۇزىنچى كېچىلەردە ئىزدەڭلەر»[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 1305)

3108 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا أَسْمَعُ عَنْ لَيْلَةِ الْقَدْرِ فَقَالَ هِيَ فِي كُل رَمَضَانَ.

3108 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قەدىر كېچىسى توغرۇلۇق سورالغاندا:

«قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ھەممىسىدە» دەپ جاۋاب بەرگەن[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1387)

3109 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ تَذَاكَرْنَا لَيْلَةَ الْقَدْرِ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَيكُمْ يَذْكُرُ حِينَ طَلَعَ الْقَمَرُ وَهُوَ مِثْلُ شِق جَفْنَةٍ.

3109 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا قەدىر كېچىسىنىڭ (ۋاقتى) توغرۇلۇق سۆز ئاچقاندۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«قايسىڭلار ئاينىڭ چوڭ بىر تاۋاقنىڭ يېرىمىغا ئوخشاش ھالەتتە چىققان ۋاقتىنى دەپ بېرەلەيدۇ؟» دەپ سورىدى. (يەنى قەدىر كېچىسى شۇنداق كۈنلەردە بولىدۇ، دېمەكچى.)

(مۇسلىم: 1170)

3110 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن فِي الليْلِ لَسَاعَةً لَا يُوَافِقُهَا رَجُلٌ مُسْلِمٌ يَسْأَلُ اللهَ خَيْرًا مِنْ أَمْرِ الدنْيَا وَالْآخِرَةِ إِلا أَعْطَاهُ إِياهُ وَذَلِكَ كُل لَيْلَة.

3110 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

[①] ھەيسەمى (5043): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ مۇھەزىم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (296): زەئىپ، سەھىھ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر ۋاقىت بار بولۇپ، بىر مۇسۇلماننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت تېپىش ئۈچۈن اللەقا قىلغان دۇئاسى شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇل كېلىپ قالسا، الله ئۇنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ، ئۇ ۋاقىت ھەممە كېچىدە بولىدۇ».

(مۇسلىم: 757)

3111 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ فَقَدْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةً فَخَرَجْتُ فَإِذَا هُوَ بِالْبَقِيعِ فَقَالَ أَكُنْتِ تَخَافِينَ أَنْ يَحِيفَ اللهُ عَلَيْكِ وَرَسُولُهُ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني ظَنَنْتُ أَنكَ أَتَيْتَ بَعْضَ نِسَائِكَ فَقَالَ إِن اللهَ عَز وَجَل يَنْزِلُ لَيْلَةَ النصْفِ مِنْ شَعْبَانَ إِلَى السمَاءِ الدنْيَا فَيَغْفِرُ لِأَكْثَرَ مِنْ عَدَدِ شَعْرِ غَنَمِ كَلْبٍ. وزاد رزين: ممن استحق النار.

3111 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كېچىسى قارىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمدا يوق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئىزدەپ چىقسام، بەقىئ مازارلىقىدا تۇرۇپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى كۆرۈپ:

ـــ الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ساڭا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقتۇڭمۇ؟! ـ دېدى. مەن:

ـــ سېنى باشقا ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كەتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلغانىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله تائالا شەئبان ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كېچىسى بىرىنچى ئاسمانغا چۈشۈپ، كەلب قەبىلىسىنىڭ قويلىرىنىڭ تۈكىدىنمۇ كۆپرەك گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ـ دېدى.

رەزىن: «دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[1].

(تىرمىزى: 739)

3112 - عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن اللهَ لَيَطلِعُ فِي

[1] ئەلبانى (119): زەئىپ، ـ دېگەن.

لَيْلَةِ النصْفِ مِنْ شَعْبَانَ فَيَغْفِرُ لِجَمِيعِ خَلْقِهِ إِلا لِمُشْرِكٍ أَوْ مُشَاحِنٍ.

3112 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«الله تائالا شەئبان ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كېچىسى بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا چۈشۈپ، ئۆزىگە (يەنى اللهقا) شېرىك كەلتۈرگەن ۋە بىر ـ بىرىگە ئاداۋەت ساقلىغانلاردىن باشقا، پۈتۈن بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 1390)

[1] ئەلبانى (1140): ھەسەن. ـ دېگەن.

# ھەج پائالىيەتلىرى بۆلۈمى

## ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ پەزىلەتلىرى، ۋاجىپلىرى، سۈننەتلىرى؛ ئەرەفات كۈنىنىڭ پەزىلەتلىرى

3113 - عَنْ عَائِشَةَ أُمِّ الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَنَّهَا قَالَتْ يَا رَسُولَ اللَّهِ نَرَى الْجِهَادَ أَفْضَلَ الْعَمَلِ أَفَلَا نُجَاهِدُ قَالَ لَا لَكِنَّ أَفْضَلَ الْجِهَادِ حَجٌّ مَبْرُورٌ.

3113 ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! جىھاد قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز، ئۇنداق بولغانىكەن، بىزمۇ جىھادقا چىقمايلىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، (سىلەر ئۈچۈن) ئەڭ ئەۋزەل جىھاد توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1520)

3114 - عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَابِعُوا بَيْنَ الْحَجِّ وَالْعُمْرَةِ فَإِنَّهُمَا يَنْفِيَانِ الْفَقْرَ وَالذُّنُوبَ كَمَا يَنْفِي الْكِيرُ خَبَثَ الْحَدِيدِ وَالذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَلَيْسَ لِلْحَجَّةِ الْمَبْرُورَةِ ثَوَابٌ إِلَّا الْجَنَّةُ.

3114 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئارقىمۇ ئارقا قىلىڭلار، چۈنكى بۇ ئىككىسى (يەنى ھەج بىلەن ئۆمرە) نامراتلىقنى، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى خۇددى كۆرەك تۆمۈر، ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرنىڭ داتلىرىنى يوق قىلغاندەك يوق

قىلىدۇ. مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر»[1].
(تىرمىزى: 810)

3115 - وللبزار عن جابر نحوه بلفظ: فَإِنَّهُمَا يَنْفِيَانِ الْفَقْرَ وَالذُّنُوبَ.

3115 ـ بەززار جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ: «ھەج بىلەن ئۆمرە نامراتلىقنى ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى يوق قىلىدۇ» دېيىلگەن[2].
(بەززار: 1147)

3116 - وللكبير بضعف عن عامر بن ربيعة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم تابعوا بين الحج والعمرة فان متابعة بينهما تنفى الفقر والذنوب كما ينفي الكير خبث الحديد.

3116 ـ «ئەلكەبىر»دە ئامىر ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئارقىمۇ ئارقا ئادا قىلىڭلار، ئۇلار (يەنى ھەج بىلەن ئۆمرە)نى ئارقىمۇ ئارقا ئادا قىلىش خۇددى كۆرەك تۆمۈردىن داتنى يوق قىلغاندەك، سىلەردىن نامراتلىق ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى يىراق قىلىدۇ»[3].
(«ئەلكەبىر»)

3117 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يُلَبِّي إِلا لَبى مَنْ عَنْ يَمِينِهِ أَوْ عَنْ شِمَالِهِ مِنْ حَجَرٍ أَوْ شَجَرٍ أَوْ مَدَرٍ حَتى تَنْقَطِعَ الْأَرْضُ مِنْ هَاهُنَا وَهَاهُنَا.

---

[1] ئەلبانى (650): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5655): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىشر ئىبنى مۇنزىردىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (5654): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

3117 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر مۇسۇلمان اللهقا تەلبىيە ئېيتسا، ئۇ كىشىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى تاش، دەرەخ ۋە كېسەكلەردىن تارتىپ (يەر يۈزىدىكى) بارلىق نەرسىلەرمۇ تەلبىيە ئېيتىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 828)

3118 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْعُمْرَةُ إِلى الْعُمْرَةِ كَفارَةٌ لِمَا بَيْنَهُمَا وَالْحَج الْمَبْرُورُ لَيسَ لَهُ جَزَاءٌ إِلا الْجَنةُ.

3118 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئۆمرە ئىككىنچى ئۆمرىگىچە بولغان ئارىلىقتا سادىر بولغان گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، مەقبۇل بولغان پەرز ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر».

(بۇخارى: 1773)

3119 - عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ حَج لِلهِ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ رَجَعَ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمهُ.

3119 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى الله رىزاسىنى كۆزلەپ ھەج قىلسا، شۇ ھەجىدە يامان سۆز ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلمىسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك ھالەتتە قايتىدۇ».

(بۇخارى: 1521)

3120 - عَنْ أُم سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا سَمِعَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَهَل بِحَجةٍ أَوْ عُمْرَةٍ مِنْ الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى إِلى الْمَسْجِدِ

[①] ئەلبانى (662): سەھىھ ـ دېگەن.

**الْحَرَامِ غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَمَ مِنْ ذَنْبِهِ وَمَا تَأَخرَ أَوْ وَجَبَتْ لَهُ الْجَنةُ شَكَ عَبْدُ اللهِ أَيَتُهُمَا قَالَ.**

3120 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كىمكى مەسجىدى ئەقسادىن مەسجىدى ھەرەمگە ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن ياكى «ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ» دېگەن.

بۇ ئىككى جۈملىنىڭ قايسىسىنى دېگەنلىكىدە راۋى ئىككىلىنىپ قالغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1741)

**3121 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ طَافَ بِالْبَيْتِ خَمْسِينَ مَرةً خَرَجَ مِنْ ذُنوبِهِ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمهُ.**

3121 ـ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بەيتۇللاھنى ئەللىك قېتىم تاۋاپ قىلسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك بولىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 866)

**3122 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِامْرَأَةٍ مِنْ الْأَنْصَارِ يُقَالُ لَهَا أُم سِنَانٍ مَا مَنَعَكِ أَنْ تَكُونِي حَجَجْتِ مَعَنَا قَالَتْ نَاضِحَانِ كَانَا لِأَبِي فُلَانٍ زَوْجِهَا حَج هُوَ وَابْنُهُ عَلَى أَحَدِهِمَا وَكَانَ الْآخَرُ يَسْقِي عَلَيْهِ غُلَامُنَا قَالَ فَعُمْرَةٌ فِي رَمَضَانَ تَقْضِي حَجةً أَوْ حَجةً مَعِي.**

3122 ـ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت

[1] ئەلبانى (382): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (151): زەئىپ، ـ دېگەن.

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلاردىن ئۇممۇ سىنان ئىسىملىك بىر ئايالدىن:

ـ نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە ھەج قىلغىلى بارمايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئايال:

ـ ئېرىمنىڭ سۇ توشۇيدىغان ئىككى تۆگىسى بار ئىدى، بىرىدە ئېرىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھەج قىلدۇ، يەنە بىرىنى (سۇ توشۇپ) ئائىلىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايمىز. ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ (ئۇنداق بولسا رامىزاندا ئۆمرە قىلارسەن) چۈنكى رامىزاندا قىلىنغان ئۆمرىنىڭ ساۋابى، ھەجنىڭ ياكى مەن بىلەن بىللە قىلغان ھەجنىڭ ساۋابىغا باراۋەر بولىدۇ. ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1256)

3123 - عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ أَخْبَرَنِي رَسُولُ مَرْوَانَ الذِي أُرْسِلَ إِلَى أُم مَعْقَلٍ قَالَتْ كَانَ أَبو مَعْقَلٍ حَاجا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما قَدِمَ قَالَتْ أُم مَعْقَلٍ قَدْ عَلِمْتَ أَن عَلَي حَجةً فَانْطَلَقَا يَمْشِيَانِ حَتى دَخَلَا عَلَيْهِ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن عَلَي حَجةً وَإِن لِأَبِي مَعْقَلٍ بَكْرًا قَالَ أَبو مَعْقَلٍ صَدَقَتْ جَعَلْتُهُ فِي سَبِيلِ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْطِهَا فَلْتَحُج عَلَيْهِ فَإِنهُ فِي سَبِيلِ اللهِ فَأَعْطَاهَا الْبَكْرَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِني امْرَأَةٌ قَدْ كَبِرْتُ وَسَقِمْتُ فَهَلْ مِنْ عَمَلٍ يُجْزِئُ عَني مِنْ حَجتِي قَالَ عُمْرَةٌ فِي رَمَضَانَ تُجْزِئُ حَجةً.

3123 ـ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇراھمان مەرۋاننىڭ ئۇممۇ مەئقەلدىن (ئۆمرە ھەققىدە سوئال سوراش ئۈچۈن) ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇممۇ مەئقەل (ئۇنىڭغا) مۇنداق دەپ بەرگەن: ئەبۇ مەئقەل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلغان ئىدى. ئۇ ھەجدىن قايتىپ كەلگەندە، مەن:

ــ سەن بىلىسەن، ھەج ماڭىمۇ پەرز. ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن،

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردۇق. مەن:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ھەج ماڭىمۇ پەرز. ئەبۇ مەئقەلنىڭ ياش بىر تۆگىسى بار، ـ دېدىم. ئەبۇ مەئقەل مېنىڭ سۆزۈمنى تەستىقلاپ:

ــ شۇنداق، لېكىن مەن ئۇنى الله يولىغا ئاتىۋەتكەنىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى ئۇممۇ مەئقەلگە بەرگىن، شۇنىڭ بىلەن ھەج قىلسۇن. ھەجمۇ الله يولىدۇر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئېرىم ئەبۇ مەئقەل تۆگىنى ماڭا بەردى. مەن:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مەن ياشىنىپ قالدىم، ھەم كېسەلچان بولۇپ قالدىم، گەدىنىمدىكى پەرز ھەجگە باراۋەر كەلگۈدەك بىرەر ئەمەل بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ رامىزان ئېيىدا قىلغان ئۆمرە پەرز ھەجنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1988)

3124 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ جِهَادُ الْكَبِيرِ وَالصغِيرِ وَالضعِيفِ وَالْمَرْأَةِ الْحَج وَالْعُمْرَةُ.

3124 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ياشانغان ئەر، كىچىك بالا، ئاجىز ئىنسان ۋە ئايال كىشىنىڭ جىھادى پەرز ھەج ۋە ئۆمرەدۇر»[2].

(نەسائى: 2626)

3125 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ الْحُجاجُ وَالْعُمارُ وَفْدُ اللهِ إِنْ دَعَوْهُ أَجَابَهُمْ وَإِنْ اسْتَغْفَرُوهُ غَفَرَ لَهُمْ.

3125 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

[1] ئەلبانى (1751): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2463): ھەسەن، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلار الله ئۈچۈن كەلگەن بىر ئۆمەكتۇر. ئۇلار دۇئا قىلسا، الله ئىجابەت قىلىدۇ. مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، الله مەغپىرەت قىلىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 2892)

3126 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ مُحْرِمٍ يَضْحَى لِلهِ يَوْمَهُ يُلَبي حَتى تَغِيبَ الشمْسُ إِلا غَابَتْ بِذُنُوبِهِ فَعَادَ كَمَا وَلَدَتْهُ أُمهُ.

3126 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئېھرام باغلىغان ھەر قانداق بىر كىشى، تا كۈن پاتقۇچە الله رىزاسى ئۈچۈن (سايىدىماي) ئاپتاپتا تەلبىيە ئېيتسا، كۈننىڭ پېتىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ، خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان ۋاقىتتىكىدەك پاك ھالەتكە قايتىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 2925)

3127 - عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا عَمِلَ آدَمِي مِنْ عَمَلٍ يَوْمَ النحْرِ أَحَب إِلَى اللهِ مِنْ إِهْرَاقِ الدمِ إِنهَا لَتَأْتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِقُرُونِهَا وَأَشْعَارِهَا وَأَظْلَافِهَا وَأَن الدمَ لَيَقَعُ مِنْ اللهِ بِمَكَانٍ قَبْلَ أَنْ يَقَعَ مِنْ الْأَرْضِ فَطِيبُوا بِهَا نَفْسًا.

3127 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇربان ھېيت كۈنى الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل قان ئېقىتىشتۇر (يەنى قۇربانلىق قىلىشتۇر). قىيامەت كۈنى قۇربانلىقنىڭ مۈڭگۈزى، يۈڭى ۋە تۇياقلىرىغىچە (ساۋابقا ھېسابلانغان ھالدا) كېلىدۇ. قۇربانلىقتىن ئاققان قان تامچىسى يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ بولىدۇ. شۇڭا خۇش بولۇپ

[1] ئەلبانى (629): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (635): زەئىپ، ـ دېگەن.

قۇربانلىق قىلىڭلار!»[1]

(تىرمىزى: 1493)

3128 - زاد رزين: إن لصاحب الضحية بكل شعرة حسنة. رواه رزين.

3128 ـ رەزىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلدۇ: قۇربانلىق قىلغان كىشى ئۈچۈن قۇربانلىقنىڭ ھەر بىر تۈكىگە بىردىن ياخشىلىق بولىدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3129 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَامَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَنْ الْحَاج يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الشعِثُ التفِلُ فَقَامَ رَجُلٌ آخَرُ فَقَالَ أَي الْحَج أَفْضَلُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الْعَج وَالثج فَقَامَ رَجُلٌ آخَرُ فَقَالَ مَا السبِيلُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الزادُ وَالراحِلَةُ.

3129 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ قانداق ئادەم (مۇكەممەل) ھاجى (يەنى مۇكەممەل ھەج قىلغۇچى) بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ ۋەزىپىنى چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ۋە تەرلەپ پىشىپ كەتكەن ھالدا ئادا قىلغان كىشى، ـ دېدى. يەنە بىر ئادەم كېلىپ:

ـ قايسى ھەج ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورىدى:

ـ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تەلبىيە ئوقۇپ، قان ئاققۇزغان (يەنى قۇربانلىق قىلغان) ھالدا ئادا قىلىنغان ھەج، ـ دېدى. ئۈچىنچى بىر ئادەم كېلىپ:

ـ (ئايەتتىكى) «يولغا قادىر بولۇش» دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىدى:

ـ ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئات ـ ئۇلاغقا قادىر بولۇش، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(تىرمىزى: 2998)

---

[1] ئەلبانى (253): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (576): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

3130 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ **النفَقَةُ فِي الْحَج كَالنفَقَةِ فِي سَبِيلِ اللهِ بِسَبْعِ مِائَةِ ضِعْفٍ.**

3130 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆبەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەجدە قىلىغان بىر سەدىقە، جىھاد يولىدا قىلىغان يەتتە يۈز ھەسسە سەدىقىگە تەڭ»[①].

(ئەھمەد: 22491؛ «ئەلئەۋسەت»)

3131 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَفَعَهُ قَالَ: "مَا أَمْعَرَ حَاج قَط" قِيلَ لِجَابِرٍ: مَـا الْإِمْعَارُ؟ قَالَ: "مَا افْتَقَرَ".

3131 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەج قىلغان كىشى ھەرگىز يوقسۇل بولمايدۇ».

جابىردىن: يوقسۇل دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ:

ـ كەمبەغەللىك، ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 2/110؛ بەززار)

3132 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "مَنْ خَرَجَ حَاجا فَمَاتَ كُتِبَ لَهُ أَجْرُ الْحَاج إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ، وَمَنْ خَرَجَ مُعْتَمِرًا فَمَاتَ كُتِبَ لَهُ أَجْرُ الْمُعْتَمِرِ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ، وَمَنْ خَرَجَ غَازِيًا فَمَاتَ كُتِبَ لَهُ أَجْرُ الْغَازِي إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ".

3132 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھەجگە ئاتلىنىپ، ھەج قىلىشتىن بۇرۇن ۋاپات تاپقان

---

[①] ھەيسەمى (5268): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ زۇھەير ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدىم، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (5272): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

بولسا، ئۇنىڭغا تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھەج قىلغانىنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ. كىمكى ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ئۆمرە قىلىشتىن بۇرۇن ۋاپات تاپقان بولسا، ئۇنىڭغا تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۆمرە ھەجى قىلغانىنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ. كىمكى غازات قىلىش ئۈچۈن چىقىپ، غازات قىلىشتىن بۇرۇن ۋاپات تاپقان بولسا، ئۇنىڭغا تاكى قىيامەت كۈنىگىچە غازات قىلغانىنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

3133 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يغفر للحاج ولمن استغفر له الحاج.

3133 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ھەج قىلغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ھەج قىلغۇچى مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[2].

(بەززار: 1155)

3134 - عَنِ ٱبنِ عَباسٍ أَنهُ قَالَ: يَا بَنِي اخْرُجُوا مِنْ مَكةَ حَاجِينَ مُشَاةً حتى ترجعوا إلى مكة مشاة فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن الْحَاج الراكِب لَهُ بِكُل خُطْوَةٍ تخطوها راحلته سبعون حسنة. وإن الحاج الماشي له بكل خطوة يَخْطُوهَا سَبْعُمِائَةِ حَسَنةٍ مِنْ حَسَنَاتِ الْحَرَمِ" قِيلَ: يَا رَسُولَ اللِه وَمَا حَسَنَاتُ الْحَرَمِ؟ قَالَ: "الْحَسَنَةُ بِمِائَةِ أَلْفٍ".

3134ـ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: ئى

[1] ھەيسەمى (5274): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جەمىل ئىبنى ئەبۇ مەيمۇنە دېگەن كىشى بار. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ئۇنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، باھا بەرمىگەن. ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5257): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى («ئەلكەبىر» دە) ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ نەخەئى ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئوغۇللىرىم! ھەج قىلغىنىڭلاردا مەككىدىن پىيادە مېڭىپ چىقىپ، قايتقىنىڭلاردىمۇ پىيادە قايتىپ كېرىڭلار، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«ئۇلاغقا مىنىپ ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئۇلىغىنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن 70 ساۋاب؛ پىيادە ھەج قىلغان كىشىنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن ھەرەمنىڭ ساۋابلىرىدىن 700 ساۋاب بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ھەرەمنىڭ ساۋابلىرى دېگەن قانداق ساۋاب؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ:

ـ ھەرەمنىڭ بىر ساۋابى مىڭ ساۋابقا تەڭ. ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(بەززار: 1120؛ «ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلكەبىر»)

3135 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من أم هذا البيت من الكسب الحرام شخص في غير طاعة الله فإذا أهل ووضع رجله في الغرز أو الركاب وانبعثت به راحلته قال لبيك اللهم لبيك ناداه مناد من السماء لا لبيك ولا سعديك كسبك حرام وزادك حرام وراحلتك حرام فارجع مازورا غير مأجور وأبشر بما يسوؤك وإذا خرج الرجل حاجا بمال حلال ووضع رجله في الركاب وانبعثت به راحلته قال لبيك اللهم لبيك ناداه مناد من السماء لبيك وسعديك قد أجبتك راحلتك حلال وثيابك حلال وزادك حلال فارجع مأجورا غير مأزور وابشر بما يسرك.

3135 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بەيتۇللاھنى ھارام يوللاردىن تاپقان پۇل ـ مېلى بىلەن تاۋاپ قىلغىلى كەلسە، ئۇ اللہ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان ھېسابلانمايدۇ. ئۇنداق كىشى ھەجگە نىيەت قىلىپ،

[1] ھەيسەمى (5278): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ بىر سەنەدىدە كاززاب بىر ئادەم بار. يەنە بىر سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىسىملىك بىرى بولۇپ، مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

ئېھرام باغلاپ، ئۆلىغىغا مىنىپ يولغا چىققاندىن كېيىن:

ــ لبيك اللاـھم لبيـك (يەنى: ھازىرمەن، ئى الله! ھازىرمەن)، ـ دېسە، ئاسماندىن بىر نىدا قىلغۇچى ئۇنىڭغا:

ـ سەن: ”لەببەيك ۋە سەئدەيك“① دېيىشكە ھەقلىق ئەمەسسەن. چۈنكى سېنىڭ مال ـ بايلىقىڭ، ئوزۇق ـ تۈلۈكۈڭ ۋە ئۆلىغىڭ ھارامدۇر. سەن ئەجىر ـ ساۋاب بىلەن ئەمەس، بەلكى گۇناھلار بىلەن قايتقىن. تېخى سېنى خاپا قىلىدىغان نۇرغۇن پېشكەللىكلەر ئالدىڭدا، ـ دەيدۇ.

ئەمما بىر كىشى ھالال مېلى بىلەن ھەجگە نىيەت قىلىپ، ئۆلىغىغا مىنىپ يولغا چىققاندىن كېيىن:

ــ لبيك اللاـھم لبيـك (يەنى: ھازىرمەن، ئى الله! ھازىرمەن) ــ دېسە، ئاسماندىن بىر نىدا قىلغۇچى ئۇنىڭغا:

ــ سەن: ”لەببەيك ۋە سەئدەيك“ دېيىشكە ھەقلىقسەن. چۈنكى سېنىڭ ئۆلىغىڭ، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭ ۋە ئوزۇق ــ تۈلۈكۈڭ ھالالدۇر. سەن گۇناھلاردىن پاكلىنىپ، ئەجىر ـ ساۋاب بىلەن قايتقىن. سېنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلار تېخى ئالدىڭدا، ـ دەيدۇ②.

(بەززار: 1079)

3136 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ ، قَالَ: ”يَقُولُ الله عز وجل: إن عَبْدًا أَصْحَحْتُ لَهُ بدَنَهُ، وأَوْسَعْتُ عَلَيْهِ فِي الرزْقِ، لَمْ يَفِدْ إِلَيَّ فِي كُل أَرْبَعَةِ أَعْوَامٍ لَمَحْرُومٌ“.

3136 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر بەندىنىڭ تېنىنى

① تەرجىمىسى: ئى الله! ھازىرمەن ۋە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىشنى بەختىم دەپ بىلىمەن.

② ھەيسەمى (5280): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۇلايمان ئىبنى داۋۇد يەمامى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

سالامەت، رىزقىنى كەڭرى قىلسام، ئۇ ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم مەن تەرەپكە ھەج قىلىپ كەلمىسە، ئۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ ساۋابلىرىمدىن مەھرۇم قالغۇچىدۇر»[1].

(مەۋسىلى؛ «ئەلكەبىر»؛ «ئەلئەۋسات»: 490)

3137 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ خَطَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الناسَ فَقَالَ إِن اللهَ عَز وَجَل قَدْ فَرَضَ عَلَيْكُمْ الْحَج فَقَالَ رَجُلٌ فِي كُل عَامٍ فَسَكَتَ عَنْهُ حَتى أَعَادَهُ ثَلَاثًا فَقَالَ لَوْ قُلْتُ نَعَمْ لَوَجَبَتْ وَلَوْ وَجَبَتْ مَا قُمْتُمْ بِهَا ذَرُونِي مَا تَرَكْتُكُمْ فَإِنمَا هَلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ بِكَثْرَةِ سُؤَالِهِمْ وَاخْتِلَافِهِمْ عَلَى أَنْبِيَائِهِمْ فَإِذَا أَمَرْتُكُمْ بِالشيْءِ فَخُذُوا بِهِ مَا اسْتَطَعْتُمْ وَإِذَا نَهَيْتُكُمْ عَنْ شَيْءٍ فَاجْتَنِبُوهُ.

3137 - ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە خىتاب قىلىپ:

ــ الله ئەززە ۋە جەللە سىلەرگە ھەجنى پەرز قىلدى، - دېدى. بىر ئادەم:

ــ ھەر يىلىمۇ؟ - دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى. ئۇ كىشى سوئالىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، شۇندىلا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر مەن ھەئە دېسەم، ھەر يىلى ھەج قىلىش پەرزگە ئايلىناتتى. ئاندىن سىلەر ھەر يىلى ھەج قىلالمايتتىڭلار. مەن سىلەرگە ئېيتمىغان ئىشلارنى كوچىلىماڭلار. سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر كۆپ سوئال سوراش ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىش سەۋەبىدىن ھالاك بولغان. ئەگەر مەن سىلەرنى بىر نەرسىگە بۇيرىسام، ئۇنى قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىڭلار. مەن سىلەرنى نېمىدىن چەكلىگەن بولسام، شۇنىڭدىن يېنىڭلار»

[1] ھەيسەمى (5259): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلارنىڭ ھەممىسى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

دېدى[1].

(نەسائى: 2619)

3138 - عَنْ عَلِيٍّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ لَمَّا نَزَلَتْ وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنْ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا قَالُوا يَا رَسُولَ اللَّهِ أَفِي كُلِّ عَامٍ فَسَكَتَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللَّهِ فِي كُلِّ عَامٍ قَالَ لَا وَلَوْ قُلْتُ نَعَمْ لَوَجَبَتْ فَأَنْزَلَ اللَّهُ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَسْأَلُوا عَنْ أَشْيَاءَ إِنْ تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ.

3138 - ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالانىڭ: ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ اللہ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾[2] دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، ساھابىلار:

ــ ئى اللہنىڭ رەسۇلى! كەئبىنى ھەر يىلى زىيارەت قىلامدۇق؟ - دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لام - جىم دېمىدى. ساھابىلەر يەنە:

ــ ئى اللہنىڭ رەسۇلى! كەئبىنى ھەر يىلى زىيارەت قىلامدۇق؟ - دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر مەن ھەئە دېسەم، ئەلۋەتتە پەرز بولۇپ قالاتتى، - دېدى. ئاندىن اللہ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار﴾[3] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى[4].

(تىرمىزى: 814)

3139 - عَنْ عَلِيٍّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ مَلَكَ زَادًا وَرَاحِلَةً تُبَلِّغُهُ إِلَى بَيْتِ اللَّهِ وَلَمْ يَحُجَّ فَلَا عَلَيْهِ أَنْ يَمُوتَ يَهُودِيًّا أَوْ نَصْرَانِيًّا وَذَلِكَ أَنَّ اللَّهَ يَقُولُ فِي كِتَابِهِ وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنْ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا.

---

[1] ئەلبانى (2456): سەھىھ - دېگەن.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 97 - ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە، 101 - ئايەت.

[4] ئەلبانى (134): زەئىپ - دېگەن.

3139 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهنىڭ ئۆيىگە (يەنى بەيتۇللاھقا) يېتىپ بارغۇچىلىك يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئات ـ ئۇلاغقا ئىگە تۇرۇپ، ھەج قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ يەھۇدىي ياكى ناسارادەك ئۆلۈپ كېتىشىگە ھېچقانداق توسالغۇ قالمايدۇ. چۈنكى الله قۇرئان كەرىمدە: ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾[1] دېگەن (يەنى ئۇ كىشى بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلمىغان بولىدۇ)[2].

(تىرمىزى: 812)

3140 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لَمْ يَمْنَعْهُ عَنْ الْحَج حَاجَةٌ ظَاهِرَةٌ أَوْ سُلْطَانٌ جَائِرٌ أَوْ مَرَضٌ حَابِسٌ فَمَاتَ وَلَمْ يَحُج فَلْيَمُتْ إِنْ شَاءَ يَهُودِيا وَإِنْ شَاءَ نَصْرَانِيا.

3140 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى يوقسۇللۇق ياكى زالىم پادىشاھ ۋە ياكى ئېغىر كېسەلنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمىغان تۇرۇپ ھەج قىلمىسا، ئۇ خالىسا يەھۇدىي، خالىسا ناسارا بولۇپ ئۆلۈپ كەتسۇن».

(دارىمى: 1785)

3141 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا صَرُورَةَ فِي الْإِسْلَامِ.

3141 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىسلامدا (ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ) ھەج قىلماسلىقتا يول

[1] سۈرە ئال ئىمران، 97 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (132): زەئىپ، ـ دېگەن.

يوق»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1729)

3142 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ مَنْ أَرَادَ الْحَـج فَلْيَتَعجلْ.

3142 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـادىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلسا، ئالدىرىسۇن»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1732)

3143- وزاد ابن ماجة بلين: فَإِنُه قَدْ يَمْرَضُ المريض وتضـل الضـالةُ وَتَعْـرِضُ الْحاجَةُ.

3143 ـ يەنە بىر رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا: «چۈنكى كېسەل بولۇپ قېلىشى، ئات ـ ئۇلاغ (ۋە مال ـ مۈلكىدىن) ئايرىلىپ قېلىشى ياكى مۇھىم بىر ئىشى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن» دېيىلگەن[3].

(ئىبنى ماجە: 2883)

3144 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، قَالَ: قَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللهِ، عَلَي حَجةُ الإسْلامِ وَعَلَي دَيْنٌ؟ قَالَ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ: "اقْضِ دَيْنَكَ".

3144 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم:

ــ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن تېخى پەرز ھەجنى ئادا قىلمىغان، قەرزىممۇ بار (قايسىسىنى قىلاي؟) ــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاۋۋال قەرزىڭنى ئادا قىلغىن! ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (380): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1524): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2331): ھەسەن، ـ دېگەن.

3145 - عَنِ ٱبْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: «أيمَا صَبِي حَج، ثُم بَلَغَ الْحِنْثَ فَعَلَيْهِ أَنْ يَحُج حَجةً أُخْرَى، وَأَيمَا أَعْرَابِي حَج، ثُم هَاجَرَ فَعَلَيْهِ حَجةٌ أُخْرَى، وَأَيمَا عَبْدٍ حَج، ثُم أُعْتِقَ فَعَلَيْهِ حَجةٌ أُخْرَى».

3145 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىچىك بالا ھەج قىلغان بولسا، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن قايتا ھەج قىلىسۇن. ھەرقانداق بىر ئەئرابىي ھەج قىلغان بولسا، ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن قايتا ھەج قىلىسۇن. ھەرقانداق بىر قۇل ھەج قىلغان بولسا، ئازات بولغاندىن كېيىن قايتا ھەج قىلىسۇن»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 2752)

3146 - عَنْ جَابِرٍ أَنَّ النبِي صلى الله عَلَيْهِ وَسَلمَ سُئِلَ عَنْ الْعُمْرَةِ أَوَاجِبَةٌ هِيَ قَالَ لَا وَأَنْ تَعْتَمِرُوا هُوَ أَفْضَلُ.

3146 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئۆمرە قىلىش ۋاجىپمۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى:

ـ ياق، لېكىن ئۆمرە قىلىشىڭلار ئەۋزەلدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(تىرمىزى: 931)

3147 - عَنْ ابن عباس: الْعُمْرَةُ واجِبَة.

3147 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: «ئۆمرە قىلىش ۋاجىپتۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

(تىرمىزى: 931)

3148 - عن ابن مسعود كان يقرأ: وأتموا الحج والعمرة إلى البيت، وكان يقول

[1] ھەيسەمى (5254): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (161): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

لولا التحرج وأbّ B أꙅع من رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ ż ذلك شيأ لقلـت العمرة واجبة.

3148 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿ھەج بىلەن ئۆمرەنى اللە ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتنى «بەيتۇللاھقا بېرىپ ئادا قىلماقچى بولغان ھەج بىلەن ئۆمرىنى تولۇق ئورۇنلاڭلار» دېگەن مەنادا ئوقۇيتتى ۋە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆمرە توغرىسىدا بىر نەرسە ئاڭلىمىغانلىقىمدىن، ئۆمرە ھەققىدە ئۆز ئالدىمغا بىر نەرسە دېيىشتىن تەپ تارتىۋاتىمەن، بولمىسا ئۆمرە قىلىش ۋاجىپ دەيتتىم، ـ دەيتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3149 - عَنِ ٱبنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَـلمَ "فِي ٱمْرَأَةٍ لَهَا زَوْجٌ وَلَهَا مَالٌ، وَلا يَأْذَنُ لَهَا زَوْجُهَا فِي الْحَج، قَالَ: لَيْسَ لَهَا أَنْ تَنطَلِـقَ إلا بِإِذْنِ زَوْجِهَا".

3149 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ مال ـ دۇنياسى ۋە ئېرى بار ئايالنىڭ ھەج قىلىشى ئۈچۈن ئېرى رۇخسەت بەرمىسە قانداق قىلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا:

ـ مۇنداق ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقسا بولمايدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 582)

3150 - عن ٱبنَ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُـولُ إِنـي لَأَعْلَمُ أَرْضًا يُقَالُ لَهَا عُمَانُ يَنضَحُ بِجَانِبِهَا وَقَالَ إِسْحَاقُ بِنَاحِيَتِهَا الْبَحْرُ الْحَجةُ مِنْهَا أَفْضَلُ

[1] سۇرە بەقەرە، 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ھەيسەمى (5307): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

مِنْ حَجَّتَيْنِ مِنْ غَيْرِهَا.

3150ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مەن ئومان ئىسىملىك بىر زېمىننى بىلىمەن، ئۇ زېمىنىنىڭ بىر تەرىپى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. ئۇ يەردىن كېلىپ بىر قېتىم ھەج قىلىش، باشقا يەردىن كېلىپ ئىككى قېتىم ھەج قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر»[①].

(ئەھمەد: 4838)

3151 - عَنْ ابْنِ الْمُسَيبِ قَالَ قَالَتْ عَائِشَةُ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ يَوْمٍ أَكْثَرَ مِنْ أَنْ يُعْتِقَ اللهُ فِيهِ عَبْدًا مِنْ النارِ مِنْ يَوْمِ عَرَفَةَ وَإِنهُ لَيَدْنو ثُم يُبَاهِي بِهِمْ الْمَلَائِكَةَ فَيَقُولُ مَا أَرَادَ هَؤُلَاءِ.

3151 ـ ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا بەندىلىرىنى باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ئەرەفات كۈنىدە دوزاختىن ئەڭ كۆپ ئازاد قىلىدۇ. ئۇ كۈندە، الله بەندىلىرىگە يېقىن كېلىدۇ ۋە ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ، ئۇلاردىن پەخىرلەنگەن ھالدا:

ـ بۇ بەندىلىرىم (بۇ يەرگە) نېمە مەقسەتتە يىغىلدى؟ ـ دەيدۇ».

(مۇسلىم: 1348)

3152 - عَنْ طَلْحَةَ بنِ عُبَيْدِ اللهِ بنِ كَرِيزٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا رُئِيَ الشيْطَانُ يَوْمًا هُوَ فِيهِ أَصْغَرُ وَلَا أَدْحَرُ وَلَا أَحْقَرُ وَلَا أَغْيَظُ مِنْهُ فِي يَوْمِ عَرَفَةَ وَمَا ذَاكَ إِلا لِمَا رَأَى مِنْ تَنَزلِ الرحْمَةِ وَتَجَاوُزِ اللهِ عَنْ الذنُوبِ الْعِظَامِ إِلا مَا أُرِيَ يَوْمَ بَدْرٍ قِيلَ وَمَا رَأَى يَوْمَ بَدْرٍ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ أَمَا إِنهُ قَدْ رَأَى جِبْرِيلَ يَزَعُ الْمَلَائِكَةَ.

[①] ھەيسەمى (5322): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3152 ـ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى كەرىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«شەيتان ھېچبىر كۈندە ئەرەفات كۈنىدىكىدەك كىچىك، خار، تۆۋەن ۋە غەزەپناك كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەرەفات كۈنى مۇئمىنلەرگە رەھمەتلەرنىڭ ياغقانلىقىنى ۋە اللهنىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. بەدرى كۈنىمۇ شەيتان بىر ئىشنى كۆرۈپ شۇنداق بولغان ئىدى» دېدى.

— ئى رەسۇلۇللاھ! بەدرى كۈنى شەيتان نېمىنى كۆردى؟ ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— جىبرىئىلنىڭ پەرىشتىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى، ـ دېدى.

(مالىك: 962)

3153 - عن عَباس بن مِرْدَاس السلمي أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعَا لأمته عَشِيةَ عَرَفَةَ بِالْمَغْفِرَةِ فَأُجِيبَ إني قَدْ غَفَرْتُ لَهُمْ مَا خَلَا الظالِمَ فَإني آخُذُ لِلْمَظْلُومِ مِنْهُ قَالَ أَيْ رَب إنْ شِئْتَ أَعْطَيْتَ الْمَظْلُومَ مِنْ الْجَنةِ وَغَفَرْتَ لِلظالِمِ فَلَمْ يُجَبْ عَشِيتَهُ فَلَما أَصْبَحَ بِالْمُزْدَلِفَةِ أَعَادَ الدعَاءَ فَأُجِيبَ إلَى مَا سَأَلَ قَالَ فَضَحِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ قَالَ تَبَسمَ فَقَالَ لَهُ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي إن هَذِهِ لَسَاعَةٌ مَا كُنتَ تَضْحَكُ فِيهَا فَمَا الذِي أَضْحَكَكَ أَضْحَكَ اللهُ سِنكَ قَالَ إن عَدُو اللهِ إبْلِيسَ لَما عَلِمَ أَن اللهَ عَز وَجَل قَدْ اسْتَجَابَ دُعَائِي وَغَفَرَ لِأُمتِي أَخَذَ الترَابَ فَجَعَلَ يَحْثُوهُ عَلَى رَأْسِهِ وَيَدْعُو بِالْوَيْلِ وَالثبُورِ فَأَضْحَكَنِي مَا رَأَيْتُ مِنْ جَزَعِهِ.

3153 ـ ئابباس ئىبنى مىرداس سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرەفات كۈنى كەچتە ئۈممەتلىرىگە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلدى. الله ئىجابەت قىلىپ:

— مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلدىم،

پەقەت زالىم بۇنىڭدىن مۇستەسنا، مەن ئۇنىڭدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى رەببىم! ئەگەر خالىساڭ، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ھەققىنى جەننەتتىن بېرىپ، زالىملارنى مەغپىرەت قىلساڭ، - دەپ دۇئا قىلدى. بىراق بۇ دۇئا ئۇ كۈنى كەچكىچە ئىجابەت قىلىنمىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنى مۇزدەلىفەدە ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئاتقاندا ئۇ دۇئانى قايتىلىغان ئىدى، دۇئاسى ئىجابەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلدى. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار:

- ئاتا - ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن! سەن بۇنداق ۋاقىتتا (يەنى سەھەردە) كۈلمەيتتىڭ، بۈگۈن نېمە سەۋەبتىن كۈلدۈڭ؟ الله سېنى پۈتۈن ئۆمرۈڭدە كۈلدۈرسۇن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— الله مېنىڭ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىپ، ئۈممىتىمنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغانىدى، بۇنى كۆرگەن (اللهنىڭ دۈشمىنى) ئىبلىس بېشىغا توپا چېچىپ، پەرياد سېلىپ تووۋلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ داد ـ پەريادىغا قاراپ كۈلگۈم كەلدى، - دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3013)

3154 - عَنْ بِلَالِ بْنِ رَبَاحٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَهُ غَدَاةَ جَمْعٍ يَا بِلَالُ أَسْكِتْ الناسَ أَوْ أَنصِتْ الناسَ ثُم قَالَ إِن اللهَ تَطَولَ عَلَيْكُمْ فِي جَمْعِكُمْ هَذَا فَوَهَبَ مُسِيئَكُمْ لِمُحْسِنِكُمْ وَأَعْطَى مُحْسِنَكُمْ مَا سَأَلَ ادْفَعُوا بِاسْمِ اللهِ.

3154 ـ بىلال ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىفەدە قونغان كۈنى ئەتىگەن ماڭا:

[1] ئەلبانى (651): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى بىلال! ئىنسانلارنى شۈك تۇرۇشقا ئۈندىگىن! ـ دېدى. ئاندىن:
ــ الله تائالا بۇ يەردە يىغىلغانلارغا ئىلتىپات قىلىپ، سىلەرنىڭ گۇناھكارلىرىڭلارنى ياخشىلىرىڭلارغا بېغىشلاپ، ياخشىلىرىڭلارنىڭ تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلدى. قېنى، اللهنىڭ ئىسمى بىلەن (مىناغا قاراپ) ئاتلىنىڭلار! ـ دېدى.[1]

(ئىبنى ماجە: 3024)

3155 - عَنْ طَلْحَةَ بنِ عُبَيْدِ اللهِ بنِ كَرِيزٍ، أَنَّ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَـالَ: "أَفْضَلُ الأيام يوم عرفة، وإذا وافق يوم جمعة فهو أفضل من سبعين حجة في غـير يـوم جمعة، أَفْضَلُ الدعَاءِ دُعَاءُ يَوْمِ عَرَفَةَ، وَأَفْضَلُ مَا قُلْتُ أَنا وَالنبيونَ مِنْ قَبْلي: قَوْلُ لا إِلَهَ إلا اللهُ وَحْدَهُ لا شَرِيكَ لَهُ".

3155 ـ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا ئىبنى كەرىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئەرەفات كۈنىدۇر. ئەرەفات كۈنى جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ كۈندە قىلىنغان ھەج باشقا كۈنلەردە قىلىنغان 70 ھەجدىنمۇ ئەۋزەل بولىدۇ. ئەڭ ئەۋزەل دۇئا ئەرەفات كۈنىدىكى دۇئادۇر. مەن ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى: ''بىر اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، اللهنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوق'' دېگەن سۆزدۇر».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3156 - عن ابن عمر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا كـان عشـية عرفة لم يبق أحد في قلبه مثقال حبة من خردل من إيمان إلا غفر له قلت يارسول الله أهل عرفة خاصة قال بل للمسلمين عامة.

3156 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت

[1] ئەلبانى (2450): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەرەفات كۈنى ئاخشىمى، اللہ تائالا قەلبىدە قىچىنىڭ ئۇرۇقىچىلىك بولسىمۇ ئىمانى بولغان ھەممەيلەننى مەغپىرەت قىلىدۇ، ـ دېدى. مەن:

— ئى اللہنىڭ رەسۇلى! بۇ، ئەرەفات ئەھلىگە خاسمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ياق، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»)

3157 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ عَرَفَةَ: "أَيهَا الناسُ، إن اللهَ تَطَولَ عَلَيْكُمْ فِي هَذَا الْيَوْمِ، فَيَغْفِرُ لَكُمْ إلا التبِعَاتِ فِيمَا بَيْنَكُمْ، وَوَهَبَ مُسِيئَكُمْ لِمُحْسِنِكُمْ، وَأَعْطَى مُحْسِنَكُمْ مَا سَأَلَ، ادْفَعُوا بِسْمِ اللهِ فَإِذَا كَانَ بِجَمْعٍ، قَالَ: إن اللهَ قَدْ غَفَرَ لِصَالِحِكُمْ، وَشَفَعَ صَالِحُكُمْ فِي طَالِحِكُمْ، تَنْزِلُ الْمَغْفِرَةُ فَتَعُمهُمْ، ثُم تُفَرقُ الْمَغْفِرَةُ فِي الأَرْضِينَ فَتَقَعُ عَلَى كُل تَائِبٍ مِمنْ حَفِSْ لِسَانَهُ وَيَدَهُ، وَإِبْلِيسُ وَجُنُودُهُ عَلَى جِبَالِ عَرَفَاتٍ يَنْظُرُونَ مَا صَنَعَ اللهُ بِهِمْ، فَإِذَا نَزَلَتِ الْمَغْفِرَةُ دَعَا هُوَ وَجُنُودُهُ بِالْوَيْلِ، وَيَقُولُ: كُنْتُ اسْتَفِزهُمْ حِقَبًا مِنَ الدهْرِ، ثُم جَاءَتِ الْمَغْفِرَةُ، فَغَشِيَتْهُمْ، فَيَتَفَرقُونَ وَهُمْ يَدْعُونَ بِالْوَيْلِ وَالثبُورِ".

3157 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرەفات كۈنى مۇنداق دېگەن:

ـ ئى خالايىق! اللہ سىلەرگە بۇگۈن ئىلتىپات قىلدى، ئاراڭلاردىكى ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە ھەق ـ ھوقۇقلاردىن باشقا بارلىق گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلدى. سىلەرنىڭ گۇناھكارلىرىڭلارنى ياخشىلىرىڭلارغا بېغىشلاپ، ياخشىلىرىڭلارنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلدى. قېنى، اللہنىڭ نامى بىلەن (مۇزدەلىفەگە قاراپ) يولغا چىقىڭلار! ــ دېدى.

[1] ھەيسەمى (5551): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ داۋۇد ئەئما ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

مۇسۇلمانلار مۇزدەلىفەگە يىغىلغاندا:

ـ اللە سىلەرنىڭ سالىھلىرىڭلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى. سالىھ ئەمەسلىرىڭلارنى سالىھلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدى. رەھمەت چۈشۈپ ھەر يەرنى ئوراۋاتىدۇ، مەغپىرەت زېمىنغا تارىلىۋاتىدۇ. قولىنى، تىلىنى يامان سۆز ـ ھەرىكەتتىن ساقلىغان ھەرقانداق تۆۋبىكار رەھمەت ۋە مەغپىرەتتىن نېسىۋىسىنى ئالىدۇ. ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئەرەفات تېغىدا تۇرۇپ، اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان بۇ مەرھەمىتىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. اللەنىڭ مەغپىرىتى چۈشكەندە، ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئازابتىن ئاچچىق تولغىنىپ:

ـ بىزنىڭ ھالىمىزغا ۋاي! بىز ئۇزۇندىن بېرى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇندۇق، گۇناھلارنى قىلغۇزدۇق، مانا ئەمدى اللەنىڭ مەغپىرىتى كېلىپ، ئۇ گۇناھلارنى پۈتۈنلەي يوققا چىقاردى. ئىسىت، ئىسىت! ـ دەيدۇ ۋە ئېچىنىشلىق نالە ـ پەرياد قىلغان ھالدا تارقىلىپ كېتىدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

3158 - عَنْ أَنسٍ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، يَقُولُ: "إِن اللهَ تَطَولَ عَلَى أَهْلِ عَرَفَاتٍ، يُبَاهِي بِهِمُ الْمَلائِكَةَ، يَقُولُ: يَا مَلائِكَتِي، انْظُرُوا إِلَى عِبَادِي شُعْثًا غُبْرًا، أَقْبَلُوا يَضْرِبُونَ إِلَي مِنْ كُل فَج عَمِيقٍ، فَأُشْهِدُكُمْ أَني قَدْ أَجَبْتُ دُعَاءَهُمْ، وَشَفَعْتُ رَغْبَتَهُمْ، وَوَهَبْتُ مُسِيئَهُمْ لِمُحْسِنِهِمْ، وَأَعْطَيْتُ مُحْسِنِيهِمْ جَمِيعَ مَا سَأَلُونِي غَيْرَ التبِعَاتِ التِي بَيْنَهُمْ، فَإِذَا أَفَاضَ الْقَوْمُ إِلَى جَمْعٍ وَوَقَفُوا وَعَادُوا فِي الرغْبَةِ وَالطلَبِ إِلَى اللهِ، يَقُولُ: يَا مَلائِكَتِي، عِبَادِي وَقَفُوا فَعَادُوا فِي الرغْبَةِ وَالطلَبِ، فَأُشْهِدُكُمْ أَني قَدْ أَجَبْتُ دُعَاءَهُمْ، وَشَفَعْتُ رَغْبَتَهُمْ، وَوَهَبْتُ مُسِيئَهُمْ لِمُحْسِنِهِمْ، وَأَعْطَيْتُ مُحْسِنَهُمْ جَمِيعَ مَا سَأَلَنِي، وَكَفَلْتُ عَنْهُمُ التبِعَاتِ التِي بَيْنَهُمْ".

---

[1] ھەيسەمى (5568): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

3158 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئەرەفات ئەھلىگە ئىلتىپات قىلىپ، مالائىكىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن پەخىرلىنىپ:

ـ ئى مالائىكىلىرىم! چېچى چۇۋۇلۇپ، ئۈستى ـ بېشىنى توپا ـ چاڭ باسقان بەندىلىرىمگە قاراڭلار. ئۇلار دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن مېنىڭ بۇيرۇقمىنى ئىجرا قىلىپ، ئالدىمغا كەلدى. مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت، ئىستەكلىرىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىرىنى ياخشىلىرىغا بېغىشلاپ، ياخشىلىرىنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە ھەق ـ ھوقۇقتىن باشقا تىلەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردىم، ـ دەيدۇ.

مۇسۇلمانلار مۇزدەلىفەگە توپلىنىپ، الله تائالاغا بولغان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى قايتىدىن باشلىغاندا، الله مالائىكىلەرگە:

ـ ئى مالائىكىلىرىم! مېنىڭ بەندىلىرىم، ئۈمىد ۋە تەلەپ بىلەن ئالدىمغا كەلدى. گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىرىنى ياخشىلىرىغا بېغىشلاپ، ياخشىلىرىنىڭ پۈتۈن تىلەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردىم ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتلەرنى سۈرۈشتە قىلماسلىققا كېپىل بولدۇم، ـ دەيدۇ»[1].

(مەۋسىلى: 4106)

3159 - عن ابن عمر قال كنت جالسا مع النF صلى الله عليه وسلم في مسجد منى فأتاه رجل من الانصار ورجل من ثقيف فسلما ثم قالا يارسول الله جئنا نسألك فقال ان شئتما أخبرتكما بما جئتما تسألاC عنه فعلت وان شئتما أن أمسك وتسألاC فعلـت

[1] ھەيسەمى (5569): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالىھ مەرى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

فقالا أخبرنا يارسول الله فقال الثقفى للانصاري سل فقال أخبرني يارسول الله فقال جئتما تسألاني عن مخرجك من بيتك تؤم البيت الحرام ومالك فيه وعن ركعتيك بعـد الطـواف ومالك فيهما وعن طوافك بين الصفا والمروة ومالك فيه وعن وقوفك عشية عرفة ومالك فيه وعن رميك الجمار ومالك فيه وعن نحرك ومالك فيه وعن حلقك رأسك وما لك فيه وعن طوافك بالبيت بعد ذلك وما لك فيه مع الافاضة فقال والذى بعثك بالحق لعن هذا جئت أسألك قال فانك إذا خرجت من بيتك تؤم البيت الحرام لا تضع ناقتك خفـا ولا ترفعه الا كتب الله لك به حسنة ومحا عنك خطيئة وأما ركعتاك بعد الطواف كعتق رقبة من بنى إسماعيل وأما طوافك بالصفا والمروة بعد ذلك كعتق سبعين رقبة وأمـا وقوفـك عشية عرفة فان الله تبارك وتعالى يهبط إلى السماء الدنيا فيباهي بكم الملائكة يقول عبـادي جاؤوني شعثا من كل فج عميق يرجون جنتي فلو كانت ذنوبكم كعدد الرمل أو كقطـر المطر أو كزبد البحر لغفرتها أفيضوا عبادي مغفورا لكم ولمن شفعتم له وأما رميك الجمار فلك بكل حصاة رميتها كبيرة من الموبقات وأما نحرك فمذخور لك عند ربـك وأمـا حلاقك رأسك فلك بكل شعرة حلقتها حسنة ويمحى عنك بها خطيئة وأمـا طوافـك بالبيت بعد ذلك فالك تطوف ولاذنب لك يأتي ملك حتى يضع يديه بين كتفيك فيقول اعمل فيما يستقبل فقد غفر لك ما مضى.

3159 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مىنادىكى مەسجىدتە ئولتۇراتتىم. سەقىف قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ۋە ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم سالام قىلىپ كەلدى ۋە:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! بىز سەندىن مەسىلە سورىغىلى كەلدۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەگەر خالىساڭلار، مەن سىلەر سورىغىلى كەلگەن ئىشنى ئېيتىپ بېرەي. خالىساڭلار، جىم ئولتۇرۇپ، سىلەر سورايدىغان مەسىلىگە قۇلاق سالاي، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! بىز سورىماقچى بولغان ئىشنى دەپ بەرگىن! ـ دېدى. سەقىفلىك ئادەم ئەنسارىغا: ئالدى بىلەن سەن سورىغىن، ـ

دېدى. ئەنسارى: ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ مەسىلەمنى ئېيتىپ بەرگىن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەي ئەنسارى! سەن ئۆيۈڭدىن چىقىپ ھەرەمنى تاۋاپ قىلىش ۋە بۇ تاۋاپتىن كېلىدىغان ئەجىر؛ تاۋاپتىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز ۋە بۇ نامازدىن كېلىدىغان ئەجىر؛ ئاندىن سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئەجر؛ ئەرەفاتتا تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئەجىر؛ شەيتانغا تاش ئېتىپ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئەجىر؛ قۇربانلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئەجىر؛ چاچ ئالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئەجىر؛ ئاخىرىدا، كەئبىنى قايتا تاۋاپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئەجىر توغرۇلۇق سورىغىلى كەلدىڭ، - دېدى. ئۇ كىشى:

- سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن مۇشۇلارنى سورىغىلى كەلگەن ئىدىم، - دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

— ئەگەر سەن ئۆيۈڭدىن ھەرەمنى مەقسەت قىلىپ چىقساڭ، تۆگەڭنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن الله ساڭا بىر ياخشىلىق يازىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە سەندىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ. تاۋاپتىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامىزىڭغا، ئىسمائىل ئەۋلادىدىن بىر قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ئەجرى بولىدۇ. سەفا بىلەن مەرۋەنى سەئيى قىلىشنىڭ ئەجرى يەتمىش قۇل ئازاد قىلغانغا باراۋەر بولىدۇ. ئەرەفاتتا تۇرغان ۋاقتىڭلاردا، الله تەبارەكە ۋەتەئالا بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا چۈشۈپ، سىلەردىن پەخىرلىنىپ، مالائىكىلەرگە:

- بەندىلىرىم مېنىڭ بۇيرۇقىمغا بويسۇنۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن چاچلىرى چۇۋۇلغان، جەننىتىمنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئالدىمغا كەلدى، - دەيدۇ. ئاندىن بەندىلىرىگە:

- گۇناھىڭلار قۇملارنىڭ سانىدەك ياكى يامغۇرلارنىڭ تامچىسىدەك ۋە ياكى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك جىق بولسىمۇ، ئەلۋەتتە، مەغپىرەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم، كېلىڭلار! سىلەرنى مەغپىرەت قىلدىم ۋە

كىم ئۇچۇن شاپائەت تىلىگەن بولساڭلار، ئۇنىمۇ قوبۇل قىلدىم، ـ دەيدۇ.

شەيتانغا تاش ئېتىشىڭغا كەلسەك، ھەر بىر تاش ئىلگىرىكى چوڭ ـ چوڭ گۇناھلىرىڭنى ئۆچۈرىدۇ. قۇربانلىق رەببىڭنىڭ يېنىدا ساقلىنىپ تۇرىدۇ. چاچ ئالدۇرۇشقا كەلسەك، الله تائالا ئالدۇرۇلغان ھەربىر چاچ ئۇچۇن بىر ياخشىلىق ئاتا قىلىپ، بىر خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ. ئاخىرقى تاۋاپ بىلەن سەندە ھېچ گۇناھ قالمايدۇ ۋە بىر پەرىشتە كېلىپ، ئىككى قولىنى سېنىڭ ئىككى دولاڭغا قويۇپ:

— بۇندىن كېيىن كەلگۈسى ئۇچۇن ئىشلە (يەنى كەلگۈسى كۈنلىرىڭدە ياخشى ئىش بىلەن مەشغۇل بول)، ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىندى، ـ دەيدۇ[1].

(بەززار: 1082؛ «ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (5648): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## سەپەر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرى، ئۇلاغقا مىنىش ۋە مىندۈرۈۋېلىش

3160 - عَنْ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَلَمَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْرُجُ فِي سَفَرٍ إِلا يَوْمَ الْخَمِيسِ.

3160 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پەيشەنبە كۈنى چىقاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2605)

3161 - عَنْ صَخْرٍ الْغَامِدِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم بَارِكْ لِأُمتِي فِي بُكُورِهَا قَالَ وَكَانَ إِذَا بَعَثَ سَرِيةً أَوْ جَيْشًا بَعَثَهُمْ أَولَ النهَارِ وَكَانَ صَخْرٌ رَجُلًا تَاجِرًا وَكَانَ إِذَا بَعَثَ تِجَارَةً بَعَثَهُمْ أَولَ النهَارِ فَأَثْرَى وَكَثُرَ مَالُهُ.

3161 ـ سەخر غامىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئى الله! مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ سەھەر باشلىغان ئىشلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى، شۇڭا غازاتچى ئەترەت ياكى قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارنى سەھەردە يولغا سالاتتى.

(راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان سەخر تىجارەتچى بولۇپ، ماللىرىنى باشقا يەرلەرگە ئەۋەتمەكچى بولسا، سەھەردە يولغا سالاتتى. نەتىجىدە ماللىرى ئاۋۇپ بېيىپ كەتكەنىدى[2].

---

[1] ئەلبانى (2269): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (968): سەھىھ ـ دېگەن.

3162 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ بَعَثَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ رَوَاحَةَ فِي سَرِيَّةٍ فَوَافَقَ ذَلِكَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فَغَدَا أَصْحَابُهُ فَقَالَ أَتَخَلَّفُ فَأُصَلِّي مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ أَلْحَقُهُمْ فَلَمَّا صَلَّى مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَآهُ فَقَالَ مَا مَنَعَكَ أَنْ تَغْدُوَ مَعَ أَصْحَابِكَ فَقَالَ أَرَدْتُ أَنْ أُصَلِّيَ مَعَكَ ثُمَّ أَلْحَقَهُمْ قَالَ لَوْ أَنْفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مَا أَدْرَكْتَ فَضْلَ غَدْوَتِهِمْ.

3162 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى بىر غازاتچى ئەترەتكە قوماندان قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇ، جۈمە كۈنى ئىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەھەردە يولغا چىقتى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ناماز ئوقۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالىمەن دەپ ئويلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى نامازدا كۆرۈپ:

— نېمە ئۈچۈن سەھەردە ھەمراھلىرىڭ بىلەن بىللە يولغا چىقمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

— مەن سەن بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ، ئاندىن ئۇلارغا يېتىشىۋالارمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

— ئەگەر دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى سەدىقە قىلساڭمۇ، ھەمراھلىرىڭ بىلەن ئەتىگەندە يولغا چىققانلىقىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلمەيسەن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 527)

3163 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَوْ أَنَّ النَّاسَ يَعْلَمُونَ مَا أَعْلَمُ مِنْ الْوَحْدَةِ مَا سَرَى رَاكِبٌ بِلَيْلٍ يَعْنِي وَحْدَهُ.

3163 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر

[1] ئەلبانى (81): سەنەدى زەئىپ. ـ دېگەن.

ئىنسانلار كېچىدە يالغۇز يول مېڭىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى مەن بىلگەندەك بىلگەن بولسا، ھەرگىزمۇ كېچىدە يالغۇز يول ماڭمايتتى»[1].

(تىرمىزى: 1673)

3164 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَنَّهُ كَانَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الشيْطَانُ يَهُم بِالْوَاحِدِ وَالاثْنَيْنِ فَإِذَا كَانُوا ثَلاثَةً لَمْ يَهُم بِهِمْ.

3164 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەيتان بىر ياكى ئىككى ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالالايدۇ. ئەگەر ئۈچ بولسا، ۋەسۋەسىگە سالالمايدۇ (يەنى ئەڭ ئاز ئۈچ ئادەمنىڭ سەپەرگە بىللە چىقىشى ئەۋزەل)».

(مالىك: 1832)

3165 - عن أسلم قال خرجت في سفر فلما رجعت قال لي عمر من صحبت قلت صحبت رجلا من بكر بن وائل فقال عمر أما سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم قال أخوك البكري ولا تأمنه.

3165 ـ ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: مەن سەپەرگە چىقىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ سەپەرگە كىم بىلەن بىرگە چىقتىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ بەكرى ئىبنى ۋائىل قەبىلىسىدىن بىر كىشى بىلەن، ـ دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قېرىندىشىڭ بەكرى (قەبىلىسى) گە ئىشەنمىگىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دېدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

[1] ئەلبانى (1367): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5308): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى زەيد ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىككىلىسىنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

3166 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الرَّاكِبُ شَيْطَانٌ وَالرَّاكِبَانِ شَيْطَانَانِ وَالثَّلَاثَةُ رَكْبٌ.

3166 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يالغۇز يولغا چىققان بىر ئاتلىق ئادەم بىر شەيتان (يەنى ئازغۇن)؛ ئىككى ئادەم ئىككى شەيتان؛ ئۈچ ئادەم بىر كارۋاندۇر»[1].

(تىرمىزى: 1674)

3167 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا خَرَجَ ثَلَاثَةٌ فِي سَفَرٍ فَلْيُؤَمِّرُوا أَحَدَهُمْ.

3167 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ئۈچ ئادەم بىللە سەپەر قىلماقچى بولسا، ئارىدىن بىرىنى ئۆزلىرىگە باشلىق سايلىۋالسۇن»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2608)

3168 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا سَافَرْتُمْ فِي الْخِصْبِ فَأَعْطُوا الْإِبِلَ حَظَّهَا مِنْ الْأَرْضِ وَإِذَا سَافَرْتُمْ فِي السَّنَةِ فَأَسْرِعُوا عَلَيْهَا السَّيْرَ وَإِذَا عَرَّسْتُمْ بِاللَّيْلِ فَاجْتَنِبُوا الطَّرِيقَ فَإِنَّهَا مَأْوَى الْهَوَامِّ بِاللَّيْلِ.

3168 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر مۇنبەت زېمىندا سەپەر قىلساڭلار، ئالدىرىماي، تۆگىنى ئوتلىتىپ مېڭىڭلار. ئەگەر قاقاس زېمىندا سەپەر قىلساڭلار (ئۇلاغنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن) تېز مېڭىڭلار. ئەگەر كېچىدە بىر يەرگە چۈشسەڭلەر، يولدىن يىراق يەرگە چۈشۈڭلار. چۈنكى يول زىyانداش ھايۋانلارنىڭ كېچىدە ئەگىپ يۈرىدىغان جايىدۇر».

(مۇسلىم: 1926)

---

[1] ئەلبانى (1368): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2272): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

3169 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَحْوَ هَذَا قَالَ بَعْـدَ قَوْلِهِ حَقهَا وَلَا تَعْدُوا الْمَنَازِلَ.

3169 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇلاغلارنىڭ ھەققىنى بېرىپ مېڭىڭلار» دېگەندىن كېيىن: «مەنزىللەردىن ئۆتۈپ كەتمەڭلەر (يەنى بىرەر مەنزىلدىن ئۆتسەڭلەر، چۈشۈپ ئۆتۈڭلار)» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2569)

3170 - للموصلي نحوه، وزاد: وإذا تغولت لكم الغيلان فبـادروا بـالأذان ولا تصلوا على جواد الطريق ولا تـ لوا عليها فإنها مأوى الحياة والسباع.

3170 - مەۋسىلى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ۋە مۇنۇلارنى قوشۇپ نەقىل قىلغان:

«سىلەرگە (سەپەردە) ئېزىتقۇ كۆرۈنسە، ئەزان ئېيتىشقا ئالدىراڭلار. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز ئوقۇماڭلار ۋە ئۇ يول ئوتتۇرىسىغا چۈشمەڭلەر. چۈنكى ئۇ يەر يىلان ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئەگىپ يۈرىدىغان ماكانىدۇر»[2].

(مەۋسىلى: 2219)

3171 - عَنِ ابْنِ عَائِذٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: ثَلَاثَةٌ لَا يُجِيبُهُمْ رَبكَ عَز وَجَل: رَجُلٌ نَزَلَ بَيْتًا خَرِبًا، وَرَجُلٌ نَزَلَ عَلَى طَرِيقِ السبِيلِ، وَرَجُلٌ أَرْسَلَ دَابتَهُ، ثُـم جَعَلَ يَدْعُو اللهَ أَنْ يَحْبِسَهَا.

3171 ـ ئىبنى ئائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

[1] ئەلبانى (2240): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5296): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اﷲ تائالا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ: بىرسى، سەپەرگە چىقىپ، خارابە ئۆيدە قونغان كىشى. يەنە بىرسى، ئادەملەر ماڭىدىغان يولغا چۈشكۈن قىلىۋالغان كىشى. ئۈچىنچىسى، اﷲ ساقلايدۇ دەپ ئۇلىغىنى (باغلىماي) قويۇۋەتكەن كىشى»[①].

(«ئەلكەبىر»)

3172 - عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ عَلْيكُمْ بِالدلْجَةِ فَإِن الْأَرْضَ تُطْوَى بِاللْيلِ.

3172 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەپەرنى كېچىدە قىلىڭلار، چۈنكى كېچىدە زېمىن قاتلىنىدۇ (يەنى يول ئاينىيدۇ)»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2571)

3173 - عن أبي ثعْلَبَةَ الْخُشَنِي قَالَ كَانَ الناسُ إِذَا نَزَلُوا مْنزِلًا قَالَ عَمْرٌو كَانَ الناسُ إِذَا نَزَلَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ مْنزِلًا تَفرقُوا فِي الشعَابِ وَالْأَوْدِيَةِ فَقَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ إِن تَفرقَكُمْ فِي هَذِهِ الشعَابِ وَالْأَوْدِيَةِ إِنمَا ذَلِكُمْ مِنْ الشيْطَانِ فَلَمْ يَنزِلْ بَعْدَ ذَلِكَ مْنزِلًا إِلا انْضَم بَعْضُهُمْ إِلَى بَعْضٍ حَتى يُقَالَ لَوْ بُسِطَ عَلَيْهِمْ ثَوْبٌ لَعَمهُمْ.

3173 ـ ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە بىرەر جايغا

---

① ھەيسەمى (5297): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەدەقە ئىبنى ئابدۇللاھ سەمىن ئىسىملىك بىرى بار. دۇھەيم ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2241): سەھىھ ـ دېگەن.

چۈشسە، كىشىلەر تاغ ئېتەكلىرى ۋە جىلغىلارغا تاراپ كېتەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ ئۇ جايلارغا تاراپ كېتىشىڭلار شەيتاننىڭ ئىشىدۇر» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە بىرەر جايغا چۈشكۈن قىلسا، ساھابىلەر بىر يەردە يىغىلىپ تۇرىدىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر يوپۇق يېپىلسا، ھەممىسىنى بىرلا يوپۇق ياپالىغۇدەك دەرىجىدە بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرىدىغان بولدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2628)

**3174 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِذَا كَانَ فِي سَفَرٍ فَعرسَ بِلَيْلٍ اضْطَجَعَ عَلَى يَمِينِهِ وَإِذَا عَرسَ قُبَيْلَ الصبْحِ نَصَبَ ذِرَاعَهُ وَوَضَعَ رَأْسَهُ عَلَى كَفهِ.**

3174 ـ ئەبۇ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقىپ، كېچىسى بىر يەرگە چۈشكۈن قىلسا، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى. ئەگەر تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان بولسا، بىلىكىنى تىكلەپ، بېشىنى ئالقىنىغا قويۇپ ياتاتتى.

(مۇسلىم: 683)

**3175 - عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذِ بْنِ أَنسٍ الْجُهَنِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ غَزَوْتُ مَعَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَزْوَةَ كَذَا وَكَذَا فَضَيقَ الناسُ الْمَنَازِلَ وَقَطَعُوا الطرِيقَ فَبَعَثَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُنَادِيًا يُنَادِي فِي الناسِ أَن مَنْ ضَيقَ مَنْزِلًا أَوْ قَطَعَ طَرِيقًا فَلَا جِهَادَ لَهُ.**

3175 ـ سەھل ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

مەن مەلۇم بىر غازاتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە چىققانىدىم، كىشىلەر چۈشكۈن قىلغان يەردە قىستىلىشىپ، يولنى توسۇپ قويدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

① ئەلبانى (2288): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋەسەللەم بىر جاكارچىنى ئەۋەتىپ: «كىمكى تار يەرگە قىستىلىپ، يولنى توسۇپ قويسا، ئۇنىڭغا جىھاد (ساۋابى) يوقتۇر» دەپ ئېلان قىلدى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 2629)

3176 - عن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ قَالَ كُنا إِذَا نَزَلْنَا مَنزِلًا لَا نُسَبحُ حَتى تُحَل الرحَالُ.

3176 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەر قاچان سەپەردە بىرەر جايغا چۈشسەك، يۈك ـ تاقلىرىمىزنى يېشىپ، تۆگىلەرگە ئارام بەرمىگۈچە، نەپلە ناماز ئوقۇمايتتۇق②.

(ئەبۇ داۋۇد: 2551)

3177 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ بَيْنَمَا نَحْنُ فِي سَفَرٍ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ جَاءَ رَجُلٌ عَلَى رَاحِلَةٍ لَهُ قَالَ فَجَعَلَ يَصْرِفُ بَصَرَهُ يَمِينًا وَشِمَالًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ كَانَ مَعَهُ فَضْلُ ظَهْرٍ فَلْيَعُدْ بِهِ عَلَى مَنْ لَا ظَهْرَ لَهُ وَمَنْ كَانَ لَهُ فَضْلٌ مِنْ زَادٍ فَلْيَعُدْ بِهِ عَلَى مَنْ لَا زَادَ لَهُ قَالَ فَذَكَرَ مِنْ أَصْنَافِ الْمَالِ مَا ذَكَرَ حَتى رَأَيْنَا أَنهُ لَا حَق لِأَحَدٍ مِنا فِي فَضْلٍ.

3177 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر سەپەردە كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۇلاغقا مىنگەن بىر ئادەم كېلىپ، ئوڭ ـ سولغا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كىمنىڭ ئارتۇق ئۇلىغى بولسا، ئۇنى ئۇلىغى يوق ئادەمگە بەرسۇن. كىمنىڭ ئارتۇق ئوزۇق ـ تۈلۈكى بولسا، ئۇنى ئوزۇق ـ تۈلۈكى يوق ئادەمگە بەرسۇن!...» دەپ، شۇنداق جىق مالنىڭ تۈرلىرىنى ساناندىكى، ھەتتا بىز ئارتۇق نەرسىلىرىمىزدە ھېچقانداق ھەققىمىز يوق

① ئەلبانى (2289): ھەسەن، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2224): سەھىھ ـ دېگەن.

ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدۇق.

(مۇسلىم: 1728)

3178 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ حَدثَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنه أَرَادَ أَنْ يَغْزُوَ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنصَارِ إِن مِنْ إِخْوَانِكُمْ قَوْمًا لَيْسَ لَهُمْ مَالٌ وَلَا عَشِيرَةٌ فَلْيَضُم أَحَدُكُمْ إِلَيْهِ الرجُلَيْنِ أَوْ الثلَاثَةِ فَمَا لِأَحَدِنَا مِنْ ظَهْرٍ يَحْمِلُهُ إِلا عقبة كعقبة يعـ أحدهم قَالَ فضممت إِلَي اثْنَيْنِ أَوْ ثَلَاثَةً قَالَ مَا لِي إِلا عُقْبَةٌ كَعُقْبَةِ أَحَدِهِمْ مِنْ جَمَلِي.

3178 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىھادقا چىقماقچى بولۇپ، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارغا:

«ئى خالايىق! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا شۇنداق بىر كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ نە مال ـ مۈلكى، نە يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يوق. شۇڭا ھەر بىرىڭلار ئۇلاردىن ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمنى ئۆزىگە قوشۇۋالسۇن!» دېدى. ھېچكىم ئۇلىغىغا ئۆزى يالغۇز مىنەلمەيتتى، بىر نەچچەيلەن بىر ئۇلاغقا نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. مەنمۇ ئۆزەمگە ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم قوشۇۋالغان ئىدىم. ئۆز تۆگەمگە پەقەت ئۇلارغا ئوخشاش مىنىش نۆۋىتىم كەلگەندىلا مىنەلەيتتىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2534)

3179 - عَنْ أَبِي الزبَيْرِ أَن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ حَدثَهُمْ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَخَلفُ فِي الْمَسِيرِ فَيُزْجِي الضعِيفَ وَيُرْدِفُ وَيَدْعُو لَهُمْ.

3179 ـ ئەبۇ زۇبەير جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە كارۋاننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئاجىزلارنى ئالدىغا

[1] ئەلبانى (2209): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۆتكۈزۈپ قويانتى، ئۇلاغقا مىندۇرۇۋالاتتى ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2639)

3180 - عَنِ ٱبنِ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "سَفَرُ الْمَـرْأَةِ مَعَ عَبْدِهَا ضَيْعَةٌ".

3180 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇلى بىلەن سەپەر قىلىشى خەتەرلىكتۇر»[2].

(بەززار: 1076؛ «ئەلئەۋسەت»)

3181 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَـا يَحِل لِامْرَأَةٍ تُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ أَنْ تُسَافِرَ مَسِيرَةَ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ لَيْسَ مَعَهَا حُرْمَةٌ.

3181 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئايالنىڭ مەھرەمسىز ھالدا بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەرگە چىقىشى دۇرۇس ئەمەس».

(بۇخارى: 1088)

3182 ـ ومن رواياته: مسيرة يوم ومسيرة ليلة و مسيرة بريد و مسيرة ثلاث.

3182 ـ بۇ ھەدىسنىڭ باشقا رىۋايەتلىرىدە: «بىر كېچە ئۇزاقلىقتىكى مۇساپىگە سەپەر قىلىشى دۇرۇس ئەمەس؛ بىر كۈن ئۇزاقلىقتىكى مۇساپىگە سەپەر قىلىشى دۇرۇس ئەمەس؛ بىر بەرىد[3]

---

[1] ئەلبانى (2298): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5302): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەزىئ ئىبنى ئابدۇراھمان ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] بىر بەرىد ـ مۇساپە ئۆلچىمى بولۇپ، بىر بەرىد 12 مىل، بىر قۇرۇقلۇق مىلى 1609 مېتىرغا تەڭ.

ئۇزاقلىقتىكى مۇساپىگە سەپەر قىلىشى دۇرۇس ئەمەس؛ ئۈچ كۈن ئۇزاقلىقتىكى مۇساپىگە سەپەر قىلىشى دۇرۇس ئەمەس» دېگەن ئىبارىلەرمۇ بار.

3183 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ سَمِعْت مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُسَافِرْ الْمَرْأَةُ يَوْمَيْنِ مِنْ الدهْرِ إلا وَمَعَهَا ذُو مَحْرَمٍ مِنْهَا أَوْ زَوْجُهَا.

3183 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئايال كىشىنىڭ ئېرى ياكى ئۆزىگە مەھرەم بولالايدىغان يېقىنلىرى (مەھرەملىرى) بولماي تۇرۇپ ئىككى كۈنلۈك سەپەرگە يالغۇز چىقىشى دۇرۇس ئەمەس».

(مۇسلىم 827)

3184 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَصْحَبُ الْمَلَائِكَةُ رُفْقَةً فِيهَا كَلْبٌ وَلَا جَرَسٌ.

3184 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يېنىدا قوڭغۇراق ياكى ئىت بار يولۇچىغا پەرىشتىلەر ھەمراھ بولمايدۇ».

(مۇسلىم: 2113)

3185 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْجَرَسُ مَزَامِيرُ الشيْطَانِ.

3185 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قوڭغۇراق ـ شەيتاننىڭ چالغۇسىدۇر».

(مۇسلىم: 2114)

3186 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَصْحَبُ الْمَلَائِكَةُ

رُفْقَةً فِيهَا جِلْدُ نَمِرٍ.

3186 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈستىدە (ياكى ماللىرى ئارىسىدا) يولۋاس تېرىسى بار يولۇچىلارغا پەرىشتىلەر ھەمراھ بولمايدۇ»①.

(ئەبۇ داۋۇد: 4130)

3187 - عَنْ عَبادِ بن تَمِيمٍ أَن أَبَا بَشِيرٍ الْأَنصَارِي أَخْبَرَهُ أَنهُ كَانَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَعْضِ أَسْفَارِهِ فَأَرْسَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَسُولًا قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ حَسِبْتُ أَنهُ قَالَ وَالناسُ فِي مَبِيتِهِمْ لَا يَبْقَيَن فِي رَقَبَةِ بَعِيرٍ قِلَادَةٌ مِنْ وَتَرٍ وَلَا قِلَادَةٌ إِلا قُطِعَتْ.

3187 ـ ئەبباد ئىبنى تەمىم ئەبۇ بەشىر ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر سەپەردە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قونالغۇغا چۈشكەن ساھابىلەرنىڭ يېنىغا بىر جاكارچى ئەۋەتتى. جاكارچى:

ــ ھېچبىر تۆگىنىڭ بويىنىدا ياي كىرىچى، تىلتۇمارلار قېلىپ قالماي كېسىلسۇن! ـ دېدى②.

(ئەبۇ داۋۇد: 2552)

3188 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ السفَرُ قِطْعَةٌ مِنْ الْعَذَابِ يَمْنَعُ أَحَدَكُمْ طَعَامَهُ وَشَرَابَهُ وَنَوْمَهُ فَإِذَا قَضَى نَهْمَتَهُ فَلْيَعْجَلْ إِلَى أَهْلِهِ.

3188 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەپەر ئازابنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئۇ سىلەرنى تائام، سۇ ۋە

① ئەلبانى (3478): ھەسەن، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2225): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇيقىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئەگەر بىرەرسىڭلار سەپەردىكى ھاجىتىنى تۈگەتسە، ئائىلىسىگە قايتىشقا ئالدىرىسۇن».

(بۇخارى: 1804)

3189 - عَنْ الشعْبِي أَنهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَطَالَ أَحَدُكُمْ الْغَيْبَةَ فَلَا يَطْرُقْ أَهْلَهُ لَيْلًا.

3189 ـ شەئبىي جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۇزۇن سەپەرگە چىقىپ كەتكەن بولسا، (قايتىپ كەلگەندە) ئۆيىگە كېچىسى كىرمىسۇن».

(بۇخارى: 5244)

3190 - عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَلِجُوا عَلَى الْمُغِيبَاتِ فَإِن الشيْطَانَ يَجْرِي مِنْ أَحَدِكُمْ مَجْرَى الدمِ قُلْنَا وَمِنْكَ قَالَ وَمِني وَلَكِن اللهَ أَعَانَنِي عَلَيْهِ فَأَسْلَمُ قَالَ أَبُو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ غَرِيبٌ مِنْ هَذَا الْوَجْهِ وَقَدْ تَكَلمَ بَعْضُهُمْ فِي مُجَالِدِ بْنِ سَعِيدٍ مِنْ قِبَلِ حِفْظِهِ و سَمِعْت عَلِي بْنَ خَشْرَمٍ يَقُولُ قَالَ سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ فِي تَفْسِيرِ قَوْلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَكِن اللهَ أَعَانَنِي عَلَيْهِ فَأَسْلَمُ يَعْنِي أَسْلَمُ أَنَا مِنْهُ قَالَ سُفْيَانُ وَالشيْطَانُ لَا يُسْلِمُ وَلَا تَلِجُوا عَلَى الْمُغِيبَاتِ وَالْمُغِيبَةُ الْمَرْأَةُ التِي يَكُونُ زَوْجُهَا غَائِبًا.

3190 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئېرى ئۆيدە بولمىغان ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرمەڭلەر، ھەقىقەتەن شەيتان سىلەرنىڭ قان تومۇرىڭلاردا ئايلىنىدۇ، ـ دېدى. بىز:

ـ سەندىمۇ شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىساق:

ــ ھەئە، مەندىمۇ شۇنداق، لېكىن الله ماڭا ياردەم بېرىدۇ، مەن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن سالامەت قالىمەن، ـ دېدى.

ئىمام تىرمىزى: بۇ ھەدىس مۇشۇ سەنەد بىلەن غېرىب ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بەزى ھەدىسشۇناسلار سەنەدتىكى مۇجالىد ئىبنى

سەئىدكە ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلى سەلبىيرەك باھا بەرگەن. مەن ئەلى ئىبنى خەشرەمدىن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «لېكىن الله ماڭا ياردەم بېرىدۇ، مەن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن سالامەت قالىمەن» دېگەن سۆزىنى ئىزاھلاپ: «ئۇنىڭدىن ساقلىنىمەن» دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.[1].

(تىرمىزى: 1172)

3191 – قال مالك لا يَنْبَغِي لِأَحَدٍ أَنْ يُجَاوِزَ الْمُعَرسِ إِذَا قَفَلَ رَاجِعًا إِلى الْمَدِينَــةِ حَتى يُصَليَ فِيهَا مَا بَدَا لَهُ لِأَنهُ بَلَغَنِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَرسَ بِهِ.

3191 ـ مالىك مۇنداق دەيدۇ:

مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋاتقان كىشى مۇئەررەس[2] دېگەن يەرگە چۈشمەي ۋە ئۇ جايدا ئىككى رەكئەت بولسىمۇ ناماز ئوقۇماي ئۆتۈپ كەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ماڭا يېتىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلغان ئىكەن[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2045)

3192 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَاهُمْ أَنْ يَطْرُقُوا النسَاءَ لَيْلًا قَالَ فَطَرَقَ رَجُلَانِ بَعْدَ نَهْيِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَجَدَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا مَعَ امْرَأَتِهِ رَجُلًا.

3192 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلەرنى) كېچىدە ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىرىشتىن توستى. شۇندىن كېيىن ئىككى كىشى سەپەردىن كېچىدە قايتىپ كېلىپ،

---

[1] ئەلبانى (935): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] مۇئەررەس ـ مەدىنىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان يەر ئىسمى بولۇپ، مەدىنىدىن ئالتە مىل ئۇزاقلىقتا.

[3] ئەلبانى (1799): سەھىھ ۋە مەقتۇئ ـ دېگەن.

ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدى، ھەر ئىككىلىسى ئاياللىرىنىڭ يېنىدا يات ئەر ئۇچراتتى[②][①].

(تىرمىزى: 2712)

3193 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَرْكَبُ الْبَحْرَ إلا حَاج أَوْ مُعْتَمِرٌ أَوْ غَازٍ فِي سَبِيلِ اللهِ فَإِن تَحْتَ الْبَحْرِ نَارًا وَتَحْتَ النارِ بَحْرًا.

3193 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«الله يولىدا غازات قىلغۇچى، ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچىدىن باشقىلار دېڭىز سەپىرىگە چىقمىسۇن، چۈنكى، دېڭىزنىڭ تېگىدە ئوت، ئوتنىڭ تېگىدە دېڭىز بار»[③] دېگەن[④].

(ئەبۇ داۋۇد: 2489)

3194 - عن مطرف، قال: لا بأس بالتجارة ẑ البحر وما ذكره الله إلا لحق ﴿وَتَرَى الْفُلْكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا مِنْ فَضْلِهِ﴾.

3194 ـ مۇتەررىفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: تىجارەت ئۈچۈن دېڭىز سەپىرىگە چىقىشقا بولىدۇ، چۈنكى الله ئۇنى

---

[①] بۇ چەكلىمىدىن سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا خەۋەر بەرمەستىن تويۇقسىز كېلىشى، نەتىجىدە ئاياللىرىنىڭ ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرمەستىن، رەتسىز ۋە يېقىمسىز ھالەتتە ئەرلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىشىدەك ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆزدە تۇتۇلغان. بىراق بۇ ھەدىستىكى مەزكۇر ئىككى كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەقتىكى چەكلىمىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارنى ئەنە شۇنداق جازاغا مۇبتىلا قىلغان. الله قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾ سۈرە نۇر، 63-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] ئەلبانى (2282): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] يەنى دېڭىز سەپىرى خەتەرلىك بولۇپ، تىلغا ئېلىنغان ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە الله ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خەتەرلەردىن ساقلاپ قالىدۇ ـ تەرجىماندىن.

[④] ئەلبانى (536): زەئىپ، ـ دېگەن.

قۇرئاندا ىبكاردىن تىلغا ئالىنغان، قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: ﴿اللهنىڭ نېمەتلىرىنى تەلەپ قىلىشقلار (يەنى تىجارەت قىلىشقلار) ئۈچۈن، كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾[1].
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3195 - عَنْ أَبِي عِمْرَانَ، قَالَ: سَأَلْتُ جُنْدُبَ بن عَبْدِ اللهِ، هَلْ كُنْتُمْ تُسَخِّرُونَ الْعَجَمَ؟ قَالَ: كُنَّا نُسَخِّرُهُمْ مِنْ قَرْيَةٍ إِلَى قَرْيَةٍ يَدُلُّونَا عَلَى الطَّرِيقِ ثُمَّ نُخَلِّيهِمْ.

3195 ـ ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: مەن جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ سىلەر ئەجەملەرنى زورلاپ ئىشلىتەمتىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ھەئە، ئىشلىتەتتۇق. ئۇلارنى بىر مەھەللىدىن يەنە بىر مەھەللىگە يول باشلىغىلى سالاتتۇق، ئاندىن قويۇۋېتەتتۇق، ـ دېدى[2].
(«ئەلكەبىر»)

3196 - عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُمَا، عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، قَالَ: إِنَّ لِإِبْلِيسَ مَرَدَةً مِنَ الشَّيَاطِينِ، يَقُولُ لَهُمْ: عَلَيْكُمْ بِالْحُجَّاجِ وَالْمُجَاهِدِينَ، فَأَضِلُّوهُمْ عَنِ السَّبِيلِ.

3196 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئىبلىسنىڭ ئەسكىلىكتە ئۈچىغا چىققان بىر قوشۇنى بولۇپ، ئىبلىس ئۇلارغا: سىلەر ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ۋە مۇجاھىدلارنىڭ

[1] سۈرە فاتىر، 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ھەيسەمى (5312): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

پىيىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇڭلار! - دەيدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»)

3197 - عن أنس ان النF صلى الله عليه وسلم كان إذا صلى الفجر في السـفر مشى.

3197- ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە بامدات نامىزىنى ئوقۇپلا يولغا چىقاتتى[2].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلكەبىر»: 1368)

3198 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ حَج النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ مُشَاةً مِـنْ الْمَدِينَةِ إِلى مَكةَ وَقَالَ ارْبُطُوا أَوْسَاطَكُمْ بِأُزُرِكُمْ وَمَشَى خِلْطَ الْهَرْوَلَةِ.

3198 - ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ پىيادە ھەج سەپىرىگە چىقتى ۋە يولدا ئۇلارغا: «بېلىڭلارنى (ئېھراملىق چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باغلىۋېلىڭلار!» دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گاھ ئاستا ماڭسا، گاھ تېز - تېز ماڭاتتى[3].

(ئىبنى ماجە: 3119)

3199 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "إِذَا حَمَلْتُم فَأَخِروا الْحَمْلَ، فَإِن الرجْلَ مُوَثقَةٌ وَالْيَدُ مُعَلقَةٌ".

3199 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

[1] ھەيسەمى (5311): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نافىئ ئىبنى ھۇرمۇز ئەبۇ ھۇرمۇز ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5313): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەلى مەرۋەزى ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، - دېگەن.

[3] ئەلبانى (668): زەئىپ، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەر (ھايۋانغا) يۈك ئارتقاندا ئارقا تەرەپكە ئارتىڭلار، چۈنكى ئات ـ ئۇلاغنىڭ ئالدى پۇتلىرىدىن ئارقا پۇتلىرى كۈچلۈك بولىدۇ»[1].

(بەززار: 1081؛ «ئەلئەۋسەت»)

3200 ـ عَنِ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِذَا أَرَادَ أَحَدٌ مِنْكُمْ سَفَرًا فَلْيُسَلمْ عَلَى إِخْوَانِهِ، فَإِنهُمْ يَزِيدُونَهُ بِدُعَائِهِمْ إِلَى دُعَائِهِ خَيْرًا.

3200 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ئاراڭلاردىن بىرەر كىشى سەپەرگە چىقماقچى بولسا، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا سالام بېرىپ خوشلاشسۇن. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ دۇئاسىغا دۇئا قىلىپ، ياخشىلىقنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 2863)

3201 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: سَافِرُوا تَصِحوا وَتَسْلَمُوا.

3201 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەپەر قىلىڭلار، ساغلام ۋە ئامان بولىسىلەر»[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

3202 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: جَاءَ غُلَامٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالَ: إِني أُرِيدُ هَذِهِ الناحِيَةَ الْحَج، قَالَ: فَمَشَى مَعَهُ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، وَقَالَ: "يَا

[1] ھەيسەمى (5314): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە قەيس ئىبنى رەبىئ ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5284): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئەلا بەجەلى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (5281): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ھارۇن ئەبۇ ئەلقەمە فەرۋىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

غُلامُ، زَودَكَ اللهُ التقْوى، وَوَجهَكَ الْخَيْرَ، وَكَفَاكَ الْهم"، فَلَما رَجَعَ الْغُلامُ سَلمَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَرَفَعَ رَأْسَهُ إِلَيْهِ، وَقَالَ: "يَا غُلامُ، قَبِلَ اللهُ حَجكَ، وَكَفرَ ذَنْبَكَ، وَأَخْلَفَ نَفَقَتَكَ.

3202 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر بالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن ھەجگە سەپەر قىلماقچى بولىۋاتىمەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى ۋە:

ـــ ئى ئوغلۇم! الله ساڭا تەقۋالىق ئاتا قىلسۇن، ياخشىلىققا يۈزلەندۈرسۇن، غەمدىن خالاس قىلسۇن! ـ دېدى. ئۇ بالا ھەجدىن قايتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ـــ ئى ئوغلۇم! الله ھەجىڭنى قوبۇل قىلسۇن، گۇناھلىرىڭنى ئۆچۈرىۋەتسۇن، (ھەج يولىدا) قىلغان خىراجىتىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرسۇن! ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

3203 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَدِمَ زَيْدُ بْنُ حَارِثَةَ الْمَدِينَةَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَيْتِي فَأَتَاهُ فَقَرَعَ الْبَابَ فَقَامَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عُرْيَانًا يَجُر ثَوْبَهُ وَاللهِ مَا رَأَيْتُهُ عُرْيَانًا قَبْلَهُ وَلَا بَعْدَهُ فَاعْتَنَقَهُ وَقَبلَهُ.

3203 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: زەيد ئىبنى ھارىسە مەدىنىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ھۇجرامدا ئىدى. ئۇ كېلىپ ئىشىكنى قاقتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمىنى سۆرىگەن پېتى يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

[1] ھەيسەمى (5285): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىمە ئىبنى سالىم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

ۋەسەللەمنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالىتىنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغانىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچ كۆرۈپ باقمىدىم[1].

(تىرمىزى: 2732)

3204 - عَنْ الشعْبِي أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ تَلقى جَعْفَرَ بنَ أبِي طَالِبٍ فَالْتَزَمَهُ وَقبلَ مَا بَيْنَ عَيْنَيْهِ.

3204 ـ شەئبى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كۆرۈشكەندە، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆيۈپ قويدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5220)

3205 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ حِينَ أقْبَلَ مِنْ حَجتِهِ دَخَلَ الْمَدِينَةَ فَأنَاخَ عَلَى بَابِ مَسْجِدِهِ ثُم دَخَلَهُ فَرَكَعَ فِيهِ رَكْعَتَيْنِ ثُم انْصَرَفَ إلَى بَيْتِهِ قَالَ نَافِعٌ فَكَانَ ابْنُ عُمَرَ كَذَلِكَ يَصْنَعُ.

3205 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجدىن (مەدىنىگە) قايتىپ كەلگەندە، تۆگىسىنى مەسجىدنىڭ ئالدىغا چۆكتۈردى، ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆيىگە كىردى.

نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ شۇنداق قىلاتتى، ـ دېدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2782)

3206 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَما قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ مَكةَ اسْتَقْبَلَتْهُ أُغَيْلِمَةُ بَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ فَحَمَلَ وَاحِدًا بَيْنَ يَدَيْهِ وَآخَرَ خَلْفَهُ.

[1] ئەلبانى (516): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1116): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2419): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

3206 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەن ۋاقتىدا، بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب قەبىلىسىنىڭ ئۇششاق باللىرى ئۇنى قارشى ئالغىلى چىقتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن بىرىنى ئالدىغا يەنە بىرىنى ئارقىسىغا مىندۈرىۋالدى.

(بۇخارى: 1798)

3207 - قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ أَتى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ حَمَلَ قُثَمَ بَيْنَ يَدَيْهِ وَالْفَضْلَ خَلْفَهُ أَوْ قُثَمَ خَلْفَهُ وَالْفَضْلَ بَيْنَ يَدَيْهِ فَأَيهُمْ شَر أَوْ أَيهُمْ خَيْرٌ.

3207 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇسەمنى ئۆلىغىنىڭ ئالدىغا، فەزلنى كەينىگە ياكى قۇسەمنى كەينىگە، فەزلنى ئالدىغا مىندۈرۈۋالغان ھالدا (مەككىگە) كىرىپ كەلدى.

ئىكرىمە (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ ھۇزۇرىدا: ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئۈچ ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەسكىسى پالانى، ـ دېگەن سۆز قىلىنغانىدى، ئىكرىمە بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىپ بولۇپ، ئۇلارغا رەددىيە بېرىش مەقسىتىدە، (ئەھۋال بۇ تۇرسا، قانداقمۇ) ئۇلارنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەسكى ياكى ئۇلارنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى (دېگىلى) بولسۇن؟! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5966)

3208 – عبد الله بن جَعْفَرٍ، قَالَ له ٱبْنُ الزبَيْرِ: إِذْ تَلَقيْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنَا وَأَنتَ وَٱبْنُ عَباسٍ قَالَ نَعَمْ فَحَمَلَنَا وَتَرَكَكَ.

3208 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى زۇبەير مەندىن:

ــ مەن، سەن ۋە ئىبنى ئابباس ئۈچىمىزنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققىنىمىز يادىڭدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ھەئە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا بىزنى (ئۇلىقىغا) مىندۈرۈپ، سىزنى قويۇپ قويغانىدى، ـ دېدىم.
(بۇخارى: 3082)

3209 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ جَعْفَرٍ لِابْنِ الزُّبَيْرِ أَتَذْكُرُ إِذْ تَلَقَّيْنَا رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَا وَأَنْتَ وَابْنُ عَبَّاسٍ قَالَ نَعَمْ فَحَمَلَنَا وَتَرَكَكَ.

3209 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇدىن:

ـ مەن، سەن ۋە ئىبنى ئابباس ئۈچىمىزنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققىنىمىز يادىڭدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئىبنى زۇبەير:

ـ ھەئە، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا بىزنى (ئۇلىقىغا) مىندۈرۈپ، سىزنى قويۇپ قويغانىدى، ـ دېدى.
(مۇسلىم: 2427)

3210 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ جَعْفَرٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا قَدِمَ مِنْ سَفَرٍ تُلُقِّيَ بِالصِّبْيَانِ مِنْ أَهْلِ بَيْتِهِ قَالَ وَإِنَّهُ قَدِمَ مَرَّةً مِنْ سَفَرٍ قَالَ فَسُبِقَ بِي إِلَيْهِ قَالَ فَحَمَلَنِي بَيْنَ يَدَيْهِ قَالَ ثُمَّ جِيءَ بِأَحَدِ ابْنَيْ فَاطِمَةَ إِمَّا حَسَنٍ وَإِمَّا حُسَيْنٍ فَأَرْدَفَهُ خَلْفَهُ قَالَ فَدَخَلْنَا الْمَدِينَةَ ثَلَاثَةً عَلَى دَابَّةٍ.

3210 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە، ئەھلى بەيت باللىرى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالاتتى. ئۇ بىر قېتىم سەپەردىن قايتقاندا، مەنمۇ باشقىلار بىلەن كۈتۈۋالغىلى چىقتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئالدىغا مىندۈرىۋالدى. ئاندىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى (ھەسەن ياكى ھۈسەين) كەلتۈرۈلگەنىدى، ئۇنى كەينىگە مىندۈرىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچىمىز بىر ئۇلاغقا

مىنگەشكەن ھالدا مەدىنىگە كىردۇق.

(ئەھمەد: 1745)

3211 - عن إِيَاسٌ عَنْ أَبِيهِ قَالَ لَقَدْ قُدْتُ بِنَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ وَالْحَسَنِ وَالْحُسَيْنِ بَغْلَتَهُ الشهْبَاءَ حَتى أَدْخَلْتهمْ حُجْرَةَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ هَذَا قُدامَهُ وَهَذَا خَلْفَهُ.

3211 ـ ئىياس دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالىچىپار قېچىرىنى يېتىلەپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدى ـ كەينىگە ھەسەن بىلەن ھۈسەيننى مىنگەشتۈرۈۋالغانىدى. مەن ئۇلارنى تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇجرىسىغىچە ئاپىرىپ قويدۇم.

(مۇسلىم: 2423)

3212 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كُنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ مَقْفَلَهُ مِنْ عُسْفَانَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ عَلَى رَاحِلَتِهِ وَقَدْ أَرْدَفَ صَفِيةَ بِنْتَ حُيَي فَعَثَرَتْ نَاقَتُهُ فَصُرِعَا جَمِيعًا فَاقْتَحَمَ أَبُو طَلْحَةَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ جَعَلَنِي اللهُ فِدَاءَكَ قَالَ عَلَيْكَ الْمَرْأَةَ فَقَلَبَ ثَوْبًا عَلَى وَجْهِهِ وَأَتَاهَا فَأَلْقَاهُ عَلَيْهَا وَأَصْلَحَ لَهُمَا مَرْكَبَهُمَا فَرَكِبَا وَاكْتَنَفْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ فَلَما أَشْرَفْنَا عَلَى الْمَدِينَةِ قَالَ آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ لِرَبنَا حَامِدُونَ فَلَمْ يَزَلْ يَقُولُ ذَلِكَ حَتى دَخَلَ الْمَدِينَةَ.

3212 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇسفان قەبىلىسىدىن قايتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلىغىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئايالى ھۇيەيىنىڭ قىزى سەفىييەنى ئۇلىغىنىڭ كەينىگە مىندۈرىۋالغانىدى. تۆگە تۇيۇقسىز مۈدۈرۈپ كېتىپ، ئىككىسى تەڭلا يىقىلىپ چۈشتى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كېلىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ مېنى ساقا پىدا قىلسۇن، ـ دېۋىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاياللىرىغا ياردەم قىل، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىيىم بىلەن ئۆزىنىڭ يۈزىنى توسقان پېتى بېرىپ، ئۇ كىيىمنى سەفىيەنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇپ، تۆگىنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى ئوڭشىدى. ئىككىسى تۆگىگە مىنىپ يولغا چىقتى، بىزمۇ ئۇلار بىللە بىللەن ماڭدۇق. مەدىنىگە يېقىن كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بىز قايتقۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى ۋە پەقەت رەببىمىزگىلا ھەمدى ئېيتقۇچىلاردۇرمىز» دېدى. تاكى مەدىنىگە كىرگۈچە، بۇ سۆزنى تەكرارلىدى.

(بۇخارى: 3085)

3213 - عَنْ أَبِي الْمَلِيحِ عَنْ رَجُلٍ قَالَ كُنْتُ رَدِيفَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَثَرَتْ دَابةٌ فَقُلْتُ تَعِسَ الشيْطَانُ فَقَالَ لَا تَقُلْ تَعِسَ الشيْطَانُ فَإِنكَ إِذَا قُلْتَ ذَلِكَ تَعَاظَمَ حَتى يَكُونَ مِثْلَ الْبَيْتِ وَيَقُولُ بِقُوتِي وَلَكِنْ قُلْ بِسْمِ اللهِ فَإِنكَ إِذَا قُلْتَ ذَلِكَ تَصَاغَرَ حَتى يَكُونَ مِثْلَ الذبَابِ.

3213 ــ ئەبۇ مەلىھ بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالغانىدىم، يولدا ئۇلاغ مۇدۇرۇپ كەتتى. مەن:

ــ شەيتان ھالاك بولسۇن! ــ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق دېمىگىن. ئەگەر سەن ئۇنداق دېسەڭ، شەيتان كېرىلىپ ئۆيدەك يوغىناپ كېتىدۇ ۋە: بۇ ئىش مېنىڭ كۈچۈم بىلەن بولدى، ـ دەيدۇ. شۇڭا: "بىسمىللاھ ـ دېگىن. شۇنداق دېسەڭ، ئۇ كىچىكلەپ چىۋىنچىلىك بولۇپ قالىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4982)

[1] ئەلبانى (4168): سەھىھ ـ دېگەن.

3214 - عن عَبْد اللهِ بْن بُرَيْدَةَ قَالَ سَمِعْتُ بُرَيْدَةَ يَقُولُ بَيْنَمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمْشِي جَاءَ رَجُلٌ وَمَعَهُ حِمَارٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ ارْكَبْ وَتَأخرَ الرجُلُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا أَنتَ أَحَق بِصَدْرِ دَابتِكَ مِني إلا أنْ تَجْعَلَهُ لِي قَالَ فَإِني قَدْ جَعَلْتُهُ لَكَ فَرَكِبَ.

3214 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا كېتىۋاتاتتى، بىر ئادەم ئېشەك بىلەن كېلىپ:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىڭغا مىنگىن! ــ دېدى ۋە ئۆزى ئارقىغىراق سۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئېشىكىڭنىڭ ئالدى تەرىپىگە مىنىشكە سەن مەندىن بەكرەك ھەقلىقسەن. ئەمما ئېشەكنىڭ ئالدى تەرىپىگە مېنى مىنگۈزۈشنە چىڭ تۇرىۋالساڭ، ئۇ چاغدا مىنەي، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـ شۇنداق، سەن ئالدىغا مىنگىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئېشەكنىڭ) ئالدى تەرىپىگە مىندى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2572)

3215 - عن مُحَمد بْن حَمْزَةَ أَنهُ سَمِعَ أَبَاهُ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ عَلَى ظَهْرِ كُل بَعِيرٍ شَيْطَانٌ فَإِذَا رَكِبْتُمُوهَا فَسَموا اللهَ عَز وَجَل ثُم لَا تُقَصرُوا عَنْ حَاجَاتِكُمْ.

3215 ـ مۇھەممەد ئىبنى ھەمزە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەر بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە شەيتان بار. شۇڭا تۆگىگە مىنگەندە، اللهنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ مىنىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)، ئاندىن ئۆز

[1] ئەلبانى (2242): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

يولۇچىلارغا راۋان بولۇڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[1].

(ئەھمەد: 15609؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

3216 - عن عُقْبَةَ بْنَ عَامِرٍ: قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَا مِنْ رَاكِبٍ يَخْلُو فِي مَسِيرِهِ بِاللهِ وَذِكْرِهِ إلا رَدِفَهُ مَلَكٌ، وَلا يَخْلُوا بِشِعْرٍ وَنَحْوِهِ إلا رَدِفَهُ شَيْطَانٌ."

3216 - ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى سەپەر ئۈستىدە يۈتۈن ئەس - يادى اللهتا بولۇپ، اللهنى زىكرى قىلىپ ماڭسا، پەرىشتە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ (ئۇلىقىغا) مىنگىشىدۇ. كىمكى ناخشا ئېيتىپ ماڭسا، ئۇنىڭغا شەيتان ھەمراھ بولۇپ (ئۇلىقىغا) مىنگىشىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 324/17)

3217 - عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ مَرَ عَلَى قَوْمٍ وَهُمْ وُقُوفٌ عَلَى دَوَاب لَهُمْ وَرَوَاحِلَ فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ارْكَبُوهَا سَالِمَةً وَدَعُوهَا سَالِمَةً وَلَا تَتخِذُوهَا كَرَاسِي لِأَحَادِيثِكُمْ فِي الطرُقِ وَالْأَسْوَاقِ فَرُب مَرْكُوبَةٍ خَيْرٌ مِنْ رَاكِبِهَا هِيَ أَكْثَرُ ذِكْرًا لِلهِ تَعَالَى مِنْهُ.

3217 - سەھل ئىبنى مۇئاز دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا كېتىۋېتىپ، بىر توپ ئادەمنىڭ ئات - ئۇلاغ ۋە تۆگىلىرىدىن چۈشمەي، توختاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، مۇنداق دېدى:

«ئۇلارغا توغرا رەۋىشتە مىنىڭلار ۋە توغرا رەۋىشتە ئارام ئالغىلى قويۇڭلار، ئۇلارنى بازار ۋە يوللاردا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق قىلىۋالماڭلار. چۈنكى، بىر قىسىم ئۇلاغلار الله تائالانى ئىگىسىدىن

---

[1] ھەيسەمى (17094): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى ھەمزە ئىسىملىك كىشىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17096): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، - دېگەن.

بەكىرەك زىكرى قىلىشى مۇمكىن، شۇ سەۋەبتىن ئۇ اللە تائالانىڭ نەزىرىدە ئۈستىگە مىنىۋالغان كىشىدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن»[1].

(ئەھمەد: 15219)

[1] ھەيسەمى (13225): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ سەنەدلىرىدىن بىرىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن سەھل ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەنەس ھەققىدە ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

## ئېھرام باغلايدىغان ئورۇنلار، ئېھرام باغلىغۇچىغا ھالال ۋە ھارام بولىدىغان ئىشلار

3218 - قَالَ ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَشْهُرُ الْحَجِّ شَوَّالٌ وَذُو الْقَعْدَةِ وَعَشْرٌ مِنْ ذِي الْحَجَّةِ.

3218 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: شەۋۋال، زۇلقەئىدە ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئون كۈنى ھەج ئايلىرىدۇر.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3219 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ أَنَّ عَبْدَ اللهِ بْنَ الزُّبَيْرِ أَقَامَ بِمَكَّةَ تِسْعَ سِنِينَ وَهُوَ يُهِلُّ بِالْحَجِّ لِهِلَالِ ذِي الْحِجَّةِ وَعُرْوَةُ بْنُ الزُّبَيْرِ مَعَهُ يَفْعَلُ ذَلِكَ.

3219 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدە توققۇز يىل تۇردى. ئۇ، زۇلھەججە ئېيىنىڭ كىرىشى بىلەن ھەجگە ئېھرام باغلايتتى. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرمۇ شۇنداق قىلاتتى.

(مالىك: 761)

3220 - عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ قَالَ يَا أَهْلَ مَكَّةَ مَا شَأْنُ النَّاسِ يَأْتُونَ شُعْثًا وَأَنْتُمْ مُدَّهِنُونَ أَهِلُّوا إِذَا رَأَيْتُمْ الْهِلَالَ.

3220 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى ئەھلى مەككە! باشقىلار چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا كېلىۋاتسا، سىلەر نېمە ئۈچۈن يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ يۈرسىلەر؟ ئاينى كۆرگەن ھامان

ئېھرامغا كىرىپ تەلبىيە ئېيتىڭلار! ـ دېدى.

(مالىك: 760)

3221 - سُئِلَ عَطَاءٌ عَنْ الْمُجَاوِرِ يُلَبِّي بِالْحَجِّ قَالَ وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا يُلَبِّي يَوْمَ التَّرْوِيَةِ إِذَا صَلَّى الظُّهْرَ وَاسْتَوَى عَلَى رَاحِلَتِهِ.

3221 ـ ئەتادىن: ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ تەلبىيە ئېيتماقچى بولسا، قاچان باشلايدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ مۇنداق دېدى: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تەرۋىيە كۈنى (زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى) پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ، ئۇلىغىغا مىنىپ بولغاندىن كېيىن تەلبىيە ئېيتىشقا باشلايتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3222 - قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا مِنْ السُّنَّةِ أَنْ لَا يُحْرِمَ بِالْحَجِّ إِلَّا فِي أَشْهُرِ الْحَجِّ.

3222 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ھەج قىلىش ئۈچۈن پەقەت ھەج ئايلىرىدا ئېھرام باغلاش سۈننەتتۇر.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3223 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ وَقَّتَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ ذَا الْحُلَيْفَةِ وَلِأَهْلِ الشَّأْمِ الْجُحْفَةَ وَلِأَهْلِ نَجْدٍ قَرْنَ الْمَنَازِلِ وَلِأَهْلِ الْيَمَنِ يَلَمْلَمَ فَهُنَّ لَهُنَّ وَلِمَنْ أَتَى عَلَيْهِنَّ مِنْ غَيْرِ أَهْلِهِنَّ لِمَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَجَّ وَالْعُمْرَةَ فَمَنْ كَانَ دُونَهُنَّ فَمُهَلُّهُ مِنْ أَهْلِهِ وَكَذَاكَ حَتَّى أَهْلُ مَكَّةَ يُهِلُّونَ مِنْهَا.

3223 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە ئەھلىگە زۇلھۇلەيفەنى، شام ئەھلىگە جۇھفەنى، نەجد ئەھلىگە قەرنۇل مەنازىلنى، يەمەن ئەھلىگە يەلەملەمنى ئېھرام باغلاش ئورنى قىلىپ بەلگىلەپ بەردى ۋە:

«مانا بۇ ئورۇنلار ئەنە شۇ يۇرتلاردىن كېلىپ ھەج ۋە ئۆمرە قىلماقچى بولغان خەلقنىڭ ئېھرام باغلايدىغان يەرلىرىدۇر. بۇ دائىرە ۋە

ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراقلاشقانلار ئېھرامنى ئۆز ئۆيلىرىدىن باغلاپ كېلىدۇ. ھەتتا مەككە ئەھلىمۇ ئېھراملىرىنى مەككىدە باغلايدۇ» دېدى.

(بۇخارى: 1526)

3224 ـ وفي رواية: وَمَنْ كَانَ دُونَ ذَلِكَ فَمِنْ حَيْثُ أَنْشَأَ حَتى أَهْلُ مَكةَ مِنْ مَكةَ.

3224 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: « بۇ دائىرە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراقلاشقانلار ئېھرامنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن باغلايدۇ، ھەتتا مەككە ئەھلىمۇ ئېھرامغا مەككىدە كىرىدۇ» دېيىلگەن.

(بۇخارى: 1524)

3225 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ خَطَبَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مُهَل أَهْلِ الْمَدِينَةِ مِنْ ذِي الْحُلَيْفَةِ وَمُهَل أَهْلِ الشامِ مِنْ الْجُحْفَةِ وَمُهَل أَهْلِ الْيَمَنِ مِنْ يَلَمْلَمَ وَمُهَلِ أَهْلِ نَجْدٍ مِنْ قَرْنٍ وَمُهَل أَهْلِ الْمَشْرِقِ مِنْ ذَاتِ عِرْقٍ ثُم أَقْبَلَ بِوَجْهِهِ لِلْأُفُقِ ثُم قَالَ اللهُم أَقْبِلْ بِقُلُوبِهِمْ.

3225 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپ:

«مەدىنە ئەھلى زۇلھۇلەيفەدىن، شام ئەھلى جۇھفەدىن، يەمەن ئەھلى يەلەملەمدىن، نەجد ئەھلى قەرنۇل مەنازىلدىن، مەشرىق ئەھلى زاتىئىرقتىن ئېھرام باغلايدۇ» دېدى، ئاندىن يۈزىنى (شەرق تەرىپىدىكى) ئۇپۇققا بۇراپ: «ئى الله! ئۇلارنىڭ قەلبىنى (ئىسلامغا) يۈزلەندۈرگىن!» دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 2915)

[1] ئەلبانى (2357): سەھىھ ـ دېگەن.

3226 - عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقتَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ ذَا الْحُلَيْفَةِ وَلِأَهْلِ الشامِ وَمِصْرَ الْجُحْفَةَ وَلِأَهْلِ الْعِرَاقِ ذَاتَ عِرْقٍ وَلِأَهْلِ الْيَمَنِ يَلَمْلَمَ.

3226 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە ئەھلىگە زۇلھۇلەيفەنى، شام ۋە مىسىر ئەھلىگە جۇھفەنى، ئىراق ئەھلىگە زاتىئىرقنى، يەمەن ئەھلىگە يەلەملەمنى ئېھرام باغلايدىغان ئورۇن قىلىپ بەلگىلەپ بەردى[①].

(نەسائى: 2653)

3227 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ وَقتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَهْلِ الْمَشْرِقِ الْعَقِيقَ.

3227 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەشرىق ئەھلىگە ئەلئەقىيق دېگەن جاينى ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەپ بەردى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1740)

3228 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ أَهَل مِنْ الْفُرُعِ.

3228 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما فۇرۇئ دېگەن جايدىن ئېھرام باغلىغان.

(مالىك: 735)

3229 - عَنْ مَالِك عَنْ الثقَةِ عِنْدَهُ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ أَهَل مِنْ إِيلِيَاءَ.

3229 ـ مالىك ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچلىك بىرسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىيلىيا دېگەن جايدىن ئېھرام باغلىغان.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

---

① ئەلبانى (2484): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (381): زەئىپ ـ دېگەن.

3230 - كَرِهَ عُثْمَانُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنْ يُحْرِمَ مِنْ خُرَاسَانَ أَوْ كَرْمَانَ.

3230 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەرمان ۋە خۇراسان دېگەن جايلاردىن ئېھرام باغلاشنى يامان كۆرەتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3231 ـ عَنْ ابن عَباس ان النF صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال لا θ ـاوَز الموَقـ ـت الا بإِحْرام.

3231 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئېھرام باغلايدىغان جايلاردىن ئېھرامسىز ئۆتمەڭلار!» دېگەن[①].

(«ئەلكەبىر»: 12236)

3232 ـ عَنْ ساB عَنْ ابيِهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال سئل النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا يَلْبسُ الْمُحْرِمُ قَالَ لَا يَلْبسُ الْمُحْرِمُ الْقَمِيÒ وَلَا الْعِمَامَةَ وَلَا الْبُرْنُسَ وَلَا السرَاوِيلَ وَلَا ثَوْبًا مَسهُ وَرْسٌ وَلَا زَعْفَرَانٌ وَلَا الْخُفيْنِ إِلا أَنْ لَا يَجِدَ نَعْلَيْنِ فَلْيَقْطَعْهُمَا حَتى يَكُونَا أَسْفَلَ مِـ ـنْ الْكَعْبَيْنِ.

3232 ـ سالىم دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېھرام باغلىغۇچىنىڭ كىيىمى توغرۇلۇق سورالغانىدى، مۇنداق دېدى:

«ئېھرام باغلىغۇچى كۆينەك، سەللە، خالات، ئىشتان قاتارلىقلارنى، زەپەر ۋە باشقا خۇشپۇراقلىق نەرسىلەر ئىشلىتىلگەن كىيىملەرنى كىيمەيدۇ. پۇتىغا كەشتەك بىرەر نەرسە تاپالمىسا، ئۆتۈكنى ئوشۇقنىڭ ئاستىغىچە كېسىۋېتىپ كىيىدۇ».

(مۇسلىم: 1177)

[①] ھەيسەمى (5319): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خەسىف ئىسىملىك بىرى بار. بەزىلەر ئۇنىڭ ھەققىدە سەلبىيرەك باھا بەرگەن بولسا، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

3233 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى النسَاءَ فِي إِحْرَامِهِن عَنْ الْقُفازَيْنِ وَالنقَابِ وَمَا مَس الْوَرْسُ وَالزعْفَرَانُ مِنْ الثيَابِ وَلْتَلْبَسْ بَعْدَ ذَلِكَ مَا أَحَبتْ مِنْ أَلْوَانِ الثيَابِ مُعَصْفَرًا أَوْ خَزا أَوْ حُلِيا أَوْ سَرَاوِيلَ أَوْ قَمِيصًا أَوْ خُفا.

3233 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنى ئېھرام باغلىغاندا پەلەي كىيىش، نىقاپ ئارتىش، زەپەر ۋە باشقا خۇشپۇراق نەرسىلەر چېچىلغان كىيىملەرنى كىيىشتىن توستى. سېرىق رەڭدە بويالغان، يىپەكتىن ئىشلەنگەن، زىننەتلەنگەن ھەرخىل كىيىملەردىن خالىغىنىنى كىيىشكە، شۇنداقلا ئىشتان، كۆينەك، ئۆتۈك قاتارلىقلارنى كىيىشكە رۇخسەت قىلدى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1827)

3234 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "لا بَأْسَ أَنْ يُحْرِمَ الرجُلُ فِي ثَوْبٍ مَصْبُوغٍ بِزَعْفَرَانٍ قَدْ غُسِلَ، فَلَيسَ لَهُ نَفْضٌ وَلا رَدْعٌ.

3234 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئېھرام باغلىماقچى بولغان ئەر كىشى زەپەر بىلەن بويالغان، لېكىن بويالغاندىن كېيىن يۇيۇلۇپ، رەڭگى كەتكەن ۋە پۇرىقى قالمىغان كىيىمنى كىيسە بولىدۇ»[2].

(مەۋسىلى: 2579؛ بەززار)

3235 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: "كُن أَزْوَاجُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْضِبْنَ بِالْحِناءِ وَهُن مُحْرِمَاتٌ، وَيَلْبَسْنَ الْمُعَصْفَرَ وَهُن مُحْرِمَاتٌ.

[1] ئەلبانى (1612): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5335): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسەيىن ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

3235 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ئېھرامدا تۇرۇپ، خىنە بىلەن چاچلىرىنى بوياپتتى ۋە سېرىق رەڭدە بويالغان كىيىملەرنى كىيەتتى[①].

(«ئەلكەبىر»: 11186)

3236 - عَنْ أُمَيْمَةَ "أن أَزْوَاجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُن يَجْعَلْنَ عِصَابَةً فِيهَا الْوَرْسُ وَالزعْفَرَانُ فَيَعْصِبْنَ بِهَا أَسَافِلَ شُعُورِهِن مِنْ جِبَاهِهِن قَبْلَ أَنْ يُحْرِمْنَ ثُم يُحْرِمْنَ كَذَلِكَ".

3236 ـ ئۇمەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ئېھرامغا كىرىشتىن بۇرۇن زەپەر ۋە باشقا خۇشپۇراق ئىشلىتىلگەن رەخت بىلەن چاچلىرىنى چىگەتتى ۋە شۇ پېتى ئېھرامغا كىرەتتى[②].

(«ئەلكەبىر»: 189/24)

3237 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ خَطَبَنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَرَفَاتٍ فَقَالَ مَنْ لَمْ يَجِدْ الْإِزَارَ فَلْيَلْبَسْ السرَاوِيلَ وَمَنْ لَمْ يَجِدْ النعْلَيْنِ فَلْيَلْبَسْ الْخُفيْنِ.

3237 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرەفاتتا بىزگە خىتاب قىلىپ: «ئېھرام باغلىغاندا بېلىگە يۆگەيدىغان ئېھراملىق تاپالمىغانلار ئىشتان كىيسۇن. كېپىش تاپالمىغانلار ئۆتۈك كىيسۇن»

[①] ھەيسەمى (5341): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەئقۇب ئىبنى ئەتا ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (5344): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەكىمە بىنتى ئەممە ئىسىملىك بىر ئايال بار. ئىبنى جەۋرەيج ئۇ ئايالدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان، لېكىن ھېچكىم ئۇ ئايال ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمىگەن. ئەبۇ داۋۇد ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىنى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

دېگەنىدى.

(بۇخارى: 1843)

3238 - قَالَ يَحْيَى سُئِلَ مَالِك عَما ذُكِرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ وَمَنْ لَمْ يَجِدْ إِزَارًا فَلْيَلْبَسْ سَرَاوِيلَ فَقَالَ لَمْ أَسْمَعْ بِهَذَا وَلَا أَرَى أَنْ يَلْبَسَ الْمُحْرِمُ سَرَاوِيلَ لِأَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ لُبْسِ السرَاوِيلَاتِ فِيمَا نَهَى عَنْهُ مِنْ لُبْسِ الثيَابِ التِي لَا يَنْبَغِي لِلْمُحْرِمِ أَنْ يَلْبَسَهَا وَلَمْ يَسْتَثْنِ فِيهَا كَمَا اسْتَثْنَى فِي الْخُفيْنِ.

3238 ـ يەھيا مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بېلىگە يۆگەيدىغان ئىھراملىق تاپالمىغانلار ئىشتان كىيسۇن» دېگەن ھەدىسى توغرۇلۇق سورىغانىدى، مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم، ھەم ئىھرام باغلىغۇچىنىڭ ئىشتان كىيىشىنى توغرا دەپ قارىمايمەن. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىھرام باغلىغۇچىلارنى ئىشتان كىيىشتىن توسقان بولۇپ، ئۇنى ئىھرام باغلىغۇچىلار كىيسە جائىز بولمايدىغان كىيىملەر قاتارىدا چەكلىگەنىدى. ئىشتان كىيىشكە ئۆتۈك كىيىشكە يول قويغانچىلىكمۇ يول قويمىغان.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3239 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَأَى عَلَى طَلْحَةَ بْنِ عُبَيْدِ اللهِ ثَوْبًا مَصْبُوغًا وَهُوَ مُحْرِمٌ فَقَالَ عُمَرُ مَا هَذَا الثوْبُ الْمَصْبُوغُ يَا طَلْحَةُ فَقَالَ طَلْحَةُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ إِنمَا هُوَ مَدَرٌ فَقَالَ عُمَرُ إِنكُمْ أَيهَا الرهْطُ أَئِمةٌ يَقْتَدِي بِكُمْ الناسُ فَلَوْ أَن رَجُلًا جَاهِلًا رَأَى هَذَا الثوْبَ لَقَالَ إِن طَلْحَةَ بْنَ عُبَيْدِ اللهِ كَانَ يَلْبَسُ الثيَابَ الْمُصَبغَةَ فِي الْإِحْرَامِ فَلَا تَلْبَسُوا أَيهَا الرهْطُ شَيْئًا مِنْ هَذِهِ الثيَابِ الْمُصَبغَةِ.

3239 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەلھە ئىبنى

ئۇبەيدۇللاھنىڭ ئېھرامدا بويالغان بىر ئېھراملىقنى ئارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ ئى تەلھە! نېمە ئۈچۈن بويالغان ئېھراملىق ئارتىۋالدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ پەقەت سېغىزدا بويالغان نەرسە، ـ دېۋىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى جامائەت! سىلەر دېگەن باشقىلار ئەگىشىدىغان ئىمامسىلەر، ئەگەر بىلمىسىز بىر ئادەم مۇشۇ كىيىمنى كۆرسە: ”تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا ئېھرامدا بويالغان كىيىمنى كىيگەن ئىدى“ دېيىشتىن يانمايدۇ. ئى جامائەت! ھەرگىز بۇنداق بويالغان كىيىملەرنى كىيمەڭلار! ـ دېدى.

(مالىك: 718)

3240 - عَنْ صَفْوَانَ بْنِ يَعْلَى بْنِ أُمية عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَجُلًا أتى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ بِالجِعْرَانَةِ قَدْ أَهَل بِالْعُمْرَةِ وَهُوَ مُصَفرٌ لِحْيَتَهُ وَرَأْسَهُ وَعَلَيْهِ جُبةٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إني أَحْرَمْتُ بِعُمْرَةٍ وَأَنا كَمَا تَرَى فَقَالَ انْزِعْ عَنْكَ الْجُبةَ وَاغْسِلْ عَنْكَ الصفْرَةَ.

3240 ـ سەفۋان ئىبنى يەئلا ئىبنى ئۇمەييە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىئرانە دېگەن يەردە ئىدى. ئۇ ئادەم ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان، چاچ ـ ساقاللىرىنى سارغۇچ قىلىپ بويىۋالغان ۋە ئۈچىسىغا تون كىيىۋالغانىدى. ئۇ:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىدىم، مېنىڭ ھالىم مۇشۇ (يەنى چاچ ـ ساقىلىم سارغۇچ، ئۇچامدا تون بار)، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ تونىنى سېلىۋەتكىن، چاچ ـ ساقىلىڭدىكى بوياقنى يۇيىۋەتكىن! ــ دېدى.

(مۇسلىم: 1180)

3241 - وفي رواية: وَافْعَلْ فِي عُمْرَتِكَ مَا تَفْعَلُ فِي حَجِكَ.

3241 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۆمرە ھەجدە قىلغىنىڭنى پەرز ھەجدىمۇ قىلغىن!» دېيىلگەن.

(مالىك: 728)

3242 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَكْرَهُ لُبْسَ الْمِنْطَقَةِ لِلْمُحْرِمِ.

3242 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېھرامغا كىرگۈچىلەرنىڭ بەلۋاغ باغلىشىنى يامان كۆرەتتى.

(مالىك: 720)

3243 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ مَا فَوْقَ الذقَنِ مِنْ الـرأسِ فَلَا يُخَمرْهُ الْمُحْرِمُ.

3243 ـ نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: زاڭاقنىڭ ئۈستى باشقا تەۋە، شۇڭا ئېھرام باغلىغۇچى زاڭاقنىڭ ئۈستىنى يۆگىسە بولمايدۇ، ـ دېگەن.

(مالىك: 723)

3244 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ الركْبَانُ يَمُرونَ بِنَا وَنَحْنُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُحْرِمَاتٌ فَإِذَا حَاذَوْا بِنَا سَدَلَتْ إِحْدَانَا جِلْبَابَهَا مِنْ رَأْسِهَا عَلَى وَجْهِهَا فَـإِذَا جَاوَزُونَا كَشَفْنَاهُ.

3244 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز ئاياللار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئېھرامدا ئىدۇق، يېنىمىزدىن ئۇلاغلىق كىشىلەر ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇلار بىزگە يېقىنلاپ كەلسە، بىز چۈمپەردىلىرىمىزنى بېشىمىزدىن يۈزىمىزگە چۈشۈرۈپ، ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاچاتتۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1833)

[1] ئەلبانى (399): زەئىپ، ـ دېگەن.

3245 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كُنْتُ أُطَيِّبُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَبْلَ أَنْ يُحْرِمَ وَيَوْمَ النحْرِ قَبْلَ أَنْ يَطُوفَ بِالْبَيْتِ بِطِيبٍ فِيهِ مِسْكٌ.

3245 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە قۇربان ھېيت كۈنى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى خۇشپۇراقلىق نەرسىلەرنى سۈرۈپ قويattىم.

(مۇسلىم: 1191)

3246 - وفي رواية: بِذَرِيرَةٍ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ لِلْحِل وَالْإِحْرَامِ.

3246 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ۋىدالىشىش ھەججىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھرامغا كىرگەندە ۋە ئېھرامدىن چىققاندا، مەن ئۇنىڭغا زەرىرە ئىسىملىك خۇشپۇراقلىق نەرسە سۈرۈپ قويغانىدىم، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 5930)

3247 - عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ مُحَمدِ بْنِ الْمُنْتَشِرِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَأَلْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ الرجُلِ يَتَطَيبُ ثُم يُصْبِحُ مُحْرِمًا فَقَالَ مَا أُحِب أَنْ أُصْبِحَ مُحْرِمًا أَنْضَخُ طِيبًا لَأَنْ أَطلِيَ بِقَطِرَانٍ أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ أَفْعَلَ ذَلِكَ فَدَخَلْتُ عَلَى عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَأَخْبَرْتُهَا أَن ابْنَ عُمَرَ قَالَ مَا أُحِب أَنْ أُصْبِحَ مُحْرِمًا أَنْضَخُ طِيبًا لَأَنْ أَطلِيَ بِقَطِرَانٍ أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ أَفْعَلَ ذَلِكَ فَقَالَتْ عَائِشَةُ أَنَا طَيبْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ إِحْرَامِهِ ثُم طَافَ فِي نِسَائِهِ ثُم أَصْبَحَ مُحْرِمًا.

3247 ـ ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇنتەشىرنىڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ:

ــ مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئاخشىمى خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، تاڭ ئاتقاندا ئېھرامغا كىرگەن كىشى توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ مەن ئاخشىمى خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، تاڭ ئاتقاندا

ئۇنىڭ ھىدى كەتمەستىن ئېھرامغا كىرگەندىن، قارامايلىنىپ ئېھرامغا كىرگەن ياخشى دەپ قارايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزىنى ئېيتقانىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېھرامغا كىرىشىگە بىر ئاخشام قالغاندا، مەن ئۇنىڭغا خۇشپۇراقلىق نەرسىلەرنى سۈرۈپ قويغانىدىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ كېچىسى ئاياللىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ (يەنى ئاياللىرى بىلەن بىرگە بولۇپ)، تاڭ ئاتقاندا ئېھرامغا كىرگەنىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1192)

3248 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَقَدْ رَأَيْتُ وَبِيصَ الطيبِ فِي مَفَارِقِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ ثَلَاثٍ.

3248 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنىڭ ئارىلىرىدا خۇشبۇي (ماددىنىڭ قالدۇقىنىڭ) پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم[1].

(نەسائى: 2702)

3249 - عن عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كُنا نَخْرُجُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى مَكةَ فَنُضَمدُ جِبَاهَنَا بِالسك الْمُطَيبِ عِنْدَ الْإِحْرَامِ فَإِذَا عَرِقَتْ إِحْدَانَا سَالَ عَلَى وَجْهِهَا فَيَرَاهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَا يَنْهَاهَا.

3249 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەككىگە قاراپ يولغا چىقىپ، ئېھرامغا كىرىدىغان يەرگە

[1] ئەلبانى (2532): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

كەلگىنىمىزدە، پېشانىمىزغا سۈك دەپ ئاتىلىدىغان خۇشپۇراقلىق بىر نەرسە سۈرەتتۇق. تەرلەپ كەتسەك، ئۇ نەرسە يۈزلىرىمىزگە ئېقىپ چۈشەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرۈپ تۇرسىمۇ، بىزنى توسمايتتى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 1830)

3250 ـ عَنْ أَسْلَمَ مَوْلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ وَجَدَ رِيحَ طِيبٍ وَهُوَ بِالشجَرَةِ فَقَالَ مِمنْ رِيحُ هَذَا الطيبِ فَقَالَ مُعَاوِيَةُ بْنُ أَبِي سُفْيَانَ مِني يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَقَالَ مِنْكَ لَعَمْرُ اللهِ فَقَالَ مُعَاوِيَةُ إِن أُم حَبِيبَةَ طَيبَتْنِي يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَقَالَ عُمَرُ عَزَمْتُ عَلَيْكَ لَتَرْجِعَن فَلْتَغْسِلَنهُ.

3250ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئازادگەردىسى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (زۇلھۇلەيفەدىكى) بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، بۇرنىغا خۇشبۇي نەرسىنىڭ ھىدى كەلدى، ـ دە:

— بۇ پۇراق كىمدىن كېلىۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەندىن كېلىۋاتىدۇ، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بۇ پۇراق راستىنلا سەندىن كېلىۋاتامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مۇئاۋىيە:

— شۇنداق، ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇممۇ ھەبىبە سۈرۈپ قويغانىدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ دەرھال بېرىپ، بۇنى يۇيۇۋەتكىن! ـ دېدى.

(مالىك: 729)

3251 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَفنَ ابْنَهُ وَاقِدَ بْنَ عَبْدِ اللهِ وَمَاتَ بِالْجُحْفَةِ مُحْرِمًا وَخَمرَ رَأْسَهُ وَوَجْهَهُ وَقَالَ لَوْلَا أَنا حُرُمٌ لَطَيبْنَاهُ.

① ئەلبانى (1615): سەھىھ ـ دېگەن.

3251 - نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جۇھفەدە ئېھرام باغلاقلىق پېتى ۋاپات بولغان ئوغلى ۋاقىدنىڭ يۈزى ۋە بېشىنى يۆگەپ كېپەنلىگەندىن كېيىن:

- ئەگەر بىز ئېھرامدا بولمىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا خۇشبۇي نەرسىلەرنى سۈرەتتۇق، - دېدى.

(مالىك: 724)

3252 - عَنْ اْبنِ عُمَرَ أن النبي صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ كَانَ يَدهِنُ بِالزيْـتِ وَهُـوَ مُحْرِمٌ غْير الْمُقَتتِ.

3252 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھرامدىكى ۋاقىتتا خۇشپۇراق ئارىلاشتۇرۇلمىغان ماي بىلەن بەدىنىنى مايلايتتى①.

(تىرمىزى: 962)

3253 - ولرزين: كان يدهن بدهن غير مقتت، يعني غير مطيب، والقت تطيب الدهن بالرياحين.

3253 - يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بەدىنىنى رەيھانگۈل ئارىلاشتۇرۇلمىغان ماي بىلەن مايلايتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3254 - قَالَ اْبنُ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عْنهُمَا يَشَم الْمُحْرِمُ الريْحَانَ وَيْنظُرُ فِي الْمِـرْآةِ وَيَتَدَاوَى بِمَا يَأْكُلُ الزيْتِ وَالسمْنِ.

3254 - ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئېھرام باغلىغۇچى رەيھانگۈلنى پۇرىسا، ئەينەككە قارىسا ۋە يېسە بولىدىغان ياغ، سېرىق ماي قاتارلىقلار بىلەن داۋالانسا بولىدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

① ئەلبانى (163): سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

3255 - عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ حُنَيْنٍ عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَبَّاسٍ وَالْمِسْوَرِ بْنِ مَخْرَمَةَ أَنَّهُمَا اخْتَلَفَا بِالْأَبْوَاءِ فَقَالَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عَبَّاسٍ يَغْسِلُ الْمُحْرِمُ رَأْسَهُ وَقَالَ الْمِسْوَرُ لَا يَغْسِلُ الْمُحْرِمُ رَأْسَهُ فَأَرْسَلَنِي ابْنُ عَبَّاسٍ إِلَى أَبِي أَيُّوبَ الْأَنْصَارِيِّ أَسْأَلُهُ عَنْ ذَلِكَ فَوَجَدْتُهُ يَغْتَسِلُ بَيْنَ الْقَرْنَيْنِ وَهُوَ يَسْتَتِرُ بِثَوْبٍ قَالَ فَسَلَّمْتُ عَلَيْهِ فَقَالَ مَنْ هَذَا فَقُلْتُ أَنَا عَبْدُ اللَّهِ بْنُ حُنَيْنٍ أَرْسَلَنِي إِلَيْكَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عَبَّاسٍ أَسْأَلُكَ كَيْفَ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَغْسِلُ رَأْسَهُ وَهُوَ مُحْرِمٌ فَوَضَعَ أَبُو أَيُّوبَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَدَهُ عَلَى الثَّوْبِ فَطَأْطَأَهُ حَتَّى بَدَا لِي رَأْسُهُ ثُمَّ قَالَ لِإِنْسَانٍ يَصُبُّ اصْبُبْ فَصَبَّ عَلَى رَأْسِهِ ثُمَّ حَرَّكَ رَأْسَهُ بِيَدَيْهِ فَأَقْبَلَ بِهِمَا وَأَدْبَرَ ثُمَّ قَالَ هَكَذَا رَأَيْتُهُ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَفْعَلُ وَقَالَ فَأَمَرَّ أَبُو أَيُّوبَ بِيَدَيْهِ عَلَى رَأْسِهِ جَمِيعًا عَلَى جَمِيعِ رَأْسِهِ فَأَقْبَلَ بِهِمَا وَأَدْبَرَ فَقَالَ الْمِسْوَرُ لِابْنِ عَبَّاسٍ لَا أُمَارِيكَ أَبَدًا.

3255 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇنەيندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئەبۋا دېگەن جايدا مەسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ ئېھرام باغلىغان كىشى بېشىنى يۇسا بولىدۇ، ـ دېسە، مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ يۇسا بولمايدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مېنى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىدىن بۇ ئىشنى سوراپ بېقىشقا ئەۋەتتى. بېرىپ قارىسام، ئۇ (ئەبۇ ئەييۇب) ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارىسىغا تارتىلغان بىر پارچە رەختنىڭ دالدىسىدا يۇيۇنۇۋاتقانىكەن. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئۇ:

ـ كىم سەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇنەين بولىمەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مېنى سەندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېھرامدا تۇرۇپ بېشىنى يۇغان ـ يۇمىغانلىقىنى سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ـ دېدىم. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولى بىلەن پەردىنى بېشى كۆرۈنگىدەك پەسلەتتى. ئاندىن بېشىغا سۇ قويۇپ بېرىۋاتقان كىشىگە:

ــ قـۇيغىـن! ــ دېـدى ۋە ئـىككـى قـولى بىـلـەن چىچىنـى ئـارىلاپ، بېشىـنـىڭ ھەممە يېرىنى چايقىغاندىن كېيىـن:

ــ مەن پەيغەمـبەر سـەللەللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللەمـنىڭ مۇشـۇنداق قىـلغـانلـىقـىنى كـۆرگەن ئـىـدىم، ـ دېـدى. مەن ئەبـۇ ئەييـۇب ئەنسـارى رەزىيـەللاھـۇ ئەنھۇنـىـڭ كۆرسـەتكـىنـىنى ئۇلارغـا ئېيتـىـپ بەرگەنـىـدىم، مىسۋەر رەزىيـەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئابباس رەزىيـەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـ بۇندىن كېيىـن، سەن بىلەن ھەرگىـز ئىخـتىـلاپ قىـلـىشـمايمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1205)

3256 - عَنْ خَارِجَةَ بْنِ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ رَأَى النبي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ تَجَرَدَ لِإِهْلَالِهِ وَاغْتَسَلَ.

3256 ـ خـارىجە ئىبنـى زەيـد ئىبنـى سـابىت دادىسـىنـىڭ مۇنـداق دېگەنلـىكـىنى رىۋايەت قىـلـدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسـەللەم ئېھرامغا كىـرىش ئۈچۈن يېشـىنىپ يۇيۇناتتى[1].

(تىـرمىـزى: 830)

3257 – ولرزين أنه اغتسل qحرامه ولطوافه بالبيت ولوقوفه بعرفة.

3257 ـ رەزىـنـنـىـڭ رىۋايـتـىـدە: پەيغەمـبەر سـەللەللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللەم ئېھرامغـا كـىـرىش، بەيتـۇللاھنى تـاۋاپ قـىلـىش ۋە ئەرەفاتتـا تۇرۇش ئۈچۈن يۇيۇنغانـدى، ـ دېيىـلگەن.

(رەزىـن رىۋايەت قىـلغان)

3258 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن النبي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَبَدَ رَأْسَهُ بِالْعَسَلِ.

3258 ـ ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيـەللاھـۇ ئەنھۇمـا پەيغەمـبەر سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسـەللەمـنىڭ بېشـىغا ھەسەل چاپقانلـىقـىنى رىۋايەت قىـلغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1748)

[1] ئەلبانى (664): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (383): زەئىپ، ـ دېگەن.

3259 - قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَدْخُلُ الْمُحْرِمُ الْحَمامَ.

3259 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئېھرام باغلىغۇچى ھاماماغا كىرسە (يەنى يۇيۇنسا) بولىدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3260 - عَنِ ٱبْنِ عَباسٍ قَالَ احْتَجَمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ مُحْرِمٌ فِي رَأْسِهِ مِنْ صُدَاعٍ كَانَ بِهِ أَوْ شَيْءٍ كَانَ بِهِ بِمَاءٍ يُقَالُ لَحْيُ جَمَلٍ.

3260 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لەھيۇ جەمەل دېگەن يەردىكى سۇ بويىدا بېشى ئاغرىپ كېتىپ، ئېھرامدا تۇرۇپ بېشىدىن قان ئالدۇردى.

(ئەھمەد: 2351)

3261 - عن ابن للابنة رضي الله عنه قال احْتَجَمَ النبي - صلى الله عليه وسلم - وَهْوَ مُحْرِمٌ بِلَحْىِ جَمَلٍ فِى وَسَطِ رَأْسِهِ.

3261 ـ ئىبنى بۇھەينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لەھيۇ جەمەل دېگەن يەردە (ئېھرامدا تۇرۇپ) بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قان ئالدۇردى.

(بۇخارى: 1836)

3262 - عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْتَجَمَ وَهُوَ مُحْرِمٌ عَلَى ظَهْرِ الْقَدَمِ مِنْ وَجَعٍ كَانَ بِهِ.

3262 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاغرىق سەۋەبىدىن ئېھرامدا تۇرۇپ پۇتىنىڭ دۈمبىسىدىن قان ئالدۇرغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1837)

[1] ئەلبانى (1621): سەھىھ ـ دېگەن.

3263 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ كَانَ يَقُولُ لَا يَحْتَجِمُ الْمُحْرِمُ إِلا مِما لَا بُد لَـهُ مِنْهُ.

3263 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئېھرامغا كىرگەنلەر بىرەر كېسەللىك ياكى زۆرۈرىيەت بولمىسىلا قان ئالدۇرمىسۇن.

(مالىك: 785)

3264 - عَنْ نُبَيْهِ بْنِ وَهْبٍ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ أَبَانَ بْنِ عُثْمَانَ حَتى إِذَا كُنـا بِمَلَـلٍ اشْتَكَى عُمَرُ بْنُ عُبَيْدِ اللهِ عَيْنَيْهِ فَلَما كُنا بِالرَوْحَاءِ اشْتَد وَجَعُهُ فَأَرْسَلَ إِلَى أَبَانَ بْنِ عُثْمَانَ يَسْأَلُهُ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ أَنْ اضْمِدْهُمَا بِالصبِرِ فَإِن عُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ حَدثَ عَنْ رَسُولِ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الرجُلِ إِذَا اشْتَكَى عَيْنَيْهِ وَهُوَ مُحْرِمٌ ضَمدَهُمَا بِالصبِرِ.

3264 ـ نۇبەيھ ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەبان ئىبنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. مەلەل دېگەن جايغا كەلگەندە، ئۆمەر ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنىڭ كۆزى ئاغرىپ كەتتى، ئۇ ئېھرامدا ئىدى. رەۋھا دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئاغرىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپ، ئەبان ئىبنى ئوسماندىن قانداق قىلىش ھەققىدە پەتىۋا سورىدى. ئەبان ئىبنى ئوسمان ئۆمەر ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنى كۆزىگە سەبر (ناھايىتى ئاچچىق بىر خىل سۇيۇقلۇق دورا) سۈرۈشكە بۇيرىدى ۋە دادىسى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ ئېھرامدا تۇرۇپ كۆزى ئاغرىپ قالغان ئادەمنى كۆزىگە سەبر سۈرۈشكە بۇيرىغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

(مۇسلىم: 1204)

3265 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَزَوجَ مَيْمُونَةَ وَهُوَ مُحْرِمٌ.

3265 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھرامدا تۇرۇپ، مەيمۇنە

رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئالغانىدى[1].

(تىرمىزى: 842)

3266 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ تَزَوجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَيْمُونَةَ فِي عُمْرَةِ الْقَضَاءِ.

3266 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قازا ئۆمرىسىنى قىلغاندا (يەنى ھىجرىيىنىڭ 7ـ يىلى) نىكاھىغا ئالدى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 4259)

3267 - وفي رواية: وَهُمَا مُحْرِمَانِ.

3267 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ھەر ئىككىلەن ئېھرامدا ئىدى، ـ دېيىلگەن[2].

(نەسائى: 2839)

3268 - وفي أخرى: تَزَوجَهَا وَهُوَ مُحْرِمٌ ثُم بَنَى بِهَا وَهُوَ حَلَالٌ بِسَرِفَ فِي طَرِيقِ مَكةَ وَمَاتَتْ مَيْمُونَةُ بِسَرِفَ حَيْثُ بَنَى بِهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدُفِنَتْ بِسَرِفَ للترمذي. قال ابن المسيب: وهم ابن عباس في تزويج ميمونة وهو محرم.

3268 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئالغاندا ئېھرامدا ئىدى. ئۇلار ئېھرامدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، مەككىنىڭ يولىدىكى سەرف دېگەن جايدا بىر تۆشەكتە بولدى. (كېيىن) مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولغان يەردە ۋاپات بولدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى.

ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا

[1] ئەلبانى (144): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (181): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

ئالغاندا ئېھرامدا ئىدى، ـ دەپ رىۋايەت قىلىشتا خاتالاشقان[1].
(تىرمىزى: 844)

3269 - عَنْ أَبِي رَافِعٍ قَالَ تَزَوجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَيْمُونَةَ وَهُـوَ حَلَالٌ وَبَنَى بِهَا وَهُوَ حَلَالٌ وَكُنْتُ أَنَا الرسُولَ فِيمَا بَيْنَهُمَا.

3269 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئالغاندا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولغاندا، ئېھرامدىن چىقىپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەن ئەلچى بولغانىدىم[2].
(تىرمىزى: 841)

3270 - عَنْ مَيْمُونَةَ قَالَتْ تَزَوجَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ حَلَالَانِ بِسَرِفَ.

3270 ـ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى سەرف دېگەن جايدا نىكاھىغا ئالغاندا، ھەر ئىككىلىمىز ئېھرامدا ئەمەس ئىدۇق[3].
(ئەبۇ داۋۇد: 1843)

3271 - وفي رواية: تَزَوجَ بَا حَلَالًا وَبَنَى بِهَا حَلَالًا وَمَاتَتْ بِسَرِفَ وَدَفَنَّاهَا فِي الظلةِ التِي بَنَى بِهَا فِيهَا.

3271 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئالغاندا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولغاندا، ئېھرامدا ئەمەس ئىدى. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەرف دېگەن جايدا ۋاپات بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[1] ئەلبانى بۇ ھەدىسكە باھا بەرمىگەن. لېكىن بۇ ھەدىسنى «زەئىپ ھەدىسلەر» ناملىق كىتابىدا 146 ـ نومۇر بىلەن كەلتۈرگەن.

[2] ئەلبانى (143): زەئىپ، لېكىن ئالدىنقى جۈملىسى سەھىھتۇر، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1626): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋەسەللەم ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە بولغان كەپە ئىچىگە دەپنە قىلدى، - دېيىلگەن.

(ئەھمەد: 26288)

3272 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ أَبَا رَافِعٍ وَرَجُلًا مِنْ الْأَنصَارِ فَزَوجَاهُ مَيْمُونَةَ بِنْتَ الْحَارِثِ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْمَدِينَةِ قَبْلَ أَنْ يَخْرُجَ.

3272 ـ سۇلەيمان ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ رافىئ بىلەن ئەنسارىلاردىن يەنە بىر ئادەمنى (مەيمۇنەگە) ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇلار مەيمۇنە بىنتى ھارىسنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىكاھلاپ قويدى. (ئۇ چاغدا) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرە ئۈچۈن تېخى مەدىنىدىن يولغا چىقمىغانىدى.

(مالىك: 779)

3273 - عن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنْكِحُ الْمُحْرِمُ وَلَا يُنْكَحُ وَلَا يَخْطُبُ.

3273 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىھرامدىكىلەر (ئىھرامدا تۇرۇپ) ئۆيلىنەلمەيدۇ ۋە ئۆيلەپ قويالمايدۇ. شۇنداقلا توي تەلىپى قويالمايدۇ».

(مۇسلىم: 1409)

3274 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ لَا يَنْكِحُ الْمُحْرِمُ وَلَا يَخْطُبُ عَلَى نَفْسِهِ وَلَا عَلَى غَيْرِهِ.

3274 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئىھرامدىكىلەر (ئىھرامدا تۇرۇپ) ئۆيلىنەلمەيدۇ ۋە ئۆزى ئۈچۈن

ياكى باشقىلار ئۈچۈن توي تەلىپى قويالمايدۇ».

(مالىك: 782)

3275 - عَنْ دَاوُدَ بْنِ الْحُصَيْنِ أَن أَبَا غَطَفَانَ بْنَ طَرِيفٍ الْمُرِي أَخْبَرَهُ أَن أَبَاهُ طَرِيفًا تَزَوجَ امْرَأَةً وَهُوَ مُحْرِمٌ فَرَد عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ نِكَاحَهُ.

3275 ـ داۋۇد ئىبنى ھۇسەين ئەبۇ غەتەفان ئىبنى تەرىف مۇررىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دادام تەرىف ئېھرامدا تۇرۇپ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغان ئىدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى.

(مالىك: 781)

3276 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ السلَمِي عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كُنتُ يَوْمًا جَالِسًا مَعَ رِجَالٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي مَنْزِلٍ فِي طَرِيقِ مَكةَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَازِلٌ أَمَامَنَا وَالْقَوْمُ مُحْرِمُونَ وَأَنَا غَيْرُ مُحْرِمٍ فَأَبْصَرُوا حِمَارًا وَحْشِيا وَأَنَا مَشْغُولٌ أَخْصِفُ نَعْلِي فَلَمْ يُؤْذِنُونِي بِهِ وَأَحَبوا لَوْ أَني أَبْصَرْتُهُ وَالْتَفَت فَأَبْصَرْتُهُ فَقُمْتُ إِلَى الْفَرَسِ فَأَسْرَجْتُهُ ثُم رَكِبْتُ وَنَسِيتُ السوْطَ وَالرمْحَ فَقُلْتُ لَهُمْ نَاوِلُونِي السوْطَ وَالرمْحَ فَقَالُوا لَا وَاللهِ لَا نُعِينُكَ عَلَيْهِ بِشَيْءٍ فَغَضِبْتُ فَنَزَلْتُ فَأَخَذْتُهُمَا ثُم رَكِبْتُ فَشَدَدْتُ عَلَى الْحِمَارِ فَعَقَرْتُهُ ثُم جِئْتُ بِهِ وَقَدْ مَاتَ فَوَقَعُوا فِيهِ يَأْكُلُونَهُ ثُم إِنهُمْ شَكوا فِي أَكْلِهِمْ إِياهُ وَهُمْ حُرُمٌ فَرُحْنَا وَخَبَأْتُ الْعَضُدَ مَعِي فَأَدْرَكْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَأَلْنَاهُ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ مَعَكُمْ مِنْهُ شَيْءٌ فَقُلْتُ نَعَمْ فَنَاوَلْتُهُ الْعَضُدَ فَأَكَلَهَا حَتى نَفِدَهَا وَهُوَ مُحْرِمٌ.

3276 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە سەلەمى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

بىر كۈنى، بىر توپ ساھابە بىلەن بىللە مەككىگە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى بىر يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى بىر يەرگە چۈشكەنىدى. مەندىن باشقىلار ئېھرامدا ئىدى. ئۇلار سەل نېرىدا تۇرغان بىر ياۋا ئېشەكنى

كۆرۈپ قاپتۇ. مەن ئايىغىمنى ياماش بىلەن مەشغۇل ئىدىم. ئۇلار مېنىڭ ئېشەككە قارىشىمنى ئارزۇ قىلىشقان بولسىمۇ، ھېچنېمە دېمەپتۇ. كۆپ ئۆتمەي، مەن بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە نېرىدا تۇرغان ئېشەكنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، ئېتىمنى توقۇپ مىندىم. لېكىن نەيزە بىلەن قامچىنى يەردە ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇلارغا:

ـ نەيزە بىلەن قامچىنى سۇنۇپ بېرىڭلار! ـ دېسەم، ئۇلار:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئېشەكنى تۇتۇشىڭغا ياردەم قىلالمايمىز، ـ دېيىشتى. مەن غەزەپ بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، قامچا بىلەن نەيزىنى ئېلىپ، ئاتقا قايتا مىندىم ۋە ياۋا ئېشەكنى تۇتۇپ بوغۇزلاپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇلار ئۇنى يېيىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلىشتى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي، ئېھرامدا تۇرۇپ بۇنى يېسە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا گۇمانغا چۈشۈپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراش ئۈچۈن) دەرھال يولغا چىقتۇق. مەن (ياۋا ئېشەكنىڭ) ئالدى پۇتىدىن بىرنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي يېنىمغا ئېلىۋالغانىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئېيتقانىدۇق، ئۇ:

ـ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئاشتىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ بار، ـ دېدىم ۋە يېنىمغا ئېلىۋالغان گۆشنى چىقاردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى پاك ـ پاكىز يەۋەتتى، ئۇمۇ ئېھرامدا ئىدى.

(بۇخارى: 2570)

3277 - ومن رواياته: فَأَكَلْنا مِنْ لَحْمِهِ وَخَشِيَنا أَنْ نُقْتَطَعَ فَطَلَبْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْفَعُ فَرَسِي شَأْوًا وَأَسِيرُ شَأْوًا فَلَقِيتُ رَجُلًا مِنْ بَنِي غِفَارٍ فِي جَوْفِ اللَّيْلِ قُلْتُ أَيْنَ تَرَكْتَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تَرَكْتُهُ بِتَعْهَنَ وَهُوَ قَائِلٌ السقْيا فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِن أَهْلَكَ يَقْرَءُونَ عَلَيْكَ السلَامَ وَرَحْمَةَ اللهِ إِنهُمْ قَدْ خَشُـوا أَنْ يُقْتَطَعُـوا دُونَـكَ فَانْتَظِرْهُمْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَصَبْتُ حِمَارَ وَحْ ا ٍ وَعِنْدِي مِنْهُ فَاضِلَةٌ فَقَالَ لِلْقَوْمِ كُلُـوا

وَهُمْ مُحْرِمُونَ.

3277 ـ بۇ ھەدىسنىڭ باشقا رىۋايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىز ئۇ ياۋا ئېشەكنىڭ گۆشىدىن يېدۇق، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ دەرھال يولغا چىقتۇق. مەن ئېتىمغا مىنىپ، بىردە چاپتۇرۇپ، بىردا يورغىلىتىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ كەتتىم. يېرىم كېچىدە بەنى غىفار قەبىلىسىلىك بىر ئادەمگە ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەدە قالدى؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ:

— تەئھەن دېگەن جايدا قالدى. سۇقيا[1] بارغاندا دەم ئالماقچى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئەھلىڭ ساڭا سالام يوللايدۇ ۋە اللهنىڭ رەھمىتىنى تىلەيدۇ. ئۇلار دۈشمەنگە يولۇقۇپ قېلىپ، سەندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەكمۇ ئەندىشە قىلىشتى. ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان بولساڭ، مەن ياۋا ئېشەكتىن بىرنى ئوۋلىغانىدىم، ئۇنىڭ ئېشىپ قالغىنى يېنىمدا بار، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتراپىدىكىلەرگە:

ـ قېنى بۇنىڭدىن يەڭلار! ـ دېدى. ئۇلار ئېھرامدا ئىدى.

(بۇخارى: 1821)

3278 - عن أبي قَتَادَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ كُنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ بِالْقَاحَةِ وَمِنا الْمُحْرِمُ وَمِنا غَيْرُ الْمُحْرِمِ فَرَأَيْتُ أَصْحَابِي يَتَرَاءَوْنَ شَيْئًا فَنَظَرْتُ فَإِذَا حِمَـارُ وَحْ اٍ ا‌ٔ ٍ الحديث.

3278 ـ ئەبۇ قەتادەنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قاھە دېگەن جايدا

[1] ـ سۇقيا مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى بىر كەنت.

ئىدۇق، ئارىمىزدا ئېھرام باغلىغانلارمۇ، باغلىمىغانلارمۇ بار ئىدى. ھەمراھلىرىم بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ بىر نەرسىگە قارىشىۋاتاتتى. مەنمۇ ئۇ تەرەپكە قارىدىم ۋە (نېرىدا تۇرغان) ياۋا ئېشەكنى كۆردۈم...

(بۇخارى: 1823)

3279 - عن عَبْد اللهِ بن أَبِي قَتَادَةَ أن أَبَاهُ أَخْبَرَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ حَاجا فَخَرَجُوا مَعَهُ فَصَرَفَ طَائِفَةً مِنْهُمْ فِيهِمْ أُبو قَتَادَةَ فَقَالَ خُذُوا سَاحِلَ الْبَحْرِ حَتى نَلْتَقِيَ فَأَخَذُوا سَاحِلَ الْبَحْرِ فَلَما انْصَرَفُوا أَحْرَمُوا كُلُّهُمْ إِلا أُبو قَتَادَةَ لَمْ يُحْرِمْ فَبَيْنَمَا هُمْ يَسِيرُونَ إِذْ رَأَوْا حُمُرَ وَحْشٍ فَحَمَلَ أُبو قَتَادَةَ عَلَى الْحُمُرِ فَعَقَرَ مِنْهَا أَتَانًا ... الحديث وفيه: قَالَ أَمِنْكُمْ أَحَدٌ أَمَرَهُ أَنْ يَحْمِلَ عَلَيْهَا أَوْ أَشَارَ إِلَيْهَا قَالُوا لَا قَالَ فَكُلُوا مَا بَقِيَ مِنْ لَحْمِهَا.

3279 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە دادىسى ئەبۇ قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن ھەج قىلغىلى يولغا چىقتى. (مەلۇم بىر يەرگە كەلگەندە) بىر قىسىم ساھابىلەرنى ئايرىپ، ئۇلارغا:

ــ سىلەر دېڭىز ساھىلى بىلەن مېڭىڭلار، ئالدىمىزدىكى بىر يەردە ئۇچرىشايلى، ـ دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. مەندىن باشقا ھەممەيلەن دېڭىز ساھىلىغا قاراپ يولغا چىقار ـ چىقمايلا ئېھرام باغلىدى. بىز يولدا كېتىۋېتىپ، بىر توپ ياۋا ئېشەكنى كۆردۇق. مەن بۇ ياۋا ئېشەكلەرنى قوغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر مادا ئېشەكنى تۇتىۋالدىم ۋە ئۇنى بوغۇزلىدىم...

(بۇخارى: 1824)

بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاراڭلاردىن بىرەرسى ئەبۇ قەتادەنى ياۋا ئېشەكنى تۇتۇشقا بۇيرىدىمۇ ياكى ئۇنى كۆرسىتىپ قويدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

ــ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق بولسا، قېپقالغان گۆشنى يەڭلار! ـ دېدى.

3280 - عَنْ الصعْبِ بْنِ جَثامَةَ اللَّيْثِي أنَّهُ أَهْدَى لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِمَارًا وَحْشِيا وَهُوَ بِالْأَبْوَاءِ أَوْ بِوَدانَ فَرَدهُ عَلَيْهِ فَلَما رَأَى مَا فِي وَجْهِهِ قَالَ إنا لَمْ نَرُدهُ عَلَيْكَ إلا أنا حُرُمٌ.

3280 ـ سەئب ئىبنى جەسسامە لەيسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەبۋا ياكى ۋەددان دېگەن جايدا بىر ياۋا ئېشەك ھەدىيە قىلغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىيەمنى قوبۇل قىلماي قايتۇرىۋەتتى. كېيىن مېنىڭ چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ:

«بىز ئېھرامدا بولمىغان بولساق، ھەدىيەڭنى قايتۇرمىغان بولاتتۇق» دېدى.

(بۇخارى: 1825)

3281 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ أَهْدَى الصعْبُ بْنُ جَثامَةَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رِجْلَ حِمَارِ وَحْشٍ تَقْطُرُ دَمًا وَهُوَ مُحْرِمٌ وَهُوَ بِقُدَيْدٍ فَرَدهَا عَلَيْهِ.

3281 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇدەيد دېگەن جايدا ئېھرام بىلەن ئىدى. سەئب ئىبنى جەسسامە بىر ياۋا ئېشەكنىڭ قان تېمىپ تۇرغان پۇتىنى ھەدىيە قىلغانىدى، ئۇنى قوبۇل قىلماي قايتۇرىۋەتتى[1].

(نەسائى: 2822)

3282 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صَيْدُ الْبَر لَكُمْ حَلَالٌ وَأَنْتُمْ حُرُمٌ مَا لَمْ تَصِيدُوهُ أَوْ يُصَدْ لَكُمْ.

3282 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2646): سەھىھ ـ دېگەن.

«ئېھرامدىكى ۋاقىتلاردا، ئۆزەڭلار ئۆلتۈرمىگەن ياكى سىلەرنىڭ نامىڭلارغا ئۆلتۈرۈلمىگەن (يەنى باشقىلار ئۆلتۈرۈپ، سىلەرگە ھەدىيە قىلغان) قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى سىلەرگە ھالالدۇر[1].

(تىرمىزى: 846)

3283 - عَنْ الْبَهْزِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ يُرِيدُ مَكةَ وَهُوَ مُحْرِمٌ حَتى إِذَا كَانُوا بِالروْحَاءِ إِذَا حِمَارُ وَحْشٍ عَقِيرٌ فَذُكِرَ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ دَعُوهُ فَإِنهُ يُوشِكُ أَنْ يَأْتِيَ صَاحِبُهُ فَجَاءَ الْبَهْزِي وَهُوَ صَاحِبُهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْكَ وَسَلمَ شَأْنَكُمْ بِهَذَا الْحِمَارِ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبَا بَكْرٍ فَقَسَمَهُ بَيْنَ الرفَاقِ ثُم مَضَى حَتى إِذَا كَانَ بِالْأُثَايَةِ بَيْنَ الروَيْثَةِ وَالْعَرْجِ إِذَا ظَبْيٌ حَاقِفٌ فِي ظِل وَفِيهِ سَهْمٌ فَزَعَمَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ رَجُلًا يَقِفُ عِنْدَهُ لَا يُرِيبُهُ أَحَدٌ مِنْ الناسِ حَتى يُجَاوِزَهُ.

3283 ـ بەھزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرەمگە بېرىشنى نىيەت قىلىپ، ئېھرام باغلاپ يولغا چىقتى. رەۋھا دېگەن جايغا كەلگەندە، بوغۇزلانغان بىر ياۋا ئېشەكنى كۆرگەن ساھابىلەر بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، ئىگىسى كېلىپ قالار، ـ دەپ تۇرۇشىغا، ياۋا ئېشەكنىڭ ئىگىسى بەھزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ياۋا ئېشەك سىلەرنىڭ بولسۇن، ئۇنى يېسەڭلار بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ياۋا ئېشەكنى ھەممەيلەنگە تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئاندىن يولغا چىقىپ، ئەرەج بىلەن رۇۋەيسەنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇسايە دېگەن جايدا كېتىۋېتىپ، ئوق تەگكەن بىر كېيىكنىڭ، بىر (دەرەخنىڭ) سايىسىدا

[1] ئەلبانى (147): زەئىپ، ـ دېگەن.

تۇگۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن بىرەيلەننى ئۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويدى ۋە ھەممەيلەن ئۆتۈپ بولغىچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرىدى[1].

(نەسائى: 2818)

3284 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَج أَوْ عُمْرَةٍ فَاسْتَقْبَلَنَا رِجْلٌ مِنْ جَرَادٍ فَجَعَلْنَا نَضْرِبُهُ بِسِيَاطِنَا وَعِصِينَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُلُوهُ فَإِنهُ مِنْ صَيْدِ الْبَحْرِ.

3284 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۆمرە (ياكى پەرز) ھەجگە چىققان ئىدۇق. ئالدىمىزغا بىر توپ چېكەتكە ئۇچرىدى. بىز قامچا ۋە ھاسىلىرىمىز بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۇۋلاشقا باشلىدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇلارنى يەڭلەر، چۈنكى ئۇلار دېڭىز ئوۋلىرىدىن» دېدى[2].

(تىرمىزى: 850)

3285- عَنْ أَبِي بَكْرٍ أَنهُ خَرَجَ حَاجا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَجةَ الْوَدَاعِ وَمَعَهُ امْرَأَتُهُ أَسْمَاءُ بِنْتُ عُمَيْسٍ الْخَثْعَمِيةُ فَلَما كَانُوا بِذِي الْحُلَيْفَةِ وَلَدَتْ أَسْمَاءُ مُحَمدَ بْنَ أَبِي بَكْرٍ فَأَتَى أَبُو بَكْرٍ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَهُ فَأَمَرَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَأْمُرَهَا أَنْ تَغْتَسِلَ ثُم تُهِل بِالْحَج وَتَصْنَعَ مَا يَصْنَعُ الناسُ إِلا أَنهَا لَا تَطُوفُ بِالْبَيْتِ.

3285 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ۋىدالىشىش ھەجىگە چىققان بولۇپ، ئايالى ئەسما بىنتى ئۇمەيس خەسئەمىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار زۇلھۇلەيفەگە كەلگەندە، ئەسما (ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى) مۇھەممەدنى

[1] ئەلبانى (2642): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (148): زەئىپ ـ دېگەن.

يەڭگىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى يەتكۈزگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرىگە:

«ئايالىڭنى يۇيۇنۇپ، ئېھرام باغلاشقا ۋە ھەجنىڭ تاۋاپتىن باشقا ھەممە پائالىيەتلىرىنى قىلىشقا بۇيرىغىن!» دېدى[1].

(نەسائى: 2664)

3286- عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ الْمَرْأَةُ الْحَائِضُ الَتِي تُهل بِالْحَج أَوْ الْعُمْرَةِ إنهَا تُهل بِحَجهَا أَوْ عُمْرَتِهَا إذَا أَرَادَتْ وَلَكِنْ لَا تَطُوفُ بِالْبَيْتِ وَلَا بَيْنَ الصـفَا وَالْمَرْوَةِ وَهِيَ تَشْهَدُ الْمَنَاسِكَ كُلهَا مَعَ الناسِ غَيْرَ أَنهَا لَا تَطُوفُ بِالْبَيْتِ وَلَا بَيْنَ الصـفَا وَالْمَرْوَةِ وَلَا تَقْرَبُ الْمَسْجِدَ حَتى تَطْهُرَ

3286 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەيزدار ئايال توغرۇلۇق مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەيزدار ئايال ھەج ياكى ئۆمرە قىلماقچى بولسا، ئېھرام باغلايدۇ، لېكىن تاۋاپ قىلمايدۇ. ساپا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدىمۇ سەئيى قىلمايدۇ (يۈگۈرمەيدۇ). ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ھەج پائالىيەتلىرىگە كىشىلەر بىلەن بىللە قاتنىشالايدۇ. پاك بولغۇچە ھەرەم مەسجىدىگە يېقىنلىشالمايدۇ.

(مالىك: 765)

3287 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْحَائِضُ وَالنفَسَـاءُ إذَا أَتَتَا عَلَى الْوَقْتِ تَغْتَسِلَانِ وَتُحْرِمَانِ وَتَقْضِيَانِ الْمَنَاسِكَ كُلهَا غَيْرَ الطوَافِ بِالْبَيْتِ.

3287 ـ ئىبنى ئاببās رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەيزدار ياكى نىفاسدار ئاياللار ئېھرام باغلايدىغان ئورۇنلارغا يېتىپ بارغان بولسا، يۇيۇنۇپ ئېھرامغا كىرىدۇ. لېكىن بەيتۇللاھنى

[1] ئەلبانى (2494): سەھىھ ـ دېگەن.

تاۋاپ قىلماستىن، ھەجنىڭ باشقا بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1744)

3288 - عن عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تُسْأَلُ عَنْ الْمُحْرِمِ أَيَحُكُّ جَسَدَهُ فَقَالَتْ نَعَمْ فَلْيَحْكُكْهُ وَلْيَشْدُدْ وَلَوْ رُبِطَتْ يَدَايَ وَلَمْ أَجِدْ إلا رِجْلَي لَحَكَكْتُ.

3288 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

— ئېھرام باغلىغۇچى بەدىنىنى قاشلىسا قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

ـ ئېھراملىقنى (چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) چىڭىتىپ قويۇپ قاشلىسا بولىۋېرىدۇ، ئەگەر مېنىڭ ئىككى قولۇمنى باغلاپ قويسا، قاشلىغىلى پۇتۇمدىن باشقا نەرسە تاپالمىسام، ئەلۋەتتە پۇتۇم بىلەن بولسىمۇ قاشلايتتىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مالىك: 803)

3289 - عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ قَالَتْ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حُجاجًا حَتى إِذَا كُنا بِالْعَرْجِ نَزَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَزَلْنَا فَجَلَسَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا إِلَى جَنْبِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَلَسْتُ إِلَى جَنْبِ أَبِي وَكَانَتْ زِمَالَةُ أَبِي بَكْرٍ وَزِمَالَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاحِدَةً مَعَ غُلَامٍ لِأَبِي بَكْرٍ فَجَلَسَ أَبُو بَكْرٍ يَنْتَظِرُ أَنْ يَطْلُعَ عَلَيْهِ فَطَلَعَ وَلَيْسَ مَعَهُ بَعِيرُهُ قَالَ أَيْنَ بَعِيرُكَ قَالَ أَضْلَلْتُهُ الْبَارِحَةَ قَالَ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ بَعِيرٌ وَاحِدٌ تُضِلهُ قَالَ فَطَفِقَ يَضْرِبُهُ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَبَسمُ وَيَقُولُ انْظُرُوا إِلَى هَذَا الْمُحْرِمِ مَا يَصْنَعُ قَالَ ابْنُ أَبِي رِزْمَةَ فَمَا يَزِيدُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أَنْ يَقُولَ انْظُرُوا إِلَى هَذَا الْمُحْرِمِ مَا يَصْنَعُ وَيَتَبَسمُ.

3289 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلغىلى چىقىپ، ئەرج دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتۇق. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

[①] ئەلبانى (1534): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، مەن دادامنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈك تۆگىسى بىر بولۇپ، بۇ تۆگە ئەبۇ بەكرىنىڭ بىر خىزمەتچىسىنىڭ قولىدا ئىدى. ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ (يەنى خىزمەتچىسىنىڭ) كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. خىزمەتچى يېتىپ كەلدى، لېكىن يېنىدا تۆگە يوق ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ تۆگە قېنى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ئاخشام يۈتتۈرۈپ قويدۇم، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بىر تۆگىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي يۈتتۈرۈپ قويدۇڭمۇ؟ ـ دېگىنىچە ئۇنى ئۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبەسسۇم بىلەن:

ـ ھەجگە نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان ماۋۇ ئادەمگە قاراڭلار، ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ـ دېگەندىن باشقا سۆز قىلمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1818)

3290 - عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أَبِي عَبْدِ اللهِ بْنِ الْهُدَيْرِ أَنَّهُ رَأَى عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ يُقَرِّدُ بَعِيرًا لَهُ فِي طِينٍ بِالسُّقْيَا وَهُوَ مُحْرِمٌ.

3290 ـ رەبىيئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى سۇقيا دېگەن جايدا (ئېھرامدا تۇرۇپ) تۆگىسىدىن سالجىلارنى ئېلىپ، يەرگە تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

(مالىك: 802)

3291 - عَنْ نَافِعٍ أَنَّ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَكْرَهُ أَنْ يَنْزِعَ الْمُحْرِمُ حَلَمَةً أَوْ قُرَادًا عَنْ بَعِيرِهِ.

3291 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئېھرامدىكى كىشىنىڭ تۆگىسىدىن كانا

[1] ئەلبانى (1602): ھەسەن. ـ دېگەن.

ياكى سالجا تېرىپ ئېلىشنى يامان كۆرەتتى.

(مالىك: 812)

3292 - عَنْ أَبِي بَرْزَةَ، قَالَ: سَأَلُوا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ رَجُـلٍ أَقْلَفَ، أَيَحُج بَيْتَ اللهِ؟ قَالَ: "لا، نَهَانِيَ اللهُ عَز وَجَل عَنْ ذَلِكَ حَتى يَخْتَتِنَ".

3292 ـ ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ خەتنىسى قىلىنمىغان ئادەم بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلالامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، خەتنىسى قىلىنمىغۇچە ھەج قىلالمايدۇ، الله مېنى شۇنداق كىشىلەرگە رۇخسەت بېرىشتىن توسقان، ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 7433)

3293 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَمنْ رَأَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَاحَ إِلَى مِنًى يَوْمَ التَرْوِيَةِ وَإِلَى جَانِبِهِ بِلَالٌ بِيَدِهِ عُودٌ عَلَيْهِ ثَوْبٌ يُظِل بِهِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3293 ـ ئەبۇ ئۇمامە بىر كىشىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەرۋىيە كۈنى (زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى) مىناغا چىققانلىقىنى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر تاياقىا بىر پارچە رەختنى چىگىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سايىۋەن قىلىپ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

(ئەھمەد: 21802)

[1] ھەيسەمى (5325): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەنىيىيە بىنتى ئۇبەيد ئىبنى ئەبۇ بەرزە ئىسىملىك بىر ئايال بار. ئۇ ئايالدىن سەنەدتىكى ئۇمۇملەئەۋسەد ئىسىملىك ئايالدىن باشقا ھېچكىم ھەدىس رىۋايەت قىلمىغان، ـ دېگەن.

## ئېھرامغا كىرىش، ئېھرامنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە (ئېھرامدا تۇرۇپ) ئوۋ ئوۋلاشنىڭ جازاسى

3294 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ لَما أَرَادَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْحَج أَذنَ فِي الناسِ فَاجْتَمَعُوا فَلَما أَتى الْبَيْدَاءَ أَحْرَمَ.

3294 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجگە بارماقچى بولۇپ، جامائەتكە ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلىش ئۈچۈن) بىر يەرگە يىغىلدى. ئۇلار يولغا چىقىپ، (زۇلھۇلەيفەنىڭ مەككىگە يېقىن تەرىپىدىكى) بەيدا تۈپىلىكىگە كەلگەندە، نىيەت قىلىپ، ئېھرامغا كىردى[①].

(تىرمىزى: 817)

3295 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى الظهْرَ بِالْبَيْدَاءِ ثُم رَكِبَ وَصَعِدَ جَبَلَ الْبَيْدَاءِ فَأَهَل بِالْحَج وَالْعُمْرَةِ حِينَ صَلى الظهْرَ.

3295 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنى بەيدا دېگەن جايدا ئوقۇدى، ئاندىن ئۇلىغىغا مىنىپ بەيدا تۈپىلىكىگە چىقتى. ئۇ، پېشىن نامىزى ئوقۇغان چاغدا ئۆمرە (ھەج) بىلەن (پەرز) ھەجگە ئېھرام باغلىغانىدى[②].

(نەسائى: 2662)

[①] ئەلبانى (655): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (169): زەئىپ ـ دېگەن.

3296 - قَالَ سَعْدُ بْنُ أَبِي وَقَّاصٍ كَانَ نَبِيُّ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا أَخَذَ طَرِيقَ الْفُرْعِ أَهَلَّ إِذَا اسْتَقَلَّتْ بِهِ رَاحِلَتُهُ وَإِذَا أَخَذَ طَرِيقَ أُحُدٍ أَهَلَّ إِذَا أَشْرَفَ عَلَى جَبَلِ الْبَيْدَاءِ.

3296 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فۇرئ يولى بىلەن ماڭسا، ئۇلىغى قوزغالغان چاغدا ئېھرام باغلايتتى. ئەگەر ئۇھۇد يولى بىلەن ماڭسا، بەيدا تۆپىلىكىگە چىققاندا ئېھرام باغلايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1775)

3297 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَنَّهُ سَمِعَ أَبَاهُ يَقُولُ بَيْدَاؤُكُمْ هَذِهِ الَّتِي تَكْذِبُونَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِيهَا مَا أَهَلَّ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَّا مِنْ عِنْدِ الْمَسْجِدِ يَعْنِي مَسْجِدَ ذِي الْحُلَيْفَةِ.

3297 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەيدا دېگەن جايدا ئېھرام باغلىغانلىقى ھەققىدە يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر، چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھۇلەيفە مەسجىدىنىڭ يېنىدىلا ئېھرام باغلىغانىدى.

(مالىك: 740)

3298 - وفي رواية: مَا أَهَلَّ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَّا مِنْ عِنْدِ الشَّجَرَةِ حِينَ قَامَ بِهِ بَعِيرُهُ.

3298 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (زۇلھۇلەيفەدە) تۆگىسى مىنگەن يەردىكى دەرەخنىڭ يېنىدىن باشقا جايدا ئېھرام باغلىمىدى.

(مۇسلىم: 1186)

[1] ئەلبانى (389): زەئىپ، ـ دېگەن.

3299 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا وَضَعَ رِجْلَهُ فِي الْغَرْزِ وَانْبَعَثَتْ بِهِ رَاحِلَتُهُ قَائِمَةً أَهَل مِنْ ذِي الْحُلَيْفَةِ.

3299 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھۇلەيفە مەسجىدىنىڭ يېنىدا ئۇلىغىغا راۋۇرۇس مىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئېھرام باغلايتتى.
(مۇسلىم: 1187)

3300 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ قُلْتُ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ يَا أَبَا الْعَباسِ عَجِبْتُ لِاخْتِلَافِ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي إِهْلَالِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ أَوْجَبَ فَقَالَ إِني لَأَعْلَمُ الناسِ بِذَلِكَ إِنهَا إِنمَا كَانَتْ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَجةً وَاحِدَةً فَمِنْ هُنَاكَ اخْتَلَفُوا خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَاجا فَلَما صَلى فِي مَسْجِدِهِ بِذِي الْحُلَيْفَةِ رَكْعَتَيْهِ أَوْجَبَ فِي مَجْلِسِهِ فَأَهَل بِالْحَج حِينَ فَرَغَ مِنْ رَكْعَتَيْهِ فَسَمِعَ ذَلِكَ مِنْهُ أَقْوَامٌ فَحَفِظْتُهُ عَنْهُ ثُم رَكِبَ فَلَما اسْتَقَلتْ بِهِ نَاقَتُهُ أَهَل وَأَدْرَكَ ذَلِكَ مِنْهُ أَقْوَامٌ وَذَلِكَ أَن الناسَ إِنمَا كَانُوا يَأْتُونَ أَرْسَالًا فَسَمِعُوهُ حِينَ اسْتَقَلتْ بِهِ نَاقَتُهُ يُهِل فَقَالُوا إِنمَا أَهَل رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ اسْتَقَلتْ بِهِ نَاقَتُهُ ثُم مَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما عَلَا عَلَى شَرَفِ الْبَيْدَاءِ أَهَل وَأَدْرَكَ ذَلِكَ مِنْهُ أَقْوَامٌ فَقَالُوا إِنمَا أَهَل حِينَ عَلَا عَلَى شَرَفِ الْبَيْدَاءِ وَايْمُ اللهِ لَقَدْ أَوْجَبَ فِي مُصَلاهُ وَأَهَل حِينَ اسْتَقَلتْ بِهِ نَاقَتُهُ وَأَهَل حِينَ عَلَا عَلَى شَرَفِ الْبَيْدَاءِ قَالَ سَعِيدٌ فَمَنْ أَخَذَ بِقَوْلِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ أَهَل فِي مُصَلاهُ إِذَا فَرَغَ مِنْ رَكْعَتَيْهِ.

3300 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ــ ئى ئىبنى ئابباس! مەن ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېھرامنى نەدە باغلىغانلىقى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقانلىقىغا ھەيرانمەن. ـ دېسەم، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

ــ مەن بۇ مەسىلىنى ھەممىگىلاردىن ياخشى بىلىمەن. پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرلا قېتىم ھەج قىلغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق ساھابىلەرنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى ئەسلىدە مۇنداق بولغاندى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. زۇلھۇلەيفەدىكى مەسجىدىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، شۇ جايدا ھەجگە نىيەت قىلىپ، تەلبىيە ئېيتتى. كۆپچىلىكمىز بۇ تەلبىيەنى ئاڭلىدۇق. مەنمۇ ئۇنى شۇ جايدا يادلىۋالغانىدىم.

كېيىن تۆگىسىگە مىنىپ، راۋۇرۇس ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يۇقىرى ئاۋازدا يەنە تەلبىيە ئېيتتى، بىر مۇنچە كىشى بۇنى شۇ ۋاقىتتا ئاڭلىدى. كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ توختىماي كېلىپ تۇرغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىگە مىنگەندىن كېيىن تەلبىيە ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغانلار:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىگە مىنگەندىن كېيىن، تەلبىيە ئېيتتى، - دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولىنى داۋام قىلىپ، بەيدا تۆپىلىكىگە يېتىپ بارغاندا، يەنە تەلبىيە ئېيتتى. بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەلبىيە ئېيتقىنىنى شۇ يەردە تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان بولغاچقا:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيدا تۆپىلىكىدە تەلبىيە ئېيتتى، - دېيىشتى. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھۇلەيفەدىكى مەسجىدتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ھەجگە نىيەت قىلىپ (ئېھرام باغلىغان)، تەلبىيە ئېيتقان. تۆگىسىگە مىنگەندىن كېيىنمۇ يۇقىرى ئاۋازدا تەلبىيە ئېيتقان. بەيدا تۆپىلىكىگە يېتىپ بارغاندىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا تەلبىيە ئېيتقان.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزىگە ئاساسلانغانلار زۇلھۇلەيفە مەسجىدىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن ھەجگە نىيەت قىلغان ۋە شۇ يەردە ئېھرام باغلاپ، تەلبىيە

ئېيتقان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1770)

3301 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ كَانَ ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا إِذَا صَلى بِالْغَـدَاةِ بِـذِي الْحُلَيْفَةِ أَمَرَ بِرَاحِلَتِهِ فَرُحِلَتْ ثُم رَكِبَ فَإِذَا اسْتَوَتْ بِهِ اسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ قَائِمًا ثُم يُلَبي حَتـى يَبْلُغَ الْحَرَمَ ثُم يُمْسِكُ حَتى إِذَا جَاءَ ذَا طُوًى بَاتَ بِهِ حَتى يُصْبِحَ فَإِذَا صَلى الْغَدَاةَ اغْتَسَلَ وَزَعَمَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَلَ ذَلِكَ.

3301 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما زۇلھۇلەيفەدە بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تۆگىسىنى جابدۇشقا بۇيرۇق بېرەتتى. ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ، قىبلىگە قاراپ تەلبىيە ئېيتاتتى ۋە ھەرەم مەسجىدىگە يېتىپ بارغاندا، تەلبىيە ئېيتىشتىن توختايتتى. زۇلتۇۋاغا يېتىپ بارغاندا، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، بامدات نامىزىنىمۇ شۇ يەردە ئوقۇغاندىن كېيىن يۇيۇناتتى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتاتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3302 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُلَبي الْمُعْتَمِـرُ حَتـى يَسْتَلِمَ الْحَجَرَ.

3302 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆمرە قىلغۇچى تاكى ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىغانغا قەدەر تەلبىيە ئېيتىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1817)

[1] ئەلبانى (388): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (397): زەئىپ، ـ دېگەن.

3303 ـ عَنْ سَالِمٍ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ يُهِل مُلَبدًا يَقُولُ لَبيْكَ اللهُم لَبيْكَ لَبيْكَ لَا شَرِيكَ لَكَ لَبيْكَ إِن الْحَمْدَ وَالنعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ لَا شَرِيكَ لَكَ لَا يَزِيدُ عَلَى هَؤُلَاءِ الْكَلِمَاتِ.

3303 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىغا (يىلىمدەك بىر نەرسە) چاپقان ھالدا مۇنداق تەلبىيە ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم:

«ئى الله! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم. ئى الله! سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، بۇيرىقىڭ بويىچە كەلدىم. بارلىق مەدھىيىلەر، نېمەتلەر ۋە بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ساڭا مەنسۇپتۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر». بۇنىڭدىن سىرت ھېچنېمە دېمەيتتى.

(ئەھمەد: 5985)

3304 - وفي رواية: وَكَانَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَزِيدُ فِيهَا لَبيْكَ لَبيْكَ وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ بِيَدَيْكَ لَبيْكَ وَالرغْبَاءُ إِلَيْكَ وَالْعَمَلُ.

3304 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تەلبىيەدە: ئى الله! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم، بۇيرۇقىڭنى ئىجرا قىلىشنى بەخت دەپ بىلىمەن. بارلىق ياخشىلىقلار سېنىڭ قولۇڭدا، چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن كەلدىم. پۈتكۈل ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىمىز سەندە ۋە بارلىق ئەمەللىرىمىز سەن ئۈچۈندۇر، ـ دېگەن كەلىمىلەرنى قوشۇپ ئېيتاتتى.

(مۇسلىم: 1184)

3305 - وفي رواية: وَكَانَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ يَزِيدُ فِي تَلْبِيَتِهِ لَبيْكَ لَبيْكَ لَبيْكَ.

3305 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تەلبىيەدە: بۇيرۇقىڭغا بىنائەن كەلدىم، ـ

دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1812)

3306 ـ وفي أخرى: كان عمر يُهل بإهْلاَل رَسُولِ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- مِنْ هَؤُلاَءِ الْكَلِمَاتِ وَيقُولُ لَبَّيْكَ اللهُم لَبَّيْكَ لَبَّيْكَ وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ فِى يَدَيْكَ لَبَّيْكَ وَالرغْبَاءُ إِلَيْكَ وَالْعَمَلُ.

3306 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان تەلبىيەنى ئېيتاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: ئى الله! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم، بۇيرۇقىڭنى ئىجرا قىلىشنى بەخت دەپ بىلىمەن. ياخشىلىقلار سېنىڭ قولۇڭدا، دەۋەتىڭگە ئاۋاز قوشۇپ كەلدىم. ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىمىز سەندە، بارلىق ئەمەللىرىمىز سەن ئۈچۈندۇر.

(مۇسلىم: 1184)

3307 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ أَهَل رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ التلْبِيَةَ مِثْلَ حَدِيثِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ وَالناسُ يَزِيدُونَ ذَا الْمَعَارِجِ وَنَحْوَهُ مِنْ الْكَلَامِ وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْمَعُ فَلَا يَقُولُ لَهُمْ شَيْئًا.

3307 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلبىيە ئېيتتى، ـ دەپ، (ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسىدىكى تەلبىيەنى ئوقۇدى ۋە) مۇنداق دېدى: كىشىلەر زۇلمەئارىج ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كەلىمىلەرنى تەلبىيەگە قوشۇپ ئېيتاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، ھېچنېمە دېمىگەنىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1812)

[1] ئەلبانى (1597): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1598): سەھىھ ـ دېگەن.

3308 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ مِنْ تَلْبِيَةِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَبَّيْكَ إِلَـهَ الْحَق.

3308 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەلبىيەسىدە: « ئى ھەقىقەت ئىگىسى الله! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم» دېگەن كەلىمىلەرمۇ بار ئىدى[1].

(نەسائى: 2752)

3309 - عن ابن عباس قال كانت تلبية موسى صلى الله عليه وسلم لبيك عبـدك وابن عبديك ، وكانت تلبية عيسى صلى الله عليه وسلم لبيك عبدك وابن امتك وكانت تلبية النبي صلى الله عليه وسلم لبيك لا شريك لك.

3309 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلبىيەسى: «سېنىڭ بەندەڭ ۋە سېنىڭ ئىككى بەندەڭنىڭ ئوغلى چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدى»؛ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلبىيەسى: «سېنىڭ بەندەڭ ۋە سېنىڭ دېدىكىڭنىڭ ئوغلى چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدى»؛ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەلبىيەسى: «ئى الله! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق» دېگەن كەلىمىلەر ئىدى[2].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

3310 - عن عمرو بن معدي كرب قال لقد رأيتنا في الجاهلية ونحن إذا حججنا البيت نقول:

[1] ئەلبانى (2579): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5359): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتا ئىبنى سائىب ئىسىملىك ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى بار. لېكىن ئۇ ھەدىسلەرنى ئىلەشتۇرۇپ قويىدۇ. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

هذى زبيد قد أتتك قسرا تغدو بنا مضمرات شزرا
يقطعن خبتا وجبالا وعرا قد تركوا الاصنام خلوا صفرا

ونحن اليوم نقول كما علمنا رسول الله صلى الله عليه وسلم لبيك اللهم لبيك لبيك لا شريك لك لبيك ان الحمد والنعمة لك والملك لا شريك لك.

3310 ـ ئەمىر ئىبنى مەئدىكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەج قىلساق:

مانا زەبىدە ساڭا كەلدى،
بېسىپ تاغ ـ داۋانلارنى.
يۇگۈردى ساڭا قاراپ،
يالغۇز قويۇپ تاش ـ بۇتلارنى...

دەيتتۇق. مانا ئەمدى، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئۆگەتكەن: «كەلدىم، ئى الله! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم. دەۋىتىڭ بويىچە كەلدىم، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر. بۇيرۇقىڭ بويىچە كەلدىم. بارلىق مەدھىيەلەر، نېمەتلەر ۋە بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ساڭا مەنسۇپ. سېنىڭ ھېچ شېرىك يوقتۇر» دېگەن كەلىمىلەرنى ئېيتىدىغان بولدۇق[1].

(بەززار: 1093)

3311 - عن خزيمة بن ثابت: كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا فرغ من تلبيته سأل الله عز وجل مغفرته ورضوانه واستعتقه من النار.

3311 ـ خۇزەيمە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلبىيەسىنى ئېيتىپ بولۇپ، اللهنىڭ مەغپىرىتىنى، رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ ۋە دوزاختىن پاناھ

[1] ھەيسەمى (5361): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى (ئۈچىلى كىتابىدا) رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە شەرقا ئىبنى قەتتامى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

تىلەپ دۇئا قىلاتتى[①].

(«ئەلكەبىر»: 3721)

3312 - عَنْ خَلادِ بنِ السائِبِ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ جَاءَنِي جِبْرِيلُ فَقَالَ لِي يَا مُحَمدُ مُرْ أَصْحَابَكَ أَنْ يَرْفَعُوا أَصْوَاتَهُمْ بِالتلْبِيَةِ.

3312 ـ خەللاد ئىبنى سائىب دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يېنىمغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭنى تەلبىيە ئېيتقاندا ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بۇيرىغىن! ـ دېدى» دېدى[②].

(نەسائى: 2753)

3313 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ الْمُشْرِكُونَ يَقُولُونَ لَبيْكَ لَا شَرِيكَ لَكَ قَالَ فَيَقُولُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيْلَكُمْ قَدْ قَدْ فَيَقُولُونَ إِلا شَرِيكًا هُوَ لَكَ تَمْلِكُهُ وَمَا مَلَكَ يَقُولُونَ هَذَا وَهُمْ يَطُوفُونَ بِالْبَيْتِ.

3313 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندا تەلبىيە ئېيتىپ:

ـ سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر، ـ دېگەن يەرگە كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! مۇشۇ سۆزۈڭلار بىلەنلا بولدى قىلىڭلار! ــ دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن، مۇشرىكلار تەلبىيەسىنى داۋام قىلىپ:

[①] ھەيسەمى (5370): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى زائىدە ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2580): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ لېكىن سېنىڭ بىرلا شېرىكىڭ بار، سەن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىگە ئىگىسەن، ـ دېيىشكە باشلايتتى.
(مۇسلىم: 1185)

3314 ـ عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطاب وَعَلِي بْنَ أَبِي طَالِب وَأَبَا هُرَيْرَةَ سُئِلُوا عَنْ رَجُل أَصَابَ أَهْلَهُ وَهُوَ مُحْرِمٌ بِالْحَج فَقَالُوا يَنْفُذَانِ يَمْضِيَانِ لِوَجْهِهِمَا حَتى يَقْضِيَا حَجهُمَا ثُم عَلَيْهِمَا حَج قَابِل وَالْهَدْيُ قَالَ وَقَالَ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِب وَإِذَا أَهَلا بِالْحَج مِنْ عَام قَابِل تَفَرقَا حَتى يَقْضِيَا حَجهُمَا.

3314 ـ مالىكقا يېتىشىچە، ئۆمەر، ئەلى ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ھەجگە ئېھرام باغلاپ بولۇپ، ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىپ قالغان ئادەم توغرۇلۇق سورالغانىدى، ئۇلار مۇنداق دېدى:

ــ ئەر ــ خوتۇن ھەر ئىككىلىسى قىلىۋاتقان ھەجى تامام بولغۇچە ھەج پائالىيەتلىرىنى تولۇق داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىنكى يىلى ھەر ئىككىلىسى قايتىدىن ھەج ۋە قۇربانلىق قىلىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

ــ كېلەر يىلى ھەجگە ئېھرام باغلاپ، تەلبىيە ئېيتقاندىن باشلاپ، ھەج تامام بولغۇچە (ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىدىن) ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3315 - عَنْ عِكْرِمَةَ مَوْلَى ابْنِ عَباس قَالَ لَا أَظُنهُ إِلا عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباس أَنهُ قَالَ الذِي يُصِيبُ أَهْلَهُ قَبْلَ أَنْ يُفِيضَ يَعْتَمِرُ وَيُهْدِي.

3315 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئازادگەردىسى ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: (شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ) بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن بۇرۇن ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان كىشى (كەففارەت ئۈچۈن) ئۆمرە ھەجى قىلىشى ۋە بىر قۇربانلىق مال بوغۇزلىشى كېرەك، ـ دېگەن، ئەمما مەن بۇ سۆزنى ئىبنى ئابباستىن باشقا بىرسى دەپ

باقمىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.

(مالىك: 873)

3316 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ، قَالَ: لا أُرَاهُ إلا قَدْ رَفَعَهُ: "أَنَّهُ حَكَمَ: فِي الضَّبُعِ يُصِيبُهُ الْمُحْرِمُ شَاةٌ، وَفِي الأَرْنَبِ عَنَاقٌ، وَفِي الْيَرْبُوعِ جَفْرَةٌ".

3316 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئېھرامدا تۇرۇپ سىرتلان ئوۋلىغۇچى بىر قوي؛ توشقان ئوۋلىغۇچى بىر چىشى ئوغلاق؛ لەغمەنتاقتاق ئوۋلىغۇچى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكرەك بىر چىشى ئوغلاق كەففارەت تۆلەيدۇ، ـ دەپ ھۆكۈم چىقارغان[①].

(مەۋسىلى: 203)

3317 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن رَجُلًا جَاءَ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَسَأَلَهُ عَنْ جَرَادَاتٍ قَتَلَهَا وَهُوَ مُحْرِمٌ فَقَالَ عُمَرُ لِكَعْبٍ تَعَالَ حَتى نَحْكُمَ فَقَالَ كَعْبٌ دِرْهَمٌ فَقَالَ عُمَرُ لِكَعْبٍ إِنكَ لَتَجِدُ الدرَاهِمَ لَتَمْرَةٌ خَيْرٌ مِنْ جَرَادَةٍ.

3317 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئېھرامدا تۇرۇپ ئۆلتۈرگەن چېكەتكىلەرنى توغرۇلۇق سورىغاندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبكە:

ـ كەل، بىللە ھۆكۈم قىلايلى! ـ دېدى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ (كەففارىتى ئۈچۈن) بىر تەڭگە (تۆلەيدۇ)، ـ دېگەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ سەن دەرھەملەرنى بەك ئاسان تاپىدىغان ئوخشىمامسەن؟! بىر خورما (ئەلۋەتتە) بىر چېكەتكىدىن ياخشىدۇر، ـ دېدى.

(مالىك: 953)

3318 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ سِيرِينَ أَن رَجُلًا جَاءَ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَقَالَ إِنِّي أَجْرَيْتُ أَنَا وَصَاحِبٌ لِي فَرَسَيْنِ نَسْتَبِقُ إِلَى ثُغْرَةِ ثَنِيةٍ فَأَصَبْنَا ظَبْيًا وَنَحْنُ مُحْرِمَانِ فَمَاذَا

① ھەيسەمى (5420): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەجلەھ كەندى ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭغا ھەرخىل باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

تَرَى فَقَالَ عُمَرُ لِرَجُلٍ إِلَى جَنْبِهِ تَعَالَ حَتى أَحْكُمَ أَنا وَأَنتَ قَالَ فَحَكَمَا عَلَيْهِ بِعَنزٍ فَوَلى الرجُلُ وَهُوَ يَقُولُ هَذَا أَمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ لَا يَسْتَطِيعُ أَنْ يَحْكُمَ فِي ظَبْيٍ حَتى دَعَا رَجُلًا يَحْكُمُ مَعَهُ فَسَمِعَ عُمَرُ قَوْلَ الرجُلِ فَدَعَاهُ فَسَأَلَهُ هَلْ تَقْرَأُ سُورَةَ الْمَائِدَةِ قَالَ لَا قَالَ فَهَلْ تَعْرِفُ هَذَا الرجُلَ الذِي حَكَمَ مَعِي فَقَالَ لَا فَقَالَ لَوْ أَخْبَرْتَنِي أَنكَ تَقْرَأُ سُورَةَ الْمَائِدَةِ لَأَوْجَعْتُكَ ضَرْبًا ثُم قَالَ إِن اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَقُولُ فِي كِتَابِهِ يَحْكُمُ بِهِ ذَوَا عَدْلٍ مِنْكُمْ هَدْيًا بَالِغَ الْكَعْبَةِ وَهَذَا عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ.

3318 ـ مۇھەممەد ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ بىر دوستۇم بىلەن ئىككىمىز مەلۇم بىر داۋاننىڭ قولتۇقىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇشتۇق، بۇ جەرياندا كېيىكتىن بىرنى ئۆلتۈردۇق. بىراق ھەر ئىككىمىز ئېھرامدا ئىدۇق. بۇنىڭغا قانداق ھۆكۈم قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدىكى بىر ئادەمگە:

ــ كەلگىن، ئىككىمىز بىرگە ھۆكۈم قىلايلى! ـ دېدى. ئۇلار ئۇنىڭغا چىشى ئۆچكىدىن بىرنى بوغۇزلاشقا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ ئادەم:

ــ مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بىر كېيىك توغرىسىدا ھۆكۈم قىلالماي، باشقا بىرىدىن ياردەم سورىدى، ـ دېگىنىچە ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ، يېنىغا چاقىردى ۋە:

ــ سەن سۈرە مائىدەنى ئوقۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــ ياق، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، مەن بىلەن بىللە ھۆكۈم قىلغان بۇ ئادەمنى تونۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ يەنە:

ــ ياق، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەگەر (سۈرە مائىدەنى) ئوقۇيمەن دېگەن بولساڭ، سېنى قاتتىق ئۇرغان بولاتتىم. الله قۇرئان كەرىمدە: ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي

ھايۋانلىرىدىن بىرىنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر [1] دېگەن. مەن بىلەن بىللە ھۆكۈم قىلغان يېنىمدىكى ئادەم بولسا، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بولىدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 948)

[1] سۈرە مائىدە، 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئىفراد[1]، قىران[2]، تەمەتتۇ[3] ھەجلىرى ۋە ھەجنى بۇزىدىغان ئامىللار

3319 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أفْرَدَ الْحَج.

3319 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىفراد ھەجى قىلغان ئىدى.

(مۇسلىم: 1211)

3320 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أهَل بِالْحَج مُفْرَدًا.

3320 ـ يەھيا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەج ئىفراد ئۈچۈن ئېھرام باغلىغانىدۇق.

(مۇسلىم: 1231)

3321 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ افْصِلُوا بَيْنَ حَجكُمْ

---

[1] ئىفراد ھەجى دېگىنىمىز ـ رامىزاندىن كېيىن، يەنى شەۋۋال ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپ زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنىگىچە ئارىلىقتا ئۆمرە قىلماي، زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ھەجگە ئېھرام باغلاپ مىناغا قاراپ يول ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

[2] ھەجى قىران دېگىنىمىز ـ ھەج ئېيى كىرگەندە، ئۆمرە بىلەن ھەجگە بىراقلا ئېھرام باغلاپ، ئۆمرە پائالىيىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شۇ ئېھرام بىلەن ھەج پائالىيىتىنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

[3] ھەجى تەمەتتۇ دېگىنىمىز ـ ھەج ئېيى كىرگەندىن كېيىن، يەنى شەۋۋال ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپ زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ، ئۆمرە پائالىيىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئېھرامدىن چىقىپ، زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ھەجگە قايتىدىن ئېھرام باغلاپ، مىناغا قاراپ يول ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

وَعُمْرَتِكُمْ فَإِن ذَلِكَ أَتم لِحَج أَحَدِكُمْ وَأَتم لِعُمْرَتِهِ أَنْ يَعْتَمِرَ فِي غَيْرِ أَشْهُرِ الْحَج.

3321 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دادىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۆمرە بىلەن ھەجنى ئايرىم ـ ئايرىم ئادا قىلىڭلار. شۇنداق قىلغاندا، ھەج تولۇق ئادا تاپقان بولىدۇ. ئۆمرە قىلماقچى بولغانلارمۇ، ھەج ئېيىدىن باشقا ئايلاردا ئۆمرە قىلسا، ئۆمرىسى تولۇق ئادا تاپقان بولىدۇ.

(مالىك: 778)

3322 - عَنْ جَابِرٍ وَعَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَا قَدِمْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ نَصْرُخُ بِالْحَج صُرَاخًا.

3322 ـ جابىر ۋە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلغىلى كەلدۇق ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا تەلبىيە ئوقۇدۇق.

(مۇسلىم: 1248)

3323 - عن جابر أن رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قرن الحج والعمرة فطـاف لهما طوافا واحدا.

3323ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىران قىلدى (يەنى ھەج بىلەن ئۆمرىنى بىللە قىلدى) ۋە ئىككىسىنى بىر تاۋاپ بىلەن ئادا قىلدى[1].

(تىرمىزى: 947)

3324 - عن بَكْرِ بن عَبْدِ اللهِ الْمُزَنِيِ قَالَ سَمِعْتُ أَنَسًا يُحَدثُ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُلَبي بِالْعُمْرَةِ وَالْحَج جَمِيعًا فَحَدثْتُ بِذَلِكَ ابْنَ عُمَرَ فَقَالَ لَبى بِالْحَج

[1] ئەلبانى (755): سەھىھ ـ دېگەن.

وَحْدَهُ فَلَقِيتُ أَنَسًا فَحَدثْتُهُ بِقَوْلِ ابْنِ عُمَرَ فَقَالَ أَنَسٌ مَا تَعُدونَا إِلا صِبْيَانًا سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَبيْكَ عُمْرَةً وَحَجا مَعًا.

3324 ـ بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنى مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرە بىلەن ھەجگە تەڭ تەلبىيە ئېيتتى (يەنى ھەج قىران قىلدى)، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇنى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دېسەم، ئۇ:

ـ ياق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجگىلا تەلبىيە ئېيتقانىدى (يەنى ھەج ئىفراد قىلغانىدى)، ـ دېدى. كېيىن مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزىنى ئېيتقانىدىم، ئۇ:

ـ سىلەر بىزنى كىچىك بالا چاغلاپ قالدىڭلارمۇ؟ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۆمرە ۋە ھەج ئۇچۇن بۇيرۇقىڭغا بىنائەن يېتىپ كەلدىم» دېگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان تۇرسام؟ ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2731)

3325 - عَنْ أَبِي وَائِلٍ قَالَ قَالَ الصبَي بْنُ مَعْبَدٍ كُنتُ رَجُلًا أَعْرَابِيًا نَصْرَانِيا فَأَسْلَمْتُ فَأَتَيْتُ رَجُلًا مِنْ عَشِيرَتِي يُقَالُ لَهُ هُذَيْمُ بْنُ ثُرْمُلَةَ فَقُلْتُ لَهُ يَا هَنَاهْ إِني حَرِيصٌ عَلَى الْجِهَادِ وَإِني وَجَدْتُ الْحَج وَالْعُمْرَةَ مَكْتُوبَيْنِ عَلَي فَكَيْفَ لِي بِأَنْ أَجْمَعَهُمَا قَالَ اجْمَعْهُمَا وَاذْبَحْ مَا اسْتَيْسَرَ مِنْ الْهَدْيِ فَأَهْلَلْتُ بِهِمَا مَعًا فَلَما أَتَيْتُ الْعُذَيْبَ لَقِيَنِي سَلْمَانُ بْنُ رَبِيعَةَ وَزَيْدُ بْنُ صُوحَانَ وَأَنَا أُهِل بِهِمَا جَمِيعًا فَقَالَ أَحَدُهُمَا لِلْآخَرِ مَا هَذَا بِأَفْقَهَ مِنْ بَعِيرِهِ قَالَ فَكَأَنمَا أُلْقِيَ عَلَي جَبَلٌ حَتى أَتَيْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ فَقُلْتُ لَهُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ إِني كُنْتُ رَجُلًا أَعْرَابِيا نَصْرَانِيا وَإِني أَسْلَمْتُ وَأَنَا حَرِيصٌ عَلَى الْجِهَادِ وَإِني وَجَدْتُ الْحَج وَالْعُمْرَةَ مَكْتُوبَيْنِ عَلَي فَأَتَيْتُ رَجُلًا مِنْ قَوْمِي فَقَالَ لِي اجْمَعْهُمَا وَاذْبَحْ مَا اسْتَيْسَرَ

---

[1] ئەلبانى (2559): سەھىھ ـ دېگەن.

مِنْ الْهَدْيِ وَإِني أَهْلَلْتَ بِهِمَا مَعًا فَقَالَ لِي عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ هُدِيتَ لِسُنَةِ نَبِيكَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3325 ـ ئەبۇ ۋائىل سۇبەي ئىبنى مەئبەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

مەن بىر بەدەۋىي خرىستىئان ئىدىم، كېيىن مۇسۇلمان بولدۇم ۋە ئۆز قەبىلەمدىن بولغان ھۇزەيم ئىبنى سۇرمۇلەدىن:

ـ مەن جىھادقا چىقىشقا ئامراق ئادەممەن. لېكىن ئۆمرە ۋە ھەج قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇم. قانداق قىلسام، بۇ ئىككىسىنى بىر يولىلا ئادا قىلالايمەن؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ـ ئىككىسىگە بىرلا ۋاقىتتا نىيەت قىلىپ، (قوي، كالا ۋە تۆگىدىن) نېمىگە قۇربىڭ يەتسە، شۇنى قۇربانلىق قىلغىن! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمرە بىلەن ھەجگە نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىدىم.

ئۇزەيب دېگەن يەرگە كەلگەندە، سەلمان ئىبنى رەبىئە ۋە زەيد ئىبنى سۇۋھان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار مېنىڭ ھەر ئىككىسىگە تەڭلا نىيەت قىلغانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپ، بىرى يەنە بىرىگە:

ـ بۇ ئادەم تۆگىسىدىنمۇ بەكرەك قارا قورساق ئىكەن، ـ دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇستۇمگە تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولۇپ قالدىم ـ دە، ئۇدۇل ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! مەن بىر بەدەۋىي خرىستىئان ئىدىم، كېيىن مۇسۇلمان بولدۇم ۋە ئۆز قەبىلەمدىن بىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ مەن جىھادقا چىقىشقا ئامراق ئادەممەن. لېكىن ئۆمرە ۋە ھەج قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇم. قانداق قىلسام، بۇ ئىككىسىنى بىر يولىلا ئادا قىلالايمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم. ئۇ:

ـ ئىككىسىگە بىرلا ۋاقىتتا نىيەت قىلىپ، (قوي، كالا ۋە تۆگىدىن) نېمىگە قۇربىڭ يەتسە شۇنى قۇربانلىق قىلغىن! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمرە بىلەن ھەجگە نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغانىدىم، ـ دېگەنىدىم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە

ئۇيغۇن ئىش قىلىپسەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1799)

3326 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَحْرَمَ بِالْحَج وَالْعُمْرَةِ أَجْزَأَهُ طَوَافٌ وَاحِدٌ وَسَعْيٌ وَاحِدٌ عَنْهُمَا حَتى يَحِل مِنْهُمَا جَمِيعًا

3326 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆمرە بىلەن ھەجگە تەڭلا نىيەت قىلغانلارنىڭ ئېھرامدىن چىقىشى ئۈچۈن بىر قېتىمدىنلا تاۋاپ ۋە سەئيى قىلىشى يېتەرلىكتۇر»[2].

(تىرمىزى: 948)

3327 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَرَنَ الْحَج وَالْعُمْرَةَ فَطَافَ طَوَافًا وَاحِدًا وَقَالَ هَكَذَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَفْعَلُهُ.

3327 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆمرە بىلەن ھەجگە تەڭ ئېھرام باغلىدى ۋە بىرلا قېتىم تاۋاپ قىلدى. ئاندىن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم، ـ دېدى[3].

(نەسائى: 2932)

3328 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَبْدِ اللهِ وَسَالِمَ بْنَ عَبْدِ اللهِ كَلمَا عَبْدَ اللهِ حِينَ نَزَلَ الْحَجاجُ لِقِتَالِ ابْنِ الزبَيْرِ قَالَا لَا يَضُركَ أَنْ لَا تَحُج الْعَامَ فَإِنا نَخْشَى أَنْ يَكُونَ بَيْنَ الناسِ قِتَالٌ يُحَالُ بَيْنَكَ وَبَيْنَ الْبَيْتِ قَالَ فَإِنْ حِيلَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ فَعَلْتُ كَمَا فَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا مَعَهُ حِينَ حَالَتْ كُفارُ قُرَيْشٍ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْبَيْتِ أُشْهِدُكُمْ أَني قَدْ أَوْجَبْتُ عُمْرَةً فَانْطَلَقَ حَتى أَتَى ذَا الْحُلَيْفَةِ فَلَبى بِالْعُمْرَةِ ثُم قَالَ إِنْ خُليَ سَبِيلِي قَضَيْتُ

[1] ئەلبانى (1583): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (756): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (2744): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

عُمْرَتِي وَإِنْ حِيلَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ فَعَلْتُ كَمَا فَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا مَعَهُ ثُم تَلَا {لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ} ثُم سَارَ حَتى إِذَا كَانَ بِظَهْرِ الْبَيْدَاءِ قَالَ مَا أَمْرُهُمَا إِلا وَاحِدٌ إِنْ حِيلَ بَيْنِي وَبَيْنَ الْعُمْرَةِ حِيلَ بَيْنِي وَبَيْنَ الْحَج أُشْهِدُكُمْ أَنِّي قَدْ أَوْجَبْتُ حَجةً مَعَ عُمْرَةٍ فَانْطَلَقَ حَتى ابْتَاعَ بِقُدَيْدٍ هَدْيًا ثُم طَافَ لَهُمَا طَوَافًا وَاحِدًا.

3328 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەججاج ئىبنى يۈسۈف ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن (مەككىگە) كەلگەن مەزگىلدە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىككىسى دادىلىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ــ بۇ يىل ھەج قىلمىساڭمۇ ھېچنېمە بولماس. ئۇرۇش چىقىپ، سېنىڭ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلالماي قېلىشىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمىز، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ ئەگەر شۇنداق بىر ئىش بولۇپ قالسا، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاندەك قىلىمەن. قۇرەيش كۇپپارلىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بەيتۇللاھقا كىرىشتىن توسۇۋالغاندا، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىللە ئىدىم. سىلەرنى گۇۋاھلىققا تارتىمەنكى، ئۆمرە قىلىشنى ئۆزەمگە ۋاجىپ قىلدىم، ـ دېدى ۋە: رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن يولغا چىقىپ، زۇلھۇلەيفەگە كەلگەندە، ئۆمرە ھەجگە نىيەت قىلىپ، تەلبىيە ئېيتتى. يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، بەيدا تۆپىلىكىگە يېتىپ بارغاندا:

ـــ بۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكمى بىر. ئەگەر ئۆمرە ھەج داۋامىدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىسام، ھەج قىلىش ئۈچۈنمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولىمەن. گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن ئۆمرە بىلەن ھەجگە بىراقلا نىيەت قىلدىم، ـ دېدى ۋە قۇدەيد دېگەن يەرگە يېتىپ بېرىپ، قۇربانلىق مالدىن بىرنى سېتىۋالدى. ئاندىن (مەككىگە يېتىپ بارغاندا) ئۆمرە بىلەن ھەج ئۈچۈن بىرلا قېتىم تاۋاپ قىلدى.

(مۇسلىم: 1230)

3329 – وفي رواية: فَطَافَ بِالْبَيتِ وَبِالصفَا وَالْمَرْوَةِ وَلَمْ يَزِدْ عَلَى ذَلِكَ وَلَمْ يَنحَرْ وَلَمْ يَحْلِقْ وَلَمْ يُقَصرْ وَلَمْ يَحْلِلْ مِنْ شَيْءٍ حَرُمَ مِنْهُ حَتى كَانَ يَوْمُ النحْرِ فَنَحَرَ وَحَلَقَ وَرَأَى أَنْ قَدْ قَضَى طَوَافَ الْحَج وَالْعُمْرَةِ بِطَوَافِهِ الْأَولِ وَقَالَ ابْنُ عُمَرَ كَذَلِكَ فَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3329 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى، سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلدى، ئۇنىدىن كېيىن تاكى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىگىچە قۇربانلىقمۇ قىلمىدى، چېچىنىمۇ چۈشۈرمىدى ياكى قىسقارتمىدى، ئېھرامىدىنمۇ چىقمىدى (يەنى ھەجى قىران قىلدى). (ھەجنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ) ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى بولغاندا قۇربانلىق قىلدى، چېچىنى چۈشۈرتتى. تۇنجى قېتىم قىلغان تاۋاپىنى ئۆمرە ۋە ھەجنىڭ تاۋاپى ھېسابلاپ، ئۇ ئىككىسى ئۈچۈن قايتا تاۋاپ قىلمىدى ۋە:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا مۇشۇنداق قىلغان ئىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1230)

3330 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ قَالَ اجْتَمَعَ عَلِي وَعُثْمَانُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا بِعُسْفَانَ فَكَانَ عُثْمَانُ يَنْهَى عَنْ الْمُتْعَةِ أَوْ الْعُمْرَةِ فَقَالَ عَلِي مَا تُرِيدُ إِلَى أَمْرٍ فَعَلَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَنْهَى عَنْهُ فَقَالَ عُثْمَانُ دَعْنَا مِنْكَ فَقَالَ إِني لَا أَسْتَطِيعُ أَنْ أَدَعَكَ فَلَما أَنْ رَأَى عَلِي ذَلِكَ أَهَل بِهِمَا جَمِيعًا.

3330 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئۇسفان دېگەن يەردە ئۇچراشتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەجگە ئېھرام باغلىغان كىشىلەرنى ئۆمرە ياكى تەمەتتۇ ھەجىدىن توسقانىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ نېمە دەپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغان ئىشتىن توسىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ـ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:
ــ نېمىشقا كارىم بولمىغۇدەك؟! ـ دېدى ۋە ھەج بىلەن ئۆمرىگە بىراقلا ئېھرام باغلاش جائىز دەپ قارىغاچقا، ھەر ئىككىسىگە بىرلا نىيەت قىلىپ، ئېھرام باغلىدى.

(مۇسلىم: 1223)

3331 - عَنْ مَرْوَانَ أَن عُثْمَانَ نَهَى عَنْ الْمُتْعَةِ وَأَنْ يَجْمَعَ الرجُلُ بَيْنَ الْحَج وَالْعُمْرَةِ فَقَالَ عَلِي لَبيْكَ بِحَجةٍ وَعُمْرَةٍ مَعًا فَقَالَ عُثْمَانُ أَتفْعَلُهَا وَأَنا أنْهَى عَنْهَا فَقَالَ عَلِي لَمْ أَكُنْ لِأَدَعَ سُنةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَحَدٍ مِنْ الناسِ.

3331 ـ مەرۋان مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى تەمەتتۇ ھەججىدىن توساتتى ۋە ئۆمرە بىلەن ھەججگە بىرلا ۋاقىتتا ئېھرام باغلاشتىن چەكلەيتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمرە بىلەن ھەججگە تەڭ (نىيەت قىلىپ) تەلبىيە ئېيتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن:
ــ مەن توسقان ئىشنى قىلامسەن؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:
ــ بىر ئادەمنىڭ گېپىنى دەپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى تاشلاپ قويالمايمەن، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2723)

3332 - عن سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيبِ قال: حَج عَلِي وَعُثْمَانُ فَلَما كُنا بِبَعْضِ الطرِيقِ نَهَى عُثْمَانُ عَنْ التمَتعِ فَقَالَ عَلِي إِذَا رَأَيْتُمُوهُ قَدْ ارْتَحَلَ فَارْتَحِلُوا فَلَبى عَلِي وَأَصْحَابُهُ بِالْعُمْرَةِ فَلَمْ يَنْهَهُمْ عُثْمَانُ فَقَالَ عَلِي أَلَمْ أُخْبَرْ أَنكَ تَنْهَى عَنْ التمَتعِ قَالَ بَلَى قَالَ لَهُ عَلِي أَلَمْ تَسْمَعْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَمَتعَ قَالَ بَلَى.

3332 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ھەج قىلىش ئۈچۈن بىللە يولغا چىقتى. مەلۇم

[1] ئەلبانى (2552): سەھىھ ـ دېگەن.

مۇسـاپە بېسـىپ بولغانـدىن كېيىن، ئوسـمان رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ سەپەرداشلىرىنى تەمەتتۇ ھەجىدىن توستى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەگەر ئۇنىڭ يولغا چىققانلىقىنى كۆرسەڭلەر، سىلەرمۇ يولغا چىقىڭلار! ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۆمرە ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلىدى، ئوسمان ئۇلارنى توسمىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ تەمەتتۇ ھەجىدىن توسقانلىقىڭدىن خەۋەر تاپتىم، ـ دېگەن ئىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ھەئە، شۇنداق قىلدىم، ـ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەمەتتۇ قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2733)

3333 - قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ شَقِيقٍ كَانَ عُثْمَانُ يَنْهَى عَنْ الْمُتْعَةِ وَكَانَ عَلِي يَأْمُرُ بِهَا فَقَالَ عُثْمَانُ لِعَلِي كَلِمَةً ثُم قَالَ عَلِي لَقَدْ عَلِمْتَ أَنا قَدْ تَمَتعْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَجَلْ وَلَكِنا كُنا خَائِفِينَ.

3333 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەج تەمەتتۇدىن توساتتى. لېكىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بۇيرۇيتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر نەرسە دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بىزنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج تەمەتتۇ قىلغانلىقىمىزنى بىلىسەن، ـ دېگەن ئىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ شۇنداق، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا بىز خەۋپ ئىچىدە ئىدۇق، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1223)

[1] ئەلبانى (2561): سەھىھ ـ دېگەن.

3334 - عَنْ أَبِي نَضْرَةَ قَالَ كَانَ ابْنُ عَباسٍ يَأْمُرُ بِالْمُتْعَةِ وَكَانَ ابْنُ الزبَيْرِ يَنْهَى عَنْهَا قَالَ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِجَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ فَقَالَ عَلَى يَدَي دَارَ الْحَدِيثُ تَمَتعْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما قَامَ عُمَرُ قَالَ إِن اللهَ كَانَ يُحِل لِرَسُولِهِ مَا شَاءَ بِمَا شَاءَ وَإِن الْقُرْآنَ قَدْ نَزَلَ مَنَازِلَهُ فَأَتِموا الْحَج وَالْعُمْرَةَ لِلهِ كَمَا أَمَرَكُمْ اللهُ وَأَبِتوا نِكَاحَ هَذِهِ النسَاءِ فَلَنْ أُوتَى بِرَجُلٍ نَكَحَ امْرَأَةً إِلَى أَجَلٍ إِلا رَجَمْتُهُ بِالْحِجَارَةِ.

3334 ـ ئەبۇ نەزرە مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەج تەمەتتۇ قىلىشقا بۇيرۇيتتى، ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن توساتتى. مەن بۇ ئىشنى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېيتقانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ بۇ سۆز مېنىڭ ئالدىمدا بولۇپ ئۆتكەنىدى. بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەمەتتۇ ھەجى قىلغانتۇق. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ خەلىپە بولغان ۋاقتىدا:

ــ شۈبھىسىزكى، الله تائالا خالىغان نەرسىسىنى پەيغەمبىرىگە خالىغان شەكىلدە ھالال قىلىپ بېرەتتى. ھازىر قۇرئان مۇقىملىشىپ بولدى. ئەمدى الله ئۈچۈن ھەج بىلەن ئۆمرەنى الله بۇيرىغان شەكىلدە ئادا قىلىڭلار (يەنى ھەجگە ئايرىم، ئۆمرەگە ئايرىم بۇيرۇق قىلغانلىقتىن ئىككىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم قىلىڭلار). ئاياللارنى سەممىي نىيىتىڭلار بىلەن نىكاھىڭلارغا ئېلىڭلار. كىمكى مېنىڭ ئالدىمغا بىر ئايالنى ۋاقىتلىق نىكاھ بىلەن ئەمرىگە ئالغان ھالدا كېلىدىغان بولسا، مەن ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1217)

3335 - ولمسلم في كتاب النكاح: قَالَ عَطَاءٌ قَدِمَ جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللهِ مُعْتَمِرًا فَجِئْنَاهُ فِي مَنْزِلِهِ فَسَأَلَهُ الْقَوْمُ عَنْ أَشْيَاءَ ثُم ذَكَرُوا الْمُتْعَةَ فَقَالَ نَعَمْ اسْتَمْتَعْنَا عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ.

3335 ـ مۇسلىم نىكاھ بۆلۈمىدە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئەتا مۇنداق دەيدۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئۆمرە قىلماقچى بولغان ۋاقتىدا،

بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىر نەچچە خىل مەسىلە سورىدى، شۇ مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە تەمەتتۇ ھەجمۇ بار ئىدى. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ شۇنداق، بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ زامانىدا تەمەتتۇ ھەجى قىلاتتۇق، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1405)

بۇ ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنىسىدىن تەمەتتۇ ھەجى توغرۇلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئىمام مۇسلىم ئۇنى «ۋاقىتلىق نىكاھ» مەنىسىدە دەپ چۈشىنىپ قالغاچقا، «نىكاھ بۆلۈمى» دە رىۋايەت قىلغان.

3336 - عن ابن عباس قال تمتع رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وأبوبكر وعمر وعثمان وأول من نهى عنها معاوية.

3336 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار تەمەتتۇ ھەجى قىلغان ئىدى. تەمەتتۇ ھەجىدىن توسقان تۇنجى كىشى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر[①].

(تىرمىزى: 824)

3337 - عَنْ طَاوُسٍ قَالَ قَالَ مُعَاوِيَةُ لِابْنِ عَباسٍ أَعَلِمْتَ أَني قَصرْتُ مِنْ رَأْسِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ الْمَرْوَةِ قَالَ لَا يَقُولُ ابْنُ عَباسٍ هَذَا مُعَاوِيَةُ يَنْهَى الناسَ عَنْ الْمُتْعَةِ وَقَدْ تَمَتعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3337 ـ تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ــ مەرۋەدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى

[①] ئەلبانى (139): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

قىسقارتقانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ ياق، ـ دېدى. كېيىن، ئىبنى ئابباس:

ـ مۇئاۋىيەنىڭ كىشىلەرنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغان ھەجى تەمەتتۇدىن چەكلەشكە نېمە ھەققى؟ ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2737)

3338 - عَنْ مُعَاوِيَةَ قَالَ أَخَذْتُ مِنْ أَطْرَافِ شَعْرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِشْقَصٍ كَانَ مَعِي بَعْدَ مَا طَافَ بِالْبَيْتِ وَبِالصفَا وَالْمَرْوَةِ فِي أَيامِ الْعَشْرِ قَالَ قَيْسٌ وَالناسُ يُنْكِرُونَ هَذَا عَلَى مُعَاوِيَةَ.

3338 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغان ۋە سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئەتراپلىرىنى قايچا بىلەن ئېلىپ قويغانىدىم. بۇ، زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىكى ئون كۈنى ئىچىدە (يەنى ھەج پائالىيەتلىرىنى باشلاشتىن بۇرۇن) بولغان ئىشلار ئىدى، ـ دېدى.

قەيس (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: باشقىلار مۇئاۋىيەنىڭ بۇ سۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ[2].

(نەسائى: 2989)

3339 - عَنْ مُعَاوِيَةَ أَنهُ قَصرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِشْقَصٍ فِي عُمْرَةٍ عَلَى الْمَرْوَةِ.

3339 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمرە ھەجىدىن كېيىن، مەرۋەدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

[1] ئەلبانى (2564): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (194): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

چىچىنى قىسقارتىپ قويىغانىدىم[1].
(نەسائى: 2987)

3340 - عَنْ مُعَاوِيَةَ قَالَ قَصرْتُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِشْقَصٍ.
3340 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىچىنى قايچا بىلەن قىسقارتتىم.
(بۇخارى: 1730)

3341 - عَنْ غُنَيْمِ بْنِ قَيْسٍ قَالَ سَأَلْتُ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقاصٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ الْمُتْعَةِ فَقَالَ فَعَلْنَاهَا وَهَذَا يَوْمَئِذٍ كَافِرٌ بِالْعُرُشِ يَعْنِي بُيُوتَ مَكةَ.
3341 ـ غۇنەيم ئىبنى قەيس مۇنداق دەيدۇ: مەن سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەمەتتۇ ھەجى توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ:
ــ بىز تەمەتتۇ ھەجنى قىلدۇق، لېكىن بۇ ئادەم (يەنى مۇئاۋىيە) ئۇ چاغلاردا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بولۇپ، مەككىدە تۇرۇۋاتاتتى، ـ دېدى.
(مۇسلىم: 1225)

3342 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ سَمِعْتُ عُمَرَ يَقُولُ وَاللهِ إِني لَأَنْهَاكُمْ عَنْ الْمُتْعَةِ وَإِنهَا لَفِي كِتَابِ اللهِ وَلَقَدْ فَعَلَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْنِي الْعُمْرَةَ فِي الْحَج.
3342 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: گەرچە تەمەتتۇ ھەجى قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى الله تائالانىڭ كىتابىدا بولسىمۇ ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قىلغان بولسىمۇ، بىراق مەن (ئۆمرە بىلەن ھەجنى ئايرىم ـ ئايرىم ئايلاردا ئادا قىلىش ئارقىلىق، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن) سىلەرنى تەمەتتۇ ھەجى قىلىشتىن توسىمەن[2].
(نەسائى: 2736)

---

[1] ئەلبانى (2796): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2563): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

3343 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيِّبِ أَنَّ رَجُلًا مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَتَى عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ فَشَهِدَ عِنْدَهُ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي مَرَضِهِ الَّذِي قُبِضَ فِيهِ يَنْهَى عَنْ الْعُمْرَةِ قَبْلَ الْحَجِّ.

3343 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەكراتتىكى ۋاقتىدا ھەجدىن ئىلگىرى ئۆمرە قىلىشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1793)

3344 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَنَّ سَالِمَ بْنَ عَبْدِ اللَّهِ حَدَّثَهُ أَنَّهُ سَمِعَ رَجُلًا مِنْ أَهْلِ الشَّامِ وَهُوَ يَسْأَلُ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ عَنْ التَّمَتُّعِ بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَجِّ فَقَالَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عُمَرَ هِيَ حَلَالٌ فَقَالَ الشَّامِيُّ إِنَّ أَبَاكَ قَدْ نَهَى عَنْهَا فَقَالَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عُمَرَ أَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ أَبِي نَهَى عَنْهَا وَصَنَعَهَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَأَمْرَ أَبِي نَتَّبِعُ أَمْ أَمْرَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ الرَّجُلُ بَلْ أَمْرَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ لَقَدْ صَنَعَهَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

3344 ـ ئىبنى شىھاب سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شام ئاھالىسىدىن بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن تەمەتتۇ ھەجى قىلىش توغرۇلۇق سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا:

ــ ئۇنداق قىلىش ھالال، ـ دېدى. شاملىق ئادەم:

ــ داداڭ ئۇ ئىشتىن توسقانىدى، ـ دېگەنىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭدىن:

[1] ئەلبانى (392): زەئىپ، ـ دېگەن.

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغان ئىشنى دادام توسقان بولسا، سىنىڭچە، دادامغا ئەگىشەمدۇق ياكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىمۇ؟ - دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:
— ئەلۋەتتە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىمىز، - دېدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:
— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن شۇنداق (يەنى تەمەتتۇ ھەجى) قىلغانىدى، - دېدى[1].

(تىرمىزى: 823)

3345 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أُنْزِلَتْ آيَةُ الْمُتْعَةِ فِي كِتَابِ اللهِ فَفَعَلْنَاهَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ يُنْزَلْ قُرْآنٌ يُحَرِّمُهُ وَلَمْ يَنْهَ عَنْهَا حَتى مَاتَ قَالَ رَجُلٌ بِرَأْيِهِ مَا شَاءَ.

3345 - ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا تەمەتتۇ ھەجى ھەققىدە ئايەت نازىل قىلدى، بىز ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئادا قىلدۇق. الله تائالا ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ئايەت نازىل قىلمىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭدىن چەكلىمىدى. بىراق كېيىن بەزىلەر ئۆز قارىشىغا تايىنىپ خالىغىنىنى دېيىشتى.

(بۇخارى: 4518)

3346 - عَنْ مُطَرِّفٍ قَالَ قَالَ لِي عِمْرَانُ بْنُ حُصَيْنٍ أُحَدِّثُكَ حَدِيثًا عَسَى اللهُ أَنْ يَنْفَعَكَ بِهِ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَمَعَ بَيْنَ حَجةٍ وَعُمْرَةٍ ثُم لَمْ يَنْهَ عَنْهُ حَتى مَاتَ وَلَمْ يَنْزِلْ فِيهِ قُرْآنٌ يُحَرِّمُهُ وَقَدْ كَانَ يُسَلمُ عَلَي حَتى اكْتَوَيْتُ فَتُرِكْتُ ثُم تَرَكْتُ الْكَي فَعَادَ.

3346 - مۇتەررىف مۇنداق دەيدۇ: ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

[1] ئەلبانى (658): سەنەدى سەھىھ - دېگەن.

ــ مەن ساڭا بىر ھەدىس ئېيتىپ بېرەي، بەلكىم اللە تائالا سېنى ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتلەندۈرۈشى مۇمكىن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرە بىلەن ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ ئادا قىلدى ۋە ۋاپات تاپقىچە ئۇنىڭدىن چەكلىمىدى، قۇرئان كەرىمدىمۇ ئۇنى چەكلەيدىغان بىرەر ئايەت نازىل بولمىدى. (مەن كېسەل بولۇپ ياتقاندىن بېرى) پەرىشتىلەر كېلىپ ماڭا سالام بېرەتتى، مەن (داۋالىنىش ئۈچۈن) بەدىنىمنى داغلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، (پەرىشتىلەر) مېنى تاشلىۋەتتى. داغلاشنى تاشلىغاندىم، (پەرىشتىلەر يەنە كېلىپ) سالام بېرىدىغان بولدى.

(مۇسلىم: 1226)

3347 - عن ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ تَمَتعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَج وَأَهْدَى فَسَاقَ مَعَهُ الْهَدْيَ مِنْ ذِي الْحُلَيْفَةِ وَبَدَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَهَل بِالْعُمْرَةِ ثُم أَهَل بِالْحَج فَتَمَتعَ الناسُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَج فَكَانَ مِنْ الناسِ مَنْ أَهْدَى فَسَاقَ الْهَدْيَ وَمِنْهُمْ مَنْ لَمْ يُهْدِ فَلَما قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَكةَ قَالَ لِلناسِ مَنْ كَانَ مِنْكُمْ أَهْدَى فَإِنهُ لَا يَحِل لِشَيْءٍ حَرُمَ مِنْهُ حَتى يَقْضِيَ حَجهُ وَمَنْ لَمْ يَكُنْ مِنْكُمْ أَهْدَى فَلْيَطُفْ بِالْبَيْتِ وَبِالصفَا وَالْمَرْوَةِ وَلْيُقَصرْ وَلْيَحْلِلْ ثُم لِيُهِل بِالْحَج فَمَنْ لَمْ يَجِدْ هَدْيًا فَلْيَصُمْ ثَلَاثَةَ أَيامٍ فِي الْحَج وَسَبْعَةً إِذَا رَجَعَ إِلَى أَهْلِهِ فَطَافَ حِينَ قَدِمَ مَكةَ وَاسْتَلَمَ الركْنَ أَولَ شَيْءٍ ثُم خَب ثَلَاثَةَ أَطْوَافٍ وَمَشَى أَرْبَعًا فَرَكَعَ حِينَ قَضَى طَوَافَهُ بِالْبَيْتِ عِنْدَ الْمَقَامِ رَكْعَتَيْنِ ثُم سَلمَ فَانْصَرَفَ فَأَتَى الصفَا فَطَافَ بِالصفَا وَالْمَرْوَةِ سَبْعَةَ أَطْوَافٍ ثُم لَمْ يَحْلِلْ مِنْ شَيْءٍ حَرُمَ مِنْهُ حَتى قَضَى حَجهُ وَنَحَرَ هَدْيَهُ يَوْمَ النحْرِ وَأَفَاضَ فَطَافَ بِالْبَيْتِ ثُم حَل مِنْ كُل شَيْءٍ حَرُمَ مِنْهُ وَفَعَلَ مِثْلَ مَا فَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَهْدَى وَسَاقَ الْهَدْيَ مِنْ الناسِ.

3347 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەجىدە ئۆمرە بىلەن ھەجگە بىراقلا نىيەت قىلغان ۋە قۇربانلىقنى زۇلھۇلەيفەدىن ئالغان. زۇلھۇلەيفەدە ئاۋۋال ئۆمرە ئۈچۈن نىيەت قىلىپ، تەلبىيە ئېيتقان،

ئاندىن ھەج ئۈچۈن نىيەت قىلغان. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆمرە بىلەن ھەجگە بىراقلا نىيەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇربانلىق ئالغانلارمۇ، ئالمىغانلارمۇ بار ئىدى. مەككىگە يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

«كىم قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ھەج تۈگىگىچە ئېھرامنىڭ تېشىدا قىلىدىغان ئىشلاردىن ھېچ قايسىسى ھالال بولمايدۇ. قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەنلەر بەيتۇللاھنى ۋە سەفا بىلەن مەرۋەنى تاۋاپ قىلىدۇ، چېچىنى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىدۇ، ئاندىن كېيىن ھەجگە قايتىدىن ئېھرام باغلايدۇ. قۇربانلىق قىلىشقا بىر نېمە تاپالمىغانلار ھەج كۈنلىرىدە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، يۇرتىغا قايتقاندا يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كىرىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى ۋە ئالدى بىلەن ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىدى. ئۈچ تاۋاپنى تېز ـ تېز، قالغان تۆتىنى نورمال مېڭىپ قىلدى. تاۋاپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ سالام بەردى. ئاندىن كېيىن سەفاغا كېلىپ، سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلدى (يۈگۈردى). ئاندىن ھەجنى تۈگىتىپ، قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ، مەككىگە قايتىپ، زىيارەت تاۋاپى قىلدى ۋە ئېھرامدىن چىقتى. قۇربانلىق مال ئېلىپ كەلگەن كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە قىلغان بولسا، شۇنى قىلدى.

(بۇخارى: 1692)

3348 - عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ، أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَعَثَ أَبَا بَكْرٍ عَلَى الْحَجِّ يُخْبِرُ النَّاسَ بِمَنَاسِكِهِمْ، وَيُبَلِّغُهُمْ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، حَتَّى أَتَى عَرَفَةَ مِنْ قِبَلَ ذِي الْمَجَازِ فَلَمْ يَقْرَبِ الْكَعْبَةَ، وَلَكِنْ شَمَّرَ إِلَى ذِي الْمَجَازِ وَذَلِكَ أَنَّهُمْ لَمْ يَكُونُوا اسْتَمْتَعُوا بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَجِّ.

3348 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كىشىلەرگە ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئۆزىنىڭ نامىدىن تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇ كەئبىگە كىرمەي زىلمەجاز تەرەپتىن ئۇدۇل ئەرەفاتقا كەلدى. ھاجىلار ھەجى تەمەتتۇ قىلمىغاچقا، ئۇ شۇنداق قىلغانىدى.

(«ئەلكەبىر»: 12180؛ ھاكىم بۇ ھەدىسنى «مۇستەدرەك» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان بولۇپ: سەنەدى سەھىھ ـ دەپ ھۆكۈم قىلغان)

3349 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانُوا يَرَوْنَ أَن الْعُمْرَةَ فِي أَشْهُرِ الْحَج مِنْ أَفْجَرِ الْفُجُورِ فِي الْأَرْضِ وَيجْعَلُونَ الْمُحَرمَ صَفَرًا وَيقُولُونَ إِذَا بَرَا الدبَرْ وَعَفَا الْأَثَرْ وَانسَلَخَ صَفَرْ حَلتْ الْعُمْرَةُ لِمَنْ اعْتَمَرْ قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ صَبِيحَةَ رَابِعَةٍ مُهِلينَ بِالْحَج فَأَمَرَهُمْ أَنْ يَجْعَلُوهَا عُمْرَةً فَتَعَاظَمَ ذَلِكَ عِنْدَهُمْ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَي الْحِل قَالَ حِل كُلهُ.

3349 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىشنى زېمىندىكى گۇناھلارنىڭ ئەڭ يامىنى دەپ قارىشاتتى ۋە مۇھەررەم ئېيىنى سەپەر ئېيى دەپ ھېسابلايتتى. مۇھەررەم ئېيىدا ھارام قىلىنغان ئىشلارنى سەپەر ئېيىغا يۆتكىۋېلىپ:

ـ تۆگىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يارىسى ئوڭشىلىپ، ئاياغ ئىزلىرى ئۆچۈپ، سەپەر ئېيى ئۆتۈپ كەتسە، ئۆمرە قىلماقچى بولغانلارغا ئۆمرە ھالالدۇر، ـ دېيىشەتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى زۇلھەججە ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى سەھەردە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ھالدا يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىغا:

ـ بۇ ھەجنى ئۆمرە قىلىۋېتىپ (ئېھرامدىن چىقىپ)، ئېھرامدىكى ھالەتتە ھارام قىلىنغان ئىشلارنى ھالال بىلىڭلار، ـ دېدى. ھەج ئايلىرىدا قىلىنماقچى بولغان بۇ ئۆمرەنى (بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە) بەك چوڭ گۇناھ سانىشىپ قالغان ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى ئىشلارنى ھالال دەپ بىلىمىز؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئېھرامدىكىلەر ئۈچۈن ھارام قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى (ھالال دەپ بىلىڭلار)، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1564)

3350 - عن أبي جَمْرَةَ قَالَ سَأَلْتُ ابْنَ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ الْمُتعَةِ فَأَمَرَنِي بِهَا وَسَأَلْتُهُ عَنْ الْهَدْيِ فَقَالَ فِيهَا جَزُورٌ أَوْ بَقَرَةٌ أَوْ شَاةٌ أَوْ شِرْكٌ فِي دَمٍ قَالَ وَكَأن نَاسًا كَرِهُوهَا فَنِمْتُ فَرَأَيتُ فِي الْمَنَامِ كَأَن إِنْسَانًا يُنَادِي حَج مَبْرُورٌ وَمُتْعَةٌ مُتَقَبلَةٌ فَأَتَيتُ ابْنَ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَحَدثْتُهُ فَقَالَ اللهُ أَكْبَرُ سُنةُ أَبِي الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3350 ـ ئەبۇ جەمرە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمادىن ھەجى تەمەتتۇ توغرۇلۇق سورىغانىدىم:

ــ تەمەتتۇ ھەجى قىلغىن! ــ دېدى. ئاندىن قۇربانلىق توغرۇلۇق سورىغانىدىم:

ــ ئۆزەڭ تۆگە، كالا، قوي قۇربانلىق قىلساڭمۇ بولىدۇ ياكى تۆگە يا كالىغا شېرىك بولساڭمۇ بولىدۇ، ـ دېدى. بەزى كىشىلەر ھەج تەمەتتۇنى بەك ياقتۇرۇپ كەتمىگەندەك قىلدى. مەن چۈشۈمدە بىرەيلەننىڭ: «ھەجى تەمەتتۇ مەقبۇل ھەجدۇر» دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمانىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆرگەن چۈشۈمنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ:

ــ الله ئەكبەر! ھەجى تەمەتتۇ ئەبۇلقاسىم (يەنى پەيغەمبىرىمىز) سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1688)

3351 - وفي رواية للبخاري تعليقا، قال في آخر حديثه: فَجَمَعُوا نُسُكَيْنِ فِي عَامٍ بَيْنَ الْحَج وَالْعُمْرَةِ فَإِن اللهَ تَعَالَى أَنْزَلَهُ فِي كِتَابِهِ وَسَنهُ نَبِيهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبَاحَهُ لِلناسِ غَيْرَ أَهْلِ مَكةَ قَالَ اللهُ { ذَلِكَ لِمَنْ لَمْ يَكُنْ أَهْلُهُ حَاضِرِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ } وَأَشْهُرُ الْحَج التِي ذَكَرَ اللهُ تَعَالَى فِي كِتَابِهِ شَوالٌ وَذُو الْقَعْدَةِ وَذُو الْحَجةِ فَمَنْ تَمَتعَ فِي هَذِهِ الْأَشْهُرِ فَعَلَيْهِ دَمٌ أَوْ صَوْمٌ.

3351 ـ بۇخارىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: ۋىدالىشىش ھەجىدە، ئۇلار ئۆمرە بىلەن ھەجنى بىللە ئادا قىلدى. چۈنكى اللہ تائالا بۇ توغرۇلۇق قۇرئاندا ئايەت چۈشۈرگەندىن سىرت، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۇز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇنى سۈننەت قىلغانىدى. لېكىن بۇنى مەككىلىك بولمىغانلارغا مۇباھ قىلغانىدى. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ذَلِكَ لِمَنْ لَمْ يَكُنْ أَهْلُهُ حَاضِرِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ[1]. اللہ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان ھەج ئايلىرى: شەۋۋال، زۇلقەئدە، زۇلھەججە ئايلىرىدۇر. كىمكى مۇشۇ ئايلاردا تەمەتتۇ ھەجى قىلسا، ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىش ياكى (قۇربانلىق مال تاپالمىسا) روزا تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ. (بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان).

3352 - عن ابن عباس قال أهل رسول الله صلى الله عليه وسلم بالعمرة وأهل أصحابه بالحج وأمر من لم يكن معه الهدي أن يحل وكان فيمن لم يكن معه الهدي طلحة بن عبيد الله ورجل آخر فأحلا.

3352 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرەگە، ساھابىلىرى ھەجگە ئېھرام باغلىدى. (مەككىگە كەلگەندىن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقى بولمىغان كىشىلەرنى ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرىدى. قۇربانلىقى بولمىغانلار ئىچىدە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بىلەن يەنە بىر كىشىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئېھرامدىن چىقتى[2].

(نەسائى: 2814)

3353 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَرْبَعٍ مَضَيْنَ مِنْ ذِي الْحِجةِ وَقَدْ أَهَل بِالْحَج فَصَلى الصبْحَ بِالْبَطْحَاءِ.

---

[1] مانا بۇ ھۆكۈم مەسجىدى ھەرام دائىرىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. سۈرە بەقەرەنىڭ 196 ـ ئايىتىنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەلبانى (2638): سەھىھ ـ دېگەن.

3353 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھەججە ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ھەجگە ئېھرام باغلىغان ھالدا (مەككىگە) يېتىپ كەلدى ۋە بەتھا دېگەن جايدا بامدات نامىزىنى ئوقۇدى[1].

(نەسائى: 2871)

3354 - عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: أهل النبي صلى الله عليه وسلم بعمرة وأهل أصحابه بحج فلم يحل النبي صلى الله عليه وسلم ولا من ساق الهدي من أصحابه وحل بقيتهم فكان طلحة بن عبيد الله فيمن ساق الهدي فلم يحل.

3354 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرە ھەجگە، ساھابىلىرى پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەن ساھابىلەر ئېھرامدىن چىقمىدى. باشقىلار ئېھرامدىن چىقتى. قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار بولۇپ، ئۇمۇ ئېھرامدىن چىقمىدى.

(مۇسلىم: 1239)

3355 - عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما قال أهل النبي صلى الله عليه وسلم هو وأصحابه بالحج وليس مع أحد منهم هدي غير النبي صلى الله عليه وسلم وطلحة وقدم علي من اليمن ومعه هدي فقال أهللت بما أهل به النبي صلى الله عليه وسلم فأمر النبي صلى الله عليه وسلم أصحابه أن يجعلوها عمرة ويطوفوا ثم يقصروا ويحلوا إلا من كان معه الهدي فقالوا ننطلق إلى منى وذكر أحدنا يقطر فبلغ النبي صلى الله عليه وسلم فقال لو استقبلت من أمري ما استدبرت ما أهديت ولولا أن معي الهدي لأحللت وحاضت عائشة رضي الله عنها فنسكت المناسك كلها غير أنها لم تطف

[1] ئەلبانى (2689): سەھىھ ـ دېگەن.

بِالْبَيْتِ فَلَمَّا طَهُرَتْ طَافَتْ بِالْبَيْتِ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ تَنْطَلِقُونَ بِحَجَّةٍ وَعُمْـرَةٍ وَأَنْطَلِـقُ بِحَجٍّ فَأَمَرَ عَبْدَ الرَّحْمَنِ بْنَ أَبِي بَكْرٍ أَنْ يَخْرُجَ مَعَهَا إِلَى التَّنْعِيمِ فَاعْتَمَرَتْ بَعْدَ الْحَجِّ.

3355 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى ھەجگە ئېھرام باغلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا ھېچكىمنىڭ قۇربانلىق مېلى يوق ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن قۇربانلىقنى ئېلىپ كەلدى ۋە:

ــ مەنمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشاش نىيەت قىلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنى ھەج نىيىتىنى ئۆمرەگە ئۆزگەرتىپ، ئاۋۋال ئۆمرە ھەجگە تەلبىيە ئېيتىپ، تاۋاپ قىلىپ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرىدى. ئەمما قۇربانلىق مال ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بەزىلەر:

ــ بىز ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئاياللىرىمىز بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ، ئاندىن يەنە ئېھرامغا كىرىپ مىناغا چىقامدۇق؟ ـ دېيىشتى. بۇ سۆزلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلگەندى، ئۇ:

ــ بۇنى بۇرۇنراق ئويلاشقان بولسام، قۇربانلىق ئېلىپ كەلمەيتتىم. قۇربانلىق مال ئېلىپ كەلمىگەن بولسام، ئېھرامدىن چىققان بولاتتىم، ـ دېدى.

شۇ ئارىدا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەيز كۆرۈپ قالدى. ئۇ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا بارلىق ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. پاكلانغاندىن كېيىن، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! سىلەر ھەج ۋە ئۆمرە قىلىپ قايتساڭلار، مەن پەقەت ھەج قىلىپلا قايتامدىم؟!ـ دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن تەنئىمگە چىقىشقا بۇيرىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەجدىن كېيىن، تەنئىمدە

ئېھرام باغلاپ، ئۆمرە قىلدى.

(بۇخارى: 1651)

3356 - عَنْ أَبِي ذَر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَتْ الْمُتْعَةُ فِي الْحَج لِأَصْحَابِ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَاصةً.

3356 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەجنى تەمەتتۇ قىلىش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىگە خاس ئىدى.

(مۇسلىم: 1224)

3357 - قَالَ أَبو ذَر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لَا تَصْلُحُ الْمُتْعَتَانِ إِلا لَنَا خَاصةً يَعْنِي مُتْعَةَ النسَاءِ وَمُتْعَةَ الْحَج.

3357 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇتئە، يەنى ھەج تەمەتتۇ ۋە ئاياللار بىلەن ۋاقىتلىق نىكاھ ئوقۇتۇش بىزگىلا، يەنى ساھابىلەرگىلا خاس ئىش ئىدى.

(مۇسلىم: 1224)

3358 - عَنْ سُلَيم بن الأسود أن أَبا ذَر كَانَ يَقُولُ فِيمَنْ حَج ثُم فَسَخَهَا بِعُمْرَةٍ لَمْ يَكُنْ ذَلِكَ إِلا لِلركْبِ الذِينَ كَانُوا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3358 ـ سۇلەيم ئىبنى ئەسۋەد ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەجگە ئېھرام باغلاپ، كېيىن ئۇنى ئۆمرەنىڭ نىيىتىگە ئۆزگەرتكەنلەر[1] ھەققىدە: بۇنداق قىلىش پەقەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولغان كىشىلەرگىلا خاس ئىدى، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1807)

[1] نىيەت ئۆزگەرتىش ـــ بىر كىشى ھەجگە نىيەت قىلىپ، ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەج قىلىشتىن بۇرۇن ئۆمرە ھەج قىلماقچى بولۇپ نىيىتىنى ئۆزگەرتكەن بولسا، بۇ، نىيەت ئۆزگەرتىش دېيىلىدۇ.

[2] ئەلبانى (1593): سەھىھ مەۋقۇف، شاز، ـ دېگەن.

3359 - عَنْ الْحَارِثِ بْنِ بِلَالٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَفَسْخُ الْحَجِّ لَنَا خَاصَّةً أَمْ لِلنَّاسِ عَامَّةً قَالَ بَلْ لَنَا خَاصَّةً.

3359 ـ ھارىس ئىبنى بىلال دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! پەرز ھەجنىڭ نىيىتىنى ئۆمرەگە ئۆزگەرتىش بىزگىلا خاسمۇ ياكى باشقىلارمۇ شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ماڭا:

ـ (ئۇنداق قىلىش) بىزگىلا خاس، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(نەسائى: 2808)

3360 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي أَشْهُرِ الْحَجِّ وَلَيَالِي الْحَجِّ وَحُرُمِ الْحَجِّ فَنَزَلْنَا بِسَرِفَ قَالَتْ فَخَرَجَ إِلَى أَصْحَابِهِ فَقَالَ مَنْ لَمْ يَكُنْ مِنْكُمْ مَعَهُ هَدْيٌ فَأَحَبَّ أَنْ يَجْعَلَهَا عُمْرَةً فَلْيَفْعَلْ وَمَنْ كَانَ مَعَهُ الْهَدْيُ فَلَا قَالَتْ فَالْآخِذُ بِهَا وَالتَّارِكُ لَهَا مِنْ أَصْحَابِهِ قَالَتْ فَأَمَّا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَرِجَالٌ مِنْ أَصْحَابِهِ فَكَانُوا أَهْلَ قُوَّةٍ وَكَانَ مَعَهُمْ الْهَدْيُ فَلَمْ يَقْدِرُوا عَلَى الْعُمْرَةِ قَالَتْ فَدَخَلَ عَلَيَّ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَنَا أَبْكِي فَقَالَ مَا يُبْكِيكِ يَا هَنْتَاهُ قُلْتُ سَمِعْتُ قَوْلَكَ لِأَصْحَابِكَ فَمُنِعْتُ الْعُمْرَةَ قَالَ وَمَا شَأْنُكِ قُلْتُ لَا أُصَلِّي قَالَ فَلَا يَضِيرُكِ إِنَّمَا أَنْتِ امْرَأَةٌ مِنْ بَنَاتِ آدَمَ كَتَبَ اللهُ عَلَيْكِ مَا كَتَبَ عَلَيْهِنَّ فَكُونِي فِي حَجَّتِكِ فَعَسَى اللهُ أَنْ يَرْزُقَكِيهَا قَالَتْ فَخَرَجْنَا فِي حَجَّتِهِ حَتَّى قَدِمْنَا مِنًى فَطَهَرْتُ ثُمَّ خَرَجْتُ مِنْ مِنًى فَأَفَضْتُ بِالْبَيْتِ قَالَتْ ثُمَّ خَرَجَتْ مَعَهُ فِي النَّفْرِ الْآخِرِ حَتَّى نَزَلَ الْمُحَصَّبَ وَنَزَلْنَا مَعَهُ فَدَعَا عَبْدَ الرَّحْمَنِ بْنَ أَبِي بَكْرٍ فَقَالَ اخْرُجْ بِأُخْتِكَ مِنْ الْحَرَمِ فَلْتُهِلَّ بِعُمْرَةٍ ثُمَّ افْرُغَا ثُمَّ ائْتِيَا هَا هُنَا فَإِنِّي أَنْظُرُكُمَا حَتَّى تَأْتِيَانِي قَالَتْ فَخَرَجْنَا حَتَّى إِذَا فَرَغْتُ وَفَرَغْتُ مِنْ الطَّوَافِ ثُمَّ جِئْتُهُ بِسَحَرَ فَقَالَ هَلْ فَرَغْتُمْ فَقُلْتُ نَعَمْ فَآذَنَ بِالرَّحِيلِ فِي أَصْحَابِهِ فَارْتَحَلَ النَّاسُ فَمَرَّ مُتَوَجِّهًا إِلَى الْمَدِينَةِ.

---

[1] ئەلبانى (177): زەئىپ، ـ دېگەن.

3360 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز ھەج ئايلىرىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، سەرىف دېگەن جايغا چۈشتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ:

ـ ئاراڭلاردا قۇربانلىقى يوقلار ھەج نىيىتىنى ئۆمرەگە ئۆزگەرتىشنى خالىسا، ئۆزگەرتسۇن. قۇربانلىقى بارلار ئۇنداق قىلمىسۇن! ــ دېدى. ساھابىلەردىن قۇربانلىقى بولمىغانلار ئۆمرەگە نىيەت قىلدى، باشقىلىرى ئۇنداق قىلمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە (قول ئىلكىدە بار) بىر تۈركۈم ساھابىلىرى ھەجگە تولۇق تەييارلىق قىلىپ قۇربانلىق بىلەن چىققاچقا، ئۇلار ئۆمرە قىلىشقا قادىر بولالمىدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمغا كىرگەندە، مەن يىغلاۋاتاتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئائىشە! نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ساھابىلەرگە ئېيتقان سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم. مەن ئۆمرە قىلالمايدىغان بولدۇم، ـ دېدىم.

ـ ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ناماز ئوقۇيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، ـ دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھېچقىسى يوق، بۇ دېگەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرىغا پۈتۈلگەن بىر ئىش، سەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى. شۇڭا قايغۇرماي ھەججىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەر، بەلكى الله ساڭىمۇ ئۆمرە قىلىشنى نېسىپ قىلىپ قالار، ـ دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج پائالىيەتلىرىنى قىلىپ مىناغا يېتىپ بارغاندا، ھەيزدىن پاك بولدۇم. مىنادىن چىقىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدىم. ئاندىن زۇلھەججە ئېيىنىڭ 13ـ كۈنى قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇھەسسەب دېگەن جايغا چۈشتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرىنى چاقىرىپ:

ــ ھەمشىرەڭنى ھەرەمنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىققىن، ئۆمرەگە ئېھرام باغلاپ كىرسۇن. سىلەر تاۋاپنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگىچە، مەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ھەرەمنىڭ سىرتىغا چىقتۇق. مەن ئۆمرەنىڭ پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، تاڭ سەھەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. مەندىن:

ــ تۈگەتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنى يولغا چىقىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەممىيلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

(بۇخارى: 1560)

3361 - ومن رواياته: فَارْتَحَلَ الناسُ وَمَنْ طَافَ بِالْبَيْتِ قَبْلَ صَلَاةِ الصُّبْحِ ثُمَّ خَرَجَ مُوَجِّهًا إِلَى الْمَدِينَةِ.

3361 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ بولغانلار بامدات نامىزىدىن بۇرۇن يولغا چىقتى، ئاندىن (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇللاھقا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن) مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

(بۇخارى: 1788)

3362 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا نَذْكُرُ إِلا الْحَج حَتى جِئْنَا سَرِفَ بنحوه وفيه: فَلَما قَدِمْتُ مَكةَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِهِ اجْعَلُوهَا عُمْرَةً فَأَحَل الناسُ إِلا مَنْ كَانَ مَعَهُ الْهَدْيُ قَالَتْ فَكَانَ الْهَدْيُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَذَوِي الْيَسَارَةِ... وفيه: فَلَما كَانَتْ لَيْلَةُ الْحَصْبَةِ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ يَرْجِعُ الناسُ بِحَجةٍ وَعُمْرَةٍ وَأَرْجِعُ بِحَجةٍ قَالَتْ فَأَمَرَ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ أَبِي بَكْرٍ فَأَرْدَفَنِي عَلَى جَمَلِهِ قَالَتْ فَإِنِي لَأَذْكُرُ وَأَنَا جَارِيَةٌ حَدِيثَةُ السن أَنْعَسُ فَيُصِيبُ وَجْهِي مُؤْخِرَةَ الرحْلِ حَتى جِئْنَا إِلَى التنْعِيمِ فَأَهْلَلْتُ مِنْهَا بِعُمْرَةٍ جَزَاءً

بِعُمْرَةِ الناسِ الِتي اعْتَمَرُوا.

3362 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، تا سەرف دېگەن يەرگە كەلگەنگە قەدەر نىيىتىمىزدە پەقەت ھەجلا بار ئىدى... مەككىگە يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن قۇربانلىقى يوقلارنىڭ ھەج نىيىتىنى ئۆمرەگە ئۆزگەرتىشىنى، قۇربانلىق مېلى بارلارنىڭ ئۇنداق قىلماسلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، قۇربانلىق مال ئېلىپ ماڭغانلاردىن باشقىلار ئۆمرەنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئېھرامدىن چىقتى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، دادام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇلاردىن باشقا قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ قۇربانلىقى بار ئىدى...

شەيتانغا تاش ئېتىش ئاخىرلىشىپ، مىنادىن قايتقان كېچىسى، مەن:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! باشقىلار ھەج ۋە ئۆمرە قىلىپ قايتىدۇ، مەن ھەج بىلەنلا قايتامدىمەن؟ ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرىنى چاقىرىپ، مېنى ئۇنىڭ تۆگىسىگە مىندۈرۈپ ئۆمرە قىلدۇرۇپ كېلىشكە بۇيرىدى. يېشىمنىڭ كىچىكلىكىدىن مۈگدەپ قېلىپ، يۈزۈم پات ـ پات ئىگەرنىڭ تۇمشۇقىغا تېگىپ كېتەتتى. شۇ ئىشلار ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىز شۇ ماڭغانچە تەنئىمگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردىن مەنمۇ باشقىلار ئۆمرە قىلىپ ئېرىشكەن ئەجىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدىم.

(مۇسلىم: 1211)

3363 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ خَرَجْنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ ِفي حَجةِ الْوَدَاعِ فَمِنا مَنْ أَهَل بِعُمْرَةٍ وَمِنا مَنْ أَهَل بِحَج فَقَدِمْنا مَكةَ فَقَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ مَنْ أَحْرَمَ بِعُمْرَةٍ وَلَمْ يُهْدِ فَلْيُحْلِلْ وَمَنْ أَحْرَمَ بِعُمْرَةٍ وَأَهْدَى فَلَا يُحِل حَتى يُحِل بِنَحْرِ هَدْيِهِ

وَمَنْ أَهَل بِحَج فَلْيتِم حَجهُ قَالَتْ فَحِضْتُ فَلَمْ أَزَلْ حَائِضًا حَتى كَانَ يَوْمُ عَرَفَةَ وَلَمْ أُهْلِلْ إلا بِعُمْرَةٍ فَأَمَرَنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ أَنْقُضَ رَأْسِي وَأَمْتَشِطَ وَأُهِل بِحَج وَأَتْرُكَ الْعُمْرَةَ فَفَعَلْتُ ذَلِكَ حَتى قَضَيْتُ حَجي فَبَعَثَ مَعِي عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ أَبِي بَكْرٍ الصديقِ وَأَمَرَنِي أَنْ أَعْتَمِرَ مَكَانَ عُمْرَتِي مِنْ التنْعِيمِ.

3363 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىز ۋىدالىشىش ھەجىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يولغا چىقتۇق. بەزىلەر ھەجگە، يەنە بەزىلەر ئۆمرەگە ئېھرام باغلىغانىدى. مەككىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم ئۆمرەگە ئېھرام باغلاپ، قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئېھرامىدىن چىقسۇن (يەنى ئۆمرەنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ، ھەج كۈنلىرى كەلگەندە ھەجگە قايتىدىن ئېھرام باغلىسۇن). كىم ئۆمرەگە ئېھرام باغلاپ، قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەن بولسا، قۇربانلىقىنى بوغۇزلاپ بولغۇچە ئېھرامىدىن چىقمىسۇن. كىم ھەجگە ئېھرام باغلىغان بولسا، ھەجنى تامام قىلسۇن!» دېدى.

مەن ھەيز كۆرۈپ قېلىپ، ئەرەفات كۈنىگە قەدەر ساقايمىدىم. مەن پەقەت ئۆمرەگىلا ئېھرام باغلىغان ئىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بېشىمنى يۇيۇپ تاراپ، ئۆمرەنى قالدۇرۇپ، ھەجگە ئېھرام باغلاشقا بۇيرىدى. مەن دېگىنىنى قىلىپ، ھەجنى تۈگەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئىككىمىزنى تەنئىمگە ئەۋەتتى. تەنئىمدىن ئېھرام باغلاپ، ئۆمرەنىمۇ ئادا قىلدىم.

(بۇخارى: 319)

3364 - عن عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُوَافِينَ لِهِلَالِ ذِي الْحَجةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَحَب أَنْ يُهِل بِعُمْرَةٍ فَلْيُهِل وَمَنْ أَحَب أَنْ يُهِل بِحَجةٍ فَلْيُهِل وَلَوْلَا أَني أَهْدَيْتُ لَأَهْلَلْتُ بِعُمْرَةٍ فَمِنْهُمْ مَنْ أَهَل بِعُمْرَةٍ وَمِنْهُمْ مَنْ أَهَل بِحَجةٍ وَكُنْتُ مِمنْ أَهَل بِعُمْرَةٍ بنحوه. وفيه فَقَضَى اللهُ حَجهَا وَعُمْرَتَهَا وَلَمْ يَكُنْ فِي شَيْءٍ مِنْ ذَلِكَ هَدْيٌ وَلَا صَدَقَةٌ وَلَا صَوْمٌ

3364 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: زۇلھەججە ئېيى كىرىشكە بىر قانچە كۈن قالغاندا، ھەجگە نىيەت قىلىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىللە يولغا چىقتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«خالىغانلار ئۆمرەگە، خالىغانلار ھەجگە ئېھرام باغلىسۇن. ئەگەر مەن قۇربانلىق ئېلىپ ماڭمىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلايتتىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر ئۆمرەگە، يەنە بەزىلەر ھەجگە ئېھرام باغلىدى. مەنمۇ ئۆمرەگە ئېھرام باغلىغاندىم... (داۋامى يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ئوخشاش). (راۋى مۇنداق دەيدۇ): شۇنىڭ بىلەن، اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا ھەم ھەج ھەم ئۆمرە قىلىشنى نېسىپ قىلدى. (ئۆمرەنىڭ نىيىتىنى ھەجگە ئايلاندۇرغانلىقى ياكى ھەجدىن كېيىن ئۆمرە قىلغانلىقى ئۈچۈن) قۇربانلىق قىلىش، سەدىقە بېرىش ياكى روزا تۇتۇش دېگەندەك كەففارەتلەردىن ھېچ قايسىسى ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولمىغاندى.

(بۇخارى: 1786)

3365 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا خَرَجْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا نُرَى إِلا أَنهُ الْحَج فَلَما قَدِمْنَا تَطَوفْنَا بِالْبَيتِ فَأَمَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لَمْ يَكُنْ سَاقَ الْهَدْيَ أَنْ يَحِل فَحَل مَنْ لَمْ يَكُنْ سَاقَ الْهَدْيَ وَنِسَاؤُهُ لَمْ يَسُقْنَ فَأَحْلَلْنَ قَالَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَحِضْتُ فَلَمْ أَطُفْ بِالْبَيتِ فَلَما كَانَتْ لَيْلَةُ الْحَصْبَةِ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ يَرْجِعُ الناسُ بِعُمْرَةٍ وَحَجةٍ وَأَرْجِعُ أَنَا بِحَجةٍ قَالَ وَمَا طُفْتِ لَيَالِيَ قَدِمْنَا مَكةَ قُلْتُ لَا قَالَ فَاذْهَبِي مَعَ أَخِيكِ إِلَى التنْعِيمِ فَأَهِلي بِعُمْرَةٍ ثُم مَوْعِدُكِ كَذَا وَكَذَا قَالَتْ صَفِيةُ مَا أُرَانِي إِلا حَابِسَتَهُمْ قَالَ عَقْرَى حَلْقَى أَوَ مَا طُفْتِ يَوْمَ النحْرِ قَالَتْ قُلْتُ بَلَى قَالَ لَا بَأْسَ انْفِرِي قَالَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَلَقِيَنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ مُصْعِدٌ مِنْ مَكةَ وَأَنَا مُنْهَبِطَةٌ عَلَيْهَا أَوْ أَنَا مُصْعِدَةٌ وَهُوَ مُنْهَبِطٌ مِنْهَا.

3365 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەجگىلا نىيەت قىلىپ يولغا

چىقتۇق. مەككىگە يېتىپ كېلىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەنلەرنى ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەنلەر ئېھرامدىن چىقتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىمۇ قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەنىدى، شۇڭا ئۇلارمۇ ئېھرامدىن چىقتى. مەن ھەيز كۆرۈپ قالغان ئىدىم، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلمىدىم. شەيتانغا تاش ئېتىش ئاخىرلىشىپ مىنادىن قايتقان كېچىسى، مەن:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! باشقىلار ئۆمرە بىلەن ھەجنى تەڭ ئادا قىلىپ قايتسا، مەن ھەج قىلىپلا قايتامدىم؟، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەككىگە كەلگەن كېچىلەردە تاۋاپ قىلمىغانمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ياق، ـ دېدىم.

ـ قېرىندىشىڭ (ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى) بىلەن تەنئىمگە بېرىپ، ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ، ئۆمرەنى ئادا قىلىپ كەلگىن، بىز پالانى جايدا كۆرۈشەيلى، ـ دېدى. ئاندىن سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ مەن سىلەرنى يولدىن قويىدىغاندەك قىلىمەن! ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاپلا! قۇربانلىق قىلغان كۈنى تاۋاپ قىلمىغانمىدىڭ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ قىلغانىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، ھېچ ۋەقەسى يوق، يولغا چىقىۋەر ـ دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن مەككىگە كىرىپ كېتىۋاتسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانىكەن، يولدا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

(بۇخارى: 1561)

3366 - وفي رواية عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نُلبي لَا نَذْكُرُ حَجا وَلَا عُمْرَةً بنحوه.

3366 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەلبىيە ئېيتىپ يولغا چىقتۇق، لېكىن ئۆمرە ياكى ھەجنى تىلغا ئالمىغانىدۇق. (داۋامى يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ئوخشاش).

(مۇسلىم: 1211)

3367 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنهَا قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ اعْتَمَرْتُمْ وَلَمْ أَعْتَمِرْ فَقَالَ يَا عَبْدَ الرحْمَنِ اذْهَبْ بِأُخْتِكَ فَأَعْمِرْهَا مِنْ التنْعِيمِ فَأَحْقَبَهَا عَلَى نَاقَةٍ فَاعْتَمَرَتْ.

3367 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! سىلەر ئۆمرە قىلدىڭلار، مەن قىلالمىدىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئابدۇراھمان! قىز قېرىندىشىڭنى تەنئىمگە ئېلىپ بارغىن، شۇ يەردىن ئېھرام باغلاپ كەلسۇن! ـ دېدى. ئۇ، مېنى تۆگىگە مىندۇرۇپ ئاپاردى، شۇنىڭ بىلەن، ئۆمرەنىمۇ ئادا قىلدىم.

(بۇخارى: 1518)

3368 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنهَا أَهَلتْ بِعُمْرَةٍ فَقَدِمَتْ وَلَمْ تَطُفْ بِالْبَيْتِ حَتى حَاضَتْ فَنَسَكَتْ الْمَنَاسِكَ كُلهَا وَقَدْ أَهَلتْ بِالْحَج فَقَالَ لَهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ النفْرِ يَسَعُكِ طَوَافُكِ لِحَجكِ وَعُمْرَتِكِ فَأَبَتْ فَبَعَثَ بِهَا مَعَ عَبْدِ الرحْمَنِ إِلَى التنْعِيمِ فَاعْتَمَرَتْ بَعْدَ الْحَج.

3368 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمرەگە ئېھرام باغلىغانىدىم، ھەيز كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ھەجگە ئۆزگەرتتىم، مەككىگە كەلگەندە، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلالمىغان بولساممۇ، ھەجنىڭ تاۋاپتىن باشقا بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلدىم. مىنادىن

قايتىدىغان كۈنى (مەن پاك بولغاندىن كېيىن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ــ سەن بەيتۇللاھنى ئەمدى تاۋاپ قىلساڭ ھەج ۋە ئۆمرەڭ شۇنىڭ بىلەنلا ئادا تاپىدۇ (قايتا ئۆمرە قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق)، ـ دېدى. لېكىن مەن ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قېرىندىشىم ئابدۇراھمان بىلەن تەنئىمگە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەجدىن كېيىن ئۆمرە قىلىۋالدىم.

(مۇسلىم: 1211)

3369 - عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَدِمْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ مُنِيخٌ بِالْبَطْحَاءِ فَقَالَ بِمَ أَهْلَلْتَ قَالَ قُلْتُ أَهْلَلْتُ بِإِهْلَالِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ هَلْ سُقْتَ مِنْ هَدْيٍ قُلْتُ لَا قَالَ فَطُفْ بِالْبَيْتِ وَبِالصفَا وَالْمَرْوَةِ ثُم حِل فَطُفْتُ بِالْبَيْتِ وَبِالصفَا وَالْمَرْوَةِ ثُم أَتَيْتُ امْرَأَةً مِنْ قَوْمِي فَمَشَطَتْنِي وَغَسَلَتْ رَأْسِي فَكُنْتُ أُفْتِي الناسَ بِذَلِكَ فِي إِمَارَةِ أَبِي بَكْرٍ وَإِمَارَةِ عُمَرَ فَإِني لَقَائِمٌ بِالْمَوْسِمِ إِذْ جَاءَنِي رَجُلٌ فَقَالَ إِنكَ لَا تَدْرِي مَا أَحْدَثَ أَمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ فِي شَأْنِ النسُكِ فَقُلْتُ أَيهَا الناسُ مَنْ كُنا أَفْتَيْنَاهُ بِشَيْءٍ فَلْيَتئِدْ فَهَذَا أَمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ قَادِمٌ عَلَيْكُمْ فَبِهِ فَأْتَموا فَلَما قَدِمَ قُلْتُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ مَا هَذَا الذِي أَحْدَثْتَ فِي شَأْنِ النسُكِ قَالَ إِنْ نَأْخُذْ بِكِتَابِ اللهِ فَإِن اللهَ عَز وَجَل قَالَ {وَأَتِموا الْحَج وَالْعُمْرَةَ لِلهِ} وَإِنْ نَأْخُذْ بِسُنةِ نَبِينَا عَلَيْهِ الصلَاةُ وَالسلَام فَإِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَحِل حَتى نَحَرَ الْهَدْيَ.

3369 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ بەتھا دېگەن جايدا ئارام ئېلىۋېتىپتىكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ نېمىگە ئېھرام باغلىدىڭ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ﷲنىڭ پەيغەمبىرى نېمىگە باغلىغان بولسا، مەنمۇ شۇنىڭغا باغلىدىم، ـ دېدىم.

ــ قۇربانلىق ئېلىپ ماڭدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ياق، ـ دېدىم.

ــ ئۇنداقتا، بەيتۇللاھنى ۋە سەفا بىلەن مەرۋەنى تاۋاپ قىلغىن، ئاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىققىن! ـ دېدى. مەن بەيتۇللاھنى ۋە سەفا بىلەن مەرۋەنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، جەمەتىمدىن بىر ئايالنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ ئايال بېشىمنى يۇيۇپ ـ تاراپ قويدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدىن مەلۇم مەزگىلگىچە مەندىن ھەج توغرۇلۇق پەتىۋا سورىغانلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق پەتىۋا بېرەتتىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىكى بىر ھەج مەۋسۇمىدە، بىر يەردە ئۆرە تۇرسام، بىر ئادەم كېلىپ:

ـ سەن تېخىچە ئەمىرۇلمۇئمىنىنىڭ ھەج پائالىيەتلىرى ھەققىدە بەرگەن تەلىماتىدىن خەۋەرسىزغۇ دەيمەن؟! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن:

ـ ئى خالايىق! مەن كىمگە پەتىۋا بەرگەن بولسام، ئۇنى قىلىشقا ئالدىرىماي تۇرسۇن! مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تەلىماتىغا كۆرە ئىش قىلىڭلار! ــ دېدىم. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كەلگەندە:

ــ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! سېنىڭ ھەج پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق بىر نەرسە ئېيتقانلىقىڭنى ئاڭلىدىم، نېمە دېگەنىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ بىز اللهنىڭ كىتابىدا نېمە دېيىلگەن بولسا، شۇنىڭغا ئەمەل قىلماقچى بولساق، الله تائالا:   ھەج بىلەن ئۆمرىنى الله ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار   دەيدۇ. بىز پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلماقچى بولساق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق قىلمىغۇچە ئېھرامدىن چىقمىغانىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1221)

3370 – وفي رواية: فَقَالَ عُمَرُ قَدْ عَلِمْتُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ فَعَلَهُ وَأَصْحَابُهُ وَلَكِنْ كَرِهْتُ أنْ يَظَلوا مُعْرِسِينَ بِهِن فِي الْأَرَاكِ ثُم يَرُوحُونَ فِي الْحَج تَقْطُـرُ

رُءُوسُهُمْ.

3370 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھەج تەمەتتۇ قىلغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن ھاجىلارنىڭ ئەراك دەرەخلىرى ئاستىدا يېتىپ، ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، غۇسلى قىلىپ، باشلىرىدىن سۇ تامچىپ تۇرغان ھالەتتە ھەجگە قاراپ يولغا چىقىشىنى ياقتۇرمايمەن. (مۇسلىم: 1222)

3371 ـ جَعْفَرُ بْنُ مُحَمدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ دَخَلْنا عَلَى جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ فَلَما انْتَهَيْنا إِلَيْهِ سَأَلَ عَنْ الْقَوْمِ حَتى انْتهى إِلَي فَقُلْتُ أَنا مُحَمدُ بْنُ عَلِي بْنِ حُسَيْنٍ فَأَهْوَى بِيَدِهِ إِلَى رَأْسِي فَنزَعَ زِرِي الْأَعْلَى ثُم نَزَعَ زِرِي الْأَسْفَلَ ثُم وَضَعَ كَفهُ بَيْنَ ثَدْيَي وَأَنا يَوْمَئِذٍ غُلَامٌ شَاب فَقَالَ مَرْحَبًا بِكَ وَأَهْلًا يَا ابْنَ أَخِي سَلْ عَما شِئْتَ فَسَأَلْتُهُ وَهُوَ أَعْمَى وَجَاءَ وَقْتُ الصلَاةِ فَقَامَ فِي نساجة ملتحفا بِهَا يعنِي ثَوْبًا مُلَفقًا كُلمَا وَضَعَهَا عَلَى مَنْكِبِهِ رَجَعَ طَرَفَاهَا إِلَيْهِ مِنْ صِغَرِهَا فَصَلى بِنَا وَرِدَاؤُهُ إِلَى جَنْبِهِ عَلَى الْمِشْجَبِ فَقُلْتُ أَخْبِرْنِي عَنْ حَجةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ بِيَدِهِ فَعَقَدَ تِسْعًا ثُم قَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَكَثَ تِسْعَ سِنِينَ لَمْ يَحُج ثُم أُذنَ فِي الناسِ فِي الْعَاشِرَةِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَاج فَقَدِمَ الْمَدِينَةَ بَشَرٌ كَثِيرٌ كُلهُمْ يَلْتَمِسُ أَنْ يَأْتَم بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيَعْمَلَ بِمِثْلِ عَمَلِهِ فَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَخَرَجْنا مَعَهُ حَتى أَتَيْنا ذَا الْحُلَيْفَةِ فَوَلَدَتْ أَسْمَاءُ بِنْتُ عُمَيْسٍ مُحَمدَ بْنَ أَبِي بَكْرٍ فَأَرْسَلَتْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَيْفَ أَصْنَعُ فَقَالَ اغْتَسِلِي وَاسْتَذْفِرِي بِثَوْبٍ وَأَحْرِمِي فَصَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمَسْجِدِ ثُم رَكِبَ الْقَصْوَاءَ حَتى إِذَا اسْتَوَتْ بِهِ نَاقَتُهُ عَلَى الْبَيْدَاءِ قَالَ جَابِرٌ نَظَرْتُ إِلَى مَد بَصَرِي مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ مِنْ رَاكِبٍ وَمَاشٍ وَعَنْ يَمِينِهِ مِثْلُ ذَلِكَ وَعَنْ يَسَارِهِ مِثْلُ ذَلِكَ وَمِنْ خَلْفِهِ مِثْلُ ذَلِكَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ أَظْهُرِنَا وَعَلَيْهِ يَنْزِلُ الْقُرْآنُ وَهُوَ يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ فَمَا عَمِلَ بِهِ مِنْ شَيْءٍ عَمِلْنا بِهِ فَأَهَل رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالتوْحِيدِ لَبيْكَ اللهُم لَبيْكَ لَبيْكَ لَا شَرِيكَ لَكَ لَبيْكَ إِن الْحَمْدَ وَالنعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ لَا شَرِيكَ لَكَ وَأَهَل الناسُ بِهَذَا الذِي يُهِلونَ بِهِ فَلَمْ يَرُد عَلَيْهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَيْئًا مِنْهُ وَلَزِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَلْبِيَتَهُ قَالَ جَابِرٌ لَسْنا نَنْوِي

إلا الْحَج لَسْنَا نَعْرِفُ الْعُمْرَةَ حَتى إذَا أَتَيْنَا الْبَيتَ مَعَهُ اسْتَلَمَ الركْنَ فَرَمَلَ ثَلَاثًا وَمَشَى أَرْبَعًا ثُم تَقَدمَ إلَى مَقَامِ إِبْرَاهِيمَ فَقَرَأَ وَاتخِذُوا مِنْ مَقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًى فَجَعَلَ الْمَقَامَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْبَيْتِ قَالَ فَكَانَ أَبِي يَقُولُ قَالَ ابْنُ نُفَيْلٍ وَعُثْمَانُ وَلَا أَعْلَمُهُ ذَكَرَهُ إلا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سُلَيْمَانُ وَلَا أَعْلَمُهُ إلا قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ فِي الركْعَتَيْنِ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ وَقُلْ يَا أَيهَا الْكَافِرُونَ ثُم رَجَعَ إلَى الْبَيْتِ فَاسْتَلَمَ الركْنَ ثُم خَرَجَ مِنْ الْبَابِ إلَى الصفَا فَلَما دَنَا مِنْ الصفَا قَرَأَ إن الصفَا وَالْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللهِ نَبْدَأُ بِمَا بَدَأَ اللهُ بِهِ فَبَدَأَ بِالصفَا فَرَقِيَ عَلَيْهِ حَتى رَأَى الْبَيْتَ فَكَبرَ اللهَ وَوَحدَهُ وَقَالَ لَا إلَهَ إلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ لَا إلَهَ إلا اللهُ وَحْدَهُ أَنْجَزَ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهُ ثُم دَعَا بَيْنَ ذَلِكَ وَقَالَ مِثْلَ هَذَا ثَلَاثَ مَراتٍ ثُم نَزَلَ إلَى الْمَرْوَةِ حَتى إذَا انْصَبتْ قَدَمَاهُ رَمَلَ فِي بَطْنِ الْوَادِي حَتى إذَا صَعَدَ مَشَى حَتى أَتَى الْمَرْوَةَ فَصَنَعَ عَلَى الْمَرْوَةِ مِثْلَ مَا صَنَعَ عَلَى الصفَا حَتى إذَا كَانَ آخِرُ الطوَافِ عَلَى الْمَرْوَةِ قَالَ إني لَوْ اسْتَقْبَلْتُ مِنْ أَمْرِي مَا اسْتَدْبَرْتُ لَمْ أَسُقْ الْهَدْيَ وَلَجَعَلْتُهَا عُمْرَةً فَمَنْ كَانَ مِنْكُمْ لَيْسَ مَعَهُ هَدْيٌ فَلْيُحْلِلْ وَلْيَجْعَلْهَا عُمْرَةً فَحَل الناسُ كُلهُمْ وَقَصرُوا إلا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَنْ كَانَ مَعَهُ هَدْيٌ فَقَامَ سُرَاقَةُ بْنُ جُعْشُمٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلِعَامِنَا هَذَا أَمْ لِلْأَبَدِ فَشَبكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَصَابِعَهُ فِي الْأُخْرَى ثُم قَالَ دَخَلَتْ الْعُمْرَةُ فِي الْحَج هَكَذَا مَرتَيْنِ لَا بَلْ لِأَبَدِ أَبَدٍ لَا بَلْ لِأَبَدِ أَبَدٍ قَالَ وَقَدِمَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ مِنْ الْيَمَنِ بِبُدْنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَجَدَ فَاطِمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا مِمنْ حَل وَلَبِسَتْ ثِيَابًا صَبِيغًا وَاكْتَحَلَتْ فَأَنْكَرَ عَلِي ذَلِكَ عَلَيْهَا وَقَالَ مَنْ أَمَرَكِ بِهَذَا فَقَالَتْ أَبِي فَكَانَ عَلِي يَقُولُ بِالْعِرَاقِ ذَهَبْتُ إلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُحَرشًا عَلَى فَاطِمَةَ فِي الْأَمْرِ الذِي صَنَعَتْهُ مُسْتَفْتِيًا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الذِي ذَكَرَتْ عَنْهُ فَأَخْبَرْتُهُ أَني أَنْكَرْتُ ذَلِكَ عَلَيْهَا فَقَالَتْ إن أَبِي أَمَرَنِي بِهَذَا فَقَالَ صَدَقَتْ صَدَقَتْ مَاذَا قُلْتَ حِينَ فَرَضْتَ الْحَج قَالَ قُلْتُ اللهُم إني أُهِل بِمَا أَهَل بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَإِن مَعِيَ الْهَدْيَ فَلَا تَحْلِلْ قَالَ وَكَانَ جَمَاعَةُ الْهَدْيِ الذِي قَدِمَ بِهِ عَلِي مِنْ الْيَمَنِ وَالذِي أَتَى بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْمَدِينَةِ مِائَةً فَحَل الناسُ كُلهُمْ وَقَصرُوا إلا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَنْ كَانَ مَعَهُ هَدْيٌ قَالَ فَلَما كَانَ يَوْمُ التروِيَةِ وَوَجهُوا إلَى مِنًى أَهَلوا بِالْحَج فَرَكِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَصَلى بِمِنًى الظهْرَ وَالْعَصْرَ وَالْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ وَالصبْحَ ثُم مَكَثَ قَلِيلًا حَتى طَلَعَتْ الشمْسُ وَأَمَرَ بِقُبةٍ لَهُ مِنْ شَعْرٍ فَضُرِبَتْ بِنَمِرَةٍ فَسَارَ رَسُولُ

اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا تَشُكُّ قُرَيْشٌ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاقِفٌ عِنْدَ الْمَشْعَرِ الْحَرَامِ بِالْمُزْدَلِفَةِ كَمَا كَانَتْ قُرَيْشٌ تَصْنَعُ فِي الْجَاهِلِيةِ فَأَجَازَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى أَتى عَرَفَةَ فَوَجَدَ الْقُبةَ قَدْ ضُرِبَتْ لَهُ بِنَمِرَةٍ فَنَزَلَ بِهَا حَتى إِذَا زَاغَتْ الشمْسُ أَمَرَ بِالْقَصْوَاءِ فَرُحِلَتْ لَهُ فَرَكِبَ حَتى أَتى بَطْنَ الْوَادِي فَخَطَبَ الناسَ فَقَالَ إِن دِمَاءَكُمْ وَأَمْوَالَكُمْ عَلَيْكُمْ حَرَامٌ كَحُرْمَةِ يَوْمِكُمْ هَذَا فِي شَهْرِكُمْ هَذَا فِي بَلَدِكُمْ هَذَا أَلَا إِن كُل شَيْءٍ مِنْ أَمْرِ الْجَاهِلِيةِ تَحْتَ قَدَمَي مَوْضُوعٌ وَدِمَاءُ الْجَاهِلِيةِ مَوْضُوعَةٌ وَأَولُ دَمٍ أَضَعُهُ دِمَاؤُنَا دَمُ قَالَ عُثْمَانُ دَمُ ابْنُ رَبِيعَةَ وقَالَ سُلَيْمَانُ دَمُ رَبِيعَةَ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ وقَالَ بَعْضُ هَؤُلَاءِ كَانَ مُسْتَرْضَعًا فِي بَنِي سَعْدٍ فَقَتَلَتْهُ هُذَيْلٌ وَرِبَا الْجَاهِلِيةِ مَوْضُوعٌ وَأَولُ رِبًا أَضَعُهُ رِبَانَا رِبَا عَباسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ فَإِنهُ مَوْضُوعٌ كُلهُ اتقُوا اللهَ فِي النسَاءِ فَإِنكُمْ أَخَذْتُمُوهُن بِأَمَانَةِ اللهِ وَاسْتَحْلَلْتُمْ فُرُوجَهُن بِكَلِمَةِ اللهِ وَإِن لَكُمْ عَلَيْهِن أَنْ لَا يُوطِئْنَ فُرُشَكُمْ أَحَدًا تَكْرَهُونَهُ فَإِنْ فَعَلْنَ فَاضْرِبُوهُن ضَرْبًا غَيْرَ مُبَرحٍ وَلَهُن عَلَيْكُمْ رِزْقُهُن وَكِسْوَتُهُن بِالْمَعْرُوفِ وَإِني قَدْ تَرَكْتُ فِيكُمْ مَا لَنْ تَضِلوا بَعْدَهُ إِنْ اعْتَصَمْتُمْ بِهِ كِتَابَ اللهِ وَأَنْتُمْ مَسْئُولُونَ عَني فَمَا أَنْتُمْ قَائِلُونَ قَالُوا نَشْهَدُ أَنكَ قَدْ بَلغْتَ وَأَديْتَ وَنَصَحْتَ ثُم قَالَ بِأُصْبُعِهِ السبابَةِ يَرْفَعُهَا إِلَى السمَاءِ وَيَنْكُبُهَا إِلَى الناسِ اللهُم اشْهَدْ اللهُم اشْهَدْ اللهُم اشْهَدْ ثُم أَذنَ بِلَالٌ ثُم أَقَامَ فَصَلى الظهْرَ ثُم أَقَامَ فَصَلى الْعَصْرَ وَلَمْ يُصَل بَيْنَهُمَا شَيْئًا ثُم رَكِبَ الْقَصْوَاءَ حَتى أَتى الْمَوْقِفَ فَجَعَلَ بَطْنَ نَاقَتِهِ الْقَصْوَاءِ إِلَى الصخَرَاتِ وَجَعَلَ حَبْلَ الْمُشَاةِ بَيْنَ يَدَيْهِ فَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ فَلَمْ يَزَلْ وَاقِفًا حَتى غَرَبَتْ الشمْسُ وَذَهَبَتْ الصفْرَةُ قَلِيلًا حِينَ غَابَ الْقُرْصُ وَأَرْدَفَ أُسَامَةَ خَلْفَهُ فَدَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ شَنَقَ لِلْقَصْوَاءِ الزمَامَ حَتى إِن رَأْسَهَا لَيُصِيبُ مَوْرِكَ رَحْلِهِ وَهُوَ يَقُولُ بِيَدِهِ الْيُمْنَى السكِينَةَ أَيهَا الناسُ السكِينَةَ أَيهَا الناسُ كُلمَا أَتى حَبْلًا مِنْ الْحِبَالِ أَرْخَى لَهَا قَلِيلًا حَتى تَصْعَدَ حَتى أَتى الْمُزْدَلِفَةَ فَجَمَعَ بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ بِأَذَانٍ وَاحِدٍ وَإِقَامَتَيْنِ قَالَ عُثْمَانُ وَلَمْ يُسَبحْ بَيْنَهُمَا شَيْئًا ثُم اتفَقُوا ثُم اضْطَجَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى طَلَعَ الْفَجْرُ فَصَلى الْفَجْرَ حِينَ تَبَينَ لَهُ الصبْحُ قَالَ سُلَيْمَانُ بِنِدَاءٍ وَإِقَامَةٍ ثُم اتفَقُوا ثُم رَكِبَ الْقَصْوَاءَ حَتى أَتى الْمَشْعَرَ الْحَرَامَ فَرَقِيَ عَلَيْهِ قَالَ عُثْمَانُ وَسُلَيْمَانُ فَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ فَحَمِدَ اللهَ وَكَبرَهُ وَهَللَهُ زَادَ عُثْمَانُ وَوَحدَهُ فَلَمْ يَزَلْ وَاقِفًا حَتى أَسْفَرَ جِدا ثُم دَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَبْلَ أَنْ تَطْلُعَ الشمْسُ وَأَرْدَفَ الْفَضْلَ بْنَ عَباسٍ وَكَانَ رَجُلًا حَسَنَ الشعْرِ أَبْيَضَ وَسِيمًا فَلَما دَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر الظعُنُ يَجْرِينَ فَطَفِقَ الْفَضْلُ يَنْظُرُ إِلَيْهِن فَوَضَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَهُ عَلَى وَجْهِ الْفَضْلِ

وَصَرَفَ الْفَضْلُ وَجْهَهُ إِلَى الشق الْآخَرِ وَحَولَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَهُ إِلَى الشق الْآخَرِ وَصَرَفَ الْفَضْلُ وَجْهَهُ إِلَى الشق الْآخَرِ يَنْظُرُ حَتى أَتَى مُحَسرًا فَحَركَ قَلِيلًا ثُم سَلَكَ الطرِيقَ الْوُسْطَى الذِي يُخْرِجُكَ إِلَى الْجَمْرَةِ الْكُبْرَى حَتى أَتَى الْجَمْرَةَ التِي عِنْدَ الشجَرَةِ فَرَمَاهَا بِسَبْعِ حَصَيَاتٍ يُكَبرُ مَعَ كُل حَصَاةٍ مِنْهَا بِمِثْلِ حَصَى الْخَذْفِ فَرَمَى مِنْ بَطْنِ الْوَادِي ثُم انْصَرَفَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمَنْحَرِ فَنَحَرَ بِيَدِهِ ثَلَاثًا وَسِتينَ وَأَمَرَ عَلِيا فَنَحَرَ مَا غَبَرَ يَقُولُ مَا بَقِيَ وَأَشْرَكَهُ فِي هَدْيِهِ ثُم أَمَرَ مِنْ كُل بَدَنَةٍ بِبَضْعَةٍ فَجُعِلَتْ فِي قِدْرٍ فَطُبِخَتْ فَأَكَلَا مِنْ لَحْمِهَا وَشَرِبَا مِنْ مَرَقِهَا قَالَ سُلَيْمَانُ ثُم رَكِبَ ثُم أَفَاضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْبَيْتِ فَصَلى بِمَكةَ الظهْرَ ثُم أَتَى بَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ وَهُمْ يَسْقُونَ عَلَى زَمْزَمَ فَقَالَ انْزِعُوا بَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ فَلَوْلَا أَنْ يَغْلِبَكُمْ الناسُ عَلَى سِقَايَتِكُمْ لَنَزَعْتُ مَعَكُمْ فَنَاوَلُوهُ دَلْوًا فَشَرِبَ مِنْهُ.

3371 - جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ يېنىغا كىردۇق، ھەممىمىز كىرىپ بولغاندىن كېيىن، باشقىلاردىن ئەھۋال سوراپ، ماڭا كېلىپ توختىدى. مەن ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇپ:

— مەن مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن بولىمەن، - دېدىم. ئۇ قولى بىلەن بېشىمنى سىلىدى، ئاندىن كىيىمىمنىڭ ئۈستۈن تۈگمىسىنى، ئارقىدىنلا ئاستىن تۈگمىسىنى يەشكەندىن كېيىن، ئالقىنىنى كۆكسۈمگە قويدى. ئۇ چاغدا، مەن تېخى ياش يىگىت ئىدىم. ئۇ ماڭا:

— ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! خۇش كەپسەن. خالىغان نەرسەڭنى سورىغىن! — دېدى. مەن سورىماقچى بولغان مەسىلىلەرنى سورىدىم. ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيتتى. شۇ ئارىدا، ناماز ۋاقتى بولدى. ئۇ بىر دانە توقۇلما رەختنى ئۈستىگە ئارتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى. ئۇ رەخت كىچىك بولغاچقا، ئىككى تەرىپىنى مۈرىسىگە ئارتىپ تۇرسىمۇ، يەرگە چۈشۈپ كېتىپ تۇراتتى. يەكتەكى يېنىدىكى ئاسقىدا ئېسىقلىق تۇرۇقلۇق ئۇ نامازنى شۇ پېتى ئوقۇۋەردى. مەن ئۇنىڭدىن:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قانداق ھەج قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ، - دېدىم. ئۇ بارمىقى بىلەن

توققۇزنى سانىدى. ئاندىن كېيىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھىجرەتتىن كېيىن) توققۇز يىلغىچە ھەج قىلمىدى، ئونىنچى يىلى، ئۆزىنىڭ ھەجگە بارماقچى بولغانلىقىنى خەلققە ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىنسانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن مەدىنىگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەج پائالىيەتلىرىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىپ، ئۇ قانداق قىلسا شۇنداق ئادا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. زۇلھۇلەيفەگە يېتىپ بارغاندا، ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرىنى يەڭگىدى. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا قانداق قىلىشى توغرۇلۇق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ــ يۇيۇنۇپ، لاتا بىلەن چىڭ تاڭغىن، ئاندىن ئېھرام باغلىغىن! ــ دېدى. ئاندىن زۇلھۇلەيفەدىكى مەسجىدتە ناماز ئوقۇدى. ئاندىن (قەسۋا ئىسىملىك) تۆگىسىگە مىنىپ، بەيدا دېگەن جايغا كەلدى. قارىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدى ـ كەينى، ئوڭ ـ سولى ئادەمگە لىق تولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلاغلىق، بەزىلىرى پىيادە ئىدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا ئىدى. ئۇنىڭغا ئايەت نازىل بولۇپ تۇراتتى، ئۇ بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ياخشى بىلەتتى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئەمەل قىلاتتى، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشەتتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجگە نىيەت قىلىپ، تەۋھىد سۆزلىرى بىلەن مۇنداق تەلبىيە ئېيتتى:

«ھازىرمەن، ئى الله! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇيرۇقىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر. سېنىڭ بۇيرىقىڭغا ئاساسەن كەلدىم. بارلىق مەدھىيىلەر، نېمەتلەر ۋە بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ساڭا مەنسۇپ، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر».

بىزمۇ شۇنداق تەلبىيە ئېيتىپ، ئېھرام باغلىدۇق. بىزگە ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەي، ئۆز تەلبىيەسىنى داۋاملاشتۇردى. بىزنىڭ نىيىتىمىزدە ھەج قىلىشلا بار ئىدى، ئۆمرە قىلىش خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ بىز بەيتۇللاھقا يېتىپ باردۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىدى. ئاندىن ئۈچ قېتىم تېز قەدەملەر بىلەن، تۆت قېتىم نورمال مېڭىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. ئاندىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: (كىشىلەرگە) مەقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار) دېدۇق [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن ماقامى ئىبراھىمنى ئۆزى بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككى رەكئەت نامازدا ''سۈرە ئىخلاس'' بىلەن ''سۈرە كافىرۇن'' نى ئوقۇدى، ئاندىن بەيتۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىدى، ئاندىن ھەرام مەسجىدنىڭ سەفا دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇل سەفاغا قاراپ ماڭدى. سەفاغا يېقىنلاشقاندا: سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اﷲنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى ۋە: «اﷲ باشلىغان يەردىن باشلايمىز» دەپ، سەئيىنى سەفادىن باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفانىڭ ئۈستىگە چىقىپ بەيتۇللاھنى كۆرۈپ تەكبىر ئېيتتى ۋە اﷲنىڭ بار ۋە بىرلىكىنى جاكارلاپ:

«يالغۇز بىر اﷲتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. اﷲنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق پەقەت اﷲقىلا خاستۇر، بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر پەقەت اﷲقىلا مەنسۇپتۇر. اﷲ تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچىدۇر، ھەر نەرسىگە قادىردۇر، يالغۇز بىر اﷲتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. اﷲ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە) ياردەم قىلدى، ئۆزى يالغۇز ئىتتىپاقداش قوشۇننى مەغلۇب

[1] سۈرە بەقەرە، 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە، 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىدى» دېدى، ئاندىن دۇئا قىلدى. بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ، ھەر قېتىمدا دۇئا قىلدى. ئاندىن مەرۋەگە قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى ۋە تۈزلۈككە چۈشكەندە يۈگۈردى. تۈزلۈكتىن مەرۋەگە سالماق قەدەملەر بىلەن چىقتى. سەفادا نېمە قىلغان بولسا، مەرۋەدىمۇ شۇنى قىلدى. تاۋاپنى مەرۋەدە ئاخىرلاشتۇرۇپ:

«ئەگەر بالدۇرراق ئويلاشقان بولسام، قۇربانلىق ئېلىپ كەلمەي، ئەلۋەتتە، ھەج نىيىتىنى ئۆمرەگە ئۆزگەرتكەن بولاتتىم. كىم قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ھەج نىيىتىنى ئۆمرەگە ئۆزگەرتىپ ئېھرامدىن چىقسۇن!» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەنلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى چېچىنى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقتى. سۇراقە ئىبنى جۇئشۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ يىللا مۇشۇنداق قىلامدۇق ياكى ئەبەدىي مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرامدۇق؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ:

ـ ئۆمرە بىلەن ھەج بىر ـ بىرىگە مۇشۇنداق گىرەلىشىپ كەتتى. بۇ يىللا ئەمەس، بەلكى داۋاملىق مۇشۇنداق بولىدۇ، بۇ يىللا ئەمەس، بەلكى داۋاملىق مۇشۇنداق بولىدۇ، ـ دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىلىرىنى ئېلىپ كەلگەندى. ئۇ، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېھرامدىن چىقىپ، رەڭلىك كىيىم كىيگەن ۋە سۈرمە تارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلانغان ھالدا:

ـ كىم سېنى بۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى؟ ـ دەپ سورىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ دادام بۇيرىدى، ـ دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (كېيىن) ئىراقتىكى ۋاقتىدا مۇنداق دېگەنىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىمۇ فاتىمەنىڭ

قىلغانلىرىنى ئەيىپلەشكە ئۈندەش ۋە بۇ ھەقتە پەتىۋا سوراش ئۈچۈن دەرھال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئەھۋالنى ئېيتىپ:

ــ مەن ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قوبۇل قىلالمىدىم، ئۇ:

ــ دادام مېنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى، ـ دەۋاتىدۇ، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇ راست ئېيتىپتۇ، راست ئېيتىپتۇ. سەن ھەجگە نىيەت قىلغاندا، نېمە دېدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ئى الله! مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشاش نىيەت قىلدىم، ـ دېگەنىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق بولسا، مەندە قۇربانلىق قىلىدىغان مال بار، شۇڭا سەن ئېھرامدىن چىقمىغىن! ـ دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىق بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىن ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىقنىڭ سانى يۈزگە يېتەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەنلەردىن باشقىلار چېچىنى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقتى. ئېھرامدىن چىققانلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى قايتىدىن ھەجگە ئېھرام باغلاپ، باشقىلار بىلەن بىرگە مىناغا قاراپ يولغا چىقتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ تۆگىسىگە مىنىپ يولغا چىقتى. مىنادا پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن نامىزى ۋە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن كۈن چىققۇچە كۈتۈپ تۇردى. بۇيرۇقىغا بىنائەن، چۈپۈردىن توقۇلغان چېدىرى (ئەرەفاتنىڭ) نەمىرە دېگەن يېرىگە ئاپىرىلىپ قۇرۇلدى.

ئاندىن ئەرەفاتقا قاراپ يولغا چىقتى. قۇرەيشلەر خۇددى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆزلىرى قىلغاندەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىمۇ مۇزدەلىفەدىكى مەشئەرىلھەرامدا[1] توختىيدۇ دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەردە توختىماي، ئۇدۇل ئەرەفاتقا يېتىپ باردى ۋە نەمىرەگە قۇرۇلغان چېدىرىگە چۈشتى. كۈن ئېگىلگەندە، (قەسۋا) ناملىق تۆگىسىنى جابدۇشقا بۇيرىدى. ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«بىر ـ بىرىڭلارنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا چېقىلىش، خۇددى مۇشۇ كۈننىڭ، مۇشۇ ئاينىڭ ۋە مۇشۇ يۇرتنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغانغا ئوخشاشلا ھارام قىلىندى. جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. ئى خالايىق! جاھىلىيەت دەۋرىدىكى خۇن دەۋاسىنىڭ ھەممىسى ئىناۋەتسىز. مەن ئالدى بىلەن جەمەتىمىزدىن رەبىئە ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمەتتەلىبنىڭ خۇن دەۋاسىنى ئىناۋەتسىز قىلدىم (ئۇ، بەنى سەئد قەبىلىسىگە ئىنىكئانىغا بېرىلگەن بولۇپ، ھۇزەيل قەبىلىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى).

بىلىڭلاركى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى جازانىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەن ئالدى بىلەن جەمەتىمىزدىن ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ جازانىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم، ئۇنىڭ بارلىق جازانىسى ئىناۋەتسىز قىلىندى.

ئى خالايىق! ئاياللارغا مۇئامىلە قىلىشتا اللهنى كۆز ئالدىڭلارغا ئەكىلىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىڭلار! ئۇلار اللهنىڭ سىلەرگە بېرىلگەن ئامانەتلىرى، ئۇلارنى اللهنىڭ كەلىمىسى بىلەن ئۆزەڭلارغا ھالال جۈپت قىلدىڭلار، ئاياللىرىڭلارنىڭ زىممىسىدە سىلەرنىڭ (ئۇلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك) ھەققىڭلار بار. سىلەرنىڭ ھەققىڭلار شۇكى، ئاياللىرىڭلار ئۆيۈڭلارغا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنى دەسسەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلىپ سالسا، ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. سىلەرنىڭ زىممەڭلەردىمۇ

[1] مەشئەرىلھەرام ـ مۇزدەلىفەدىكى قۇزەھ ناملىق بىر تاغقا بېرىلگەن نام. پۈتۈن مۇزدەلىفە رايونى مەشئەرىلھەرام دەپ ئاتىلىدۇ، دېگۈچىلەرمۇ بار.

ئۇلارنىڭ (سىلەر رىئايە قىلىشقا تىگىشلىك) ھەققى بار. ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى بولسا، ئۇلارنى چىرايلىق رەۋىشتە ئاش ـ نان، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەشتۇر. مەن سىلەرگە اللهنىڭ كىتابىنى قويۇپ كېتىمەن. ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلساڭلار، ھەرگىزمۇ ئېزىپ كەتمەيسىلەر. سىلەردىن مەن توغرۇلۇق سورىلىدۇ، شۇ چاغدا نېمە دەيسىلەر؟» كىشىلەر:

— بىز گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن بىزگە تەبلىغ قىلدىڭ، ۋەزىپەڭنى تولۇق ئادا قىلدىڭ، بىزگە نەسىھەت بەردىڭ، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى بىر ئاسمانغا، بىر كىشىلەرگە قارىتىپ تۇرۇپ:

«ئى الله، گۇۋاھ بول! ئى الله، گۇۋاھ بول! ئى الله، گۇۋاھ بول!» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

ئاندىن كېيىن، بىلال ئەزان ئوقۇپ، تەكبىر ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە ئىمام بولۇپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. پېشىندىن كېيىن، بىلال يەنە تەكبىر ئېيتتى، ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى. ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ، مەۋقىفكە (تۇرۇش مەيدانىغا) كەلدى ۋە تۆگىسىنىڭ بېقىنىنى يوغان قۇرام تاشقا يېقىن ئەكىلىپ، كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ، قىبلىگە يۈزلەندى ۋە كۈن پاتقىچە شۇ يەردە تۇردى. ئۇنىدىن كېيىن، ئۇسامەنى كەينىگە مىندۈرۈپ (مۇزدەلىفەگە قاراپ) يولغا چىقتى، تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۆگىنىڭ بېشى ئىگەرنىڭ ئاستىدىكى تېرىگە تېگىپ كېتەي دەپ قالغىچىلىك دەرىجىدە چىڭ تارتىپ ئاستىلىتىپ، ئوڭ قولى بىلەن كىشىلەرگە: «جامائەت ئاستىراق! جامائەت ئاستىراق!» دەپ ئىشارەت قىلاتتى. ھەر قۇم دۆۋىسىگە كەلگەندە، تاكى تۆزلەڭلىككە چىققۇچە تىزگىنىنى سەل قويۇپ بېرەتتى. نىھايەت، مۇزدەلىفەگە يېتىپ كەلدى ۋە ناماز شام بىلەن ناماز خۇپتەننى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن جەمئى قىلىپ ئوقۇپ بەردى. ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر ناماز ئوقۇمىدى.

ئاندىن تاڭ ئاتقىچە يېتىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن تۆگىگە مىنىپ، مەشئەرىلھەرامغا باردى ۋە ئۇستىگە چىقىپ، الله تائالاغا ھەمدۇسانا، تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتىپ، اللهنىڭ بىر ۋە بىر ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ: "**الحَمْد لِلهِ وَالله أكْبر لا إله إلا الله وَحْده لا شَـرِيك لَهُ**" دەپ تاكى تاڭ خېلى سۈزۈلگىچە شۇ يەردە تۇردى. ئاندىن فەزل ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كەينىگە مىندۈرۈپ، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن مىناغا قاراپ ئاتلاندى. فەزل ئىبنى ئابباس چاچلىرى چىرايلىق، تېنى ئاق، كېلىشكەن بىرى ئىدى. يولدا يۈگۈرەپ كېتىۋاتقان ئاياللار ئۇچرىغانىدى، فەزل ئۇلارغا قاراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى توسىۋالغانىدى، ئۇ يۈزىنى يەنە بىر تەرەپكە بۇراپ، ئۇ تەرەپتىن قاراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئۇ تەرەپكە يۆتكىسە، ئۇ يۈزىنى يەنە بىر تەرەپكە يۆتكەيتتى. نىھايەت، ئۇلار مۇھەسسىر دېگەن جايغا يېتىپ باردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىنى تېزلىتىپ، چوڭ شەيتانغا بارىدىغان ئوتتۇرا يولغا كىردى ۋە دەرەخ ئاستىدىكى چوڭ شەيتاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ۋادىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇششاق تاشلاردىن يەتتە تاش ئاتتى. ھەر ئاتقاندا تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن قۇربانلىق قىلىنىدىغان يەرگە بېرىپ، ئۆز قولى بىلەن 63 تۇياق تۆگە بوغۇزلىدى.

ئاندىن پىچاقنى ئەلىگە بەردى. قالغىنىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بوغۇزلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقىغا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شېرىك قىلغانىدى. ئاندىن ھەر بىر قۇربانلىقتىن بىر پارچە گۆشنى قازانغا سېلىپ پىشۇردى ۋە گۆشنى يەپ، شورپىسىنى ئىچتى.

ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ، بەيتۇللاھقا قايتىپ تاۋاپ قىلدى، مەككىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. ئابدۇلمۇتتەلىب قەبىلىسىدىكىلەر زەمزەم سۈيىگە مەسئۇل بولۇپ، قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، ھاجىلارغا بېرەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتى! زەمزەم تارتىڭلار. ئەگەر باشقىلارنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىۋېلىپ،

قىستاڭچىلىق چىقىرىشىدىن قورقمىغان بولسام، ئەلۋەتتە، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە زەمزەم تارتاتتىم» دېدى. ئۇلار بىر سوغا سۇ تارتىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇنغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆنىڭدىن قانغىچە ئىچتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1905)

3372 – وزاد في الحديث: وَكَانَتْ الْعَرَبُ يَدْفَعُ بِهِمْ أَبُو سَيَّارَةَ عَلَى حِمَارٍ عُرْيٍ فَلَمَّا أَجَازَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ الْمُزْدَلِفَةِ بِالْمَشْعَرِ الْحَرَامِ لَمْ تَشُكَّ قُرَيْشٌ أَنَّهُ سَيَقْتَصِرُ عَلَيْهِ.

3372 ـ يەنە بىر ھەدىستە مۇنۇلار قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەبۇ سەييارە ياۋىداق ئېشەككە مىنىۋېلىپ ئەرەبلەرنى ھەيدەپ ماڭاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىفەدىكى مەشئەرىلھەرامغا كەلگەندە، قۇرەيشلىكلەر ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمىغانىدى. بىراق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەردە توختىماي، ئەرەفاتقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

(مۇسلىم: 1218)

3373 - وزاد في الحديث: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ نَحَرْتُ هَاهُنَا وَمِنًى كُلُّهَا مَنْحَرٌ فَانْحَرُوا فِي رِحَالِكُمْ وَوَقَفْتُ هَاهُنَا وَعَرَفَةُ كُلُّهَا مَوْقِفٌ وَوَقَفْتُ هَاهُنَا وَجَمْعٌ كُلُّهَا مَوْقِفٌ.

3373 ـ يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «مەن (قۇربانلىق) مالنى بۇ يەردە بوغۇزلىدىم، ئەمما مىنانىڭ ھەممە يېرىدە قۇربانلىق بوغۇزلاشقا بولىدۇ، چۈشكەن يېرىڭلاردا ۋە چېدىرىڭلاردا بوغۇزلىساڭلارمۇ بولىدۇ. مەن بۇ يەردە تۇردۇم (ئەرەفاتتا تۇرغان يېرىنى دېمەكچى)، ئەمما ئەرەفاتنىڭ ھەممە يېرىدە تۇرۇشقا بولىدۇ. مەن بۇ يەردە تۇردۇم (مۇزدەلىفەدە تۇرغان يېرىنى دېمەكچى)،

[1] ئەلبانى (1676): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەمما مۇزدەلىفەنىڭ ھەممە يېرىدە تۇرۇشقا بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1218)

## تاۋاپ

3374 - وعَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ مَكةَ وَقَدْ وَهَنَتْهُمْ حُمى يَثْرِبَ قَالَ الْمُشْرِكُونَ إِنهُ يَقْدَمُ عَلَيْكُمْ غَدًا قَوْمٌ قَدْ وَهَنَتْهُمْ الْحُمى وَلَقُوا مِنْهَا شِدةً فَجَلَسُوا مِما يَلِي الْحِجْرَ وَأَمَرَهُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَرْمُلُوا ثَلَاثَةَ أَشْوَاطٍ وَيَمْشُوا مَا بَيْنَ الركْنَيْنِ لِيَرَى الْمُشْرِكُونَ جَلَدَهُمْ فَقَالَ الْمُشْرِكُونَ هَؤُلَاءِ الذِينَ زَعَمْتُمْ أَن الْحُمى قَدْ وَهَنَتْهُمْ هَؤُلَاءِ أَجْلَدُ مِنْ كَذَا وَكَذَا قَالَ ابْنُ عَباسٍ وَلَمْ يَمْنَعْهُ أَنْ يَأْمُرَهُمْ أَنْ يَرْمُلُوا الْأَشْوَاطَ كُلهَا إِلا الْإِبْقَاءُ عَلَيْهِمْ.

3374 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەككىگە كەلدى. مەدىنىنىڭ مۇھىتى ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. مۇشرىكلار:

ـ ئەتە بۇ يەرگە مەدىنىنىڭ قاتتىق ئىسسىقى تۇپەيلىدىن تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن بىر قەۋم كېلىدۇ، ـ دېيىشتى. مۇشرىكلار (مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىنى كۆرۈش ئۈچۈن) ھىجرغا[1] يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرۇشاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئاۋۋالقى ئۈچ تاۋاپتا يۈگۈرۈشكە بۇيرىدى. بۇنى كۆرگەن مۇشرىكلەر ئىختىيارسىز ھالدا:

ـــ قاتتىق ئىسسىقتا تېنى ئاجىزلاپ كەتتى دەپ ئويلىغان

---

[1] ھىجر ــ كەئبىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يېرىم چەمبەر شەكىللىك پاكار تامنىڭ نامى بولۇپ، بۇ تامنىڭ بەزى قىسمى ئەسلىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تۇنجى قېتىم سالغان كەئبىنىڭ ئۇل تېمى ئىدى. كېيىن قۇرەيش خەلقى كەئبىنى يېڭىلاپ سالغان ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي سەۋەب تۇپەيلىدىن كىچىكلىتىپ سالغاچقا، بۇ تام كەئبىنىڭ سىرتىدا قېلىپ قالغان.

كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ بۇلار ئارىمىزدىكى پالانچى ـ پالانچىلاردىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنغۇ؟ ـ دېيىشتى.

ئىبنى ئابباس يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنىڭ كۈچىدىن قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، تاۋاپنىڭ ھەممىسىدە تېز مېڭىشقا بۇيرىمىغان.

(مۇسلىم: 1266)

3375 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اضْطَبَعَ فَاسْتَلَمَ وَكَبرَ ثُم رَمَلَ ثَلَاثَةَ أَطْوَافٍ وَكَانُوا إِذَا بَلَغُوا الركْنَ الْيَمَانِيَ وَتَغَيبُوا مِنْ قُرَيْشٍ مَشَوْا ثُم يَطْلُعُونَ عَلَيْهِمْ يَرْمُلُونَ تَقُولُ قُرَيْشٌ كَأَنهُمْ الْغِزْلَانُ قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَكَانَتْ سُنةً.

3375 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھرامىنى ئوڭ قولتۇقىدىن چىقىرىپ، سول مۈرىسىگە ئارتىۋالغانىدى. ئۇ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىدى، تەكبىر ئېيتتى ۋە ئالدىنقى ئۈچ تاۋاپتا يۈگۈردى. ئۇلار رۈكنىل يەمانىگە كەلگەندە ئاستا ماڭاتتى، چۈنكى ئۇ يەردە قۇرەيشلەرگە كۆرۈنمەيتتى. قۇرەيشلەرگە كۆرۈنەي دېگەندە يەنە يۈگۈرەيتتى. بۇنى كۆرگەن قۇرەيشلەر: بۇلار كېيىكتەك تېز يۈگۈرىدىكەن، ـ دېيىشتى. شۇندىن ئېتىبارەن، تاۋاپنىڭ بۇ شەكلى سۈننەت بولدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1889)

3376 - عَنْ أَبِي الطفَيْلِ قَالَ قُلْتُ لِابْنِ عَباسٍ يَزْعُمُ قَوْمُكَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ رَمَلَ بِالْبَيْتِ وَأَن ذَلِكَ سُنةٌ قَالَ صَدَقُوا وَكَذَبُوا قُلْتُ وَمَا صَدَقُوا وَمَا كَذَبُوا قَالَ صَدَقُوا قَدْ رَمَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَذَبُوا لَيْسَ بِسُنةٍ إِن قُرَيْشًا قَالَتْ زَمَنَ الْحُدَيْبِيَةِ دَعُوا مُحَمدًا وَأَصْحَابَهُ حَتى يَمُوتُوا مَوْتَ النغَفِ فَلَما صَالَحُوهُ عَلَى أَنْ يَجِيئُوا مِنْ الْعَامِ الْمُقْبِلِ فَيُقِيمُوا بِمَكةَ ثَلَاثَةَ أَيامٍ فَقَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

[1] ئەلبانى (1663): سەھىھ ـ دېگەن.

وَالْمُشْرِكُونَ مِنْ قِبَلِ قُعَيْقِعَانَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِهِ ارْمُلُوا بِالْبَيْتِ ثَلَاثًا وَلَيْسَ بِسُنةٍ قُلْتُ يَزْعُمُ قَوْمُكَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَافَ بَيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ عَلَى بَعِيرِهِ وَأَن ذَلِكَ سُنةٌ فَقَالَ صَدَقُوا وَكَذَبُوا قُلْتُ مَا صَدَقُوا وَمَا كَذَبُوا قَالَ صَدَقُوا قَدْ طَافَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ عَلَى بَعِيرِهِ وَكَذَبُوا لَيْسَ بِسُنةٍ كَانَ الناسُ لَا يُدْفَعُونَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا يُصْرَفُونَ عَنْهُ فَطَافَ عَلَى بَعِيرٍ لِيَسْمَعُوا كَلَامَهُ وَلِيَرَوْا مَكَانَهُ وَلَا تَنَالُهُ أَيْدِيهِمْ.

3376 ـ ئەبۇ تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـ قەۋمىڭ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندا يۈگۈرگەن، شۇڭا شۇنداق قىلىش سۈننەتتۇر دەيدىغۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئۇلار ھەم راست ھەم يالغان سۆز قىپتۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ نېمىنى راست، نېمىنى يالغان دەپتۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈگۈرگەنلىكى راست، ئەمما ئۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى يالغان. ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان ۋاقىتتا، قۇرەيش مۇشرىكلىرى: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئۇلار (كالا ـ قويلارنىڭ بۇرنىدىن چۇشىدىغان) قۇرتتەك (ئاجىزلىشىپ) ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشلەر بىلەن كېيىنكى يىلى ئۆمرە قىلىشقا ۋە مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇشقا سۈلھى تۈزگەندى. كېيىنكى يىلى، كېلىشىم بويىچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، مۇشرىكلار قۇئەيقىئان تېغى تەرەپتە (مۇسۇلمانلارغا قاراپ) تۇرۇشقان ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن) ساھابىلەرنى ئاۋۋالقى ئۈچ تاۋاپتا يۈگۈرۈشكە بۇيرىدى. شۇڭا ئۇ سۈننەت ئەمەس، ـ دېدى. مەن:

ـ قەۋمىڭ يەنە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەفا

بىلەن مەرۋەنى تۆگىلىك تاۋاپ قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىۋاتىدۇ، ـ دېدىم.

ــ ئۇلار ھەم راست ھەم يالغان سۆز قىپتۇ، ـ دېدى. مەن:

ـــ نېمىنى راست، نېمىنى يالغان دەپتۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىنى تۆگىلىك تاۋاپ قىلغانلىقى راست، ئەمما ئۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى يالغان. ھاجىلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېپىشىپ ماڭاتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا سۆزىنى ئاڭلىتىش، ئۆزىنىڭ تۇرغان ئورنىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سۈنۈپ بىئارام قىلماسلىقى ئۈچۈن تۆگە بىلەن تاۋاپ قىلغان ئىدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1885)

3377 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَمَلَ الثلَاثَةَ أطْوَافٍ مِنْ الْحَجَرِ إِلى الْحَجَرِ.

3377 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجەر ئەسۋەدتىن باشلاپ، يەنە شۇ يەرگىچە بولغان تاۋاپنىڭ ئالدىنقى ئۈچىنى يۈگۈرۈپ ئادا قىلدى.

(مۇسلىم: 1263)

3378 ـ عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ إِذَا أَحْرَمَ مِنْ مَكةَ لَمْ يَطُفْ بِالْبَيْتِ وَلَا بَيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ حَتى يَرْجِعَ مِنْ مِنًى وَكَانَ لَا يَرْمُلُ إِذَا طَافَ حَوْلَ الْبَيْتِ إِذَا أَحْرَمَ مِنْ مَكةَ.

3378 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەككىدىن ئېھرام باغلىسا، تاكى مىنادىن قايتقىچە

[1] ئەلبانى (1660): سەھىھ ـ دېگەن.

بەيتۇللاھ ۋە سەفا بىلەن مەرۋەنى تاۋاپ قىلمايتتى. مەككىدىن ئېھرام باغلىسا، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندىمۇ يۈگۈرمەيتتى.
(مالىك: 820)

3379 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَرْمُلْ فِي السبْعِ الذِي أَفَاضَ فِيهِ.

3379 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادىن قايتقاندا قىلىدىغان يەتتە تاۋاپىنىڭ ھېچبىرىدە يۈگۈرمىگەن[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 2001)

3380 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ يَقُولُ فِيمَ الرمَلَانُ الْيَوْمَ وَالْكَشْفُ عَنْ الْمَنَاكِبِ وَقَدْ أطأَ اللهُ الْإِسْلَامَ وَنَفَى الْكُفْرَ وَأَهْلَهُ مَعَ ذَلِكَ لَا نَدَعُ شَيْئًا كُنا نَفْعَلُهُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3380 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم دادىسىدىن ئۆمەر ئىبنى خاتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئىسلام دىنىنى مۇستەھكەم قىلىپ، كۇپرى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى يوقاتقان بولسىمۇ، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا قىلغان بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندا يۈگۈرۈش ۋە مۈرىنى ئېچىش (يەنى ئېھرامنى ئوڭ قولتۇقىدىن چىقىرىپ، سول مۈرىسىگە ئارتىش) قاتارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىنى تەرك ئەتمەيمىز[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 1887)

3381 - عَنْ يَعْلَى قَالَ طَافَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُضْطَبِعًا بِبُرْدٍ أَخْضَرَ.

3381 ـ يەئلا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېشىل تونىنىڭ بىر ئۇچىنى ئوڭ قولتۇقىدىن چىقىرىپ،

[1] ئەلبانى (1762): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1662): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

سول مۈرىسىگە ئارتىۋالغان ھالدا تاۋاپ قىلغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1883)

3382 - عَنْ عُبَيْدِ بْنِ جُرَيْجٍ أَنَّهُ قَالَ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا رَأَيْتُكَ تَصْنَعُ أَرْبَعًا لَمْ أَرَ أَحَدًا مِنْ أَصْحَابِكَ يَصْنَعُهَا قَالَ مَا هِيَ يَا ابْنَ جُرَيْجٍ قَالَ رَأَيْتُكَ لَا تَمَس مِنْ الْأَرْكَانِ إِلا الْيَمَانِيَيْنِ وَرَأَيْتُكَ تَلْبَسُ النِّعَالَ السِّبْتِيَةَ وَرَأَيْتُكَ تَصْبُغُ بِالصُّفْرَةِ وَرَأَيْتُكَ إِذَا كُنْتَ بِمَكَّةَ أَهَلَ النَّاسُ إِذَا رَأَوْا الْهِلَالَ وَلَمْ تُهِلَّ أَنْتَ حَتَّى كَانَ يَوْمُ التَّرْوِيَةِ فَقَالَ لَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ أَمَّا الْأَرْكَانُ فَإِنِّي لَمْ أَرَ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَمَس إِلا الْيَمَانِيَيْنِ وَأَمَّا النِّعَالُ السِّبْتِيَةُ فَإِنِّي رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَلْبَسُ النِّعَالَ الَّتِي لَيْسَ فِيهَا شَعَرٌ وَيَتَوَضَّأُ فِيهَا فَأَنَا أُحِبُّ أَنْ أَلْبَسَهَا وَأَمَّا الصُّفْرَةُ فَإِنِّي رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصْبُغُ بِهَا فَأَنَا أُحِبُّ أَنْ أَصْبُغَ بِهَا وَأَمَّا الْإِهْلَالُ فَإِنِّي لَمْ أَرَ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُهِلُّ حَتَّى تَنْبَعِثَ بِهِ رَاحِلَتُهُ

3382 ـ ئۇبەيد ئىبنى جۇرەيج ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ــــ ھەمراھلىرىڭدىن ھېچبىرى قىلمىغان تۆت ئىشنى قىلغانلىقىڭنى كۆردۈم، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــــ ئى ئىبنى جۇرەيج! قايسى ئىشلارنى دەيسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى جۇرەيج:

ــــ سېنىڭ (بەيتۇللاھنىڭ) ئىككى رۇكنۇليەماندىن باشقا رۇكنلىرىنى سىلىمىغانلىقىڭنى، خۇرۇم كەش كىيگەنلىكىڭنى، چېچىڭنى سارغۇچ رەڭدە بويىغانلىقىڭنى ۋە مەككىدىكى ۋاقتىڭدا ئاي كۆرۈلسە، باشقىلار ئېھرام باغلىسىمۇ، سېنىڭ زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى كەلمىگىچە ئېھرام باغلىمىغانلىقىڭنى كۆردۈم، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

[1] ئەلبانى (1658): ھەسەن، ـ دېگەن.

ـــ مەن پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ ئىككــى رۇكنۇلىيەمانىــدىن باشقا رۇكنىنــى سىلىغانلىقىنى كۆرمىــدىم، شۇڭا مەنمــۇ شــۇنداق قىلــدىم. ئانــدىن پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەمنىڭ يۇڭى يوق تېرىدىن تىكىلگەن كەشنى كىيىــپ تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەنىــدىم، شۇڭا مەنمۇ ئاشۇنداق كەشنى كىيىشنى ياخشى كۆرىمەن. مەن يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنــى ســارغۇچ رەڭــدە بويىغــانلىقىنى كۆرگەنىــدىم، شــۇڭا مەنمــۇ شــۇنداق بوياشــنى ياخشــى كــۆردىم. ئايغــا كەلســەك، مەن پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زۇلھەججە ئېيىنىــڭ سەككىزىنچى كۈنىــدىن ئىلگىــرى ئېھــرام باغلىغــانلىقىنى كۆرمىــدىم، شــۇڭا مەنمۇ شۇنداق قىلدىم.

(بۇخارى: 5851)

3383 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ طُفْتُ مَعَ عَبْدِ اللهِ فَلَما جِئْنَا دُبُرَ الْكَعْبَةِ قُلْتُ أَلَا تَتَعَوذُ قَالَ نَعُوذُ بِاللهِ مِنْ النارِ ثُم مَضَى حَتى اسْتَلَمَ الْحَجَرَ وَأَقَامَ بَيْنَ الركْنِ وَالْبَابِ فَوَضَعَ صَدْرَهُ وَوَجْهَهُ وَذِرَاعَيْهِ وَكَفيْهِ هَكَذَا وَبَسَطَهُمَا بَسْطًا ثُم قَالَ هَكَذَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَفْعَلُهُ.

3383 ـ ئەمــر ئىبنــى شــۇئەيب دادىســىنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدىم. كەئبىنىڭ كەينىگە كەلگىنىمىزدە:

ـ ﷲتىن پاناھلىق تىلىمەمسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـــ ﷲ تائالاغــا ســېغىنىپ، ئــوتتىن پانــاھ تىلەيمەن، ـ دېدى ۋە ئــۇ يەردىن ئۆتۈپ، ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىدى. ئاندىن كەئبە ئىشىكى بىلەن ھەجەر ئەســۋەدنىڭ ئارىلىقىــدا تــۇرۇپ، مەيدىســىنى، يــۈزىنى، ئىككــى بىلىكىنى ۋە ئىككى ئالقىنىنى يېيىپ كەبىگە چاپلىدى. ئاندىن:

ـــ پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ مۇشــۇنداق

قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1899)

3384 ـ عَنْ أَبِي الطفَيْلِ قَالَ كُنتُ مَعَ ٱبْنِ عَباسٍ وَمُعَاوِيَةُ لَا يَمُر بِرُكْنٍ إِلا اسْتَلَمَهُ فَقَالَ لَهُ ٱبْنُ عَباسٍ إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَكُنْ يَسْتَلِمُ إِلا الْحَجَرَ الْأَسْوَدَ وَالركْنَ الْيَمَانِيَ فَقَالَ مُعَاوِيَةُ لَيْسَ شَيْءٌ مِنْ الْبَيْتِ مَهْجُورًا.

3384 ـ ئەبۇ تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن بىرگە ئىدىم، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇكنىلارنىڭ ھەممىسىنى سىلاپ ئۆتتى. بۇنى كۆرگەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجەر ئەسۋەد ۋە رۇكنىليەمانىدىن باشقىسىنى سىلىمايتتى، ـ دېگەنىدى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ بەيتۇللاھنىڭ تاشلىنىپ قالىدىغان ھېچ نەرسىسى يوق، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 858)

3385 - ولأحمد برجال الصحيح ž هذا اﻟﺤديث أن المستلم لأربعة والقائل ليس شئ من البيت مهجورا ابن عباس، وأن شعبة قال: الناس ﳜتلفون ž هذا اﻟﺤديث.

3385 ـ ئىمام ئەھمەدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ راۋىيلىرىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ دەل ئەكسىچە، تۆت رۇكنىنىڭ ھەممىسىنى سىلىغان ۋە: "بەيتۇللاھنىڭ تاشلىنىپ قالىدىغان ھېچ نەرسىسى يوق" دېگەن كىشىنىڭ ئىبنى ئابباس ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

شۇئبە: كىشىلەر بۇ ھەدىس ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشقان، ـ

[1] ئەلبانى (412): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (681): سەھىھ ـ دېگەن.

دېدى[1].

3386 - عَنْ حَنْظَلَةَ قَالَ رَأَيْتُ طَاوُسًا يَمُرُّ بِالرُّكْنِ فَإِنْ وَجَدَ عَلَيْهِ زِحَامًا مَرَّ وَلَمْ يُزَاحِمْ وَإِنْ رَآهُ خَالِيًا قَبَّلَهُ ثَلَاثًا ثُمَّ قَالَ رَأَيْتُ ابْنَ عَبَّاسٍ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ وَقَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ رَأَيْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ ثُمَّ قَالَ إِنَّكَ حَجَرٌ لَا تَنْفَعُ وَلَا تَضُرُّ وَلَوْلَا أَنِّي رَأَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَبَّلَكَ مَا قَبَّلْتُكَ ثُمَّ قَالَ عُمَرُ رَأَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ.

3386 ـ ھەنزەلە مۇنداق دەيدۇ: مەن تاۋۇسنىڭ (بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ) ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قانداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئەتراپ قىستاڭچىلىق بولسا، باشقىلار بىلەن قىستاشماي (يىراقتىنلا ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى)، ئەتراپ خالىي بولسا، بېرىپ ئۈچ قېتىم سۆيەتتى. تاۋاپتىن كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى:

ــــ مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ:

ــ سەن بىرگە ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بىر تاشسەن، ئەگەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، ھەرگىزمۇ سۆيمەيتتىم. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېگەن[2].

(نەسائى: 2938)

3387 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنَّهُ أُخْبِرَ بِقَوْلِ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا إِنَّ الْحِجْرَ بَعْضُهُ مِنْ

---

[1] ھەيسەمى (5474): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (191): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

الْبَيْتِ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ وَاللهِ إِني لَأَظُن عَائِشَةَ إِنْ كَانَتْ سَمِعَتْ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَأَظُن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَتْرُكْ اسْتِلَامَهُمَا إِلا أَنهُمَا لَيْسَا عَلَى قَوَاعِدِ الْبَيْتِ وَلَا طَافَ الناسُ وَرَاءَ الْحِجْرِ إِلا لِذَلِكَ.

3387 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ:

ـــ ھىجرنىڭ بەزى قىسمى بەيتۇللاھنىڭ بىر پارچىسىدۇر، ـ دېگەنلىكى يەتكۈزۈلۈۋىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـــ مېنىڭ ئويلىشىمچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۆزنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان، بەيتۇللاھنىڭ ھىجر تەرەپتىكى ئىككى بۇرجىكى ئەسلى ئۇل تېمىدىن بولمىغاچقا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى سىلاشنى تەرك ئەتكەن. كىشىلەرنىڭمۇ ھىجرنىڭ ئارقىسىدىن تاۋاپ قىلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1875)

3388 - عَنْ عُبَيْدِ بْنِ عُمَيْرٍ أَن ابْنَ عُمَرَ كَانَ يُزَاحِمُ عَلَى الركْنَيْنِ زِحَامًا مَا رَأَيْتُ أَحَدًا مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَفْعَلُهُ فَقُلْتُ يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ إِنكَ تُزَاحِمُ عَلَى الركْنَيْنِ زِحَامًا مَا رَأَيْتُ أَحَدًا مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُزَاحِمُ عَلَيْهِ فَقَالَ إِنْ أَفْعَلْ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن مَسْحَهُمَا كَفارَةٌ لِلْخَطَايَا وَسَمِعْتُهُ يَقُولُ مَنْ طَافَ بِهَذَا الْبَيْتِ أُسْبُوعًا فَأَحْصَاهُ كَانَ كَعِتْقِ رَقَبَةٍ وَسَمِعْتُهُ يَقُولُ لَا يَضَعُ قَدَمًا وَلَا يَرْفَعُ أُخْرَى إِلا حَط اللهُ عَنْهُ خَطِيئَةً وَكَتَبَ لَهُ بِهَا حَسَنَةً.

3388 ـ ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كىشىلەر بىلەن قىستىشىپ تۇرۇپ بولسىمۇ ئىككى رۇكنىنى (يەنى رۇكنىليەمانى بىلەن ھەجەر ئەسۋەدنى) سىلايتتى. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

[1] ئەلبانى (1651): سەھىھ ـ دېگەن.

ساھابىلىرىدىن ھېچبىرىنىڭ ئۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرمىگەنىدىم. شۇنىڭ بىلەن:

ـ ئى ئابدۇللاھ! سەن كىشىلەر بىلەن قىستىشىپ تۇرۇپ بولسىمۇ ئىككى رۇكىنىنى سىلاشنى تەرك ئەتمەيدىكەنسەن، لېكىن مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ھېچبىرىنىڭ ئۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ـ دېسەم، ئۇ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىككى رۇكىنىنى سىلاش گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ، كىمكى بەيتۇللاھنى ھەپتىدە بىر تاۋاپ قىلسا، بىر قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. باسقان ھەر بىر قەدەم ئۈچۈن، الله تائالا بىر گۇناھنى ئۆچۈرۈپ، بىر ياخشىلىق يازىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 959)

3389 - عن ابن عوف: سمعت رجلا يقول: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لعمر: يا أبا حفص إنك فيك فضل قوة فلا تؤذ الضعيف إذا رأيت الركن خلوا فاستلم وإلا كبر وامض، قال: سمعت عمر يقول لرجل: لاتؤذ الناس بفضل قوتك.

3389 ـ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: مەن بىر ئادەمدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

«ئى ئەبۇ ھەفس! سەن ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئادەمسەن، ئاجىزلارغا ئەزىيەت بەرمىگىن. ئەگەر ھەجەر ئەسۋەدنىڭ خالىي ئىكەنلىكىنى كۆرسەڭ سىلىغىن، ئەگەر خالى بولمىسا، تەكبىر ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىن».

ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ئادەمگە: كۈچۈڭگە تايىنىپ باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمىگىن! ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (766): سەھىھ ـ دېگەن.

3390 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: رَأَيْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ "قَبَّلَ الْحَجَرَ وَسَجَدَ عَلَيْهِ، ثُمَّ عَادَ فَقَبَّلَهُ وَسَجَدَ عَلَيْهِ، ثُمَّ قَالَ: هَكَذَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صَنَعَ".

3390 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيگەن ۋە پېشانىسىنى ئۇنىڭغا تەگكۈزگەنلىكىنى، ئاندىن يەنە قايتا كېلىپ سۆيگەن ۋە پېشانىسىنى ئۇنىڭغا تەگكۈزگەنلىكىنى، ئاندىن:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ[①].

(مەۋسىلى: 219؛ بەززار)

3391 ـ عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ، قَالَ: "كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُقَبِّلُ الرُّكْنَ الْيَمَانِيَ وَيَضَعُ خَدَّهُ عَلَيْهِ".

3391 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رۇكنىيەمانىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا مەڭزىنى تەگكۈزگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ[②].

(مەۋسىلى: 2605)

3392 - عن عروة كان عبد الله بن الزبير يقرن بين الأسابيع ويسرع المشي ويذكر أن عائشة كانت تفعله ثم تصلي لكل أسبوع ركعتين. رواه رزين.

3392 ـ ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تېز ـ تېز مېڭىپ يەتتە قېتىمدىن ـ يەتتە قېتىمدىن بىر قانچە تاۋاپنى بىراقلا قىلاتتى ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭمۇ شۇنداق

[①] ھەيسەمى (5480): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىرىدە جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد مەخزۇمى ئىسىملىك بىرى بار. بەزىلەر ئۇنىڭغا سەلبىيرەك باھا بەرسە، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. بۇ ھەدىسنى يەنە بەززار ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (5481): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇسلىم ئىبنى ھۇرمۇز ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

قىلغانلىقىنى، ئاندىن ھەر بىر تاۋاپ ئۈچۈن ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3393 - عَنْ حُمَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ أن عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ عَبْدٍ الْقَارِي أَخْبَرَهُ أنهُ طَافَ بِالْبَيتِ مَعَ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ بَعْدَ صَلَاةِ الصبْحِ فَلما قَضَى عُمَرُ طَوَافَهُ نَظَرَ فَلَمْ يَرَ الشمْسَ طَلَعَتْ فَرَكِبَ حَتى أَناخَ بِذِي طُوًى فَصَلى رَكْعَتَيْنِ سُنةَ الطوَافِ.

3393 ـ ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبد قارىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ناماز بامداتتىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە تاۋاپ قىلغان ئىكەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، قارىسا قۇياش تېخى چىقماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، تۆگىسىگە مىنىپ، زىتۇۋا دېگەن جايغا بېرىپ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ قويۇپ، تاۋاپنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى شۇ يەردە ئوقۇغانىكەن.

(مالىك: 826)

3394 - قَالَ إِسْمَاعِيلُ بْنُ أُمَيةَ قُلْتُ لِلزهْرِي إِن عَطَاءً يَقُولُ تُجْزِئُهُ الْمَكْتُوبَةُ مِنْ رَكْعَتَيْ الطوَافِ فَقَالَ السنةُ أَفْضَلُ لَمْ يَطُفْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُبُوعًا قَط إِلا صَلى رَكْعَتَيْنِ.

3394 ـ ئىسمائىل ئىبنى ئۇمەييە مۇنداق دەيدۇ: مەن زۇھرىگە:

ــ ئەتا: "(تاۋاپتىن كېيىن ئوقۇلغان) پەرز ناماز تاۋاپتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت سۈننەتنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدۇ"[1] دەپتۇ، ـ دېسەم، ئۇ:

ــ سۈننەتكە رىئايە قىلىش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بىر تاۋاپ قىلىپ بولسىلا، ئىككى رەكئەت تاۋاپ نامىزى ئوقۇيتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

[1] يەنى: بىر كىشى تاۋاپ قىلىپ بولغاندا، پەرز نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن بولسا، تاۋاپ نامىزنى ئوقۇماي، پەرز نامىزنى ئوقۇيدۇ. پەرز نامازنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئىككى رەكئەتلىك تاۋاپ نامىزنى ئوقۇشى ھاجەتسىز، ـ دېمەكچى.

3395 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ قَالَ الطوَافُ حَوْلَ الْبيتِ مِثْـ لُ الصلَاةِ إلا أنكُمْ تَتكَلمُونَ فِيهِ فَمَنْ تَكلمَ فِيهِ فَلَا يَتكَلمَن إلا بِخَيْرٍ.

3395 ـ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ناماز ئوقۇشقا ئوخشايدۇ. لېكىن تاۋاپتا گەپ قىلىشقا بولىدۇ، شۇڭا تاۋاپ قىلغاندا خەيرلىك سۆز بولسا قىلىڭلار، بولمىسا بىھۇدە سۆز قىلماڭلار»[①].

(تىرمىزى: 960)

3396 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ طَافَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ عَلَى بَعِيرٍ يَسْتَلِمُ الركْنَ بِمِحْجَنٍ.

3396 ـ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەججىدە تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاۋاپ قىلىپ، ھەجەر ئەسۋەدنى ئەگمەچ ھاسىسى بىلەن سىلىدى. (مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: ئاندىن ھاسىسىنى سۆيدى، ـ دېيىلگەن).

(بۇخارى: 1608)

3397 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ قَدِمَ مَكةَ وَهُوَ يَشْتَكِي فَطَافَ عَلَى رَاحِلَتِهِ كُلمَا أَتى عَلَى الركْنِ اسْتَلَمَ الركْنَ بِمِحْجَنٍ فَلَما فَرَĥ مِنْ طَوَافِهِ أَنَاp فَصَلى رَكْعَتَيْنِ.

3397 ـ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە بىتاپ ھالدا كەلگەچكە، تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاۋاپ قىلدى. ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىغا ھەر كەلگىنىدە، ئۇنى ئەگمەچ ھاسىسى بىلەن سىلىدى. تاۋاپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تۆگىسىدىن چۈشۈپ، ئىككى

[①] ئەلبانى (767): سەھىھ ـ دېگەن.

رەكئەت ناماز ئوقۇدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1881)

3398 - عَنْ صَفِيةَ بِنْتِ شَيْبَةَ قَالَتْ لَما اطْمَأن رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَكةَ عَامَ الْفَتْحِ طَافَ عَلَى بَعِيرٍ يَسْتَلِمُ الركْنَ بِمِحْجَنٍ فِي يَدِهِ قَالَتْ وَأَنا أَنظُرُ إِلَيْهِ.

3398 ـ سەفىيە بىنتى شەيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى خاتىرجەم ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، بەيتۇللاھنى تۆگىسىگە مىنگەن ھالدا تاۋاپ قىلدى ۋە (ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىغا ھەر كەلگىنىدە) ئۇنى قولىدىكى ئەگمەچ ھاسىسى بىلەن سىلىدى. شۇ چاغدا، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قاراپ تۇرغان ئىدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1878)

3399 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ طَافَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْبَيتِ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ عَلَى رَاحِلَتِهِ يَسْتَلِمُ الْحَجَرَ بِمِحْجَنِهِ لِأَنْ يَرَاهُ الناسُ وَلِيُشْرِفَ وَلِيَسْأَلُوهُ فَإِن الناسَ غَشُوهُ.

3399 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەجىدە بەيتۇللاھنى تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاۋاپ قىلدى ۋە ھەجەر ئەسۋەدنى ئەگمەچ ھاسىسى بىلەن سىلىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سوئال سورىشى ئۈچۈن تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاۋاپ قىلغانىدى. چۈنكى ئادەملەر ئۇنى ئورىۋالغانىدى.

(مۇسلىم: 1273)

[1] ئەلبانى (409): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1654): ھەسەن، ـ دېگەن.

3400 - وزاد الكبير: فقال على ناقته القصواء، وعبد الله بن أم مكتوم آخذ بخطامها يرتجز.

3400 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇلىقى چولاق تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئىدى، تۆگىسىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم شېئىر ئوقۇغان ھالدا نۇقتىسىدىن تۇتۇپ يېتىلىۋالغانىدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

3401 - عَنْ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ أَنَّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ، فَانْقَطَعَ شِسْعُهُ، فَأَخْرَجَ رَجُلٌ شِسْعًا مِنْ نَعْلِهِ، فَذَهَبَ يَشُدُّهُ فِي نَعْلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَانْتَزَعَهَا، وَقَالَ: "هَذِهِ أَثَرَةٌ، وَلا أُحِبُّ الأَثَرَةَ".

3401 ـ ئامىر ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، ئايىغىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئايىغى بوغقۇچىنى چىقىرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايىقىغا ئۆتكۈزۈپ قويماقچى بولغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايىقىنى تارتىۋېلىپ:

«بۇ شەخسىيەتچىلىك، مەن شەخسىيەتچىلىك قىلىشنى ياقتۇرمايمەن» دېدى[2].

(مەۋسىلى: 7204؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

3402 - عَنْ وَبَرَةَ قَالَ كُنْتُ جَالِسًا عِنْدَ ابْنِ عُمَرَ فَجَاءَهُ رَجُلٌ فَقَالَ أَيَصْلُحُ لِي أَنْ أَطُوفَ بِالْبَيْتِ قَبْلَ أَنْ آتِيَ الْمَوْقِفَ فَقَالَ نَعَمْ فَقَالَ فَإِنَّ ابْنَ عَباسٍ يَقُولُ لَا تَطُفْ بِالْبَيْتِ حَتى تَأْتِيَ الْمَوْقِفَ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ فَقَدْ حَج رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَطَافَ بِالْبَيْتِ

---

[1] ھەيسەمى (5501): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5500): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ـ دېگەن.

قَبْلَ أَنْ يَأْتِيَ الْمَوْقِفَ فَبِقَوْلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَق أَنْ تَأْخُذَ أَوْ بِقَوْلِ ابْنِ عَباسٍ إِنْ كُنتَ صَادِقًا.

3402 ـ ۋەبەرە مۇنـــداق دەيـــدۇ: مەن ئىبنـــى ئـــۆمەر رەزىيەللاھـــۇ ئەنهۇمانىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، بىر ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

ــ ئەرەفاتتىن ئىلگىرى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلسام توغرا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

ــ بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ــ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما ئەرەفاتقا چىقمىغىچە تـاۋاپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ـ دېگەنىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا ئەرەفاتقا چىقىشتىن ئىلگىرى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغان، راستچىل بولساڭ، ئېيتىپ باققىنە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىگە ئاساسەن ئەمەل قىلىش ھەقمۇ ياكى ئىبنى ئاببـاسنىڭ سۆزىگە ئاساسەن ئەمەل قىلىشمۇ؟ ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1233)

3403 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَكةَ فَطَافَ وَسَعَى بَيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ وَلَمْ يَقْرَبْ الْكَعْبَةَ بَعْدَ طَوَافِهِ بِهَا حَتى رَجَعَ مِنْ عَرَفَةَ.

3403 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مەككىگە كېلىپ بەيتۇللاھنى ۋە سەفا بىلەن مەرۋەنى تاۋاپ قىلدى. تاۋاپتىن كېيىن، تاكى ئەرەفاتتىن قايتقىچە كەئبىگە يېقىن كەلمىدى.

(بۇخارى: 1625)

3404 - عَنْ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا بَنِي عَبْدِ مَنَافٍ لَا تَمْنَعُوا أَحَدًا طَافَ بِهَذَا الْبَيْتِ وَصَلى أَيةَ سَاعَةٍ شَاءَ مِنْ الليْلِ وَالنهَارِ.

3404 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئى ئابدۇماناپ جەمەتى! بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغىلى ۋە ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن كىشىنى كېچىسى كېلەمدۇ، كۈندۈزى كېلەمدۇ، قانداق ۋاقىتتا كەلسە كەلسۇن، بەيتۇللاھقا كىرىشتىن توسماڭلار!»[1]

(ئىبنى ماجە: 1254)

3405 - عَنْ أَبِي الزُّبَيْرِ الْمَكي أَنَّهُ قَالَ لَقَدْ رَأَيتُ الْبَيتَ يَخْلُو بَعْدَ صَلَاةِ الصبح وَبَعْدَ صَلَاةِ الْعَصْرِ مَا يَطُوفُ بِهِ أَحَدٌ.

3405 ـ ئەبۇ زۇبەير مەككى مۇنداق دەيدۇ: مەن بامدات ۋە ئەسىر نامىزىدىن كېيىن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىدىغان ھېچ بىر ئادەم كۆرمىدىم.

(مالىك: 828)

3406 - عَنْ عَائِشَةَ وَابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخرَ طَوَافَ يَوْمِ النحْرِ إِلَى اللَّيلِ.

3406 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت كۈنى (مىنادىن قايتىپ كېلىپ) قىلىدىغان تاۋاپنى كەچ كىرگىچە كېچىكتۈرگەن ئىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2000)

3407 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَفَاضَ يَوْمَ النحْرِ ثُم رَجَعَ فَصَلى الظهْرَ بِمِنًى قَالَ نَافِعٌ فَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يُفِيضُ يَوْمَ النحْرِ ثُم يَرْجِعُ فَيُصَلي الظهْرَ

[1] ئەلبانى (1036): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (435): زەئىپ، ـ دېگەن.

بِمِنًى وَيَذْكُرُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَلَهُ.

3407 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. ئاندىن مىناغا قايتىپ، پېشىن نامىزى ئوقۇدى.

نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھېيت كۈنى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ، ئاندىن مىناغا قايتىپ پېشىن نامىزى ئوقۇيتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

(مۇسلىم: 1308)

3408 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ الناسُ يَنْصَرِفُونَ فِي كُل وَجْهٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنْفِرَن أَحَدٌ حَتى يَكُونَ آخِرُ عَهْدِهِ بِالْبَيْتِ.

3408 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر ھەر تەرەپتىن يۇرتلىرىغا قايتىشقا باشلىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي (يەنى ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلماي) تۇرۇپ ھېچكىم قايتمىسۇن» دېدى.

(مۇسلىم: 1327)

3409 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ لَا يَصْدُرَن أَحَدٌ مِنْ الْحَاج حَتى يَطُوفَ بِالْبَيْتِ فَإِن آخِرَ النسُكِ الطوَافُ بِالْبَيْتِ

3409 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: دادام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھاجىلاردىن ھېچكىم بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماستىن ھەرگىزمۇ قايتمىسۇن. چۈنكى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ھەجنىڭ ئاخىرقى پائالىيىتىدۇر، ـ دېدى.

(مالىك: 829)

3410 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَد رَجُلًا مِنْ مَر الظهْرَانِ لَمْ

يَكُنْ وَدعَ الْبَيتَ حَتى وَدعَ.

3410 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەجدىن قايتىپ، زەھران ئېغىزىغا بىرىپ بولغان بىر ئادەمنى ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلىپ كىلىش ئۈچۈن كەينىگە قايتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

(مالىك: 830)

3411 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ مَنْ حَج الْبَيتَ فَلْيَكُنْ آخِرُ عَهْدِهِ بِالْبَيتِ إِلا الْحُيضَ وَرَخصَ لَهُن رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3411 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دىگەن: ھەيزدار ئاياللاردىن باشقا ھىچكىم ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلماي تۇرۇپ قايتمىسۇن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت ھەيزدار ئاياللارغىلا (ۋىدالىشىش ھەججىنى قىلماي تۇرۇپ قايتىشقا) رۇخسەت قىلغان[1].

(تىرمىزى: 944)

3412 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كُنا نَتَخَوفُ أَنْ تَحِيضَ صَفِيةُ قَبْلَ أَنْ تُفِيضَ قَالَتْ فَجَاءَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَحَابِسَتُنَا صَفِيةُ قُلْنَا قَدْ أَفَاضَتْ قَالَ فَلَا إِذَنْ.

3412 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ زىيارەت تاۋاپىنى قىلىشتىن ئىلگىرى ھەيز كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتۇق، (لىكىن ئۇ شۇ تاۋاپىنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ھەيزدار بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەيزدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇققان) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ يېنىمىزغا كىلىپ:

ــ سەفىيە بىزنى يولدىن قويىدىغان بولدىمۇ ئەمدى؟ ـ دىگەنىدى. بىز:

[1] ئەلبانى (752): سەھىھ ـ دىگەن.

ــ ئۇ، زىيارەت تاۋىپىنى قىلىپ بولغانىدى، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق بولسا، ھېچ ۋەقەسى يوق (يەنى يولغا چىقساق بولىدۇ)، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1211)

3413 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ لَما أَرَادَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَنفِرَ إِذَا صَفِيةُ عَلَى بَابِ خِبَائِهَا كَئِيبَةً فَقَالَ لَهَا عَقْرَى أَوْ حَلْقَى إِنكِ لَحَابِسَتُنَا أَكُنْتِ أَفَضْتِ يَوْمَ النحْرِ قَالَتْ نَعَمْ قَالَ فَانْفِرِي إِذًا.

3413 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجدىن قايتماقچى بولغانىدى، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ چېدىرى ئالدىدا ھەسرەتلىك ھالدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

ــ ئاپلا! بىزنى يولىمىزدىن قويىدىغان بولدۇڭ. ھېيت كۈنى زىيارەت تاۋاپى قىلمىغانمىدىڭ؟ ـ دېدى ئۇ:

ــ ھەئە، قىلغانىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، يولغا چىقساڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5329)

3414 - عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ حَجَجْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَفَضْنَا يَوْمَ النحْرِ فَحَاضَتْ صَفِيةُ فَأَرَادَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهَا مَا يُرِيدُ الرجُلُ مِنْ أَهْلِهِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنهَا حَائِضٌ قَالَ حَابِسَتُنَا هِيَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَفَاضَتْ يَوْمَ النحْرِ قَالَ اخْرُجُوا.

3414 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەج قىلغان ئىدۇق. قۇربان ھېيت كۈنى زىيارەت تاۋىپىنى قىلدۇق. شۇندىن كېيىنلا سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەيز كۆرۈپ قالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ئەر كىشى ئۆز ئائىلىدىن تەلەپ قىلىدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلدى (يەنى بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى). مەن:

ـــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ھەيزدار، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاپلا! ئۇ بىزنى يولىمىزدىن توسۇپ قويىدىغان بولدى، ـ دېدى. ئۇنىڭغا:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! سەفىيە مىنادىن قايتىپ كەلگەن كۈنى زىيارەت تاۋاپىنى ئادا قىلغان، ـ دېيىلگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، يولغا چىقىڭلار! ـ دېدى.

(بۇخارى: 1733)

3415 - عَنْ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَوْسٍ قَالَ أَتَيْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ فَسَأَلْتُهُ عَنْ الْمَرْأَةِ تَطُوفُ بِالْبَيْتِ يَوْمَ النحْرِ ثُم تَحِيضُ قَالَ لِيَكُنْ آخِرُ عَهْدِهَا بِالْبَيْتِ قَالَ فَقَالَ الْحَارِثُ كَذَلِكَ أَفْتَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَقَالَ عُمَرُ أَرِبْتَ عَنْ يَدَيْكَ سَأَلْتَنِي عَنْ شَيْءٍ سَأَلْتَ عَنْهُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِكَيْ مَا أُخَالِفَ.

3415 ـ ھارىس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋس مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھېيت كۈنى زىيارەت تاۋاپىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەيز كۆرگەن ئايال توغرۇلۇق سورىغان ئىدىم، ئۇ:

ـ ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلماستىن قايتالمايدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ شۇنداق پەتىۋا بەرگەنىدى، ـ دېسەم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ۋاي قولى قۇرغۇر! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ بولغان ئىشنى، مېنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن پەتىۋاغا) خىلاپ پەتىۋا بېرىشىم ئۈچۈن مەندىن يەنە سورىدىڭمۇ؟! ـ

دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2004)

3416 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "أَمِيرَانِ وَلَيْسَا بِأَمِيرَيْنِ: الْمَرْأَةُ تَحُج مَعَ الْقَوْمِ فَتَحِيضُ قَبْلَ طَوَافِ الزيَارَةِ فَلَيْس لأَهْلِهَا أَنْ يَنْصَرِفُوا حَتى يَسْتَأْمِرُوهَا ، وَالرجُلُ يَتبِعُ الْجِنَازَةَ فَيُصَلي عَلَيْهَا فَلَيْسَ لَهُ أَنْ يَنْصَرِفَ حَتى يَسْتَأْمِرَ أَهْلَ الْجِنَازَةِ".

3416 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«گەرچە ئەمىر بولمىسىمۇ، رۇخسىتى ئېلىنمىسا بولمايدىغان مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئادەم بار: بىرى، قەۋمى بىلەن بىللە ھەج قىلغان ۋە زىيارەت تاۋاپىنى قىلىشتىن ئىلگىرى ھەيز كۆرۈپ قالغان ئايال بولۇپ، ھەمراھلىرى ئۇ ئايالنىڭ رۇخسىتىسىز ھەجدىن قايتسا بولمايدۇ. يەنە بىرى، جىنازا نامىزىغا ئەگەشكەن ئادەم بولۇپ، ئۇ ئادەم جىنازا ئەھلىنىڭ رۇخسىتىسىز قايتىپ كەتسە بولمايدۇ[2].

(بەززار: 1144)

3417 - قَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ أَخْبَرَنِي عَطَاءٌ إِذْ مَنَعَ ابْنُ هِشَامٍ النسَاءَ الطوَافَ مَعَ الرجَالِ قَالَ كَيْفَ يَمْنَعُهُن وَقَدْ طَافَ نِسَاءُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَ الرجَالِ قُلْتُ أَبَعْدَ الْحِجَابِ أَوْ قَبْلُ قَالَ إِي لَعَمْرِي لَقَدْ أَدْرَكْتُهُ بَعْدَ الْحِجَابِ قُلْتُ كَيْفَ يُخَالِطْنَ الرجَالَ قَالَ لَمْ يَكُن يُخَالِطْنَ كَانَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا تَطُوفُ حَجْرَةً مِنْ الرجَالِ لَا تُخَالِطُهُمْ فَقَالَتْ امْرَأَةٌ انْطَلِقِي نَسْتَلِمْ يَا أُم الْمُؤْمِنِينَ قَالَتْ انْطَلِقِي عَنْكِ وَأَبَتْ يَخْرُجْنَ مُتَنَكِّرَاتٍ بِاللَيْلِ فَيَطُفْنَ مَعَ الرجَالِ وَلَكِنهُن كُن إِذَا دَخَلْنَ الْبَيْتَ قُمْنَ حَتى يَدْخُلْنَ وَأُخْرِجَ الرجَالُ وَكُنْتُ آتِي عَائِشَةَ أَنَا وَعُبَيْدُ بْنُ عُمَيْرٍ وَهِيَ مُجَاوِرَةٌ فِي جَوْفِ ثَبِيرٍ قُلْتُ وَمَا حِجَابُهَا قَالَ

[1] ئەلبانى (1765): سەھىھ - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5677): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان.

هِيَ فِي قُبَّةٍ تُرْكِيَّةٍ لَهَا غِشَاءٌ وَمَا بَيْنَنَا وَبَيْنَهَا غَيْرُ ذَلِكَ وَرَأَيْتُ عَلَيْهَا دِرْعًا مُوَرَّدًا.

3417 ـ ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: ئەتا ماڭا ئىبنى ھىشامنىڭ ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ بىللە تاۋاپ قىلىشىدىن توسقانلىقىنى ئېيتتى ۋە:

ــــ بۇنى قانداقمۇ توسسۇن؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئەرلەر بىلەن بىللە تاۋاپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن تۇرسام؟! ـ دېدى. مەن:

ـ ھىجاب توغرىسىدىكى ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن كۆردۈڭمۇ ياكى كېيىنمۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن كۆردۈم، ـ دېدى. مەن:

ـ ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا قانداق تاۋاپ قىلاتتى، ـ دېدىم، ئۇ:

ــــ ئەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرمەيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەرلەردىن بىر چەتتە تۇرۇپ تاۋاپ قىلاتتى ۋە ئۇلارغا ئارىلاشمايتتى. بىر قېتىم بىر ئايال:

ـ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى! يۈر، ھەجەر ئەسۋەدنى بىزمۇ سىلايلى، ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ ئۆزەڭ بارغىن! ـ دەپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشقا ئۇنىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى كېچىلىرى باشقىلار تونۇمىغىدەك ھالدا كىيىنىپ چىقىپ، ئەرلەر بىلەن بىللە تاۋاپ قىلاتتى. لېكىن بەيتۇللاھنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولسا، ئەرلەر چىقىرىلغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرۇپ، ئاندىن كىرەتتى. مەن ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير بىلەن سەبىر[①] تېغىنىڭ ئېتىكىدە ئىبادەتكە ئولتۇرغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا باراتتىم، ـ دېدى. مەن:

ـ ئائىشەنىڭ ئۇ كۈنكى ھىجابى قانداق ئىدى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئەتا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

ـ ئۇ، كىگىز چېدىرنىڭ ئىچىدە ئىدى. چېدىرنىڭ بىر پەردىسى

---

[①] ھەرەم مەسجىدىگە يېقىن بىر تاغنىڭ ئىسمى.

بار بولۇپ، ئارىمىزدا ئۇ پەردىدىن باشقا (توسالغۇ بولغىدەك) ھېچنېمە يوق ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇچىسىغا قىزىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيىۋالغان ئىدى.

(بۇخارى: 1618)

3418 - عن ابْنَ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قال: يَا أَيهَا الناسُ اسْمَعُوا مِني مَا أَقُولُ لَكُمْ وَأَسْمِعُونِي مَا تَقُولُونَ وَلَا تَذْهَبُوا فَتقُولُوا قَالَ ابْنُ عَباسٍ قَالَ ابْنُ عَباسٍ مَنْ طَافَ بِالْبَيتِ فَلْيطُفْ مِنْ وَرَاءِ الْحِجْرِ وَلَا تَقُولُوا الْحَطِيمُ فَإِن الرجُلَ فِي الْجَاهِلِيةِ كَانَ يَحْلِفُ فَيُلْقِي سَوْطَهُ أَوْ نَعْلَهُ أَوْ قَوْسَهُ.

3418 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ ئى خالايىق! سۆزۈمگە ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار ھەم سۆزۈڭلارنىمۇ مەن ئاڭلىيالىغۇدەك ئېيتىڭلار. كېيىن: ''ئىبنى ئابباس ئۇنى دېدى''، ''ئىبنى ئابباس بۇنى دېدى'' دەپ يۈرمەڭلار. كىم بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلسا، تاۋاپنى ھجرنىڭ ئارقىسىدىن ئايلىنىپ قىلسۇن. ئۇ يەرنى ھەرگىز ''ھەتىيم''[①] دەپ ئاتىماڭلار. جاھىلىيەت دەۋرىدە بىرەرسى قەسەم قىلسا، ئۆزىنىڭ قەسەم قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئايىقىنى ياكى قامچىسىنى ۋە ياكى ئوقياسىنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قوياتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3848)

3419 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَى رَجُلًا يَطُوفُ بِالْكَعْبَةِ بِزِمَامٍ أَوْ غَيْرِهِ فَقَطَعَهُ.

3419 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

[①] ھەتىم ــ كەئبىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يېرىم چەمبەر شەكىللىك پاكار تامنىڭ نامى بولۇپ، بۇ تامنىڭ بەزى قىسمى ئەسلىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تۈزگەن كەئبىنىڭ ئۇل تېمى ئىدى. كېيىن قۇرەيش خەلقى كەئبىنى يېڭىلاپ سالغان ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي سەۋەب تۈپەيلىدىن كىچىكلىتىپ سالغاچقا، بۇ تام كەئبىنىڭ سىرتىدا قېلىپ قالغان.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىغا يۇگەن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە ئۆتكۈزۈۋالغان ھالدا تاۋاپ قىلىۋاتقان بىرىنى كۆردى ـ دە، بېرىپ ئۇ نەرسىنى كېسىۋەتتى.

(بۇخارى: 1621)

3420 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَرَّ وَهُوَ يَطُوفُ بِالْكَعْبَةِ بِإِنْسَانٍ يَقُودُ إِنْسَانًا بِخِزَامَةٍ فِي أَنْفِهِ فَقَطَعَهَا النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِيَدِهِ ثُمَّ أَمَرَهُ أَنْ يَقُودَهُ بِيَدِهِ.

3420 ـ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــادىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تــاۋاپ قىلىۋېتىپ، بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىنى بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇۋىكتىن يېتىلىگەن ھالدا تاۋاپ قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى دەرھال كېسىۋەتتى ۋە ئۇنى قولى بىلەن يېتىلەپ مېڭىشقا بۇيرىدى.

(بۇخارى: 6703)

3421 - عَنْ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ مَرَّ بِامْرَأَةٍ مَجْذُومَةٍ وَهِيَ تَطُوفُ بِالْبَيْتِ فَقَالَ لَهَا يَا أَمَةَ اللَّهِ لَا تُؤْذِي النَّاسَ لَوْ جَلَسْتِ فِي بَيْتِكِ فَجَلَسَتْ فَمَرَّ بِهَا رَجُلٌ بَعْدَ ذَلِكَ فَقَالَ لَهَا إِنَّ الَّذِي كَانَ قَدْ نَهَاكِ قَدْ مَاتَ فَاخْرُجِي فَقَالَتْ مَا كُنْتُ لِأُطِيعَهُ حَيًّا وَأَعْصِيَهُ مَيِّتًا.

3421 ـ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكە مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتقان ماخاۋ كېسىلى بار بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ـــ ئى ئاللاھنىڭ دېدىكى! باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمەي، ئۆيۈڭدە ئولتۇرغان بولساڭ، شۇ سەن ئۈچۈن تېخىمۇ خەيرلىك بولغان بولاتتى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال ئۆيىدە ئولتۇردى ۋە قايتا تاۋاپ قىلغىلى چىقمىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىر ئادەم ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ سېنى تاۋاپتىن چەكلىگەن ئادەم ۋاپات بولدى، ئەمدى چىقىپ

تاۋاپ قىلساڭ بولىدۇ، - دېگەن ئىدى، ئۇ ئايال:

— مەن ئۇنىڭغا ھايات ۋاقتىدا ئىتائەت قىلىپ، ئۆلۈپ كەتكەندە ئاسىيلىق قىلمايمەن، - دېدى.

(مالىك: 967)

3422 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أن سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقا ا ٍ كَانَ إِذَا دَخَلَ مَكـ ـةَ مُرَاهِقًـ ـا خَرَجَ إِلى عَرَفَةَ قَبْلَ أَنْ يَطُوفَ بِالْبيتِ وَبيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ ثُم يَطُوفُ بَعْدَ أَنْ يَرْجِعَ قَـ ـالَ مَالِك وَذَلِكَ وَاسِعٌ إِنْ شَاءَ اللهُ.

3422 - مالىك مۇنداق دېگەن: ماڭا يېتىشىچە، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە كىرگەندە، ۋاقىت قىستاپ قالغان بولسا، بەيتۇللاھنى ۋە سەفا بىلەن مەرۋەنى تاۋاپ قىلماستىنلا ئەرەفاتقا چىقاتتى، ئاندىن ئەرەفاتتىن قايتقاندىن كېيىن تاۋاپ قىلاتتى. ئىمام مالىك: مەنچە بۇ ۋاقتى قىس بىرى ئۈچۈن قىلىنغان كەڭرىچىلىكتۇر.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3423 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا جُعِلَ الطوَافُ بِالْبيتِ وَبيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ وَرَمْيُ الْجِمَارِ لِإِقَامَةِ ذِكْرِ اللهِ.

3423 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەيتۇللاھنى ۋە سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىنى تاۋاپ قىلىش، شەيتانغا تاش ئېتىش قاتارلىقلار پائالىيەتلەر ﷲنىڭ زىكرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1888)

3424 - عن مُحَمد بْن عَبْدِ اللهِ بْنِ السائِبِ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ كَانَ يَقُودُ ابْـ ـنَ عَبـ ـاسٍ فَيُقِيمُهُ عِنْدَ الشقةِ الثالِثَةِ مِما يَلِي الركْنَ الذِي يَلِي الْحَجَرَ مِما يَلِي الْبَابَ فَيَقُولُ لَهُ ابْـ ـنُ

[1] ئەلبانى (410): زەئىپ، - دېگەن.

عَباسٍ أُنبِئْت أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي هَا هُنَا فَيقُولُ نَعَـمْ فَيَقُـومُ فَيُصَلي.

3424 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب مۇنداق دەيدۇ:

دادام ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى (كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندىن كېيىن) يېتىلەپ بېرىپ، كەئبىنىڭ دەرۋازىسى بار تەرەپتىن ھەجەر ئەسۋەدكە يېقىن دوقمۇشقا ئاپىرىپ تۇرغۇزىدىكەنتۇق، ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دادامدىن:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامــاز ئوقۇغان يەر مۇشۇمۇ؟ ـ دەپ سورايدىكەن. دادام:

ھەئە، ـ دېگەندىن كېيىن، ئىبنى ئابباس ئۇ يەردە ناماز ئوقۇيدىكەنتۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1900)

3425 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ السائِبِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا بَيْنَ الركْنَيْنِ رَبنَا آتِنَا فِي الدنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النارِ.

3425 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (يەمەن تەرەپتىكى) ئىككى رۇكنىنىڭ ئارىسىدا: «ئى الله! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!» دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1892)

3426 - عن نافع قال كان ابن عمر إذا استلم الحجر قال اللهم إيمانا بك وتصديقا بكتابك وسنة نبيك ثم يصلي على النبي صلى الله عليه وسلم.

3426 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەجەر ئەسۋەدنى سىلىغاندا:

---

[1] ئەلبانى (413): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1666): ھەسەن، ـ دېگەن.

ــــ ئــى الله! ســاڭا ئــمــان كەلتــۈردۇق، ســېنىڭ كىتابىڭغــا ۋە پەيغەمبىرىڭ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلدۇق، ـ دەيتتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئوقۇيتتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 5617)

3427 - عَنْ الْمُهَاجِرِ الْمَكي قَالَ سُئِلَ جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللهِ عَنْ الرجُلِ يَرَى الْبَيْتَ يَرْفَعُ يَدَيْهِ فَقَالَ مَا كُنْتُ أُرَى أَحَدًا يَفْعَلُ هَذَا إِلا الْيَهُودَ وَقَدْ حَجَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَكُنْ يَفْعَلُهُ.

3427 ـ مۇھاجىر مەككى مۇنداق دەيدۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بەيتۇللاھنى كۆرۈپ ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن كىشى توغرۇلۇق سورالغاندى، ئۇ جاۋاب بېرىپ:

ــــ مەن يەھۇدىيدىن باشقا ھېچ بىر كىشىنىڭ ئۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلدۇق، ئەمما ئۇنداق قىلمىغاندۇق، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1870)

3428 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ رَضِي اللهُ تَعَالَى عَنْهُمَا، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: لا تُرْفَعُ الأَيْدِي إِلا فِي سَبْعِ مَوَاطِنَ حِينَ يَفْتَتِحُ الصلاةَ وَحِينَ يَدْخُلُ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ فَيَنظُرُ إِلَى الْبَيْتِ، وَحِينَ يَقُومُ عَلَى الصفَا، وَحِينَ يَقُومُ عَلَى الْمَرْوَةِ، وَحِينَ يَقِفُ مَعَ الناسِ عَشِيةَ عَرَفَةَ وبِجَمْعٍ، وَالْمَقَامَيْنِ حِينَ يَرْمِي الْجَمْرَةَ. رواه الطبراني في الكبير والأوسط إلا أنه قال: رفع الأيدي إذا رأيت البيت وفيه: وعند رمي الجمار، وإذا أقيمت الصلاة.

3428 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (5471): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (408): زەئىپ، ـ دېگەن.

«ئىككى قولنى مۇنداق يەتتە ئورۇندىن باشقا يەردە كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ: نامازنى باشلىغاندا، مەسجىدى ھەرەمگە كىرىپ بەيتۇللاھنى كۆرگەندە، سەفا ۋە مەرۋەگە چىققاندا، ھاجىلار بىلەن ئەرەفاتتا تۇرغاندا، مۇزدەلىفەگە بارغاندا، شەيتانغا تاش ئېتىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن»[1].

(«ئەلكەبىر»: 2/146/3)

3429 - عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ أَسِيدٍ أَبِي سُرَيْحَةَ الْغِفَارِي، أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا نظَرَ إِلَى الْبَيتِ، قَالَ: "اللهُم زِدْ بَيْتكَ هَذَا تَشْرِيفًا، وَتَعْظِيمًا، وَتَكْرِيمًا، وَبِرًّا، وَمَهَابَةً".

3429 ـ ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇللاھنى كۆرگەن ۋاقىتتا: «ئى الله! مۇشۇ ئۆيۈڭنىڭ شەرىپىنى، كاتتىلىقىنى، ھۆرمىتىنى، ياخشىلىقىنى ۋە ھەيۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 3035)

3430 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: "دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، وَدَخَلْنا مَعَهُ مِنْ بَابِ بَنِي عَبْدِ مَنافٍ، وَهُوَ الذِي يُسَمِيهِ الناسُ بَابَ بَنِي شَيْبَةَ، وَخَرَجْنا مَعَهُ إِلَى الْمَدِينَةِ مِنْ بَابِ الْحَزْوَرَةِ، وَهُوَ بَابُ الْخَياطِينَ".

3430 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن (مەسجىدى ھەرەمگە) بەنى ئابدۇلمەنناف دەرۋازىسىدىن كىردۇق، خەلق ئۇنى بەنى شەيبە دەرۋازىسى دەپ ئاتايتتى. مەدىنىگە قايتىدىغان ۋاقتىمىزدا، خەييياتىن

[1] ھەيسەمى (5461): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىرىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ لەيلا ئىسىملىك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناچار بىرى بار. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھەدىسىنى ھەسەن دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىر سەنەدىدە ئەتا ئىبنى سائىب ئىسىملىك ئىلىشىپ قالغان بىر كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5462): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى سۇلايمان كۇزى ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك كىشى بار، ـ دېگەن.

دەپ ئاتالغان ھەزۋەرە دەرۋازىسىدىن چىقتۇق[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 495)

3431 ـ عن عبد الله بن عمرو قال: طوفوا بذا البيت واستلموا هذا الحجر فإنما كانا حجرين أهبطا من الجنة فرفع أحدهما وسيرفع الآخر فإن لم يكن كما قلت فمن مر بقبري فليقل: هذا قبر عبد الله بن عمرو الكذاب.

3431 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىڭلار، ھەجەر ئەسۋەدنى سىلاڭلار. ئۇ ئەسلىدە ئىككى تاش بولۇپ، جەننەتتىن چۈشكەن. ئۇلارنىڭ بىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، يەنە بىرىمۇ يېقىندا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر مەن دېگەندەك بولمىسا، قەبرەمدىن ئۆتكەن ھەرقانداق كىشى: بۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر دېگەن يالغانچىنىڭ قەبرىسىدۇر، ـ دېسۇن![2]

(«ئەلكەبىر»)

3432 - عن العباس بن عبدالمطلب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يطوف بالبيت فاستسقى وهو يطوف.

3432 ـ ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاۋاپ قىلىۋېتىپ سۇ ئەكەلدۇرۇپ ئىچەتتى[3].

(«ئەلكەبىر»)

3433 - عَنْ سَعْدِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ طُفْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمِنا

---

[1] ھەيسەمى (5463): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەرۋان ئىبنى ئەبۇ مەرۋان ئىسىملىك سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن كىشى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5484): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (5511): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

مَنْ طَافَ سَبْعًا وَمِنا مَنْ طَافَ ثَمَانِيًا وَمِنا مَنْ طَافَ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ لَا حَرَجَ.

3433 ـ سەئد ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تاۋاپ قىلغان ئىدۇق، بەزىلەر يەتتە قېتىم، بەزىلەر سەككىز قېتىم، بەزىلەر ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تاۋاپ قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھېچقىسى يوق» دېدى[1].

(ئەھمەد: 1606)

[1] ھەيسەمى (5514): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەججاج ئىبنى ئەرتەئە ئىسىملىك ھەدىسى ھەسەن كىشى بار ـ دېگەن.

## سەئيى قىلىش ۋە بەيتۇللاھقا كىرىش

3434 - عَنْ كَثِيرِ بْنِ جُمْهَانَ قَالَ رَأَيْتُ ابْنَ عُمَرَ يَمْشِي فِي السَّعْيِ فَقُلْتُ لَهُ أَتَمْشِي فِي السَّعْيِ بَيْنَ الصَّفَا وَالْمَرْوَةِ قَالَ لَئِنْ سَعَيْتُ لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَسْعَى وَلَئِنْ مَشَيْتُ لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَمْشِي وَأَنَا شَيْخٌ كَبِيرٌ.

3434 ـ كەسىر ئىبنى جۇمھان مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ (سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا) سەئيى قىلماي (يەنى يۈگۈرمەي) كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلماي (يەنى يۈگۈرمەي) مېڭىپسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ مەن سەئيى قىلغاندا (يەنى يۈگۈرگەندە)، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەئيى قىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن سەئيى قىلدىم؛ ئەمدى يۈگۈرمەي ماڭغان بولسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ يۈگۈرمەي ماڭغانلىقىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. مەن ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 864)

3435 - جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا نَزَلَ مِنْ الصَّفَا وَالْمَرْوَةِ مَشَى حَتَّى إِذَا انْصَبَّتْ قَدَمَاهُ فِي بَطْنِ الْوَادِي سَعَى حَتَّى يَخْرُجَ مِنْهُ.

3435 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئيى قىلىش جەريانىدا سەفا

[1] ئەلبانى (686): سەھىھ ـ دېگەن.

بىلەن مەرۋە تۆپىلىكىدىن پەسكە چۈشكەندە، ئاستا ـ ئاستا ماڭاتتى. تۈزلەڭلىككە چۈشكەندە، تۈزلەڭلىكتىن چىقىپ كەتكۈچە يۈگۈرەيتتى.

(مالىك: 840)

3436 - عن ابن عمر، قال: السعي من دار بنى عباد إلى زقاق بنى أبي حسين. وكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إذَا طَافَ الطوَافَ الأولَ خَب ثَلاثًا وَمَشَى أرْبَعًا.

3436 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: سەئيى قىلىدىغان يەر بەنى ئەبباد ھويلىسىدىن بەنى ئەبۇ ھۈسەين كوچىسىغىچە بولغان ئارىلىقتۇر.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاۋاپ قىلسا، ئاۋۋالقى ئۈچ ئايلىنىشتا يۈگرەيتتى، كېيىنكى تۆتىدە ئاستا ماڭاتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3437 - عَنْ صَفِيةَ بِنْتِ شَيْبَةَ عَنْ امْرَأةٍ قَالَتْ رَأيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْعَى فِي بَطْنِ الْمَسِيلِ وَيَقُولُ لا يُقْطَعُ الْوَادِي إلا شَدا.

3437 ـ سەفىيە بىنتى شەيبە بىر ئايالنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سافا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدىكى سەل ئېقىنىدا يۈگۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە: «بۇ ۋادىدا يۈگۈرۈش كېرەك» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(نەسائى: 2980)

3438 - ولأحمد بضعف أنه قال: كُتِبَ عَلَيْكُمْ السعْيُ فَاسْعَوْا.

3438 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەئيى قىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، سەئيى قىلىڭلار!» دېگەن[2].

(ئەھمەد: 26917)

---

[1] ئەلبانى (2789): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5523): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى ئۇبەيد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار ـ دېگەن.

3439 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ إِنمَا سَعَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ لِيُرِيَ الْمُشْرِكِينَ قُوتَهُ.

3439 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ سەئيى قىلىشى مۇشرىكلارغا كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى[1].

(نەسائى: 2979)

3440 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ قَالَ قُلْتُ لِعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا يَوْمَئِذٍ حَدِيثُ السن أَرَأَيْتِ قَوْلَ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى {إِن الصفَا وَالْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللهِ فَمَنْ حَج الْبَيْتَ أَوْ اعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ يَطوفَ بِهِمَا} فَلَا أُرَى عَلَى أَحَدٍ شَيْئًا أَنْ لَا يَطوفَ بِهِمَا فَقَالَتْ عَائِشَةُ كَلا لَوْ كَانَتْ كَمَا تَقُولُ كَانَتْ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ لَا يَطوفَ بِهِمَا إِنمَا أُنْزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فِي الْأَنْصَارِ كَانُوا يُهِلونَ لِمَنَاةَ وَكَانَتْ مَنَاةُ حَذْوَ قُدَيْدٍ وَكَانُوا يَتَحَرجُونَ أَنْ يَطوفُوا بَيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ فَلَما جَاءَ الْإِسْلَامُ سَأَلُوا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ ذَلِكَ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى {إِن الصفَا وَالْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللهِ فَمَنْ حَج الْبَيْتَ أَوْ اعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ يَطوفَ بِهِمَا}.

3440 ـ ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: كىچىك ۋاقتىمدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ـــ الله تائالانىڭ: ﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللهنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا، ھېچ باك يوق﴾[2] دېگەن ئايىتىدىن: "ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلمىسىمۇ گۇناھكار بولمايدىكەن" دېگەن مەنە چىقىدىكەن، ـ دېسەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر ئۇنداق بولسا: "ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلمىسا، ھېچ باك يوق" دەپ كەلگەن بولاتتى. بۇ ئايەت ئەسلىدە ئەنسارىلار

[1] ئەلبانى (2788): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 158ـ ئايەت.

ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە قۇدەيدىنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلغان مانات نامىلىق بۇتنى تاۋاپ قىلاتتى ۋە سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى گۇناھ سانايتتى. ئىسلام كەلگەندە، ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇ ئىش توغرۇلۇق سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ساپا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللهنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق دېگەن بۇ ئايەتنى چۈشۈردى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4495)

3441 ـ عَنْ نَافِعٍ أَنَّهُ سَمِعَ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ وَهُوَ عَلَى الصفَا يَدْعُو يَقُولُ اللهُـم إنكَ قُلْتَ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ وَإِنكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ وَإِني أَسْأَلُكَ كَمَا هَدَيْتَنِي لِلْإِسْلَامِ أَنْ لَا تَنْزِعَهُ مِني حَتى تَتَوَفانِي وَأَنَا مُسْلِمٌ.

3441 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سەفا تۆپىلىكىدە تۇرۇپ:

ـ ئى الله! سەن: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن، تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن» دېدىڭ، سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن، سەن مېنى ئىسلام يولىغا ھىدايەت قىلغىنىڭدەك، مۇسۇلمان ھالىتىم بىلەن ۋاپات تېپىشىمنى ماڭا نېسىپ قىلغىن، تاكى ۋاپات تاپقۇچە مېنى ئىسلامدىن ئايرىۋەتمىگىن، ـ دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

(مالىك: 837)

3442 - عَنِ ابْنِ مَسْعُود، أَنَّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا سَعَى فِي بَطْـنِ الْمَسِيلِ، قَالَ: "اللهُم اغْفِرْ وَارْحَمْ، وَأَنتَ الأَعَز الأَكْرَمُ".

3442 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدىكى سەل ئېقىنىدا سەئيى قىلغاندا:

«ئى الله! مەغپىرەت قىلغىن ۋە رەھمەت قىلغىن، سەن ئەڭ ئىززەتلىك،

ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتسەن» دەيتتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

3443 - عن عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ طَارِقٍ عَنْ أُمِهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا جَازَ مَكَانًا مِنْ دَارِ يَعْلَى نَسِيَهُ عُبَيْدُ اللهِ اسْتَقْبَلَ الْبيت فَدَعَا.

3443 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى تارىق ئانىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلغاندا) يەئلانىڭ ئۆيىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، بەيتۇللاھ تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2007)

3444 - عَنْ عَائِشَةَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ مِنْ عِنْدِهَا وَهُوَ مَسْرُورٌ ثُم رَجَعَ إِلَي وَهُوَ كَئِيبٌ فَقَالَ إِني دَخَلْتُ الْكَعْبَةَ وَلَوْ اسْتَقْبَلْتُ مِنْ أَمْرِي مَا اسْتَدْبَرْتُ مَا دَخَلْتُهَا إِني أَخَافُ أَنْ أَكُونَ قَدْ شَقَقْتُ عَلَى أُمتِي.

3444 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ يېنىمدىن خۇشال چىقىپ كېتىپ، كۆپ ئۆتمەي غەمكىن ھالدا قايتىپ كىردى ۋە مۇنداق دېدى:

«مەن كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقتىم، بۇرۇنراق ئويلاشقان بولسام، كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىكەنمەن. (كىرىپ چىقىپ بولۇپ) ئۈممىتىمنى جاپاغا قويدىممىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2029)

3445 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى قَالَ اعْتَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ وَاعْتَمَرْنَا مَعَهُ فَلَما دَخَلَ مَكةَ طَافَ وَطُفْنَا مَعَهُ وَأَتى الصفَا وَالْمَرْوَةَ وَأَتَيْنَاهَا مَعَـهُ وَكُنـا

[1] ھەيسەمى (5533): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە لەيس ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم ئىسىملىك كىشى بار. ئۇ ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ھەدىسى مۇدەللەستۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (436): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (440): زەئىپ، ـ دېگەن.

َنسْتُرُهُ مِنْ أَهْلِ مَكَةَ أَنْ يَرْمِيَهُ أَحَدٌ فَقَالَ لَهُ صَاحِبٌ لِي أَكَانَ دَخَلَ الْكَعْبَةَ قَالَ لَا.

3445 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۆمرە قىلدۇق، مەككىگە كىرىپ تاۋاپ قىلغانىدى، بىزمۇ تاۋاپ قىلدۇق. سەفا بىلەن مەرۋەگە كەلگەنىدى، بىزمۇ بىللە كەلدۇق. مەككىلىك مۇشرىكلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭغا تاش ياكى ئوقيا ئېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ ماڭغانىدۇق، ـ دېدى. بىرەيلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفادىن:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەبىنىڭ ئىچىگە كىرگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

ـ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 1792)

3446 - عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ قَالَ دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْكَعْبَةَ فَسَبحَ فِي نَوَاحِيهَا وَكَبرَ وَلَمْ يُصَل ثُم خَرَجَ فَصَلى خَلْفَ الْمَقَامِ رَكْعَتَيْنِ.

3446 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتتى، ئەمما ناماز ئوقۇمىدى. ئاندىن كېيىن چىقىپ، ماقامى ئىبراھىمنىڭ كەينىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى[①].

(نەسائى: 2909)

3447 - عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ أَنهُ دَخَلَ هُوَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْبَيْتَ فَأَمَرَ بِلَالًا فَأَجَافَ الْبَابَ وَالْبَيْتُ إِذْ ذَاكَ عَلَى سِتةِ أَعْمِدَةٍ فَمَضَى حَتى إِذَا كَانَ بَيْنَ الْأُسْطُوَانَتَيْنِ اللتَيْنِ تَلِيَانِ بَابَ الْكَعْبَةِ جَلَسَ فَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ وَسَأَلَهُ وَاسْتَغْفَرَهُ ثُم قَامَ حَتى أَتَى مَا اسْتَقْبَلَ مِنْ دُبُرِ الْكَعْبَةِ فَوَضَعَ وَجْهَهُ وَخَدهُ عَلَيْهِ وَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ وَسَأَلَهُ

[①] ئەلبانى (187): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

وَاسْتَغْفَرَهُ ثُمَّ انْصَرَفَ إِلَى كُلِّ رُكْنٍ مِنْ أَرْكَانِ الْكَعْبَةِ فَاسْتَقْبَلَهُ بِالتَّكْبِيرِ وَالتَّهْلِيلِ وَالتَّسْبِيحِ وَالثَّنَاءِ عَلَى اللهِ وَالْمَسْأَلَةِ وَالِاسْتِغْفَارِ ثُمَّ خَرَجَ فَصَلَّى رَكْعَتَيْنِ مُسْتَقْبِلَ وَجْهِ الْكَعْبَةِ ثُمَّ انْصَرَفَ فَقَالَ هَذِهِ الْقِبْلَةُ هَذِهِ الْقِبْلَةُ.

3447 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كەئبىگە كىردىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالنى كەئبىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېتىشكە بۇيرىدى. شۇ ۋاقىتتا بەيتۇللاھ ئالتە تۈۋرۈكلۈك ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇللاھنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن تەرىپىدىكى ئىككى تۈۋرۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتتى، تىلەكلىرىنى تىلىدى ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلدى. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كەئبىنىڭ ئارقا تېمىغا كەلدى. ئاندىن يۈزىنى ۋە مەڭزىنى كەبىنىڭ تېمىغا قويۇپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتتى، تىلەكلىرىنى تىلىدى ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلدى. ئاندىن كەئبىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ۋە شۇ بۇلۇڭغا ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھقا تەكبىر، تەھلىل، تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتتى، ئاللاھتىن تىلەكلىرىنى تىلىدى، مەغپىرەت تەلەپ قىلدى. ئاندىن كەئبىدىن چىقىپ، كەئبىگە قاراپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن ئۆرۈلۈپ: «مانا بۇ قىبلىدۇر، مانا بۇ قىبلىدۇر» دېدى[1].

(نەسائى: 2914)

3448 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ إِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمَّا قَدِمَ أَبَى أَنْ يَدْخُلَ الْبَيْتَ وَفِيهِ الْآلِهَةُ فَأَمَرَ بِهَا فَأُخْرِجَتْ فَأَخْرَجُوا صُورَةَ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ فِي أَيْدِيهِمَا الْأَزْلَامُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَاتَلَهُمْ اللَّهُ أَمَا وَاللهِ لَقَدْ عَلِمُوا أَنَّهُمَا لَمْ يَسْتَقْسِمَا بِهَا قَطُّ فَدَخَلَ الْبَيْتَ فَكَبَّرَ فِي نَوَاحِيهِ وَلَمْ يُصَلِّ فِيهِ.

3448 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە،

[1] ئەلبانى (2728): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

بەيتۇللاھنىڭ ئىچىدە مۇشرىكلارنىڭ نۇرغۇنلىغان بۇتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىرىشتىن بۇرۇن بۇتلارنى ئۇ يەردىن چىقىرىپ تاشلاشقا بۇيرىدى. ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قوللىرىدا پال ئوقلىرى تۇتۇپ تۇرغان رەسىملىرىمۇ شۇ چاغدا چىقىرىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«الله بوھتان چاپلىغۇچىلارغا لەنەت قىلسۇن. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پال ئوقى تۇتۇپ باقمىغانلىقىنى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)مۇ ئوبدان بىلىدۇ» دېدى. ئاندىن كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تەكبىر ئېيتقاچ ئايلىنىپ چىقتى، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇمىدى.

(بۇخارى: 1601)

3449 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ دَخَلَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْبَيْتَ فَوَجَدَ فِيهِ صُورَةَ إِبْرَاهِيمَ وَصُورَةَ مَرْيَمَ فَقَالَ أَمَا لَهُمْ فَقَدْ سَمِعُوا أَنَّ الْمَلَائِكَةَ لَا تَدْخُلُ بَيْتًا فِيهِ صُورَةٌ هَذَا إِبْرَاهِيمُ مُصَوَّرٌ فَمَا لَهُ يَسْتَقْسِمُ.

3449 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىگە كىرىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى مەريەمنىڭ رەسىملىرىنى كۆردى ۋە:

«ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ رەسىم بار ئۆيگە كىرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پال ئوقى تۇتۇپ تۇرغان رەسىمىنى سىزىپ قويۇپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پال ئوقلىرى بىلەن نېمە ئىشى بولسۇن؟» دېدى.

(بۇخارى: 3351)

3450 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَقْبَلَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَامَ الْفَتْحِ وَهُوَ مُرْدِفٌ أُسَامَةَ عَلَى الْقَصْوَاءِ وَمَعَهُ بِلَالٌ وَعُثْمَانُ بْنُ طَلْحَةَ حَتَّى أَنَاخَ عِنْدَ الْبَيْتِ ثُمَّ قَالَ لِعُثْمَانَ ائْتِنَا بِالْمِفْتَاحِ فَجَاءَهُ بِالْمِفْتَاحِ فَفَتَحَ لَهُ الْبَابَ فَدَخَلَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأُسَامَةُ وَبِلَالٌ وَعُثْمَانُ ثُمَّ أَغْلَقُوا عَلَيْهِمْ الْبَابَ فَمَكَثَ نَهَارًا طَوِيلًا ثُمَّ خَرَجَ وَابْتَدَرَ

النَاسُ الدخُولَ فَسَبَقْتُهُمْ فَوَجَدْتُ بِلَالًا قَائِمًا مِنْ وَرَاءِ الْبَابِ فَقُلْتُ لَهُ أَيْنَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ صَلى بَيْنَ ذَيْنِكَ الْعَمُودَيْنِ الْمُقَدمَيْنِ وَكَانَ الْبَيْتُ عَلَى سِتَّةِ أَعْمِدَةٍ سَطْرَيْنِ صَلى بَيْنَ الْعَمُودَيْنِ مِنْ السطْرِ الْمُقَدمِ وَجَعَلَ بَابَ الْبَيْتِ خَلْفَ ظَهْرِهِ وَاسْتَقْبَلَ بِوَجْهِهِ الذِي يَسْتَقْبِلُكَ حِينَ تَلِجُ الْبَيْتَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجِدَارِ قَالَ وَنَسِيتُ أَنْ أَسْأَلَهُ كَمْ صَلى وَعِنْدَ الْمَكَانِ الذِي صَلى فِيهِ مَرْمَرَةٌ حَمْرَاءُ.

3450 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى تۆگىسى (قەسۋا)نى مىنىپ، كەينىگە ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مىنگەشتۈرگەن ھالدا مەككىگە كەلدى. بىلال ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىنى بەيتۇللاھنىڭ يېنىدا چۆكتۈرۈپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ئاچقۇچنى ئەكەلگىن! ـ دېدى. ئۇ ئاچقۇچنى ئەكىلىپ، كەئبىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىغا ئۇسامە، بىلال ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى ئېلىپ كەئبىگە كىردى ۋە كەئبىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېتىپ، خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقتى. بۇنى كۆرۈپ، باشقىلارمۇ كەئبىگە كىرىش ئۈچۈن ئالدىراشتى. مەن ھەممىدىن بۇرۇن كىرىپ، ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا بىلالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەيەردە ناماز ئوقۇغانلىقىنى سورىدىم، ئۇ:

ـ شۇ ئالدى تەرەپتىكى ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقىدا ناماز ئوقۇدى (ئۇ چاغلاردا بەيتۇللاھنىڭ ئىككى قۇر قىلىپ قويۇلغان ئالتە تۈۋرۈكى بار ئىدى). ئەڭ ئالدى قۇردىكى ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارىسىدا ئوقۇدى. كەينىنى بەيتۇللاھنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە، ئالدىنى دەرۋازىدىن ئىچىگە كىرگەندە ئۇدۇلۇڭدا تۇرىدىغان تامغا قىلىپ، تام بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئاز بوشلۇق قويۇپ ئوقۇدى، ـ دېدى.

مەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى سوراشنى ئۇنتۇپ

قاپتىمەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇغان يەردە بىر پارچە قىزىل مەرمەر بار ئىدى.

(بۇخارى: 3300)

3451 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ أَقْبَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْفَتْحِ عَلَى نَاقَـةٍ لِأُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ حَتى أَنَاخَ بِفِنَاءِ الْكَعْبَةِ ثُم دَعَا عُثْمَانَ بْنَ طَلْحَةَ فَقَالَ ائْتِنِي بِالْمِفْتَاحِ فَذَهَبَ إِلَى أُمهِ فَأَبَتْ أَنْ تُعْطِيَهُ فَقَالَ وَاللهِ لَتُعْطِينِهِ أَوْ لَيَخْرُجَن هَذَا السيْفُ مِنْ صُلْبِي قَالَ فَأَعْطَتْهُ إِياهُ فَجَاءَ بِهِ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَفَعَهُ إِلَيْهِ فَفَتَحَ الْبَابَ ثُم ذَكَرَ الحديث.

3451 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تۆگىسىگە مىنگەشتۈرگەن ھالدا مەككىگە كەلدى ۋە تۆگىسىنى كەئبىنىڭ يېنىدا چۆكتۈردى. ئاندىن ئوسمان ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ، ئانىسىدىن كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى ئەكىلىشكە بۇيرىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچقۇچنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئانىسى ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا بېرىشنى رەت قىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يا ئاچقۇچنى بېرىسەن ياكى قىلىچىمنى غىلىپىدىن سۇغۇرىمەن، ـ دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئانىسى ئاچقۇچنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچقۇچنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاپشۇرۇپ بەردى... (داۋامى يۇقىرىقى ھەدىس بىلەن ئوخشاش).

(مۇسلىم: 1329)

3452 - وفي أخرى: فَسَأَلْتُ بِلَالًا فَقُلْتُ أَصَلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِـي الْكَعْبَةِ قَالَ نَعَمْ رَكْعَتَيْنِ بَيْنَ السارِيَتَيْنِ اللتَيْنِ عَلَى يَسَارِهِ إِذَا دَخَلْتَ ثُم خَرَجَ فَصَلى فِـي وَجْهِ الْكَعْبَةِ رَكْعَتَيْنِ.

3452 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: مەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ:

ــ ھەئە، كەئبىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەندە سول تەرەپتە قالىدىغان ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى رەكئەت ئوقۇدى، ئاندىن كەئبىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەئبىگە قاراپ ئىككى رەكئەت ئوقۇدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 397)

3453 - عن صَفِيةَ بِنْتِ شَيْبةَ قَالَتْ سَمِعْتُ الأَسْلَمِيةَ تَقُولُ قُلْتُ لِعُثْمَانَ مَا قَالَ لَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ دَعَاكَ قَالَ قَالَ إني نَسِيتُ أَنْ آمُرَكَ أَنْ تُخَمِّرَ الْقَرْنَيْنِ فَإِنهُ لَيسَ يَنْبَغِي أَنْ يَكُونَ فِي الْبَيْتِ شَيْءٌ يَشْغَلُ الْمُصَلِّيَ.

3453 ـ سەفىيە بىنتى شەيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق بىر ھەدىسنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەسلەم قەبىلىسىلىك بىر ئايال ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىنى چاقىرغان چاغدا نېمە دېگەنىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ساڭا ئۇ ئىككى مۈڭگۈزنى[1] يۆگەپ قويۇ دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. چۈنكى بەيتۇللاھتا نامازخانلارغا دەخلى يەتكۈزىدىغان بىر نەرسىنىڭ بولۇشى توغرا ئەمەس» دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2030)

[1] ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلغىلى ھازىرلانغاندا، الله ئۇنىڭ ئورنىغا بۇنى قۇربانلىق قىلغىن دەپ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەرگەن قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىنى دېمەكچى. بۇ مۈڭگۈز ئەسىرلەردىن بېرى بەيتۇللاھتا ساقلىنىپ كەلگەنىدى.

[2] ئەلبانى (1786): سەھىھ ـ دېگەن.

## ئەرافاتتا تۇرۇش ۋە زىيارەت تاۋابى قىلىش

3456 - عن عبد الله بن عمرو قال أفاض جبريل بابراهيم عليهما السلام إلى منى فصلى به الظهر والعصر والمغرب والعشاء والصبح بمنى ثم غدا من منى إلى عرفات فصلى به الصلاتين ثم وقف حتي غابت الشمس ثم أتى به المزدلفة فنزل بها فبات بها ثم صلى كاعجل ما يصلى أحد من المسلمين ثم دفع به إلى منى فرمى وذبح وحلق ثم أوحى الله عزوجل إلى محمد صلى الله عليه وسلم أن اتبع ملة ابراهيم حنيفا وما كان من المشركين .

3456 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مىناغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇ يەردە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرىنى ئىمام بولۇپ ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئەرافاتقا يۈزلەندى. ئەرافاتقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە پېشىن ۋە ئەسىرنى ئىمام بولۇپ ئوقۇدى، ئاندىن كۈن پاتقىچە شۇ يەردە تۇردى. كۈن پاتقاندىن كېيىن، مۇزدەلىفەگە بېرىپ شۇ يەردە قونۇپ قالدى. ئاندىن يەنە ئىمام بولۇپ، بامدات نامىزىنى خۇددى مۇسۇلمانلاردىن بىرى تېز ئوقۇغاندەك ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئوقۇدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مىناغا ئېلىپ باردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شەيتانغا تاش ئاتتى، قۇربانلىق قىلدى ۋە چېچىنى چۈشۈردى. شۇ ئىشلاردىن كېيىن الله تائالا مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: باتىلدىن بۇرۇلۇپ ھەق دىنغا ئەگەشكۈچى

ئىبراھىمغا ئەگەشكىن، ئۇ ئاللەقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].
(«ئەلكەبىر»)

3457 - عن هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَتْ الْعَرَبُ تَطُوفُ بِالْبَيْتِ عُرَاةً إلا الْحُمْسَ وَالْحُمْسُ قُرَيْشٌ وَمَا وَلَدَتْ كَانُوا يَطُوفُونَ عُرَاةً إلا أَنْ تُعْطِيَهُمْ الْحُمْسُ ثِيَابًا فَيُعْطِي الرِجَالُ الرِجَالَ وَالنِسَاءُ النِسَاءَ وَكَانَتْ الْحُمْسُ لَا يَخْرُجُونَ مِنْ الْمُزْدَلِفَةِ وَكَانَ النَاسُ كُلُهُمْ يَبْلُغُونَ عَرَفَاتٍ قَالَ هِشَامٌ فَحَدثَنِي أَبِي عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ الْحُمْسُ هُمْ الذِينَ أَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل فِيهِمْ ثُم أَفِيضُوا مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ الناسُ قَالَتْ كَانَ النَاسُ يُفِيضُونَ مِنْ عَرَفَاتٍ وَكَانَ الْحُمْسُ يُفِيضُونَ مِنْ الْمُزْدَلِفَةِ يَقُولُونَ لَا نُفِيضُ إلا مِنْ الْحَرَمِ فَلَما نَزَلَتْ أَفِيضُوا مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ الناسُ رَجَعُوا إلَى عَرَفَاتٍ.

3457 ـ ھىشام دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (جاھىلىيەت دەۋرىدە) قۇرەيش ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبلىرىدىن باشقا ئەرەبلەر بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلاتتى. قۇرەيش خەلقى كىيىم ـ كېچەك بەرگەندىلا، ئاندىن كىيىملىك تاۋاپ قىلاتتى. قۇرەيشلەرنىڭ ئەرلىرى ئەرلەرگە، ئاياللىرى ئاياللارغا كىيىم بېرەتتى. قۇرەيش جەمەتىگە تەۋە ئادەملەر ئەرافات كۈنى مۇزدەلىفەنىڭ سىرتىغا چىقمايتتى، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەرافاتقا بېرىپ تۇراتتى. دادامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، اللە تائالا مۇزدەلىفەدىن چىقمايدىغان قۇرەيشلەر ھەققىدە: ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرافاتتىن) ئادەملەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار [3] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. چۈنكى ھەممە ئادەم ئەرافاتتىن قايتسا، قۇرەيشلەر:

[1] سۈرە نەھل، 123 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (5539): تەبەرانى بۇ ھەدىسنى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەزى سەنەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئۇنىڭ بەزى سەنەدىدە نەقىل قىلىنىشىچە، بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاسىنىڭ قېشىغا كېلىپ: مېنىڭ تۆگەم ئاجىز، بالا ـ چاقام ئاجىز. مەن ھەج پائالىيىتىنى تېزراق تۈگەتسەم بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن.

[3] سۈرە بەقەرە، 199 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

— بىز پەقەت ھەرەمدىنلا قايتىمىز، ـ دېگەن ھالدا مۇزدەلىفەدىن قايتاتتى. ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرافاتتىن) ئادەملەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئەرافاتقا چىقىدىغان بولدى.

(مۇسلىم: 1219)

3458 - عَنْ سَلَمَةَ بْنِ نُبَيْطٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْطُبُ يَوْمَ عَرَفَةَ عَلَى جَمَلٍ أَحْمَرَ.

3458 ـ سەلەمە ئىبنى نۇبەيت دادىسىنىڭ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەرافاتتا قىزىل تۆگىگە مىنىپ تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ھالدا كۆردۇم، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[1].

(نەسائى: 3008)

3459 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ رَجُلٍ مِنْ بَنِي ضَمْرَةَ عَنْ أَبِيهِ أَوْ عَمِهِ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ بِعَرَفَةَ.

3459 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى زەمرە قەبىلىسىگە مەنسۇپ بىرىنىڭ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەرافاتتا مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1915)

3460 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ يَعْمَرَ أَن نَاسًا مِنْ أَهْلِ نَجْدٍ أَتَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ بِعَرَفَةَ فَسَأَلُوهُ فَأَمَرَ مُنَادِيًا فَنَادَى الْحَج عَرَفَةُ مَنْ جَاءَ لَيْلَةَ جَمْعٍ قَبْلَ طُلُوعِ الْفَجْرِ فَقَدْ أَدْرَكَ.

---

[1] ئەلبانى (2814): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى(416): زەئىپ، ـ دېگەن.

3460 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى يەئمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرافاتتا تۇرىۋاتقاندا نەجدلىك بىر تۈركۈم كىشى كېلىپ، ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى. ئۇ، بىر جاكارچىنى: «ھەجنىڭ ئاساسى ئەرافاتتا تۇرۇشتۇر، كىمكى ئەرافاتتا تۇرۇپ، بامدات نامىزىدىن بۇرۇن مۇزدەلىفەگە كەلسە، ھەجگە ئۈلگۈرگەن بولىدۇ» دەپ جاكارلاشقا بۇيرىدى[1].

(تىرمىزى: 889)

3461 - عَنْ عُرْوَةَ بْنِ مُضَرِسِ بْنِ أَوْسِ بْنِ حَارِثَةَ بْنِ لَامٍ الطائِي قَالَ أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْمُزْدَلِفَةِ حِينَ خَرَجَ إِلَى الصلَاةِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني جِئْتُ مِنْ جَبَلَيْ طَيئٍ أَكْلَلْتُ رَاحِلَتِي وَأَتْعَبْتُ نَفْسِي وَاللهِ مَا تَرَكْتُ مِنْ حَبْلٍ إِلا وَقَفْتُ عَلَيْهِ فَهَلْ لِي مِنْ حَج فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ شَهِدَ صَلَاتَنَا هَذِهِ وَوَقَفَ مَعَنَا حَتى نَدْفَعَ وَقَدْ وَقَفَ بِعَرَفَةَ قَبْلَ ذَلِكَ لَيْلًا أَوْ نَهَارًا فَقَدْ أَتم حَجهُ وَقَضَى تَفَثَهُ.

3461 ـ ئۇرۋە ئىبنى مۇزەررىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىفەدە نامازغا چىققان چاغدا، يېنىغا كېلىپ:

ــ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! مەن تەيدىكى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىن كەلدىم. تۆگەمنى، ئۆزەمنى چارچاپ كەتتىم. ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بېسىپ ئۆتكەن ھەرقانداق تۆپىلىكتە بىر ئازدىن تۇرۇپ ئۆتتۈم. بۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ ھەج پائالىيىتىم ئادا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋابەن:

ــ كىمكى بۇندىن بۇرۇن مەيلى كۈندۈز ياكى كېچىدە ئەرافاتتا تۇرۇپ، ئاندىن بىزنىڭ مۇشۇ نامىزىمىزغا ئۈلگۈرسە ۋە بىز بىلەن ئەرافاتتا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن مىناغا ماڭسا، ھەج پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان بولىدۇ، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 891)

[1] ئەلبانى (705): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى(707): سەھىھ ـ دېگەن.

3462 - زاد في الكبير: أن النF ﷺ قال له: أفرP روعك يا عروة. (وأفرد البزار هذه الزيادة وتر جم باالتهنئة بتمام اΣج).

3462 ـ تەبەرانىي پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇرۋىگە: «ئەي ئۇرۋە! خاتىرجەم بولغىن!» دېگەنلىكىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[1].

(«ئەلكەبىر»)

3463 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ عَرَفَةُ كُلهَا مَوْقِفٌ وَارْتَفِعُوا عَنْ بَطْنِ عُرَنَةَ وَالْمُزْدَلِفَةُ كُلهَا مَوْقِفٌ وَارْتَفِعُوا عَنْ بَطْنِ مُحَسرٍ.

3463 ـ مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەرافاتنىڭ ھەممە يېرىدە تۇرۇشقا بولىدۇ، ئەمما ئۇرەنە ۋادىسىدا تۇرماي، يۇقىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىڭلار. مۇزدەلىفەنىڭمۇ ھەممە يېرىدە تۇرۇشقا بولىدۇ، لېكىن مۇھەسسىر ۋادىسىغا ئۆتۈپ كەتمەڭلار!»

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3464 - عَنْ سَالِمٍ قَالَ كَتَبَ عَبْدُ الْمَلِكِ إِلى الْحَجاجِ أَنْ لَا يُخَالِفَ ابْنَ عُمَرَ فِي الْحَج فَجَاءَ ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَأَنَا مَعَهُ يَوْمَ عَرَفَةَ حِينَ زَالَتْ الشمْسُ فَصَاحَ عِنْدَ سُرَادِقِ الْحَجاجِ فَخَرَجَ وَعَلَيْهِ مِلْحَفَةٌ مُعَصْفَرَةٌ فَقَالَ مَا لَكَ يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ فَقَالَ الرواحَ إِنْ كُنتَ تُرِيدُ السنةَ قَالَ هَذِهِ الساعَةَ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَأَنْظِرْنِي حَتى أُفِيضَ عَلَى رَأْسِي ثُم أَخْرُجُ فَنَزَلَ حَتى خَرَجَ الْحَجاجُ فَسَارَ بَيْنِي وَبَيْنَ أَبِي فَقُلْتُ إِنْ كُنتَ تُرِيدُ السنةَ فَاقْصُرْ الْخُطْبَةَ وَعَجلْ الْوُقُوفَ فَجَعَلَ يَنظُرُ إِلى عَبْدِ اللهِ فَلَما رَأَى ذَلِكَ عَبْدُ اللهِ قَالَ صَدَقَ.

[1] ھەيسەمى (5557): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە داۋۇد ئىبنى يەزىد ئەۋدى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ئەدىي: ئۇنىڭ چەك ـ چېگرىدىن ھالقىپ كەتكەن بىرمۇ مۇنكەر ھەدىس رىۋايەت قىلغىنىنى كۆرمىدىم، ـ دېگەن. بەزى ئىشەنچلىك راۋىيلارمۇ ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. شۇنداقلا، سۇفيان ۋە شۇئبە قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. لېكىن بىر قىسىم ھەدىسشۇناس ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

3464 ـ سالىم مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇلمەلىك ھەججاجغا مەكتۇب يوللاپ، ئۇنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا قارشى چىقماسلىقىنى تاپىلىدى. كېيىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يېتىپ كەلدى، مەن ئەرافاتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. كۈن چۈشتىن سەل قايرىلغاندا، ئۇ ھەججاجنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى چاقىردى. ھەججاج چېدىرىدىن سارغۇچ رەڭلىك يېپىنچا بىلەن چىقىپ:

ـ ھەي ئەبۇ ئابدۇراھمان! نېمە بولدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ئەگەر سۈننەتكە لايىق ھەج قىلماقچى بولساڭ، (خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن) يولغا چىقىشىڭ كېرەك! ـ دېدى. ھەججاج:

ـ ھازىرلا چىقامدىم؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئۆمەر:

ـ ھەئە، ھازىرلا، ـ دېدى. ھەججاج:

ـ مەن بېشىمغا سۇ قۇيىۋېتىپ چىقاي، بىردەم كۈتۈپ تۇرغىن! ـ دېدى ۋە چېدىرغا كىرىپ كەتتى. دادام ئۇنى كۈتۈپ تۇردى. ھەججاج چېدىرىدىن چىقىپ، دادام ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ ماڭدى. مەن:

ـ ئەگەر سۈننەتكە لايىق ھەج قىلماقچى بولساڭ، خۇتبىنى قىسقا سۆزلە، ئەرافاتتا ئاز تۇرغىن! ـ دېدىم. ئۇ، دادام ئابدۇللاھقا قاراپ قويدى. ئابدۇللاھ ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى تۇيۇپ:

ـ توغرا گەپ قىلدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1660)

3465 - عن مَالِكٌ قَالَ حَدثَنِي مُحَمدُ بْنُ أَبِي بَكْرٍ الثقَفِي قَالَ قُلْتُ لِأَنسٍ وَنَحْنُ غَادِيَانِ مِنْ مِنًى إِلَى عَرَفَاتٍ مَا كُنْتُمْ تَصْنَعُونَ فِي التلْبِيَةِ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي هَذَا الْيَوْمِ قَالَ كَانَ الْمُلَبي يُلَبي فَلَا يُنكَرُ عَلَيْهِ وَيُكَبرُ الْمُكَبرُ فَلَا يُنكَرُ عَليه.

3465 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى سەقەفىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مىنادىن ئەرافاتقا كېتىۋېتىپ، ئەنەستىن:

ــ سىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇشۇ كۈندە تەلبىيە ئېيتقاندا نېمىلەرنى قىلاتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:
ــ بەزىلىرىمىز تەلبىيە ئېيتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قارشى چىقمايتتى. يەنە بەزىلىرىمىز تەكبىر ئېيتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغىمۇ ئېتىراز بىلدۈرمەيتتى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3000)

3466- عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ عَنْ أَبِيهِ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا كَانَتْ تَتْرُكُ التلْبِيَةَ إِذَا رَجَعَتْ إِلَى الْمَوْقِفِ.

3466 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەرافاتتا نامازدىن كېيىن تۇرۇش ئورنىغا قايتىپ بارغاندا، تەلبىيە ئېيتىشتىن توختايتتى.

(مالىك: 755)

3467 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ قَالَ سُئِلَ أُسَامَةُ وَأَنَا جَالِسٌ كَيْفَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسِيرُ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ حِينَ دَفَعَ قَالَ كَانَ يَسِيرُ الْعَنَقَ فَإِذَا وَجَدَ فَجْوَةً نَصَّ.

3467 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭدىن:
ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەجىدە ئەرافاتتىن قايتقاندا قانداق ماڭغانىدى؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ جاۋابەن:
ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نورمال ماڭاتتى، كەڭرەك يەرگە كەلگەندە، سۈرئىتىنى سەل تېزلىتەتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1666)

[1] ئەلبانى (2806): سەھىھ ـ دېگەن.

3467 - وفي رواية: أَفَاضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ عَرَفَةَ وَأَنا رَدِيفُهُ فَجَعَلَ يَكْبَحُ رَاحِلَتَهُ حَتى أَن ذِفْرَهَا لَتَكَادُ تُصِيبُ قَادِمَةَ الرحْلِ وَهُوَ يَقُولُ يَا أَيهَا الناسُ عَلَيْكُمْ السكِينَةَ وَالْوَقَارَ فَإِن الْبِر لَيْسَ فِي إِيضَاعِ الْإِبِلِ.

3468 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرافاتتىن قايتتى، مەن (يەنى ئۇسامە) ئۇنىڭ تۆگىسىگە مىنگىشىۋالغان ئىدىم. ئۇ:

ـ ئى خالايىق! ئالدىرىماي مېڭىڭلار، تۆگىلەرنى چاپتۇرۇشتا ھېچ ياخشىلىق يوق، ـ دەيتتى ۋە تۆگىسىنىڭ تىزگىنىنى شۇنداق تارتاتتىكى، تۆگىنىڭ قۇلىقى ئېگەرنىڭ تۇمشۇقىغا تېگىپ قالغىلى تاس قالاتتى.

(ئەھمەد: 21296)

3469 - عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ قَالَ رَدِفْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ عَرَفَاتٍ فَلَما بَلَغَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الشعْبَ الْأَيْسَرَ الذِي دُونَ الْمُزْدَلِفَةِ أَنَاخَ فَبَالَ ثُم جَاءَ فَصَبَبْتُ عَلَيْهِ الْوَضُوءَ فَتَوَضأَ وُضُوءًا خَفِيفًا ثُم قُلْتُ الصلَاةَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ الصلَاةُ أَمَامَكَ فَرَكِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى أَتى الْمُزْدَلِفَةَ فَصَلى ثُم رَدِفَ الْفَضْلُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَدَاةَ جَمْعٍ.

3469 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسىگە ئەرافاتتىن باشلاپ مىنگىشىۋالغانىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىفەگە يېقىن يەردىكى شىئىبىل ئەيسەر دېگەن جىلغىغا يېتىپ كەلگەندە، تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ قويۇپ، كىچىك تەرەت سۇندۇرۇپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا تاھارەت سۈيى قۇيۇپ بەردىم، ئۇ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ناماز (ئوقۇمامدۇق)؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ناماز ئالدىمىزدا، ـ دەپ، تۆگىگە مىنىپ مۇزدەلىفەگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە ناماز ئوقۇدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسىگە فەزل ئىبنى ئابباس مىنگەشتى.

(مۇسلىم: 1280)

3470 - وفي رواية: فَرَكِبَ حَتى جِئْنا الْمُزْدَلِفَةَ فَأَقَامَ الْمَغْرِبَ ثُم أَناpالناسُ فِي مَنَازِلِهِمْ وَلَمْ يَحُلوا حَتى أَقَامَ الْعِشَاءَ الْآخِرَةَ فَصَلى ثُم حَلوا قُلْتُ فَكَيْفَ فَعَلْتُمْ حِينَ أَصْبَحْتُمْ قَالَ رَدِفَهُ الْفَضْلُ بْنُ عَباسٍ وَانْطَلَقْتُ أَنا فِي سُباقِ قُرَيْشٍ عَلَى رِجْلَي.

3470 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: تۆگىگە مىنىپ مۇزدەلىفەگە كەلدۇق، ناماز شامغا تەكبىر ئوقۇلدى. ناماز شامدىن كېيىن، ئادەملەر تۆگىلىرىنى قونماقچى بولغان جايلارغا چۆكتۈردى، لېكىن خۇپتەنگە تەكبىر چۈشۈرۈلۈپ، ناماز ئوقۇلۇپ بولغانغا قەدەر يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرمەي تۇردى. مەن (راۋىي) ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا نېمە ئىشلارنى قىلدىڭلار؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ فەزل ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مىنگىشىپ ماڭدى. مەن ئەڭ ئالدىدا ماڭغان قۇرەيشلىكلەر بىلەن مىناغا پىيادە ماڭدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1280)

3471 - عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ قَالَ قَالَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِن الْمُشْرِكِينَ كَانُوا لَا يُفِيضُونَ مِنْ جَمْعٍ حَتى تَشْرُقَ الشمْسُ عَلَى ثَبِيرٍ فَخَالَفَهُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَفَاضَ قَبْلَ أَنْ تَطْلُعَ الشمْسُ.

3471 ـ ئەمر ئىبنى مەيمۇن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار تاكى كۈن نۇرى سەۋر تېغىغا چۈشمىگىچە مۇزدەلىفەدىن ئايرىلمايتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا قارشى ئىش قىلىش ئۈچۈن، مۇزدەلىفەدىن كۈن چىقىشتىن بۇرۇن قايتتى.

(بۇخارى: 3838)

3472 - عَنْ اْبنِ عَباسٍ قَالَ قَدمَنا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ لْيلَةَ الْمُزْدَلِفَةِ أُغْيلِمَةَ بَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ عَلى حُمُرَاتٍ فَجَعَلَ يَلْطَحُ أَفْخَاذَنا وَيقُولُ أُبيْنِي لَا تَرْمُوا الْجَمْرَةَ حَتى تطْلُعَ الشمْسُ.

3472 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دەيـدۇ: مـۇزدەلىفەدىن قايتقـان كېچىسـى، پەيغەمـبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسەللەم بىزنى (يەنى بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەۋلادلىرىنى) ئېشەكلەرگە مىندۈرۈپ، ئالدىن يولغا سالدى ۋە يوتىلىرىمىزغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ باللىرىم! كۈن چىقمىغىچە شەيتانغا تاش ئاتماڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1940)

3473 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَتْ سَوْدَةُ امْرَأَةً ضَخْمَةً ثَبِطَةً فَاسْتَأْذَنَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ أَنْ تُفِيضَ مِنْ جَمْعٍ بِلْيلٍ فَأَذِنَ لَهَا فَقَالَتْ عَائِشَةُ فَلْيتَنِي كُنْتُ اسْتَأْذَنْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ كَمَا اسْتَأْذَنَتْهُ سَوْدَةُ وَكَانَتْ عَائِشَةُ لَا تُفِيضُ إِلا مَعَ الْإِمَامِ.

3473 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەۋدە بەستلىك ۋە ھەرىكىتى ئاستىراق ئايال بولغاچقا، مۇزدەلىفەدىن مىناغا كېچىدە يولغا چىقىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇخسەت سورىغانىدى، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى، مەن: "كاشكى مەنمۇ سەۋدەگە ئوخشاش رۇخسەت سورىغان بولسامچۇ؟" دەپ كەتتىم.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېيىنكى زامانلاردىمۇ مۇزدەلىفەدىن مىناغا ئىمام بىلەن بىللە قايتاتتى.

(مۇسلىم: 1290)

[1] ئەلبانى (1710): سەھىھ ـ دېگەن.

3474 - عَنْ عَائِشَةَ أَنَّهَا قَالَتْ أَرْسَلَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِأُمِّ سَلَمَةَ لَيْلَةَ النَّحْرِ فَرَمَتْ الْجَمْرَةَ قَبْلَ الْفَجْرِ ثُمَّ مَضَتْ فَأَفَاضَتْ وَكَانَ ذَلِكَ الْيَوْمُ الْيَوْمَ الَّذِي يَكُونُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَعْنِي عِنْدَهَا.

3474 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قۇربانلىق كېچىسى (يەنى مۇزدەلىفە كېچىسى) مىناغا ئەۋەتتى. ئۇ، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن شەيتانغا تاش ئاتتى ۋە مەككىگە قايتىپ، زىيارەت تاۋاپى قىلدى. ئۇ كۈن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېشىدا بولىدىغان كۈن ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1942)

3475 - عن سَالِمَ بْنَ عَبْدِ اللَّهِ أَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يُقَدِّمُ ضَعَفَةَ أَهْلِهِ فَيَقِفُونَ عِنْدَ الْمَشْعَرِ الْحَرَامِ بِالْمُزْدَلِفَةِ بِاللَّيْلِ فَيَذْكُرُونَ اللَّهَ مَا بَدَا لَهُمْ ثُمَّ يَدْفَعُونَ قَبْلَ أَنْ يَقِفَ الْإِمَامُ وَقَبْلَ أَنْ يَدْفَعَ فَمِنْهُمْ مَنْ يَقْدَمُ مِنًى لِصَلَاةِ الْفَجْرِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَقْدَمُ بَعْدَ ذَلِكَ فَإِذَا قَدِمُوا رَمَوْا الْجَمْرَةَ وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يَقُولُ أَرْخَصَ فِي أُولَئِكَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

3475 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جەمەتىدىكىلەردىن ئاجىزلارنى ئالدىدا ماڭدۇراتتى. ئۇلار كېچىسى مۇزدەلىفەدىكى مەشئەرىل ھەرامدا تۇراتتى ۋە الله تائالانى كۆڭلىنىڭ يېتىشىچە ياد ئېتىپ، سەھەردە ئىمام كېلىپ ئۇ يەردە تۇرۇشتىن ۋە ئۇ يەردىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن مىناغا قايتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مىناغا بامدات نامىزىغا ئۇلگۇرۇپ كەلسە، بەزىلىرى بامداتتىن كېيىن كېلەتتى ۋە مىناغا كەلگەن ھامان شەيتانغا تاش ئاتاتتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

[1] ئەلبانى (423): زەئىپ. ـ دېگەن.

ـــ پەيغەمـــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم بۇلارغــا رۇخســەت قىلغانىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1295)

3476 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ قَالَ قَالَ عَبْدُ اللهِ وَنَحْنُ بِجَمْعٍ سَمِعْتُ الـذِي أُنزِلَتْ عَلَيْهِ سُورَةُ الْبَقَرَةِ يَقُولُ فِي هَذَا الْمَقَامِ لَبيْكَ اللهُم لَبيْكَ.

3476 ـ ئابــدۇراھمان ئىبنــى يەزىــدتىن ئابــدۇللاھنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز مۇزدەلىفەدە ئىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ ئورۇندا: «لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(مۇسلىم: 1283)

3477 - عن ابْنُ عَباسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْدَفَ الْفَضْلَ مِنْ جَمْعٍ قَالَ فَأَخْبَرَنِي ابْنُ عَباسٍ أن الْفَضْلَ أَخْبَرَهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَزَلْ يُلَبي حَتى رَمَى جَمْرَةَ الْعَقَبَةِ.

3477 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزدەلىفەدىن مىناغا قايتقاندا، تۆگىسىگە فەزل ئىبنى ئابباسنى مىندۈرىۋالدى. فەزل ئىبنى ئابباسنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاكى چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقانغا قەدەر تەلبىيە ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرغانىكەن.

(مۇسلىم: 1281)

## شەيتانغا تاش ئېتىش، چاچ چۈشۈرۈش ۋە ئېھرامدىن چىقىش

3478 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّهُ كَانَ يَرْمِي الْجَمْرَةَ الدُّنْيَا بِسَبْعِ حَصَيَاتٍ يُكَبِّرُ عَلَى إِثْرِ كُلِّ حَصَاةٍ ثُمَّ يَتَقَدَّمُ حَتَّى يُسْهِلَ فَيَقُومَ مُسْتَقْبِلَ الْقِبْلَةِ فَيَقُومُ طَوِيلًا وَيَدْعُو وَيَرْفَعُ يَدَيْهِ ثُمَّ يَرْمِي الْوُسْطَى ثُمَّ يَأْخُذُ ذَاتَ الشِّمَالِ فَيَسْتَهِلُ وَيَقُومُ مُسْتَقْبِلَ الْقِبْلَةِ فَيَقُومُ طَوِيلًا وَيَدْعُو وَيَرْفَعُ يَدَيْهِ وَيَقُومُ طَوِيلًا ثُمَّ يَرْمِي جَمْرَةَ ذَاتِ الْعَقَبَةِ مِنْ بَطْنِ الْوَادِي وَلَا يَقِفُ عِنْدَهَا ثُمَّ يَنْصَرِفُ فَيَقُولُ هَكَذَا رَأَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَفْعَلُهُ.

3478 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ كىچىك شەيتانغا يەتتە تال شېغىل تاش ئاتاتتى ۋە ھەر بىر تاشنى ئاتقاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن پەسكە چۈشۈپ، قىبلىگە يۈز كەلتۈرگەن ھالدا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى. ئاندىن ئوتتۇرا شەيتانغا تاش ئاتاتتى ۋە ۋادىنىڭ سول تەرىپىنى بويلاپ مېڭىپ تۈزلەڭگە چۈشۈپ، قىبلىگە يۈز كەلتۈرگەن ھالدا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى. ئاندىن چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېشىدا توختىماي قايتىپ كېتەتتى ۋە:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 1751)

3479 - عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ قَالَ رَمَى عَبْدُ اللَّهِ بْنُ مَسْعُودٍ جَمْرَةَ الْعَقَبَةِ مِنْ بَطْنِ الْوَادِي بِسَبْعِ حَصَيَاتٍ يُكَبِّرُ مَعَ كُلِّ حَصَاةٍ قَالَ فَقِيلَ لَهُ إِنَّ أُنَاسًا يَرْمُونَهَا مِنْ فَوْقِهَا فَقَالَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ مَسْعُودٍ هَذَا وَالَّذِي لَا إِلَهَ غَيْرُهُ مَقَامُ الَّذِي أُنْزِلَتْ عَلَيْهِ سُورَةُ الْبَقَرَةِ.

3479 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى يەزىد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭ شەيتانغا ۋادىنىڭ

ئىچىدە تۇرۇپ يەتتە تال تاش ئاتتى ۋە ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتتى. ئۇنىڭدىن:

ــ بەزى ئادەملەر شەيتانغا يۇقىرى تەرەپتىن تاش ئاتىدىكەنغۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ:

ــ تەنھا ۋە يېگانە الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەل مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تاش ئاتقانىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1296)

3480 - وفي رواية: اسْتَبْطَنَ الْوَادِيَ وَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ وَجَعَلَ يَرْمِي الْجَمْرَةَ عَلَى حَاجِبِهِ الأَيْمَنِ.

3480 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ۋادىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلدى ۋە شەيتاننى ئوڭ يېنىغا ئۇدول كەلتۈرۈپ تۇرۇپ تاش ئېتىشقا باشلىدى[1].

(تىرمىزى: 901)

3481 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَفَ عِنْدَ الْجَمْرَةِ الثانِيَةِ أَطْوَلَ مِما وَقَفَ عِنْدَ الْجَمْرَةِ الأُولَى ثُم أَتَى جَمْرَةَ الْعَقَبَةِ فَرَمَاهَا وَلَمْ يَقِفْ عِنْدَهَا.

3481 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىككىنچى شەيتانغا تاش ئاتقان يەردە بىرىنچى شەيتانغا تاش ئاتقان يەردىكىدىن ئۇزۇنراق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ، چوڭ شەيتاننىڭ قېشىغا كېلىپ، تاش ئاتتى، لېكىن ئۇنىڭ قېشىدا تۇرمىدى[2].

(ئەھمەد: 6631)

---

[1] ئەلبانى (717): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5581): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەججاج ئىبنى ئەرتەئە ئىسىملىك بىرى بار. ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان، ـ دېگەن.

3482 - قَالَ مُجَاهِدٌ قَالَ سَعْدٌ رَجَعْنَا فِي الْحَجَّةِ مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَبَعْضُنَا يَقُولُ رَمَيْتُ بِسَبْعِ حَصَيَاتٍ وَبَعْضُنَا يَقُولُ رَمَيْتُ بِسِتٍّ فَلَمْ يَعِبْ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ.

3482 ـ مۇجاھىد سەئدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەجدىن قايتقان ۋاقتىمىزدا، بەزىلەر: ”يەتتە تال تاش ئاتتىم“ دېسە، يەنە بەزىلەر: ”ئالتە تال تاش ئاتتىم“ دەيتتى. لېكىن ھېچكىم بۇ ھەقتە بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىمەيتتى[1].

(نەسائى: 3077)

3483 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الِاسْتِجْمَارُ تَوٌّ وَرَمْيُ الْجِمَارِ تَوٌّ وَالسَّعْيُ بَيْنَ الصَّفَا وَالْمَرْوَةِ تَوٌّ وَالطَّوَافُ تَوٌّ وَإِذَا اسْتَجْمَرَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْتَجْمِرْ بِتَوٍّ.

3483 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىستىنجاغا ئىشلىتىلىدىغان ۋە شەيتانغا ئېتىلىدىغان تاشلارنىڭ، سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا قىلىنىدىغان سەئيىنىڭ ۋە كەئبىدە قىلىنىدىغان تاۋاپنىڭ سانى تاقتۇر. ئىستىنجا قىلغان ۋاقتىڭلاردا تاش ئىشلەتمەكچى بولساڭلار، سانىنى تاق تۇتۇڭلار!» دېدى.

(مۇسلىم: 1300)

3484 - قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ قَالَ لِي رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ غَدَاةَ الْعَقَبَةِ وَهُوَ عَلَى رَاحِلَتِهِ هَاتِ الْقُطْ لِي فَلَقَطْتُ لَهُ حَصَيَاتٍ هُنَّ حَصَى الْخَذْفِ فَلَمَّا وَضَعْتُهُنَّ فِي يَدِهِ قَالَ بِأَمْثَالِ هَؤُلَاءِ وَإِيَّاكُمْ وَالْغُلُوَّ فِي الدِّينِ فَإِنَّمَا أَهْلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ الْغُلُوُّ فِي الدِّينِ.

---

[1] ئەلبانى (2772): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

3484 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدىغان ئەتىگىنى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:

ـ ماڭىمۇ تاش تېرىپ كەلگىن! ـ دېدى. مەن ئۇششاق تاش تېرىپ بەردىم. ئۇ تاشلارنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن:

ـــ ئاتىدىغان تېشىڭلار مانا مۇشۇنچىلىك (يەنى سوزماق تېشىچىلىك چوڭلۇقتا) بولسۇن. دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەڭلار، چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر دىندا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولغان ئىدى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3057)

3485 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَرْمِي يَوْمَ النحْرِ ضُحًى وَأما بَعْدَ ذَلِكَ فَبَعْدَ زَوَالِ الشمْسِ.

3485 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا شەيتانغا تاش ئاتاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە چۈشتىن كېيىن ئاتاتتى[2].

(تىرمىزى: 894)

3486 - عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ نَافِعٍ عَنْ أَبِيهِ أَن ابْنَةَ أD لِصَفِيةَ بِنْتِ أَبِي عُبَيْدٍ نُفِسَتْ بِالْمُزْدَلِفَةِ فَتخَلفَتْ هِيَ وَصَفِيةُ حَتى أَتَتا مِنًى بَعْدَ أَنْ غَرَبَتْ الشمْسُ مِنْ يَوْمِ النحْرِ فَأَمَرَهُمَا عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ أَنْ تَرْمِيَا الْجَمْرَةَ حِينَ أَتَتا وَلَمْ يَرَ عَلَيْهِمَا شَيْئًا.

3486 ـ ئەبۇ بەكرى ئىبنى نافىئ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەفىيیە بىنتى ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىزى مۇزدەلىفەدە ھەيزدار بولۇپ قالدى ۋە بۇ سەۋەبتىن كېچىكىپ قېلىپ، سەفىيیە ئىككىسى مىناغا قۇربان ھېيت كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن

[1] ئەلبانى (2863): سەھىھ ـ دېگەن

[2] ئەلبانى (710): سەھىھ ـ دېگەن.

كېيىن يېتىپ كېلەلىدى. ئىبنى ئۆمەر ئۇلارنى كەلگەن ھامان چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىشقا بۇيرىدى. لېكىن ئۇلارنى قان ئېقىتىشقا (يەنى كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مال بوغۇزلاشقا) بۇيرىمىدى.

(مالىك: 931)

3487 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ مَنْ غَرَبَتْ لَهُ الشَّمْسُ مِنْ أَوْسَطِ أَيامِ التشْرِيقِ وَهُوَ بِمِنًى فَلَا يَنفِرَن حَتى يَرْمِيَ الْجِمَارَ مِنْ الْغَدِ.

3487 ـ نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كىمكى تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىنادىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن كۈن پېتىپ كەتسە، ئەتىسى شەيتانلارغا تاش ئاتمىغۇچە قايتمىسۇن، ـ دەيتتى.

(مالىك: 931)

3488 - عَنْ نافع عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنهُ كَانَ يَأْتِي الْجِمَارَ فِي الْأَيامِ الثلَاثَةِ بَعْدَ يَوْمِ النحْرِ مَاشِيًا ذَاهِبًا وَرَاجِعًا وَيُخْبِرُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَفْعَلُ ذَلِكَ.

3488 ـ نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇربانلىق كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە) شەيتانلارغا تاش ئېتىشقا پىيادە بېرىپ كېلەتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتاتتى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1969)

3489 - عن أبي الزبير قال سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ يَقُولُ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَرْمِي عَلَى رَاحِلَتِهِ يَوْمَ النحْرِ يَقُولُ لِتَأْخُذُوا مَنَاسِكَكُمْ فَإِني لَا أَدْرِي لَعَلي لَا أَحُج بَعْدَ حَجتِي هَذِهِ.

[①] ئەلبانى (1732): سەھىھ ـ دېگەن.

3489 ـ ئەبۇ زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: قۇربان ھېيت كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شەيتانغا تاش ئاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە: «ئى خالايىق! ھەج پائالىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىڭلار. بەلكىم مۇشۇ ھەجدىن كېيىن ھەج قىلالماسلىقىم مۇمكىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[①].

(نەسائى: 3062)

3490 - عن أبي الزبير أنه سمع جابر بن عبد الله يقول رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يرمي الجمرة وهو على بعيره وهو يقول يا أيها الناس خذوا مناسككم فإني لا أدري لعلي لا أحج بعد عامي هذا.

3490 ـ ئەبۇ زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شەيتانغا تاش ئاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە: «ئى خالايىق! ھەج پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىڭلار! بەلكىم مۇشۇ يىلدىن كېيىن ھەج قىلالماسلىقىم مۇمكىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[②].

(نەسائى: 3062)

3491 - عن قدامة بن عبد الله قال رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يرمي الجمار على ناقة ليس ضرب ولا طرد ولا إليك إليك.

3491 ـ قۇدامە ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شەيتانغا تاش ئاتقانلىقىنى كۆردۈم. شەيتانغا تاش ئاتقۇچىلار بىر ـ بىرىنى

① ئەلبانى (1733): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2768): سەھىھ ـ دېگەن.

قىستاپ ئېتىتتىرىشمەيتتى ياكى: ”بىر تەرەپتە تۇرغىن!“، ”ماڭا يول ئېچىپ بەرگىن!“ دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلىشمايتتى[1].

(تىرمىزى: 903)

3492 - عَنْ يَحْيَى بْنِ حُصَيْنٍ عَنْ أُمِّ الْحُصَيْنِ حَدَّثَتْهُ قَالَتْ حَجَجْنَا مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَجَّةَ الْوَدَاعِ فَرَأَيْتُ أُسَامَةَ وَبِلَالًا وَأَحَدُهُمَا آخِذٌ بِخِطَامِ نَاقَةِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَالْآخَرُ رَافِعٌ ثَوْبَهُ لِيَسْتُرَهُ مِنْ الْحَرِّ حَتَّى رَمَى جَمْرَةَ الْعَقَبَةِ. زاد النسائي: ثُمَّ خَطَبَ النَّاسَ فَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ وَذَكَرَ قَوْلًا كَثِيرًا.

3492 ـ يەھيا ئىبنى ھۇسەيىن ئۇممۇ ھۇسەيىندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ۋىدالىشىش ھەججىنى بىللە قىلغان ئىدۇق. مەن ئۇسامە ۋە بىلالنى كۆردۈم. ئۇ ئىككىسىدىن بىرى تاكى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغىچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرسا، يەنە بىرى ئۇنى ئىسسىقتىن ساقلاش ئۈچۈن كىيىمىنى كۆتۈرۈپ، سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1834)

نەسائى مۇنۇ جۈملىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇدى، الله تائالاغا ھەمدى ئېيتتى ۋە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈردى.

3493 - عن ابن عمر ﷺ:كان يقول حين يرمي الجمار: اللهم حج مبرور وذنب مغفور. رواه رزين.

3493 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شەيتانغا تاش ئاتىدىغان ۋاقىتتا: ئى الله! ھەججىمنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىشىڭنى تىلەيمەن! ـ دەپ دۇئا قىلاتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (718): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1618): سەھىھ ـ دېگەن.

3494 - عن ابن عباس: لولا ما يرفع الذي يتقبل من الجمار كانت أعظـم مـن ثبير. رواه رزين.

3494 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر شەيتانغا ئېتىلغان تاشلاردىن مەقبۇل بولغانلىرى الله تائالانىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان بولسا، سەبىر تېغىدىنمۇ ئېگىز كۆرۈنگەن بولاتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3495 - عَنْ أَبِي الطفَيْلِ قَالَ قُلْتُ لِابْنِ عَباسٍ يَزْعُمُ قَوْمُكَ أَن رَسُولَ اللهِ صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَمَلَ بِالْبَيْتِ وَأَن ذَلِكَ سُنةٌ فَقَالَ صَدَقُوا وَكَذَبُوا قُلْتُ وَمَا صَـدَقُوا وَمَـا كَذَبُوا قَالَ صَدَقُوا رَمَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْبَيْتِ وَكَذَبُوا لَيْسَ بِسُـنةٍ إِن قُرَيْشًا قَالَتْ زَمَنَ الْحُدَيْبِيَةِ دَعُوا مُحَمدًا وَأَصْحَابَهُ حَتى يَمُوتُوا مَوْتَ النغَفِ فَلَما صَالَحُوهُ عَلَى أَنْ يَقْدَمُوا مِنْ الْعَامِ الْمُقْبِلِ وَيُقِيمُوا بِمَكةَ ثَلَاثَةَ أَيامٍ فَقَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ وَالْمُشْرِكُونَ مِنْ قِبَلِ قُعَيْقِعَانَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِهِ ارْمُلُوا بِالْبَيْتِ ثَلَاثًا وَلَيْسَ بِسُنةٍ قُلْتُ وَيَزْعُمُ قَوْمُكَ أَنهُ طَافَ بَيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ عَلَى بَعِـيرٍ وَأَن ذَلِكَ سُنةٌ فَقَالَ صَدَقُوا وَكَذَبُوا فَقُلْتُ وَمَا صَدَقُوا وَكَذَبُوا فَقَالَ صَدَقُوا قَدْ طَـافَ بَـيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ عَلَى بَعِيرٍ وَكَذَبُوا لَيْسَ بِسُنةٍ كَانَ الناسُ لَا يُدْفَعُونَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا يُصْرَفُونَ عَنْهُ فَطَافَ عَلَى بَعِيرٍ لِيَسْمَعُوا كَلَامَهُ وَلَا تَنَالُهُ أَيْدِيهِمْ قُلْـتُ وَيَزْعُمُ قَوْمُكَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَعَى بَيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ وَأَن ذَلِكَ سُنةٌ قَالَ صَدَقُوا إِن إِبْرَاهِيمَ لَما أُمِرَ بِالْمَنَاسِكِ عَرَضَ لَهُ الشيْطَانُ عِنْدَ الْمَسْعَى فَسَابَقَهُ فَسَـبَقَهُ إِبْرَاهِيمُ ثُم ذَهَبَ بِهِ جِبْرِيلُ إِلَى جَمْرَةِ الْعَقَبَةِ فَعَرَضَ لَهُ شَيْطَانٌ قَالَ يُونُسُ الشيْطَانُ فَرَمَـاهُ بِسَبْعِ حَصَيَاتٍ حَتى ذَهَبَ ثُم عَرَضَ لَهُ عِنْدَ الْجَمْرَةِ الْوُسْطَى فَرَمَاهُ بِسَبْعِ حَصَيَاتٍ قَالَ قَدْ تَلهُ لِلْجَبِينِ قَالَ يُونُسُ وَثَم تَلهُ لِلْجَبِينِ وَعَلَى إِسْمَاعِيلَ قَمِيصٌ أَبْيَضُ وَقَالَ يَا أَبَتِ إِنهُ لَيْسَ لِي ثَوْبٌ تُكَفنُنِي فِيهِ غَيْرُهُ فَاخْلَعْهُ حَتى تُكَفنَنِي فِيهِ فَعَالَجَهُ لِيَخْلَعَهُ فَنُودِيَ مِنْ خَلْفِهِ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ قَدْ صَدقْتَ الرؤْيَا فَالْتَفَتَ إِبْرَاهِيمُ فَإِذَا هُوَ بِكَبْشٍ أَبْيَضَ أَقْرَنَ أَعْيَنَ قَالَ ابْـنُ

عَباسٍ لَقَدْ رَأَيْتَنا نَبِيعُ هَذَا الضرْبَ مِنْ الْكِبَاê قَالَ ثُم ذَهَبَ بِهِ جِبْرِيلُ إِلَى الْجَمْرَةِ الْقُصْوَى فَعَرَضَ لَهُ الشيْطَانُ فَرَمَاهُ بِسَبْعِ حَصَيَاتٍ حَتى ذَهَبَ ثُم ذَهَبَ بِهِ جِبْرِيلُ إِلَى مِنًى قَالَ هَذَا مِنًى قَالَ يُونُسُ هَذَا مُنَاDُ الناسِ ثُم أَتَى بِهِ جَمْعًا فَقَالَ هَذَا الْمَشْعَرُ الْحَرَامُ ثُم ذَهَبَ بِهِ إِلَى عَرَفَةَ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ هَلْ تَدْرِي لِمَ سُمِيتْ عَرَفَةَ قُلْتُ لَا قَالَ إِن جِبْرِيلَ قَالَ لِإِبْرَاهِيمَ عَرَفْتَ قَالَ يُونُسُ هَلْ عَرَفْتَ قَالَ نَعَمْ قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَمِنْ ثَم سُمِيتْ عَرَفَةَ ثُم قَالَ هَلْ تَدْرِي كَيْفَ كَانَتْ التلْبِيَةُ قُلْتُ وَكَيْفَ كَانَتْ قَالَ إِن إِبْرَاهِيمَ لَما أُمِرَ أَنْ يُؤَذنَ فِي الناسِ بِالْحَج خَفَضَتْ لَهُ الْجِبَالُ رُءُوسَهَا وَرُفِعَتْ لَهُ الْقُرَى فَأَذنَ فِي الناسِ بِالْحَج.

3495 ـ ئەبۇ تۇفەيلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـ قەۋمىڭ ئۇقماستىن: ”پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندا يۈگۈردى، شۇنداق قىلىش سۈننەتتۇر دەيدىغۇ“ دېسەم، ئۇ:

ـ ئۇلار ھەم راست ھەم يالغان سۆز قىپتۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ نېمىنى راست، نېمىنى يالغان دەپتۇ؟ ـ دېسەم:

ـــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈگۈرگەنلىكى راست، ئەمما ئۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى يالغان. ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان ۋاقىتتا، قۇرەيش مۇشرىكلىرى: ”مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن كارىغلار بولمىسۇن، ئۇلار چۇلۇك قۇرتىدەك ئۆلۈپ تۈگەشسۇن“ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېيىنكى يىلى ئۆمرە قىلماقچى ۋە مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرماقچى بولۇپ، قۇرەيشلەر بىلەن سۈلھى تۈزدى. كېيىنكى يىلى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى مەككىگە كەلگەندە، قۇرەيشلەر قۇئەيقىئان تېغى تەرەپتە قاراپ تۇرۇشاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە ئاۋۋالقى ئۈچ تاۋاپتا يۈگۈرۈشنى ئېيتتى. لېكىن ئۇ سۈننەت ئەمەس، ـ دېدى. مەن:

ــ قەۋمىڭ يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەفا بىلەن مەرۋەنى تۆگىلىك تاۋاپ قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىۋاتىدۇ. ـ دېگەنىدىم:

ــ ئۇلار ھەم راست ھەم يالغان سۆز قىپتۇ. ـ دېدى. مەن:

ــ نېمىنى راست، نېمىنى يالغان دەپتۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىنى تۆگىلىك تاۋاپ قىلغانلىقى راست، ئەمما ئۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى يالغان. ھاجىلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېپىشىپ ماڭاتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا سۆزىنى ئاڭلىتىش، ئۆزىنىڭ تۇرغان ئورنىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سۇنۇپ بىئارام قىلماسلىقى ئۈچۈن تۆگە بىلەن تاۋاپ قىلغان ئىدى، ـ دېدى. مەن يەنە:

ــ قەۋمىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداق قىلىش سۈننەتمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئۇلار راست ئېيتىپتۇ، چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغاندا، سەئيى قىلىدىغان مەيدانغا شەيتان چىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشمەكچى بولدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شەيتاننى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جەمرەتۇل ئەقەبە[1]گە ئېلىپ بارغاندا، بىر شەيتان ئالدىغا چىقتى. ئۇ، بۇ شەيتانغا يەتتە تال تاش ئاتقانىدى، شەيتان ئۇ يەردىن كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەمرەتۇل ۋۇستا[2]نىڭ قېشىغا كەلگەنىدە، شەيتان ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە چىقتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يەنە يەتتە تال تاش ئاتتى. ئاندىن ئوغلى ئىسمائىلنى بوغۇزلاش ئۈچۈن يېنىچە ياتقۇزدى،

---

[1] ھازىرقى: "چوڭ شەيتان" دەپ ئاتالغان مەشھۇر جاي.

[2] ھازىرقى: "ئىككىنچى ياكى ئوتتۇرا شەيتان" دەپ ئاتالغان مەشھۇر جاي.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىسىدا ئاق كۆينەك بار ئىدى، ئۇ دادىسىغا:

ـ ئى دادا! مېنىڭ مۇشۇ كۆينەكتىن باشقا كېپەنلىك قىلغۇدەك كىيىمىم يوق. شۇڭا بۇنى سالدۇرۇپ، كېپەنلىكىم قىلغان بولساڭ، ـ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆينىكىنى سالدۇرماقچى بولۇپ تۇرغانىدى، ئارقا تەرەپتىن: ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۇڭ) [1] دەپ نىدا قىلىندى. ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا، مۈڭگۈزلۈك ئاق قوچقاردىن بىرسى تۇراتتى (ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بىز شۇنىڭغا ئوخشاش قوچقارلارنى ساتاتتۇق، ـ دېدى).

ئاندىن جىبرىئىل ئىبراھىمنى جەمرەتۇل قۇسۋا[2]غا ئېلىپ باردى. شەيتان ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە چىقتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە يەتتە تال تاش ئاتقانىدى، شەيتان كەتتى. ئاندىن ئۇنى مىناغا ئېلىپ بېرىپ:

ـــ مانا بۇ مىنا، ـ دېدى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇزدەلىفەگە ئېلىپ بېرىپ:

ـ مانا بۇ مەشئەرىلھەرەم (ھەرەمنىڭ چېگرىسى)، ـ دېدى. ئاندىن ئۇنى ئەرافاتقا ئېلىپ باردى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇ يەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەرافات دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ياق، ـ دېسەم:

ـ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن: ”بۇ جاينى ئۇقۇۋالدىڭمۇ؟“ دەپ سورىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ”ھەئە (ئۇقۇۋالدىم)“ دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇڭا ئۇ يەر ئەرافات (يەنى تونۇشلۇق جاي) دەپ ئاتالغان، ـ دېدى. ئاندىن يەنە:

ـ (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ) قانداق تەلبىيە ئېيتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

[1] سۈرە سافات، 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ھازىرقى: ”كىچىك شەيتان“ دەپ ئاتالغان مەشھۇر جاي.

ــ قانداق ئېيتىپتىكەن؟ ـ دېسەم:

ـــ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ھەجگە چاقىرىشقا بۇيرۇلغاندا، تاغ چوققىلىرى پەسلەپ، شەھەر ـ يېزىلار يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى ھەجگە چاقىرغان، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 2702؛ «ئەلكەبىر»)

3496 - عَنْ أنسِ بْنِ مَالِكٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ أتى مِنًى فَأتى الْجَمْرَةَ فَرَمَاهَا ثُم أتى مَنْزِلَهُ بِمِنًى وَنَحَرَ ثُم قَالَ لِلْحَلاقِ خُذْ وَأَشَارَ إِلى جَانِبِهِ الْأيمَنِ ثُم الْأيسَرِ ثُم جَعَلَ يُعْطِيهِ الناسَ.

3496 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرافاتتىن مىناغا كېلىپ، شەيتانغا تاش ئاتتى. ئاندىن مىنادىكى چېدىرىغا قايتىپ، قۇربانلىق قىلدى. ئاندىن ساتىراچنى چاقىرىپ:

ــ چېچىمنى چۈشۈرۈپ قويغىن! ــ دېدى ۋە ئاۋۋال بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى، ئاندىن سول تەرىپىنى كۆرسەتتى. ئاندىن چۈشۈرۈلگەن چاچلىرىنى ھاجىلارغا تارقىتىشقا باشلىدى.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

3497 – وفي رواية: فَقَالَ لِلْحَلاقِ هَا وَأَشَارَ بِيَدِهِ إِلى الْجَانِبِ الْأيمَنِ هَكَذَا فَقَسَمَ شَعَرَهُ بَيْنَ مَنْ يَلِيهِ قَالَ ثُم أشَارَ إِلى الْحَلاقِ وَإِلى الْجَانِبِ الْأيسَرِ فَحَلَقَهُ فَأعْطَاهُ أُم سُلَيْمٍ.

3497 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساتىراچقا:

ــ بۇ يەرنى چۈشۈرگىن! ـ دەپ، قولى بىلەن بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى كۆرسەتتى ۋە چۈشۈرۈلگەن چېچىنى ھاجىلارغا تارقىتىپ بەردى. ئاندىن سول تەرىپىنى كۆرسەتتى ۋە ئۇ چاچلىرىنى ئۇممۇ سۇلەيمگە بەردى.

(مۇسلىم: 1305)

[1] ھەيسەمى (5583): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3498 – وفي رواية: قَالَ فَبَدَأَ بِالشق الْأَيْمَنِ فَوزَعَهُ الشعَرَةَ وَالشعَرَتَيْنِ بَيْنَ الناسِ ثُم قَالَ بِالْأَيْسَرِ فَصَنَعَ بِهِ مِثْلَ ذَلِكَ ثُم قَالَ هَا هُنَا أَبو طَلْحَةَ فَدَفَعَهُ إِلَى أَبِي طَلْحَةَ.

3498 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ چۈشۈرتتى ۋە چۈشۈرۈلگەن چاچلىرىنى ھاجىلارغا بىر ـ ئىككى تالدىن تارقىتىپ بەردى. ئاندىن سول تەرىپىدىكى چاچنى چۈشۈرۈشكە ئىشارەت قىلدى. ئاندىن:

ــ ئەبۇ تەلھە بۇ يەردىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى ۋە چېچىنىڭ ئۇ قىسمىنى ئەبۇ تەلھەگە بەردى.

(مۇسلىم: 1305)

3499 – وفي أخرى: وَحَلَقَ نَاوَلَ الْحَالِقَ شِقهُ الْأَيْمَنَ فَحَلَقَهُ ثُم دَعَا أَبَا طَلْحَةَ الْأَنصَارِي فَأَعْطَاهُ إِياهُ ثُم نَاوَلَهُ الشق الْأَيْسَرَ فَقَالَ احْلِقْ فَحَلَقَهُ فَأَعْطَاهُ أَبا طَلْحَةَ فَقَالَ اقْسِمْهُ بَيْنَ الناسِ.

3499 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنى چۈشۈرگەندە، ساتىراچقا بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى تۇتۇپ بەردى. ئاندىن ئەبۇ تەلھە ئەنسارىنى چاقىرىپ، چۈشۈرۈلگەن چېچىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن سول تەرىپىنى تۇتۇپ بەردى ۋە چۈشۈرۈپ بولغان چېچىنى ئەبۇ تەلھەگە بېرىپ:

ــ بۇنى ھاجىلارغا تارقىتىپ بەرگىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1305)

3500 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَلَقَ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ وَأُنَاسٌ مِنْ أَصْحَابِهِ وَقَصرَ بَعْضُهُمْ.

3500 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلىرى ۋىدالىشىش ھەجىدە چېچىنى چۈشۈرتتى، بەزىلىرى قىسقارتتى.

(بۇخارى: 4411)

3501 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ مَنْ عَقَـ Ò رَأْسَـهُ أَوْ ضَفَرَ أَوْ لَبدَ فَقَدْ وَجَبَ عَلَيْهِ الْحِلَاقُ.

3501 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: چاچلىرىنى تۇگۇۋالغان، ئۆرۈۋالغان ياكى بوغۇۋالغانلار چېچىنى چوقۇم چۈشۈرىدۇ.

(مالىك: 909)

3502 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ إِذَا أَفْطَرَ مِنْ رَمَضَانَ وَهُوَ يُرِيدُ الْحَج لَمْ يَأْخُذْ مِنْ رَأْسِهِ وَلَا مِنْ لِحْيَتِهِ شَيْئًا حَتى يَحُج قَالَ مَالِك لَيْسَ ذَلِكَ عَلَى الناسِ.

3502 ـ نافىئدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رامىزان ئېيىدىن كېيىن ھەج قىلماقچى بولسا، تاكى ھەج قىلىپ بولغانغا قەدەر چاچ ـ ساقىلىنى ئالدۇرمايتتى.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەرنىڭ قىلغىنىنى باشقىلارغا ئۆلچەم قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

(مالىك: 903)

3503 - عَنْ عَلِي نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تَحْلِقَ الْمَرْأَةُ رَأْسَـهَا للنسائي وزاد رزين: في الحج والعمرة وقال: إنما عليها التقصير.

3503 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايال كىشىنى چېچىنى چۈشۈرۈشتىن توسقان[①].

(نەسائى: 5049)

رەزىن: ئاياللار ھەج ۋە ئۆمرىدە ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چېچىنى قىسقارتىشى كېرەك، ـ دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

[①] ئەلبانى (376): زەئىپ، ـ دېگەن.

3504 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُم ارْحَمْ الْمُحَلِقِينَ قَالُوا وَالْمُقَصرِينَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ اللهُم ارْحَمْ الْمُحَلِقِينَ قَالُوا وَالْمُقَصرِينَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ وَالْمُقَصرِينَ.

3504 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى الله! چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىلغىن! ــ دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! چېچىنى قىسقارتقانلارغىچۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ــ ئى الله! چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىلغىن! ــ دېدى، ئۇلارمۇ:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! چېچىنى قىسقارتقانلارغىچۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى الله! چېچىنى قىسقارتقانلارغىمۇ رەھمەت قىلغىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1301)

3505 - وفي رواية: قالَ في الرابعة: وَالْمُقَصرِينَ.

3505 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆتىنچى قېتىمدا: «ئى الله! چېچىنى قىسقارتقانلارغىمۇ رەھمەت قىلغىن!» دېدى[1].

(ئەھمەد: 4643)

3506 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم اغْفِرْ لِلْمُحَلِقِينَ قَالُوا وَلِلْمُقَصرِينَ قَالَ اللهُم اغْفِرْ لِلْمُحَلِقِينَ قَالُوا وَلِلْمُقَصرِينَ قَالَهَا ثَلَاثًا قَالَ وَلِلْمُقَصرِينَ.

[1] ھەيسەمى (5600): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى سەھىھتۇر، ـ دېگەن.

3506 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى الله! چېچىنى چۈشۈرگۈچىلەرگە رەھمەت قىلغىن! ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! چېچىنى قىسقارتقۇچىلارغىچۇ؟ ـ دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ ئى الله! چېچىنى چۈشۈرگۈچىلەرگە رەھمەت قىلغىن! ـ دېدى. ئۇلار يەنە:

ـــ چېچىنى قىسقارتقۇچىلارغىچۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى الله! چېچىنى چۈشۈرگۈچىلەرگە رەھمەت قىلغىن! ـ دېگەندىن كېيىن، تۆتىنچى قېتىمدا:

ـ چېچىنى قىسقارتقۇچىلارغىمۇ رەھمەت قىلغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 1728)

3507 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ لِمَ ظَاهَرْتَ لِلْمُحَلِّقِينَ ثَلَاثًا وَلِلْمُقَصِّرِينَ وَاحِدَةً قَالَ إِنَّهُمْ لَمْ يَشُكُّوا.

3507 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى اللەنىڭ ئەلچىسى! چېچىنى چۈشۈرگۈچىلەرگە ئۈچ قېتىم رەھمەت تىلەيسەن ـ يۇ، نېمە ئۈچۈن قىسقارتقۇچىلارغا بىرلا قېتىم تىلەيسەن؟ ـ دەپ سورالغاندى:

ـــ چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشتە شەك قىلمىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئىبنى ماجە: 3045)

[1] ئەلبانى (2470): ھەسەن، ـ دېگەن.

3508 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَفَ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ فَجَعَلُوا يَسْأَلُونَهُ فَقَالَ رَجُلٌ لَمْ أَشْعُرْ فَحَلَقْتُ قَبْلَ أَنْ أَذْبَحَ قَالَ اذْبَحْ وَلَا حَرَجَ فَجَاءَ آخَرُ فَقَالَ لَمْ أَشْعُرْ فَنَحَرْتُ قَبْلَ أَنْ أَرْمِيَ قَالَ ارْمِ وَلَا حَرَجَ فَمَا سُئِلَ يَوْمَئِذٍ عَنْ شَيْءٍ قُدمَ وَلَا أُخرَ إِلا قَالَ افْعَلْ وَلَا حَرَجَ.

3508 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەجىدە ئەرافاتتا تۇراتتى. ھاجىلار كېلىپ سوئال سوراشقا باشلىدى. بىر ئادەم:

ــــ مەن دىققەتسىزلىكتىن قۇربانلىق قىلمايلا چېچىمنى چۈشۈرۈۋېتىپتىمەن (ئەمدى قانداق قىلىمەن؟)، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھېچ باك يوق، قۇربانلىقىڭنى بوغۇزلىغىن! ـ دېدى. يەنە بىرسى كېلىپ:

ــــ مەن شەيتانغا تاش ئېتىشتىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلىۋېتىپتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھېچ باك يوق، بېرىپ تاش ئاتقىن، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، شۇ كۈنى ئۇنىڭدىن ۋاقتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن قىلىپ سېلىنغان پائالىيەتلەر توغرۇلۇق سورالسىلا، ئۇ ھەممىسىگە:

ـ ھېچ باك يوق، (قىلمىغان ئىشىڭنى) قىلغىن! ـ دەپ جاۋاب بەرگەندى.

(بۇخارى: 1736)

3509 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَتَاهُ رَجُلٌ يَوْمَ النحْرِ وَهُوَ وَاقِفٌ عِنْدَ الْجَمْرَةِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني حَلَقْتُ قَبْلَ أَنْ أَرْمِيَ فَقَالَ ارْمِ وَلَا حَرَجَ وَأَتَاهُ آخَرُ فَقَالَ إِني ذَبَحْتُ قَبْلَ أَنْ أَرْمِيَ قَالَ ارْمِ وَلَا حَرَجَ وَأَتَاهُ آخَرُ فَقَالَ إِني أَفَضْتُ إِلَى الْبَيْتِ قَبْلَ أَنْ أَرْمِيَ قَالَ ارْمِ وَلَا حَرَجَ قَالَ فَمَا رَأَيْتُهُ سُئِلَ يَوْمَئِذٍ عَنْ شَيْءٍ إِلا قَالَ افْعَلُوا وَلَا حَرَجَ.

3509 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇربان ھېيت كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدىغان يەردە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بىر ئادەم كېلىپ:

ـ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! مەن شەيتانغا تاش ئېتىشتىن بۇرۇن باش چۈشۈرۈپتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھېچ باك يوق، تاش ئاتقىن! ـ دېدى. يەنە بىرى كېلىپ:

ــ تاش ئېتىشتىن بۇرۇن قۇربانلىق قىپتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھېچ باك يوق، تاش ئاتقىن! ـ دېدى. يەنە بىرى كېلىپ:

ــ مەن تاش ئېتىشتىن بۇرۇن زىيارەت تاۋاپىنى قىلىشقا كەئبىگە بېرىپتىمەن، ـ دېدى، ئۇنىڭغىمۇ:

ــ ھېچ باك يوق، تاش ئاتقىن! ــ دەپ جاۋاپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ كۈنى سورالغان ھەرقانداق سورالغان سوئالغا:

ــ ھېچ باك يوق، دەرھال قىلىۋالغىن! ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

(مۇسلىم: 1306)

3510 - عَنْ اْبنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قِيلَ لَهُ فِي الذْبحِ وَالْحَلْقِ وَالرمْيِ وَالتقْدِيِ وَالتأْخِيرِ فَقَالَ لَا حَرَجَ.

3510 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قۇربانلىق قىلىش، چاچ چۈشۈرۈش، تاش ئېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قېلىشى توغرىسىدا سوئال سورالغانىدى:

ــ ھېچ باك يوق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1734)

3511 - وفي رواية: رَمَيْتُ بَعْدَ مَا أَمْسَيْتُ فَقَالَ لَا حَرَجَ.

3511 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مەن شەيتانغا كەچ كىرگەندە تاش ئاتتىم، ـ دېيىلگەندى، ئۇنىڭغا:

ــ ھېچنېمە بولمايدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 1735)

3512 - وفي رواية: زُرْتُ قَبْلَ أَنْ أَرْمِيَ قَالَ لَا حَرَجَ.

3512 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: تاش ئېتىشتىن بۇرۇن كەئبىنى زىيارەت تاۋابى قىلدىم، ـ دېيىلگەندى، ئۇنىڭغا:

ــ ھېچ باك يوق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 1722)

3513 - عَنْ أُسَامَةَ بْنِ شَرِيكٍ قَالَ خَرَجْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَاجا فَكَانَ الناسُ يَأْتُونَهُ فَمَنْ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ سَعَيْتُ قَبْلَ أَنْ أَطُوفَ أَوْ قَدمْتُ شَيْئًا أَوْ أَخرْتُ شَيْئًا فَكَانَ يَقُولُ لَا حَرَجَ لَا حَرَجَ إِلا عَلَى رَجُلٍ اقْتَرَضَ عِرْضَ رَجُلٍ مُسْلِمٍ وَهُوَ ظَالِمٌ فَذَلِكَ الذِي حَرِجَ وَهَلَكَ.

3513 ـ ئۇسامە ئىبنى شەرىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەج سەپىرىگە بىللە چىقتىم. ھاجىلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، سوئال سورايتتى. شۇلاردىن بىرى:

ــ ئى ﷲنىڭ ئەلچىسى! مەن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشتىن بۇرۇن سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىنى سەئيى قىلىپ ساپتىمەن، ـ دەپ سورىسا، يەنە بەزىلىرى:

ــ مەن پالانى ـ پالانى پائالىيەتلەرنى ئىلگىرى ـ كېيىن قىلىپ قويۇپتىمەن، ـ دەپ سورايتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ــ ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق (يەنى ھېچ گۇناھ بولمايدۇ). ئەمما كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئار ـ نۇمۇسىغا تىل تەگكۈزسە، گۇناھ ئۆتكۈزگەن ۋە ھالاكەتكە يۈزلەنگەن بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2015)

3514 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ لَقِيَ رَجُلًا مِنْ أَهْلِهِ يُقَالُ لَهُ الْمُجَبَّرُ قَدْ أَفَاضَ وَلَمْ يَحْلِقْ وَلَمْ يُقَصِّرْ جَهِلَ ذَلِكَ فَأَمَرَهُ عَبْدُ اللهِ أَنْ يَرْجِعَ فَيَحْلِقَ أَوْ يُقَصِّرَ ثُمَّ يَرْجِعَ إِلَى الْبَيْتِ فَيُفِيضَ.

3514 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، ئۆز جەمەتىدىن مۇجەببەر ئىسىملىك بىرىنىڭ بىلمەستىن چېچىنى يا چۇشۇرمەي ياكى قىسقارتماي تۇرۇپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنى مىناغا قايتىپ، چېچىنى چۇشۇرۇپ ياكى قىسقارتىپ، ئاندىن كەئبىگە قايتا كېلىپ، زىيارەت تاۋابىنى قىلىشقا بۇيرىدى.

(مالىك: 906)

3515 - عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أَبِي عَبْدِ الرَّحْمَنِ أَنَّ رَجُلًا أَتَى الْقَاسِمَ بْنَ مُحَمَّدٍ فَقَالَ إِنِّي أَفَضْتُ وَأَفَضْتُ مَعِي بِأَهْلِي ثُمَّ عَدَلْتُ إِلَى شِعْبٍ فَذَهَبْتُ لِأَدْنُوَ مِنْ أَهْلِي فَقَالَتْ إِنِّي لَمْ أُقَصِّرْ مِنْ شَعَرِي بَعْدُ فَأَخَذْتُ مِنْ شَعَرِهَا بِأَسْنَانِي ثُمَّ وَقَعْتُ بِهَا فَضَحِكَ الْقَاسِمُ وَقَالَ مُرْهَا فَلْتَأْخُذْ مِنْ شَعَرِهَا بِالْجَلَمَيْنِ قَالَ مَالِك أَسْتَحِبُّ فِي مِثْلِ هَذَا أَنْ يُهْرِقَ دَمًا وَذَلِكَ أَنَّ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَبَّاسٍ قَالَ مَنْ نَسِيَ مِنْ نُسُكِهِ شَيْئًا فَلْيُهْرِقْ دَمًا.

3515 ـ رەبىئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم قاسىم ئىبنى مۇھەممەدنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ مەن زىيارەت تاۋابىنى قىلدىم، ئايالىممۇ مەن بىلەن تاۋاب قىلدى. ئاندىن مىناغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، بىر جىلغىغا يېتىپ بارغاندا ئايالىمغا يېقىنلاشماقچى بولدۇم. ئۇ: "مەن تېخى چېچىمنى

---

[1] ئەلبانى: (1775): سەھىھ ـ دېگەن.

قىسقارتمىدىم'' دېدى. مەن چىشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇلغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەت ئۈتكۈزدۇق، - دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان قاسىم كۈلۈپ كېتىپ:

— ئايالىڭغا ئېيتقىن، قايچا بىلەن چېچىدىن (ئازراق) كېسىۋەتسۇن! - دېدى.

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەنچە، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار (نىڭ كەففارىتى) ئۈچۈن بىر تۇياق مال بوغۇزلاش كېرەك. چۈنكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كىمكى ھەج پائالىيەتلىرىدىن بىرەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، مال بوغۇزلىسۇن، - دېگەنىدى.

(مالىك: 905)

3516 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ خَطَبَ الناسَ بِعَرَفَةَ وَعَلمَهُـمْ أَمْرَ الْحَج وَقَالَ لَهُمْ فِيمَا قَالَ إِذَا جِئْتُمْ مِنًى فَمَنْ رَمَى الْجَمْرَةَ فَقَدْ حَل لَهُ مَا حَرُمَ عَلَـى الْحَاج إِلا النسَاءَ وَالطيبَ لَا يَمَس أَحَدٌ نِسَاءً وَلَا طِيبًا حَتى يَطُوفَ بِالْبَيْتِ.

3516 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرافاتتا سۆزلىگەن خۇتبىسىدە ھاجىلارغا ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەنىدى: مىناغا كېلىپ، شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغان ئەرلەر ئۈچۈن ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىش ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن باشقا ھەممە نەرسە ھالال بولىدۇ. چۈنكى زىيارەت تاۋابى قىلمىغان ئەرلەر ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلسا ياكى خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتسە بولمايدۇ.

(مالىك: 938)

3517 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ إِذَا رَمَى الْجَمْرَةَ فَقَدْ حَل لَهُ كُل شَيْءٍ إِلا النسَاءَ قِيلَ وَالطيبُ قَالَ أَما أَنَا فَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَضَمخُ بِالْمِسْكِ أَفَطِيبٌ هُوَ.

3517 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغانلار ئۇچۇن ئايالى بىلەن جىنسى ئالاقە ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھەممە نەرسە ھالال بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇنىڭدىن:

ـ پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشمۇ ھالالمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (شەيتانغا تاش ئاتقاندىن كېيىن) ئىپار سۈرتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئىپار پۇراقلىق نەرسە ئەمەسمۇ؟! ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3084)

3518 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ كَانَتْ لَيْلَتِي الَتِي يَصِيرُ إِلَي فِيهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَسَاءَ يَوْمِ النحْرِ فَصَارَ إِلَي وَدَخَلَ عَلَي وَهْبُ بْنُ زَمْعَةَ وَمَعَهُ رَجُلٌ مِنْ آلِ أَبِي أُميةَ مُتَقَمصَيْنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِوَهْبٍ هَلْ أَفَضْتَ أَبَا عَبْدِ اللهِ قَالَ لَا وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ انْزِعْ عَنْكَ الْقَمِيصَ قَالَ فَنَزَعَهُ مِنْ رَأْسِهِ وَنَزَعَ صَاحِبُهُ قَمِيصَهُ مِنْ رَأْسِهِ ثُم قَالَ وَلِمَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ إِن هَذَا يَوْمٌ رُخصَ لَكُمْ إِذَا أَنْتُمْ رَمَيْتُمْ الْجَمْرَةَ أَنْ تَحِلوا يَعْنِي مِنْ كُل مَا حُرِمْتُمْ مِنْهُ إِلا النسَاءَ فَإِذَا أَمْسَيْتُمْ قَبْلَ أَنْ تَطُوفُوا هَذَا الْبَيْتَ صِرْتُمْ حُرُمًا كَهَيْئَتِكُمْ قَبْلَ أَنْ تَرْمُوا الْجَمْرَةَ حَتى تَطُوفُوا بِهِ.

3518 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: قۇربان ھېيت كۈنى مېنىڭ نۆۋىتىم ئىدى (يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ قېشىمدا بولاتتى). شۇ كۈنى ئاخشىمى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمغا كىردى، يېنىدا ۋەھب ئىبنى زەمئە بىلەن بەنى ئۇمەييە قەبىلىسىدىن بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇلار كۆينەك كىيىۋالغاندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەھبتىن:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! تاۋاب قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

[1] ئەلبانى(2889): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تېخى تاۋاپ قىلمىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، كۆينەكنى سېلىۋەتكىن! ــ دېدى. ۋەھب كۆينەكنى بېشىدىن چىقىرىپ سېلىۋەتتى، ئۇنىڭ ھەمراھىمۇ شۇنداق قىلدى. ئاندىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن (بۇنداق قىلدۇق)؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۈگۈن شەيتانغا تاش ئاتقان بولساڭلار، ئېھرامدىن چىقساڭلار بولىدۇ. لېكىن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن بۇرۇن كەچ كىرىپ قالسا، تاكى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغانغا قەدەر تاش ئېتىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىڭلارغا ئوخشاش ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن چەكلىنىسىلەر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1999)

3519 - عن عَطَاءٌ قَالَ كَانَ ابْنُ عَباسٍ يَقُولُ لَا يَطُوفُ بِالْبَيتِ حَاج وَلَا غَيْرُ حَاج إلا حَل قُلْتُ لِعَطَاءٍ مِنْ أَينَ يَقُولُ ذَلِكَ قَالَ مِنْ قَوْلِ اللِهِ تَعَالَى ثُم مَحِلهَا إِلَى الْبَيتِ الْعَتِيقِ قَالَ قُلْتُ فَإِن ذَلِكَ بَعْدَ الْمُعَرفِ فَقَالَ كَانَ ابْنُ عَباسٍ يَقُولُ هُوَ بَعْدَ الْمُعَرفِ وَقَبْلَهُ وَكَانَ يَأْخُذُ ذَلِكَ مِنْ أَمرِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ أَمَرَهُمْ أَنْ يَحِلوا فِي حَجةِ الْوَدَاعِ.

3519 ــ ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھاجى ياكى باشقا بىرى بولسۇن، كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغانلار ئېھرامدىن چىقىدۇ، ـ دېدى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەتادىن ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزنى قايسى دەلىلگە ئاساسەن ئېيتقانلىقىنى سورىسام، ئەتا:

[1] ئەلبانى(2599): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئۇ اللە تائالانىڭ: ﴿ئاندىن ئۇ چارۋىلانى بوغۇزلاشقا تېگىشلىك جاي بەيتۇللاھنىڭ يېنىدۇر﴾[1] (يەنى ھەرەمدۇر) دېگەن ئايەتكە ئاساسەن ئېيتىپتۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ تاۋاپ قىلىپ ئېھرامدىن چىقىش ئەرافاتتا تۇرغاندىن كېيىن بولىدىغان تۇرسا؟ ـ دېسەم، ئەتا جاۋابەن:

ـ ئىبنى ئابباس تاۋاپنىڭ ئەرافاتتا تۇرۇشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇ بۇ ھۆكۈمنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە ئۈزلىرىگە قىلغان ئېھرامدىن چىقىش بۇيرۇقىدىن ئالغان ئىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1245)

3520 - عَنْ قَتَادَةَ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا حَسانَ الْأَعْرَجَ قَالَ قَالَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي الْهُجَيْمِ لِابْنِ عَباسٍ مَا هَذَا الْفُتْيَا الِتي قَدْ تَشَغفَتْ أَوْ تَشَغَبَتْ بِالناسِ أَن مَنْ طَافَ بِالْبَيتِ فَقَدْ حَل فَقَالَ سُنةُ نَبِيكُمْ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِنْ رَغِمْتُمْ.

3520 ـ قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەبۇ ھەسسان ئەئرەجنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: بەنى ھۇجەيم قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـــ ئى ئىبنى ئابباس! "بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغانلار ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ" دەپ خەلق ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغايدىغان پەتىۋا بەرگىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئىبنى ئابباس:

ـ سىلەر ياقتۇرمىساڭلارمۇ، بۇ پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1244)

3521 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ، عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "إِذَا أَهَل الرجُلُ بِالْحَج ثُم قَدِمَ مَكةَ فَطَافَ بِالْبَيتِ وَبِالصفَا وَالْمَرْوَةِ فَقَدْ حَل، وَهِيَ عُمْرَةٌ.

[1] سۈرە ھەج، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

3521 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەججگە ئېھرام باغلاپ مەككىگە كەلگەن، كەئبىنى تاۋاپ قىلغان، سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلغانلار ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ. (شۇنداق قىلسا) ئۇ، ئۆمرە قىلغان بولىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3522 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ حَدثَتْنِي حَفْصَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ أَزْوَاجَهُ أَنْ يَحْلِلْنَ عَامَ حَجةِ الْوَدَاعِ قَالَتْ حَفْصَةُ فَقُلْتُ مَا يَمْنَعُكَ أَنْ تَحِل قَالَ إِني لَبدْتُ رَأْسِي وَقَلدْتُ هَدْيِي فَلَا أَحِل حَتى أَنْحَرَ هَدْيِي.

3522 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەججىدە ئاياللىرىنى ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرىدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن نېمىشقا ئېھرامدىن چىقمايسەن؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ مەن چېچىمنى قاتۇرۇپ، قۇربانلىقىمغا بەلگە ئېسىپ قويدۇم. شۇڭا مەن قۇربانلىقىمنى بوغۇزلىمىغىچە ئېھرامدىن چىقمايمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1229)

3523 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ الْمَرْأَةُ الْمُحْرِمَةُ إِذَا حَلتْ لَمْ تَمْتَشِطْ حَتى تَأْخُذَ مِنْ قُرُونِ رَأْسِهَا وَإِنْ كَانَ لَهَا هَدْيٌ لَمْ تَأْخُذْ مِنْ شَعْرِهَا شَيْئًا حَتى تَنْحَرَ هَدْيَهَا.

3523 ـ نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئاياللار ئېھرامدىن چىقىپ، چېچىنىڭ ئۇچىنى كەسمىگىچە چېچىنى تارىسا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ

قۇربانلىقى بولسا، ئۇنى بوغۇزلىمىغىچە چېچىدىن بىر تال بولسىمۇ كېسىشكە بولمايدۇ.

(مالىك: 880)

**3524 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطاب قَالَ لَا يَبِيتَن أَحَدٌ مِنْ الْحَاج لَيَالِيَ مِنًى مِنْ وَرَاءِ الْعَقَبَةِ.**

3524 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ھاجىلار مىنا كېچىلىرى ھەرگىزمۇ ئەقەبەنىڭ (يەنى چوڭ شەيتان دەپ تونۇلغان جاينىڭ) تۆۋەن تەرىپىدە (يەنى مەككە تەرەپتە) قونۇپ قالمىسۇن، ـ دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان.

(مالىك: 926)

**3525 - عَنْ نَافِعٍ أَنهُ قَالَ زَعَمُوا أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ كَانَ يَبْعَثُ رِجَالًا يُدْخِلُونَ الناسَ مِنْ وَرَاءِ الْعَقَبَةِ.**

3525 ـ نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئېيتىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئادەم ئەۋەتىپ، ئەقەبەنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تۇرۇپ قالغانلارنى مىنانىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇيتتى.

(مالىك: 925)

**3526 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ وَقَفَ بَيْنَ الْجَمْرَتَيْنِ فِي الْحِجةِ الِتي حَج، وَذَلِكَ يَوْمَ النحْرِ، فَقَالَ: "هَذَا يَوْمُ الْحَج الأَكْبَرُ".**

3526 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھەج قىلغان يىلى) قۇربان ھېيت كۈنى ئىككى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان ئارىلىقتا تۇرۇپ: «مانا بۇ ھەجى ئەكبەر (چوڭ ھەج) كۈنىدۇر» دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 1102)

---

[1] ھەيسەمى (5609): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە يەئقۇب ئىبنى ئەتا ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسى ئىشەنچلىك ياكى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

3527 - قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ: إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ رَبِيعَةَ ٱبْنَ أُميةَ بْنِ خَلَفٍ يوم عرفة: اصْرُخْ، هَلْ تَدْرُونَ أَي يَوْمٍ هَذَا ؟ قَالُوا: الْحَج الأَكْبَرُ.

3527 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەرافات كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەبىئە ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى خەلەفكە:

— ”ئى ئىنسانلار! بۈگۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟“ ـ دەپ توۋلىغىن! ـ دېدى. رەبىئە ئىبنى ئۇمەييە شۇنداق دەپ توۋلىغاندى، ھاجىلار:

ـ (بۈگۈن) چوڭ ھەج كۈنىدۇر. ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»)

3528 - عَنْ ٱبْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن الْعَباسَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ اسْتَأْذَنَ النبِيَّ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِيَبِيتَ بِمَكةَ لَيَالِيَ مِنًى مِنْ أَجْلِ سِقَايَتِهِ فَأَذِنَ لَهُ.

3528 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزىنىڭ ھاجىلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىشى ئۈچۈن مىنادا قونىدىغان كېچىلەرنى مەككىدە ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى.

(بۇخارى: 1745)

3529 - عَنْ ٱبْنِ جُرَيْجٍ حَدثَنِي حَرِيزٌ أَوْ أَبو حَرِيزٍ الشك مِنْ يَحْيى أَنهُ سَمِعَ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ فَروخَ يَسْأَلُ ٱبْنَ عُمَرَ قَالَ إنا نَتَبَايَعُ بِأَمْوَالِ الناسِ فَيَأْتِي أَحَدُنَا مَكةَ فَيَبِيتُ عَلَى الْمَالِ فَقَالَ أَما رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبَاتَ بِمِنًى وَظَل.

3529 ـ ئىبنى جۇرەيج ھەرىز ياكى ئەبۇ ھەرىز ئىسىملىك بىرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى فەرروخ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

[1] ھەيسەمى (5640): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

ــ بىز باشقىلارنىڭ ماللىرى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىمىز. بىرەرىمىز مەككىگە كېلىپ، مالغا قاراپ قونۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئۆمەر:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنى مىنادا ئۆتكۈزگەن ۋە ھېچبىر يەرگە كەتمىگەندى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1958)

3530 - عَنِ ابْنِ عَبَاسٍ رَضِي اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، قَالَ: رَخَّصَ لأَهْلِ السقَايَةِ، وَأَهْلِ الْحجابَةِ، أَنْ يَبِيتُوا بِمَكَةَ لَيَالِي مِنًى يَعْنِي آلَ شَيْبَةَ وَآلَ الْعَباسِ.

3530 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر ۋە كەئبىگە يوپۇق ياپقۇچىلار (يەنى شەيبە ئائىلىسى بىلەن ئابباس ئائىلىسى)نىڭ مىنا كېچىلىرى مەككىدە قېلىشىغا رۇخسەت بېرىلدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

3531 - عَنْ مَالِك عَنْ يَحْيى بنِ سَعِيدٍ عَنْ عَطَاءِ بنِ أَبِي رَبَاحٍ أَنَهُ سَمِعَهُ يَذْكُرُ أَنَهُ أُرْخِصَ لِلرعَاءِ أَنْ يَرْمُوا بِاللَيْلِ يَقُولُ فِي الزمَانِ الْأَولِ قَالَ مَالِك تَفْسِيرُ الْحَدِيثِ الذِي أَرْخَصَ فِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِرعَاءِ الْإِبِلِ فِي تَأْخِيرِ رَمْيِ الْجِمَارِ فِيمَا نُرَى وَاللهُ أَعْلَمُ أَنهُمْ يَرْمُونَ يَوْمَ النحْرِ فَإِذَا مَضَى الْيَوْمُ الذِي يَلِي يَوْمَ النحْرِ رَمَوْا مِنْ الْغَدِ وَذَلِكَ يَوْمُ النفْرِ الْأَولِ فَيَرْمُونَ لِلْيَوْمِ الذِي مَضَى ثُم يَرْمُونَ لِيَوْمِهِمْ ذَلِكَ لِأَنَهُ لَا يَقْضِي أَحَدٌ شَيْئًا حَتى يَجِبَ عَلَيْهِ فَإِذَا وَجَبَ عَلَيْهِ وَمَضَى كَانَ الْقَضَاءُ بَعْدَ ذَلِكَ فَإِنْ بَدَا لَهُمْ النفْرُ فَقَدْ فَرَغُوا وَإِنْ أَقَامُوا إِلَى الْغَدِ رَمَوْا مَعَ الناسِ يَوْمَ النفْرِ الْآخِرِ وَنَفَرُوا.

3531 ـ ئىمام مالىك يەھيا ئىبنى سەئىدتىن ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھنىڭ: ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، پادىچىلارنىڭ

[1] ئەلبانى(425): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى(5620): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە لەيس ئىبنى سۇلەيم ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، گەرچە ئۇ ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ھەدىسى مۇدەللەستۇر، ـ دېگەن.

كېچىدە شەيتانغا تاش ئېتىشقا رۇخسەت قىلىنغانىدى، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

لېكىن ئۇ بۇ ھەدىسكە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دېگەن: توغرىسىنى ﷲ بىلگۈچىدۇر. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگە باققۇچىلارنىڭ شەيتانغا كېچىكىپ بولسىمۇ تاش ئېتىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئۇلار قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى شەيتانغا تاش ئاتاتتى. ئىككىنچى كۈندە ئاتىدىغان تاشنى ئاتالمىغانلار بولسا، ئەتىسى، يەنى ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئاۋۋال ئۆتۈپ كەتكەن كۈن ئۈچۈن تاش ئېتىپ، ئاندىن شۇ كۈن ئۈچۈن ئاتاتتى. بۇ ھاجىلار يۇرتىغا قايتىدىغان بىرىنچى كۈن ھېسابلىنىدۇ. ھېچكىم ئۆز ئۈستىگە بىرەر ئىش ۋاجىپ بولمىغىچە، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. ۋاجىپ بولغان بىرەر پائالىيەت ئادا قىلىنماي ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، شۇ چاغدا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھەج پائالىيەتلىرىنى ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى تۈگىتىپ، يۇرتىغا قايتماقچى بولسا، قايتىپ كەتسە بولىدۇ. ئەگەر كېيىنكى كۈنگىچە تۇرۇشنى خالىسا، قايتىدىغان كۈنى باشقىلار بىلەن يەنە شەيتانغا تاش ئېتىپ، ئاندىن قايتىدۇ.

(مالىك: 936)

3532 - عَنْ أَبِي الْبَداحِ بْنِ عَاصِمِ بْنِ عَدِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ رَخصَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِرِعَاءِ الْإِبِلِ فِي الْبَيْتوتَةِ أَنْ يَرْمُوا يَوْمَ النحْرِ ثُم يَجْمَعُوا رَمْيَ يَوْمَيْنِ بَعْدَ يَوْمِ النحْرِ فَيَرْمُونَهُ فِي أَحَدِهِمَا قَالَ مَالِكٌ ظَنَنْتُ أَنهُ قَالَ فِي الْأَولِ مِنْهُمَا ثُم يَرْمُونَ يَوْمَ النفْرِ.

3532 ـ ئەبۇلبەدداھ ئىبنى ئاسىم ئىبنى ئەدىي دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگە باققۇچىلارنىڭ مىنادا قونىدىغان كېچىلەرنى مىنانىڭ سىرتىدا ئۆتكۈزۈشكە، قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈندىكى تاش ئېتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى كۈننىڭ بىرىدە ئېتىشقا رۇخسەت قىلدى.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ قارىشىمچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى: ئىككى كۈنلۈك تاشنى ئۇ ئىككى كۈننىڭ ئاۋۋالقى كۈنىدە ئاتىدۇ، ئاندىن يۇرتىغا قايتىدىغان كۈنى كۆپچىلىك بىلەن شۇ كۈننىڭ تېشىنى ئاتىدۇ، ـ دېگەن[1].

(تىرمىزى: 955)

3533 - عَنْ أَبِي الْبَدَاحِ عَنْ عَاصِمِ بْنِ عَدِيٍّ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَرْخَصَ لِلرِّعَاءِ أَنْ يَتَعَاقَبُوا فَيَرْمُوا يَوْمَ النَّحْرِ ثُمَّ يَدَعُوا يَوْمًا وَلَيْلَةً ثُمَّ يَرْمُوا الْغَدَ.

3533 ـ ئەبۇلبەدداھ دادىسى ئاسىم ئىبنى ئەدىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگە باققۇچىلارنىڭ قۇربان ھېيت كۈنى تاش ئېتىپ، ئاندىن بىر كېچە ـ كۈندۈز مىناغا كەلمەي (تۆگىلىرىگە قارىغاندىن كېيىن)، ئەتىسى يەنە كېلىپ تاش ئېتىشىغا رۇخسەت قىلدى.

(ئەھمەد: 23265)

[1] ئەلبانى (763): سەھىھ ـ دېگەن.

## قۇربانلىق

3534 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الظهْرَ بِذِي الْحُلَيْفَةِ ثُم دَعَا بِنَاقَتِهِ فَأَشْعَرَهَا فِي صَفْحَةِ سَنَامِهَا الْأَيْمَنِ وَسَلَتَ الدمَ وَقَلدَهَا نَعْلَيْنِ ثُم رَكِبَ رَاحِلَتَهُ فَلَما اسْتَوَتْ بِهِ عَلَى الْبَيْدَاءِ أَهَل بِالْحَج.

3534 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھۇلەيفەدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قۇربانلىق تۆگىسىنى كەلتۈرۈپ، (بەلگە سېلىپ قويۇش ئۈچۈن) لوكىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئازراق قان چىقاردى ۋە بوينىغا ئىككى جۈپ ئاياغنى ئېسىپ قويدى. ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ، بەيدا تۈپىلىكىگە يېتىپ بارغاندا، ھەجگە ئېھرام باغلىدى.

(مۇسلىم: 1243)

3535 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كُنتُ أَفْتِلُ الْقَلَائِدَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيُقَلدُ الْغَنَمَ وَيُقِيمُ فِي أَهْلِهِ حَلَالًا.

3535 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان ماللىرىنىڭ بوينىغا ئاسىدىغان يىپلارنى توقۇپ بېرەتتىم. ئۇ بۇ يىپلارنى قۇربانلىق قويلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە تۇراتتى ۋە ئېھرامغا كىرگەن كىشىلەر چەكلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئۆزىگە چەكلىمەيتتى.

(بۇخارى: 1706)

3536 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ فَتَلْتُ قَلَائِدَ بُدْنِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدَي ثُم قَلدَهَا وَأَشْعَرَهَا وَوَجهَهَا إِلَى الْبَيْتِ وَبَعَثَ بِهَا وَأَقَامَ فَمَا حَرُمَ عَلَيْهِ شَيْءٌ كَانَ لَهُ حَلَالًا.

3536 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق تۆگىلىرىگە ئۆز قولۇم بىلەن ئارغامچا ئېشىپ بېرەتتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارغامچىلارنى تۆگىلەرنىڭ بوينىغا ئېسىپ، بەلگە سالغاندىن كېيىن، مەككىگە يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى مەدىنىدە قېلىپ قالاتتى ۋە ھالال نەرسىلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئۆزىگە ھارام قىلمايتتى[1].

(نەسائى: 2783)

3537 - عَنْ عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرحْمَنِ أَنهَا أَخْبَرَتْهُ أَن ابْنَ زِيَادٍ كَتَبَ إِلَى عَائِشَةَ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَباسٍ قَالَ مَنْ أَهْدَى هَدْيًا حَرُمَ عَلَيْهِ مَا يَحْرُمُ عَلَى الْحَاج حَتى يُنْحَرَ الْهَدْيُ وَقَدْ بَعَثْتُ بِهَدْيِي فَاكْتُبِي إِلَي بِأَمْرِكِ قَالَتْ عَمْرَةُ قَالَتْ عَائِشَةُ لَيْسَ كَمَا قَالَ ابْنُ عَباسٍ أَنَا فَتَلْتُ قَلَائِدَ هَدْيِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدَي ثُم قَلدَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِهِ ثُم بَعَثَ بِهَا مَعَ أَبِي فَلَمْ يَحْرُمْ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَيْءٌ أَحَلهُ اللهُ لَهُ حَتى نُحِرَ الْهَدْيُ.

3537 ـ ئەمرە بىنتى ئابدۇراھماندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى زىياد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مەكتۇب يوللاپ:

ـ ئىبنى ئابباس: ”كىم ھەرەمگە قۇربانلىق ئەۋەتسە، قۇربانلىق بوغۇزلانغانغا قەدەر ھاجىغا ھارام بولغان ئىشلار ئۇنىڭغىمۇ ھارام بولىدۇ“ دېدى. مەن قۇربانلىق تەييارلاپ يولغا سالغاندىم، نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغان بولساڭ، ـ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا جاۋابەن:

ــ ئىبنى ئابباسنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئەمەس. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق ماللىرىغا

[1] ئەلبانى (2608): سەھىھ ـ دېگەن.

ئاسىدىغان ئارغامچا ـ يىپلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەشتىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن قۇربانلىق ماللىرىغا ئېسىپ، دادام بىلەن بىللە كەئبىگە يولغا سالدى. لېكىن ئۇ تاكى قۇربانلىق مال بوغۇزلانغانغا قەدەر ئۇلۇغ الله ئۆزىگە هالال قىلىپ بەرگەن ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى هارام قىلمىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1321)

3538 - عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْهُدَيْرِ أَنَّهُ رَأَى رَجُلًا مُتَجَرِّدًا بِالْعِرَاقِ فَسَأَلَ النَّاسَ عَنْهُ فَقَالُوا إِنَّهُ أَمَرَ بِهَدْيِهِ أَنْ يُقَلَّدَ فَلِذَلِكَ تَجَرَّدَ قَالَ رَبِيعَةُ فَلَقِيتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ الزُّبَيْرِ فَذَكَرْتُ لَهُ ذَلِكَ فَقَالَ بِدْعَةٌ وَرَبِّ الْكَعْبَةِ.

3538 ـ رەبىئە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇدەير مۇنداق دەيدۇ: ئىراقتا ئېھرام كىيىۋالغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، باشقىلاردىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغانىدىم. ئۇلار:

— ئۇ مەككىگە ئەۋەتىدىغان قۇربانلىقىغا بەلگە سېلىنىشقا بۇيرۇغانىدى، شۇڭا ئېھرام باغلىۋالدى، ـ دېيىشتى. كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بۇ ئىشنى ئېيتسام، ئۇ:

— كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنداق قىلىش بىدئەتتۇر، ـ دېدى.

(مالىك: 764)

3539 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ كَانَ إِذَا أَهْدَى هَدْيًا مِنَ الْمَدِينَةِ قَلَّدَهُ وَأَشْعَرَهُ بِذِي الْحُلَيْفَةِ يُقَلِّدُهُ قَبْلَ أَنْ يُشْعِرَهُ وَذَلِكَ فِي مَكَانٍ وَاحِدٍ وَهُوَ مُوَجَّهٌ لِلْقِبْلَةِ يُقَلِّدُهُ بِنَعْلَيْنِ وَيُشْعِرُهُ مِنَ الشِّقِّ الْأَيْسَرِ ثُمَّ يُسَاقُ مَعَهُ حَتَّى يُوقَفَ بِهِ مَعَ النَّاسِ بِعَرَفَةَ ثُمَّ يَدْفَعُ بِهِ مَعَهُمْ إِذَا دَفَعُوا فَإِذَا قَدِمَ مِنًى غَدَاةَ النَّحْرِ نَحَرَهُ قَبْلَ أَنْ يَحْلِقَ أَوْ يُقَصِّرَ وَكَانَ هُوَ يَنْحَرُ هَدْيَهُ بِيَدِهِ يَصُفُّهُنَّ قِيَامًا وَيُوَجِّهُهُنَّ إِلَى الْقِبْلَةِ ثُمَّ يَأْكُلُ وَيُطْعِمُ.

3539 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما مەدىنىدە قۇربانلىق تەييارلىغان بولسا، قۇربانلىق مالنى ئۆزى ئېلىپ مېڭىپ، زۇلھۇلەيفەگە بارغاندا، مالنىڭ بوينىغا يىپ ـ ئارغامچا ئېسىپ،

لوكىسىدىن قان چىقىرىپ بەلگە سالاتتى. ئۇ، بەلگە سىلىشتىن بۇرۇن بوينىغا يىپ ـ ئارغامچا ئاساتتى ۋە ئىككى ئىشنى بىرلا يەردە، قىبلىگە ئالدىنى قىلغان ھالدا قىلاتتى. ئاۋۋال قۇربانلىقنىڭ بوينىغا ئىككى پاي ئاياقنى ئېسىپ، ئاندىن لوكىسىنىڭ سول تەرىپىدىن قان ئېقىتىپ، بەلگە سالغاندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن بىللە ئەرافاتقا ھەيدەپ باراتتى. ئەرافاتتىن قايتقاندا، قۇربانلىق مالنىمۇ بىللە قايتۇرۇپ كېلەتتى. قۇربان ھېيت كۈنى مىناغا كېلىپ، چېچىنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىشتىن بۇرۇن مالنى بوغۇزلايتتى. ئۇ قۇربانلىق ماللارنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قاتار تۇرغۇزۇپ، ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلايتتى. قۇربانلىق گۆشتىن ئۆزىمۇ يەيتتى، باشقىلارغىمۇ بېرەتتى.

(مالىك: 1318)

3540 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ إِذَا طَعَنَ فِي سَنَامِ هَدْيِهِ وَهُوَ يُشْعِرُهُ قَالَ بِسْمِ اللهِ وَاللهُ أَكْبَرُ.

3540 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇربانلىققا ئاتىغان تۆگىسىنىڭ لوكىسىغا قان چىقىرىپ بەلگە سالىدىغان ۋاقىتتا: "بِسْمِ اللهِ وَاللهُ أَكْبَرُ" دەيتتى.

(مالىك: 855)

3541 - عن أبي السائب قال: كُنا عِنْدَ وَكِيعٍ فَقَالَ لِرَجُلٍ عِنْدَهُ مِمنْ يَنْظُرُ فِي الرأيِ أَشْعَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيَقُولُ أَبُو حَنِيفَةَ هُوَ مُثْلَةٌ قَالَ الرجُلُ فَإِنهُ قَدْ رُوِيَ عَنْ إِبْرَاهِيمَ النخَعِي أَنهُ قَالَ الْإِشْعَارُ مُثْلَةٌ قَالَ فَرَأَيْتُ وَكِيعًا غَضِبَ غَضَبًا شَدِيدًا وَقَالَ أَقُولُ لَكَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَقُولُ قَالَ إِبْرَاهِيمُ مَا أَحَقكَ بِأَنْ تُحْبَسَ ثُم لَا تَخْرُجَ حَتى تَنْزِعَ عَنْ قَوْلِكَ هَذَا.

3541 ـ ئەبۇ سائىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ۋەكىئنىڭ قېشىدا ئىدۇق. ئۇ قېشىدا ئولتۇرغان ھەنەفى مەزھىبىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرىگە:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق تۆگىگە قان چىقىرىپ بەلگە سالاتتى، لېكىن ئەبۇ ھەنىفە بۇنىڭ ھايۋاننى قىيىنغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ـ دېگەنىدى، ھېلىقى ئادەم:

ـ ئىبراھىم نەخەئىنىڭمۇ: "بەلگە سېلىش ھايۋاننى قىيىنغانلىق بولىدۇ" دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ۋەكىئ قاتتىق ئاچچىغلانغان ھالدا:

ـ مەن ساڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغان ئىشىنى دەپ بېرىۋاتسام، سەن ئىبراھىم نەخەئىنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرسەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن تاكى مۇشۇ گېپىڭدىن ۋاز كېچىپ تۆۋبە قىلمىغۇچە، زىنداندا يېتىشقا ھەقلىق ئادەم ئىكەنسەن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 906)

3542 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ كُنَّا نَتَمَتَّعُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِالْعُمْرَةِ فَنَذْبَحُ الْبَقَرَةَ عَنْ سَبْعَةٍ نَشْتَرِكُ فِيهَا.

3542 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ھەج تەمەتتۇ قىلغانىدۇق، يەتتە ئادەم بىرلىشىپ بىر كالا بوغۇزلىدۇق.

(مۇسلىم: 1318)

3543 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ نَحَرْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَامَ الْحُدَيْبِيَةِ الْبَدَنَةَ عَنْ سَبْعَةٍ وَالْبَقَرَةَ عَنْ سَبْعَةٍ.

3543 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھۇدەيبىيە يىلى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە

[1] ئەلبانى (721): سەھىھ ـ دېگەن.

بىر تۆگىنى يەتتە ئادەمنىڭ نامىدا، بىر كالىنىمۇ يەتتە ئادەمنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلغانىدۇق.

(مۇسلىم: 1318)

3544 - عَنْ حُجَيَةَ بنِ عَدِي عَنْ عَلِي قَالَ الْبَقَرَةُ عَنْ سَبْعَةٍ قُلْتُ فَإِنْ وَلَدَتْ قَالَ اذْبَحْ وَلَدَهَا مَعَهَا قُلْتُ فَالْعَرْجَاءُ قَالَ إِذَا بَلَغَتْ الْمَنسِكَ قُلْتُ فَمَكْسُورَةُ الْقَرْن قَالَ لَا بَأْسَ أُمِرْنَا أَوْ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نَسْتَشْرِفَ الْعَيْنَيْنِ وَالْأُذُنَيْنِ.

3544 ـ ھۇجەييە ئىبنى ئەدى مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بىر كالا يەتتە ئادەمنىڭ نامىدا بوغۇزلانسا بولىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ ئەگەر ئۇنىڭ قورسىقىدا موزىيى بولسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ موزايىنىمۇ ئانىسى بىلەن قوشۇپ بوغۇزلا! ـ دېدى.

ــ ئاقساق كالا قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم:

ــ بوغۇزلايدىغان جايغا مېڭىپ بارالىسا بولىدۇ، ـ دېدى.

ــ مۈڭگۈزى سۇنۇق كالىچۇ؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ ئۇمۇ بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى قۇربانلىق مال ئالىدىغان ۋاقىتتا، ئىككى كۆز ۋە ئىككى قۇلىقىغا دىققەت قىلىشقا بۇيرىغانىدى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1503)

3545 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَبَحَ عَمنْ اعْتَمَرَ مِنْ نِسَائِهِ بَقَرَةً بَيْنَهُن.

3545 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرە قىلغان ئاياللىرىنىڭ نامىدا بىر سىيىر قۇربانلىق قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1751)

[1] ئەلبانى(1215): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى(1540): سەھىھ ـ دېگەن.

3546 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَحَرَ عَنْ آلِ مُحَمدٍ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ بَقَرَةً واحدة.

3546 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەجىدە ئۆز ئائىلىسى نامىدا بىر كالا قۇربانلىق قىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1750)

3547 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ كَانَ يَقُولُ لِبَنِيهِ يَا بَنِي لَا يُهْدِيَن أَحَدُكُمْ مِنْ الْبُدْنِ شَيْئًا يَسْتَحْيِي أَنْ يُهْدِيَهُ لِكَرِيمِهِ فَإِن اللهَ أَكْرَمُ الْكُرَمَاءِ وَأَحَق مَنْ اخْتِيرَ لَهُ.

3547 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: دادام ئوغۇللىرىغا:

ـ ئى ئوغۇللىرىم! ئۆزەڭلار ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشىگە سوۋغا قىلىشتىن خىجىل بولغۇدەك مالنى قۇربانلىق قىلغىلى كەئبىگە ئېلىپ بارماڭلار. چۈنكى الله تائالا ئەڭ ھۆرمەتلىك زاتتۇر ۋە ئەڭ ياخشىغا لايىقتۇر، ـ دەيتتى.

(مالىك: 861)

3548 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بِمِنًى هَـذَا الْمَنْحَرُ وَكُل مِنًى مَنْحَرٌ وَقَالَ فِي الْعُمْرَةِ هَذَا الْمَنْحَرُ يَعْنِي الْمَرْوَةَ وَكُل فِجَـاجِ مَكـةَ وَطُرُقِهَا مَنْحَرٌ.

3548 ـ مالىك مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجدە مىنانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا بۇ قۇربانلىق قىلىدىغان جاي. مىنانىڭ ھەممە يېرىدە قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ» دېگەن. ئۆمرەدە مەرۋەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ يەر قۇربانلىق قىلىنىدىغان جايدۇر. لېكىن مەككىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بارلىق كوچا ـ كويلىرىدا قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ» دېگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى(1539): سەھىھ ـ دېگەن.

3549 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ قَالَ مَنْ نَذَرَ بَدَنَةً فَإِنَّهُ يُقَلِّدُهَا نَعْلَيْنِ وَيُشْعِرُهَا ثُم يَنْحَرُهَا عِنْدَ الْبَيْتِ أَوْ بِمِنًى يَوْمَ النحْرِ لَيْسَ لَهَا مَحِلٌّ دُونَ ذَلِكَ وَمَنْ نَذَرَ جَزُورًا مِنْ الْإِبِلِ أَوْ الْبَقَرِ فَلْيَنْحَرْهَا حَيْثُ شَاءَ.

3549 ـ نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: كىمكى تۆگىدىن بىرنى ھەرەمگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتىسا، ئۇ چوقۇم تۆگىنىڭ بوينىغا ئىككى پاي ئاياقنى ئاسىدۇ ۋە قان ئېقىتىپ، بەلگە سالىدۇ. ئاندىن ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى كەئبىنىڭ قېشىدا ياكى مىنادا بوغۇزلايدۇ، بۇ تۆگىنى ئۇنىڭدىن باشقا جايدا بوغۇزلاشقا بولمايدۇ. كىمكى بىر تۆگە ياكى كالا قۇربانلىق قىلىشنى ئاتىغان بولسا، ئۇنى خالىغان يەردە بوغۇزلىسا بولىدۇ.

(مالىك: 899)

3550 – عن عُرْقَةَ بْنَ الْحَارِثِ الْكِنْدِي قَالَ شَهِدْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ وَأُتِيَ بِالْبُدْنِ فَقَالَ ادْعُوا لِي أَبا حَسَنٍ فَدُعِيَ لَهُ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقَالَ لَهُ خُذْ بِأَسْفَلِ الْحَرْبَةِ وَأَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِأَعْلَاهَا ثُم طَعَنَا بِهَا فِي الْبُدْنِ فَلَما قَرَّبَ رَكِبَ بَغْلَتَهُ وَأَرْدَفَ عَلِيا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ.

3550 ـ غۇرفە ئىبنى ھارىس ئەلكىندى مۇنداق دەيدۇ: ۋىداللىشىش ھەجىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم. قۇربانلىق قىلىنىدىغان تۆگىلەر كەلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەبۇ ھەسەننى چاقىرىڭلار! ــ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقىرىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ نەيزىنىڭ ئاستى تەرىپىنى تۇت! ـ دېدى ۋە ئۆزى ئۈست تەرەپتىن تۇتتى. ئاندىن ئىككىسى بىرلىكتە ئۇنى تۆگىلەرگە سانجىپ، بەلگە

سالدى. بەلگە سېلىپ بولغاندىن كېيىن، قېچىرغا مىنىپ، ئەلىنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1766)

3551 - عَنْ أَبِي الزُّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ وَأَخْبَرَنِي عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ سَابِطٍ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَصْحَابَهُ كَانُوا يَنْحَرُونَ الْبَدَنَةَ مَعْقُولَةَ الْيُسْرَى قَائِمَةً عَلَى مَا بَقِيَ مِنْ قَوَائِمِهَا.

3551 ـ ئەبۇ زۇبەير جابىر ئارقىلىق ئابدۇراھمان ئىبنى سابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى قۇربانلىق تۆگىنىڭ سول پۇتىنى باغلاپ، ئۆرە تۇرغۇزۇپلا بوغۇزلايتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1767)

3552 - عَنْ عَلِيٍّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ لَمَّا نَحَرَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بُدْنَهُ فَنَحَرَ ثَلَاثِينَ بِيَدِهِ وَأَمَرَنِي فَنَحَرْتُ سَائِرَهَا.

3552 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق تۆگىدىن ئوتتۇزنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلاپ، ئاندىن مېنى بوغۇزلاشقا بۇيرىدى، قالغانلىرىنى مەن بوغۇزلىدىم[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1764)

3553 - عَنْ زِيَادِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ رَأَيْتُ ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَتَى عَلَى رَجُلٍ قَدْ أَنَاخَ بَدَنَتَهُ يَنْحَرُهَا قَالَ ابْعَثْهَا قِيَامًا مُقَيَّدَةً سُنَّةَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

---

[1] ئەلبانى(387): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1553): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (386): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

3553 ـ زىياد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ قويۇپ بوغۇزلىماقچى بولۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئۇنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ، باغلاپ قويۇپ بوغۇزلىغىن. چۈنكى بۇ، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم)نىڭ سۈننىتىدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1713)

3554 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ قُرْطٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن أَعْظَمَ الْأَيامِ عِنْدَ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَوْمُ النحْرِ ثُم يَوْمُ الْقَر قَالَ عِيسَى قَالَ ثَوْرٌ وَهُوَ الْيَوْمُ الثانِي وَقَالَ وَقُربَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَدَنَاتٌ خَمْسٌ أَوْ سِت فَطَفِقْنَ يَزْدَلِفْنَ إِلَيْهِ بِأَيتِهِن يَبْدَأُ فَلَما وَجَبَتْ جُنُوبُهَا قَالَ فَتَكَلمَ بِكَلِمَةٍ خَفِيةٍ لَمْ أَفْهَمْهَا فَقُلْتُ مَا قَالَ قَالَ مَنْ شَاءَ اقْتَطَعَ.

3554 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى قۇرت مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

«اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كۈن قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئاندىن قالسا، خۇشاللىق كۈنى (يەنى ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى)» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قۇربانلىق ئۈچۈن بەش ـ ئالتە تۇياق تۆگە ئېلىپ كەلگەنىدى. تۆگىلەر خۇددى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بوغۇزلىنىشىنى ئۈمىد قىلغاندەك، ئۆزلىكىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. تۆگىلەر بوغۇزلىنىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ناھايىتى پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دېدى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي، يېنىمدىكى بىرىدىن نېمە دېگەنلىكىنى سورىسام، ئۇ:

ـ «خالىغان كىشى قۇربانلىق گۆشتىن ئالسا بولىدۇ» دېدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1765)

[1] ئەلبانى (1552): سەھىھ ـ دېگەن.

3555 - عَنْ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قال: كُنا لَا نَأْكُلُ مِنْ لُحُومِ بُدْنِنَا فَوْقَ ثَلَاثِ مِنًى فَرَخَّصَ لَنا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ كُلُوا وَتَزَودُوا فَأَكَلْنَا وَتَزَودْنَا.

3555 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز قۇربانلىق قىلىنغان تۆگىلەرنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق يېمەيتتۇق. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(خالىغىنىڭلارچە) يەڭلار ۋە ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ساقلاڭلار!» دەپ رۇخسەت قىلدى. شۇندىن كېيىن، ھەم خالىغانچە يەيدىغان ھەم ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ساقلاپ قويىدىغان بولدۇق.

(بۇخارى: 1719)

3556 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كُنا نَتَزَودُ لُحُومَ الْأَضَاحِي عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمَدِينَةِ.

3556 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا قۇربانلىق گۆشتىن (ھەجدىن) مەدىنىگە قايتقىچە ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئېلىۋالاتتۇق.

(بۇخارى: 5567)

3557 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن ذُؤَيْبًا أَبَا قَبِيصَةَ حَدثَهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَبْعَثُ مَعَهُ بِالْبُدْنِ ثُم يَقُولُ إِنْ عَطِبَ مِنْهَا شَيْءٌ فَخَشِيتَ عَلَيْهِ مَوْتًا فَانْحَرْهَا ثُم اغْمِسْ نَعْلَهَا فِي دَمِهَا ثُم اضْرِبْ بِهِ صَفْحَتَهَا وَلَا تَطْعَمْهَا أَنتَ وَلَا أَحَدٌ مِنْ أَهْلِ رُفْقَتِكَ.

3557 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما زۇئەيب ئەبۇ قەبىسەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قۇربانلىق تۆگىلىرى بىلەن بىللە مەككىگە يولغا سالاتتى ۋە:

«تۆگىلەردىن بىرەرسىنىڭ ھېرىپ قېلىپ، ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇنى بوغۇزلىۋەتكىن، ئاندىن ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغان ئاياقنى ئېلىپ، قېنىغا مىلەپ، لوكىسىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۇرغىن

(يەنى بەلگە سالغىن). ئۇنىڭ گۆشىنى يېمىگىن، سەپەرداشلىرىڭدىنمۇ ھېچكىم يېمىسۇن (يەنى ئۇنى باشقىلارنىڭ يېيىشىگە قويۇپ كېتىڭلار)!» دەيتتى.

(مۇسلىم: 1326)

3558 - عَنْ نَاجِيَةَ الْخُزَاعِي صَاحِبِ بُدْنِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ أَصْنَعُ بِمَا عَطِبَ مِنْ الْبُدْنِ قَالَ انْحَرْهَا ثُم اغْمِسْ نَعْلَهَا فِي دَمِهَا ثُم خَل بَيْنَ الناسِ وَبَيْنَهَا فَيَأْكُلُوهَا.

3558 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىلىرىنى ھەرەمگە ئېلىپ بارغان ناجىيە ئىبنى خۇزائى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! تۆگىلەردىن ھېرىپ قالغانلارنى قانداق قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىسام:

ـــ ئۇنى بوغۇزلىغىن، ئاندىن بوينىغا ئېسىپ قويۇلغان ئاياغنى قېنىغا مىلەپ، بەلگە سال. ئاندىن باشقىلارنىڭ يېيىشىگە تاشلاپ قويۇپ كېتىۋەرگىن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 910)

3559 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَنهُ قَالَ مَنْ سَاقَ بَدَنَةً تَطَوعًا فَعَطِبَتْ فَنَحَرَهَا ثُم خَلى بَيْنَهَا وَبَيْنَ الناسِ يَأْكُلُونَهَا فَلَيْسَ عَلَيْهِ شَيْءٌ وَإِنْ أَكَلَ مِنْهَا أَوْ أَمَرَ مَنْ يَأْكُلُ مِنْهَا غَرِمَهَا.

3559 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىمكى نەپلە نىيىتىدە بىر تۆگە قۇربانلىق قىلماقچى بولۇپ، ھەرەمگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، تۆگە ھېرىپ قېلىپ بوغۇزلىنىۋەتسە ۋە باشقىلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن قويۇپ قويسا، ئۇ كىشىگە ھېچ جازا كەلمەيدۇ. ئەگەر تۆگىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېسە ياكى باشقىلارنى

[1] ئەلبانى (724): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇنىڭدىن يېيىشكە ئۇندىسە، يېيىلگەن گۆشنىڭ مىقدارىدا (بىر نەرسە) سەدىقە قىلىدۇ.

(مالىك: 863)

3560 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ قَالَ مَنْ أَهْدَى بَدَنَةً ثُمَّ ضَلَّتْ أَوْ مَاتَتْ فَإِنَّهَا إِنْ كَانَتْ نَذْرًا أَبْدَلَهَا وَإِنْ كَانَتْ تَطَوُّعًا فَإِنْ شَاءَ أَبْدَلَهَا وَإِنْ شَاءَ تَرَكَهَا.

3560 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: قۇربانلىققا ھەيدەپ ماڭغان تۆگە يۈتۈپ كەتسە ياكى ئۆلۈپ قالسا، ئەگەر ئۇ تۆگە نەزىر (يەنى ئاتىۋەتكەن) قۇربانلىق بولسا، ئورنىغا باشقىسىنى قۇربانلىق قىلىدۇ. ئەگەر نەپلە قۇربانلىق بولسا، خالىسا باشقا قۇربانلىق قىلىدۇ، خالىمىسا قىلمايدۇ.

(مالىك: 866)

3561 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَأَى رَجُلًا يَسُوقُ بَدَنَةً فَقَالَ ارْكَبْهَا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنَّهَا بَدَنَةٌ قَالَ ارْكَبْهَا وَيْلَكَ فِي الثَّانِيَةِ أَوْ فِي الثَّالِثَةِ.

3561 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق تۆگە ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ:

ــ ئۇنىڭغا مىنىۋال! ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ، قۇربانلىق تۆگە، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ــ ئۇنىڭغا مىنىۋال! ـ دېدى. ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قېتىمدا:

ــ ئىسىت ساڭا! ـ دېدى.

(بۇخارى: 2755)

3562 – عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ سُئِلَ عَنْ رُكُوبِ الْهَدْيِ فَقَالَ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ ارْكَبْهَا بِالْمَعْرُوفِ إِذَا أُلْجِئْتَ إِلَيْهَا حَتَّى تَجِدَ ظَهْرًا.

3562 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قۇربانلىق مالغا مىنىسە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق سورالغاندى، ئۇ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئامالسىز قالغاندا مىنىدىغان ئۇلاغ تاپقۇچە ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي مىنىپ تۇرۇشقا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، - دېدى.

(مۇسلىم: 1324)

3563 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ إِذَا نُتِجَتْ النَاقَةُ فَلْيُحْمَلْ وَلَدُهَا حَتى يُنْحَرَ مَعَهَا فَإِنْ لَمْ يُوجَدْ لَهُ مَحْمَلٌ حُمِلَ عَلَى أُمِهِ حَتى يُنْحَرَ مَعَهَ.

3563 ـ نافىئدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇربانلىققا ئاتالغان تۆگە يولدا بوتىلاقلاپ قالسا، بوتىلىقى تاكى ئانىسى بىلەن بىللە بوغۇزلانغىچە (بىر نەرسىگە سېلىنىپ) ئېلىپ مېڭىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئېلىپ ماڭغۇدەك نەرسە بولمىسا، ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ مېڭىلىدۇ.

(مالىك: 852)

3564 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَهْدَى عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ نَجِيبًا فَأَعْطَى بِهَا ثَلَاثَ مِائَةِ دِينَارٍ فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني أَهْدَيْتُ نَجِيبًا فَأُعْطِيتُ بِهَا ثَلَاثَ مِائَةِ دِينَارٍ أَفَأَبِيعُهَا وَأَشْتَرِي بِثَمَنِهَا بُدْنًا قَالَ لَا انْحَرْهَا إِياهَا.

3564 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچ يۈز تىللاغا بىر تۇياق ياخشى تۆگە سېتىۋېلىپ، قۇربانلىققا ئاتىۋەتتى. كېيىن، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن ئۈچ يۈز تىللاغا بىر تۇياق ياخشى تۆگە سېتىۋالغانىدىم. ئۇنى سېتىۋېتىپ، پۇلىغا بىر قانچە تۇياق تۆگە سېتىۋېلىپ، قۇربانلىق قىلسام بولامدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، شۇنىڭ ئۆزىنى بوغۇزلىشىڭ كېرەك! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1756)

3565 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ أَهْدَى عَامَ الْحُدَيْبِيَةِ فِي هَدَايَا رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ جَمَلًا كَانَ لِأبِي جَهْلٍ فِي رَأْسِهِ بُرَةُ فِضةٍ قَالَ ابْـنُ مِنْهَالٍ بُرَةٌ مِنْ ذَهَبٍ زَادَ النفَيْلِي يَغِيظُ بِذَلِكَ الْمُشْرِكِينَ.

3565 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دەيـدۇ: ھۇدەيبىيە يىلى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق مال ئېلىپ كەلدى. بۇ ماللارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ جەھلدىن ئولجا ئېلىنغان ۋە بۇرنىغا كۈمۈش چۆلۈك ئۆتكۈزۈلگەن (ئىبنى مىنھەلنىڭ رىۋايىتىدە: ئالتۇن چۆلۈك ئۆتكۈزۈلگەن، ـ دېيىلگەن) بىر تۆياق تۆگىمۇ بار ئىدى.

نۇفەيل: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەكچى بولغانىدى، ـ دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1749)

3566 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يُجَللُ بُدْنَهُ الْقُبَاطِي وَالْأنمَاطَ وَالْحُلَلَ ثُم يَبْعَثُ بِهَا إِلَى الْكَعْبَةِ فَيَكْسُوهَا إِياهَا.

3566 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇربانلىق تۆگىلىرىنى پاختا، يۇڭ ۋە كەشتىلىك رەختلەر بىلەن توقۇپ، كەئبىگە ئەۋەتەتتى. كېيىن، ئۇ رەختلەر كەئبىگە يوپۇق قىلىناتتى.

(مالىك: 857)

---

[1] ئەلبانى(385): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى(1538): ھەسەن، ـ دېگەن.

3567 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ لَا يَشُق جِلَالَ بُدْنِهِ وَلَا يُجَلِّلُهَا حَتى يَغْدُوَ مِنْ مِنًى إِلَى عَرَفَةَ.

3567 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇربانلىق تۆگىلىرىنىڭ توقۇملىرىنى يىرتمايتتى (يەنى لوكىسىنىڭ ئۇدۇلىنى تەشمەيتتى) ۋە مىنادىن ئەرافاتقا قاراپ يولغا چىقمىغىچە، ئۇلارنى توقۇمايتتى.

(مالىك: 860)

3568 - عَنْ عَلِي قَالَ أَمَرَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ أَقُومَ عَلَى بُدْنِهِ وَأَنْ أَتَصَدقَ بِلَحْمِهَا وَجُلُودِهَا وَأَجِلتِهَا وَأَنْ لَا أُعْطِيَ الْجَزارَ مِنْهَا قَالَ نَحْنُ نُعْطِيهِ مِنْ عِنْدِنَا.

3568 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قۇربانلىق تۆگىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ گۆش ـ تېرىلىرىنى ۋە توقۇملىرىنى سەدىقە قىلىۋېتىپ، قاسساپقا ھېچنەرسە بەرمەسلىككە بۇيرىدى ۋە: «قاسساپقا ئۆز يېنىمىزدىن پۇل ـ مال بېرىپ رازى قىلىمىز» دېدى.

(مۇسلىم: 1317)

3569 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اشْتَرَى هَدْيَهُ مِنْ قُدَيْدٍ.

3569 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىسىنى قۇدەيد دېگەن يەردىن سېتىۋالدى[1].

(تىرمىزى: 907)

3570 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ قَالَ مَنْ نَسِيَ مِنْ نُسُكِهِ شَيْئًا أَوْ تَرَكَهُ فَلْيُهْرِقْ دَمًا قَالَ أَيوبُ لَا أَدْرِي قَالَ تَرَكَ أَوْ نَسِيَ.

[1] ئەلبانى (155): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

3570 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: كىم ھەج پائالىيەتلىرىدىن بىرنى ئۇنتۇپ قالسا، (كەففارىتى ئۈچۈن) قان قىلسۇن.

راۋىي ئەبۇ ئەييۇب مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس: ‘‘ئۇنتۇپ قالسا’’ دېدىمۇ ياكى ‘‘تەرك ئەتسە’’ دېدىمۇ، ئېنىق ئەسلىيەلمىدىم.

(مالىك: 957)

# سودا ـ سېتىق بۆلۈمى

## كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، تىرىكچىلىك قىلىش ۋە تىجارەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەر

4524 - عن أبى الطفيل عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال من كسب مالا من حرام فاعتق منه ووصل منه رحمه كان ذلك إصرا.

4524 ـ ئەبۇ تۇفەيل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ھارامدىن پۇل ـ مال تېپىپ، شۇ پۇلى بىلەن قۇل ئازاد قىلسا ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلسا، قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرى ئۇنىڭغا گۇناھ (تىن جۇغلانغان يۈك) بولۇپ ئارتىلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»)

4525 - عَنْ مَيْمُونَةَ بنتِ سَعْدٍ، أنهَا قَالَتْ: أَفْتِنَا يَا رَسُولَ اللهِ، عَنِ السرِقَة. فَقَالَ: مَنْ أَكَلَهَا وَهُوَ يَعْلَمُ أنهَا سَرَقَةٌ، فَقَدِ اشْتَرَكَ فِي إِثْمِ سَارِقِهَا.

4525 ـ مەيمۇنە بىنتى سەئدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە ئوغرىلانغان مال توغرىسىدا پەتىۋا ئېيتىپ بەرسەڭ، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] ھەيسەمى (18106): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەبان جۇئفىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يېگەن كىشى، شۇ مالنى ئوغرىلىغان ئادەمگە (يەنى گۇناھىغا) تەڭ شېرىك بولغان بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

4526 - عَنْ أَبِي بَكْرٍ الصديق، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "لا يَدْخُلُ الْجَنةَ جَسَدٌ غُذِيَ بِحَرَامٍ.

4526 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھارام (مال) بىلەن ئوزۇقلانغان ۋۇجۇد جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2].

(مەۋسىلى: 83)

4527 - عَنْ حُذَيْفَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "لا يَدْخُلُ الْجَنةَ لَحْمٌ نَبَتَ مِنْ سُحْتٍ، النارُ أَوْلَى بِهِ".

4527 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھارام بىلەن ئوزۇقلىنىش نەتىجىسىدە ئۆسكەن بەدەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئۇنداق بەدەن جەھەننەمگە لايىقتۇر»[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

4528 - عَنْ النعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ وَأَهْوَى النعْمَانُ بِإِصْبَعَيْهِ إِلَى أُذُنَيْهِ إِن الْحَلَالَ بَينٌ وَإِن الْحَرَامَ بَينٌ وَبَيْنَهُمَا مُشْتَبِهَاتٌ لَا يَعْلَمُهُن كَثِيرٌ مِنْ الناسِ فَمَنْ اتقَى الشبُهَاتِ اسْتَبْرَأَ لِدِينِهِ وَعِرْضِهِ وَمَنْ وَقَعَ فِي الشبُهَاتِ وَقَعَ فِي الْحَرَامِ كَالراعِي يَرْعَى حَوْلَ الْحِمَى يُوشِكُ أَنْ يَرْتَعَ فِيهِ أَلَا وَإِن لِكُل مَلِكٍ حِمًى

---

[1] ھەيسەمى (18107): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18109): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (18110): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبراھىم ئىبنى خەلەف رەملى ئىسىملىك ناتونۇش بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

أَلَا وَإِن حِمَى اللهِ مَحَارِمُهُ أَلَا وَإِن فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً إِذَا صَلَحَتْ صَلَحَ الْجَسَدُ كُلُّهُ وَإِذَا فَسَدَتْ فَسَدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ أَلَا وَهِيَ الْقَلْبُ.

4528 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىم ئاڭلىغان ئىدىم:

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھالال ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلدى، ھارام ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان شۈبھىلىك ئىشلار بار. كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانسا، دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغان بولىدۇ. كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلسا، ھاراملىقى ئېنىق ئىشلارنىمۇ قىلىپ سېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇ، ماللىرىنى چېگرا ئەتراپىدا بېقىۋاتقان پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر دىققەت قىلمىسا، ماللىرى چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەر بىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار. بىلىڭلاركى، اللهنىڭ چېگراسى ھارام قىلغان نەرسىلىرىدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش ــ يۈرەكتۇر».

(مۇسلىم: 1599)

4529 - عَنْ وَابِصَةَ الْأَسَدِي قَالَ أَتَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنا أُرِيدُ أَنْ لَا أَدعَ شَيْئًا مِنْ الْبِر وَالْإِثْمِ إِلا سَأَلْتُهُ عَنْهُ وَحَوْلَهُ عِصَابَةٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ يَسْتَفْتُونَهُ فَجَعَلْتُ أَتخَطاهُمْ قَالُوا إِلَيْكَ يَا وَابِصَةُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْتُ دَعُونِي فَأَدْنُوَ مِنْهُ فَإِنهُ أَحَب الناسِ إِلَي أَنْ أَدْنُوَ مِنْهُ قَالَ دَعُوا وَابِصَةَ ادْنُ يَا وَابِصَةُ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا قَالَ فَدَنَوْتُ مِنْهُ حَتى قَعَدْتُ بَيْنَ يَدَيْهِ فَقَالَ يَا وَابِصَةُ أُخْبِرُكَ أَوْ تَسْأَلُنِي قُلْتُ لَا بَلْ أَخْبِرْنِي فَقَالَ جِئْتَ تَسْأَلُنِي عَنْ الْبِر وَالْإِثْمِ فَقَالَ نَعَمْ فَجَمَعَ أَنامِلَهُ فَجَعَلَ يَنْكُتُ بِهِن فِي صَدْرِي وَيَقُولُ يَا وَابِصَةُ اسْتَفْتِ قَلْبَكَ وَاسْتَفْتِ نَفْسَكَ ثَلَاثَ مَراتٍ الْبِر مَا اطْمَأَنتْ إِلَيْهِ النفْسُ وَالْإِثْمُ مَا حَاكَ فِي النفْسِ وَتَرَددَ فِي الصدْرِ وَإِنْ أَفْتَاكَ الناسُ وَأَفْتَوْكَ.

4529 ـ ۋابىسە ئەسەدىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياخشىلىققا ۋە يامانلىققا ياتىدىغان ئىشلارنى تەلتۆكۈس سوراشنى نىيەت قىلىپ، يېنىغا كەلدىم، ئەتراپىدا سوئال سورىشىۋاتقان بىر توپ مۇسۇلماننى كۆردۈم. مەن ئۇلارنى ئارىلاپ ئۆتكىلى تۇرغانىدىم، ئۇلار:

— ئەي ۋابىسە! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يىراقراق تۇر! ـ دېيىشتى. مەن:

— مېنى يېقىنلاشقىلى قويۇڭلار، ئۇ، مەن يېقىنلىشىشنى خالايدىغان بىردىنبىر ئادەم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ۋابىسەنى يېقىنلاشقىلى قويۇڭلار! ئەي ۋابىسە! يېقىن كەل، يېقىن كەل! — دېدى. مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ بېرىپ، ئالدىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— سورىماقچى بولغان سوئالىڭنى دەپ بېرەيمۇ ياكى ئۆزەڭ سورامسەن؟ ـ دېدى. مەن:

— سەن دەپ بەرگىن! — دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سەن مەندىن ياخشىلىققا ۋە يامانلىققا ياتىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سورىغىلى كەلدىڭ، ـ دېدى. مەن:

— ھەئە، شۇنداق، ـ دېگەندىن كېيىن، بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى يىغىپ، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ مەيدەمنى چېكىپ تۇرۇپ:

ـ ئەي ۋابىسە! دىلىڭ ۋە كۆڭلۈڭدىن سورىغىن! ئەي ۋابىسە! دىلىڭ ۋە كۆڭلۈڭدىن سورىغىن! ئەي ۋابىسە! دىلىڭ ۋە كۆڭلۈڭدىن سورىغىن! ياخشىلىق دېگەن كۆڭلۈڭ خاتىرجەم ھالدا قىلغان ئىشىڭدۇر. يامانلىق دېگەن، گەرچە كىشىلەر ئۇنى قىلىشقا ھەر قانچە

رۇخسەت پەتىۋالىرىنى بېرىشىمۇ، كۆڭلۈڭ خاتىرجەم بولمىغان ۋە دىلىڭ ئىككىلەنگەن ھالدا قىلغان ئىشىڭدۇر، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 17545)

4530 - عَنْ سَلْمَانَ الْفَارِسِي رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، قَالَ: سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنِ الْجُبْنِ، وَالسمْنِ، وَالْفِرَاءِ، فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "الْحَلالُ مَا أَحَل اللهُ فِي الْقُرْآنِ، وَالْحَرَامُ مَا حَرمَ اللهُ فِي الْقُرْآنِ، وَمَا سَكَتَ عَنْهُ فَقَدْ عَفَا عَنْهُ".

4530 ـ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۈزمە، سېرىق ماي ۋە ياۋا ئېشەكنىڭ گۆشى ھەققىدە سورالغانىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

«ھالال ــ اللە قۇرئاندا ھالال قىلغان، ھارام ــ اللە قۇرئاندا ھارام قىلغان نەرسىدۇر. اللە ھالال ياكى ھاراملىقى توغرىسىدا سۆز قىلمىغان نەرسىلەر بولسا، اللە (ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىلارنى) كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن نەرسىلەردۇر».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4531 - عَنْ الْمِقْدَامِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا أَكَلَ أَحَدٌ طَعَامًا قَط خَيْرًا مِنْ أَنْ يَأْكُلَ مِنْ عَمَلِ يَدِهِ وَإِن نَبِي اللهِ دَاوُدَ عَلَيْهِ السلَام كَانَ يَأْكُلُ مِنْ عَمَلِ يَدِهِ.

4531 ـ مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر. اللەنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ تۇرمۇشىنى ئۆز ئەمگىكى بىلەن قامدايتتى».

(بۇخارى: 2072)

[1] ھەيسەمى (18117): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ سەنەدلىرىدىن بىرىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

4532 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَـأْتِي عَلَى الناسِ زَمَانٌ لَا يُبَالِي الْمَرْءُ مَا أَخَذَ مِنْهُ أَمِنَ الْحَلَالِ أَمْ مِنْ الْحَرَامِ.

4532 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، كىشىلەر ئۆز تاپاۋىتىنىڭ ھالال ياكى ھارامدىن ئىكەنلىكىگە پەرۋامۇ قىلمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ».

(بۇخارى: 2059)

4533 ـ زاد رزين: فإذ ذاك لا θاب آم دعوة.

4533 ـ رەزىن: شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ، ـ دېگەن جۈملىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

4534 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيهَا النـاسُ إِن اللهَ طَيبٌ لَا يَقْبَلُ إِلا طَيبًا وَإِن اللهَ أَمَرَ الْمُؤْمِنِينَ بِمَا أَمَرَ بِهِ الْمُرْسَلِينَ فَقَالَ يَا أَيهَا الرسُـلُ كُلُوا مِنْ الطيبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِني بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ وَقَالَ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ ثُم ذَكَرَ الرجُلَ يُطِيلُ السفَرَ أَشْعَثَ أَغْبَرَ يَمُد يَدَيْهِ إِلَى السمَاءِ يَا رَب يَا رَب وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ وَمَشْرَبُهُ حَرَامٌ وَمَلْبَسُهُ حَرَامٌ وَغُذِيَ بِالْحَرَامِ فَأَنى يُسْتَجَابُ لِذَلِكَ.

4534 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى خالايىق! اللہ پاكتۇر، پاك نەرسىنىلا (ھالالنى) قوبۇل قىلىدۇ. اللہ مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەرلەرنى بۇيرىغان ئىشقا بۇيرىدى. اللہ تائالا پەيغەمبەرلەرگە: ﴿ئى ئەلچىلەر! ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾[1] دېسە، مۇئمىنلەرگە: ﴿ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر اللہقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، اللہقا (يەنى اللہنىڭ ھەددى ـ

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 51 ـ ئايەت.

ھېسابسىز نېئمەتلىرىگە) شۈكرى قىلىڭلار﴾[1] دېدى». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنى تىلغا ئېلىپ:

«ئۇ ئادەم (ھەج ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىبادەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن) ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدۇ ۋە چاچلىرى چۇۋۇق، يۈز - كۆزىنى توپا - چاڭ باسقان ھالەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ”ئى رەببىم! ئى رەببىم!“ دەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ ئادەمنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى ھارامدىن بولغان ۋە (ۋۇجۇدى) ھارام (تائام) بىلەن ئوزۇقلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت قىلىنسۇن؟!» دېدى.

(مۇسلىم: 12015)

4535 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَطْيَبَ مَا أَكَلْتُمْ مِنْ كَسْبِكُمْ وَإِن أَوْلَادَكُمْ مِنْ كَسْبِكُمْ.

4535 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەڭ ھالال تامىقىڭلار ئۆز ئەمگىكىڭلار بىلەن ئىشلەپ تاپقان يېمەكلىرىڭلاردۇر، بالىلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئەمگەك مېۋەڭلار ھېسابلىنىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1358)

4536 - وفي رواية: وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَوْلَادَكُمْ مِنْ أَطْيَبِ كَسْبِكُمْ فَكُلُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ.

4536 - يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بالىلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئەڭ ھالال ئەمگىكىڭلارنىڭ مېۋىسىدۇر، شۇڭا بالىلىرىڭلارنىڭ ماللىرىدىن يېسەڭلار بولىۋېرىدۇ»[3].

(ئىبنى ماجە: 2292)

[1] سۈرە بەقەرە، 172 - ئايەت.

[2] ئەلبانى (1095): سەھىھ - دېگەن.

[3] ئەلبانى (1856): سەھىھ - دېگەن.

4537 - عَنْ سَعْدٍ قَالَ لَما بَايَعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ النسَـاءُ قَامَـتْ امْرَأَةٌ جَلِيلَةٌ كَأَنهَا مِنْ نِسَاءِ مُضَرَ فَقَالَتْ يَا نَبِي اللهِ إنا كَلٌّ عَلَى آبَائِنَا وَأَبْنَائِنَا قَالَ أَبو دَاوُد وَأُرَى فِيهِ وَأَزْوَاجِنَا فَمَا يَحِل لَنَا مِنْ أَمْوَالِهِمْ فَقَالَ الرطْبُ تَأْكُلْنَهُ وَتُهْدِينَهُ.

4537 ـ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاياللار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان چاغدا، ئېسىلزادە بىر ئايال (مۇزەر قەبىلىسىدىن بولسا كېرەك) ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئاتا ـ ئانىمىز، بالىلىرىمىز ۋە ئەرلىرىمىزگە يۈك بولىدىكەنمىز. بىزگە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن قايسى تۈردىكىلىرى ھالال بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مال ـ مۈلكىنىڭ ھۆل (يەنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، بۇزۇلۇپ كېتىدىغان) تۈردىكىلىرىنى يېسەڭلار ۋە باشقىلارغا ھەدىيە قىلساڭلار بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1686)

4538 - عن الْقَاسِمَ بْنَ مُحَمدٍ قال: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ فَقَالَ لَهُ إن لِي يَتِيمًا وَلَهُ إِبِلٌ أَفَأَشْرَبُ مِنْ لَبَنِ إِبِلِهِ فَقَالَ لَهُ ابْنُ عَباسٍ إنْ كُنتَ تَبْغِي ضَالةَ إِبِلِهِ وَتَهْنَـأُ جَرْبَاهَا وَتَلُط حَوْضَهَا وَتَسْقِيهَا يَوْمَ وِرْدِهَا فَاشْرَبْ غَيْرَ مُضِر بِنَسْلٍ وَلَا نَاهِكٍ فِي الْحَلْبِ.

4538 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ مېنىڭ يېنىمدا ماڭا قاراشلىق بىر يېتىم بالىنىڭ تۆگىلىرى بار، ئۇ تۆگىلەرنىڭ سۈتىنى ئىچسەم بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ تۆگىلىرى يوقاپ كەتسە، ئىزدەپ بېرەلىسەڭ، قوتۇر بولۇپ قالغانلىرىنى ماي سۈركەپ داۋالىيدىغان بولساڭ، سۇ ئىچىدىغان كۆلچەكلىرىنى پاكىز تۇتالىساڭ، سۇ بېرىدىغان كۈندە سۇغىرىدىغان

---

[①] ئەلبانى (372): زەئىپ، ـ دېگەن.

بولساڭ، (سۈتى كەملەپ كېتىپ) بوتىلىقىغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان ۋە ئەمچەكنى قۇرۇغدىۋەتمەيدىغان دەرىجىدە سېغىپ ئىچسەڭ بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مالىك: 1739)

4539 - عَنْ ضِرَارِ بْنِ الْأَزْوَرِ قَالَ أَهْدَيْتُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِقْحَةً فَأَمَرَنِي أَنْ أَحْلُبَهَا فَحَلَبْتُهَا فَجَهَدْتُ فِي حَلْبِهَا فَقَالَ دَعْ دَاعِيَ اللَّبَنِ.

4539 ـ زىرار ئىبنى ئەزۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر سېغىن تۆگە ھەدىيە قىلغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۇ تۆگىنى سېغىشقا بۇيرىدى. مېنىڭ يېلىنىدا بار سۈتىنىڭ ھەممىسىنى سېغىۋېتىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سۈتىنىڭ ھەممىنى سېغىۋەتمە، (قايتا سۈت يىغىلىشى ئۈچۈن) يېلىنىدا ئازراق سۈت قالسۇن، ـ دېدى.

(دارىمى: 1997)

4540 - قَالَ ابْنُ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَق مَا أَخَذْتُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا كِتَابُ اللهِ.

4540 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ھەق ئېلىشىڭلارغا (يەنى ئۆگىتىپ قويغىنىڭلار ئۈچۈن پۇل ئېلىشقا) ئەڭ تېگىشلىك نەرسە ﷲنىڭ كىتاۋىدۇر».

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4541 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "مَنْ يَأْخُذُ عَلَى تَعْلِيمِ الْقُرْآنِ قَوْسًا قَلدَهُ اللهُ قَوْسًا مِنْ نَارٍ".

4541 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى قۇرئاننى ئۆگىنىپ قويغانلىقى ئۈچۈن بىر تال ئوقيا ئالسا، الله ئۇنىڭ بوينىغا (قىيامەت كۈنى) ئوتتىن بىر ئوقيا ئاسىدۇ»[①].
(«ئەلكەبىر»)

4542 - عَنْ الْمُسْتَوْرِدِ بْنِ شَدادٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ كَانَ لَنا عَامِلًا فَلْيَكْتَسِبْ زَوْجَةً فَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ خَادِمٌ فَلْيَكْتَسِبْ خَادِمًا فَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَـهُ مَسْكَنٌ فَلْيَكْتَسِبْ مَسْكَنًا قَالَ قَالَ أَبُو بَكْرٍ أُخْبِرْتُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ اتخَذَ غَيْرَ ذَلِكَ فَهُوَ غَالٌّ أَوْ سَارِقٌ.

4542 ـ مۇستەۋرىد ئىبنى شەدداد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:
«بىزنىڭ يېنىمىزدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان (يەنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىگە پۇل ـ مال توپلاشقا تەيىنلەنگەن) كىشى (ئايالى بولمىسا) ئۆيلىنىۋالسۇن. خىزمەتچىسى بولمىسا، خىزمەتچى سېتىۋالسۇن. ئۆيى بولمىسا، ئۆي سېتىۋالسۇن. بۇنىدىن باشقا ئىشلارغا (قول ئاستىدىكى پۇلدىن) ئىشلەتكەن ئادەم خىيانەتچى ياكى ئوغرى ھېسابلىنىدۇ»[②].
(ئەبۇ داۋۇد: 2945)

4543 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ لَما اسْتُخْلِفَ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ قَالَ لَقَدْ عَلِمَ قَوْمِي أن حِرْفَتِي لَمْ تَكُنْ تَعْجِزُ عَنْ مَئُونَةِ أَهْلِي وَشُغِلْتُ بِأَمْرِ الْمُسْلِمِينَ فَسَيَأْكُلُ آلُ أَبِي بَكْرٍ مِنْ هَذَا الْمَالِ وَيَحْتَرِفُ لِلْمُسْلِمِينَ فِيهِ.

4543 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (خەلىپە بولغان ۋاقتىدا) مۇنداق دېگەن:

---

① ھەيسەمى (6447): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ۋەلىد ئىبنى مۇسلىم ئىسىملىك تەرجىمىھالى نامەلۇم بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.
② ئەلبانى (2552): سەھىھ ـ دېگەن.

قەۋمىم شۇنى بىلدۇكى، مېنىڭ كەسپىم ئائىلەمنى بېقىشقا يېتەرلىك ئىدى. ئەمما ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن (ۋە كەسپىمنى قىلالمايۋاتىمەن). شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئائىلەم تۇرمۇشىنى دۆلەت خەزىنىسىدىن قامدايدۇ ۋە ئاپقان ـ تەرگىنىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرىدۇ.

(بۇخارى: 2070)

4544 - عَنْ كَثِيرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقْطَعَ بِلَالَ بْنَ الْحَارِثِ الْمُزَنِي مَعَادِنَ الْقَبَلِيةِ جَلْسِيهَا وَغَوْرِيهَا وَحَيْثُ يَصْلُحُ الزرْعُ مِنْ قُدْسٍ وَلَمْ يُعْطِ بِلَالَ بْنَ الْحَارِثِ حَق مُسْلِمٍ وَكَتَبَ لَهُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا مَا أَعْطَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِلَالَ بْنَ الْحَارِثِ الْمُزَنِي أَعْطَاهُ مَعَادِنَ الْقَبَلِيةِ جَلْسَهَا وَغَوْرَهَا وَحَيْثُ يَصْلُحُ الزرْعُ مِنْ قُدْسٍ وَلَمْ يُعْطِهِ حَق مُسْلِمٍ.

4544 ـ كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال ئىبنى ھارىس مۇزەنىگە قەبىلىيە دېگەن جاينىڭ ئويمانلىق ۋە تۆپىلىك يەرلىرىدىكى كانلارنى ئېچىش ھوقۇقىنى ۋە قۇدس تېغىدىكى زىرائەت تېرىغىلى بولىدىغان يەرلەرنى بېرىۋەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى بولغان ھېچبىر يەرنى بەرمىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەردى: «بۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىلال ئىبنى ھارىس مۇزەنىگە بەرگەن يەرلەرنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئۇنىڭغا قەبىلىيە دېگەن جاينىڭ ئويمانلىق ۋە تۆپىلىكلىرىدىكى كانلارنى ئېچىش ھوقۇقى ۋە قۇدس تېغىدىكى زىرائەت تېرىغىلى بولىدىغان يەرلەر بېرىلدى، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلكىدىكى ھېچبىر يەر بېرىلمىدى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3063)

[1] ئەلبانى (2633): ھەسەن، ـ دېگەن.

4545 - عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أَبِي عَبْدِ الرحْمَنِ عَنْ غَيْرِ وَاحِدٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَطَعَ لِبِلَالِ بْنِ الْحَارِثِ الْمُزَنِي مَعَادِنَ الْقَبَلِيةِ وَهِيَ مِنْ نَاحِيَةِ الْفُرُعِ فَتِلْكَ الْمَعَادِنُ لَا يُؤْخَذُ مِنْهَا إِلَى الْيَوْمِ إِلا الزكَاةُ.

4545 ـ رەبىئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇراھمان بىر قانچە كىشىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىلال ئىبنى ھارىس مۇزەنىگە فۇرۇ تەرەپتىكى قەبەلىيە كانلىرىنى بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ:

ــ بۇ كانلاردىن تاكى ھازىرغىچە زاكاتتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئېلىنمايدۇ، ـ دېگەن.

(مالىك: 572)

4546 - عَنْ أَبْيَضَ بْنِ حَمالٍ أَنهُ وَفَدَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْتَقْطَعَهُ الْمِلْحَ قَالَ ابْنُ الْمُتَوَكلِ الذِي بِمَأْرِبَ فَقَطَعَهُ لَهُ فَلما أَنْ وَلى قَالَ رَجُلٌ مِنْ الْمَجْلِسِ أَتَدْرِي مَا قَطَعْتَ لَهُ إِنمَا قَطَعْتَ لَهُ الْمَاءَ الْعِد قَالَ فَانْتَزَعَ مِنْهُ قَالَ وَسَأَلَهُ عَما يُحْمَى مِنْ الْأَرَاكِ قَالَ مَا لَمْ تَنَلْهُ خِفَافٌ وَقَالَ ابْنُ الْمُتَوَكلِ أَخْفَافُ الْإِبِلِ.

4546 ـ ئەبيەز ئىبنى ھەممال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قەۋمىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەئرىبتىكى[1] تۇز كېنىنى ئۆزىگە بېرىشىنى سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بۇ تۇز كانىنى بەردى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سورۇندىكى كىشىلەردىن بىرسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئۇنىڭغا نېمىنى بېرىۋەتكىنىڭنى بىلەمسەن؟ ئۇ، ھېچقانداق جاپا ـ مۇشەققەتتى يوق، خۇددى سۇدەك تۇز چىقىپ تۇرىدىغان كان ئىدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قايتۇرۇۋالدى. ئەبيەز ئىبنى ھەممال يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

[1] يەمەندىكى بىر ناھىيەنىڭ ئىسمى.

— قانداق يەرلەردىكى ئەراك[1] دەرىخىنى قورشاپ ئىگەللىۋېلىشقا بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— تۆگە تۇيىقى يەتمىگەن يەرلەردىكىنى ئىگەللىۋالساڭ بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3064)

4547 - عَنْ أَبْيَضَ بْنِ حَمالٍ أَنَّهُ سَأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ حِمَى الْأَرَاكِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا حِمَى فِي الْأَرَاكِ فَقَالَ أَرَاكَةٌ فِي حِظَارِي فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا حِمَى فِي الْأَرَاكِ.

4547 - ئەبيەز ئىبنى ھەممال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئەراك دەرىخىنىڭ قانداق يەرلەردىكىنى قورشاپ ئىگەللىۋېلىشقا بولىدۇ؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەراك دەرىخى ئىگەللىۋېلىشقا بولمايدىغان دەرەخ، - دېدى. ئۇ:

— مېنىڭ ئېتىزلىقىمدىكى ئەراك دەرىخىنىچۇ؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

— ئەراك دەرىخى ئىگەللىۋېلىشقا بولىدىغان دەرەخ ئەمەس، - دېدى.[3]

(ئەبۇ داۋۇد: 3066)

4548 - عن قَيْلَةَ بِنْتِ مَخْرَمَةَ قَالَتْ قَدِمْنَا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ تَقَدمَ صَاحِبِي تَعْنِي حُرَيْثَ بْنَ حَسانَ وَافِدَ بَكْرِ بْنِ وَائِلٍ فَبَايَعَهُ عَلَى الْإِسْلَامِ عَلَيْهِ وَعَلَى قَوْمِهِ ثُم قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ اكْتُبْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ بَنِي تَمِيمٍ بِالدهْنَاءِ أَنْ لَا يُجَاوِزَهَا إِلَيْنَا مِنْهُمْ أَحَدٌ إِلا مُسَافِرٌ أَوْ مُجَاوِرٌ فَقَالَ اكْتُبْ لَهُ يَا غُلَامُ بِالدهْنَاءِ فَلَما رَأَيْتُهُ قَدْ أَمَرَ لَهُ بِهَا شُخِصَ بِي وَهِيَ وَطَنِي وَدَارِي فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنهُ لَمْ يَسْأَلْكَ السوِيةَ مِنْ الْأَرْضِ إِذْ

[1] مىسۋاك ئېلىنىدىغان دەرەخ بولۇپ، يەمەندىن كۆپ چىقىدۇ.

[2] ئەلبانى (2634): ھەسەن، - دېگەن.

[3] ئەلبانى (2635): ھەسەن، - دېگەن.

سَأَلَكَ إنَمَا هِيَ هَذِهِ الدهْنَاءُ عِنْدَكَ مُقَيدُ الْجَمَلِ وَمَرْعَى الْغَنَمِ وَنِسَاءُ بَنِي تَمِيمٍ وَأَبْنَاؤُهَا وَرَاءَ ذَلِكَ فَقَالَ أَمْسِكْ يَا غُلَامُ صَدَقَتْ الْمِسْكِينَةُ الْمُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ يَسَعُهُمَا الْمَاءُ وَالشجَرُ وَيَتَعَاوَنَانِ عَلَى الْفَتانِ.

4548 ـ قەيلە بىنتى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا قەۋمىمىزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە باردۇق. بەكرى قەبىلىسىنىڭ ۋەكىلى ھۈرەيس ئىبنى ھەسسان ئالدىغا ئۆتۈپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزىنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەيئەت قىلدى، ئاندىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز بىلەن بەنى تەمىم ئارىسىدا دەھنا[1] دېگەن يەرنى چېگرا قىلىپ بەلگىلەپ، بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگەن بولساڭ. بەنى تەمىمدىن مۇساپىر ياكى شۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم دەھنادىن ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (كاتىبلىرىدىن بىرىگە):

ــ ھەي ئوغۇل! بۇنىڭغا دەھنا ھەققىدە بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگىن! ــ دېدى. قەيلە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەھنانى ئۇنىڭغا بېرىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرالماي قالدىم. ئۇ دېگەن مېنىڭ ۋەتىنىم، يۇرتۇم تۇرسا؟! شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ سەندىن ئۇنداق، مۇنداق يەرنى سورىمىدى. ئۇنىڭ سورىغان يېرى تۆگە ـ قويلارنىڭ يايلىقى، بەنى تەمىم قەبىلىسىلىك خوتۇن ـ بالىلارنىڭ ھايات مەنبەسى. ئۇ سەندىن (پۇتۇن ئامىمغا مەنپەئەت بېرىدىغان) مۇشۇنداق بىر مۇھىم جاينى سورىدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ توختا، يازماي تۇرغىن. بۇ بىچارە ئايال توغرا ئېيتىدۇ. مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنداق بولغانىكەن، سۇ ۋە دەل ـ

[1] بەنى تەمىمنىڭ مەھەللىسىدىكى ئۆت ـ چۆپلۈك جاڭگال.

دەرەخلەرنى تەڭ ئىشلىتىشى ۋە شەيتانغا قارشى ھەمكارلىشىشى كېرەك! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3070)

4549 - عن سَبْرَةَ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ الربيع الْجُهَنِي عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَـدِهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَزَلَ فِي مَوْضِعِ الْمَسْجِدِ تَحْتَ دَوْمَةٍ فَأَقَامَ ثَلَاثًا ثُم خَرَجَ إِلَى تَبُوكَ وَإِن جُهَيْنَةَ لَحِقُوهُ بِالرحْبَةِ فَقَالَ لَهُمْ مَنْ أَهْلُ ذِي الْمَرْوَةِ فَقَالُوا بَنُو رِفَاعَةَ مِنْ جُهَيْنَةَ فَقَالَ قَدْ أَقْطَعْتُهَا لِبَنِي رِفَاعَةَ فَاقْتَسَمُوهَا فَمِنْهُمْ مَنْ بَاعَ وَمِنْهُمْ مَنْ أَمْسَكَ فَعَمِلَ.

4549 ـ سەبرە ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى رەبىئ جۇھەنى دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (تەبۇكقا كېتىۋېتىپ، ھازىرقى) مەسجىدنىڭ ئورنىدىكى ياۋا خورما دەرىخى ئاستىدا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، تەبۇكقا قاراپ يولغا چىقتى. جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى رەھبە دېگەن يەردە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قوشۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ زۇلمەرۋەنىڭ ئاھالىسى كىملەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئەتراپىدىكىلەر:

ــ جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ بەنى رىفائە ئايمىقى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، بۇ يەرنى بەنى رىفائە ئايمىقىغا بېرىۋەتتىم، ئاراڭلاردا بۆلۈشىۋېلىڭلار! ـ دېدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يەرنى ساتسا، بەزىسى ساتماي ئۆزى پايدىلاندى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3068)

4550 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقْطَعَ الزبَيْرَ حُضْرَ فَرَسِهِ فَأَجْرَى فَرَسَهُ حَتى قَامَ ثُم رَمَى بِسَوْطِهِ فَقَالَ أَعْطُوهُ مِنْ حَيْثُ بَلَغَ السوْطُ.

---

[1] ئەلبانى (671): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2636): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

4550 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېتى يۈگۈرۈپ ھېرىپ توختىغان يەرگىچە ئارىلىقنى كېسىپ بەرمەكچى بولدى. زۇبەير ئېتىنى تاكى توختىغانغا قەدەر چاپتۇردى ۋە ئېتى توختىۋالغان يەردىن قامچىسىنى ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ زۇبەيرگە ئاشۇ قامچىسى چۈشكەن يەرگىچە بۆلۈپ بېرىڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3072)

4551 - عَنْ رَجُلٍ مِنْ الْمُهَاجِرِينَ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ غَزَوْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثًا أَسْمَعُهُ يَقُولُ الْمُسْلِمُونَ شُرَكَاءُ فِي ثَلَاثٍ فِي الْكَلَإِ وَالْمَاءِ وَالنارِ.

4551 ـ مۇھاجىر ساھابىلەردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۈچ قېتىم غازاتقا چىقتىم ۋە ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمانلار ئوت ـ چۆپ، سۇ ۋە ئوتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدە شېرىكتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

4552 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُسْلِمُونَ شُرَكَاءُ فِي ثَلَاثٍ فِي الْمَاءِ وَالْكَلَإِ وَالنارِ وَثَمَنُهُ حَرَامٌ قَالَ أَبو سَعِيدٍ يَعْنِي الْمَاءَ الْجَارِيَ.

4552 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلار ئوت ـ چۆپ، ئېقىن سۇ ۋە ئوت قاتارلىق ئۈچ نەرسىدە بىر ـ بىرىگە شېرىك بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنى سېتىش ئارقىلىق تاپقان پۇل ھارامدۇر»[2].

(ئىبنى ماجە: 2472)

---

[1] ئەلبانى (673): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2004): سەھىھ ئەمما: «بۇلارنى سېتىپ تاپقان پۇل ھارام» دېگەن جۈملە زەئىپ سەنەد بىلەن كەلگەن، ـ دېگەن.

4553 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْتَجَمَ وَأَعْطَى الْحَجامَ أَجْرَهُ وَاسْتَعَطَ.

4553 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـادىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (لوخقا قويۇپ) قان ئالدۇرۇپ، قان ئالغۇچىغا سورىغان ئىش ھەققىنى بەردى ۋە ئۇخدىسىغا يېتىپ، بۇرنىغا دورا تامچىتتى.

(بۇخارى: 5691)

4554 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ حَجَمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَبْدٌ لِبَنِي بَيَاضَةَ فَأَعْطَاهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَجْرَهُ وَكَلمَ سَيدَهُ فَخَففَ عَنْهُ مِنْ ضَرِيبَتِهِ وَلَوْ كَانَ سُحْتًا لَمْ يُعْطِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

4554 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دەيـدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن (لوخقا قويۇپ) قان ئالغان كىشى بەنى بەيازنىڭ قۇلى ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئىش ھەققىنى بەردى ۋە خوجايىنى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ خوجايىنىغا كۈندىلىك تۆلەيدىغان پۇل مىقدارىنى يېنىكلەتتى. ئەگەر قان ئېلىش ئارقىلىق تاپقان پۇل ھارام بولسا ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن بولاتتى.

(مۇسلىم: 1202)

4555 - عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ ثَمَنِ الْكَلْبِ وَعَنْ مَهْرِ الْبَغِي وَعَنْ حُلْوَانِ الْكَاهِنِ.

4555 ـ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىنى، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىشتىن كەلگەن پۇلنى ۋە پالچىلىقتىن كەلگەن پۇلنى يېيىشتىن چەكلىگەن.

(بۇخارى: 2237)

4556 - عَنْ أَبِي الزُّبَيْرِ قَالَ سَأَلْتُ جَابِرًا عَنْ ثَمَنِ الْكَلْبِ وَالسِّنَّوْرِ قَالَ زَجَرَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ ذَلِكَ.

4556 ـ ئەبۇ زۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىت ۋە مۈشۈكنى سېتىشتىن كەلگەن پۇلنى يېيىش توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىشلاردىن چەكلىگەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1569)

4557 - وفي رواية: إِلَّا كَلْبَ صَيْدٍ.

4557 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەقەت ئوۋ ئىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. يەنى ئوۋ ئىتىنى سېتىشقا بولىدۇ، ـ دېيىلگەن[1].

(نەسائى: 4295)

4558 - عَنْ ابْنِ مُحَيِّصَةَ أَخَا بَنِي حَارِثَةَ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ اسْتَأْذَنَ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي إِجَارَةِ الْحَجَّامِ فَنَهَاهُ عَنْهَا فَلَمْ يَزَلْ يَسْأَلُهُ وَيَسْتَأْذِنُهُ حَتَّى قَالَ اعْلِفْهُ نَاضِحَكَ وَأَطْعِمْهُ رَقِيقَكَ.

4558 ـ بەنى ھارىسە قەبىلىسىلىك ئىبنى مۇھەييىسە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قان ئېلىپ تاپقان ئىش ھەققىمنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت بېرىشىنى سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئىشلىتىشتىن توستى. مەن قايتا ـ قايتا سوراۋەرگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرى:

ـــ ئۇ پۇلنى ئاپىرىپ تۆگەڭگە يەم ـ خەشەك، قۇلۇڭغا يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ بەرگىن! ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 1277)

---

[1] ئەلبانى (2971): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1027): سەھىھ ـ دېگەن.

4559 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَجُلًا مِنْ كِلَابٍ سَأَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ عَسْبِ الْفَحْلِ فَنَهَاهُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنا نُطْرِقُ الْفَحْلَ فَنُكْرَمُ فَرَخصَ لَهُ فِي الْكَرَامَةِ.

4559 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىلاب قەبىلىسىلىك بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەركەك مېلىنى چىشى مالغا چاپتۇرۇۋېلىش بەدىلىگە پۇل ئېلىش توغرۇلۇق سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى پۇل ئېلىشتىن توستى، ئۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئەركەك ماللىرىمىزنى بەرگەندە، چىشى ماللارنىڭ ئىگىسى بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز ئۈچۈن سوۋغات ئېلىپ كېلىدۇ، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خىل سوۋغاتنى قوبۇل قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى[1].

(تىرمىزى: 1274)

4560 - عَنْ أَبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِياكُمْ وَالْقُسَامَةَ قَالَ فَقُلْنَا وَمَا الْقُسَامَةُ قَالَ الشيْءُ يَكُونُ بَيْنَ الناسِ فَيَجِيءُ فَيَنْتَقِصُ مِنْهُ.

4560 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قۇسامەدىن يىراق تۇرۇڭلار! ـ دېدى. ساھابىلەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! قۇسامە دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قۇسامە دېگەن، بىر كىشىنىڭ بىر نەچچە كىشى ئارىسىدا بىر نەرسىنى تەقسىم قىلغۇچە (ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئايرىۋېلىش ئارقىلىق) ئازايتىپ قويۇشىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2783)

[1] ئەلبانى (1024): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (591): زەئىپ، ـ دېگەن.

4561 - وفي رواية: قَالَ الرجُلُ يَكُونُ عَلَى الْفِئَامِ مِنْ الناسِ فَيَأْخُذُ مِنْ حَSِّ هَـذَا وَحَSِّ هَذَا.

4561 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ھەققىدىن ئاز ـ ئازدىن ئېلىۋېلىش قۇسامە دەپ ئاتىلىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2783)

4562 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ لِأَبِي بَكْرٍ غُلَامٌ يُخْرِجُ لَهُ الْخَـرَاجَ وَكَانَ أَبو بَكْرٍ يَأْكُلُ مِنْ خَرَاجِهِ فَجَاءَ يَوْمًا بِشَيْءٍ فَأَكَلَ مِنْهُ أَبو بَكْرٍ فَقَالَ لَهُ الْغُلَامُ أَتَدْرِي مَا هَذَا فَقَالَ أَبو بَكْرٍ وَمَا هُوَ قَالَ كُنْتُ تَكَهَّنْتُ لِإِنْسَانٍ فِي الْجَاهِلِيَةِ وَمَا أُحْسِنُ الْكِهَانَـةَ إِلا أَني خَدَعْتُهُ فَلَقِيَنِي فَأَعْطَانِي بِذَلِكَ فَهَذَا الذِي أَكَلْتَ مِنْهُ فَأَدْخَلَ أَبو بَكْرٍ يَدَهُ فَقَاءَ كُلَّ شَيْءٍ فِي بَطْنِهِ.

4562 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قۇلى بولۇپ، ئۇ قۇلى ھەر كۈنى ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا (مەبلەغ ياكى يېمەكلىك قاتارلىق) بىر نەرسە تاپشۇراتتى، ئەبۇ بەكرى ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى يەيتتى. بىر كۈنى، ئۇ قۇلى بىر نەرسە ئېلىپ كەلدى، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭدىن يېگەندىن كېيىن، قۇلى:

ــ بۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ نەدىن كەلگەن؟ ـ دېدى. قۇلى:

ــ مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە كاھىنلىقتىن تۈزۈك خەۋىرىم يوق تۇرۇپ بىر كىشىنى ئالداپ، ئۇنىڭغا كاھىنلىق قىلىپ بەرگەن ئىدىم. بۈگۈن شۇ كىشى ئۇچراپ قېلىپ، بۇ نەرسىنى شۇ چاغدىكى كاھىنلىقنىڭ ھەققى ئۈچۈن بەرگەندى، سەن شۇ نەرسىنى يېدىڭ، ـ

[1] ئەلبانى (592): زەئىپ، ـ دېگەن.

دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىنى ئاغزىغا تىقىپ، قورسىقىدىكى ھەممە نەرسىنى قۇسۇۋەتتى.
(بۇخارى: 3842)

4563 - عن عمر قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إني وَهَبْتُ لِخَالَتِي غُلَامًا وَأَنا أَرْجُو أَنْ يُبَارَكَ لَهَا فِيهِ فَقُلْتُ لَهَا لَا تُسَلِمِيهِ حَجامًا وَلَا صَائِغًا وَلَا قَصابًا.

4563 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «مەن خەيرلىك بولۇش ئۈمىدى بىلەن ھاممام ئاچامغا بىر قۇل بەردىم ۋە: بۇنى (كەسىپ ئىگەللىشى ئۈچۈن) قان ئالغۇچىغا ياكى زەرگەرگە ۋەياكى قاسساپقا شاگىرتلىققا بەرمىگىن! ـ دېدىم»[①].
(ئەبۇ داۋۇد: 3430)

4565 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَدْخُلُ الْجَنةَ صَاحِبُ مَكْسٍ.

4565 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «باجگىر جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن[②].
(ئەبۇ داۋۇد: 2937)

4566 - عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، أَنَّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "لَعَنَ اللهُ سُهَيْلا، ثَلاثَ مِرَارٍ، فَإِنهُ كَانَ يَعْشِرُ الناسَ فِي الأَرْضِ فَمَسَخَهُ اللهُ شِهَابًا".

4566 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم: «الله سۇھەيلگە[③] لەنەت قىلسۇن!» دېگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

[①] ئەلبانى (741): زەئىپ، ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى(631): زەئىپ، ـ دېگەن.
[③] سۇھەيل ــ ئاسماندىكى بىر يۇلتۇزنىڭ نامى.

«چۈنكى ئۇ (سۈھەيل) كىشىلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى باج سۈپىتىدە ئالىدىغان بىرى بولۇپ، الله ئۇنى بىر يولتۇزغا ئايلاندۇرىۋەتكەن»①.

(«ئەلكەبىر»: 181)

4567 - عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ قَالَ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ أي الْكَسْبِ أَطْيَبُ قَالَ عَمَلُ الرجُلِ بِيَدِهِ وَكُلُّ بَيْعٍ مَبْرُورٍ.

4567 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەڭ ھالال ۋە پاكىز كەسىپ قايسى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۆز قولى بىلەن قىلغان ئىشى (يەنى ھۈنەرۋەنىنىڭ ھۈنىرى) ۋە خىيانەت، ساختىپەزلىك ئارىلاشمىغان سودا ـ سېتىق (يەنى تىجارەت)، ـ دەپ جاۋاب بەردى②.

(ئەھمەد: 16814)

4568 - عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ: "إِن اللهَ يُحِب الْمُؤْمِنَ الْمُحْتَرِفَ".

4568 ـ سالىم دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شۈبھىسىزكى، الله ھۈنىرى بار مۇئمىننى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن③.

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»: 9097)

---

① ھەيسەمى (4478): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى جابىر جۇئفىي ھەققىدە ھەرخىل باھالار بېرىلگەن. لېكىن شۇئبە ۋە سۇفيان سەۋرى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (6210): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەسئۇدىي ئىسىملىك بىرى بار، گەرچە ئۇ ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ھەدىسنى ئېلىشتۇرۇپ قويىدۇ. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (6231): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

4569 - عَنْ أنسٍ، قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إنْ قَامَتِ الساعَةُ وَفِي يَدِ أحَدِكُمْ فَسِيلَةٌ فَلْيَغْرِسْهَا".

4569 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىرىڭلارنىڭ قولىدا يەرگە تىكمەكچى بولغان نوتا (جىرىم) بولسا، قىيامەتنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى تىكىۋەتسۇن»[1].

(بەززار: 1251)

4570 - عن ابن عباس قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول من أمسى كالا من عمل يديه أمسى مغفورا له.

4570 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كۈن كەچكىچە ئىشلەپ ھارغان كىشى، شۇ كۈننى گۇناھلاردىن پاكلانغان ھالدا كەچ قىلغان بولىدۇ» دېگەن[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

4571 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَ زَكَرِيَّاءُ نَجارًا.

4571 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياغاچچى ئىدى» دېگەن.

(مۇسلىم: 2379)

4572 - عَنْ عَمْرِو بْنَ الْعاصِ قال بَعَثَ إلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إني أُرِيدُ أنْ أبْعَثَكَ عَلَى جَيْشٍ فَيُسَلمَكَ اللهُ وَيُغْنِمَكَ وَأَرْغَبُ لَكَ مِنْ الْمَالِ رَغْبَةً صَالِحَةً قَالَ قُلْتُ

---

[1] ھەيسەمى (6236): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6238): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماڭا نامەلۇم، ـ دېگەن.

يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَسْلَمْتُ مِنْ أَجْلِ الْمَالِ وَلَكِني أَسْلَمْتُ رَغْبَةً فِي الْإِسْلَامِ وَأَنْ أَكُونَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا عَمْرُو نِعْمَ الْمَالُ الصالِحُ لِلْمَرْءِ الصالِحِ.

4572 ـ ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەم ئەۋەتىپ مېنى چاقىرتىپ كەلگەندىن كېيىن:

ـ مەن سېنى بىر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ بىر يەرگە ئەۋەتمەكچى، الله ساڭا ئۇ يەردىن ساق ـ سالامەت قايتىشنى نېسىپ قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن غەنىمەت ئاتا قىلىدۇ. مەن سېنى ياخشى مالغا ئىگە بولۇپ قالسىكەن دەيمەن، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن مال ـ دۇنيانى كۆزلەپ مۇسۇلمان بولمىدىم، مەن ھەقىقەتەن ئىسلامنى ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىرگە بولۇشنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن مۇسۇلمان بولدۇم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئەمىر! ياخشى، تەقۋادار كىشىلەر ئۈچۈن ھالال مال ـ دۇنيا نېمىدېگەن گۈزەل نېمەت ـ ھە؟! ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 17309)

4573 - عن أبى هريرة عن النF صلى الله عليه وسلم قـال الـدنانير والـدراهم خواتيم الله في أرضه من جاء ŹŅ مولاه قضيت حاجته.

4573 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئالتۇن تىللا ۋە كۈمۈش تەڭگىلەر اللهنىڭ يەردىكى مۆھۈرلىرىدۇر. كىمكى خوجايىنىنىڭ مۆھۈرى بىلەن كەلسە، ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولىدۇ» دېگەن[2].

((«ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (6242): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6247): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مالىك ئىبنى ئەنەس ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

4574 - عن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال عليكم بالغنم فا نـا من دواب اCنة فصلوا في مراحها وامسحوا رغامها.

4574 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«قوي بېقىڭلار، چۈنكى قوي دېگەن جەننەتنىڭ ھايۋانلىرىدىندۇر. شۇڭا قوينىڭ ئېغىلىدا ناماز ئوقۇساڭلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئېغىزلىرىدىن ئاققان) شۆلگىيىنى سۈرتۈپ قويۇڭلار!» دېگەن[1].

(«ئەلكەبىر»)

4575 - عن عبادة بن الصامت قال جاء رجل إلى النF صلى الله عليـه وسـلم يشكو إليه الوحشة فأمر أن يتخذ زوج اΣمام.

4575 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا يالغۇزلۇقتىن شىكايەت قىلىپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىر جۈپ كەپتەر بېقىۋېلىشقا بۇيرىدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

4576 - عَنْ أَبِي كَبْشَةَ الأَنْمَارِي، قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ يُعْجِبُهُ النظَرُ إِلى الأُتْرُج وَكَانَ يُعْجِبُهُ النظَرُ إِلَى الْحَمَامِ الأَحْمَر.

4576 ـ ئەبۇ كەبشە ئەنمارىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مېۋىلەردىن) تۇرۇنجقا[3] ۋە (قۇشلاردىن) قىزىل كەپتەرگە قاراپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى[4].

(«ئەلكەبىر»: 850)

[1] ھەيسەمى (6259): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى سەبىھ ئىبنى ئۆمەر دېگەن كىشىنىڭ تەرجىمھالىنى تاپالمىدىم، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6262): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەلت ئىبنى ھەججاج ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] تۇرۇنج ــ ئىسسىق بەلباغلاردا يېتىشىدىغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، رەڭگى ۋە شەكلى ئاپېلسىنغا ئوخشايدۇ، تەمى چۈچۈمەل كېلىدۇ.

[4] ھەيسەمى (6263): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ سۇفيان ئەنمارى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

4577 - عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَغْرِسُ غَرْسًا أَوْ يَزْرَعُ زَرْعًا فَيأْكُلُ مِنْهُ طَيْرٌ أَوْ إِنْسَانٌ أَوْ بَهِيمَةٌ إِلا كَانَ لَهُ بِهِ صَدَقَةٌ.

4577 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداقلا بىر مۇسۇلمان بىرەر تۈپ دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىپ قويسا، ئۇنىڭدىن قۇش، ئىنسان ياكى هايۋان (يەپ) پايدىلانسا، مۇھەققەقكى، ئۇ مۇسۇلمان بۇنىڭ بەدىلىگە سەدىقە بەرگەننىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ».

(بۇخارى: 2320)

4578 - عن رَافِعُ بْنُ خَدِيجٍ قَالَ قَدِمَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ وَهُمْ يَأْبُرُونَ النخْلَ يَقُولُونَ يُلَقحُونَ النخْلَ فَقَالَ مَا تَصْنَعُونَ قَالُوا كُنا نَصْنَعُهُ قَالَ لَعَلكُمْ لَوْ لَمْ تَفْعَلُوا كَانَ خَيْرًا فَتَرَكُوهُ فَنَفَضَتْ أَوْ فَنَقَصَتْ قَالَ فَذَكَرُوا ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ إِنمَا أَنَا بَشَرٌ إِذَا أَمَرْتُكُمْ بِشَيْءٍ مِنْ دِينِكُمْ فَخُذُوا بِهِ وَإِذَا أَمَرْتُكُمْ بِشَيْءٍ مِنْ رَأْيٍ فَإِنمَا أَنَا بَشَرٌ.

4578 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مەدىنىلىكلەر خورما شاخلىرىنى چاڭلاشتۇرۇۋاتاتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمىشقا بۇنداق قىلىسىلەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ بۇرۇندىن تارتىپ مۇشۇنداق قىلىپ كېلىۋاتاتتۇق، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇنداق قىلمىساڭلار، تېخىمۇ ياخشى بولارمىكىن؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇنداق قىلىشتىن توختىدى. لېكىن خورما مېۋىلىرى تۆكۈلۈپ (ياكى ئازلاپ) كەتتى. مەدىنىلىكلەر بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. مەن سىلەرنى دىنىي ئىشلاردىن بىرەرسىگە بۇيرىسام، ئۇنى دەرھال ئىجرا قىلىڭلار. ئەمما ئۆز پىكرىمنى ئېيتقان ۋاقتىمدا، مېنىڭمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2362)

4579 - عَنْ عَائِشَةَ وَ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر بِقَوْمٍ يُلَقحُونَ فَقَالَ لَوْ لَمْ تَفْعَلُوا لَصَلُحَ قَالَ فَخَرَجَ شِيصًا فَمَر بِهِمْ فَقَالَ مَا لِنَخْلِكُمْ قَالُوا قُلْتَ كَذَا وَكَذَا قَالَ أَنْتمْ أَعْلَمُ بِأَمْرِ دُنْيَاكُمْ.

4579 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما دەرىخىنى چاڭلاشتۇرۇۋاتقان بىر تۈپ كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ بۇنداق قىلمىساڭلارمۇ مېۋە بېرەر ئىدى، ـ دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختىدى. لېكىن خورمىلار سورتسىز بولۇپ قالدى. (مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ يېنىدىن يەنە ئۆتتى ۋە:

ــ خورماڭلارغا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ سەن: «مۇنداق ـ مۇنداق قىلىڭلار!» دېگەنىدىڭ (شۇنىڭ بىلەن، خورمىلىرىمىز مۇشۇنداق بولۇپ قالدى)، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى، بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۆزەڭلارنىڭ دۇنياۋىي ئىشلىرىڭلارنى مەندىن ئوبدان بىلىسىلەر (بىلەتتىڭلار)، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2363)

4580 - عَنْ الْحَسَنِ بن عَلِي رَضِيَ اللهُ تَعالَى عَنْهُمْ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: النخْلُ وَالشجَرُ بَرَكَةٌ عَلَى أَهْلِهِ، وَعَلَى عَقِبِهِمْ بَعْدَهُمْ، إِذَا كَانُوا لِلهِ شَاكِرِينَ.

4580 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خورما ۋە دەل ـ دەرەخلىرى بار كىشىلەر بۇ نېمەت ئۈچۈن ﷲقا شۈكرى ئېيتىشنى ئۇنۇتمىسىلا، دەل ـ دەرەخلىرى ئۇلارغا ۋە ئۇرۇق ـ ئەۋلاتلىرىغا بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 2725)

4581 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن الزبَيْرِ، قَالَ: "أَمَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَمهُ الْعَباسَ يَأْمُرُ بَنِيهِ أَنْ يَحْرُثُوا الْقَصْبَ، فَإِنهُ يَنْفِي الْفَقْرَ".

4581 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئاbbاسنى بالىلىرىغا ئوتياش تېرىتىشقا ئۇندىگەن ۋە (ئۇنداق قىلىشنىڭ) پېقىرلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان[2].

(«ئەلكەبىر»)

4582 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ النفَقَةُ كُلهَا فِي سَبِيلِ اللهِ إِلا الْبِنَاءَ فَلَا خَيْرَ فِيهِ.

4582 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنساننىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇللىرىنىڭ ھەممىسى ﷲ يولىدا خەجلەنگەن ھېسابلىنىدۇ (ۋە ساۋاب ئېلىپ كېلىدۇ). ئەمما

[1] ھەيسەمى (6272): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى جامىئ ئەتتار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6273): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى تونۇشلۇق ئەمەس، ـ دېگەن.

بىنا سېلىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق خەير يوق»[①].

(تىرمىزى: 2482)

4583 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ فَرَأَى قُبَّةً مُشْرِفَةً فَقَالَ مَا هَذِهِ قَالَ لَهُ أَصْحَابُهُ هَذِهِ لِفُلَانٍ رَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ قَالَ فَسَكَتَ وَحَمَلَهَا فِي نَفْسِهِ حَتى إِذَا جَاءَ صَاحِبُهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُسَلمُ عَلَيْهِ فِي الناسِ أَعْرَضَ عَنْهُ صَنَعَ ذَلِكَ مِرَارًا حَتى عَرَفَ الرجُلُ الْغَضَبَ فِيهِ وَالْإِعْرَاضَ عَنْهُ فَشَكَا ذَلِكَ إِلَى أَصْحَابِهِ فَقَالَ وَاللهِ إِني لَأُنكِرُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالُوا خَرَجَ فَرَأَى قُبتَكَ قَالَ فَرَجَعَ الرجُلُ إِلَى قُبتِهِ فَهَدَمَهَا حَتى سَواهَا بِالْأَرْضِ فَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ يَوْمٍ فَلَمْ يَرَهَا قَالَ مَا فَعَلَتْ الْقُبةُ قَالُوا شَكَا إِلَيْنَا صَاحِبُهَا إِعْرَاضَكَ عَنْهُ فَأَخْبَرْنَاهُ فَهَدَمَهَا فَقَالَ أَمَا إِن كُل بِنَاءٍ وَبَالٌ عَلَى صَاحِبِهِ إِلا مَا لَا إِلا مَا لَا يَعْنِي مَا لَا بُد مِنْهُ.

4583 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى سىرتقا چىقتى ۋە ئېگىز بىر گۈمبەزنى كۆرۈپ:

ــ بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ــ بۇ ئەنسارىلاردىن پالانىنىڭ گۈمبىزى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچنېمە دېمىدى، ئەمما كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈمبەز ئىگىسى جامائەت ئارىسىدا تۇرغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى، لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ ئادەم بىر قانچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا پەقەتلا يۈز بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنى ئۆزىدىن قەستەن ئېلىپ قېچىۋاتقانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن خاپا

[①] ئەلبانى (441): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىكەنلىكىنى بىلدى. قايتىپ بېرىپ، ھەمراھلىرىغا بولغان ۋەقەدىن شىكايەت قىلىپ:

ـ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماڭا باشقىچە مۇئامىلە قىلىشقانلىقىنى ھېس قىلدىم، ـ دېدى. ھەمراھلىرى:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ تەرەپكە كەلگەندە، سېنىڭ گۈمبىزىڭنى كۆرگەندى (شۇڭا شۇنداق قىلىشقاندۇ)، ـ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان ئادەم گۈمبەزنى چېقىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. باشقا بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ تەرەپلەرگە يەنە چىقتى ۋە ئۇ گۈمبەزنى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئەتراپىدىكىلەردىن:

ـ ئۇ گۈمبەزگە نېمە بولدى، يوققۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ گۈمبەزنىڭ ئىگىسى بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ، سېنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرگەنلىكىڭنى ئېيتىپ زارلانغانىدى، بىز سەۋەبىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، بېرىپ گۈمبەزنى چېقىۋەتتى، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دىققەت قىلىڭلاركى، زۆرۈر بولمىغان ھەر قانداق بىنا ئىگىسىگە بالا بولىدۇ، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5237)

4584 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ مَر بِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأنا أُطَيِّنُ حَائِطًا لِي أنا وَأمي فَقَالَ مَا هَذَا يَا عَبْدَ اللهِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ شَيْءٌ أُصْلِحُهُ فَقَالَ الْأَمْرُ أَسْرَعُ مِنْ ذَلِكَ.

4584 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئانام بىلەن بىر تامغا لاي قويۇۋاتاتتىم، پەيغەمبەر

[①] ئەلبانى (1122): زەئىپ، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى ۋە مېنى كۆرۈپ:

ـ ئەي ئابدۇللاھ! نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! تامنى ئوڭشاۋاتاتتىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ (مېنىڭچە) قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى (بۇنىڭ يىقىلىشىدىنمۇ) يېقىنراقتۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5235)

4585 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا تَشَاجَرْتُمْ فِي الطرِيقِ فَاجْعَلُوهُ سَبْعَةَ أَذْرُعٍ.

4585 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەر يولنىڭ قانچە گەز بولۇشىدا دە ـ تالاشقا قالساڭلار، ئۇنىڭ (كەڭلىكىنى) يەتتە گەز قىلىڭلار»[2].

(تىرمىزى: 1356)

4586 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: مَنْ بنى فَوْقَ مَا يَكْفِيهِ كُلفَ أَنْ يَحْمِلَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى عُنُقِهِ.

4586 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئارتۇق ئۆي سالسا، قىيامەت كۈنى ئۇنى بويىنىدا كۆتۈرۈشكە زورلىنىدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»: 10287)

---

[1] ئەلبانى (4361): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1093): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1176): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

4587 - عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ بَنَى بُنْيَانًا مِنْ غَيْرِ ظُلْمٍ وَلَا اعْتِدَاءٍ أَوْ غَرَسَ غَرْسًا فِي غَيْرِ ظُلْمٍ وَلَا اعْتِدَاءٍ كَانَ لَهُ أَجْرٌ جَارٍ مَا انْتُفِعَ بِهِ مِنْ خَلْقِ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى.

4587 ـ سەھل ئىبنى مۇئاز دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى باشقىلارغا زۇلۇم قىلماستىن ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماستىن بىر بىنا سالسا ياكى بىر تۈپ دەرەخ تىكسە، ئۇنىڭدىن الله ياراتقان مەخلۇقاتلار پايدىلانغان مۇددەت ئىچىدە، ئۇ كىشىگە ئايىغى ئۈزۈلمەس ساۋاب يېتىپ تۇرىدۇ»[①].

(ئەھمەد: 15189)

4588 - عَنْ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ قَالَ قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فَقَاسَمْتُ أَخِي فَقَالَ سَعِيدُ بْنُ زَيْدٍ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يُبَارَكُ فِي ثَمَنِ أَرْضٍ وَلَا دَارٍ لَا يُجْعَلُ فِي أَرْضٍ وَلَا دَارٍ.

4588 ـ ئەمر ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مەدىنىگە كېلىپ، قېرىندىشىم بىلەن (مىلىمنى) بۆلۈشكەنىدىم، سەئىد ئىبنى زەيد بىزگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «زېمىن ياكى ئۆي ساتقان پۇلغا يەنە زېمىن ياكى ئۆي ئالمىسا، ئۇنداق پۇلدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى يەتكۈزدى[②].

(ئەھمەد: 1653)

4589 - عن عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ بَاعَ عُقْدَةَ مَالٍ سَلطَ اللهُ عَز وَجَل عَلَيْهَا تَالِفًا يُتْلِفُهَا.

---

[①] ئەلبانى (117): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (6539): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى قەيس ئىبنى رەبىئنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

4589 ـ ئىمران ئىبنى هۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پۇل تېپىش ئۈچۈن مېلىنىڭ ئەڭ بەرىكەتلىك قىسمىنىمۇ سېتىۋەتسە، الله ئۇنىڭ مېلىنى بىر بالاغا مۇپتىلا قىلىپ قويىدۇ»[①].

(ئەھمەد: 1653)

4590 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ مَسْعُودٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "إِن الْعَبْدَ لَهُ رِزْقُهُ، فَلَو اجْتَمَعَ عَلَيْهِ الثقَلانِ الْجِن وَالإِنسُ، أَنْ يَصدوا عَنْهُ شَيْئًا مِنْ ذَلِكَ مَـا اسْتَطَاعُوا".

4590 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر قانداق بەندىنىڭ ئۆزىگە لايىق رىزقى بار بولۇپ، بارلىق ئىنسى ـ جىن بىر بەندىنىڭ رىزقىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭغا قادىر بولالمايدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

4591 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "إِن الرزْقَ لَيطْلُبُ الْعَبْدَ كَمَا يَطْلُبُهُ أَجَلُهُ".

4591 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەجەل بەندىنى قانداق ئىزدىسە، رىزقىمۇ (ئۇنى) شۇنداق ئىزدەيدۇ»[③].

(بەززار: 1254)

[①] ھەيسەمى (6540): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى نامەلۇم بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (5309): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (2510): ھەسەن، ـ دېگەن.

4592 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ كُنتُ أُجَهِّزُ إِلَى الشامِ وَإِلَى مِصْرَ فَجَهَّزْتُ إِلَى الْعِرَاقِ فَأَتَيْتُ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ فَقُلْتُ لَهَا يَا أُم الْمُؤْمِنِينَ كُنتُ أُجَهِّزُ إِلَى الشامِ فَجَهَّزْتُ إِلَى الْعِرَاقِ فَقَالَتْ لَا تَفْعَلْ مَـا لَكَ وَلِمَتْجَرِكَ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا سَببَ اللهُ لِأَحَدِكُمْ رِزْقًا مِنْ وَجْهٍ فَلَا يَدَعْهُ حَتى يَتَغَيرَ لَهُ أَوْ يَتَنَكرَ لَهُ.

4592 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: مەن شام ۋە مىسىرغا مال سالاتتىم، بىر قېتىم ئىراققا مال سېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە ئۇنىڭغا:

— ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! مەن شامغا مال سېلىۋاتاتتىم، بۇ قېتىم ئىراققا مال تەييارلىدىم، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ ئۇنداق قىلمىغىن! سېنىڭ بۇرۇندىن بېرى تىجارەت قىلىپ كېلىۋاتقان يېرىڭدە بىرەر ئۆزگىرىش بولمىغاندۇ؟ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «الله بىرىڭلارغا بىرەر يەردىن مال ـ دۇنيا ئاتا قىلسا، ئۇ يەردە ئىشى بۇزۇلغان ياكى ئىشى ئاقمىغانغا قەدەر، ئۇ يەرنى تەرك ئەتمىسۇن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 2148)

4593 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ التاجِرُ الصدُوقُ الْأَمِينُ مَعَ النبِيينَ وَالصديقِينَ وَالشهَدَاءِ.

4593 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىشەنچلىك، راستچىل سودىگەر (قىيامەت كۈنى) پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شېهىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1209)

[1] ئەلبانى (469): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (210): زەئىپ، ـ دېگەن.

4594 - عَنْ إِسْمَعِيلَ بْنِ عُبَيْدِ بْنِ رِفَاعَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَنَّهُ خَرَجَ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمُصَلى فَرَأَى الناسَ يَتَبَايَعُونَ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ التجارِ فَاسْتَجَابُوا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَفَعُوا أَعْنَاقَهُمْ وَأَبْصَارَهُمْ إِلَيْهِ فَقَالَ إِن التجارَ يُبْعَثُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فُجارًا إِلا مَنْ اتقَى اللهَ وَبَر وَصَدَقَ.

4594 ـ ئىسمائىل ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى رىفائە دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن نامازگاھقا چىقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودا قىلىشىۋاتقان بەزى كىشىلەرنى كۆرۈپ:

ــ ئەي سودىگەرلەر! ـ دەپ توۋلىدى، كىشىلەر دەرھال باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قاراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ سودىگەرلەر قىيامەت كۈنى پاسىقلار قاتارىدا قوپىدۇ، پەقەت اللهنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قىلغان قەسەمنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلار ۋە تىجارەتلىرىدە راستچىل بولغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1210)

4595 - عَنْ قَيْسِ بْنِ أَبِي غَرَزَةَ قَالَ كُنا فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نُسَمى السمَاسِرَةَ فَمَر بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَمانَا بِاسْمٍ هُوَ أَحْسَنُ مِنْهُ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ التجارِ إِن الْبَيْعَ يَحْضُرُهُ اللغْوُ وَالْحَلْفُ فَشُوبُوهُ بِالصدَقَةِ.

4595 ـ قەيس ئىبنى ئەبۇ غەرەزە مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا "بېدىكلەر" دەپ ئاتىلاتتۇق، بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا كېلىپ، بىزنى ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىقراق بىر ئىسىم بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ:

ــ ئەي تىجارەت ئەھلى! تىجارەت دېگەندە قۇرۇق گەپ، بىھۇدە قەسەم قىلىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا پات ـ پات سەدىقە بېرىپ تۇرۇڭلار! ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3326)

---

[1] ئەلبانى (211): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2845): سەھىھ ـ دېگەن.

4596 - وعنه بمعناه هَذَا الْبَيْعَ يَحْضُرُهُ الْحَلِفُ وَالْكَذِبُ فَشُوبُوهُ بِالصدَقَةِ.

4596 ـ يەنە بىر رىۋايەتتىمۇ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «سودا دېگەندە يالغان گەپ، بىھۇدە قەسەم قىلىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا پات ـ پات سەدىقە بېرىپ تۇرۇڭلار» دېدى، ـ دېيىلگەن[1].

(نەسائى: 3798)

4597 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْحَلِفُ مُنفقَةٌ لِلسلْعَةِ مُمْحِقَةٌ لِلْبَرَكَة.

4597 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(سودا ـ سېتىقتا قىلىنغان) قەسەم مالنىڭ سېتىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، لېكىن بەرىكەتنى كۆتۈرىۋېتىدۇ».

(بۇخارى: 2087)

4598 - ولأبي داود بلفظه: مُمْحِقَةٌ لِلْبَرَكَةِ.

4598 ـ ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدىمۇ: «بەرىكەتنى كۆتۈرىۋېتىدۇ» دېگەن ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلىنغان.

4599 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَحِمَ اللهُ رَجُلًا سَمْحًا إِذَا بَاعَ وَإِذَا اشْتَرَى وَإِذَا اقْتَضَى.

4599 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا بىر نەرسە ساتقان، سېتىۋالغان ۋە (تۆلەشكە تېگىشلىك) قەرزىنى ئادا قىلغاندا كەڭ قورساق بولغان ئادەمگە رەھمەت قىلسۇن!»

(بۇخارى: 2076)

[1] ئەلبانى (3555): سەھىھ ـ دېگەن.

4600 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْوَزْنُ وَزْنُ أَهْلِ مَكةَ وَالْمِكْيَالُ مِكْيَالُ أَهْلِ الْمَدِينَةِ.

4600 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(زاكات، ئۆشرە قاتارلىق شەرىئەت بەلگىلىگەن ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئادا قىلىشتا ئاساس قىلىنىدىغان) تارازىدا (يەنى ئېغىرلىقتا) مەككە ئەھلىنىڭ ئۆلچىمى، كەمچەندە (يەنى ھەجىمدە) مەدىنە ئەھلىنىڭ ئۆلچىمى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3340)

4601 - وفي رواية: وَزْنُ الْمَدِينَةِ وَمِكْيَالُ مَكةَ.

4601 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەدىنىنىڭ تارازىسى ۋە مەككىنىڭ كەمچىنى (ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ)» دېيىلگەن.

(ئەبۇ داۋۇد: 3340)

4602 - عَنْ الْمِقْدَامِ بْنِ مَعْدِي كَرِبَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كِيلُوا طَعَامَكُمْ يُبَارَكْ لَكُمْ.

4602 ـ مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاشلىقىڭلارنى (كەمچەن بىلەن) ئۆلچەڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاشلىقىڭلار بەرىكەتلىك بولىدۇ».

(بۇخارى: 2128)

4603 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِ الْمِكْيَالِ وَالْمِيزَانِ إِنكُمْ قَدْ وُلِّيتُمْ أَمْرَيْنِ هَلَكَتْ فِيهِ الْأُمَمُ السالِفَةُ قَبْلَكُمْ.

[1] ئەلبانى (2857): سەھىھ ـ دېگەن.

4603 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم كەمچەن ۋە تارازا تۇتۇپ جان باقىدىغان كىشىلەرگە: «سىلەر شۇنداق (مۇھىم) ئىككى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىلەركى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن ھالاك بولۇپ كەتكەن ئىدى» دېدى[1].

(تىرمىزى: 1217)

4604 - عَنْ عُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ قَالَ لَهُ إِذَا بِعْتَ فَكِلْ وَإِذَا ٱبْتَعْتَ فَاكْتَلْ.

4604 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

«بىر نەرسە ساتقاندا كەمچەنلەپ بەرگىن، سېتىۋالغاندىمۇ كەمچەنلىتىپ ئالغىن!» دەپ تەلىم بەرگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4605 - عَنْ سَلْمَانَ قَالَ لَا تَكُونَن إِنْ اسْتَطَعْتَ أَولَ مَنْ يَدْخُلُ السوقَ وَلَا آخِـرَ مَنْ يَخْرُجُ مِنْهَا فَإِنهَا مَعْرَكَةُ الشيْطَانِ وَبِهَا يَنْصِبُ رَايَتَهُ.

4605 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: مۇمكىنقەدەر بازارغا ھەممىدىن بۇرۇن كىرىپ، ھەممىدىن كېيىن چىققىدىغان كىشى بولما. چۈنكى بازار دېگەن شەيتاننىڭ جەڭ مەيدانى بولۇپ، ئۇ، بايرىقىنى بازارغا تىكلەيدۇ.

(مۇسلىم: 2451)

4606 - قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ لَا يَبِعْ فِي سُوقِنَا إِلا مَنْ قَدْ تَفَقهَ فِي الدينِ.

[1] ئەلبانى (212): زەئىپ (سەھىھ مەۋقۇف)، ـ دېگەن.

4606 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: بىزنىڭ بازىرىمىزدا دىنىمىزنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىنى بىلمىگەن كىشى بىر نەرسە ساتمىسۇن دەپ ئولتۇرمىسۇن[1].

(تىرمىزى: 487)

4607 - أبو الدرداء - رضي الله عنه - قال: «ما أَود أن Ƃ مْتجَرًا على دَرَجـةِ جامِع دمشق، أُصيبُ فيه كل يَوم Rسين دينارًا أَتصَدقُ بها في سـبيل الله، ولاتفُـوتُǂ الصلاةُ في اƨماعة، وما بيَ ƠرC̆ ما أحل الله، ولكن أكرهُ أنْ لا أكون من الذين قال الله فيهم: رجالٌ لا تُلْهيهم θارةٌ ولا بَيْعٌ عن ذِكْرِ الله .

4607 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: گەرچە دەمەشىق مەسجىدىنىڭ پەشتاقلىرىدىكى دۇكانلاردا ھېچبىر جامائەت نامىزىدىن قالماي تۇرۇپ، ھەر كۈنى 50 تىللا پۇل تېپىپ، (ئۇنى) الله يولىدا سەدىقە قىلغىلى بولسىمۇ، مەن ئۇ يەردە دۇكىنىمنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايمەن. مەن (بۇ سۆزلىرىم ئارقىلىق) الله ھالال قىلغان تىجارەتنى ھارام قىلماقچى ئەمەسمەن، لېكىن (مەن) الله تائالا قۇرئاندا: ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا- سېتىق ئۇلارنى اللەنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن قورقىدۇ[2] دەپ سۈپەتلىگەن كىشىلەردىن بولالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4608 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى حَلِيقٍ النصْرَانِي لِيَبْعَثَ إِلَيْهِ بِأَثْوَابٍ إِلَى الْمَيْسَرَةِ فَأَتَيْتُهُ فَقُلْتُ بَعَثَنِي إِلَيْكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِتَبْعَثَ إِلَيْهِ بِأَثْوَابٍ إِلَى الْمَيْسَرَةِ فَقَالَ وَمَا الْمَيْسَرَةُ وَمَتَى الْمَيْسَرَةُ وَاللـهِ مَـا

[1] ئەلبانى (404): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] سۈرە نۇر، 37 ـ ئايەت.

لِمُحَمدٍ سَائِقَةٌ وَلَا رَاعِيَةٌ فَرَجَعْتُ فَأَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَآنِي قَالَ كَذَبَ عَدُو اللهِ أَنا خَيْرُ مَنْ يُبَايِعُ لَأَنْ يَلْبَسَ أَحَدُكُمْ ثَوْبًا مِنْ رِقَاعٍ شَتى خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَأْخُذَ بِأَمَانَتِهِ أَوْ فِي أَمَانَتِهِ مَا لَيْسَ عِنْدَهُ.

4608ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى باي بىر خرىستىئاننىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن قولىغا پۇل كىرگۈچە بىر نەچچە قۇر كىيىم بېرىپ تۇرۇشىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋەتتى. قولىغا پۇل كىرگۈچە بىر نەچچە قۇر كىيىم بېرىپ تۇرۇشىڭنى سورىدى، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ قولىغا قاچان ۋە قانداق پۇل كىرگۈدەك؟ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەدنىڭ يا بىرەر تۇياق چارۋىسى ياكى پادىسى بولمىسا؟! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن (قۇرۇق قول) قايتىپ كەلدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى كۆرۈپلا:

ـ ﷲنىڭ دۈشمىنى يالغان سۆزلىدى، ئەمەلىيەتتە سودىدا ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى مەن تۇرسام؟! ئۇچاڭلاردىكى ياماق كىيىملىرىڭلار، يېنىڭلاردا يوق نەرسىگە ئىشەنگەن ھالدا باشقىلاردىن سوراپ كىيگەن (يېڭى) كىيىملەردىن ياخشىراقتۇر، ـ دېدى.

(ئەھمەد: 13147؛ «ئەلئەۋسەت»؛ بەززار)

## مۇندەرىجە


**ھەدىسلەر توپلىمى ........................................ 1**

مېيىتنىڭ ئارقىسىدىن يىغلاش، ئاھ ئۇرۇش ۋە قايغۇرۇش ............... 9

مېيىتنى يۇيۇش ۋە دەپنە قىلىش ................................... 29

جىنازا نامىزى ...................................................... 45

جىنازىغا ئەگىشىش، كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى دەپنە قىلىش .................. 67

تەزىيە، قەبرىدىكى ئەھۋاللار ۋە قەبرە زىيارەت قىلىش ............... 97

**زاكات بۆلۈمى ........................................ 121**

زاكاتنىڭ پەرزى ۋە ئۇنى بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى ........................ 121

نەق پۇل، مال ـ چارۋا، ئاشلىق ـ دان ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ زاكىتى .... 137
ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەدەن، خەزىنە، ھەسەل، يېتىم مېلى ۋە تىجارەت
بۇيۇمى قاتارلىقلارنىڭ زاكىتى ...................................... 153
پىتىر زاكىتى (سەدىقە ـ پىتىر)، زاكات خادىمى ۋە زاكاتنىڭ كىملەرگە
بېرىلىدىغانلىقى ..................................................... 161
زاكات بېرىشنىڭ، ئائىلىنى خىراجەت بىلەن تەمىنلەشنىڭ پەزىلىتى،
بۇلارنى تەشۋىق قىلىش ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر .......... 181

تىلەمچىلىك قىلىش، قانائەت قىلىش ۋە نەرسە بېرىش .................. 217

**روزا بۆلۈمى ........................................ 237**

رامىزان ئېيى ۋە روزىنىڭ پەزىلىتى ................................. 237
يېڭى ئاينىڭ ۋە رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەن ـ كىرمىگەنلىكىنى
ئېنىقلاش، روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىش ۋە ئىمساك .................... 247

سوھۇرلۇق، ئىپتار ۋە روزىنى ئۇلاپ تۇتۇشنىڭ بايانى .................. 271

روزا تۇتۇشنىڭ مۇستەھەب، مەكرۇھ ۋە ھارام بولىدىغان كۈنلىرى ...... 281
يولۇچى قاتارلىق روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان كىشىلەر،
ئۇنىڭ قازاسى ۋە كەففارەتلىرى ...................................... 311

ئېتىكاپ، قەدىر كېچىسى ۋە باشقىلار ..................................329
**ھەج پائالىيەتلىرى بۆلۈمى ...................................353**
ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ پەزىلەتلىرى، ۋاجىپلىرى، سۈننەتلىرى؛ ئەرەفات
كۈنىنىڭ پەزىلەتلىرى..........................................................353
سەپەر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرى، ئۇلاغقا مىنىش ۋە مىندۈرۈۋېلىش.381
ئېھرام باغلايدىغان ئورۇنلار، ئېھرام باغلىغۇچىغا ھالال ۋە ھارام
بولىدىغان ئىشلار ................................................................409
ئېھرامغا كىرىش، ئېھرامنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە (ئېھرامدا تۇرۇپ) ئوۋ
ئوۋلاشنىڭ جازاسى ...............................................................441
ئىفراد، قىران، تەمەتتۇ ھەجلىرى ۋە ھەجنى بۇزىدىغان ئامىللار ..........455
تاۋاپ.....................................................................................501
سەئيى قىلىش ۋە بەيتۇللاھقا كىرىش ..........................................533
ئەرافاتتا تۇرۇش ۋە زىيارەت تاۋابى قىلىش.......................................545
شەيتانغا تاش ئېتىش، چاچ چۈشۈرۈش ۋە ئېھرامدىن چىقىش ............557
قۇربانلىق .............................................................................587
**سودا ـ سېتىق بۆلۈمى .............................................605**
كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، تىرىكچىلىك قىلىش ۋە تىجارەتكە
ئالاقىدار مەسىلىلەر ..............................................................605